ئاچچىق يىغىدىن كېيىنكى تاتلىق تەبەسسۇمۇڭلار ماڭا بارلىق مۇشكۈلاتنى ئۇنتۇلدۇردى، جەرايىڭلاردىن ئۇرغۇپ تۇرغان غۇبارسىز پاكلىق مېنى زوقلاندۇردى، ئويلاندۇردى. گۈگراشلىرىڭلارغا قۇلاق سالىمەن، ئۇنىڭدىن سۆز بىلەن تەرىپلىگۈسىز مەنىلەرنى ھېس قىلىمەن ... سىلەرگە سۆزلەپ كېتىمەن، سۆزلەپ كېتىمەن، خۇددى چوڭ كىشىلەرگە سۆزلىگەندەك. شۇنداقمۇ، نەۋرە قىزىم بەرنا؟ شۇنداققۇ ـ ھە، نەۋرە ئوغلۇم سەرقۇت !؟ سىلەر بۇ كىتابىم بىلەن تەڭ دۇنياغا كۆز ئاچتىڭلار. ئىشىنىمەن، سىلەر بىلەن، سىلەردەك بەرنا قىزلىرىمىز، سەرقۇت يىگىتلىرىمىز بىلەن مېنىڭ دۇنياغا بولغان سۆيگۈم ـ مۇھەببىتىم مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ.

—— بوۋاڭلاردىن



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەخمەت ئىمىن

# سۆيمەن سېنى دۇنيا

## 2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

生活就是爱.2:维吾尔文/艾合买提·伊明著.－乌鲁木齐:新疆人民出版社,2012.12
ISBN 978-7-228-16415-8

Ⅰ.①生… Ⅱ.①艾… Ⅲ.①散文集-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I267

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第302162号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 阿不都热合曼·艾白，阿不都克依木·沙依木 |
| 责任校对 | 古丽夏尔·尼格买提 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京盛通印刷股份有限公司。 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 1/32 |
| 印　　张 | 19 |
| 版　　次 | 2012年12月第1版 |
| 印　　次 | 2012年12月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1—3000 |
| 定　　价 | 52.00元 |

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## نەسرلەر

ئايال ........................................ 3
گىياھ ناخشىسى ........................................ 9
تىلەك ........................................ 14
بالا ........................................ 15
ئانىنىڭ تىلىكى ........................................ 16
مېھىر ۋە مېھرىبان ........................................ 17
قىز — كىتاب ........................................ 21
ھاياتلىق دۇنياسى ........................................ 22
ناتونۇش تونۇش ........................................ 23
قۇربان ھېيتلىق تۇيغۇلار ........................................ 25
چولپان ........................................ 27
كۆز غۇۋالاشقاندا ........................................ 31
ئانامغا خەت ........................................ 34
مۇئەللىم ئۆلمەيدۇ ........................................ 39
قانداقسىغا مېنىڭكى ........................................ 42
ئانىلار بايرىمى ........................................ 44
كەچ كۈز ........................................ 48
بوران بالىلىرىغا ........................................ 50

ئەقىدە ــــ ئىخلاس ........ 56
ئاتا ........ 57
تەكلىماكان ........ 58
يىگىتلىك خىسلىتى ........ 59
باھار گۈلدۈرمامىسى ........ 62
نەزىر ........ 65
بالىلارغا كۆرۈملۈك ........ 67
كارىز بويىدىكى خىيال ........ 71
يىل كېچىسى ۋە قىزىلگۈل ........ 80
تار كوچىنىڭ ئوغلى ........ 85
دۇتارىم ........ 87
ھاياتلىق ........ 91
كونا مەھەللەم ........ 106
باغچىدىكى خىياللار ........ 116

## پوۋېست

كۈندۈز ئاسمىنىدىكى ئاي ........ 145

## ئەدەبىي خاتىرە

ئېھ، مېنىڭ دېھقىنىم ........ 361
مۇقەددىمە ........ 363
يولدا ........ 367
ئالتۇن ئاچقۇچ ........ 369
تارىم كۆۋرۈكى بويىدا ........ 371
يول ئاسرىغۇچىلار ........ 374
تەكلىماكان قوينىدا ........ 378

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رېھىل ........................................ 385
مەنزىلگە يېتىش ........................................ 391
سالام ........................................ 398
غازاڭ مەزگىلى ........................................ 402
بوۋاقتا ئىسىم قويۇش سورۇنىدا ........................................ 406
دالپاق مەسچىتى ........................................ 410
غىدىر مازار ........................................ 416
روزى ئاتلىقلار تويى ........................................ 422
شاھ كەنتى ........................................ 429
كەنت ھاۋاسىنىڭ كارامىتى ........................................ 435
ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈۋاتقانلار ........................................ 444
دېھقان ۋە قۇشلار ........................................ 451
دېھقان چاچقان ئۇرۇق ........................................ 458
سۇ ۋە دېھقان ........................................ 463
چار بازار ........................................ 470
نېمە ئۈچۈن ئوقۇيسىز ........................................ 477
كىتاب ........................................ 482
ئوقۇش ئەسقاتىدۇ ........................................ 486
پارنىكچى دېھقانلار ........................................ 490
خوتەن قاشتېشى ........................................ 495
كېچىدىكى ناخشا ئاۋازى ........................................ 503
دېھقاننىڭ قەلبىدىكى ........................................ 508
ئۆي ........................................ 513
قۇم ئۈستىدىكى خامانلىقتا ........................................ 517
يۇلغۇننىڭ خىسلىتى ........................................ 522
مەن شاھ كەنتىدىن ئايرىلالمىدىم ........................................ 529
ماڭغان — دەريا، ياتقان — بورىيا ........................................ 532

چوڭلار، ياشلار ۋە ئىستېمال ........................ 538
داستىخان ئۈستىدە ........................ 545
شاھ كەنتىنىڭ ئاياللىرى ........................ 550
ئاسپىرانت يىگىت بىلەن سۆھبەت ........................ 558
گىلەم ۋە دېھقان ........................ 566
ئەتلەس ۋە دېھقان ........................ 575
قاشتاش ئىزدەش ........................ 585
مەن ئىزدىگەن باغ ........................ 590
«4 ـ ماي» ياشلار بايرىمىدا ........................ 594
مېھرگە چۆمگەن دۇنيا ........................ 598

# نەسىرلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئايال

كۆزلىرىڭدە ئاجايىپ نۇر، ئۇ ھېچنېمىدە، ھېچقانداق نەرسىدە يوق نۇر. كېچە ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلارمۇ، قولىقىڭدىكى ھالقا، بوينۇڭدىكى كەھرىۋالارمۇ ئۆزلىرىنىڭ يالت قىلىپ چاقناشلىرىدا پەقەت ئاشۇ نۇرنى دورايدۇ، خالاس.

ئۇ نۇر گۈزەللىك نۇرى. ئۇ نۇر بىلەن ئائىلە گۈزەل، جەمئىيەت گۈزەل، ھەتتا تەبىئەتمۇ گۈزەل. ئۇنىڭسىز ماڭا ھەرقانداق گۈزەللىك جانسىز سۈرەتتەك بىلىنىدۇ. مەن بوۋىلىرىمدىن ئاڭلىغان: سېنىڭ كۆزلىرىڭدە ئويىنىغان نۇر مۇقەددەس نۇر ئىكەن. ئۆزۈمچە ئويلىنىپ قالىمەن: تەڭرى ئۆز ۋۇجۇدىدىن ساڭا شۇ نۇرنى ئاتا قىلغىنىدا، بۇ دۇنيادا بارچە مەخلۇقات ـ مەۋجۇداتقا شاپائەت قىلىش بۇرچىنى ساڭا ھاۋالە قىلىشنى ئويلىغان بولغىيتتىمىكىن ـ ھە؟!

يۈرىكىڭنى كۆكسۈڭدىكى سۈت بۇلاقلىرىغا چۈمۈلدۈرۈشلىرىڭدىن تارتىپ، مۇزلىغان قوزىچاقلارنىڭ باش ـ بويۇنلىرىنى سىلاشلىرىڭغىچە، بوراندا قىيسىيىپ يىقىلغان مايسىلارنىڭ تۈۋىگە توپا يۆلەشلىرىڭدىن تارتىپ، قاغجىرىغان گۈللەرنى ئۇچۇمۇڭدىكى سۇ بىلەن سۇغىرىشىڭغىچە بولغان ھەممە ئىشلىرىڭدىن ئوخشاشلا بىر خىل مېھرنى بايقايمەن.

ئاكا ـ ئىنىلىرىڭ سىرتقا چىققىلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ كېيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ھەتتاكى قىل چاغلىق تەرسلىرىنى تېرىپ ئېلىۋېتىشلىرىڭدىمۇ شۇ مېھىر: ئاچچىق دورىنى ئاۋۋال

ئۆزۈڭ تېتىپ بولۇپ، ئاندىن كېسەل بالاڭغا ئىچۈرۈشلىرىڭىزدىمۇ شۇ مېھىر؛ ئېرىڭنى: «كەچ قالماڭ جۇمۇ» دەپ ئۆيدىن ئەنسىزلىك ئارىلاش ئۇزىتىپ قويۇشلىرىڭىزدىمۇ شۇ مېھىر؛ ياخشى تاماقنى ئاتا - ئانىلىرىڭىزغا، قولۇم - قوشنىلىرىڭىزغا قىسىنىشىڭىزدىمۇ شۇ مېھىر؛ ئۆيۈڭنى، ئەتراپىڭنى سۇ سېپىپ سۈپۈرۈپ چىنىدەك پاكىز قىلىۋېتىشلىرىڭىزدىمۇ يەنىلا شۇ مېھىر ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ. سېنىڭ ھەربىر قەدىمىڭدىن مېھىر، گۈزەللىك تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى، سەن گۈزەل؛ گۈزەلگە پەقەت گۈزەل ھەرىكەتلا يارىشىدۇ.

سەن بىلىسەن، شامالLارنىڭ يەلپۈنۈپ ئۆتۈشلىرىدە بىر مۇلايىملىق بار؛ يوپۇرماقلارنىڭ يېنىك تىترەشلىرىدە بىر لاتاپەت بار؛ توزلارنىڭ قاناتلىرىنى رۇسلاشلىرىدا بىر نازاكەت بار.... مەن بىلمەيمەن، ئۇلار سېنى دورىغانمۇ ياكى سەن ئۇلارنى؟

كۆزىدىن بۇلدۇق - بۇلدۇق زەمزەم ئۇرغۇتقان بۇلاق — مەڭزىدە يېقىملىق تەبەسسۇم ئويناتقان زىنىخ. نېمىدېگەن ئوخشاشلىق - ھە ! ئالدىنقىسى سارغايغان ئېكىنزارلارغا شىپا، كېيىنكىسى دەردلىك كۆڭۈللەرگە داۋا !

سېنىڭ كۈلكە - تەبەسسۇمىڭ بولغاچقىلا، خاپىلىقلار خۇشاللىققا ئايلىنىدۇ.

سېنىڭ كۈلكە - تەبەسسۇمىڭ بولغاچقىلا، مۈشكۈللۈكلەر ئاسانلىققا ئۆزگىرىدۇ.

سېنىڭ كۈلكە - تەبەسسۇمىڭ بولغاچقىلا، بۇرۇقتۇرمىلىق ئازادىلىككە ئايلىنىدۇ.

سېنىڭ كۈلكە - تەبەسسۇمىڭ بولغاچقىلا، قاراڭغۇلۇق يورۇقلۇققا ئۆزگىرىدۇ.

سەن مانا شۇنداق كارامەت ئىگىسى !...

سەن قۇربان بېرىش روھىغا باي: قىز پەرزەنت سۈپىتىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاتاڭنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ قۇربان بىرىسەن؛ ھەمشىرە سۇپىتىدە ئاكا ـ ئىنىلىرىڭنىڭ ئابرۇيىنى دەپ قۇربان بىرىسەن؛ ئايال سۇپىتىدە ئېرىڭنىڭ ئارامى ئۈچۈن قۇربان بىرىسەن؛ ئانا سۇپىتىدە بالىلىرىڭنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ قۇربان بىرىسەن.

ئاتاڭنىڭ زىل سىرلىرىڭنى چۈشەنمەستىن ئەيىبلەپ كېتىشلىرىگە ئىتىراز بىلدۈرمەي، جىممىدە يەرگە قاراپ ئولتۇرۇشلىرىڭنى كۆرگەندە، مەن سىنىڭ كۆڭۈل ئەركىڭنى ئويلايمەن.

ئاكا ـ ئىنىلىرىڭنىڭ ئالدىدا دىل پارەڭگە لاپ ئىتىپ قارىماي ئۆتۈپ كەتكەنلىكىڭنى كۆرگەندە، پۈچىلانغان يۈرىكىڭنى ئويلايمەن.

ئورمىچى ئېرىڭنىڭ كەينىدە ئېڭىشىپ باغ باغلاپ بولۇپ، دەرھال ئۇنىڭغا مۇزدەك چاي قۇيۇپ بىرىپ، تەرلىرىنى ياغلىقىڭ بىلەن سۈرتۈپ قويغانلىرىڭدا؛ ئوغۇللىرىڭ دادىسى بىلەن سوزۇلۇپ يىتىپ ئارام ئالغاندا، «مەنمۇ ھاردىم» دىمەي، ئالدىراپ تاماققا تۇتۇش قىلغانلىرىڭدا، كېچىلەردە كىرپىك قاقماي خەقىش بوۋىقىڭنى پەپىلەپ چىقىپ، تاڭ يورۇشى بىلەن سامان قالاپ چاي قاينىتىپ، ناشتىدىن كېيىن قازان ـ قومۇچقا، قولۇڭنى سۈرتۈپلا مال ـ ۋارانغا، ئاندىن سۇپۇرگە ئېلىپ ھويلا ـ ئارانغا تۇتۇش قىلغانلىرىڭدا... مېنىڭ ئويلايدىغىنىم جىق، ھەقىقەتەن ناھايىتى جىق...

ئەي ئايال زاتى ! گۈل بەرگىدە لىغىرلاپ تۇرغان شەبنەم ئۇنچىسىنى كۆزۈڭدىن سىرغىپ ئاققان ياش تامچىسىغا ئوخشىتىمەن.

بىر تامچە ياش — ئۇ بەلكىم شادلىق ھاياجىنىڭنىڭ ئىزھارى.

بىر تامچە ياش — ئۇ بەلكىم ئەلەملىك كۆڭلۈڭنىڭ ئاھ ـ

زارى.

راست، ساڭا ئەلەم قىلىدۇ. مەن سېنىڭ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىڭدىن: «مەن سېنىڭ يېتىم قوۋۇرغاڭنىڭ بىر پارچىسى ئەمەس، بەلكى مەۋجۇتلۇقۇڭنىڭ تەڭ پارچىسى» دېگەن ئۈنسىز، لېكىن قۇدرەتلىك خىتابنى ئاڭلىغاندەك بولىمەن.

راست، سەنسىز ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى نەدە !؟

سەنسىز تەبىئەتنىڭ تەڭكەشلىكى نەدە !؟

سەنسىز ئىجتىمائىيەتنىڭ مۇكەممەللىكى نەدە !؟

سەنسىز رىقابەت نەدە !؟ تەرەققىيات نەدە !؟

سەنسىز مۇھەببەت نەدە !؟ ساداقەت نەدە !؟

سەن مۇھەببەت بابىدا پىداكار جەڭچى. مۇھەببەت سېنىڭ بايلىقىڭ، بارلىقىڭ، بۇ جەھەتتە مەن سەن بىلەن ھەرگىز تەڭلىشەلمەيمەن.

سەن بىلىسەن:

مېھرىنى ھەممىگە، سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنى بىرلا ئادەمگە بېغىشلىيالىغان ئايال ھەقىقىي مۇھەببەتلىك ئايال.

ھەم جىسمانىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى تەن ئالىدىغان، ھەم روھىي جەھەتتىكى كۈچلۈكلۈكىنى جارى قىلدۇرالايدىغان ئايال ھەقىقىي قۇدرەتلىك ئايال.

ھەم پۇل ئۈچۈن ئۆزىنى بۇلغىمايدىغان، ھەم ھالال پۇلى بىلەن مەئىشەت سۈرەلەيدىغان ئايال ھەقىقىي ئەخلاقلىق ئايال.

گۈزەللىكىنى جاھان ئەھلى ئالدىدا نامايان قىلالايدىغان، لېكىن ئۇنى ھەرگىز بازارغا سالمايدىغان ئايال ھەقىقىي نومۇسلۇق ئايال.

كۆڭلى بولمىسا، ھەتتا پادىشاھنىمۇ رەت قىلىپ، ئىشقى باغلانسا، كۆك نامراتنىڭمۇ ئايىغىغا باش قويالايدىغان ئايال ھەقىقىي ئىپپەتلىك ئايال.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھالۋىنى تولا يېگۈزۈپ زاڭ تېتىتىپ قويمايدىغان، ۋاقتى كەلگەندە كەكرىنىمۇ شېرىن ھېس قىلدۇرالايدىغان ئايال ھەقىقىي خۇلقلۇق ئايال.

ھەم سۆيگەن يارىنىڭ مەيدىسىگە يۆلىنىشنى بىلىدىغان، ھەم يىقىلغان يارىنى پۈتۈن جىسمى بىلەن يۆلەشنى بىلىدىغان ئايال ھەقىقىي ۋاپادار ئايال.

راستنى ھامان راست دەيدىغان، لېكىن ئۆزگىنىڭ زىل كۆڭلىنى ئايايدىغان يەردە، چىن مەۋقەسىنى باشقىچە شەكىلدىمۇ ئىپادىلەشنى بىلىدىغان ئايال ھەقىقىي سەممىي ئايال.

ئىچى قاينىغاندا توغاندەك ئىچىگە يىغالايدىغان، ئىچى تۇشۇپ كەتكەندە تاشقىنندەك تاشالايدىغان، شۇنداقتىمۇ ئەتراپىنى، يىراقنى نەزەردە تۇتالايدىغان ئايال ھەقىقىي سالماقلىق ئايال.

چوغنى پۈۋلەپ ئوت قىلىپ، ھۆۋۈلداپ قالغان ئائىلىنى ئىللىتالايدىغان، لېكىن لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا ماي چېچىپ ئۆينى يانغىنغا ئايلاندۇرۇۋەتمەيدىغان ئايال ھەقىقىي ئەقىللىك ئايال.

ئۆزىنى قەدىرلىگەنگە قۇللارچە ئىتائەت قىلىشنى بىلىدىغان، ئۆزىنى خارلىغانغا باتۇرلارچە قارشى چىقىشنى بىلىدىغان ئايال ھەقىقىي غۇرۇرلۇق ئايال.

ھىجران ئازابى ئىچىدە ئۆمۈر بويى يارىنى كۈتۈپ ئولتۇرالايدىغان، بېشىغا جۇدالىق كەلسە، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، يەنە يېڭىباشتىن ھاياتنى سۆيەلەيدىغان ئايال ھەقىقىي ساداقەتمەن ئايال.

بالا ئۈچۈن ئانا زېمىندەك بارلىق ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈپ ئىگىرىمايدىغان، ھەتتا قورساقتىكى بالىسىنىڭ ئامان - ئېسەن

تۇغۇلۇشى ئۇچۇن كۇلۇپ تۇرۇپ جان بېرەلەيدىغان ئايال ھەقىقىي پىداكار ئايال.

پەرزەنتىنى تۇنجى ھەم ئۆمۈرلۈك ئۇستاز سۈپىتىدە تەربىيەلەشنى بىلىدىغان ھەم ئۆزىنىمۇ شۇنىڭغا لايىق ئۈزۈكسىز تەربىيەلەپ ماڭالايدىغان ئايال ھەقىقىي كۆيۈمچان ئايال...

مانا سېنىڭ مۇكەممەللىكىڭ. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى سەندە تاكامۇللاشسا، سەن ھەقىقىي ئايال، ئەڭ ھەقىقىي ئايال...

ئەي ئايال زاتى، كۆزلىرىڭدە ئاجايىپ نۇر، ئۇ گۈزەللىك نۇرى. ئۇ سۆيدۈرىدىغان نۇر ھەم سۆيەلەيدىغان نۇر، ئۇ ئۆزۈڭنى، ئاخىرقى ھېسابتا بۇ دۇنيانى، ھاياتلىقنى سۆيىدىغان، قانماي سۆيىدىغان نۇر.

مەن سېنى ئۇلۇغلايمەن، تولۇقلايمەن...

2002 ـ يىلى 1 ـ ئاي



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# گىياھ ناخشىسى

مەن چىرايلىق گۈل ئەمەس، ماڭا ھېچكىم پارىنكلاردىن ئورۇن بەرمەيدۇ، مېنى ھېچكىم تەشتەكلەردە ئەزىزلەپ باقمايدۇ.

تاش، دەرەخلەرنىڭ ئاستى مېنىڭ تەبىئىي پارنىكىم، يەر - زېمىن مېنىڭ ئەڭ ئېسىل تەشتىكىم.

مەن زېمىننىڭ ئەركىن پەرزەنتى. تەبىئەت مېنىڭ ئەركىنلىك ناخشامنى ياڭرىتىدىغان پايانسىز سەھنەم.

*　　*

گۈل ئەتىۋار، لېكىن ئۆزگىگە بېقىندى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاجىز. مەن خار، لېكىن ئۆزۈمگە غوجا بولغانلىقىم ئۈچۈن كۈچلۈك.

*　　*

مەن ھېچكىمنىڭ ئايىغىغا توپا يۇلىشىگە موھتاج ئەمەس، مەن ئۈچۈن زېمىننىڭ كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە.

*　　*

مېنى ھېچكىم تېرىمايدۇ، مەن ئۆز - ئۆزۈمنى يارىتىمەن.

*　　　　　*

مەن ياشىسام، مېنى ياشناتقان زېمىنغا زىننەت بولىمەن. مەن ئۆلسەم، ماڭا قۇۋۋەت بەرگەن زېمىنغا قۇۋۋەت بولىمەن.

*　　　　　*

يىلتىزلىرىڭنى كەڭرى ياي، دەرەخ، سېنىڭ تېخىمۇ باراقسان بولۇشۇڭ ئۈچۈن مەن قۇرۇپ كېتىشكىمۇ رازى.

*　　　　　*

ئېرىقچە سۆيۈڭنى ئېكىنزارلىققا بەر، چېلەكچە سۆيۈڭنى تال كۆچەتكە بەر، ماڭا ئوچۇمۇڭچە سۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. چۈنكى، ئارتۇقچە قۇۋۋەت، ئۇمۇ بىر ئاپەت.

*　　　　　*

تەبىئەتنىڭ پۇراقلىرىدا مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق پۇراقلىرىم بار، گەرچە ئۇنىڭغا: «پالانى ئېسىل گۈلنىڭ پۇرىقى» دەپ ھەيۋەتلىك ماركا چاپلانمىغان بولسىمۇ.

*　　　　　*

كۈندۈزى ئوتلۇق ئاپتىپىڭ بىلەن كۆيدۈرۈپ بىھوش قىلىپ، كېچىسى سالقىن شامىلىڭ بىلەن ھۇرۇپ سەگىتىپ، تاڭ سەھەردە شەبنىمىڭ بىلەن دەمىدە بېرىپ، يەنە كۈندۈزى كۆيدۈرۈپ بىھوش قىلىپ... مېنى نېمە قىلماقچىدۇرسەن، ئىگەم؟

ماڭا هازىر سېنىڭ ئىچ ئاغرىتقان كۆز ياشلىرىڭلا كېرەك.

*　　　*

زېمىن ئۇسسۇزلۇقتىن چاك ـ چاك يېرىلغاندا، چىرايىم زەپىران بولدى؛ قۇيۇن تۇپراقنى يۇلۇپ ئاچچىقىپ تەرەپ ـ تەرەپكە چاچقاندا، كۆزۈمگە قۇم ـ توزان تولدى.
مېنى گۇل چىراي قىلىدىغان شەربىتىڭ قېنى، ئاسمان؟ گىياھىڭ گويا ئەمادەك تىمىسقىلاپ تەلمۈرەر ھەر يان.

*　　　*

شامال تىلىسەم، بوران چىقتى، ياپراقلىرىمنى توزۇتتى؛ سۇ تىلىسەم، كەلكۈن كەلدى، يىلتىزىمدىن ئېقىتتى. قايدا سەن، مېنى قۇچاقلىۋالىدىغان تۇپراق؟ !

*　　　*

مەن: «ئاسمان ماڭا ئوخشاش پاكار گىياھ ئۈچۈن نەقەدەر يىراق» دېۋىدىم، دەرەخ: «ئۇ ماڭا ئوخشاش ئېگىز دەرەخ ئۈچۈنمۇ شۇ قەدەر يىراق» دەپ جاۋاب بەردى.
مەن تېخى دەرەخنى ئاسمان بىلەن قول تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ، دەپ ئويلىغانىكەنمەن.

*　　　*

مەن بۇلبۇل كۈيىدىن مەستخۇش بولغان قىزىلگۈلگە ھەسەت قىلمايمەن.
كېپىنەكنىڭ قۇلاق تۈۋىمدە پىرىلدىشى ماڭا بۇلبۇل كۈيىدىن يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ماڭا مۇھەببەت

ئۇچۇرىنى ئەكېلىدۇ.

*     *

بوران ماڭا:
— ئورۇقلىرىڭنى ئۇچۇرۇپ كېتىمەن، نام ـ نىشانسىز يوقىلىسەن، — دېدى.
— ئۇچۇرساڭ، ئۇچۇرىۋەر، — دېدىم مەن، — مېنىڭ ھاياتىي كۈچۈمنى ئالغان ئورۇق نەدە بولسىمۇ ھامان كۆكلەيدۇ.

*     *

ئۇچار قاناتلارنىڭ چوقۇلاشلىرى، جانلىقلارنىڭ چەيلەشلىرى، قۇرت ـ قۇمرۇسقىلارنىڭ غاجىلاشلىرى، مۆلدۈرلەرنىڭ كاچاتلاشلىرى، بورانلارنىڭ بوغۇشلاشلىرى نەسلىمنى تۈگىتەلمەيدۇ. چۈنكى، مەن تەبىئەتنىڭ مەڭگۈلۈك پەرزەنتى.

*     *

مەن زېمىننىڭ يۈرەك تىۋىشلىرىنى ئاڭلاۋاتىمەن، ئىنسان. ئۇ: «باھار كەلدى» دەۋاتىدۇ.
مەن ئەسكى تاملىقنىڭ تۈۋىدىن، نەمخۇش ئېرىقنىڭ ياقىسىدىن، ئاق يەكتىكىنىڭ مەيدىسىنى قايرىپ ئېچىپ قارامتۇل مويىلىرىنى نامايىش قىلىۋاتقان ئېتىزلارنىڭ قىرلىرىدىن تۇنجى بولۇپ كۆكىرىپ چىقتىم.
مېنى: «ئەرزىمەس ئوت ـ چۆپ» دېمىگىن، مەن تۇپراقنىڭ باھارغا توقۇۋاتقان پاياندىزىنىڭ يېشىل يىپى.

www.uyghurkitap.com

*　　　*

تۇپراق ماڭا قويۇن ئاچمىسا، مەن تۇپراقنى قۇچاقلىمىسام،
بىرىمىز چاڭ، بىرىمىز چاۋار بولۇپ ئۇچۇپ يۈرمەسمىدۇق؟!
ئەي، ياشاشقا كاپالەت بولغان ھەمدەملىك!

*　　　*

مەندىن چەمبىرەك توقۇپ بېشىڭغا كىيىۋالدىڭ، لېكىن بېشىمنى دەسسەپ مېڭىشنى تاشلىمىدىڭ، ئىنسان!

قەدەم تەشرىپىڭ ئۈچۈن چەيلىنىشكە رازى بولۇپ باش ئېگىپ تۇرغانىدىم، ئەمدى زېرىكىشىڭنى بېسىش ئۈچۈن مېنى تۇپراقتىن يۇلۇۋېلىپ، پارچە - پارچە تىتىپ ئويناۋاتامسەن، ئەي رەھىمسىز ئىنسان؟

*　　　*

ئەي ئىنسانلار، مەن زېمىننىڭ ئېڭىكىدىكى موي، مەندىن ئەركەك خاراكتېرىنىڭ جىلۋىسىنى كۆرەلەيسىلەر.

2002 - يىلى 2 - ئاي



# تىلەك

بىر ئىنسان دۇئا قىلىپ تۇرۇپ ئاللادىن تىلىدى:

— مىسكىن بەندەڭمەن، ئاللا ! سەندىن ئىككىلا نەرسە تىلەيمەن: ماڭا پۈتمەس دۇنيا ئاتا قىلغىن، ئۇنىڭ بىلەن بارلىق موھتاجلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولاي؛ ماڭا مەڭگۈلۈك ئۆمۈر ئاتا قىلغىن، بارلىق مەخلۇقاتقا ماشايىخ بولاي.

— ئەي تەمەخور بەندەم، — دەپ ئاللادىن ۋەھىي كەلدى، — مەندىن تىلە، پەقەت ھەمدەم خىيال بولماسلىقىنىلا تىلە.

2002 - يىلى 3 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بالا

بالا ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى يوٗلەكتىن قاراڭغۇدا مېڭىشتىن قورقاتتى، شۇڭا قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئۆيىگە كىرىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. بەزىدە قاراڭغۇ بولۇپ كەتكۈچە ئۆيىگە كىرىۋالالمىغان چاغلاردا، ئۇنى ئۆيۈن بىلەن قاراڭغۇدا قويغان ئاغىنىلىرى بىرلىشىپ ئۆيىگە ئەكىرىپ قوياتتى.

بىر كۈنى ئۇ قاراڭغۇدا قالدى، قالغاندىمۇ يالغۇز قالدى، ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى يوٗلەكنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ مېڭىشقا جۈرئەت قىلالماي تۇردى، دادىسىنى چاقىردى، ئانىسىنى چاقىردى، لېكىن ئۇلار ئاڭلار ئەمەس. ئۇ ئاخىر ئويلاپ ـ ئويلاپ بىر ئامال تاپتى:

«خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن، توغرا، خۇدا ساقلايدۇ».

— خۇدا ئۆزىڭىز ساقلاڭ... — ئۇ ئالدىغا قاراپ ماڭدى، ماڭغانسېرى قەدىمى ئىتتىكلەپ، تىلىكىمۇ ھاسىرىشىغا ماس ھالدا ئىتتىك ـ ئىتتىك ئېيتىلغىلى تۇردى، — خۇدا... ساقلاڭ.... خۇدا... ساقلاڭ...

ئۇ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ئۆيىگە كىرىۋالدى، ئاندىن ئۆزىنى سەل بېسىپ دېرىزىدىن تالاغا قارىدى ـ دە:

— بولدى، خۇدايىم، ئەمدى ساقلىماڭ، — دېدى.

ئۇنىڭ نەزىرىدە خۇدا ئۇ ئۆيىگە كىرىۋالغۇچە يوٗلەكنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرىدىغان ئەڭ يېقىن ئادەمگە ئوخشايتتى.

2002 ـ يىلى 3 ـ ئاي

# ئانىنىڭ تىلىكى

ياشانغان ئانا يىراق سەھرادا، يالغۇز ئوغلى بولسا مەركىزىي شەھەردە تۇراتتى. ئانا ھەر ۋاق نامىزىدا خۇدادىن شۇنداق تىلەيتتى:

— ئەي شەپقەتلىك ئاللا، ئوغلۇم بىلەن دىدار كۆرۈشكۈچە ماڭا ئۆمۈر ئاتا قىلغىن. ئوغلۇمنى يەنە بىر كۆرۈۋالاي!

ئوغلى ئانىسىنى يوقلاپ كەلدى. ئانا ئوغلى بېشىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن كۈنلەردە، نامىزىدا يەنە خۇدادىن تىلىدى:

— ئەي قۇدرەتلىك ئاللا، ساڭا كۆپ شۈكۈر ئېيتىمەن، مەن ھازىر ئوغلۇمنىڭ قۇچىقىدا. مەندىن ئامانىتىڭنى تېزرەك ئالغىن.

ئوغلى ئانىسىدىن ئايرىلىپ يەنە مەركىزىي شەھەرگە قايتتى.

ئانا يەنە بەش ۋاق نامىزىدا تىلەشكە باشلىدى:

— ئەي شەپقەتلىك ئاللا، ئوغلۇم بىلەن دىدار كۆرۈشكۈچە ماڭا يەنە ئازراق ئۆمۈر ئاتا قىلغىن، سەندىن ئۇزاق ئۆمۈر تىلىمەيمەن، پەقەت ئوغلۇم بىلەن دىدار كۆرۈشۈۋالسامىلا...

ئانىنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلار ئۇنىڭ تىلىكىگە ھەيران ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئوغلىنى قۇچىقىدا پەپىلەپ ئۆستۈرگەن ئانىنىڭ ئەمدى ئاشۇ ئوغلىنىڭ قۇچىقىدا مەڭگۈلۈك كۆز يۇمۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئۇلار چۈشەنمەيتتى. چۈنكى، ئۇلار تېخى ياش، بەكمۇ ياش ئىدى.

2002 - يىلى 4 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مېھىر ۋە مېھرىبان

ئەي دۇنيا، بىۋاپا دۇنيا، ئۇن گۈلۈمنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ باغرىڭدىن كېتىشكە مەجبۇر قىلدىڭمۇ مېنى !؟ تۇغۇلۇپ نېمە خوۋلۇق كۆردۈم؟ ئۇن ئىككى يېشىمدا دادام تۈگەپ كېتىپتۇ. بەش نارەسىدە بىلەن قالغان ئانامغا يار ـ يۆلەك بولارمەن دەپ، ئوقۇشۇمدىنمۇ توختاپتىمەن. بالىلىق ھەۋەسلىرى بىلەن گۈللەر ئۈزۈپ ئوينايدىغان يۇمران قوللىرىم قوناق شاخلىرىنى يۇلۇش بىلەن قاپىرىپتۇ. مەخمەلدەك چىمەنلەرنىڭ سۆيۈشىنى خالايدىغان تاپانلىرىم داڭگاللارنىڭ پېتىشى، يىلتىزلارنىڭ سانجىلىشى بىلەن يېرىلىپتۇ. ئوتتەك ئاپتاپلىرىڭدا كۆيۈپتىمەن، ئېغىر مېھنەتلىرىڭدە ياداپتىمەن. ئەجەبا، ماڭا مۇشۇمۇ يەتمەسمىدى؟ ! مۇشۇ ئېغىرچىلىقلىرىڭنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش ئۈچۈن ماڭا ماڭالايدىغان پۇت، بېجىرىم تەن كېرەك ئىدىغۇ. توۋا، ئەمدى مېنى شۇنىڭدىنمۇ ئايرىدىڭمۇ؟ راست، بالا ـ قازا كۆرۈنۈپ كەلمەيدىكەن. بىر دەقىقە، بىر سېكۇنت ئىچىدە يۈز بەرگەن تۇيۇقسىز ھادىسە سېنى كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئېغىر دەردكە مۇپتىلا قىلىدىكەن.

بۇ دەھشەتلىرىڭگە قانداق چىداي، دۇنيا ! مەن ئەسلىدە ئانامنىڭ دەردىگە دەرمان بولارمەن دەپ تىرىشقان، ئەمدى ئانامنىڭ دەردىگە ئۈستىلەپ دەرد بولدۇممۇ؟ مەن ئەسلىدە قېرىنداشلىرىمنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرەي دەپ ئويلىغان، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئېغىرچىلىقىغا ئۆزۈمنىڭ

ئېغىرىنىمۇ قوشۇپ ئارتتىممۇ؟

مەن چىدىمىدىم، دۇنيا، ئۆكىلىرىمنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ چىدىمىدىم؛ چوڭ ئىنىمنىڭ مېنى دەپ تېخنىكومغا ئوقۇشقا بارماي، ئېتىز - ئېرىقنىڭ قولى بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ چىدىمىدىم؛ مەزلۇم ئانامنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ بەزلەشلىرىگە چىدىمىدىم. مەن بۇ دەردلىرىمنى كىمگە ئېيتاي؟ كىمگە يىغلاي؟

بەزەن مۇشۇنداق ئېغىر خىياللار ئىچىدە قالىمەن. شۇنداق چاغلاردا رادىيو ماڭا ھەمراھ بولىدۇ. بىر كۈنى ئۆزۈمچە رادىيو بىلەن مۇڭداشقۇم كەلدى. خەت يازدىم، خېتىم ئاڭلىتىلدى. «رادىيو ئاڭلىغۇچىلار دوستى» راست دوست ئىكەن، ئۇ مېنىڭ ھالىمغا يەتتى، مەن خۇش بولدۇم، ئۆزۈم كارىۋاتتا ياتسام مۇ بېشىم ئاسمانغا يەتكەندەك خۇش بولدۇم. تۇرۇپ ئويلاپ قالىمەن، ئىسمىمنى مېھرىبان قويغانىكەن، ئەجەب مېھرگە موھتاج بىر جان بولۇپ قالدىم - ھە ! مەن رادىيودىن مېھىر ھېس قىلدىم، ھەتتا ئىززىتىمنى تاپتىم. راست، ئىززەت ئىسىملىك بىر قىز ماڭا رادىيودا خەت ئېلان قىلدى. ئۇ مېنى تونۇمىسىمۇ، لېكىن ئىسمى - جىسمىغا لايىق ھالدا، خۇددى ئانامغا ئوخشاش، ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇ بۇرادەرلىرىمگە ئوخشاش، ماڭا، مېنىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىمگە ئىززەت بېغىشلىدى. ئىززەت راست دەيدۇ، ھايات ھەربىرىمىزگە بىرلا قېتىم كېلىدۇ، بىز ئۇنى قەدىرلىشىمىز كېرەك. ھەرقانچە قىيىنچىلىق، جاپا - مۇشەققەت ئىچىدىمۇ ياشاشتىن ۋاز كەچمەسلىكىمىز كېرەك. چۈنكى، يارالغۇچىغا بېرىلگەن ياشاش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش — ياراتقۇچىغا قىلىنغان جىنايەت، بەندىچىلىككە نىسبەتەن خىيانەت بولىدۇ.

ئاھ دۇنيا، تېخى تونۇگۇنلا سەن ماڭا شۇنداق سوغۇق

كۆرۈنەتتىڭ، ئەمدى ئىللىق كۆرۈنىدىغان بولدۇڭ. قايسى كۈنىلا سەن ماڭا ياتتەك تۇيۇلغانىدىڭ، ئەمدى ماڭا ئۆز بىلىنىدىغان بولدۇڭ. راست ئىكەن، دۇنيا، سەن مېھىر بىلەن، دوستلۇق بىلەن ئەزىز ئىكەنسەن.

شۇنىڭدىن بۇيان ئىككىمىز خەت يېزىشىدىغان بولدۇق. ئۇ ھەر قېتىمدا خېتىنىڭ ئىچىگە مەن ئىشلىتىدىغان كونۋېرت، ماركىلارنى سېلىپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇمايدۇ، ھەر خىل ھېكمەتلەر بىلەن تولغان كىتابلارنىمۇ ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. كۆڭۈل دېگەن ئاجايىپ نېمىكەن، بەزىدە كىچىككىنە نەرسىدىنىمۇ ئالەمچە قىممەتنى ھېس قىلالايدىكەن، ئۇنىڭدىن سۆيۈنىدىكەن.

مەن ئۇنىڭغا جاۋاب خەت يازغانلىرىمدا ئىچىمدىكى گەپلىرىم قەغەز يۈزىگە پاتماي قالىدۇ. شۇنداق چاغلاردا ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، ئۇرۇمچىگە — ئۇنىڭ قېشىغا بارغۇم كېلىدۇ، ماشىنىغا ئولتۇرۇشقا پۇلۇم بولمىسا، پىيادە مېڭىپ، ھەتتا ئۆمىلەپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ قېشىغا يېتىۋالغۇم كېلىدۇ. لېكىن، تەقدىر - قىسمەت مۇشۇ، كارىۋاتتىن چۈشكۈدەكمۇ ئەھۋالىم يوق.

بىر كۈنى ئۇنىڭدىن يەنە بىر پارچە خەت كەلدى. ئۇ خېتىدە مېنى كېسەل بىلەن ئېلىشىشقا دەۋەت قىپتۇ. ئۇ راست دەيدۇ، بۇ كۈرەش دۇنياسى، ئېلىشىش دۇنياسى! مەن كېسەللىك بىلەن، مېيىپلىك بىلەن ئېلىشىشىم، ئۆزۈمنىڭ جۈرئەتسىزلىكىم، غەيرەتسىزلىكىم، روھسىزلىقىم بىلەن ئېلىشىشىم، كۈرەش قىلىشىم كېرەك!

مەن كېسەللىك بىلەن ئېلىشتىم، ئۆزۈم بىلەن ئېلىشتىم. ھەربىر قوزغىلىش، ھەربىر قەدەم ماڭا چىدىغۇسىز ئازاب بېغىشلىغان بولسىمۇ، مەن ئۆزۈمنى تاشلىۋەتمىدىم. چۈنكى، دوستلۇق، كىشىلىك مېھىر، ھاياتقا بولغان مۇھەببەت ماڭا يار -



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۆلەك بولدى. مەن ئاخىر...

مەن ماڭدىم، ئانا !...

مەن مانا ماڭدىم، ئۇكىلىرىم !...

مەن ماڭالىدىم، ئىززەت !...

مەن مانا مېڭىۋاتىمەن، ئەي سۆيۈملۈك دۇنيا !

مەن كۈلگىنىمدە، سەن ماڭا تېخىمۇ كۈلۈپ قارىدىڭ، دۇنيا ! راست ئىكەن، كۈلگەنلەرگە، كۈلەلىگەنلەرگە كۈلۈپ قارايدىكەن بۇ دۇنيا ! مەن سېنىڭ ھاياتلىق ھېكمىتىڭنى ئاخىر بىلىۋالدىم ـ ھە، دۇنيا ! لېكىن، ماڭا بۇ ھېكمەتنى بىلدۈرگەن خەيرخاھ دوستۇم مەن خۇشال مېڭىپ يۈرگەن كۈنلەردە مېڭىشتىن قېلىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. مەن بۇنى ئۇنىڭ خېتىدىن بىلدىم. ئۇ ھەتتا بۆرەك ئالماشتۇرىدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ.

مەن قانداق قىلاي؟ ئۇنىڭغا قانداق ياردەم قىلاي؟ ئىززەت مېنى ئىززەتلەپ، ئۆز مېھرى بىلەن مېنى بۈگۈنكىدەك ياشىيالايدىغان مېھرىبان قىلغانىدى. ئەمدى مەن ئۇ بەرگەن مېھىر بىلەن ئۆز مېھرىمنى يۇغۇرۇپ ئۇنىڭغا مېھرىبان بولاي. مەن ياشاش كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئۇنىڭدىن ئالغانىدىم، ئەمدى مەن ئۇنىڭغا ھاياتلىق قۇدرىتى بېغىشلاي. ئۇنىڭغا بۆرەك ئالماشتۇرۇش توغرا كەلسە، مانا مېنىڭكىنى ئالماشتۇرسۇن. ئۇنىڭ روھى مېنىڭ روھىمغا قوشۇلغانىدى، ئەمدى مېنىڭ جىسمىم ئۇنىڭ جىسمىغا قوشۇلسۇن. كىشىلىك مېھىر ـ مۇھەببەت، چىن دوستلۇق بىر جان، بىر تەن بولۇشتا مۇكەممەللىككە ئېرىشىدۇ.

دوختۇر، دوختۇر، ئۇنىڭغا مېنىڭ بۆرىكىمنى كۆچۈرۈڭلار، دوختۇر...

2003 ـ يىلى 3 ـ ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قىز ــ كىتاب

سەن كىتابقا ئوخشايسەن، سۆيۈملۈك قىز، خۇددى
مەيدەمگە تېڭىۋالىدىغان كىتابقا.
راست، سەن كىتابقا ئوخشايسەن، سېھىرلىك قىز، كۆڭۈل
قويۇپ ئوقۇمىسا، تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان كىتابقا !

2003 ـ يىلى 6 ـ ئاي



# هاياتلىق دۇنياسى

ئا: مەن هاياتلىق دۇنياسىنى پايانى يوق چوڭ سەھنىگە ئوخشىتىمەن.

ب: توغرا، تاماشىچىلىرىمۇ ئۆزىمىز، ئارتىسلىرىمۇ ئۆزىمىز.

ئا: مەسىلە كىمنىڭ قانداق رول ئېلىشىدا، رولنى قانداق ئېلىشىدا. شۇنداقمۇ؟

ب: شۇنداق، لېكىن هاياتلىق دۇنياسىنىڭ سەنئەت سەھنىسىدىن تۈپ پەرقلىنىدىغان يېرى، ئۇنىڭ تەبىئىيلىكىدە، ئۇنىڭ هېچقانداق رېژىسسورنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدىغانلىقىدا!

2003 - يىلى 6 - ئاي



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ناتونۇش تونۇش

«ئەللىك يىلدا ئەل يېڭىلىنار» دېگەن راست گەپ ئىكەن. ئۆزۈم تۇغۇلغان شەھەردە كېتىۋېتىپ يېرىم سائەتكىچە يولدا بىرمۇ تونۇش ئۇچرىمىدى، تۇۋا...»

بوۋاي خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. كۆندە چىقىپ ئىككى قېتىم ئايلىنىپ كېلىدىغان يول، قارشىڭدىن كېلىۋاتقان ئادەملەر يېنىڭدىن داجىپ ياكى سۈركىلىپ يول بېرىدۇ، بەزەن تار يوللاردا ئۆزئارا ئانچە ـ مۇنچە سوقۇلۇپ كېتىدىغان، بەزەن ئۆتەلمەي توختاپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىدۇ. مانا بۇ قايناق شەھەردىكى پىيادىلەر يولىنىڭ ئەھۋالى.

بوۋاي ئادەملەر سەل سېلىككەن يول بۆلىكىگە كەلدى ۋە سىقىنچىلىقتىن ئازاد بولغاندەك چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋالدى. دەل شۇ چاغدا: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. بوۋاي دەرھال دىققىتىنى يىغىپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىۋىدى، ياش بىر يىگىت ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويغىنىچە بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئېڭىشىپ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. «چوقۇم تونۇش بىرسى»، بوۋاي دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇنى چاقىردى:

— هوي بالام، ماڭا قارا...

يىگىت كەينىگە بۇرۇلدى. بوۋاي بالىغا قارىدى، سىنچىلاپ قارىدى، قانچە قارىسىمۇ تونۇيالمىدى، ھەتتا تونۇيدىغان بىرەرسىگىمۇ ئوخشىتالمىدى.

— سەن؟ ...
— خوش، چوڭ دادا، خىزمەتلىرىدە بولاي.
— بالام، سەن كىمنىڭ بالىسى؟
— مەن... — يىگىت سەل مەڭدەپ قېلىپ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، — مەن بۇ يەرلىك ئەمەس، چوڭ دادا، دەپ بەرسەممۇ بىلمەيدىلا، مەن يىراق سەھرادىكى دېھقاننىڭ بالىسى.
— مەن تېخى سالىمىڭغا قاراپ سېنى... — بوۋاي سۆزىنىڭ داۋامىدىكى «تونۇشلارنىڭ بالىسىمىكىن دەپتىكەنمەن» دېگەن سۆزنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.
راست، تونۇشلارنىڭ بالىسى بولمىسىمۇ، بۇ سالام بار ئىدى ـ ھە ! بۇ ئادىمىيلىكنىڭ سالىمى ئىدى. بۇ سالامنى بوۋايغا دادىسى ئۆگەتكەن، دادىسىغا چوڭ دادىسى، چوڭ دادىسىغا ئۇلۇغ بوۋىسى ئۆگەتكەن. ئەمدى بوۋاينىڭ زامانىغا كەلگەندە، ئادەم ئادەمگە باقماس بولۇپ كەتتى، بولۇپمۇ مۇشۇ شەھەرلەردە...
بوۋاي خىيالدىن ئۆزىنى يىغقاندا، ھېلىقى يىگىت كېتىپ قالغانىدى. بوۋاي خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ يىگىتنىڭ خوشلىشىپ كېتىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمىگەنىدى. بوۋاي يىگىت كەتكەن تەرەپكە قارىدى، ئۇ تەرەپتە ئادەملەر مىژ ـ مىژ قايناپتى. بوۋاينىڭ كۆزىگە ئۇ يىگىت يەنە توپتىن چىقىپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈندى. بوۋاي بېشىنى چايقىۋېتىپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى:
— ياق، ئۇ تونۇشنىڭ بالىسى، مەن تونۇيدىغان مۇشۇ مىللەتنىڭ بالىسى !

2003 ـ يىلى 7 ـ ئاي

www.uyghurkitap.com

# قۇربان ھېيتلىق تۇيغۇلار

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام

— ئەي ئىبراھىم، سەن ساداقەت يولىدا، ھەتتا ئوغلۇڭنىمۇ قۇربانلىق قىلىشقا ھازىرلانغانىدىڭ، ئالدىڭغا كۆك قوچقار پەيدا بولدى. ئۇ مەرەپ تۇرۇپ ساڭا نېمە دېدى؟

— ئۇ، ئىنسان تەبىئەتتىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئەسىرى، ئۇ ھەرگىز قۇربانلىق ئۈچۈن يارىتىلغان ئەمەس، دېدى.

## ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام

— ئاتاڭ سېنى ساداقەت يولىدا قۇربانلىق قىلىدىغانلىقى-نى ئېيتقاندا، سەن ئۇندىمىدىڭ، لېكىن يېڭى ئۇستىباشلىرىڭنى كىيدىڭ.

مېنا تېغىدا شەيتان قۇلىقىڭغا پىچىرلاپ سېنى قېچىپ كېتىشكە كۈشكۈرتكەندە، سەن گەپ قىلمىدىڭ، لېكىن تاش ئېتىپ شەيتاننى قاچۇردۇڭ.

ئاتاڭ قولىغا پىچاق ئېلىپ ساڭا قارىغىنىدا، سەن ئاتاڭغا تەلمۈرمىدىڭ، پەقەت رازىمەنلىك بىلەن باش ئېگىپ ياتتىڭ.

سەن شۇ چاغدا نېمىگە ئىشەنگەن بولغىيدىڭ، ئىسمائىل؟

— مەن ساداقەتنىڭ مۇكاپاتى ھامان سىيلە - رەھمەت بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن.

# قۇربانلىق قوي

— گېلىڭغا پىچاق سۈركەلگەندە، كۆزۈڭنى يۇمماي مۆلۈلدەپ يېتىشىڭ نېمىدىن، ئەي قوي؟

— ھاياتلىققا ھېچكىمنىڭ قىيالمايدىغانلىقىنى مېنىڭ كۆزلىرىمدىن بىلىشىڭ ئۈچۈن، ئەي ئادەم.

# شەيتان

— ئىسمائىلنى ئاتىسى مىنا تېغىغا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئەكېتىۋاتقاندا، نېمىشقا ئۇنىڭ يولىنى توستۇڭ، شەيتان؟

— ئۇنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىش ئۈچۈن.

— ساڭا ھەمراھ بولغان ئادەم قانداق بولىدۇ؟

— كۆيۈمچان ئاتىسىغا قارشى چىقىدۇ.

— ئاتىسىغا قارشى چىققان ئادەم قانداق بولىدۇ؟

— ۋاپا - ساداقەت يولىدىن ۋاز كېچىدۇ.

— ئۇ يولدىن ۋاز كەچكەن ئادەم نېمە بولىدۇ؟

— ئۇ ماڭا ئوخشاش ئىبلىس بولىدۇ! بىلىپ قوي، ئەي، سوئال - سورىقى تۈگىمەيدىغان ئادەم.

2003 - يىلى 9 - ئاي



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# چولپان

كۈن غەربكە يانپاشلاپ، ئاسمان ئېتەكى قىزىل ئەتلەس رەڭگىگە چۈمكەلگەن پەيت ئىدى.

دالىدا بىر ئايال كېتىۋاتاتتى. ئۇ شۇ قەدەر چىرايلىق ئىدىكى، ئۇنى كۆرگەن ھامان چاتقاللار ھەيرانلىقتىن قېتىپ تۇرۇپ قالاتتى، قۇشلار ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىشىپ بىر - بىرىگە چۇرۇقلىشاتتى، چۆل گىياھلىرى ئۇنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ، جامالىغا قاراشقا پېتىنالمايتتى...

شۇ ئەسنادا، قۇياشمۇ يانپاشلىغان جايىدا ئاق چىمىلدىقنى قايرىۋېتىپ ئۇنىڭغا بىر قارىۋالدى ۋە يۈرىكىگە بىر ئوت تۇتاشقاندەك بولۇپ، ئەسلىدىكى قىزىللىقىغا يەنە بىر قەۋەت قىزىللىق قوشۇلدى. قۇياشنىڭ ئىشقى ئوتى تەسىر قىلدىمۇ ياكى ئايالنىڭ گۈزەللىك نۇرىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، زېمىنمۇ قىزىللىققا پۈركەلگەنىدى.

دەل شۇ چاغدا، ئايالنىڭ قارشىسىدىن ئىككى پەرىشتە چىقىپ كەلدى. بىرسىنىڭ ئىسمى ھارۇت، يەنە بىرسىنىڭ مارۇت ئىدى.

— ئاھ، نېمىدېگەن گۈزەل ئايال ! — دېدى ھارۇت.

— ھەقىقەتەن ئاللانىڭ بۈيۈك ئەسىرى ئىكەن ئۇ ! — دېدى مارۇت.

ئايال ئۇلارنىڭ ماختاشلىرىنى ئاڭلاپ ئۇيىلىپ يەرگە قارىۋالدى.

ئەسلىدىمۇ ئوتتىن يارالغان پەرىشتىلەرنىڭ يۈرىكىنىلا ئەمەس، جىسمىنىمۇ بىر ئوت كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. بۇ شەھۋەت ئوتى ئىدى، بۇ ئوت ئۈستىدە يېنىۋاتقان ئوت ئىدى. ئۇلار چىدىمىدى، ئايالغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— ئى ئايال زاتى، مۇھەببەتلىك نەزىرىڭ بىلەن بىزگە بىر مۇرۇۋۋەت قىل.

ئايال ئۇلارغا كەسكىن جاۋاب بەردى:

— ئى پەرىشتىلەر، مېنىڭ مېھرى - مۇھەببەتلىك نەزىرىم پەقەت ئۆز سۆيگۈنۈمگىلا مۇرۇۋۋەت بېغىشلايدۇ.

— ئى ئايال زاتى، ۋۇجۇدىمىز زارىقىش ئوتىدا كاۋاپ بولۇۋاتىدۇ، يېقىملىق تىنىقلىرىڭنى تىنىقلىرىمىزغا ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇ دەھشەتلىك ئوتقا بەرھەم بەر.

— ئى پەرىشتىلەر، كۆڭلۈڭلارنى شەھۋەت ئوتىدىن يىراق تۇتۇڭلار، مېنىڭ تىنىقىم پەقەت ھالال جۈپتۈمنىڭ تىنىقى بىلەنلا ئۇچرىشىدۇ.

— ئى ئايال زاتى، بىزگە قوينۇڭنى ئاچ، ئوتنىڭ سىرتىدا كۆيگەندىن ئىچىدىلا كۆيۈپ تۈگىشەيلى.

— ئى ئوتتىن تۆرەلگەن پەرىشتىلەر، ئۇنداق قىلماڭلار، دوزاخ ئوتىدا كۆيۈپ كېتىسىلەر.

— ئى ئوتى بالا ئايال زاتى، ئايال جىلۋىسى ئالدىدا ئالاۋ جىلۋىسىنىڭ ھېچنېمە ئەمەسلىكىنى بىز ئەمدى بىلدۇق. دوزاخ ئوتىنىڭ ئازابى ھەرقانچە بولسىمۇ مۇشۇنچىلىك بولار. بولدى، بىز جاندىن تويدۇق.

ئۇلار ئايالغا ئېسىلدى. ئايال ئۇلارنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، قولىنى قالقان قىلغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— توختاڭلار، بىر شەرتىم بار، ئاڭلاڭلار. شۇ شەرتىمنى ئادا قىلساڭلار، قالغىنى ئۆز ئىختىيارىڭلار.

— خوش، شەرتىڭنى بايان قىل، — دېدى پەرىشتىلەر.

ئايال ئۇلارغا ئىسمىئەزەمنى ئۆگىتىپ قويۇشنى شەرت قىلدى.

پەرىشتىلەر بەندىنىڭ بۇنداق تەلىپىنى ھەرگىز رەت قىلالمايتتى. چۈنكى، ئۇلار ئاللادىن قورقاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئويلىغىنىنى دەپ باقتى:

— ئۇ ئايەتنى ئۆگەنسەڭ، زېمىندىن يىراقلاپ كېتىسەن.

— ياق، مېنىڭ كۆڭلۈم زېمىندىن ھەرگىز يىراقلاشمايدۇ.

— ئۇنى ئۆگەنسەڭ، ئەل - يۇرتۇڭدىن رابىتىڭ ئۈزۈلىدۇ.

— ياق، مېنىڭ دىل رىشتىم ئەل - يۇرتۇمغا مەھكەم باغلانغان.

— ئۇنى ئۆگەنسەڭ، ئاشىقىڭ بىلەن مەڭگۈ بىللە بولالمايسەن.

— ياق، مېنىڭ ساداقىتىم مەڭگۈ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ.

— ئوبدان ئويلان، ئى ئۆز سۆزلۈك ئايال زاتى. بىز راست دەۋاتىمىز.

دېمىسىمۇ پەرىشتىلەرنىڭ دېگىنى راست ئىدى. بۇ ئاقىۋەت ئايالغا بەش قولدەك ئايان ئىدى: ئۇ زېمىندىن ئايرىلىپ قالاتتى، زېمىندىكى سۆيگەن ياردىن ئايرىلاتتى، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەر ھەممىسىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. بۇ ئۇنىڭغا ئېنىق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىپپەت - نومۇسىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن شۇ قىسمەتكە رازى ئىدى.

پەرىشتىلەر ئاخىر ئۇنىڭغا ئىسمىئەزەمنى ئۆگىتىشكە باشلىدى. ئۇ ئىنتايىن پاراسەتلىك ئىدى. ئۇ ئىككىسى ئايەتنىڭ ئايىغىنى چۈشۈرۈپ بولغۇچە، ئۇ ئۆگىنىپ بولدى. دەل شۇ چاغدا بىر مۆجىزە يۈز بەردى: ئۇ قۇدرەت ئىلاھىنىڭ كارامىتى

بىلەن ئاسمانغا چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئايال ئاسمانغا چىقىپ يۇلتۇزغا ئايلاندى. ئۇ قاراڭغۇ چۇشەر ـ چۈشمەيلا ئاسمان سەتھىسىگە چىقىۋالاتتى، تاكى تاڭ يورۇپ بارلىق يۇلتۇزلار غايىب بولغاندىن كېيىنلا، ئاندىن كۆزدىن يىتەتتى.

ئۇ زېمىنغا ئەڭ يېقىن ئىدى، ھەممە يۇلتۇزلاردىن يېقىن ئىدى، لېكىن زېمىنغا چۈشەلمەيتتى، پەقەت يىراقتىن تەلمۈرەتتى، تەلمۈرەتتى. چۈنكى، زېمىن ئۇنىڭ، يەنە ئۇ مېھىر باغلىغان، ئۇ ۋە ئۇنىڭغا مېھىر بەرگەن كىشىلەرنىڭ ماكانى ئىدى.

كىشىلەر ئۇنى ھەممە يۇلتۇزدىن يېقىن كۆرەتتى، ئۇنىڭغا تەلپۈنەتتى، تەلمۈرەتتى، تېۋىناتتى... چۈنكى، ئۇ ئايال زاتىنىڭ ئار ـ نومۇس ۋە ساداقەتتە كامالەتكە يەتكەن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق چولپىنى ئىدى.

2003 ـ يىلى 10 ـ ئاي



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كۆز غۇۋالاشقاندا

خۇددى جاھاننى نېپىز تۇتەك قاپلىۋالغاندەك، خۇددى مەن جاھاننى يۇپقا ئاق پەردىنىڭ كەينىدىن كۆرۈۋاتقاندەك ئاجايىپ ھالەت.

توۋا، ئاسمانغا قارىسام، زەڭگەر رەڭگى گويا ئۆڭگەندەك، كۈنگە قارىسام، چاقناقلىقى يوق، خۇددى ئۈمچىيىۋاتقاندەك، دەرەخلەرگە قارىسام، ياپراق رەڭگى خۇنۇك قارىيىۋاتقاندەك، ئادەملەرگە قارىسام، پەقەت بەستىلا بار، چىرايى پەرقسىز، قاش ـ كۆزلىرى غۇۋالىشىۋاتقاندەك بىرقىسما كۆرۈنۈۋاتىدۇغۇ ماڭا.

كۈنلەر ئۆتۈۋاتىدۇ، مەندىكى بۇ ھالەت بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتىدۇ. قارىغاندا، كۆزدىن كېتىپتىمەن، قېرىلىق مەزگىلىگە قەدەم قويار ـ قويمايلا كۆزدىن قېرىپتىمەن.

دوستلار، دوستلار، مەن سىلەرنى ئېنىق پەرق قىلالمايدىغان بولۇپ قالدىم. ئاۋۋال سالام بېرەلمەي قالسام، كەچۈرۈڭلار. يىراقتىن سالام قىلساڭلار، كۆرەلمەيمەن، سالىمىمىزنى ئىلىك ئالمىدى، دەپ رەنجىمەڭلار. مەن سىلەرنىڭ يېقىن كېلىپ تونۇشلۇق بېرىشىڭلارغا موھتاج. سىلەر كېلىپ ماڭا قول بەرگەندە، مەن سىلەرگە قولۇمنىلا ئەمەس، يۈرىكىمنى، دوستلۇق مېھرىگە تولغان يۈرىكىمنى بېرىمەن، دوستلار!

بالىلىرىم، بالىلىرىم، بېرى كېلىڭلار، بالىلىرىم، ماۋۇ جەدۋەلنى ماڭا ئوقۇپ بېرىڭلار. مەن ئەما ئەمەس، ساۋاتسىز — «كۆزى ئوچۇق ئەما» مۇ ئەمەس، لېكىن خەتلەرنى ئېنىق

كۆرەلمەيمەن، قەغەزگە قارىسام، قارا خەتلەر ئاقلىق ئىچىگە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك، خۇددى كۆلگە چۆكۈپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ سۇ يۈزىدە تىپچەكلەۋاتقان قول - پۇتلىرىدەكلا كۆرۈنىدۇ. مەن يازالايمەن، ياخشى يازالايمەن، لېكىن كۆرەلمەيۋاتقانلىقىم ئۈچۈنلا يازالمايمەن. ئاجىزلاشقان كۆز باشقا ئىقتىدارلارنىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدىكەن. مەن كىتاب يازىدىغان ئادەم ئىدىم، ھازىر ھەتتا كىتاب ئوقۇيدىغان بەختتىنمۇ مەھرۇم قالدىم.

ماشىنىلار، ماشىنىلار، ئاستا مېڭىڭلار، ماشىنىلار، مەن ئارىلىقنى ئېنىق ئىلغا قىلالمايمەن، مەن يولدىن ئۆتۈۋالاي، ماڭا ئىمكانىيەت بېرىڭلار، ماشىنىلار !

مەن مانا مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالدىم. ھەممىدىن، ھەممىدىن ياردەم، مەدەت تىلەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىم. ھەممە ئەزايىڭ بېجىرىم ۋاقتىدا، سەن خۇددى شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك، ھېچقايسىسىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىكەنسەن، بىرەر يېرىڭدىن چاتاق چىقتىمۇ، بەس، شۇ چاغدا بىلىدىكەنسەن، ئۇنىڭ نەقەدەر قەدىرلىك ۋە مۇھىملىقىنى ! كۆزگە كەلگەندە بۇ تۇيغۇڭ تېخىمۇ چوڭقۇر بولىدىكەن. كۆزنىڭ نەقەدەر ئەزىز ۋە باھاسىز ئىكەنلىكىنى، ھەتتا كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراش دېگەن ئوخشىتىشنىڭمۇ نەقەدەر ۋەزىنلىك ۋە مەنىلىك ئىكەنلىكىنى سەن كۆز دەردىگە مۇپتىلا بولغىنىڭدىلا ھېس قىلىدىكەنسەن. كۈن تۇتۇلسا، جاھاننى قاراڭغۇلۇق باسقاندەك، كۆز تۇتۇلسا، كۆڭۈلنى قاراڭغۇلۇق باسىدىكەن. مەن كۆز ۋە كۆڭۈلنىڭ گىرەلەشمە قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە ئېسەنگىرەپ، تىمىسقىلاپ، مۆدۈرۈپ زارلاندىم، كۆككە قاراپ نىدا قىلدىم:

— ئاھ، كۆزۈمگە روشەنلىك بېغىشلايدىغان شىپالىق قول نەدە؟ دىلىمغا يورۇقلۇق ئاتا قىلىدىغان غەمگۈزار — سەن نەدە؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نەدە؟

تۇيۇقسىز بىر سادا ئاڭلاندى:

— مەن يەردە ! كۆكتە ئەمەس، يەردە !

مەن كۆكتىن كۆزۈمنى ئۈزۈپ ئالدىمغا قارىدىم. ئالدىمدا بىر ئاق خالاتلىق پەرىشتە تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ تەلمۈردۈم، ئۇ ماڭا شىپالىق قولىنى ئۇزارتتى.

......

مەن شىپا تاپتىم، دوستلار، مەن دۇنيانى رەڭدار قىياپىتى بىلەن كۆرەلەيدىغان بولدۇم: كۈن ماڭا ئالتۇندەك چېھرى بىلەن كۈلۈپ قارىدى؛ كېچىنىڭ ئارامبەخش ئايدىڭى كۆز ئالدىمدا كۈمۈشتەك جىلۋە قىلدى؛ يېشىللىق ماڭا يېڭىباشتىن ياشناش تۇيغۇسى بەخش ئەتتى.

مەن ھەممىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇپ سالام قىلىۋاتىمەن، دۇنيا، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !

مەن سىلەرنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇپ سالام قىلىۋاتىمەن، دوستلار، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !

مەن سىلەرنى كۆرۈۋاتقىنىمدا، سىلەردىن ئىنسانلىق مېھرنى ھېس قىلىپ ۋە سىلەرگە چوڭقۇر مېھرىنى بىلدۈرۈپ ياشاۋاتقىنىمدا بىر كىشىنى ئۇنتۇمايمەن.

ئۇ — نۇرسىزلانغان كۆزلەرگە نۇر، تۇتۇلغان كۆزلەرگە يورۇقلۇق ھەدىيە قىلغۇچى !

ئۇ — رەڭدار دۇنيانى رەڭسىز، روشەن دۇنيانى غۇۋا كۆرۈۋاتقانلارغا ئۈمىد، كۆزدىن كۆڭۈلگىچە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغان ئىنسانغا نىجاتلىق ۋە مېھىر ھەدىيە قىلغۇچى !

ئۇ — ھېلىقى، ھېلىقى ئاق خالاتلىق پەرىشتە !

رەھمەت ئۇنىڭغا، ئالەمچە رەھمەت !

2004 ـ يىلى 3 ـ ئاي

# ئانامغا خەت

(بىر ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىسىنىڭ خېتى)

## 1

سالام ئانا، ساق ـ سالامەت تۇرۇۋاتقانسەن، ئىنى ـ سىڭىللىرىمچۇ؟

مەندىن ئەھۋال سورىساڭ، ئوبدان تۇرۇۋېتىمەن. ھەرقاچان ساۋاقدىشىم مەمەتجاننىڭ ئاتىسىدىن ئاڭلىدىڭ، مېنى دوختۇرخانىدا يېتىپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، جىق ئەنسىرەپ كەتكەنسەن ـ ھە؟! ئىلاھىم، دېمىگەندۇ، بالىڭىز دوختۇرخانىدا ئىكەن، دېگەن گەپ ھەرگىز دەيدىغان گەپ ئەمەس...

ئاڭلىغان بولساڭ، ساڭا چۈشەندۈرۈپ قوياي، دەپ بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن، ئانا. گېلىم ئىششىپ قاپتىكەن، دوختۇرلار يېتىپ داۋالانمىساڭ بولمايدۇ، دەپ ياتقۇزۇۋالدى. چوڭ شەھەردە ئانچىكىم بىر كېسەللەرگىمۇ زىللىق قىلىپ كېتىدىكەن. چوڭ چاتاق يوق، ئەنسىرىمە. شۇ تاپتا بالامنىڭ قېشىدا بولسام، بولماسمىدى، دەپ ئارزۇ قىلىۋاتىسەن، ھەرقاچان. مەندىمۇ شۇنداق ئارزۇ بار، ئانا، لېكىن...

لېكىن، ئانا، مەن سىلەرنىڭ مېنى دەپ بار ۋەسىلىڭلاردىن ئايرىلىپ كېتىشىڭلارنى خالىمايمەن. ئۇنىڭسىزمۇ مېنى ئوقۇشقا يولغا سالغۇچە موزايلىق ئىنەكنى سېتىۋەتكىنىڭ ھېلىغىچە يۈرىكىمنى ئېچىشتۇرىدۇ. قېرىغىنىڭدا يۇمشاق ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇمشاق گۆش پىشۇرۇپ ئالدىڭغا قويالمىغىنىم ئاز كەلگەندەك، ئىچىۋاتقان سۇتۇڭدىنمۇ ئايرىۋەتكىنىمنى ئويلىسام، ئۆزۈمنى تولىمۇ يارامسىز ھېس قىلىمەن...

لېكىن، ئاخىرقى ھېساپتا مېنى يارامىلىق قىلىش ئۈچۈن ئوقۇتۇۋاتىسەن ـ ھە، ئانا؟! مەنمۇ ھەقىقىي يارامىلىق ئوغۇل بولۇش ئۈچۈن ئوقۇۋاتىمەن. شۇغىنىسى، سالامەتلىكىم ۋاقتىنچە يارامسىز بولۇپ قالدى. لېكىن، ئىشتا پىشقان دېھقان بالىسىنىڭ تېنى ھامان يارامىلىق بولىدۇ. سەل ساقىسىز بولۇپ قالغانلىقىمنى، شەھەر يەكلەپتۇ، دەپ چۈشەنسەڭ بولىدۇ. لېكىن، شۇنى ئالاھىدە دەپ قوياي: شەھەر يەكلىگەن بىلەن شەھەرلىكلەر يەكلىمەيدىكەن. شۇ تاپتا ساۋاقداشلىرىم، ئوقۇتقۇچىلىرىم بېشىمدا پەرۋانە بولۇپ يۈرىدۇ. مەن ئۇلاردىن سېنىڭ ئانىلىق مېھرىڭنىمۇ، تۆگەپ كەتكەن رەھمەتلىك دادامنىڭ ئاتىلىق مېھرىنىمۇ، ئىنى ـ سىڭىللىرىمنىڭ قېرىنداشلىق مېھرىنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن. مەكتەپ دېگەننىڭمۇ خۇددى ئائىلىدەك ئىللىق ئىكەنلىكىنى دەل مۇشۇنداق چاغدا چۈشىنىدىكەنسەن، ئانا.

ھازىر دوختۇر تەكشۈرمەكچى. خەتنى مۇشۇ يەرگىچە يازدىم. مەندىن ئەنسىرىمە، ئانا! ئىنى ـ سىڭىللىرىمغا، قولۇم ـ قوشنىلارغا مەندىن سالام.

ھۆرمەت بىلەن: ئوغلۇڭ

## 2

سالام، ئانا.

ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئالدىنقى خېتىمنى سالغۇم كەلمىدى. ھەر نېمە دېسەممۇ، سەن بەربىر ئىشەنمەيسەن. خېتىمدىن ساڭا قالىدىغىنى پەقەت ئەندىشىلا بولىدۇ. مانا

ھازىر ساقايدىم، دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئوقۇشۇمنى ئوقۇۋاتىمەن. ئوقۇشۇم ياخشى، ئانا، ئىش ـ ئوقىتىمۇ ياخشى.

ھەيران قىلىۋاتامسەن، مەن دوختۇرخانىدا ياتقاندا ساۋاقداشلىرىم، ئوقۇتقۇچىلىرىم ماڭا جىق ياردەم قىلدى. تاماقتىن، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىدىن پەقەت قىسىلمىدىم. بەزىلەر ھەتتا ماڭا پۇلمۇ بەردى، لېكىن مەن ئۇ پۇللارنى ياردەم ھېسابىدا قوبۇل قىلىشنى خالىمايمەن، ئانا. داۋالىنىش ئۈچۈن ئۇ پۇللار ماڭا ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى، ئەمدى ئۇ پۇللارنى قايتۇرۇشۇم كېرەك، دەپ ئويلىدىم. شۇڭا، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئىشلىدىم. نېمە ئىشلارنى قىلغىنىمنى دەپ بېرەي: ئاۋۋال مايلامچىلىق قىلدىم، مايلامچىلىق قىزىق بولىدىكەن، ئانا. ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ ئايىغىدىن بۆلەك نەرسە كۆزۈمگە كۆرۈنمەيدىكەن. بىر يەكشەنبە كۈنى ئاشۇنداق باش تەرىپىمگە قارىماي، ئايىغىنى قاراپ: «ئايىغىمنى مايلاپ بېرەي» دەپ توۋلاپتىكەنمەن، كىمگە توۋلاپتىمەن دېمەمسەن، دەل بىزنىڭ سىنىپ مەسئۇلىمىزغا توۋلاپتىمەن. ئۇ: «ھە، مەردان، مايلامچىلىق قىلىۋاتامسەن؟» دېمىگەن بولسا، بېشىمنىمۇ كۆتۈرمەيدىكەنمەن. مۇئەللىمىمنى كۆرۈپ سەل ئوڭايسىزلاندىم. ئۇ ماڭا: «ئوغۇل بالا دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ. ھەقىقەتەن ئىسمىڭغا لايىق ئىش قىپسەن» دېدى. مەن ئۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يەنە سىلەرنى ئەسلىدىم، دادام رەھمەتلىكنى ئەسلىدىم، ئۇ دائىم ماڭا: «ھەرقانداق چاغدا مەردانە ياشا، ئوغلۇم، ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە كۈچۈڭنى خار قىل، مەن مەردان دېگەن ئىسمىڭنى ئۆمۈر بويى مەردانە ياشىسۇن دەپ قويغان» دەيتتى...

مەن يەنە ئاشخانىلاردا كۈتكۈچىلىكمۇ قىلدىم، ئانا. ئۈستەللەرنى پاكىز سۈرتۈپ، خېرىدارلارنىڭ ئالدىغا تاماق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قويۇۋاتقىنىمدا نېمىلەرنى ئويلىدىم، بىلەمسەن؟ مەن ساڭا دەپ بېرەي، ئانا، ئەمدى ئۆيگە بارسام، سېنى ماڭغۇزماي يۇمشاق كۆرپىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزۈم چاي دەملەپ ئەكېلىمەن، ئىسسىق چاينى ساڭا ئۆز قولۇم بىلەن خونچىلاپ تۇتىمەن. مەن ئۇستا بولۇپ كەتتىم، ئانا...

مەن يەنە دەم ئېلىش كۈنلىرىدە كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تازىلىق ئىشلىرىنى قىلدىم. گىلەملەرنىڭ توپا ـ چاڭلىرىنى قاققىنىمدا، چاڭ يۈزلىرىمگە قونغىنى بىلەن كۆڭلۈمگە قونالىغىنى يوق. ئاشۇ غۇبارسىز كۆڭلۈم بىلەن سىڭلىمغا شۇنداق دېگۈم كېلىۋاتىدۇ: «سەن قوندۇزدەك چاچلىرىڭغا، ئايدەك چىرايىڭغا توپا قوندۇرمىغىن، سىڭلىم، بورا ـ كىگىزلىرىمىزگە تەگمە، مەن بارغاندا ئۆز قولۇم بىلەن قېقىپ بېرىمەن».

مەن كىشىلەرنىڭ دېرىزىلىرىنى سۈرتۈپ بولغىنىمدا، كۆڭلۈممۇ خۇددى ئەينەكتەك ۋاللىدە يورۇپ كېتىدىغان بولدى. چۈنكى، مەن «مېھنەتنىڭ يۈزى يورۇق» دېگەن ھەقىقەتنى تېپىۋالغانىدىم.

ئانا، يۇقىرىقى گەپلىرىمنى ئاڭلاپ، بالام پۈتۈنلەي قارا ئىش قىلىش ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالمىغىن، مەن كەچلەردە يەنە ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقىمۇ قىلىۋاتىمەن. مېنىڭ ئوقۇشۇم مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچى بولۇش ئۈچۈن؛ ئەگەر كەلگۈسىدە دېھقان بولسامۇ، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكتىن قۇتۇلغان، يەردىنمۇ، ئاسماندىنمۇ تەلەي كۈتىدىغان تەمەخور تەقدىردىن قول ئۈزگەن، ئۆزگىلەر قىلغانىنىمۇ قىلالايدىغان، قىلمىغانىنىمۇ قىلالايدىغان، ئۆزگىنىڭ بۇيرۇغىنىنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئىرادە قىلغىنىنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان، يەرنىڭ قۇلى ئەمەس، خوجايىنى بولالايدىغان قابىل دېھقان بولۇش ئۈچۈن.

مەن كىشىلەرنىڭ ئېسىل سافالىرىنى تازىلاۋاتقىنىمدا، ھامان بىر كۈنى ئانام‌مۇ مۇشۇنداق سافادا ئولتۇرۇشى كېرەك، دەپ ئويلايمەن. مەن كىشىلەرنىڭ ياسىداق ئۆيلىرىنى تازىلاۋاتقىنىمدا، ئىنى - سىڭىللىرىمنىڭمۇ چوقۇم مۇشۇنداق ئۆيى بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلايمەن. مەن كىشىلەرنىڭ پىكاپلىرىنى سۈرتۈۋاتقىنىمدا، چوقۇم بىر كۈنى مەنمۇ مۇشۇنداق پىكاپلىق بولۇشۇم كېرەك، دەپ ئويلايمەن. مەن ئۆيلەردە ئىككى - ئۈچ بالىغا دەرس ئۆتۈۋاتقىنىمدا، كەلگۈسىدە چوقۇم سىنىپ - سىنىپ بالىلارغا دەرس ئۆتۈشۈم كېرەك، دەپ ئويلايمەن...

مېنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىم جىق، ئانا. مەن ئۇ ئارمانلىرىمغا پەقەت ئوقۇغىنىمدا، ئوقۇش ئۈچۈن ئىشلىگىنىمدە، ئوقۇش پۈتكۈزگەندە ئالدىمغا ھەرقانداق خىزمەت توغرا كەلسىمۇ قىلىچە ئىككىلەنمەي ئىشلىگىنىمدىلا يېتەلەيمەن.

مەن ئاشۇنداق ئىشلەپ يۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلىرىم، ساۋاقداشلىرىم ماڭا ياردەم دەپ بەرگەن، لېكىن مەن قەرز دەپ ئالغان پۇللارنى قايتۇرۇپ بولدۇم، يەنە ساڭا ئېشىنىپ پۇل ئەۋەتتىم. ئوقۇش جەريانىدا ئىشلەپ يۈرۈپ ئۆزۈمنىڭ ئوقۇش راسخوتلىرىمنى ئۆزۈم تۆلەيمەن. يەنە سەن مېنى دەپ سېتىۋەتكەن موزايلىق ئىنەككە ئوخشاش ئىنەكنى چوقۇم ساڭا ئېلىپ بېرىمەن. سەن شۇ ئىنەكنىڭ سۈتىنى ئىچىپ ھۇزۇرلانغىنىڭدا، مەن سېنىڭ ماڭا بەرگەن سۈتۈڭنىڭ بەدىلىگە يەنىلا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم، دەپ ئويلايدىغىنىمنى ھېس قىلالارسەنمۇ، ئانا...

2005 - يىلى 1 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇئەللىم ئۆلمەيدۇ

(مەرھۇم مۇئەللىمىم ئاسىيە ئاپپايغا بېغىشلايمەن)

ئالدىمدا سۈرەت. مەن سۈرەتتىكى مۇئەللىمىمنىڭ ئويچان كۆزلىرىدە ئويناپ تۇرغان تەبەسسۇمغا دىققەت قىلدىم. ئۇ شۇ تەبەسسۇمىدا خۇددى ماڭا: «ھە، ئەمدىچۇ، نېمە دەيسىز؟» دەۋاتقاندەك بىلىندى.

كۆزلىرىم ئەلەملىك يۇمۇلۇپ ئېچىلغىنىدا، نەزىرىم ئۇستەلدىكى ئاق باغاقا چۈشتى. بۇ ئۇنىڭ نەزىرىگە چاقىرىلغان باغاق ئىدى. مەن يەنە ئۇنىڭ سۈرىتىگە دىققىتىمنى ئاغدۇردۇم. يەنە شۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىراي، تېخى بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇنلا ئىككىمىزنىڭ كوچىدا ئۇچرىشىپ قېلىشقان پارىڭىمىزنى ئېسىمگە سالدى.

— ئاپپاي، — دېگەنىدىم مەن ئۇنىڭغا، — سىز پەقەتلا قېرىمىدىڭىز، چىرايىڭىز خۇددى مەن ئوقۇۋاتقان چېغىمدىكىدەكلا. ئوقۇتقۇچى ھەقىقەتەن قېرىمايدىكەن!

— سىزگە، سىزدەك ئوقۇغۇچىلىرىمغا شۇنداق بىلىنىدىغان ئوخشايمەن، — دېگەنىدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — لېكىن قېرىدىم. ئوقۇتقۇچىمۇ قېرىيدۇ.

......

توۋا، ئۇ قېرىمىغاندەكلا تۇراتتىغۇ؟ ئەجەب تۇيۇقسىز...

دۇنيادا تۇيۇقسىز ئىشلار كۆپ بولىدىكەن. بۇنداق

تۆيۇقسىزلىقلار بەزىدە ياخشىلىقنى يامانلىققا، بارلىقنى يوقلۇققا، ۋىسالنى ھىجرانغا، جەملىكنى جۇدالىققا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدىكەن. بۇ تۆيۇقسىزلىقمۇ شۇنداق بولدىمۇ؟

قانچە ئويلىساممۇ بۇنى تەستىقلاشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، چۈنكى ئۇ چىراي، ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىراي ھېلىھەم مېنىڭ كۆز ئالدىمدا.

بىر چاغلاردا مەكتەپ پەلەمپەيلىرىدىن يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان چاغلىرىمدىمۇ، ئۇ چىراي مەن بىلەن بىللە ئىدى.

بىر چاغلاردا تۇرمۇش داۋانلىرىدا يىقىلىپ، تېيىلىپ كېتىۋاتقانلىرىمدىمۇ، ئۇ چىراي مەن بىلەن بىللە ئىدى.

ئۇ شۇ كۈلۈمسىرەشلىرىدە مېنىڭ ئەقىل بۇلاقلىرىمنى ئاچقان؛ ئۇ شۇ كۈلۈمسىرەشلىرىدە ماڭا غەيرەت ـ شىجائەت ئاتا قىلغان.

شۇڭا، مەن ئۇنى: «قېرىمىدىڭىز» دېگەنىدىم، لېكىن ... ھازىرچۇ؟

راست گېپىمنى قىلاي: ھازىرمۇ ئۇ مېنىڭ كۆز ئالدىمدا خۇددى سۈرەتتىكىدەك ياش، يەنە شۇنداق خۇشخۇي چىراي.

قارىغاندا، بالىلىق قەلبىگە مۆھۈر بولۇپ بېسىلغان تەسىرات ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزىنىڭ ئۆچمەس ئىزناسى بىلەن قالىدىكەن. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ مەرىپەت مۆھرىنى بېسىپ قالدۇرغانىدى؛ ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ مەتانەت مۆھرىنى بېسىپ قالدۇرغانىدى. مەندىن بۇ مۆھۈرنىڭ ئىزناسى ئۆچكىنى يوق، شۇڭا ئۇنىڭ ئوبرازى مېنىڭ قەلبىمدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

شۇڭا، دەيمەن، مۇئەللىم، سىز قېرىمىدىڭىز. سىز مېنىڭ قەلبىمدە مەڭگۈ قېرىمايسىز. قېرىمىغانىكەنسىز، ئۆلۈمدىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن !؟ تەبىئەتنىڭ رەھىمسىز

www.uyghurkitap.com

قانۇنىيەتلىرى ئالدىدا ئاجىز بولسىمۇ، روھ قانۇنىيەتلىرى ئالدىدا ئۆزىنى قۇدرەتلىك ھېسابلايدىغان چىن ئىنسانىنىڭ قىممەت قارىشى شۇكى، ئەجىر ئۆلمىگەنىكەن، ئەجىر ئىگىسى ئۆلمەيدۇ. شۇڭا، مۇئەللىم ئۆلمەيدۇ، مەڭگۈ !

2005 - يىلى 1 - ئاي



# قانداقسىغا مېنىڭكى

مەن باغچىدا ئايلىنىپ يۈرەتتىم، ئۆدۈلۈمدىن تونۇش بىر ئايال چىقىپ كەلدى، يېنىدا تۆت ـ بەش ياشلاردىكى بالىسى. مەن ئۇلار بىلەن سالاملاشتىم. بىز ئەمدى پاراڭغا چۈشۈۋىدۇق، شۇ ئەسنادا ئۈچ ـ تۆت بالا يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە، ھەربىرى بىردىن دەرەخنى قۇچاقلىدى ـ دە، «بۇ دەرەخ مېنىڭ!»، «ماۋۇ مېنىڭ!»، «بۇ مېنىڭكى!» دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى. پارىڭىمىزنى داۋاملاشتۇرغىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇردۇم. تونۇش ئايالمۇ ئۇلارغا قاراپ قىلىۋىدى، يېنىدىكى بالىسى ئۇنى بىلىكىدىن تارتىپ سورىدى:

— ئاپا، ئۇلار دەرەخنى مېنىڭكى دەيدۇغۇ، قانداقسىغا ئۇنداق بولىدۇ؟ ئۇ ھەممە ئادەمنىڭ ئەمەسمۇ؟!

بالىنىڭ بۇ سوئالى بىلەن مەن ھاڭۋاقتىلىقتىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بولدۇم. توۋا، مەن ئۇ ئويۇنغا قاراپ مەڭدەپ تۇرغاندا، بۇ بالا — كىچىككىنە بالا ئۇ ئويۇننىڭ تېگىگە يېتىپ بوپتۇغۇ! راست، «مېنىڭكى» دېيىشكىنى نېمىسى؟! ئويناپ دېسىمۇ، ئويلاپ دېيىشى كېرەكتە! بۇ بالىلار ھېلىتىن «مېنىڭكى» دەپ كۆرگەنلا نەرسىنى تالىشىپ يۈرۈشسە، چوڭ بولغاندا نېمىلەرنى دەپ، نېمىلەرنى تالىشىپ يۈرۈشمەس!؟

مەن تونۇش ئايالنىڭ بالىسىغا ھېرىسمەنلىك بىلەن قارىدىم. ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە ئۆزۈمنىڭ بالىسىدەكلا يېقىملىق كۆرۈندى. توۋا، يەنە ئۆزۈمنىڭ بالىسىدەكلا، دەپ ئويلىغىنىمنى

قاراڭلار، ھەممىمىزنىڭ بالىسىدەك، ئەلنىڭ بالىسىدەك، تەبىئەتنىڭ بالىسىدەك كۆرۈندى، خۇددى ھەممىمىزنىڭ، ھەممىنىڭ دەرىخىدەكلا !

مەن مېھرىم بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسىغا سۆيدۇم. بۇ سۆيۈشۇمدە مەن ئۇنىڭ ساپ، مەسۇم ئەقىدىسىنىمۇ قوشۇپ سۆيگەنىدىم.

2006 ـ يىلى 7 ـ ئاي

# ئانىلار بايرىمى

بۈگۈن بايرام ئىكەن، ئانا. ساڭا گۈل سوۋغا قىلغۇم كەلدى، لېكىن بۈلتۈر بىر قۇچاق گۈل ئاپىرىۋىدىم، ئۆيلىمىغان يەردە ئۇ سېنى جىق يۆتەلدۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭدىكى غەلىتە، سۈنئىي پۇراق دېمىڭنى سىقىپ قويدى. «مۇشۇمۇ گۈلمۇ؟» دەۋەتتىڭ تەئەججۈپلىنىپ. راست، ماگىزىن گۈللىرى قارىساڭ گۈل، پۇرىساڭ گۈل ئەمەس، قارىماق بار، پۇرىماق يوق بىرنەرسە بولۇپ قالدى. خۇددى ھەممىلا نەرسىمىز كۆرمەك ئۈچۈنلا، كۆرسىتىش ئۈچۈنلا، كۆرۈنۈش ئۈچۈنلا بولۇپ قالغانغا ئوخشاش.

چوڭ - چوڭ بولمىسىمۇ، گۈل تېرىشقا بولسىمۇ يارىغۇدەك قورۇلىرىمىز يوق. بولمىسا، ھېچقانداق ھارامزادىلىك ئىشلەتمەي ھالال ئەجرىم بىلەن تېرىغان گۈلدىن بىر قۇچاق بولمىسىمۇ، بىر تالغىنا ئۈزۈپ چېكەڭگە قىستۇرۇپ قويغان بولسام، ئۇنىڭدىن ئەسلىدىكى گۈل ھۆسنۈڭنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ تەبىئىي پۇرىقىدىن بالىلىرىڭنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى بوۋاق ھىدىنى پۇرىغاندەك ھۇزۇرلانغان بولاتتىڭ.

خەير، بۇ نىيىتىمدىن ۋاز كېچەي، سۈنئىيلىك ساڭا يېقىن بولمىسۇن !

خوش، ئۇنداقتا ساڭا نېمە ئاتىسام بولار؟

رەخت - پەخت، قەنت - گېزەكلەر ھەرگىزمۇ بايرىمىڭ يارىشقى ئەمەس، ئۇ ۋاپادار پەرزەنتىڭ ئانا ئۈچۈن ئادەتتىكى

كۆڭلەردىمۇ يەتكۈزۈپ بېرىدىغان نەرسىلىرى...

باشقا نەرسىلەرچۇ؟ قانچە ئويلىساممۇ ھەممە نەرسەڭ تولۇق، بالىلىرىڭنىڭ ئىنسابى بار، سېنى ھېچقانداق يوقلۇقنىڭ خىجالىتىگە قويمىغان...

ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ساڭا ئۆز قولۇم بىلەن چاي تۇتقۇم كەلدى. چاي تۇتۇش دېگەننىڭ مەنىسىنى مەن چۈشىنىمەن، ئانا. چاي تۇتماق — كۆڭۈل تۇتماق. بۇنى ماڭا سەن ئۆگەتكەن، دادام ئۆگەتكەن... چاي تۇتماق يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەپۇ سورىماقتىنىمۇ دېرەك بېرىدۇ.

مېنى نېمىگە ئەپۇ سورىماقچىدۇ، دەپ ئويلاۋاتقانسەن، ھەرقاچان. يېشىمنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ جىق ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتىدىغان بولۇپ قالدىم. مەن سەندىن ئەپۇ سورايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار ئىكەن، ئانا. كىشى قېرىغانسېرى يالغۇزلۇق تارتىپ قالىدىكەن، تەنھالىق ھېس قىلىپ قالىدىكەن. مەن ساڭا ھەمىشە ھەمراھ بولالمايۋاتقانلىقىم ئۈچۈن ئەپۇ سورايمەن، ئانا. چۈنكى، ئانا ھەرقانداق چاغدىمۇ بالىسىنىڭ مېھرىگە قانماي ئۆتىدىكەن، مەيلى بالىلىرى ئەللىك ـ ئاتمىش ياشقا كىرىپ كەتسىمۇ، ئانىنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ھامان بالا؛ چاچلىرىغا، ساقاللىرىغا ئاق كىرىپ كەتسىمۇ، ئانىنىڭ نەزىرىدە ئۇلار يەنىلا شۇ گۆدەك بالا.

«تاماق يېدىڭمۇ؟» دېيىشلىرىڭدىن شۇ كۆڭلۈڭنى ھېس قىلىمەن، ئانا؛ «ئىسسىقراق كىيىنىۋالغىن» دەپ تاپىلاشلىرىڭدىنمۇ، «يامغۇردا قالماسسەن» دەپ ئەنسىرەشلىرىڭدىنمۇ يەنىلا شۇ غەمناك كۆڭلۈڭنى ھېس قىلىمەن، ئانا...

خۇدا ئانىنى ئاجايىپ ياراتقانىكەن، توققۇز ئاي، توققۇز كۈن ئېغىرىنى كۆتۈرۈپ تۇغۇپ بىر، يەنە ئۇنى كۆتۈرۈپ چوڭ

قىلىڭ ئىككى، يەنە ئۆمۈر بويى شۇ بالىنىڭ ئىغىرچىلىقىنى كۆتۈرۈشكە تەييار تۇرۇڭ...

ۋاھ ــ ۋاھ، نېمىدېگەن كۆتۈرۈشلۈك روھ !

شۇنچە ئىنساننىڭ ئىغىرىنى كۆتۈرۈپ مەزمۇت تۇرۇۋاتقان تۇپراقنىڭ سېنىڭ نامىڭ بىلەن ئۇلۇغلىنىپ «ئانا تۇپراق» دەپ ئاتىلىشىمۇ بىكار ئەمەسكەن مانا !

ئويلاپ باقسام، يېقىندىن بۇيان خاپىلىق كۆتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قاپتىمەن، ھېچقانداق غەم ـ قايغۇغا يېقىن يولىغۇم كەلمەيدۇ. تېگىدىن چۈشەنسەم، بۇ مېنىڭ چوڭ بولۇپ قالغىنىمنىڭ ئالامىتى ئىكەن. ئاتمىش ياشقا كىرمەي تۇرۇپ مەن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىمۇ، سەكسەنگە ئۇلاشقان چاغلىرىڭدىمۇ، مەن سېنى دەردلىرىمگە ئورتاق قىلىپ كەپتىمەنا. ۋاي، ئىسىت، نېمىشقىمۇ ئىش ـ كۈشلىرىمدىكى ئوڭۇشسىزلىقلارنى ساڭا دەپ يۈرگەن بولغىيتتىم ! نېمىشقىمۇ بالىلىرىمنىڭ نادانلىقلىرىدىن ساڭا دەرد ئېيتىپ يۈرگەن بولغىيتتىم !؟ نېمىشقىمۇ ساقسىزلىقلىرىمدىن سېنى خەۋەردار قىلىپ يۈرگەن بولغىيتتىم !؟...

ئۇنىڭسىزمۇ ئانا بالا غېمى بىلەن ئەمەسمىدى !؟ غەمگە تۆپىلەپ غەم قوشۇش ــ ئانا زىممىسىدىكى يۈككە يەنە ئۈستىلەپ ئىغىر يۈك قوشۇش ئىكەن.

غەمخانىگە غەم ئەمەس، خۇشاللىق ئەكىرىش كېرەك ئىكەن.

غەمخور ئانىغا يىغا ئەمەس، كۈلكە ئەكىرىش كېرەك ئىكەن.

مېنى ئاجايىپ تەربىيەلىگەنىكەنسىلەر، ئانا، ھەرگىزمۇ شەكىلۋازلىق قىلغۇم كەلمەيدۇ. بۈگۈن ئانىلار بايرىمى دەيدۇ. لېكىن، مەن شۇنداق دەيمەن: ئانىلار غەمدىن خالاس بولغان

كۈن ـــ ئانىلارغا ھەقىقىي بايرام بولغان كۈن !
مەن ساڭا، بۇ يەردە ئولتۇرغان ھەممە ئانىلارغا ئەنە شۇنداق قۇتلۇق كۈنلەرنى تىلەيمەن. ئاللا سىلەرگە غەمسىز كۈنلەرنى ئاتا قىلسۇن. غەمخور ئانىلارنىڭ دۇئاسى مەقبۇل ! ۋاپادار بالىلارنىڭمۇ دۇئاسى مەقبۇل !
ئانىلارغا چاي تۇتۇڭلار، بالىلار !
ئۇلارغا غەم تاشلىغان گۇناھلىرىڭلارنى تىلىۋېلىڭلار، بالىلار !
ئۇلارنى كۈلدۈرۈڭلار، بالىلار !
ئۇلار بىلەن تەڭ كۈلۈڭلار، بالىلار !
مانا بايرام، مانا ئانىلار بايرىمى !

2008 ـ يىلى 5 ـ ئاي





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كەچ كۈز

مەن ئاتلىق كېتىۋاتىمەن، بىر خىل كۆڭۈلسىز سالقىنلىقتىن شۈمشەرىگىنىمچە كېتىۋاتىمەن، تۇرۇپ - تۇرۇپ كەينىمگە قاراپ قويىمەن، ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپتىمەن، ئېتىمنىڭ تۇياقلىرىدىن چاچرىغان نەمخۇش تۇپراق ئۇۋۇندىلىرىنىڭ ئوت - چۆپلەر ئۈستىدىكى سوغۇق تامچىلارنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىشلىرى مەن ئۈچۈن قىزىقارلىق تۇيۇلمايدۇ. ماڭا قىزىقارلىقى ئالدىمدىكى مەنزىرە. ئەنە كىچىككىنە كۆل، قايسىبىر چاغلاردا ئۇنىڭدا زەڭگەر ئاسماننىڭ رەڭگى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، ھازىر ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغان كۆكۈچ، سېرىق، قىزغۇچ يوپۇرماقلار بىلەن دۇغ قىزىل رەڭگە كىرىپتۇ. يامغۇردا قالغان ماي بوياق رەسىمدەك چىپار تۈسكە كىرگەن دەرەخلىكلەر جىمجىت. شوخ سايرايدىغان بۇلبۇل، كاككۇكلار ئەمدى يوق. ئاھ، تەبىئەتنىڭ شادلىق كۈيلىرىمۇ، سۆيگۈنىڭ تاتلىق كۈيلىرىمۇ شۇ جىمجىتلىق ئىچىگە سىڭىپ كەتكەنمىدۇ؟! ئاق قۇشقاچ، تورغاي، يەنە ئاللىقانداق بىر قۇشلار: «ياق»، «ياق» دېگەندەك ئاندا - مۇندا سايراپ قويىدى.

مەن كىرىشىپ قالغان بوينۇمنى مىدىرلاتقاچ كۆككە قارىدىم. ئۇ يەر - بۇ يەردە قارا بۇلۇتلارمۇ، ئاقۇچ بۇلۇتلارمۇ لەيلەپ يۈرەتتى. ئالدىمغا، يىراق - يىراقلارغا تىكىلدىم. سۆسۈن قىزىللىققا پۈركەنگەن يۇلغۇنلار، ئالىپاساق ئانار رەڭگىگە كىرگەن توغراقلار دىققىتىمنى تارتتى. ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەينىدە سۇس تۇماندەك ئەكس ئېتىپ تۇرغان ھال رەڭ ماڭا تۇرۇپ بىر قىزنىڭ يۇمران مەڭزىنى، تۇرۇپ كەچكى شەپەقنىڭ دەسلەپكى ھالىتىنى ئەسلەتكەندەك قىلدى. باياۋاندىكى ئېرەك ـ ئېرەك قۇملار ماڭا ھېلىقى كۆل سۈيى جىمىرلاۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنىڭ يازدەك ئوتلۇق ياشلىق جىلۋىسىنى ئىزدىگۈم كەلدى، لېكىن مەنمۇ، تەبىئەتمۇ كەچ كۈزنىڭ ئىلكىدە ئىدۇق...

مەن كېتىۋاتىمەن، ئېغىر خىيالدا كېتىۋاتىمەن...

2008 ـ يىلى 10 ـ ئاي



# بوران بالىلىرىغا

بۈنىڭدىن قىرىق يىل ئاۋۋالقى بۈگۈنكى كۈندە ئۇدۇلىمىزدىكى قورۇ خۇددى بۈگۈنكىدەك ئاق قارغا پۈركىنىپ تۇراتتى، لېكىن بۈگۈنكى كۈنگە ئوخشىمايدىغىنى، ئۇنىڭدا بالىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىغا ئەگىشىپ ئۈنلۈك دەرس ئوقۇۋاتقان ئاۋازلىرى، تەنەپپۇستىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئاڭلانمايتتى، قانداقتۇر ئايغى ئۈزۈلمەيدىغان يەكشەنبىدىكىدەك، قارار - چېكى يوق تەتىلدىكىدەك بىر خىل چۆلدەرەش، جىمجىتلىق هۆكۈم سۈرەتتى. ئۇ بىزنىڭ مەكتەپ — بىزنىڭ ئانا مەكتىپىمىز ئىدى. بىز ئۇ يەردە دەرس ئېلىش هوقۇقىمىزدىن مەهرۇم قالدۇرۇلغانىدۇق. ئۇ چاغدا ئەسەبىي نادانلىقنىڭ توپان بالاسى مەدەنىيەت قورغانلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، بىزگە قاراپ يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئۆملۈك قۇدرىتى ئۆز نۆۋىتىدە هەرقانداق بالايىئاپەتكە مۇستەهكەم تام - توساق بولالايدىكەن. بىز بىلەكلىرىمىزنى گىرەلەشتۇردۇق، تەقدىرنىڭ زەربىسىنى تەڭ كۆردۇق، بىرىمىز يىقىلغاندا بىرىمىز يۆلىدۇق، بىرىمىز يىغلىغاندا بىرىمىز ئۇنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتتۇق. ئىمكانقەدەر ئاز يىغلىدۇق، يىغلايدىغان چاغدا كۈلۈشكە تىرىشتۇق، كۈلدۇق، چۈنكى مۇشكۈلات ئالدىدا كۈلۈشنى بىلىش — روهىي دۇنياسى باي ئىنساننىڭ ئۇدۇمى ئىدى.

ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتۈپ بىز مەكتەپتىن ئۈن - تىنسىز ئايرىلدۇق. بىزنى هېچكىم ئوقۇش پۈتكۈزدۇڭ دېمىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىزگە ھېچكىم مەكتەپ پۈتكۈزۈش دىپلومىمۇ بەرمىدى. بىز ئانا مەكتىپىمىزدىن مانا مۇشۇنداق ئىززەت ـ ئابرۇيسىز ئايرىلدۇق.

ساۋاقداشلىق زامانداشلىق ئىكەن، لېكىن زامانداشلىقنىڭ تەقدىرداشلىق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىز تېخى ئويلىمىغان. تەقدىر بورانلىرى بىزنى خۇددى قارىغاي ئۇرۇقلىرىدەك يىراق ـ يىراقلارغا ئاپىرىپ چاچتى. بىز سەھرا ـ قىرلارغا يەرلەشتۇق. سايە تاشلايدىغان دەرەخ بولالمىساقمۇ، يېشىللىق ئۈمىدىنى كۆرسىتەلەيدىغان نوتىدەك ياشىيالىدۇق.

قىسمەت شۇنداق ئىكەن، نوتىلار يەنە باشقا يەرلەرگە كۆچۈرۈلدى. كۆپىنچىمىز يەنە مۇشۇ تۇغۇلغان شەھىرىمىزگە كۆچەت بولدۇق. ئاجىز كۆچەت باراقسان دەرەخ بولغۇچە نۇرغۇن بوران ـ چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرىدىكەن. بىز شۇنداق بولدۇق. بىزنى بەزىلەر: «گاۋجوڭ بالىلىرى»① دەيدۇ، لېكىن مەن: «بوران بالىلىرى» دەيمەن. چۈنكى، بىز سەھرالىشىشنىڭ بورانلىرىغا ئۇچرىدۇق، بازارلىشىشنىڭ بورانلىرىغا ئۇچرىدۇق، ئىجتىمائىيەتنىڭ ھەر خىل تەجرىبە ـ سىناقلىرىنىڭ بورانلىرىغا ئۇچرىدۇق. بەزىلەر بىزنى: «پېشكەللىك دارىپ كەتكەن ئەۋلاد» دەيدۇ، لېكىن مەن ئۇنداق قارىمايمەن. جەمئىيەت يېڭىدىن ـ يېڭى سىناقلار ئارقىلىق مۇكەممەللىككە ئېرىشىدۇ. بۇنداق سىناقلار ھەرقانداق ئەۋلادقا نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ. بىزنىڭ بېشىمىزدىن ئۆتكەن سىناقلار ھېچبولمىغاندا جەمئىيەتكە يول كۆرسىتىدىغان «بوغا تاش» رولىنى بولسىمۇ ئۆتىدى. بىز ئۇلارغا، بىز مەجبۇرىي ماڭغان بەزى يوللار مەغلۇبىيەتلىك يوللار ئىكەن، دېگەننى ئىما

---

① «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئۇرۇمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەن ئۈچ يىللىق ئوقۇغۇچىلار تاكى 21 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە مۇشۇنداق ئاتىلىپ كەلدى.

قىلدۇق. بىز كەچكەن كېچىكلەردىن كېيىنكىلەر، پەقەت ئىلىم ـ پەنلا تەرەققىياتىنىڭ داغدام يولىنى ئاچالايدۇ، دېگەن ساۋاقنى قوبۇل قىلدى.

بىز ھازىر ئېغىر بەدەل تۆلەپ كېلىۋاتقان بەزى يوللار ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىن راۋان يوللار بولۇپ قالغۇسى. بۇ نۇقتىدا بىزنى يول ئاچقۇچىلار دېيىشكە بولىدۇ. راست، بىز ئاددىي ئادەملەر، لېكىن بىزنىڭ ئەجرىمىز ئۇلۇغ؛ چۈنكى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت نۇرغۇن جاپادىن، بىزنىڭ ئېغىر سىناقلىرىمىزدىن ۋۇجۇدقا چىققان.

قاراڭلار، ئۆز ۋاقتىدا ئوكول يىڭنىسىنىڭ سانجىلغىنىنى كۆرسە كۆزىنى يۇمۇۋالىدىغان ساۋاقداشلىرىمىز بۈگۈنكى كۈندە ئاتاقلىق دوختۇر ياكى سېسترا بولدى؛ ئۆز ۋاقتىدا بوغداي مايسىسى بىلەن كۆدىنى ئىلغا قىلالمايدىغان ساۋاقداشلىرىمىز ھالا بۈگۈن ئاگرونوم ياكى تەتقىقاتچى بولدى؛ ئۆز ۋاقتىدا بىز بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ مۇئەللىمنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان ساۋاقداشلىرىمىز بۈگۈنكى كۈندە شۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولدى، مۇدىر بولدى. ئارىمىزدىن ئالىم چىقتى، تىلچى چىقتى، يازغۇچى چىقتى، مۇھەررىر چىقتى؛ يەنە ئارىمىزدىن تېخنىك چىقتى، ئىنژېنېر چىقتى، كۈيچى چىقتى، سەنئەتكار چىقتى، ئىقتىدارلىق كارخانىچى چىقتى، مەلىكىلىك ئىشچى چىقتى...

دېمەك، ئادەمنى دەۋر يېتىلدۈرىدىكەن، ئىجتىمائىيەت يېتىلدۈرىدىكەن، ۋاقىت يېتىلدۈرىدىكەن.

كىچىك ئىدۇق، چوڭ بولدۇق، بالا ئىدۇق، ئاتا بولدۇق، ئانا بولدۇق... ئاتا ـ ئانا بولمىغۇچە ئاتا ـ ئانىنىڭ قەدرىنى ھەقىقىي ھېس قىلغىلى بولمايدىكەن. بىز ئاتا ـ ئانىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇرچىنى زىمىممىزگە ئالغان چىغىمىزدىلا «بالىلىق — گۆدەكلىك» دېگەن ھېكمەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى، ئادەم بولۇش دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقىي ۋەزنىنى چۈشىنىپ يەتتۇق. ئاتا - ئانىغا بولغان قەرز، بالا ۋە ئائىلىگە بولغان مەسئۇلىيەت، جەمئىيەت ۋە تەبىئەتكە بولغان مەجبۇرىيەتنىڭ ھەمجەھەتلىكى بىزنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىمىزنىڭ نامايەندىسى بولدى.

تەقدىرنىڭ ئېغىر سىناقلىرى، مۇشەققەتلىك ئىزدىنىش مۇساپىلىرى بىزنىڭ ياشلىقىمىزنى يىراق - يىراقلاردا قالدۇردى. بىز ئاقباش بوۋاي، كۈمۈش چاچ مومايلىق گىردابىغا يېقىنلاشتۇق. كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپ - تۇرۇپ بولۇۋاتقان جۇدالىقلار بەزىدە مېنى غەمكىن ئويغا سالىدۇ: زاماندىشلىرىڭ بىلەن، ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن تەڭ كۆرگەن ئۆمۈر سېنى خۇددى ئۆز ۋاقتىدىكى بالىدەك، ياشلاردەك تويغۇغا چۆمدۈرەلەيدىكەن، كېتىپ قالغانلىرىچۇ؟... بۇنى ئويلىسام، كۆزۈمنى يۇمۇۋالغۇم كېلىدۇ. سىلەرمۇ بىرپەس كۆزۈڭلارنى يۇمۇڭلار، ساۋاقداشلىرىم. خىيال دۇنيايىڭلاردا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرسۇن. كۆز ئالدىڭلارغا شۇۋاق، ئادراسمان ھىدى قاپلىغان مىسكىن زاراتگاھلىق كېلىۋاتامدۇ؟ خىيال ئاسمىنىڭلاردا ھېلىقى تونۇش سىمالار ئاق بۇلۇتلارغا پۈركەنگەن ھالدا ئەكس ئېتىۋاتامدۇ؟ قۇلاقلىرىڭلارغا ئۇلارنىڭ تونۇش ئاۋازلىرى ئاڭلىنىۋاتامدۇ؟...

جىم... جىم... بۇ جىمجىتلىق ئىچىدە قەلبىڭلارنىڭ شۇبىرلاشلىرىنى ئاڭلاڭلار. ئۇ بەلكىم دۇئا قىلىۋاتقاندۇ ياكى مەڭگۈلۈكنىڭ قۇدرىتى ھەققىدە پىچىرلاۋاتقاندۇ ياكى ھاياتلىقنىڭ مەنىسى ھەققىدە تەپسىر قىلىۋاتقاندۇ...

توغرا، ھاياتلىق نۇرغۇن - نۇرغۇن مەنىلەرگە ئىگە، لېكىن ھەممىنى يىغساڭ، قانداق ياشاش مەسىلىسى. ئۇنى نوقۇل ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش نۇقتىسىدىن چۈشىنىش، بەلكىم ئىپتىدائىي چۈشەنچە بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە، ھاياتلىقنىڭ مەنىسى — ھەقىقىي ئادەمدەك ياشاشتا، ھەقىقىي ئىنسان بولۇپ ياشاشتا گەۋدىلەنسە كېرەك. مۇشۇ يەردە ئۇستازلىرىمغا مۇنداق يۈرەك سۆزۈمنى دەۋالغۇم كېلىدۇ: سىلەر بىزگە ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى تولۇق ئۆگىتىپ بولالمىغان بولساڭلارمۇ، لېكىن ئىلىمنى قانداق ئۆگىنىشنى، قانداق ئادەم بولۇشنى، قانداق ياشاشنى ئۆگىتىپتىكەنسىلەر. شۇڭا، بىز ئىلىمنى مەكتەپسىزمۇ ئۆگەندۇق، ھەقىقىي ئادەم بولۇش نىشانىدىن تايمىدۇق، ھەرقانداق شارائىتتا ھەقىقىي ئادەمدەك ياشاشقا تىرىشتۇق، تەقدىرنىڭ ھەر خىل ئىمتىھانلىرىدىن، كۈتۈلمىگەن سىناقلىرىدىن ئىنسانىي سالاھىيەت بىلەن ئۆتتۇق. بىزدىن يۈز چامدام يىراقلىقتىكى ئاشۇ مەكتىپىمىز ئۆز ۋاقتىدا بىزگە لاياقەت شاھادەتنامىسى بېرەلمىگەنىدى، ئەمدىلىكتە بىزنى ئوڭۇشسىزلىقلار ئىچىدىن ئەقىل تاپتۇرغان، قاتتىق تاۋلاشلار ئىچىدە نىسپىي مۇكەممەللىككە ئېرىشتۈرگەن جەمئىيەت بىزگە — بوران بالىلىرىغا بۇ شاھادەتنامىنى بەردى.

مانا، بىزنى مەرىپەتنىڭ ئوغۇز سۈتى بىلەن ئەمدۈرگەن، ئۆزلىرىمۇ ھاياتلىقنىڭ تاتلىق - ئاچچىق شەربەتلىرىنى بولغۇچە ئىچكەن ئۇستازلىرىمىز بۈگۈنكى كۈننى غەلىبىلىك ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمى سۈپىتىدە كۆرۈپ ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتىۋاتامدۇ؟!

مانا، ھاياتلىق مۇساپىسىدە زاماندىشلىقتىن دوستلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلغان ساۋاقداشلىرىمىزمۇ بۇ قۇتلۇق كۈنگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئالقىش سادىلىرىنى ياڭرىتىۋاتىدۇ.

بۇ ئالقىش ھەممىمىزگە، بۇ ئالقىش ئۇستازلىرىمىزغا!

بۇ ئالقىش تەقدىرگە، يەنە ئالدىمىزغا كېلىدىغان يېڭىدىن ـ يېڭى سىناقلارغا!

2006 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

# ئەقىدە ـــ ئىخلاس

«ئەكەل قولۇڭنى، قوزام» دېگەنىدى بىر چاغلاردا مېھرىبان ئانام.

«ئەكەل قولۇڭنى، بالام» دېگەنىدى ئىرادىلىك دادام.

......

«ئەكەل قولۇڭنى، ئانا» دېدى ۋاپادار ئوغلۇم.

«ئەكەل قولۇڭنى، دادا» دېدى كۆيۈمچان قىزىم.

بۇ مەن ئارقىلىق باغلانغان ئالدىمدىكى ۋە كەينىمدىكى بوغۇننىڭ مېھىر ـ مۇھەببەت دۇردانىلىرى ئىدى. لېكىن، ھاياتلىق دۇنياسىدا تېخىمۇ نۇرغۇن دۇردانىلەر بار.

«ئەكەل قولۇڭنى، دوستۇم» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغىنىمدا، ھاياتلىق سەپىرىدىكى يولداشلىق ئەقىدىسىنى ھېس قىلىمەن.

«ئەكەل قولۇڭنى، ئىنسان» دېگەن سادانى ئاڭلىغىنىمدا، ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىك ئەقىدە ـــ ئىخلاسىغا ئەقلىڭ لال بولىدۇ.

قوللارنىڭ تۇتۇشۇشى دىللارنىڭ تۇتاشقانلىقىنىڭ ئالامىتى، دىللارنىڭ تۇتاشقانلىقى ئەقىدە ـــ ئىخلاسنىڭ كارامىتى.

ئاپىرىن، ئەجدادنى ئەۋلادقا، ئىنساننى ئىنسانىيەتكە ئۇلايدىغان ئەقىدە ـــ ئىخلاسقا!

2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي

www.uyghurkitap.com

# ئاتا

بىزگە تاغدەك ئىشەنچ بېغىشلايدىغىنىمۇ ئاتا، بىزگە تاغدەك يار ـ يۆلەك بولىدىغىنىمۇ ئاتا، بىزنى تاغدەك كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقىنىمۇ ئاتا، بىز ئۈچۈن تاغدەك پۇت دەسسەپ تۇرۇۋاتقىنىمۇ ئاتا.

بىز ئانىمىزنى ئۇلۇغلىغان چاغلاردا، ئۇنىڭ قولىغا قول، قەدىمىگە يول بولۇپ كېلىۋاتقان، مېھىر بابىدا ئۆز ئانىسىنىڭ ئەجرىگە ئەجىر قايتۇرۇپ، بىزگىمۇ ئەجىر سىڭدۇرۇۋاتقان بۈيۈك ئاتىمىزنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ كېتەلەيمىز !؟

مەن بىلىمەن: ئۇ بىزدىن مەدھىيەنى ئەمەس، پەرزەنتلىك جاۋابنى كۈتىدۇ.

ئۇ جاۋاب — ئىنساب.
ئۇ جاۋاب — غۇرۇر.
ئۇ جاۋاب — پارلاق ئىستىقبال !

2007 ـ يىلى 1 ـ ئاي

# تەكلىماكان

ئاھ، تەكلىماكان ! سەن بۇرۇنقى زامانلاردا تەكلىك ماكان ئىدىڭ، قۇتلۇق ماكان ئىدىڭ. قۇترىغان بوران، ئۇچقان قۇم، كۆچكەن بارخانلار سېنىڭ گۇزەل جىسمىڭنى يۇتۇۋەتتى. سەن تەكتى ماكانغا، تەركىي ماكانغا ئايلاندىڭ. نى ـ نى شەھەر ـ قەلئەلەر، نى راۋاق ـ مۇنارلار، نى دەريا ـ ئۆستەڭ ئېقىنلىرى، نى ئىجادىيەت مۆجىزىلىرى سېنىڭ باغرىڭدا كۆمۈلۈپ ياتىدۇ. ئۇلار ئۈندىمەيدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىكىنى تەكلىماكان پەرزەنتلىرى چۈشىنىدۇ.

ئاڭلاڭلار، بوراننىڭ گۇرۇلدەشلىرىدە ئىبرەت چۇقانلىرى بار.

قاراڭلار، قۇم بارخانلىرىنىڭ مۇكچىيىپ يېتىشلىرىدا ئاجايىپ ئىلتىجا بار. ئۇ خىتاب قىلىدۇ:

تەبىئەت بىلەن ئىناق ئۆت، ئىنسان،
ئىناقلىقسىز دوزاختۇر جاھان.
بۇزۇلغاننى تۈزىمەك مۇشكۇل،
بىلگىنكى، دەشت يامان، چۆل يىراق ھامان.

2007 ـ يىلى 1 ـ ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يىگىتلىك خىسلىتى

«ئاتلان، ئوغلۇم، ئاتلان، ‹ئەر قانىتى ئات› دەيدۇ. بۈگۈن سېنىڭ قانات چىقىرىپ ئۇچىدىغان ۋاقتىڭ، خۇددى ئۇچۇرما بولغان قۇشتەك، يادىن ئېتىلغان ئوقتەك... ئاتنى دېۋىتىپ قىر - دالىلارغا چاپ، ئۆزۈڭگە مۇناسىپ نام - ئېتىڭنى تاپ».

مانا بۇ يىراق ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلىرىڭنىڭ ساداسى. ئۇلار ياش قۇرامىغا يەتكەن ئوغۇللىرىنى ئاتقا تۇنجى مىندۈرگەندە مۇشۇنداق خىتاب قىلاتتى. ئۇلار ئوغۇللىرىغا ۋاقىتلىق قويغان ئىسمىنى ئاشۇ ئوغۇللىرىنى ئاتلاندۇرۇش ئارقىلىق، سىرلىق تەبىئەت قوينىدا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق بېكىتەتتى ياكى يېڭىلايتتى. بۇ ئوغۇللارغا ئات مىنگەندە ئات قويۇش دەپ ئاتىلاتتى.

ئوغۇللارمۇ ئۆزىنىڭ غەيرەت - شىجائىتى، چىداملىقلىقى، باتۇرلۇقى بىلەن ئۆز خاراكتېرىگە ماس كېلىدىغان ھەقىقىي ئاتاق - ئاتقا ئېرىشەتتى، كەينىدىنلا ئۇنىڭ خەتنىسى ئېلىناتتى.

بۈگۈن مەنمۇ سېنى ئاتقا مىندۈردۈم، بالام، غەيۇر دېگەن ئېتىڭنى ئىسپاتقا ئېرىشتۈرسۇن دەپ.

بۈگۈن سېنى ئاتقا مىندۈردۈم، بالام، ھەقىقىي غەيۇرلۇقىنى ئەتىكى سۈننەت مۇراسىمىدا نامايان قىلسۇن دەپ.

ئەنە، تەڭتۇشلىرىڭ بېلىڭگە پوتا باغلىدى، ھەرقانداق ئىشقا بېلى باغلاقلىق بولسۇن دەپ.

ئـەنە، بوۋاڭ ئۆچـاڭغا كىـپىنـەك تـون ياپتـى، هـاياتلـىـق مەنزىلىدە قاناتلىق چەۋەنداز بولسۇن دەپ.

ئەنە، سىڭلىڭ ساڭا بىر تال دالا گۈلى تۇتتى، ئايىغىڭدىن ئەنە شۇنداق گۈللەر ئۈنسۇن دەپ.

مانا، موماڭ ساڭا نان ـ تۇز تۇتتى، نان ـ تۇز بەرگەن بۇ تۇپراقنى سۆيسۇن دەپ.

سىنىڭ خەتنە تويۇڭ مانا مۇشۇنداق باشلاندى، ئوغلۇم.

سىنىڭ توي سورۇنۇڭ ئاللىقانداق بەزمىخانا ياكى رېستوران ئەمەس، بەلكى تالا ـ تۈز.

مېهمانلىرىڭ بالىلارنىڭ توي ـ تاماشىسىنى تارتىۋالىدىغان ئىنسابسىز چوڭلار ئەمەس، بەلكى تەڭدېمەت، تەڭتۇش.

نەغـمە ـ ناۋالىـرىڭلار ئاكـكوردىيون يـاكى ئېلـېكتـىرون چالغۇلار ئەمەس، بەلكى چۆقان، كۆلكە ـ چاقچاق.

ئـويۇنلىـرىڭلار دىسـكو، تانسـا ئەمەس، بـەلـكى ئۈسـسۈل، موللاق ئاتماق.

ناخشىلىرىڭلار «ئاھ، خېنىم كۆيدۇم» ئەمەس، بەلكى «قارا ـ قارا قۇشلارىم» ۋە «يامغۇر ياغىلاق».

سىنىڭ خەتنە تويۇڭ مۇشۇنداق باشلاندى، بالام.

داستىـخىنىـڭدىن نان هـۆرمەتلىـك ئورۇن ئالـدى، قـاق ـ جىگدىلەر بىلەن داستىخىنىڭ بالىلارچە كۆلدى. بىر قازان ئاش بىلەنلا هەممەيلەنگە ئىسسىق باستى، ئىسسىق باستى.

بالىلارنىڭ بىرى ساڭـا كىتاب سـوۋغا قىلـدى، يەنە بىـرى دەپتەر.

بىرى ساڭا قەلەمتىراش بەردى، يەنە بىرى كەپتەر.

كـىتاب، دەپـتـەرنى مەيـدەڭـگە باسـتـىڭ، خـۇددى ئـامـراق قوزاڭنى مەيدەڭگە باسقاندەك.

قـەلـەمتـىـراشـنى يېـنـىڭدا ساقـلىدىـڭ، خـۇددى يېـقـىـن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەمراھىڭنى يېنىڭدا ساقلىغاندەك.

كەپتەرنى قويۇپ بەردىڭ، خۇددى بالىلىق تەسەۋۋۇرۇڭنى ئەركىن قويۇپ بەرگەندەك، خۇددى ئۇنى ئۆزۈڭگە، دوستلىرىڭغا ئوخشاش ئەركىن ئويناپ يورسۇن دېگەندەك.

ئاپاڭ دوستلىرىڭغا قول ياغلىق تۇتتى. ئۇ قول ياغلىقلارنىڭ ئاقلىقى بالىلارنىڭ كۆڭلىگىلا ئوخشايتتى، يەنە ئاپاڭنىڭ تىلىكىگىمۇ ئوخشايتتى. ئاپاڭ كۆڭلىدە ھەشەم ـ دەرەمنىڭ پاسىق داغلىرى مۇشۇ بالىلىرىمىزنىڭ پاك قەلبىگە ھەرگىز يۇقمىغاي، دەپ تىلىگەنىدى.

ئاشۇ تىلەكنىڭ ئىجابىتى ئۈچۈن بوۋاڭ قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى، مەنمۇ كۆتۈردۈم.

ھەممىمىز ساڭا، سىلەرگە تىلەك تىلىدۇق، بالام:

يىگىت بولۇڭلار، يىگىتتەك ياشاڭلار.

يىگىتلىك خىسلىتىدە سىلەردىكىدەك تۈزلۈك بار، قارا تۇغرىلىق بار.

ئۇنىڭدا داڭقۇازلىق ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي شانۇ شۆھرەت بار.

يىگىتلىك شۆھرىتى ھەرگىزمۇ باراڭ، داۋراڭ بىلەن ئەمەس، بەلكى غەيرەت ۋە غەيۇرلۇق بىلەن، پەم ـ پاراسەت بىلەن، مەردۇ مەردانىلىك بىلەن ئەل قەلبىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

ساڭا، سىلەرگە مانا مۇشۇنداق يىگىتلىك خىسلىتى مەڭگۈ يار بولغاي.

2007 ـ يىلى 2 ـ ئاي

# باھار گۈلدۈرمامىسى

يىلىنىڭ كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەن، ئىسسىق بىلەن سوغۇقنىڭ تارازىسى تەڭپۇڭلاشقان كۈن يېتىپ كەلدى.

ئەتىيازنىڭ تۇنجى گۈلدۈرمامىسى ياڭرىدى. ئۇ شۇ ياڭرىشىدا باھار كەلگەنلىكىنى جاكارلاۋاتىدۇ.

تۇنجى چاقماق ئاسمان سەتھىسىنى ياللىدە يېرىپ ئۆتتى. ئۇ شۇ چاقنىشىدا زېمىنغا ئىللىقلىق قۇچاق ئېچىپ كەلگەنلىكىنى زاھىر قىلىۋاتىدۇ.

چاقپەلەك پىرقىرىدى، ئۇ شۇ پىرقىرىشىدا پەلەكنىڭ چاقى قوزغا كىرگەنلىكىنى ئايان قىلىۋاتىدۇ.

ئون ئىككى بۇرج، ئون ئىككى ئايغا تەققاسلانغان ئون ئىككى قاچىدىكى كۆك مايسىلار ئۆستى. ئۇ شۇ يېشىللىقىدا زېمىنىنىڭ كۆكلەم تۈسىگە كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىۋاتىدۇ.

ئەگىز سۇلار شىرىلداپ ئاقتى، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىغا شەربەت يۈگۈردى. ئۆچەكتىكى جانىۋارلار ئويغىنىپ قىر ـ دالىلارغا چىقتى، سەھرا بالىلىرى ئۇلار بىلەن تەڭ قىيغىتىپ چاپتى. تۇرنىلار سامادا سەپ تۈزۈپ ئۇچتى، رەڭگارەڭ لەگلەكلەر ئۇلارغا قوشۇلدى. كۈيچى قۇشلار كۆكلەم ئىشقىدا خەندان ئۇردى، شائىر ـ غەزەلخانلار ئۇلارنىڭ ناخشىسىغا جور بولدى.

پالۋانلار چېلىشقا چۈشتى، ھەرقانداق ئېغىرچىلىقنى ئىرغىتىپ تاشلايدىغان غەيرەت بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چەۋەندازلار بەيگىگە چۈشتى، ئات مۈدۈرسىمۇ، سىلكىنىپ قوپۇپ مەنزىلگە يېتىدىغان مەقسەت بىلەن.

داش قازانلاردا نورۇز ئېشى ـــ سۈمۈلەگ قاينىدى. پۈتۈن مەھەللە يىل بېشىدا بۇ قۇت ـ بەرىكەتلىك تاماقتا تەڭ ئېغىز تەگدى.

ئەنە مەھەللە ئاقساقىلى سۆز باشلىدى:

ـــ يىل بېشىنى مانا مۇشۇنداق ئۈملۈك بىلەن باشلىدۇق، تەڭ رىزقى بىلەن باشلىدۇق، خۇشاللىق بىلەن باشلىدۇق. يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇشۇنداق خۇشال چىقىپ كېتىدىغانلىقىمىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.

ـــ راست، ـــ دېدىم مەنمۇ باش لىڭشىتىپ، ـــ خەيرلىك ئاياغلىشىش خەيرلىك باشلىنىشتىن بولىدۇ. ئەتىگەندە نېمە يېسەڭ كەچكىچە شۇ، يىلغا قانداق كىرسەڭ، ئاخىرغىچە شۇ.

ئەي، مېنىڭ خەلقىم، تەبىئەت كۈلگەندە سەنمۇ كۈلىدۇڭ؛ تەبىئەت ئىسسىق بىلەن سوغۇقنىڭ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تەڭلەشكەن نۇقتىسىغا كەلگەندە، سەنمۇ سورۇنۇڭدا چوڭ بىلەن كىچىكنىڭ، ئەر بىلەن ئايالنىڭ، باي بىلەن كەمبەغەلنىڭ بىر قازان ئاشتىن تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان باراۋەرلىكىنى نامايان قىلدىڭ.

بۇ سېنىڭ قەلب تەبىئىتىڭنىڭ بۈيۈك تەبىئەت بىلەن بىردەكلىكى. چۈنكى، تەبىئەت بايرىمى ـــ سېنىڭ بايرىمىڭ، باراۋەرلىك بايرىمىڭ، ئىناقلىق بايرىمىڭ.

قارا، باھار گۈلدۈرمامىسى گۈلدۈرلەۋاتىدۇ، ئۇ سېنىڭ گۈلدۈراس ـ ئالقىش سادالىرىڭغا قوشۇلۇۋاتىدۇ.

ئۇ شۇ گۈلدۈرلەشلىرى بىلەن «نورۇز مۇبارەك» دېگەن سادالىرىڭنىڭ ئىچىدە تەڭ ياڭراۋاتىدۇ.

قارا، چاقماق چېقىۋاتىدۇ. ئۇ سارغايدى ـ چاقپەلەكلەردە

پىرقىراۋاتقان قىز - يىگىتلىرىڭنىڭ كۆزلىرىدىكى نۇرنى تېخىمۇ يالىلدىتىپ چېقىۋاتىدۇ.

قارا، تۇنجى باھار يامغۇرى تامچىلاۋاتىدۇ. ئۇ تەبىئەتنىڭ خۇشاللىق كۆز يېشى، سېنىڭ شادلىق كۆز يېشىڭ — خۇدانىڭ رەھمىتى !

نورۇزۇڭنىڭ پەيزى بىلەن قاقاھلاپ كۈلگىن، خەلقىم، باھار گۈلدۈرمامىسى قەلبىڭ ساداسىنى ئايان قىلسۇن.

مەرھابا نورۇز !

2007 - يىلى 3 - ئاي



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئامبىرى

# نەزىر

بىز بۈگۈن ئەل، يۇرتنى يىغدۇق، ئانا، تۇغقانلىرىڭنى يىغدۇق، دوستلىرىڭنى يىغدۇق، تونۇش ـ بىلىشلىرىڭنى يىغدۇق. دوستلىرىمىزنى يىغدۇق، تونۇش ـ بىلىشلىرىمىزنىمۇ يىغدۇق.

مەقسىتىمىز پەقەت سېنى ياد ئېتىش.

بىز سېنىڭ روھىڭنى ياد ئېتىۋاتىمىز، ئانا، باللىرىڭ ئۈچۈن تاكى ھاياتىڭنىڭ ئاخىرغىچە پەرۋانە بولغان، ئاددىي، لېكىن ئۆزۈڭگە خاس مەنىلىك ھايات مۇساپەڭنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇ دۇنياغا سەيلانە بولغان روھىڭنى ياد ئېتىۋاتىمىز، ئانا.

ياشانغان چېغىڭدا مېھمان قىلىپ كۈتۈۋالدۇق، كېسەل چېغىڭدا بېشىڭدىن نېرى كەتمەي قارىۋالدۇق، لېكىن ئۇنىڭ بىلەنمۇ ئەجرىڭنى قايتۇرۇپ بولالمىدۇق. ئانا ئەجرى پەرزەنت ئۈچۈن مەڭگۈ قايتۇرۇپ بولغۇسىز قەرز ئىكەن.

بىز سەن ئۈچۈن بولغان مەنىۋى قەرزىمىزنى ئويلىغاندا بىز ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بىر پەرزنى ھېس قىلىپ يېتىۋاتىمىز. ئۇ بولسىمۇ، سېنىڭ ئورنۇڭنى بېسىش — ئانىلىق مېھرىڭنى داۋاملىق باللارغا، باللىرىمىزغا يەتكۈزۈش، دوستلۇق مېھرىڭنى دوستلىرىڭغا، ئەل ـ يۇرتقا يەتكۈزۈش.

شۇڭا، بىز بۈگۈن ئەل ـ يۇرتنى يىغدۇق، ئانا. ئەل ـ

جامائەت بىزگە: «مانا، ئاشۇ ئانا يېتىشتۈرگەن ۋاپادار پەرزەنتلەر!» دېگەن باھانى بەرگەندە، سېنىڭ روھىڭ سۆيۈنۈش ئىچىدە تاتلىقىنا تەبەسسۇم قىلىپ قالار ـ ھە، ئانا!

2010 ـ يىلى 2 ـ ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# بالىلارغا كۆرۈملۈك①

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سۆيۈملۈك بالىلار!

خەقنىشلىك قىلىپ ھارغانسىلەر، سەكرەپ ـ تاقلاپ چارچىغانسىلەر، دەرس ئوقۇپ، تاپشۇرۇق ئىشلەپ كاللاڭلار قاپاق بولۇپ كەتكەندۇ؟

ئەمدى ھاردۇق ئورنىدا كۆرۈم سوۋغىلىرىمىزنى كۆرۈڭلار. بۇ كۆرۈملۈكلىرىمىز سىلەر ئېسىڭلارنى بىلگەندىن بۇيان ئاڭلاپ تۇگىتەلمىگەن ھېكايىلەرنى كۆز ئالدىڭلاردا سۈرەتلىك نامايان قىلىش ئۈچۈن ئىشلەندى.

بىر چاغلاردا بىزمۇ ئايدىڭ كېچىلەردە، يۇلتۇزلۇق تۈنلەردە، تال ـ باراڭ ئاستىدا، قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە، خامان، تونۇر بېشىدا توپلىشىپ ئولتۇرۇپ بۇ تۈگىمەس ھېكايىلەرنى ئاڭلايتتۇق. ئۇلۇغ بوۋىلىرىمىز رىۋايەتچى، موملىرىمىز چۆچەكچى ئىدى، ئانىلىرىمىزمۇ چۆچەكچى، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز مەسەلچى ھەم داستانچى ئىدى.

ئەي، گۈزەل سەھرادىكى بالىلار، سىلەر ھېلىھەم ئاشۇنداق تەبىئىي مەنزىرە ئىچىدە يېڭىدىن ـ يېڭى چۆچەك، مەسەللەرنى ئاڭلاۋاتقانسىلەر ـ ھە!؟ ئەگەر چوڭلار يېڭى يېزا قۇرۇشنىڭ

① دۇنياۋى كارتون قىزغىنلىقى بىزنىڭ ياش رەسساملىرىمىزغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. ئۇلار ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى ئاساسىي ماتېرىيال قىلىپ كارتون رەسىم كۆرگەزمىلىرى ۋە فىلىملىرىنى ئىشلەشكە باشلىدى. بۇ ئىجادىيەتلەردىن ئالغان ئىلھامىم ئاساسىدا بۇ «كۆرۈملۈك» ۋۇجۇدقا كەلدى.

ئالدىراشچىلىقىدا سىلەرگە چۆچەك ئېيتىپ بېرەلمىگەن بولسا، سىلەرمۇ شەھەر باللىرىغا ئوخشاش دۆۋە - دۆۋە كىتابلار ئىچىدىن چۆچەك تالالاپ ئوقۇۋاتقانسىلەر. ئۇ چۆچەكلەر ھەممىڭلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇرۇۋاتقاندۇ؟ ئۇنىڭدىن ھېكمەت ئۇنچىلىرىنى تېرىۋاتقانسىلەر ياكى تەپەككۇر قايىنىمىغا چۆمۈۋاتقانسىلەر.

ئايدىڭ كېچىدە باش ئۇستۇڭلاردىكى يۇلتۇزلار بىر قارىساڭلار قارا چىراغدەك، بىر قارىساڭلار ئېلېكتىر لامپۇچكىسىدەك بىلىنىپ، قاراچىراغنى بوۋاڭلارنىڭ تەسۋىسىگە، لامپۇچكىلارنى تال ئۈزۈمنىڭ شۇڭلىرىغا ياكى ھەشقىپىچەكلەرگە ئۇلاپ قويغۇڭلار كېلىۋاتامدۇ؟!

كۈندۈزلىرى يېشىل ئېكىنزارلار قوينىدا تۇرۇپ تەگرىتاغلىرىغا قارىغان چېغىڭلاردا قۇياش شولىسى ئاسماندا يال - يال نۇر ھەم تاغدا تارام - تارام ئېقىن بولۇپ كۆرۈنۈۋاتامدۇ؟ تاش - توپىسى ھارارەت ئىچىدە چوغدەك قىزىرىپ كېتىۋاتقان يالقۇنتاغ ئۇستىدە تۇرغان چېغىڭلاردا ئەمدى ئۇ قۇياش ئوتلۇق نەشتىرى بىلەن زېمىننى چاك - چاك يېرىۋاتقاندەك تەسەۋۋۇرغىمۇ كېلىۋاتامسىلەر؟

ئەي، شەھەر باللىرى، سىلەر تەبىئەتنى بىنايىڭلارنىڭ ئالدىدىكى كىچىك گۈللۈككە ياكى شەھەر باغچىلىرىغا ئوخشىتىسىلەر، لېكىن سىلەرنى ھەقىقىي بۈيۈك تەبىئەتكە يېقىنلاشتۇرالايدىغىنى نېمە؟ ئۇ — چۆچەك، مەسەل، يەنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېيتىپ تۈگىتەلمەيدىغان ھېكايىلىرى. سىلەر بۇنىڭ بەزىلىرىنى ئاڭلىغان ياكى ئوقۇغان، ئەمدى بەزىلىرىنى بىزنىڭ بۇ كۆرۈم سوۋغىلىرىمىزدىن كۆرىسىلەر.

بىزنىڭ بۇ كۆرۈملۈكلىرىمىز سىلەرنىڭ ئويلىغانلىرىڭلار بىلەن ئوخشامدىكەن؟ ئوخشايدۇ، چۈنكى بىر چاغلاردا بىزمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىلەردەك خىيالچان بالىلار ئىدۇق. خىيالىمىزدا ئاسمانغىمۇ ئۇچاتتۇق، دېڭىز ـ ئوكيانلاردىمۇ ئۈزەتتۇق، يەرنىڭ يەتتە قەۋەت تەكتىگىمۇ كىرەتتۇق. شاماللار بىلەن پىچىرلىشاتتۇق، سۇلار بىلەن مۇڭدىشاتتۇق، ئاسماندىكى ئاق بۇلۇتلارنى سايىۋەن ھېسابلىساق، يېشىل ئوتلاقلارنى زىلچا ـ گىلەمدەك ھېس قىلاتتۇق. تەسەۋۋۇرىمىزدا چەكسىز دالىلار كۆرپە، ماموق قارلار يوتقان، قاتتىق تاشلار تەكيە ئىدى. خىيالىمىزدا تەبىئەتتىكى بارچە جانلىقلار دوستىمىز ئىدى. خالىساق، يولۋاسقا مىنىپ سەيلە قىلاتتۇق؛ خالىساق، بۆرىنى ئېمىپ ئانا قىلاتتۇق؛ باھار قۇشلىرىنى كۈيچى قىلىپ، كېپىنەك ـ مارال، تىيىن، توشقان، قولۇن، قوزىلار بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشەتتۇق، بېلىقلارمۇ سۇدا سەكرىشىپ بىزگە جور بولاتتى. پىللار ئۆزۈن خارتوملىرى بىلەن شادلىق كۈيىمىزگە دىرىژورلۇق قىلسا، ئېيىق، سۇلەيسۇنلەر ھۇۋلاشلىرى بىلەن ناخشىمىزنى ئەۋجگە كۆتۈرەتتى...

مانا، بىر چاغلاردا بىزمۇ سىلەردەك مۇشۇنداق خىيال قىلاتتۇق، پۈتۈن جاھاننى جەننەتتەك ھېس قىلاتتۇق. ئەمدى ئويلىساق، بالىلىق پاكلىق ئىكەن، ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا ئۆزىدەك پاك بىلىنىدىكەن؛ بالىلىق تەبىئىيلىك ئىكەن، ئۇ تەبىئىيلىك تەبىئەت بىلەن قوشماق ئىكەن.

پاكلىق، گۈزەللىك، ياخشىلىق، باتۇرلۇق تەبىئىتى بالىلىق قەلبكە ئانىنىڭ ھالال سۈتى بىلەن كىرىدۇ، خەلقنىڭ تۈگىمەس ھېكايىلىرى بىلەن ئۇلغىيىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھېكايىلەردە پاك ـ پاكىز ياشاشنىڭ ئۈلگىسى بار، گۈزەللىكنىڭ نەمۇنىسى بار، ياخشىلىقنىڭ يېتەكلىگۈچىسى، باتۇرلۇقنىڭ باشلامچىسى بار.

بالىلىق قەلبنى ساقلاپ قېلىش ئىنساننى ھامان ئادەمىيلىككە ئۈندەيدۇ. ئۇ بىزنى ئويلاندۇرىدۇ، مۇڭلاندۇرىدۇ، بىزدە ھەققانىيەت، ئادالەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىدۇ، بۇرچ،

مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى يېتىلدۇرىدۇ...

تەسەۋۋۇرسىز تەپەككۇر دۇنياسىنى خىيال قىلىش مۇمكىن ئەمەس. تەسەۋۋۇرنىڭ مولللۇقى ئىنساننى تەپەككۇر بايلىقىغا ئېرىشتۈرىدۇ.

ئەگەر بىزنىڭ بۇ كۆرۈملۈكلىرىمىز سىلەرگە — ئەي، باللار، بىزنىڭ كەلگۈسىمىز بولغان سىلەرگە مول تەسەۋۋۇر، باي تەپەككۇر بېغىشلاپ، سىلەرنى تالانت بوسۇغىسىغا باشلاپ بارالىسا، بىزدە نېمە ئارمان!

2011 ـ يىلى 1 ـ ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كارىز بويىدىكى خىيال

ئۇ ھەر قېتىم يۇرتىغا قايتىپ تىلما ـ ئېرىقلاردا ئېقىۋاتقان كارىز سۇلىرىغا قارىغىنىدا ئايىغى ئۈزۈلمەس خىياللارغا چۆمەتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. كارىز ئۇنىڭ خىياللىرىنى باللىق، ياشلىق چاغلىرىغا ئېلىپ كەتتى. خالىسا، ئاداشلىرى بىلەن بارخانلاردا قۇم چېچىشىپ، قىزىپ كەتسە، كارىزلاردا سۇ چېچىشىپ، خالىسا، تال چىۋىقنى ئات ئېتىشىپ، خالىسا، سۆگەت چىۋىقىنىڭ قوۋزىقىنى پىپى قىلىپ چېلىشىپ ئوينايدىغان شۇ چاغلار نەقەدەر كۆڭۈللۈك ئىدى ـ ھە! بالىلار بىلەن دەرەخلەرگە تىيىندەك يامىشاتتى، كۆك غورىنى يېيىشىپ چىشلىرى قامىشاتتى، خەمەكلەرنى غاجىشىپ، خام ئۆزۈمنى چىشلىشىپ ناۋات يېگەندەك ھوزۇر تېپىشاتتى. باللىق — غەمسىزلىك ئىكەن. ئۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى. قىزلار جىگدە پۇرىقىدىن مەست بولغاندا، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىمۇ سۆيگۈ شارابىدا خۇمارلاشتى. قىزلارنىڭ ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە قاراپ بۇ زېمىنىنىڭ ئاتەش ئىسسىقىمۇ بىر يەردە قالىدىغان ئىشىق ئوتىدا كۆيگەنلىرى، دىلدارلىرى بىلەن كارىز كۆلىدىكى تال ـ سۆگەتلەرنىڭ دالدىسىغا يوشۇرۇنۇپ تولۇن ئاينىڭ سۇدىكى شولىسىغا قاراپ ئولتۇرغانلىرى، تېخى بىر ـ بىرىگە چاي ئىچۈرمەستە تىلمىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ ئوچۇملىرىدا بىر ـ بىرىگە سۇ ئىچۈرۈپ كەتكەنلىرى قانداقمۇ ئېسىدىن كۆتۈرۈلسۇن!

يىگىت بولغىنى چوڭ بولغىنى ئىكەن، دالا، دالىدىدا قىنىشالمىغانلار ئۆي تۇتۇپ قېنىشتى، بىر ئائىلىنىڭ يۈكى زىمىنسىگە چۈشكەندە تىرىكچىلىكنىڭ نىمىلىكىنى ئاندىن بىلىشتى. ئۇ بۇرۇن ئاتىسى قۇدۇق كولىغاندا، توپىسىنى نېرى - بېرى قىلىپ، تەشمە كولىغاندا، ئاكىسى ئىلمەككە ئېلىپ بەرگەن سېۋەتنى ئۇلاغدا تارتىپ كارىز ئەمگىكىنىڭ نىمىلىكىنى بىلمىگەنىدى. بىر كۈنى ئاتىسى تەشمە كولاۋېتىپ گۇمۇرۇلگەن توپىنىڭ ئاستىدا قالدى. ئەتراپتىكىلەر ئۇلاش - چولاش كېلىپ ئاتىنى ئۇ يەردىن ئاران قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى، لېكىن ئاتىسى ئېغىر يارىلانغانىدى، ئۇرۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭمۇ كارىز ئاستىغا چۈشۈپ ئىشلەشكە توغرا كەلدى. كەچ كۈز، ئەتىيازلاردا كارىز سۇلىرىنى كەچسە، سوغۇقى جاندىن ئۆتىدىكەن، تار تەشمىلەردە يادەك ئېگىلىپ ئىشلىسە، يىگىتنىڭمۇ بېلى چىدىمايدىكەن. ئۇ بۇ ئازابنى كارىزغا چۈشكەن تۇنجى كۈنىلا بىلدى.

ئاكىسى جوتۇ، پۈچى بىلەن تەشمىنى كولايتتى، ئۇ بەل گۈرجەك بىلەن لاي، توپىنى سېۋەتكە ئۇساتتى، بەزىدە بەزلىشەڭگۇ لاي گۈرجەككە چاپلىشىۋالاتتى، بەزىدە ئاستى سۇيۇقلىنىپ تۇرغاچقا ئوڭايلا سېۋەتكە قويۇلاتتى. ئاندىن ئۇ ئېگىلگىنىچە يانتۇ مېڭىپ بېرىپ سېۋەتنى بۇلۇڭنىڭ ئىلمىكىگە ئاساتتى، ئۇستىدىكىلەر غالتەكنى پىرقىرىتىپ چىگە ئارغامچىدىكى سېۋەتنى ئۇستىگە تارتاتتى. سېۋەتنىڭ ئاستىدىن سۇ شىرىلداپ ئېقىپ تۇراتتى، بەزىدە بىرەر پارچە لايمۇ چۈشۈپ كېتەتتى. ئۇ قۇدۇق ئاغزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ تەشمىنىڭ ئىچىگە كىرىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى. نەمخۇش، دىمىق ھاۋا ئۇنىڭ نەپسىنى قىساتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ نەپسىنى رۇسلاپ لاي سۇلارنى كېچىپ ئالدىغا ماڭاتتى. سوغۇق سۇنى كېچىۋەرسە

www.uyghurkitap.com

كىچىك تەرەت قىستايدىكەن. ئۇ كىچىك بىر ئەگىلمىنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ هاجەت قىلماقچى بولۇۋىدى، ئاكىسى سېزىپ قالدى.

«ئۇكام، — دېدى ئۇ، — قۇرۇق يەرگە دۈۋسىگە قىلغىن»

ئۇ شۇنداق قىلدى، ئاندىن ئاكىسى ئۇنىڭغا هۆللەنگەن ئۇ توپىنى سېۋەتكە ئېلىپ ئۇستىگە چىقىرىۋېتىشنى ئېيتتى. ئۇ ئاكىسىدىن سەۋەبىنى سورىدى.

«ئاتامىز مۇشۇنداق قىلاتتى» دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى ئاكىسى.

ئۇ سەۋەبىنى ئىتتىكلا چۈشەندى: ئاتىسىلا ئەمەس، بۇ مەھەللىدىكى هەممىلا ئادەم سۇنى شۇقەدەر ئۇلۇغلايتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، سۇ پاك؛ پاك پېتى تۇرۇشى، بۇلغانماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭغا يۇندى ـ چاقان تۆكۈلمەسلىكى، تەرەت قىلىنماسلىقى، هەرقانداق جايدا، هەتتا ئەللىك ـ ئاتمىش غۇلاچ قۇدۇق ئاستىدىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، قۇدۇق ئاستىدا قۇرۇق توپا بولمىسا، قۇدۇق ئۇستىدىن قۇرۇق توپا چۈشۈرۈلۈپ بولسىمۇ بۇ قائىدىگە ئەمەل قىلىناتتى.

ئۇ تەشمىگە ئېسىلغان كارىز چىرىغىغا قارىدى. كەندىر يېغىغا تويۇنغان چىراغ پىلىكى پىلىلداپ يېنىپ تۇرغىنى بىلەن زۇلمەت ئىچىدىكى كارىزنى غۇۋا بولسىمۇ يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەلبىدىمۇ غۇۋا يېنىپ تۇرغان بىر چىراغ باردەك هېس قىلدى. ئۇنىڭدىن تارىغان يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇقلارنى قوغلايتتى، ئۈمىدسىزلىكنى، چۈشكۈنلۈكنى قوغلايتتى، ئۇنى ئالغا ئىنتىلدۈرەتتى، ئۇنىڭغا غەيرەت، كۈچ ئاتا قىلاتتى. ئاكىسىنىڭ دېيىشىچە، بىرەر خەتەر بولىدىغان چاغدا چىراغ يورۇقى بەك لەپەڭشىپ كېتىدىكەن. دېمەك، ئاتىسىمۇ ئۇ ئەهۋالنى كۆرگەن، لېكىن قېچىپ ئۈلگۈرەلمىگەن. كارىز چىراغلىرىنىڭ ئورنىغا قاراپ ئۈچ نۇقتىنىڭ بىر تۈز سىزىق هاسىل قىلىدىغانلىقىنى

چۈشىنىپ ئۇدۇللاپ كولاپ كېتىۋاتقان ئاتا بالا ـ قارانىڭ كەينىدىن كېلىدىغانلىقىنى ــ تەشنىڭ كەينىدىن ئۆرۈلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان.

ئاتا هازىر ئېغىر يېتىقتا. ئۇ كارىزغا چۈشەلمەيدۇ، لېكىن بالىلىرىغا مەدەت بېرەلەيدۇ، «كارىزنى بۇنداق تاشلىۋەتسەڭلار بولمايدۇ، نەچچە ئەۋلاد چاپقان كارىز ئۇ! بىزگە، ئەل ـ يۇرتقا سۇ كېرەك، غەيرەت قىلىڭلار!» دېيەلەيدۇ. ئات ئىزىنى تاي باسىدۇ، ئاتا ئىزىنى ئوغۇل ! شۇڭا، ئۇ كارىزغا چۈشۈپ ئىشلەۋاتىدۇ، قىينالسىمۇ قاقشىماي، هارسىمۇ ئۆزىنى تاشلىۋەتمەي، چىشىنى چىشلەپ ئىشلەۋاتىدۇ. مانا، ئاخىر تەرلەڭگۈگە يېتىشتى، تەشنىڭ ئۇستىدىن، ئىككى يېنىدىن تامچىلاۋاتقان سۇ ئۇلارنىڭ ماڭلىيىدىن تەپچىرەپ ئاققان تەرنىڭ مەهسۇلى ئىدى. ئۇ «تامار ـ تامار كۆل بولار» دېگەن ھەقىقەتنىڭ مەنبەيىنى تاپتى. دەرھەقىقەت، كار قىلساڭ، كارىز بولىدىكەن، لاي سۇ سۈزۈلسە، لەزىز بولىدىكەن، يۇرتقا ئىشلىگەن ئەزىز بولىدىكەن. ئۇمۇ ئەجرى بىلەن ئەزىز بولدى.

مانا ئۇ شۇ تاپتا كارىز بېشىدا ئولتۇرىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتتى، تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ھەر خىل بولىدىكەن، كارىزچىنىڭ ئوغلى ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولدى، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن مەركىزىي شەھەرگە خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يىلدا بىر ـ ئىككى قېتىم بولسىمۇ يۇرتىغا قايتىپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ، ئاتىسىنىڭ، ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلايدۇ، شۇ قاتاردا سايغا چىقىپ كارىز قۇدۇقلىرىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. قايسىبىر يىللىرى ئايروپىلاندا كېتىۋېتىپ يۇرتىنىڭ ئۇستىدىن ئۆتتى. ئاسماندىن قارىغاندا ھەر يىگىرمە ـ ئوتتۇز غۇلاچ ئارىلىقتا بىردىن ئەتراپىغا توپا دۆۋىلەنگەن بۇ قۇدۇقلار رەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىزما ھالقىدەك ھالىتى بىلەن خۇددى قىز ـ چوكانلار ئاسىدىغان كەھرىۋا مارجانغىلا ئوخشايدىكەن. ئۇ قاتار ـ قاتار قۇدۇق تىزمىلىرىغا قاراپ تەقۋادار بوۋايلارنىڭ تەسۋىلىرىنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. «ئەي كارىز، قىزلىرىڭنىڭ مارجان تاقىغان چاغدىكى خۇشاللىقىمۇ، بوۋايلىرىڭنىڭ تەسۋى سىيرىغان چاغدىكى تەشۋىشىمۇ كارىزچىنىڭ ھايات ـ ماماتى ھەم سىنىڭ قىسمەت ـ تەقدىرىڭ بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن ئەمەسمىدى» دېگۈسى كەلدى. بۇ قۇدۇقلارنىڭ ئەسلىي چاسا كولانغانلىقى ئېسىگە كەلدى، لېكىن توپىسى ھالقا شەكلىدە ئايلاندۇرۇلۇپ ئېگىز دۆۋىلىنەتتى، ئات ـ ئۇلاغلار، بۇ يەرلەرنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرىنى بىلمەيدىغان ئادەملەر چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ؛ لاي ـ لاتقىنى ئېقىتىپ كەلگەن قىيان قۇدۇقنىڭ ئىچىگە ئېقىپ كىرىپ كارىزنى تىندۇرۇۋەتمىسۇن دەپ. قىشلىقى تېخى بۇ قۇدۇقلارنىڭ ئاغزىنى شاخ ـ شۇمبا، پاسار ـ پاخال بىلەن يېپىپ، ئۈستىگە توپا تاشلاپ كۆمىدىغان گەپ. بولمىسا، سوغۇقتا كارىزنىڭ تاملىرى توڭلاپ، ھاۋا ئىسسىغاندا توڭ كۆتۈرۈلۈپ كارىز ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ. ئەتىياز، كۈزدە كارىز ئاستىغا چۈشۈپ سۇلارنى كېچىپ تەكشۈرۈۋاتقان: گۈمۈرۈلگەن توپا بارمۇ، سۇ توسالغان يەر بارمۇ، قەيەرنى چۆكۈرۈش كېرەك، قەيەرنى يانداش، قەيەرنى جازىلاش كېرەك؟... كارىزنى مۇشۇنداق جۆندەپ، مۇشۇنداق ياشارتىپ تۇرىدىغان ئىش. بۇ ئىشلارنى ئۇ جىق قىلغان، ئۇلا ئەمەس، ئاتىسى، بوۋىسى، ئۇلۇغ بوۋىسى — ھەممىسى قىلىپ كەلگەن ئىشلار بۇ. شۇڭا، بۇ قۇرغاق زېمىندا كىشىلەر سۇسىز قالمىغان.

ئۇلارغا تاشقىنلاپ تۇرغان دەريا نېسىۋە قىلىنغان ئەمەس، كارىز ئۇلارنىڭ يەر ئاستىدىكى ئانا دەرياسى. ئۇلارغا شەربەت تامچا تۆكۈپ بېرىدىغىنى ئاسمان ئەمەس، بەلكى قان ـ تەر،

ھەتتا جان بەدىلىگە كولاپ يېتىمدىغان كارىز تەرلەڭگۈسى. شۇڭا، ئۇلار ئاسمانغا تەلمۈرمەيدۇ، يەرگە سىغىنىمىدۇ، كۆكتىن تاپالمىغاننى يەردىن تاپىدۇ، خۇددى ناخشىدا ئېيتىلغاندەك:

يامغۇر ياغسا دەپ كۆككە تەلمۈرمەي،
زېمىن تەكتىدە ئەجىر قىلدى ئەر.
ماڭلايدىن سەلدەك ئاققاندا تەرلەر
تەشمىمۇ تەرلەپ تەسىرلەندى يەر.

خۇددى مۇشۇنداق. شۇڭا، بۇ يۇرت قاتمۇقات قۇم بارخانلىرىنىڭ قورشاۋى ئىچىدىمۇ، مەۋسۇم دوقاللىرىنىڭ رەھىمسىز تەلۋە سوققىلىرى ئالدىدىمۇ يېشىل ھاياتنى جۇلالاندۇرۇپ تۇرغان. نېمىدېگەن ئەمگەكچان، ئەقىللىك، جاپاكەش خەلق - ھە، بۇلار... ئۇ ئايروپىلاندا پەسكە قاراپ مۇشۇلارنى، يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىغانىدى...

بۈگۈن ئۇ بىرمۇنچە كارىزلارنى ئايلىنىپ كەلدى. بەزى كارىزلار بۇزۇلغان، قۇرۇپ كەتكەن، تاشلىنىۋېتىلگەن. بۇ كارىزلارغا قارىغاندا كۆزىگە ياش كەلدى، ئاتىسىنىڭ: «كارىزنى بۇنداق تاشلىۋەتسەڭلار بولمايدۇ» دېگەن زارى قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىغاندەك بولدى. بورىۋايدا تارتىلىۋاتقان سۇلارنىمۇ كۆردى، موتورنىڭ «گۇر - گۇر - گۇر» ئاۋازى ھېسسىز غايەت زور تۆمۈر مەخلۇقنىڭ مەنپەئەت تەقەززاسىدا چىشلىرىنى «كاس - كاس - كاس» ئۇرۇۋاتقىنىدەك ئاڭلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ سۇ زېمىننىڭ تومۇر - تومۇرلىرىدىن تارتىپ چىقىرىلىۋاتقان قانغىلا ئوخشايتتى، زېمىن ئادەملىرىگە قېنىمنى ئاز - ئازدىن بېرەلەيتتى، لېكىن بۇنداق بېرىشكە ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. بۇنداقتا، ئۇ ھالسىرايتتى، ئەس - ھوشىنى

يوقىتاتتى، قاغجىرايتتى، ئاخىرى هالاك بولاتتى.

ئۇ سۇ چىقىۋاتقان كارىزلارغىمۇ قارىدى. تەشمە ئاغزىدىن چىقىپ شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇلار مەجنۇنتاللارنىڭ تەزىم قىلىپ تۇرغان شاخچىلىرىنى سۆيۈپ ئۆتەتتى، ئېرىق ياقىسىدىكى گۈل ـ گىياهلار شاۋقۇن نەغمىسىگە ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك يېنىك تەۋرىنەتتى، قۇشلار چوقۇلاپ ـ چوقۇلاپ سۇ ئىچىشەتتى، تەشنالىقى قانغان قوي ـ قوزىلار شوخ مەرىشەتتى. ئەتراپتا باللار قوغلاشماق ئويناۋاتتى، بەزىدە ئېرىققا چۈشۈۋېلىپ بىر ـ بىرىگە سۇ چېچىشاتتى. چوڭلار بولسا، تۈۋەنكى دامبىنىڭ تومىسىنى كۆتۈرۈپ كارىز كۆلىدىن ئېتىزلارغا، تەشنىلەرگە سۇ باشلايتتى. ئۇ تاشۇرمىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ بۇ كۆكۈللۈك مەنزىرىلەرگە تويماي قارايتتى. ئەنە كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىنىدىك ـ ئارالچە، ئۇ يەردە دەل ـ دەرەخلەر قويۇق ئۆسكەن، ياۋا ئۆردەك، غاز، غورالدەك، سۇ قۇشقاچلىرى ماكانلاشقان. ئۇلارغا ھېچكىم دەخلى ـ تەرۇز قىلمايدۇ. ئۇلارمۇ ئادەملەردەك ئەركىن يايرايدۇ. چۈنكى، «ئۇمۇ ئاللا ياراتقان مەخلۇق»، ئۇلارنىڭمۇ بۇ يەردە ياشاش ھەققى بار. ئۇ كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى قارىياغاچ، قارا تېرەك ۋە سۆگەتلەرگە قارىدى. بۇ دەرەخلەر يىلتىزلىرى بىلەن كۆل بويىنى چىڭ قاماللاپ تۇراتتى، شاخ ـ شۇمبىلىرى بىلەن كۆل سۈيىنى قۇم ـ بوراندىن دالدا قىلاتتى. ئۇ گاھ تومىدىن كىرىۋاتقان سۇغا، گاھ ئۇنىڭدىن بەھرە ئېلىۋاتقان جانلىقلارغا قارايتتى. «دەرھەقىقەت، ھاياتلىق جان تومۇرى ئىكەن بۇ كارىز!» دېدى ئاخىر ئۆز ـ ئۆزىگە خىتاب قىلىپ. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا لەرزان ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى:

مايسا، گۈل ـ گىياھ، ئۇچار قۇش، جانىۋار
ئىنسان بىلەن تەڭ ئىچتى سۇ ـــ شەربەت.

قاغجىراق يەر، دەشت، چاڭقاق يۇرەكلەر
ياشنىدى، كۆلدى تېپىپ كۈچ ـ قۇۋۋەت.

شۇنداق، چۆل ـ دەشتلەرنىڭمۇ بار سەندىن سۇ ئىچىدىغان، سېنىڭ قۇۋۋىتىڭ بىلەن باھار ـ يازلاردا گىياھ، ناباداتلارنىڭ تەبىئىي پۇرىقىنى چاڭقىتىدىغان! قىشلاردا چۆل ـ باياۋانلارغا قويۇۋېتىلىدىغان كارىز سۇلىرى ئۇنىڭ ئىسسىگە كەلدى. كارىزدىن ئىبارەت بۇ مۆجىزىكارنىڭ تەبىئەتتىكى ئادىل سۇ تەقسىماتى ئۇنى سۆيۈندۈردى.

ناخشا داۋاملىق ياڭراۋاتاتتى:

ئۇيغۇر كارىزى، ئەلنىڭ كارىزى،
سەندە نامايان ئەجدادلار ئىزى.
شەنىڭگە ئاتاپ ياڭرىتار ناخشا
سەندىن سۇ ئىچكەن ئۇيغۇرنىڭ قىزى.

كارىزىم، كارىز، ماڭا سەن ئەزىز،
ساڭا ئامانلىق مەڭگۈ بولسۇن يار.
سەن يەرنىڭ قېنى، سەن دېھقان جېنى،
سەن بولغاچ بۇ يۇرت بولماس بىزگە تار.

«راست، ساڭا ئامانلىق يار بولسۇن!» دەپ خىتاب قىلدى ئۇ.

بۇ يەردىكىلەر كارىزنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان تىرىشچانلىقنىڭ ھەممىسىنى قىلىۋاتاتتى. ئۇلار: «ئايىساڭ ئۆتىسەن، يامىساڭ پۈتىسەن» دېگەن ھېكمەتكە ئىشىنەتتى. ئۇ بېتوندىن ياسالغان تەشمە ئاغزى ۋە كۆتۈرگۈلەرنى كۆردى، كارىز سەيلىگاھىنىمۇ كۆردى، نىسبەتەن ئىلمىي، بىخەتەر كارىز مەشغۇلاتلىرىنىمۇ كۆردى، ئۇ يەنە ماشىنىلاشقان

قۇدۇقلارغىمۇ قارىدى. بۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە كېڭىيىۋاتقان، زورىيىۋاتقان ئېھتىياجنى قامداۋاتاتتى، بۇمۇ زۆرۈر ئىدى. لېكىن، قايسىسىنى ئاساس قىلىش كېرەك؟ ئۇ قوشۇمىسىنى تۇرۇپ ئويلاندى. بۇ بۇ يۇرتتىكى ھەممەيلەن ئويلىنىۋاتقان، بۈگۈن ئۇچۇنلا ئەمەس، كەلگۈسى ئۈچۈنمۇ ئويلىنىۋاتقان مەسىلە ئىدى.

ناخشىنىڭ نەقىراتى باشلاندى:

كارىزىم، كارىز، سۈلىرىڭ لەزىز،
سەن بولغاچ بۇ يۇرت، بۇ چۆلمۇ ئەزىز.

راست، ئەزىز! بۇ يۇرت مۇشۇنداق مەدەنىيەت قىممىتى بىلەن ئەزىز، مۇشۇنداق تارىخىي قىممىتى بىلەن ئەزىز!

بۇ ئەسىرلەردىن بۇيان داۋام قىلىنىۋاتقان رېئاللىق. بۇ بۇ يۇرتتىكىلەرنىڭ قەلب ناخشىسى.

بۇ ناخشىغا يەنە يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلارمۇ؟

كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلارمۇ بۇ ناخشىنى ئېيتارمۇ؟...

شامال چىقىشقا باشلىدى.

ئۇ توزۇغان چار چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن كەينىگە تارىۋېتىپ شەھەرگە قاراپ ماڭدى. شامال ئۇنىڭ قۇم ـ توپىلىق يوللاردا قالدۇرغان ئاياغ ئىزلىرىنى كۆمۈۋېتىشكە ئۇرۇناتتى، لېكىن ئىزلار ھامان يوقالمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ كەينىدىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر بۇ يولدا كېتىۋاتاتتى ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تالاي ئادەملەر بۇ يولدا ماڭاتتى...

2011 ـ يىلى 5 ـ ئاي، تۇرپان

# يىل كېچىسى ۋە قىزىلگۈل

كىشىلەرنىڭ بىزنى «بوران بالىلىرى» دېگىنىدە، سىلەرنىمۇ، جۈملىدىن سېنىمۇ ئوخشاشلا كۆزدە تۇتۇپ دەۋاتقانلىقىنى ئويلىغان بولغىيتتىڭ ـ ھە، قەدىرلىكىم.

دۇرۇس، بىز ھەممىمىز بوران بالىلىرى. مەن ئۆز ۋاقتىدا بوراندا قالغان يىگىت بولغان بولسام، سەن شۇ چاغدا بورانغا ئۇچرىغان قىز؛ ھازىر مەن بوراندا پىشقان ئەر بولسام، سەن بوراندا تاۋلانغان ئايال.

چاچلىرىڭغا، چاچلىرىمغا چۈشكەن ئاقلارنى جۇدۇن ـ چاپقۇن قوندۇرغان قار ـ قىراۋلارغا ئوخشىتىمەن.

يۈزۈڭدىكى، يۈزۈمدىكى قورۇقلارنى بوران قۇملۇقتا پەيدا قىلغان يول ـ يول ئىزلارغا تەمسىل قىلغۇم كېلىدۇ.

تەقدىر ھۆكمى شۇنداق ئىكەن: كۆچەت بورانلاردا سۇنۇپ نابۇت بولۇپلا كەتمىسە، ھامان بىر كۈنى غولىنى قوۋزاق تۇتقان دەرەخ بولۇپ يېتىلىدىكەن. قوللىرىڭنىڭ، قوللىرىمنىڭ بۇدۇر ـ بۇدۇر تېرىلىرى شۇنداق يېتىلىشنىڭ ئىزناسى.

بىر چاغلاردا بالا ئىدۇق، غەمسىز ئىدۇق، كېيىن ياش بولدۇق، غەمناك بولدۇق. غەمناك دېسەم، دەردمەنلىك ياكى مىسكىنلىك، دەپ چۈشىنىۋالمىغىن، قەدىرلىكىم. ئۇ جۇشقۇنلۇقتا سايە چۈشۈرۈپ تۇرىدىغان مۇڭ. ئۇ كۆك ئاسمانغا زىننەت بېرىدىغان ئاپپاق بۇلۇت. ئۇ دولقۇنلۇق دېڭىزنىڭ ۋەزمىن چوڭقۇرلۇقى. ئۇ ھاياجاندىن ئۇقچۇغان كۆز ياش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنداق، ئۇ سۆيگۈنىڭ غەمناكلىقى ئىدى. ئۇ ئاددىيلىقتا ھەم مۇرەككەپلىكتە، ساددىلىقتا ھەم ئۇلۇغلۇقتا، قىسقىسى، خىلمۇخىل قىسمەتكە تولغان كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەم تاتلىق، ھەم چۈچۈك غەمناكلىقى ئىدى. بۇنى پەقەت سۆيگۈ ئەھلىلا ھېس قىلالايتتى، چۈشىنەلەيتتى.

ئۇ چاغلاردا بىز يوقسۇل ئىدۇق، لېكىن مۇھەببەت كىشىگە ئاجايىپ سىرلىق سەزگۈلەرنى ئاتا قىلالايدىكەن. ئۇ بىر - بىرىنى سۆيگەنلەرگە نامراتنى باي، گادايىنى شاھ كۆرسىتەلەيدىكەن. شۇڭا، مەن نامرات تۇرۇپمۇ سېنىڭ شاھىڭ بولدۇم، سەن شاھانە قەسىرنىڭ ئەمەس، ئاددىيغىنا كۆلىبىنىڭ مەلىكىسى بولدۇڭ.

دەرھەقىقەت، قانائەتنىڭ ئۆزى زور بايلىق ئىكەن، ھالبۇكى، ھەرقانداق بايلىقمۇ كىشىگە قانائەت بېغىشلىيالمايدىكەن. قانائەتكە ئىگە قىلغۇچى پەقەت مۇھەببەتلا، ۋىسال تاپقان مۇھەببەتلا ئىكەن. بىز ھەممىگە قادىر قانائەتكە مۇيەسسەر بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، جاپا ئىچىدىمۇ خۇشاللىق، غۇربەتچىلىك قوينىدىمۇ ئاسايىشلىق تاپقانىكەنمىز.

تىرىكچىلىك سەۋداسى بىلەن نۇرغۇن داۋانلاردىن ئاشتۇق. ئىشلىدۇق؛ چىشلىدۇق؛ تىرىشتۇق؛ ئېرىشتۇق. ئېرىشەلمىگەنلىرىمىزمۇ بولدى، لېكىن ھاياتلىق دېگەن شۇ: ھالال ئىنساننىڭ بېغىشلىغىنىدىن ئېرىشىدىغىنى ئاز بولىدۇ.

شۇنداق، ھاياتىمىزنىڭ يېشىل باھارى يىراق - يىراقلاردا قالدى. ئۇنىڭدىن بىزگە قالغىنى تاتلىق ھەم مۇڭلۇق ئەسلىمە. ئوتلۇق يازمۇ ئۇھ دېگۈچىلىكىمىزنى قويمىغان ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان يادنامىسى ئەجىر، تۆھپە ۋە ھاياتلىق كۆچىتى. ئالتۇن كۈزدە ئۆزىمىزنى پىشقان مېۋىلىرىمىز بىلەن سارغايغان ياپراقلىرىمىز ئارىسىدا كۆردۇق.

# يىل كېچىسى ۋە قىزىلگۈل

كىشىلەرنىڭ بىزنى «بوران بالىلىرى» دېگىنىدە، سىلەرنىمۇ، جۇملىدىن سېنىمۇ ئوخشاشلا كۆزدە تۇتۇپ دەۋاتقانلىقىنى ئويلىغان بولغىيتتىڭ ـ ھە، قەدىرلىكىم.

دۇرۇس، بىز ھەممىمىز بوران بالىلىرى. مەن ئۆز ۋاقتىدا بوراندا قالغان يىگىت بولغان بولسام، سەن شۇ چاغدا بورانغا ئۇچرىغان قىز؛ ھازىر مەن بوراندا پىشقان ئەر بولسام، سەن بوراندا تاۋلانغان ئايال.

چاچلىرىڭغا، چاچلىرىمغا چۈشكەن ئاقلارنى جۇدۇن ـ چاپقۇن قوندۇرغان قار ـ قىراۋلارغا ئوخشىتىمەن.

يۈزۈڭدىكى، يۈزۈمدىكى قورۇقلارنى بوران قۇملۇقتا پەيدا قىلغان يول ـ يول ئىزلارغا تەمسىل قىلغۇم كېلىدۇ.

تەقدىر ھۆكمى شۇنداق ئىكەن: كۆچەت بورانلاردا سۇنۇپ نابۇت بولۇپلا كەتمىسە، ھامان بىر كۈنى غولىنى قوۋزاق تۇتقان دەرەخ بولۇپ يېتىلىدىكەن. قوللىرىڭنىڭ، قوللىرىمنىڭ بۇدۇر ـ بۇدۇر تېرىلىرى شۇنداق يېتىلىشنىڭ ئىزناسى.

بىر چاغلاردا بالا ئىدۇق، غەمسىز ئىدۇق، كېيىن ياش بولدۇق، غەمناك بولدۇق. غەمناك دېسەم، دەردمەنلىك ياكى مىسكىنلىك، دەپ چۈشىنىۋالمىغىن، قەدىرلىكىم. ئۇ جۇشقۇنلۇقتا سايە چۈشۈرۈپ تۇرىدىغان مۇڭ. ئۇ كۆك ئاسمانغا زىننەت بېرىدىغان ئاپپاق بۇلۇت. ئۇ دولقۇنلۇق دېڭىزنىڭ ۋەزمىن چوڭقۇرلۇقى. ئۇ ھاياجاندىن ئۇقچۇغان كۆز ياش.

www.uyghurkitap.com

شۇنداق، ئۇ سۆيگۈنىڭ غەمناكلىقى ئىدى. ئۇ ئاددىيلىقتا ھەم مۇرەككەپلىككە، ساددىلىقتا ھەم ئۇلۇغلۇقتا، قىسقىسى، خىلمۇخىل قىسمەتكە تولغان كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەم تاتلىق، ھەم چۈچۈك غەمناكلىقى ئىدى. بۇنى پەقەت سۆيگۈ ئەھلىلا ھېس قىلالايتتى، چۈشىنەلەيتتى.

ئۇ چاغلاردا بىز يوقسۇل ئىدۇق، لېكىن مۇھەببەت كىشىگە ئاجايىپ سىرلىق سەزگۈلەرنى ئاتا قىلالايدىكەن. ئۇ بىر ـ بىرىنى سۆيگەنلەرگە نامراتنى باي، گاداينى شاھ كۆرستەلەيدىكەن. شۇڭا، مەن نامرات تۇرۇپمۇ سېنىڭ شاھىڭ بولدۇم، سەن شاھانە قەسىرنىڭ ئەمەس، ئاددىيغىنا كۆلبىنىڭ مەلىكىسى بولدۇڭ.

دەرھەقىقەت، قانائەتنىڭ ئۆزى زور بايلىق ئىكەن، ھالبۇكى، ھەرقانداق بايلىقمۇ كىشىگە قانائەت بېغىشلىيالمايدىكەن. قانائەتكە ئىگە قىلغۇچى پەقەت مۇھەببەتلا، ۋىسال تاپقان مۇھەببەتلا ئىكەن. بىز ھەممىگە قادىر قانائەتكە مۇيەسسەر بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، جاپا ئىچىدىمۇ خۇشاللىق، غۇربەتچىلىك قوينىدىمۇ ئاسايىشلىق تاپقانىكەنمىز.

تىرىكچىلىك سەۋداسى بىلەن نۇرغۇن داۋانلاردىن ئاشتۇق. ئىشلىدۇق؛ چىشلىدۇق؛ تىرىشتۇق؛ ئېرىشتۇق. ئېرىشەلمىگەنلىرىمىزمۇ بولدى، لېكىن ھاياتلىق دېگەن شۇ: ھالال ئىنساننىڭ بېغىشلىغىنىدىن ئېرىشىدىغىنى ئاز بولىدۇ.

شۇنداق، ھاياتىمىزنىڭ يېشىل باھارى يىراق ـ يىراقلاردا قالدى. ئۇنىڭدىن بىزگە قالغىنى تاتلىق ھەم مۇڭلۇق ئەسلىمە. ئوتلۇق يازمۇ ئۇھ دېگۈچىلىكىمىزنى قويمىغان ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان يادنامىسى ئەجىر، تۆھپە ۋە ھاياتلىق كۆچىتى. ئالتۇن كۈزدە ئۆزىمىزنى پىشقان مېۋىلىرىمىز بىلەن سارغايغان ياپراقلىرىمىز ئارىسىدا كۆردۇق.

ھالا بۈگۈن كەچ كۈز قوينىدا تۇرۇپتىمىز. بەزى كۈندۈزلىرى قۇياشنىڭ ئاجىز بولسىمۇ خۇشياقىدىغان ئاپتىپىغا ئۆزىمىزنى سېلىپ ئولتۇرىمىز، خۇددى زەئىپلىشىۋاتقان بولسىمۇ مېھىر تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىمىزگە بالىلىرىمىز قاراپ ئولتۇرغانغا ئوخشاش.

بەزىدە كەچ كۈز سوغۇقى تېنىمىزنى جۇغۇلدىتىدۇ، بىز يېقىن چاپلىشىپ ئولتۇرىمىز. بەزىدە كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلى چاچلىرىمىزنى توزغىتىدۇ، بىز بىر - بىرىمىزنىڭ چاچلىرىنى تۈزەپ قويىمىز. شۇنداقتىمۇ كۆزىمىز ياشاڭغىرايدۇ...

بىر كۈنى سەن يىغلىدىڭ. مەن سەۋەبىنى سورىمىدىم، چۈنكى مەن بىلەتتىم، بۇ كۆز ياشلىرىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىڭنىڭ ھەسرىتىدىن ئەمەس، پەقەت پەرزەنتلەرنىڭ غېمىدىن ئىدى. مەن شۇ چاغدا جىق نەرسىلەرنى ئويلىغان، لېكىن دېمىگەنىدىم. ئەمدى بۈگۈن دەي، قەدىرلىكىم، بۇنىڭدىن كېيىن يىغلىما. بوراندا يىغلىمىغان بورانقىز شامالدا ھەرگىز يىغلىمايدۇ.

قارا، سېنىڭ ياشلىقىڭ قىزىمىزغا قالدى، مېنىڭ ياشلىقىم ئوغلۇمغا. بىزنىڭ غەيرىتىمىز، بىزنىڭ ئېگىلمەس روھىمىزمۇ بالىلىرىمىزغا قالىدۇ. توغرا، بىز بالىلىرىمىزغا ئالتۇن - كۈمۈش قالدۇرالمىدۇق، لېكىن ئالتۇندەك پەزىلەت ۋە پاراسىتىمىزنى ئۇلارغا مىراس قىلىپ قالدۇردۇق. ئۇنداق ئىكەن، ئۇلار ياشىيالايدۇ، بەلكى بىزدىن ياخشىراق ياشىيالايدۇ! ئۆزلىرىمۇ ياشناپ، بىزنىمۇ، ھېچبولمىغاندا ئەۋلادلىرىنى بولسىمۇ ياشنىتالايدۇ. شۇڭا، بىز كۈلۈشكە ھەقلىق، ئۈمىد بىلەن بولسىمۇ كۈلۈشكە ھەقلىق.

شۇ تاپتا تالا كۈمۈش قار بىلەن قاپلانغان. ئەتراپتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەبىئەتنىڭ ئۇلۇغۋار جىمجىتلىقى.

ئاپپاق قاردا ماس قەدەمدە كېتىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ ئايىغى ئاستىدىن چىقىۋاتقان «غاچ... غاچ... غاچ» قىلغان ئاۋاز.

ئۆيدە سائەتنىڭ «چىك... چىك... چىك» ئاۋازى.

ئوخشاش رىتىم!

ئوخشاش تىنىق، ئوخشاش نەپەس!

سائەتنىڭ بىر ئىسترېلكىسى مۆشۈ كۆنىنىڭ، مۆشۈ ئاينىڭ، مۆشۈ يىلنىڭ ئاخىرقى پەللىسىگە سەل ئالدىدىراق يېقىنلاپ كەلدى. يەنە بىر ئىسترېلكىمۇ مەشۇقىنى ساقلىتىپ قويغۇسى كەلمىگەن ئاشىقتەك ئالدىراپ ماڭماقتا... قارا، قارا، ئىسترېلكىلار ئاخىر ئۇچرىشىش نۇقتىسىدا قۇچاقلاشتى، خۇددى ياشلىقىمىزنىڭ سۆيگۈ ئۇچرىشىشلىرىدا بىزنىڭ قۇچاقلاشقانلىرىمىزغا ئوخشاش، خۇددى تەقدىر بورانلىرىدا سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ كەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن بىر ـ بىرىمىزنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغانلىقىمىزغا ئوخشاش!

«ئۇھ» قەدىرلىكىم، بىز مانا مۆشۈنداق قۇچاقلاشقانچە، قولتۇقلاشقانچە ئۆمۈرنىڭ بوگۆنكى پەللىسىگە كەلدۇق. ئالدىمىزدا يەنە بىر يىلنىڭ يېڭى مەنزىلى بىزنى كۈتمەكتە. بۇ يىل بىزنى يەنە قانداق سوۋغىلار بىلەن كۈتۈۋاتىدىكىن، بۇنى بىلمەيمەن. مېنىڭ بىلىدىغىنىم ئۆزۈمنىڭ سوۋغام: ئۇ بىر تال ئاددىيغىنا گۈل.

راست، ئۇ بىر تال ئاددىيغىنا گۈل، لېكىن ئۇنىڭدا مۆشۈ ياشانغان مەزگىلىمىزنى ئەسلىتىدىغان كەچكى شەپەقنىڭ جىلۋىسى بار.

راست، ئۇ بىر تال ئاددىيغىنا گۈل، لېكىن ئۇنىڭدا يۈرىكىمىزدىكى مېھىر چوغىنىڭ قىزىللىقى بار.

راست، ئۇ بىر تال ئاددىيغىنا گۈل، لېكىن ئۇنىڭدا

جاھاندىكى ھېچنېمىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان بىر بۈيۈك نامايەندىنىڭ خۇش پۇرىقى بار. ئۇ مۇھەببەتنىڭ پۇرىقى، ئۇ مۇھەببەت مېۋىسىنىڭ پۇرىقى! ئۇ ئۆز ۋاقتىدا بوۋىقىڭنىڭ پۇرىقىنى ئەسلىتەتتى، ئەمدى نەۋرە بوۋىقىڭنىڭ ھىدىنى ئەسلىتىدۇ.

قىزىلگۈلنىڭ تىكىنى بار، دەپ ئەزەلدىن ئەسكەرتىپ كەلگەن ئاتا - بوۋىلىرىمىز. بۇمۇ خۇددى ھەسەل ھاسىل بولغان يەردە ھەرە نەشتىرىنىڭ بولغىنىدەكلا بىر ئىش. يورۇقلۇق چۈشكەن يەردە كۆلەڭگە بار. سالقىن ئورماندىمۇ چېقىن يانغىنى يۈز بېرىدۇ. ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ ھۆسن - جامالىنىمۇ تۇمان، بۇلۇتلار يېپىپ تۇرىدۇ. تازا زەن سالساڭ، بۈيۈك قۇرۇقلۇقمۇ پايانسىز سۇنىڭ ئۈستىدە چايقىلىپ تۇرىدۇ. مانا بۇ ھاياتلىق! بۇ دۇنيادا پەقەت قارىمۇقارشىلىقنىڭ سوقۇلغان چاقمىقىدا ئىچى - تېشىدىن تەڭ ئوت ئېلىپ كەتمەيدىغان ئىنسانلا ياشىيالايدۇ.

بۇرۇنقىلار قىزىلگۈلنى ياشلىق باھاردىكى مۇھەببەتكە تەمسىل قىلغاندى. مەن ئۇنى ئائىلىگىمۇ تەققاسلايمەن: خۇشلۇقى بار، خاپىلىقى بار؛ راھىتى بار، جاپاسى بار؛ دېمەك، گۈزەللىكى بار، تىكىنى بار. شاد - خۇراملىق ۋە غەم - قايغۇنى تەڭ تارتالايدىغانلارلا بۇنىڭدىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

بىر تال گۈلدە بىرمۇنچە مەنە.

گۈل ھامان پەرۋىشكە موھتاج، سۇغىرىشقا موھتاج.

بۇ بىر تال گۈلمۇ سۇغىرىلغان، يەنە كېلىپ يۈرەكتىكى ئەڭ تاتلىق تىلەكلەر بىلەن سۇغىرىلغان.

تاپقىنا، قەدىرلىكىم، ئۇ تىلەك نېمە؟

2008 - يىلى 12 - ئاي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# تار كوچىنىڭ ئوغلى①

سەن تار كوچىدا تۇغۇلدۇڭ. شۇ چاغ تاڭ ئېتىۋاتقان چاغ ئىدى. سېنىڭ ھاياتىڭدىكى كۆز ئېچىپلا سالغان يىغاڭ پەشتاختىدا ياڭرىغان مۇقەددەس ئەزان ئاۋازى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. ئاناڭ بەختىيارلىق ئىلكىدە تەبەسسۇم قىلدى، داداڭ قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭ ساڭا سائادەت تىلىدى. سېنىڭ تۇنجى يىغا ئاۋازىڭ، مۇقەددەس ئەزان ساداسى، ئارزۇ - تىلەكلەرنى زىكىر قىلىۋاتقان پىچىرلاشلار — ھەممىسى بىرلىشىپ سىرلىق بىر كۈينى ھاسىل قىلدى. بۇ كۈي سېنىڭ دىلىڭغا ئاجايىپ بىر ئىلھام ئۇرۇقىنى سالدى...

كېيىنكى چاغلاردا ئاناڭنىڭ ئەللەي ناخشىلىرى، داداڭنىڭ قىرائەتلىرى، تاغىلىرىڭنىڭ «ھاي - ھاي يولەن»لىرى، باللارنىڭ رامىزان تۈۋلاشلىرى، يىگىتلەرنىڭ تۈن كېچىدە ئايغا ئىلتىجا قىلىپ تۈۋلىغان غەزەللىرى... يۈرىكىڭدىكى ئىلھام ئۇرۇقىنى بىخلاتتى، مايسا قىلدى.

دەرھەقىقەت، تار كوچا سېنىڭ جىسمىڭنىلا ئەمەس، روھىڭنىمۇ ياراتتى؛ ئۇ سېنىڭ ئەقلىڭنىلا ئەمەس، تۇيغۇڭنىمۇ ياراتتى.

شۇنداق، سەن تار كوچىدا چوڭ بولدۇڭ، ئۇ ئاخىر سېنى ئۇزاق يوللارغا ئۇزاتتى.

ھايات سەپەرلىرى ساڭا شۇنداق بىر ھېكمەتنى ئۆگەتتى: ئانا

---

① بۇ ئەسەر «تار كوچا» قاتارلىق ئۆلمەس ناخشىلارنىڭ ئىجادچىسى، ئاغىنەم ياسىن مۇخپۇلغا تون كىيگۈزۈش مۇراسىمىغا بېغىشلانغان.

يۇرتنى سۆيمەك ئانىنى سۆيمەك بىلەن باراۋەر؛ ئەل ـ يۇرتنى سۆيمەك ئۆزىنى سۆيمەك بىلەن باراۋەر. مۇھەببەتنى پەقەت مۇھەببەتلىك قەلبلا كۈيلىيەلەيدۇ. قەلب تىلىنى ئىزھارلاشقا قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۇ پەقەت كۈي ساداسىدىلا ئۆز مەنىسىنى ئايان قىلالايدۇ.

سەن سازىڭنى زۇۋانىغا كىرگۈزدۈڭ. سىنىڭ سازىڭدىن ياڭرىغان سادا ئانا يۇرتۇڭنىڭ ئالما ـ ئانارلىق باغلىرىغا، تۈگىمەس بايلىقلارنى يوشۇرۇپ ياتقان تاغلىرىغا، نى قۇدرىتى بولسىمۇ، زۇۋان سۈرمەي تۇرغان تىلسىماتلىق چۆل ـ دالىلىرىغا ئۆزىنىڭ ئۆچمەس ئىزنالىرىنى نەقىشلىدى. ئانا يۇرتۇڭنىڭ گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلىرى ھەربىر شىلدىرلاشلىرىدا سىنىڭ كۈيۈڭگە قوشۇلدى. دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ شاۋقۇنلىرىدا سىنىڭ گاھ يىراق ئەجدادلىرىڭنىڭ مۇڭلىرىنى ئەكس ئەتكۈزگەن، گاھ زاماندىشلىرىڭنىڭ تۇيغۇلىرىنى تەڭكەش كەلتۈرگەن، گاھ ئەۋلادلىرىڭنىڭ پاك سېزىملىرىنى چۇچۇك سۆزلەتكەن خىلمۇخىل كۈيلىرىڭنىڭ ئەكس ساداسى بار.

سەن خەلقىڭنى كۈيلىدىڭ، دوستۇم، ئانا يۇرتۇڭنى كۈيلىدىڭ. خەلقىنى سۆيگەن ئىنسانىنى خەلقىمۇ سۆيىدۇ. ئانا يۇرتىغا ھىممەت كۆرسەتكەن ئادەم ئانا يۇرتىدىن ئىززەت تاپىدۇ.

مانا بۇ تون سىنىڭ ئەجىر ـ ئىزىمىڭنىڭ مۇكاپاتى. سەن بۇ توننىڭ ئىچىدە ئۆزۈڭنى مەڭگۈ ئەل ـ يۇرت ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىل.

مۇبارەك بولسۇن، كۈيچى ئوغلانىم!

سىنىڭ كۈي چېچەكلىرىڭ سەنئەت گۈلزارىدا قۇچىقىڭدىكى گۈللەردەك رەڭ تالىشىپ تۇرسۇن!

2000 ـ يىلى 6 ـ ئاي

www.uyghurkitap.com

# دۇتارىم①

قوش تارىڭنى بارمىقىم بىلەن چېكىمەن، دۇتارىم، خۇددى كۆي قەسرىنىڭ روجىكىنى چەككەندەك؛ سەن سازلىنىسەن، دۇتارىم، خۇددى دېرىزىنى ئېچىپ قويۇپ مېنىڭ كىرىشىمنى كۈتكەندەك.

پەدىلەرنىڭ نازىغىتىپ بېسىلىشلىرىدىن ياڭرىغان كۆي يۇرەكلەردە ئەكس سادا پەيدا قىلغاندا، سېنىڭ سېھرىي قۇدرىتىڭگە ئىنسان قايىل بولماسلىقى مۇمكىنمۇ!؟

ئۆتكەن كۈنلەرنى ئاجايىپ يادنامە سۈپىتىدە قايتا ئەسكە سالغىنىڭدا، كىشى سېنى ئۆزىگە سىرداش تۇتماسلىقى مۇمكىنمۇ!؟

ياق، مۇمكىن ئەمەس !

شۇڭا، سەن خەلقىمنىڭ مۇڭدىشى ھەم سىردىشى.

شۇ قاتاردا مەندەك ناتىۋاننىڭمۇ ئەڭ يېقىن دىلكىشى، دۇتارىم !

سېنى ھەر قېتىم قولۇمغا ئالغىنىمدا مۇشۇلارنى ئويلايمەن، سېنىڭ ئېسىل ـ ياسىداق ئۆيلەردىمۇ، غېرىبانە كەپىلەردىمۇ، سەھنە ـ مەيداندىمۇ، ئېتىز ـ خاماندىمۇ، قىز ـ يىگىتلەرنىڭ تويلىرىدىمۇ، ئۆستەڭ بويلىرىدىمۇ، كۈندۈزدىمۇ، كېچىدىمۇ ياڭراشلىرىڭ، قىزنىڭمۇ، يىگىتنىڭمۇ، بوۋاينىڭمۇ، مومايىنىڭمۇ،

① بۇ ئەسەر خەلق ناخشىچىسى، كومپوزىتور سەنۇبەر تۇرسۇننىڭ ئىجادىيەت كېچىلىكىگە بېغىشلانغان.

ھەتتا بويى سىنىڭ يىرىم بويۇڭغا كەلمەيدىغان بالىلارنىڭمۇ قولىلىرىدا شوخ تارانە قىلىشلىرىڭ كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ.

دادام رەھمەتتىنىمۇ ئويلايمەن، ئاجايىپ چالاتتى سىنى دەيمەن.

ئانام رەھمەتتىنىمۇ ئويلايمەن، سىنى چوڭقۇر زوقى بىلەن ئاڭلايتتى دەيمەن.

ئاكام رەھمەتتىنىمۇ ئويلايمەن، تەمبۇرنى قالتىس تەڭكەش قىلاتتى دەيمەن.

سىنى چالغىنىمدا ئويلايدىغانلىرىم تېخىمۇ جىق، دۇتارىم.

ئادەملەر ئارىسىدا چالسام، ئۆزۈمنى سەن بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەك، ئۆزۈممۇ بىر مۇزىكىغا ئايلىنىپ كەتكەندەك ھېس قىلىمەن. تۇيغۇلىرىم قوندىقىڭدىن ئۇچقان قۇشتەك بۇيۇكلۇككە كۆتۈرۈلىدۇ. يېقىنلىقىمۇ، يىراقلىقىمۇ نەزەر سالىمەن، ئۆتمۈشنىمۇ، كەلگۈسىنىمۇ ئويلايمەن، ئۆزۈمنى تۇرمۇشتىكى كىچىك دۇنيايىمدىن ھالقىغاندەك، بارلىق چاكىنىلىق، نەپسانىيەتچىلىك، ھەشەمەتچىلىكتىن قۇتۇلۇپ، ئۇلۇغۋارلىققا، ساددىلىققا، تەبىئىيلىككە قايتقاندەك، پۈتكۈل جاھانغا قۇياش ئېگىزلىكىدە قاراۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. بۇ مېنىڭ ئۆزۈمنى كۆرسەتكىنىم ئەمەس، بەلكى سەن بەخش ئەتكەن زىل تۇيغۇ كۆزلىرىدە ھەقىقىي ئۆزۈمنى كۆرگىنىم، دۇتارىم.

سىنى يالغۇز ئولتۇرۇپ چالغىنىمدا، سەن خۇددى قولىقىم تۈۋىدە پىچىرلاپ ماڭا مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋاتقاندەك بىلىنىسەن؛ مەن بىلەن مۇڭدىشىسەن، قەلبىمنى قۇچاقلايسەن، ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالىسەن. تومۇرلىرىمدا ئاجايىپ بىر سەزگۈ يۈگۈرىدۇ. بۇ شېرىن سەزگۈ ساھىبىنى قۇچاقلىماقچى بولغاندەك، ئېڭىشىپ سىنى باغرىمغا تېڭىۋالغۇم، بولسا قارنىڭنى يېرىپ ئىچىڭگە كىرىۋالغۇم كېلىدۇ. خۇددى تاتلىق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

چۈشتىن ئۆيغىنىپ كېتىشكە قىيمىغاندەك، مەستخۇشلۇق ئىچىدە كۆزۈمنى يۇمىمەن؛ بۇ شېرىن سېزىمنىڭ مېنى تاشلاپ قېچىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، ساڭا چىڭ يېپىشىمەن.

نېمىشقا... نېمىشقا مېنىڭ سەندىن ئايرىلغۇم كەلمەيدۇ؟

چۈنكى، مەن ئاشىق، سەنئەتكە ئاشىق — ساڭا ئاشىق، دۇتارىم!

مەن سېنى چېلىۋاتىمەنمۇ، دۇتارىم، ياكى سەن مېنى چېلىۋاتامسەن؟

بۇنى بىلمەيمەن. مېنىڭ بىلىدىغىنىم: سېنىڭ تارلىرىڭ تىترىگەندە مېنىڭ يۈرەك تارىممۇ قوشۇلۇپ تىترەيدۇ، سېنىڭ كۈيۈڭ ياڭرىغاندا، مېنىڭ قەلب كۈيۈممۇ تەڭ ياڭرايدۇ.

ياڭرىغىن، دۇتارىم، ياڭرا! مەن ناخشامنى ساڭا جور قىلاي. بىزنىڭ ناخشا - كۈيلىرىمىز گۈزەللىككە تەشنا قەلبلەردە ئەكس سادا پەيدا قىلسۇن. بۇ سادا جىددىيلىك ئىچىدە ئىشلەۋاتقانلارغا بىرپەس ئاراملىق بەخش ئەتسۇن؛ بۇ سادا پېچ - ئوچاق ئالدىدا تەرلەپ - تەپچىرەۋاتقانلارغا مەيىن شامالدەك بىرپەس سالقىنلىق ئاتا قىلسۇن!

ياڭرىغىن، دۇتارىم، ياڭرا، مەن ناخشامنى تۈۋلاي. بىزنىڭ سادايىمىز تۇپراققا ھالال تەرىنى سىڭدۈرۈپ نېمەتلىرىدىن ھەممىمىزنى تەڭ بەھرىمەن قىلىۋاتقان، خالىس نىيەت بىلەن يۇرتقا ئامانلىق، نەرخكە ئەرزانلىق، سۇ - يامغۇرغا راۋانلىق تىلەپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا يەرگە ئىشلەۋاتقان دېھقانلىرىمىزغا، يەنە يېڭىچە بىر ئىستىقبال ئۈچۈن يول ئىزدەپ كېلىۋاتقان ئىشلەمچىلىرىمىزگە مەدەت ۋە ئىلھام بېغىشلىسۇن.

ياڭرىغىن، دۇتارىم، ياڭرا! مەن ناخشامنى تۈۋلاي. بىزنىڭ ناخشا - كۈيلىرىمىز غەمناكنى غەمدىن، نامراتنى موھتاجلىقتىن، بىمارنى دەردتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا

تىرىشىۋاتقانلارغا غەيرەت ـ جاسارەت بەخش ئەتسۇن.

ياڭرا، دۇتارىم، ياڭرا، مەن ناخشامنى ئەۋجگە كۆتۈرەي.

بۇ خەلق ناخشىسى، خەلقنىڭ ناخشىسى !

بۇنىڭدا خەلقىمنىڭ ئارمىنى بار، ئۈمىدى بار؛ مېھرى بار، مۇھەببىتى بار.

بۇنىڭدا پۈتكۈل خەلقىمنىڭ مەڭگۈلۈك خىتابى بار.

بىزنىڭ ياڭرىتىۋاتقىنىمىز مانا مۇشۇ مەڭگۈلۈك !

ياڭرا، دۇتارىم، ياڭرا...

2006 ـ يىلى 12 ـ ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# هاياتلىق

ئۇ بەختىيار ئىدى. ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئۇچۇن شۇنچە يېقىن ۋە يېقىملىق ئىدى. ئۇنىڭغا ئاسمان گويا ئۆيىنىڭ تورۇسىدەك، زېمىن بەئەينى ئۆيىدەكلا بىلىنەتتى.

ئۇ كۈندۈزلىرى دەريا شاۋقۇنىغا شاۋقۇن قېتىپ ئوينايتتى، قوزا ـ ئوغلاق، تاي ـ قۇلۇنلارغا جۆرە بولۇپ چېپىپ يۈرەتتى، كېچىلىرى يۇلتۇزلارغا قاراپ: «ئاۋۇ بوۋامنىڭ يۇلتۇزى، ئاۋۇ مومامنىڭ؛ ئاۋۇ دادامنىڭ يۇلتۇزى، ئاۋۇ ئانامنىڭ» دەپ كېتەتتى. ئۆزىنىڭ يۇلتۇزىنىمۇ ئىزدەيتتى، ئەڭ كىچىكى، ئەڭ يېقىن كۆرۈنگىنىنى مېنىڭ دەيتتى، كۆڭلىدە بەزى يۇلتۇزلارنى قېرىنداشلىرىغا، بەزىلىرىنى باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا، بەزىلىرىنى دوست ـ ئاداشلىرىغا بۆلۈپ بېرەتتى، شۇنداقتىمۇ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى تەقسىملەپ تۈگىتەلمەيتتى. شىلدىرلىغان يوپۇرماقلار ئۇنىڭغا چۆچەك ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلسا، ئېرىقتىكى سۇنىڭ شىرىلداشلىرى ئۇنى ئەللەيلەۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرى قەلبىگە ئىللىقلىق قوشاتتى. ئۇنىڭغا ئاق بۇلۇتلار ھامىنىسىنىڭ ئاق سالغۇچىدەك بىلىنسە، ئالا قارا بۇلۇتلار خانئانىسىنىڭ قارا ئەتلەس كۆڭلىكىدەك بىلىنەتتى. يامغۇر ياغسا، ھامماندا يۈيۈنۈۋاتقاندەك خۇش بولۇپ كېتەتتى؛ مۆلدۈر ياغسا، خۇددى بىرى تېرىق چېچىۋەتكەندەك كۈلۈپ كېتەتتى؛ قار ياغسا، سان ـ ساناقسىز كېپىنەك

ئۇچۇۋاتقانلىقىدەك يايراپ كېتەتتى ياكى پاختىچى ئۇستام دۇكان كىرىچىگە مۇشتا[1] ئۇرۇپ توزغاق چاچرىتىۋاتقاندەك قىزىقىپ قارايتتى. ھەسەن ـ ھۈسەن ئۇنىڭغا بەزىدە توز رەڭدار قانىتىنى يايغاندەك بىلىنسە، بەزىدە ئەرش دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىنى تۇتاشتۇرغان دۆڭ كۆۋرۈكتەك بىلىنەتتى. شاماللار ئۇنى سۆيۈپ ئۆتەتتى، بورانلار ئۇنىڭ بىلەن قوغلاشماق ئوينايتتى. تۇمانى خۇددى زېمىن ئەتەي چىمىلدىق تارتىۋالغاندەك ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى.

ئۇنىڭ ئۇچۇن چىمەنلىك — كۆرپە؛ كۆل ـ ئۆستەڭلەر — سۇ چاچرىتىپ ئوينايدىغان داس؛ دەرەخلەر — جۇجەم ئۆزىدىغانغا چىقىدىغان شوتا؛ تاغ ـ ئېدىرلار — يۇگۇرۇپ چىقىپ ئولتۇرۇۋالىدىغان تونۇر بېشى ئىدى.

ئۇ دائىم يۈز ـ كۆزىگە ئۇن توزۇغاندەك چاڭ باستۇرۇپ، ئۇستىبېشىغا لاي ـ لاتقىدىن گۇل باستۇرۇپ يۈرەتتى. ئۇ لاي ـ توپىلارنىڭ ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئۇششاق جانلىقلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى، مىكرو جانلىقلارنى زوئولوگلارنىڭ مىكروسكوب بىلەن كۆرۈپ تۈرلەرگە ئايرىيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ھەر خىل ئىسىملارنى قويىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى، لېكىن ئەسلىي تەبىئەتنىڭ، ئۇنىڭ تەبىئىتىنىڭ خاھىشى ۋە ئىنتىلىشى شۇ بولسا كېرەك، ئىشقىلىپ توپىغا مىلىنىپ ئوينايتتى، شۇ ئوينىشىدا زەررىچىدىنمۇ كىچىك شۇ جانلىقلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرەتتى، بېلىجانلارنى سۇ بىلەن ئالىقىنىغا ئېلىپمۇ ئوينايتتى، يىڭناغۇچ قوغلاپمۇ ئوينايتتى، يەنە مۇشۇكنى مۇرىسىگە چىقىرىپ، كۈچۈكنى كەينىگە سېلىپ يۈگۈرەيتتى، كەپتەرلىرى بېشىدا پەرۋانىدەك ئەگىپ يۈرەتتى.

ئۇ ھەر خىل پۇراقلاردىن ھوزۇرلىنىشنى بىلەتتى،

[1] مۇشتا — چىلان ياغىچىدىن ياسالغان توقماق، پاختا ئېتىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

گۈللەرنىڭ خۇش ھىدى، گىياھلارنىڭ ياۋا پۇرىقى، مېۋە، ئوتياشلارنىڭ تاتلىق پۇراقلىرى، قارىغايلىق ئىچىدىكى مۇخلارنىڭ نەم ھىدى، خامانىدىكى سامانلارنىڭ قۇرغاق پۇراقلىرى، قوتانلاردىكى چىلە پۇراقلىرى، ھەممە ـ ھەممە پۇراقلار ئۇنىڭغا شۇنچە تەبىئىي، يېقىملىق بىلىنەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ساپ ھاۋا مانا مۇشۇ پۇراقلاردىن تەركىب تاپقانىدى.

ئۇ ئاغىنىلىرى بىلەن دەرەخكە تىيىندەك يامىشىپ چىقىپ ئۈجمە، ئۆرۈكلەرگە ئېغىز تېگەتتى، ۋاشاڭ قىلىنغان ئېتىزلاردىن كولىۋالغان بەرەڭگىلەرنى ئوتقا كۆمۈپ پىشۇراتتى، ئېگىزلىقتا قالغان باشاق دانلىرىنى تېرىپ تۆمۈر قالپاقتا قورۇپ يەيتتى، توقاچ ـ نانلىرىنى بۇلاقنىڭ بۇلدۇقلاپ تۇرغان كۆزىگە تاشلاپ، ئېقىپ چىققان يەرلىرىدىن تۇتۇۋېلىپ يۇمشاق ـ يۇمشاق چىشلەيتتى، ئېرىقتا دۈم يېتىۋېلىپ چاي ئورنىدا مۇزدەك سۇنى ئىچەتتى.

ئۇ كېچىلىرى باللار بىلەن قوغۇنلۇقتا كىرەتتى، قاراڭغۇدا ئۈزۈپ چىققىنى تولۇق خەمەك بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تاتلىق تېتىيتتى. چۈنكى، ئۇنىڭچە بۇ خۇپىيانە ھەرىكەت ئەجىر ھېسابلىناتتى. شۇڭا، دادىسى ئۆيگە دۆۋىلەپ قويغان قوغۇن ئۆزى خەتەرگە قارىماي ئۈزۈپ چىققان قوغۇنغا ھەرگىز يەتمەيتتى. ئۇ قارا بۇيىلارنى، قارىغاي دېۋىرقايلىرىنى، سېغىز لايىنى، ھەتتا تامنىڭ داڭگال ـ سىپاقلىرىنىمۇ چايناپ كېتەتتى. بۇنىڭدىكى لەززەتنى پەقەت ئۆزىلا ھېس قىلاتتى.

سەھەردە بالقىپ چىققان قۇياش ئۇنىڭغا سالام بەرگەندەك بىلىنەتتى، ئۇمۇ قۇياشقا سالام بېرەتتى، كۆرۈنگەنلا ئادەمگە سالام بېرەتتى، ئۇلارمۇ ئىللىك ئېلىپ، ئۇنىڭغا سالام قايتۇراتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە دەرەخلەرمۇ، گۈللەرمۇ ئۇنىڭغا سالام بېرەتتى، قوي ـ قوزىلارمۇ، كۈچۈك، ئاسلانلارمۇ، ئۇچار قاناتلارمۇ تىنچلىق ـ ئامانلىق سورايتتى.

ئۇنىڭ ئۇچۇن پۈتكۈل ئەتراپ تەبەسسۇم قىلاتتى، ئۇمۇ ھەممىگە كۈلۈپ قارايتتى...

ھاياتلىق ھەمىشە كۈلۈپلا قارىمايدىكەن. ئۇنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدىكەن. لېكىن، ئۇ شۇنداق چاغلاردىمۇ كۈلدى، خۇددى ئاچچىقلىنىپ قالغان مومىسىغا ئەركىلەپ كۈلگەندەك كۈلدى.

لېكىن، كۈلۈپلا ئۆتكىلى بولمايدىكەن.

يېڭى تۇغۇلغان تايغا يۈك ئارتىلمىغان بىلەن، ئۇنىڭ بېلى سەل قاتقان ھامان تۇرمۇش ئۇنىڭغىمۇ يۈك ئارتىدىكەن. ئۇمۇ ئۆسمۈرلىكىدە بۇ يۈكنى كۆتۈردى.

ئۇ ھاياتلىق يولدا كېتىۋېتىپ مۆدۈرۈلگەنلەرنىمۇ كۆردى، يىقىلغانلارنىمۇ كۆردى، يۆلىنىۋالغانلارنىمۇ كۆردى، قولتۇقلاپ ماڭغانلارنىمۇ كۆردى، يىغلىغانلارنىمۇ كۆردى، ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ قويغانلارنىمۇ كۆردى، قاقشىغانلارنىمۇ كۆردى، ناخشا ئېيتىپ ماڭغانلارنىمۇ كۆردى...

ئۇمۇ ناخشا ئېيتتى، دەسلەپ غىڭشىپ ئېيتتى، كېيىن ئاۋازىنى قويۇۋەتتى، ئۇنىڭ ئېيتىۋاتقىنى كۆپ ئادەملەر بىلىدىغان ناخشا ئىدى، قەدەم رىتىمىنى ئەسلىتىدىغان مارشقا سەل ئوخشايتتى. مومىسى ئۇنىڭ ناخشىسىغا دىمىقىدا قوشۇلۇپ غىڭشىدى، غىڭشىۋېتىپ: «سېنىڭمۇ ئۆز ناخشاڭ بولىدۇ» دەپ پىچىرلىدى.

راست ئىكەن، ئۇنىڭمۇ ئۆز ناخشىسى بار بولدى. بۇ ناخشا گۈزەل ھەم مۇڭلۇق ئىدى، لەرزان يېيىلىپ ئايدىڭ كېچىلەرنى قۇچاقلايتتى، مۇڭلىرى بىلەن تال ـ چىۋىقلارنى تولغاندۇراتتى. بۇ ناخشىدىكى زارنى ئاڭلىغاندا كۆل سۇلىرى چايقىلىپ قىرغاقا ئۆزلىرىنى ئۇراتتى، شاخ ـ يوپۇرماقلار ئۆزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەريانغا تاشلاپ پەرياد چېكەتتى، بولاقلار بولدۇقلاپ يىغلايتتى. بۇ يوشۇرۇن سۆيگۈنىڭ قۇدرىتىدە كۆكرەككە پاتمايۋاتقان ھاياجاننىڭ لەرزى ئىدى. بۇ سۆيگۈ ئاخىر ئۇنىڭ ئاشىقىنىمۇ زىلزىلىگە سالدى.

«كۆزۈڭ يورۇق بولسۇن» دەپ بىكار تىلەك تىلىمىگەنىكەن ئىنسان. ئۇنىڭ كۆز ئالدى ۋاللىدە يورۇدى. ئۇ ئالەمنىڭ بۇ قەدەر يورۇق، بۇ قەدەر گۈزەل، بۇ قەدەر مېھىرلىك ئىكەنلىكىنى بۇرۇن ھېس قىلىپ باقمىغانىدى. ئۇ پۈتكۈل ئالەملىك مەنپىي - مۇسبەتنىڭ ئۆزئارا تارتىشىش قانۇنىيىتىدىن ئىنسانغا ئەندىزە ئالغان ئاللاغا شۈكۈر - سانا ئېيتتى. ئالەمدەك جازىبىدار، ئالەمدەك سىرلىق بۇ تۇيغۇنىڭ گۈلدەك بەرق ئۇرۇپ، چۆلسىرىگەن تۇرمۇشىنى بېزىگىنىگە تەشەككۇر ئېيتتى، ئۆزىنىڭ ئادەم بولۇپ يارىلىپ قالغىنىغا سۆيۈندى.

ئۇنىڭ ئېرىقتىكى لاي سۇدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ياشلىقىغا ھەسەلدىن تاتلىق تەملەر قوشۇلدى. ئۇ بۇ شېرىنلىككە قانمايتتى، ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇراتتى، ۋىسال دېڭىزىغا چۆمۈلەتتى، ئۇنىڭدىن چىققۇسى كەلمەيتتى. يارىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ تۆپىلىكلەرگە چىقاتتى، ئەتراپتىكى يېشىللىقلارغا قاراپ قاقاھلاپ كۈلەتتى؛ يىراق - يىراقلارغا قاراپ ۋارقىرايتتى. بۇ چاغدا تاغلار ئەكس سادا قايتۇراتتى، قۇشلار ۋىچىرلاپ سايرىشاتتى، تاغ سۇلىرىمۇ تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ شاۋقۇن سالاتتى. ئۇ: تەبىئەت خۇشاللىقىمغا جور بولۇۋاتىدۇ، دەپ تېخىمۇ يايراپ كېتەتتى ۋە ناخشا توۋلايتتى. بۇ رومانتىكىغا — ياشلىق مۇھەببىتىگە تويۇنغان ناخشا ئىدى... ئانىسى ئۇنىڭ ناخشىسىغا دىمىقىدا قوشۇلدى ۋە ئىچىدە: «سېنىڭ ناخشاڭغا يەنە يېڭى مەنىلەر قوشۇلىدۇ» دېدى.

دەرھەقىقەت، شۇنداق ئىكەن. ئۇنىڭ ناخشىسىغا يېڭى بىر

مەنە قوشۇلدى. بۇ يېڭى جان ئىگىسىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن قوشۇلغان مەنە ئىدى. ئۇ پەرزەنتلىك بولدى — ھاياتلىقنىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان يېڭى بىر مېھرىگە ئېرىشتى. بۇ مېھىر ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ئىللىق، تېخىمۇ نۇرلۇق، تېخىمۇ يېقىملىق قىلىۋەتتى. ئۇ پەرزەنتىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى كۆردى، ئۆزىنىڭ بوۋاقلىق دەۋرىنى كۆردى. پەرزەنتى كۈلسە كۈلدى، كۈلمىسىمۇ كۈلدى؛ يىغلىسا جىددىيلەشتى، يالۋۇردى، پەپىلىدى، كۆتۈرۈپ ئۇيان - بۇيان يۈگۈردى، كۆكرىكىگە باستى، مەڭزىگە سۆيدى، ئېگىز كۆتۈردى، تۆۋەنلەتتى، يەنە ئېگىز كۆتۈردى، بوۋاق جىڭغىۋەتتى، ئۇ كۈلۈپ كەتتى، باھار يامغۇرىدا قالغاندەك كۈلۈپ كەتتى، بوۋىقىنىڭ يىغىسىنى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى زاڭلىق قىلدى.

ئۇ پەرزەنتىنىڭ تۇنجى چىنىنى چاقىنىنى كۆرگەندە زوقلاندى، چېقىشنى بىلگەن ئادەم كېيىن ياساشنىمۇ بىلىدۇ، دېدى.

بالىسى تەمتىلەپ ماڭغاندا ئۇمۇ يۈكۈنۈپ، ئېڭىشىپ يېقىلغۇدەك بولدى.

بالىسىنىڭ تىلى يېڭى چىقىلى تۇرغاندا، ئۇمۇ تەڭ ھەجىلىدى.

بالا رەسمىي ماڭغۇچە نۇرغۇن يىقىلدى، ماڭغاندىن كېيىنمۇ يىقىلدى، پۇتلاشتى، ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى زەخىملەندى. قان ئېقىپ تۇرغان يارىنى كۆرگەندە ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى، لېكىن چىدىدى، مېڭىشتا يىقىلىش بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇ سەل - پەل چۈشىنەتتى. بالا بەزىدە زۇكامداپ قالىدىكەن، ئېغىر كېسەلمۇ بولىدىكەن. بالىسى قىزىغاندا، ئۇنىڭ مۇز بولۇپ سوۋۇتقۇسى كەلدى؛ بالىسى مۇزلىسا، ئوت بولۇپ ئىسسىتقۇسى كەلدى؛ بالىسى تەرلىسە، شامال بولۇپ قۇرۇتقۇسى كەلدى؛ بالىسىنىڭ كېسەل ئازابىنى پۈتۈنلەي ئۆز زىممىسىگە

www.uyghurkitap.com

ئېلىنىۋالغۇسى كەلدى، لېكىن بۇ ئازابىنى تەك كۆتۈرۈشۈپ بەرگىلى بولمايدىكەن. قولىدىن كېلىدىغىنى داۋالىتىش، پەرۋىش قىلىش، كۆڭلىنى ياساش، ئۈمىدلەندۈرۈش... ئۇيقۇسىز كېچىلەر، ئالدىراش كۈندۈزلەر... ئەجىر، ۋاقىت ھەممىنى ھەل قىلىدىكەن. ئۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدىكەن. ئادەم بالىسىنىڭ تەستە چوڭ بولىدىغانلىقىنى ئۇ بالىسىدىن چۈشەندى.

ئۇ بالىسىنى قولىدىن يېتىلەپ كېتىۋېتىپ پاراڭ سېلىپ بېرەتتى، ئۇنىڭ تاتلىق گەپلىرىنى ئاڭلايتتى، زوقلىنىپ كۈلەتتى، بەزىدە ناخشا توۋلايتتى، بالىسىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلاتتى.

دادىسى ئۇلارغا زوقلانغان ھالدا: «بۇ ناخشاڭغا يەنە قوشۇلىدىغانلار بار» دېدى.

راست ئىكەن، بالا بىر ئىدى، ئىككى بولدى، ئاندىن ئۈچ، تۆت... بولدى. بىر ئائىلىنىڭ يۈكى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇ چوڭقۇر چۈشەندى. ئۇ ئىشلەيتتى، چىشىنى چىشلەپ ئىشلەيتتى، بەزىدە ئەجىرىگە تۈشلۈق ھوسۇل ئالاتتى، بەزىدە لەۋلىرىنى چىشلەپ قالاتتى، شۇنداقتىمۇ ئىرادىسىدىن يانمايتتى. ئەر ئەمگەككە يارالغان، دەيتتى ئىچىدە ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ.

تىرىكچىلىك ۋەسۋەسىسى بىلەن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئېشىنالمىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەندە، ئۇلار بۇ دۇنيادىن ئاللىبۇرۇن خوشلىشىپ بولغانىدى. ئاتا ـ ئانا دېگەن شۇنداق بولىدىكەن، ئۇ ئۇلارغا ھېچقانچە ئىش قىلىپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭدىن رازى، مەمنۇن بولغانىدى. ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىدىن رازى بولۇشى ئۆزلىرى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان بۇ جان ئىگىسىنىڭ ھاياتلىق يولىدا دەسلەپ تەمتىلەپ، كېيىن گۈرسۈلدەپ مېڭىپ، نەسەبىنىڭ ھاياتلىق زەنجىرىنى ئۇلاشتۇرۇپ كېتەلىگەنلىكى ئۈچۈنمىدۇر؟!

بالا ياخشى بولسىمۇ شۇنداق، يامان بولسىمۇ شۇنداق، ئاتا ـ ئانا ھامان بالىسىدىن مەمنۇن، بەزىدە خاپا بولسىمۇ، زارلانسىمۇ، لېكىن كۆڭلىنىڭ تېگى بىر يەرلىرىدىن ھامان ئۇنى سۆيىدۇ، بالىسى سۆيسىمۇ سۆيىدۇ، سۆيمىسىمۇ سۆيىدۇ، بالىسى كۆيسىمۇ كۆيىدۇ، كۆيمىسىمۇ كۆيىدۇ، بەلكىم ئۆز جىسمىدىن يارالغانلىقى ئۈچۈن شۇنداقتۇر!؟ ئۇمۇ بالىلىرىغا شۇنداق، بالىلىرى ئۆي ـ ئوچاقلىق، بالا ـ ۋاقىلىق بولغان بولسىمۇ، ھەمىشە ئۇلارنىڭ غېمىنى يەيدۇ، ئۇلارنىڭ بىرەر ئىشتا «بالىلىق قىلىپ قويۇش»ىدىن ئەنسىرەيدۇ، بالىلىرىغا ئاتا ـ ئانىلىقنى لايىقىدا يەتكۈزەلمەسلىكىدىن تەشۋىشلىنىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا شۇنداق قىلغان، ئۇمۇ بالىلىرىغا شۇنداق قىلىدۇ، يەنى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بالىلىرى ئۈچۈن ياشايدۇ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا تەڭ كۈلىدۇ، خاپىلىقىغا تەڭ يىغلايدۇ...

ئۇ ئەمدى قىرانلىق يېشىغا يەتتى، ئالدىدا نەۋرىسىنىڭ سەكرەپ ـ ئويناپ يۈرگەنلىرىگە زوقلىنىپ قارايدۇ.

نەۋرىسى ئۈچۈن ئاسمان ئۆينىڭ ئۆگزىسىدەك بىلىنىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسمان يەتكىلى بولمايدىغان بۈيۈكلۈك.

يۇلتۇزلار نەۋرىسى ئۈچۈن ئانىسىنىڭ بويىنىدىكى كەھرىۋالارغا ئوخشاش، لېكىن ئۇنىڭ نەزىرىدە بارغىلى بولمايدىغان سىرلىق بىر ماكان.

بۇلۇتلار نەۋرىسىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئاق شايى ياغلىق، قارا پەرەنجە ياكى باشقا بىرنېمە، ئۇنىڭ ئۈچۈنچۇ، ئۇ پەقەت بۇلۇت — يامغۇر ـ يېشىن ئەكېلىدۇ ياكى بوران...

ئۇمۇ مۇشۇ نەۋرىسىدەك چېغىدا تەبىئەتنى ئاشۇنداق تەسەۋۋۇر قىلغان. شۇ تەسەۋۋۇر بىلەن بالىلىق تۇيغۇلىرىنى قاناتلاندۇرغان، لېكىن تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ئۇنى ئەتراپقا مۇشۇنداق رېئال قارايدىغان قىلىپ قويدى. تۇرۇپلا ئۇ بالىلىق چېغىدا ھېس قىلغان دۇنيا بىلەن ھازىرقى چېغىدا كۆرۈۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دۇنيانىڭ پەرقىگە ھەيران بولدى.

«ھەيران بولما، — دېدى بىر دانا، — ئۇنىڭغا قانداق قارىساڭ، ئۇ شۇنداق»

شۇنداق ئوخشايدۇ بۇ دۇنيا. گۈزەل دېسەڭ گۈزەل، ئادەتتىكىدەك دېسەڭ ئادەتتىكىدەك، قىزغىن دېسەڭ قىزغىن، سالقىن دېسەڭ، سالقىن! كۈلسەڭ، كۈلىدۇ؛ يىغلىساڭ، يىغلامدۇ؟ ياق، يىغلىمايدۇ. يىغلىشىڭنى ياقتۇرمايدۇ، چەتكە قاراپ بىپەرۋا تۇرۇۋېرىدۇ؛ قاقشاپ يالۋۇرساڭمۇ بىكار، ئۈندىمەيدۇ، مەيلى غەزەپلىنىپ ۋاپاسىز دېسەڭمۇ دە، ئالدامچى دېسەڭمۇ دە، ئۇ يەنىلا شۇ تۇرقى بىلەن — بىر قارىساڭ ئادەم، ماشىنىلار ئۈنسىز كېتىۋاتقان شەھەر كوچىلىرىدەك، بىر قارىساڭ سۇنايلىنىپ ياتقان تاغ - ئېدىرلاردەك، بىر قارىساڭ دولقۇنلىرى كۆۋەجەپ تۇرغان چەكسىز دېڭىزدەك، بىر قارىساڭ گۇگۇم قويىنىدىكى كەڭرى دالادەك تۇرۇۋېرىدۇ. بۇ چاغدا ئۆزۈڭنىڭ ئېڭىزلىقتىكى غېرىبانە كەپىدەك بويۇن قىسىپ قالغانلىقىڭنى، ئېتىبارسىز قالغانلىقىڭنى ھېس قىلىسەن. بۇنى ئۇ قىرانلىق يېشىدىن ئۆتكەندە ھېس قىلدى.

ئۇ بالىلىقىدا تەبىئەتنى، مۇشۇ تەبىئەتكە ئۆزىنى ئاپىرىدە قىلغان ئاتا - ئانىسىنى، مۇشۇ تەبىئەتتە يايراۋاتقان دوست - ئاداشلىرىنى سۆيگەنىدى؛ ياشلىقىدا جۇپتىگارىنى، بالىچاقىلىرىنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى سۆيدى؛ يەنە باشقا ئادەملەرنىمۇ سۆيۈش كېرەك ئىكەن. ئۇلار مەيلى ئەجابىي، ياكى سەلبىي جەھەتتە بولسۇن، دۇنيادا زادى قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدىكەن. بۇ دۇنيادا كۆڭۈللۈك ياشاي دېسەڭ، دۇنيانى سۆيۈشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭ كېرەك ئىكەن. ئۇ سەندىن پەقەت مېھىر - مۇھەببەتلا تەلەپ قىلىدىكەن. سەن سۆيسەڭ، ئۇمۇ سېنى سۆيىدىكەن، يەنە كېلىپ مېھىر بىلەن سۆيىدىكەن، لېكىن بىرلا يېرى، ئۇ قالىدىكەن، بىر كۈنى سەن

كېتىدىكەنسەن.

«مەن ياشىغاچقىلا بۇ ماكان، بۇ مۇھىتنى دۇنيا دەۋاتىمەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئادەمدىن ئىبارەت ھاياتلىق بولغاچقىلا، دۇنيا دۇنيا بولىدىكەن. بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ چەكلىكلىكى بۇ دۇنيانىڭ چەكسىزلىكىنى، ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ چەكسىزلىك ئىچىدە ھاياتلىق ئامانىتىنى قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ بېرىۋاتقىنىدەك داۋام قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدىكەن. كىشىلىك تۇرمۇش گۈزەللىك گۈلزارى بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە مۇناسىپ تىكەن ـ شوخىلىرى بار ئىكەن. كىشىلىك ھايات ياخشىلىق يارقىنلىرىغا تولغان بولسىمۇ، لېكىن يامانلىقنىڭ قارا سايىسىدىن خالىي بولالمايدىكەن. ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى مەركەز قىلغان شەيتان ۋەسۋەسىسى ئىنسان روھىيىتىدە پات ـ پات ئىسيان كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن، ئۇ شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدىلا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قالماي، بەزىدە بىر ئائىلىنىڭ قالقىنىمۇ بولالايدىكەن، بەزىدە بىر جامائەگە قىبلىنەما، بەزىدە ھەتتا ئىنسان تۈركۈملىرىگە تۇغمۇ بولالايدىكەن. ئىنسان بۇ ۋەسۋەسىنى چىرايلىق سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن بېزەيدىكەن، ئۇنىڭغا تون ـ سەللە ئىنئام قىلىپ مەدھىيەلەر ئوقۇيدىكەن، ھەتتا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىدىكەن. بۇنداق قۇربانلىقلار كۆپەيگەندە، ئۇ دەررۇ غەپلەتتىن ئويغىنىدىكەن ۋە ئۆزى ئۇستىدە ئويلىنىدىكەن. بۇ دۇنيانىڭ ئەمىن، ئەركىنلىك، ئەدلى ـ ئادالەت، باراۋەرلىك، ھەمدەملىك، مېھىر ـ مۇھەببەت، ئەجىر ـ ئىجتىھات مەيدانى بولۇشى كېرەكلىكىنى يادىغا ئالىدىكەن ۋە بۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدىكەن. ئىستەك، غايىلەر دەۋر قىلىپ تۇرىدىكەن، خۇددى بۇ دۇنيانىڭ سەھنىسى بولغان يەر شارى ئۆز ئوقىدا دەۋر قىلىپ تۇرغانغا ئوخشاش. دۇنيانىڭ چەكسىز گۈزەللىك، چەكسىز زىددىيەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماھىيىتى مانا مۇشۇ يەردە ئوخشىمامدۇ.»

ئۇنىڭ ئويلىغىنى توغرا ئىدى. ئۇ تەنھالىق ئىچىدە ئولتۇرۇپ دۇنيانى تونۇۋاتاتتى. ئۇ بالىلىقتىكى تەنھا خىياللار قوچىقىدا دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلغان، ئەمدى دۇنيانىڭ سىرلىقلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتى.

تەڭتۇشلىرىنىڭ كۆپى بۇ دۇنيادىن كېتىپ بولدى. تېخى قايسى بىر يىللاردىلا قۇرداش ئاغىنىلىرى بىلەن توغۇلغان كۇنلىرىنى ئارقىمۇئارقا خاتىرىلەشكەن، نەبىي يېشىغا يېغىشلانغان مۆھۈر ئۈزۈكلىرىنى بارماقلىرىغا تاقاشقانىدى. مانا بۈگۈن شۇ ئۈزۈككە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ: شۇ ئاغىنىلەر قېنى؟ ئۇلارغا ھەۋەس قىلىشقان باشقا تەڭتۇشلار قېنى؟ بۇ دۇنيادا باسقان قەدەملىرىنى تەڭ ئەسلىشىپ، بالىلىق، ياشلىقلىرىدىكى شوخلۇق، بەڭباشلىقلىرىنى سۆزلەشكەندە تەڭ كۈلۈشۈپ، پۇشايمانلىرىنى تىلغا ئالغاندا تەڭ ئۇھ تارتىشىپ ئۆتكەن شۇ دىلكەشلىرى قېنى؟ قېرىلىقتىكى ھايات ئەسلىمە ئىچىدە ئۆتىدىكەن. ئۆتمۇشۇڭنى بالىچاقىلىرىڭغا سۆزلىسەڭ، ئۇلار ھېكايە ئاڭلىغاندەك ئاڭلايدىكەن، لېكىن تەڭتۇشلىرىڭدەك تولۇقلىيالمايدىكەن، شۇ پاراڭلارنى قاناتلاندۇرۇپ شۇ كۈنلىرىڭگە ئاپىرىپ تاشلىيالمايدىكەن. قېرىلىقتا ئاغىنىلىرىڭ بىلەن بالىمۇ بولالايسەن، يىگىتمۇ بولالايسەن، ھېچبولمىغاندا شۇ ئۇچرىشىش سورۇنلىرىڭدا قېرىمايسەن، قېرىغىنىڭنى ھېس قىلمايسەن ـــ مەيلى بىر كۈن بولسىمۇ، بىر ـ ئىككى سائەت، بىرنەچچە مىنۇت بولسىمۇ! دۇنيانىڭ تىلسىماتلىرى مانا مۇشۇنداق.

بۈگۈنىڭ ئۆتسە ئەتە دېيىلىدۇ. بۇنداق ئەتىلەر جىققايغانسېرى ئاي، يىل توشىدۇ، ئاخىرى ئۆتمۈش؛ يىراقلاشقانسېرى تارىخ شەكىللىنىدۇ. بۈگۈنىڭدە ھېس قىلالمىغىنىڭنى ئەتە،

ھېچبولمىغاندا ئاي، يىللاردىن كېيىن بولسىمۇ ھېس قىلىسەن.
ئۆتمۈش — تارىخ سەندىن يىراقلاشقانسېرى يورۇپ روشەنلىشىپ
بارىدۇ، خۇددى غەمسىز بالىلىق، شوخ ياشلىق دەۋرىڭ سەن
قېرىغانسېرى كاللاڭدا يارقىنلىشىپ بارغاندەك. ئۇنىڭ غەلدە ـ
غاشلىرىنى تاشلىۋېتىپ پەقەت مېغىزىنى، گۈزەل ھالىتىنى
قەلبىڭگە نەقىشلىۋالىسەن. قېرىلىق غەلىتە بولىدۇ: بۈگۈنىڭگە
شۇنچە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىسەن ـ يۇ، لېكىن ئۇنىڭ
ئىزناسى كاللاڭدا قالمايدۇ. پەرۋەردىگارنىڭ ئادەمنى قېرىغاندا
يېقىننى تۇتۇق، يىراقنى روشەن كۆرىدىغان قىلىپ ياراتقىنىنىڭ
قېرىغان كاللىنىڭ يىراقتا قالغاننى ئېنىق ئەسلەيدىغان،
تۇنۇگۇن بولغان ئىشنى بۈگۈن ئۇنتۇيدىغان ئالاھىدىلىكىگە ماس
كېلىپ قالغانلىقىنى قارىمامدىغان.

ئۇ قانداق ياشىدى، ئەسلىي قانداق ياشىشى كېرەك ئىدى؟
بۇنى ھازىر توغرا ئويلىيالايدۇ، لېكىن كەينىگە قايتالمايدۇ. بەزى
ئىشلىرىغا ئۆكۈنىدۇ، تولغىنىدۇ، ئاخىر يەنىلا «ئۆتكەنگە
سالاۋات» دېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ، شۇ سەۋەن ـ خاتالىقلارمۇ،
ئوڭۇشسىزلىقلارمۇ بەزىدە ئۇنىڭغا تاتلىق بىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ
ئادەمنىڭ ھامان مۇكەممەل بولالمايدىغانلىقىنى ھازىر بىلىدۇ.

ئەمدى ئۇنىڭ قەدىمى قىسقاردى، كەچقۇرۇنلىرى
نەۋرىلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئولتۇرىدۇ.
كىچىك باللار ئۇنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈشىدۇ، كىشىلەر
تىرىكچىلىك بىلەن ئالدىراش، ھاياتلىق ئۇنىڭ ياش
ۋاقتىدىكىدەك داۋام قىلىۋاتقان... راست، دۇنيا قېرىمايدىكەن.
ئادەم قېرىيدىكەن، ھايۋاناتمۇ قېرىيدىكەن، يېشىللىقلارمۇ
قېرىيدىكەن، لېكىن دۇنيا قېرىمايدىكەن. ئەتراپتا غازاڭلار
ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ، لېكىن دەرەخلەر ئەتىكى ھاياتلىقتىن دېرەك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بېرىپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. قاراڭغۇلۇق چۈشۈۋاتىدۇ، لېكىن تاغ كەينىدىكى سۇس قىزىللىق ئەتە قۇياشنىڭ يەنە كۆلۈپ چىقىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

شۇ تاپتا ئۇ كۆزى كۆرۈپ تۇرغان دۇنيانىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرىنى ئانچە ئاڭلىيالمايدۇ، لېكىن كۆزگە كۆرۈنمەس دۇنيانىڭ پىچىر ـ پىچىرلىرى ئۇنىڭ مېڭىسىدە شاۋقۇنلىماقتا. ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئۇ بالىلىرىنىڭ ئەسلىمىسى ئىچىدە ياشايدۇ، خۇداغا شۈكۈر، نەۋرىلىرىنىڭ گۆدەك قەلبىدىمۇ ئاز ـ تولا ئىزناسى قالار. ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ، ئۇنتۇلىدۇ. بەلكىم نامى ـ ئەمالى يەنە بىر ـ ئىككى ئەۋلاد تىلغا ئېلىنار، بارا ـ بارا، هامان ئۇنتۇلىدۇ.

«شۇنداقمۇ، دۇنيا؟» بۇ سوئال ئۇنىڭ خىيال دۇنياسىدىن ئىختىيارسىز ئېتىلىپ چىقتى.

دۇنيا ئۈندىمىدى. بۇ سوئالنى قويغاندا ئۇنىڭ خىيالى دۇنيا بىلەن تەڭ ئىدى.

سۈكۈت قۇدرىتى ئالدىدا ئۇ ئۆزىنى ئاجىز سەزدى، خىيالى ئالەمدەك كىچىكلىدى.

دۇنيانىڭ يارىتىلىش ۋە يارىتىش — تۇغۇم ۋە ئۆلۈم ۋەجىدىن هامان يېڭىلىنىپ تۇرىدىغانلىقى، بۇنىڭدا ئۆزىنىڭمۇ كىچىككىنە، لېكىن ئەرزىيدىغان تۇتاشتۇرغۇچى هالقا بولغانلىقى، ئۆزىدەك شۇ ئادەملەر بولمىسا، دۇنيا هېچنېمە بولماي قالىدىغانلىقى ئۇنىڭ تەپەككۇرىنى غىدىقلىغاندا ئۇنىڭ ئالەمدەك كىچىكلىگەن خىيال دۇنياسى ئالەمدەك يوغىنىدى.

«ياق، سەن مېنى ئۇنتۇمايدىكەنسەن! سەن مېنى سۆيگەنىكەنسەن، شۇڭا مەن سېنى سۆيۈپتىمەن»

شۇ ئارىدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر ناخشا ئاڭلاندى:

بالىلىقىمدا بۆشۆكۈم بولدۇڭ،
ئەللەيلىدىڭ سەن پەپىلەپ، دۇنيا.
ئۆسمۈرلۈك قەندەك تاتلىق چاغ ئىكەن،
ياشىدىم غەمسىز ئەركىلەپ، دۇنيا.

بۇ ئەۋرىسىنىڭ ئاۋازىغۇ! نىمىدىگەن تاتلىق ناخشا! بالىلىق چاغدەك تاتلىق! بالىلىق خىياللاردەك تاتلىق! ئۇ ئىچىدە بۇ ناخشىغا نەقىرات ئۇلىدى:

سەبىي كۆزىدە سەبىي سەن، دۇنيا،
تەبىئىي كۆرگەنگە تەبىئىي سەن، دۇنيا.

شۇ ئارىدا يەنە بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، ئەمدى نەۋرىسى ناخشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى:

مۇھەببەت بىلەن نۇرلانسا كۆزۈم،
سەنمۇ ئاپتاپتەك نۇرلاندىڭ، دۇنيا.
ھىجران دەشتىگە باش ئېلىپ كەتسەم،
يىلاندەك ئاچچىق تولغاندىڭ، دۇنيا.

ئۇ چوڭقۇر ئوي بىلەن باش لىڭشىتتى. بۇ قىسمەتمۇ ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى قىسمىتىگە ئوخشايتتى. ئۇ ئىچىدە بۇنىڭغىمۇ نەقىرات ئۇلىدى:

ئاشىق كۆزىدە ئارمانسەن، دۇنيا،
دەردمەنگە دەرد ھەم دەرمان سەن، دۇنيا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇ ئارىدا يەنە بىر ئاۋاز ناخشىنى داۋاملاشتۇردى. بۇ ئۇنىڭ ئوغلى — قىرانلىق يېشىغا يېتىپ قالغان ئوغلى ئىدى.

مەيلى كاچاتلا، مەيلى باغاشلا،
زەۋقىڭ ئوتىدا كۆيىمەن، دۇنيا.
مەيلى قىينىغىن، مەيلى قىيىدىغىن،
سۆيىمەن سېنى، سۆيىمەن، دۇنيا.

ۋاھ، نېمىدېگەن مەردانە! ئوغلى ھاياتلىقتا بولغان سۆيگۈسىنى تولىمۇ قەتئىي، شەرتسىز ھالدا جاكارلاۋاتاتتى. ئۇ دەسلەپ ھەيران بولدى، كېيىن سۆيۈندى. ئۇ نەقىراتنى ئويلاپ بولغۇچە ئوغلى لەرزان ياڭراتتى:

دېمەيتىكەنمەن، ئەمدى دەي، دۇنيا،
مەيلى سۆي، سۆيمە، سۆيىمەن، دۇنيا.

ئۇمۇ بۇ نەقىراتقا قوشۇلدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدا مەمنۇنىيەت بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قوشۇلۇپ ئېيتىۋاتقان بۇ ناخشىسىدىن ئىشەنچ، ئۇمىد ۋە ساداقەت ئۇرغۇپ تۇراتتى، گەرچە ئاتا پەس ئاۋازدا، نەپىسى بوغۇلۇپ، ئۈزۈلۈپ ئېيتىۋاتقان بولسىمۇ.

دۇنيا ئۇلارغا قايىللىق بىلەن قارىدى.

ئۇ پىچىرلىدى ۋە ئەتراپقا قارىدى. دۇنيا ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرىدى.

ئۇ قىيالماسلىق بىلەن قارىدى، دۇنيامۇ ئۇنىڭغا قىيالمىغاندەك قىلاتتى.

2012 ـ يىلى 3 ـ ئاي

# كونا مەھەللەم

مەن بۈگۈن ئۆزۈمنىڭ كونا مەھەللەمگە كەلدىم ! نېمىشقا «ئۆزۈمنىڭ» دەيمەن؟ چۈنكى، بۇ يەرگە مېنىڭ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ! بۇ يەرگە مېنىڭ تەڭ ئۆمۈرلۈك كەچمىش - كەچۈرمىشلىرىمنىڭ ئىزنالىرى پۈتۈلگەن !

ئېگىز - ئېگىز ئاشيانىلەرنىڭ قورشاۋىدىكى بىنادا ئولتۇرۇپ ئاسمانغا قاراپ ئاينى، غەربكە قاراپ تاغنى ئىزدىگەنلىرىمدە بالىلىق چېغىمدا مۇشۇ مەھەللىدە ياشىغان قورۇيۇم كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. قورۇغا چىقساڭلا كۆرگىلى بولىدىغان يامالىق تېغى، بېشىڭنى كۆتۈرسەڭلا كېچىدە كۆزۈڭگە چېلىقىدىغان ئاي ۋە يۇلتۇزلار مەڭگۈلۈك يۈكسەكلىكى بىلەن ماڭا يۈكسەك تۇيغۇلارنى ئاتا قىلغان.

ئاسماندىن لەپىلدەپ يېغىۋاتقان ئاپپاق قار ئۇستىبېشىمغا قونغاندا غۇبارسىز بالىلىقىمدىكى پاكلىقنى تېخىمۇ يارقىن قىلىۋەتكەندەك ھېس قىلاتتىم. نەقەدەر كۆڭۈللۈك چاغلار ئىدى - ھە ! ئۆگزىلەردىكى قارلارنى ياغاچ كۆرەك بىلەن كۆرەپ توزىتىپ پەسكە ئاتقانلىرىمىزدا يىرتىق ياستۇقلارنى ئېتىپ توزغاق توزۇتۇپ ئوينىغاندەك خۇش بولۇپ كەتكەنلىرىمىز، كاللەك - كاللەك قارلارنى چانا، ھارۋىلارغا بېسىپ سايغا سۆرەپ كېتىۋاتقانلىرىمىزدا تېيىلىپ يىقىلىپ، يىقىلىشلارغا يىغلىماي تېلىقىپ كۈلۈپ كەتكەنلىرىمىز، يەنە شۇ يىقىلىشلارغا قانماي چېلىشىپ بىر - بىرىمىزنى يىقىتقانلىرىمىز، قەھرىتان سوغۇقنىڭ قەھرى ئاز كەلگەندەك قارلارنى ياقىلاردىن ئىچىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىقىۋەتكەنلىرىمىز، قىسقىسى، بالىلىقىنىڭ ئوتى بىلەن شۇ قەھرىتان قىش كۈنلىرىنى قىزىتىۋەتكەنلىرىمىز كىمنىڭ يادىدا بولمىسۇن.

بىز تەبىئەتنىڭ سېخىي قۇچىقىدا ياشايتتۇق، ئەتراپىمىزدا سان ـ ساناقسىز بۇلاقلار بار ئىدى. بىز ئۇنىڭدا شىرت ـ شىرت ئۈزۈپ ئۆتكەن بېلىقچان، قومچاقلارنى كىنودا كۆرگەندەك كۆرەتتۇق، نانلىرىمىزنى شۇ بۇلاقتا ئېۋىتىپ يەپ، ئۇۋاقلىرىدا ئۆزىمىزچە شۇ جانلىقلارنى باقاتتۇق. ھەممە ھويلىدا ئۆزىگە تۇشلۇق گۈل ـ چېچەكلەر بەرق ئۇرغان، دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان، ئۇچار قاناتلار دانلىشىۋاتقان، سايرىشىۋاتقان، قوزا ـ ئوغلاقلار مەرىشىۋاتقان، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ تون جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ چېكەتكىلەر چىرىلدىشىۋاتقان، پاقىلار كۇركىراۋاتقان ئاجايىپ مەنزىرە ئىچىدە ياشايتتۇق. ھويلىلارنىڭ ئۆزىلا بىر بالىلار باغچىسى ئىدى، غاز ـ ئۆردەكلەر بالىلارنى دورامدۇ ياكى بالىلار ئۇلارنى دورامدۇ، ئارىلاش ـ قورىلاش تايتاڭلىشىپ، ئىرغاڭلىشىپ يۈرەتتى.

ئادەملەرمۇ شۇنچە ئېجىل ـ ئىناق؛ چوڭغا ھۆرمەت، كىچىككە ئىززەت ــ ئادەمىيلىك مىزانى ئىدى، ھەتتا ئادەم بىلەن ئادەمنى سۇنئىي دۈشمەنلەشتۈرىدىغان شۇ ئەنسىز يىللاردىمۇ بۇ يەردىكى ئادەملەر مۇناسىۋىتىدە ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش بولمىغان، ئانچە ـ مۇنچە شەكلەن ئۆزگىرىشمۇ «كۆڭۈل ئازار ــ خۇدا بىزار» قارىشىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇراتتى.

ئاچارچىلىق يىللىرىدىكى بىر ئىش پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ: توڭلاپ قالغان بەرەڭگىنىمۇ ئاشلىق پونكىتىدىن ئۆچرەت تۇرۇپ سېتىۋالىدىغان چاغلار ئىدى. بىر كۈنى دادام مېنى مۇشۇ ئىشقا بۇيرۇدى. ئۆچرەت تۇتۇش كېچىدىن

باشلىنىدىغان بولغاچقا، مەنمۇ قېلىن كىيىنىپ چىقتىم. قىش كۈنى ئىدى. مەھەللىدىكى بەش ـ ئالتە يىگىت قاتارغا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرغانىكەن. ئۇلار مېنى كۆرۈپ: «سەن كىچىك، سوغۇققا چىدىيالمايسەن، ماڭ، بېرىپ بىر پارچە خىش پارچىسى تېپىپ كەلگىن» دېدى. مەن تېپىپ كەلدىم. ئۇلار قاتاردىكى بىرنەچچە تاش، كېسەك پارچىسى ۋە خالتىلارنىڭ كەينىگە مەن ئەكەلگەن خىشنى قويۇپ قويدى ۋە مېنى ئۆيگە كىرگۈزۈۋەتتى. كېچىچە ئىسسىق ئورۇندا تاتلىق ئۇخلىدىم. ئەتىسى ئەتىگەن چىقىپ ماڭا ۋەكىللىك قىلىدىغان ھېلىقى خىشنىڭ ئورنىغا ئۆتتۇم. كەينىمگە قارىسام بىرمۇنچە ئادەم ئۆچرەت تۇرۇپتۇ. ئادەملەر پۇتۇنلەي قورساق غېمىدە قالغان، شۇ چاغلار توڭلىغان بەرەڭگىمۇ ئالدىغا بار، كەينىمگە يوق شۇ كۈنلەردە بىرەر ئادەمنىڭ ھېلىقى خىش پارچىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالمىغىنىغا ياكى ئۇنى چۆرۈپ تاشلىمىغانلىقىغا ھازىرغىچە ئەقلىم ھەيران. بۈگۈنكى كۈندە گاھى كۆزگە چېلىقىپ قالىدىغان نۆۋەت تالىشىشلارنى، يول تالىشىشلارنى كۆرسەم ئىختىيارسىز شۇ ئىشنى ئەسلەيمەن. دېمەك، مەن ئېغىر كۈنلەردىمۇ بىر ـ بىرىنىڭ رىزقىنى، پۇرسىتىنى، يولىنى تالاشمايدىغان، مېھرىبانلىق، ئىشەنچ، ھالاللىقنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان ئاشۇنداق مەھەللىداشلىرىم ئىچىدە چوڭ بولغانىدىم.

ھازىرقى خانتەڭرى مەسچىتىنىڭ يېنىدا باغبارائىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بار ئىدى — بۇ جاي دەسلەپتە قىسقارتىلىپ «ئۇيۇشما»، كېيىن كىنوخانىغا ئۆزگەرتىلىپ «مەدەنىيەت» كىنوخانىسى دەپ ئاتالغان — كېيىنكى يىللاردا يېڭىلاپ سېلىش زۆرۈرىيىتى بىلەن چېقىلىپ ئۆل قويۇلغاندىن كېيىن مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا تاشلىۋېتىلگەن. قالايمىقانچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا بۇ جايدا قىمار ئەۋج

ئېلىپ كەتكەچكە، «دەھشەتلىك تېھران» رومانىدا تەسۋىرلەنگەن بۇزۇقچىلىقلارنىڭ ئۇۋىسى — چالە مەيدانىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغانىدى. «چالە مەيدان» بىلەن مەھەللىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا تام ـ توساقمۇ يوق، ئارىلىقمۇ بەش ـ ئون چامدام. لېكىن، بىز ئۇ يەردىكى ئەسكىلىكلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىدۇق. سەۋەبى: ئاتا ـ ئانىلىرىمىز بىزنى ساۋابقا يېقىن، گۇناھتىن يىراق تۇرۇش ئەقىدىسى بىلەن چوڭ قىلغان. شۇڭا، بىز ئەسلىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدۇقكى، ھەرگىز كېيىنكى «چالە مەيدان»نىڭ قارىسىنى ئۆزىمىزگە يۇقتۇرۇۋالمىدۇق. پۇرسەت تاپساقلا «چالە مەيدان»نى تەنتەربىيە مەيدانىغا ئايلاندۇرۇۋېتەتتۇق، يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى، چېلىشىش مۇسابىقىسى قىلاتتۇق، «ۋاللەي» ياكى «ئاق تېرەك ـ كۆك تېرەك» ئوينايتتۇق. بەزىدە ئۇ يەر مەھەللىمىزدە ياش پەرقى بويىچە قۇرۇلغان ئۈچ پۇتبول كوماندىسىنىڭ مەشىق مەيدانىمۇ بولۇپ قالاتتى.

بەزى چوڭلارنىڭ ئۆيىدە پات ـ پات كىتابخانلىق سورۇنلىرى بولۇپ تۇراتتى. ئۇلار نازۇ نېمەتلەرگە ئېغىز تېگىپ، چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ مەسەل ـ ھېكايەتلەر ئېيتىشاتتى، كىتاب ئوقۇپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشەتتى. دادامغا ئوخشاش قۇلاق موللىلىرىنىڭمۇ بۇنداق سورۇنلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ مەرىپەت بۇلاقلىرىدىن تەشنالىقىنى قاندۇرغانلىقىنى مەن جىق كۆرگەن، ئۆزۈمنىڭ بۇگۈنكىدەك بىر ئادەم بولالىغانلىقىمنى بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ ئاشۇنداق سۆھبەتلەرگە قۇلاق سېلىپ چوڭ بولغانلىقىمدىن ئايرىپ قارىيالمايمەن. مانا بۇ بىزنىڭ بىلىمگە بولغان ئىجتىھات، بىلىملىكلەرگە بولغان ئېھتىرامىمىزنىڭ دەلىلى.

تازا زەن سالساڭ، كىچىككىنە ئىشتىنىمۇ چوڭ مەنىلەرنى ھېس قىلىسەن.

ئەزان ئاۋازى بىلەن تەڭ مەھەللە ئويغىناتتى، ئاچىلىرىمىز، ئاكىلىرىمىز قوروۋلارنىڭ ئىچى - سىرتىنى سۈپۈرۈپ، يوللارغا سۇ سېپىشەتتى. مەھەللىدە خېلى يىللارغىچە مەخسۇس تازىلىقچى بولمىغان. ھەممىلا ئائىلە ئۆيىنىڭلا ئەمەس، تالا - تۈزنىڭمۇ تازىلىقىنى خالىس قىلاتتى. چۈنكى، قىزلىرىمىز «يەرنىڭ يۈزىنى ئاچسا، بەختى ئېچىلىدۇ»غانلىقىغا ئىشەنسە، باشقىلار خالىسلىقتىن ساۋاب تاپىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

چوڭلار نامازدىن يېنىپ مەھەللىدىكى ئاغرىق - سىزلاقلارنى يوقلايتتى، ئاندىن ئۆيگە قايتىپ مال - ۋارانلارغا يەم بېرىپ، گۈل - گىياھلارغا سۇ قۇيۇپ بولۇپ داستىخانغا ئولتۇراتتى، ئاددىي، قۇۋۋەتلىك ناشتىلىقتىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈلۈپ جىمى مەخلۇقات، مەۋجۇداتلارنىڭ تىنچلىق - ئامانلىقى ئۈچۈن تىلەك تىلىنەتتى، ئاندىن ھەممىمىز ئۆز مەشغۇلاتىمىزغا ماڭاتتۇق. يول بويى ئۇچرىغانلارغا سالام — «تىنچلىقمۇ!». قارىغاندا، بىز تىنچلىققا تولىمۇ ھېرىسمەن، تولىمۇ ئىنتىزار خەلق ئىكەنمىز. ياراتقۇچى ئاپىرىدە قىلغان ھەرقانداق ئىنسان بىلەن، ئۇچار قانات، چەرەندە - پەرەندىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھايۋانات دۇنياسى بىلەن، تاغ، سۇ، ئۆسۈملۈك، دەرەخ، ھاۋا، تۇپراقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك تەبىئەت بىلەن تىنچ - ئامان ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان خەلق ئىكەنمىز.

كىچىكلەر ھامان چوڭلارنى دورايدۇ.

بىزگە ئوخشاش كىچىككىنە بالىلارنىڭ ھېيت - ئايەملەردە توپلىشىپ ئۆيمۇئۆي ھېيتلاشلىرىمىزدا كەمپۈت تەمەسى بار ئىدى دەمسىلەر؟ ياق، بىز ئۇلارنىڭ جامائەت بولۇپ ياشاش، مەھەللىدىكى ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، بولۇپمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

ياردەمگە موھتاجلارنىڭ ھالىغا يېتىش ئادىتىنى دورايتتۇق. شۇڭا، قارانچۇقسىز ياشانغانلارنىڭ سۈيىنى توشۇپ، ئوتۇن - كۆمۈرنى چېقىپ بېرىشنى، ئوقۇشقا يېڭى كىرگەن كىچىك بالىلارنى مەكتەپكە بىللە ئاپىرىشنى، مەكتەپتىن بىللە ياندۇرۇپ كېلىشنى، ئوقۇپ بولغان دەرسلىك كىتابلىرىمىزنى بىزدىن كېيىنكىلەرگە چىرايلىق تاشلاپ ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆز بۇرچىمىز ھېسابلايتتۇق.

مەست بولۇپ كوچىدا دەلدەڭشىپ ماڭغانلارنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ: «مەست — ئىتنىڭ قۇلىقىنى كەس» دەپ ۋارقىراشلىرىمىزدا، ئەتراپتا بەڭنىڭ پۇرىقى پۇراپ قالسا، جايىنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇ يەرگە داتگال ئېتىپ قېچىشلىرىمىزدا، رامىزان تۇۋلاپ كەلگەنلىرىمىزدە كىچىككىنە يارىشقىنى بېرىشكىمۇ چىدىمىغان بېخىللارنى قوشاق قېتىپ مەسخىرە قىلىشلىرىمىزدا مەھەللىدىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنە مەدرىسەسىدە بىزگە سىڭگەن تەلىم - تەربىيەنىڭ كۈچ - قۇدرىتى نامايان قىلىنمىغان دېيەلەمسىز.

بىز ئېغىر مېيىپ بالىلارنىڭمۇ شۇنچە ئەتىۋارلىنىپ چوڭ قىلىنغانلىقىدىن كۈيۈمچانلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگەن.

ھېچنېمىنى بىلمەي، ھېچكىمنى تونۇماي يىللاپ يېتىقتا يېتىپ قالغان چوڭلىرىمىزنىڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە ئەتراپلىق پەرۋىش قىلىنغانلىقىدىن ۋاپادارلىقنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى بىزگە ئايان بولغان.

كۈيۈنۈش ۋە تەلەپچانلىق، تايىنىش ۋە مەسئۇلىيەت — مانا بۇ بىز چۈشەنگەن ئاتا - ئانا ۋە پەرزەنتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆلچىمى ئىدى.

بالىلار قۇربى يەتكەن ئىشتىن قاچمايتتى. يازلىق تەتىللەردە پادىغا ئەگىشىدىغان، قايتىشىدا بىرەر باغلام ئوتنى يۈدۈپ كېلىپ

بىر ـ ئىككى مو پۇل تاپىدىغان، سەل چوڭراق بولغاندا خاڭدىن كۆمۈر، تاغدىن تاش، سايدىن قۇم كولاپ تاپقان پۇلىنى ئۇدۇللۇق ئاتا ـ ئانىسىغا بېرىدىغان، چوڭلار ئېلىپ بەرگەن رەسىملىك كىتابلارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يايما قىلىپ پۇلى بارلارغا ھەقلىق، پۇلسىزلارغا ھەقسىز ئارىيەت بېرىدىغان، ھۈنەرۋەنلەرگە ھەقسىز ئىشلەپ ھۈنەر ئۆگىنىدىغان ئىشلار بۇ مەھەللىنىڭ بالىلىرى پەخىرلىنىپ تۈرۈپ قىلىدىغان ئىشلار ئىدى. ئۇلار بۇ ئىشلىرىدا «ھالال ئىشلەپ ھالاللاپ يە»، «ئوغۇل ئاتىنى دورايدۇ»، «پۇل قولنىڭ كىرى» دېگەن ھەقىقەتلەرنى باشلانغۇچ تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزەتتى.

چوڭلىرىمىز سىرتتىن كەلگەن مۇساپىرلارغا نان ـ تۇز بېرىشتىن باشقا، بىرنەچچە كۇنلۇك قونالغۇمۇ راسلاپ بېرەتتى، تىجارەتتە سۇنغانلارغا يىغىش قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى رۇسلىۋېلىشىغا ياردەم بېرەتتى، پۇللىرىدىن زاكات ئايرىپ كەمبەغەل، يېتىم ـ يېسىر، ئاجىز ـ ئورۇقلارنى يۆلەيتتى. بۇنىڭدا خەيرخاھلىق تۇيغۇسىلا ئەمەس، بايلىق ـ كەمبەغەللىك پەرقىنى تەڭشەش ئىستىكىمۇ ئەكس ئېتەتتى. تىجارەتچىلەر سودا ـ سېتىقتا ئەرزەنرەك باھادا كۆپرەك سېتىش، ساتقۇچى ـ سېتىۋالغۇچى تەڭ نەپ ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللىناتتى، خېرىدارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىشتىن، ھايانكەشلىكتىن، جازانىخورلۇقتىن ساقلىناتتى. پايدا دەسمايىنىڭ ئۇچتىن بىردىن ئېشىپ كەتسە، قىلغان تىجارەت ھارام بولىدۇ دېگەن قاراش «مال بازىرى»دىكى تىجارەتچىلەرنىڭ سودىدىكى مىزانى ئىدى.

ئانىلىرىمىزنىڭ تاڭسۇق تاماقلىرىنى قولۇم ـ قوشنىلىرىغا سۇنۇشلىرىدا، ئاياللارنىڭ ئېغىر ئاياغ چوكانلارنى سېزىكتىن چىقىرىپ قويىمىز، دەپ ئۇنى تاماققا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چاقىرىشلىرىدا، ھەتتا ئۇسما، يىلىم تاپسا، تەڭتۇش قىز ـ چوكانلارنى چاقىرىپ گۈزەللىكتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشلىرىدىمۇ تۇرمۇشتىكى ھەمدەم ـ ئورتاقداشلىقنىڭ جىلۋىسىنى كۆرگىلى بولاتتى.

بۇ مەھەللىدىكى توي ھەممىنىڭ تويى، ھەممىسى خىزمەتكار ــ ھەممىسى مېھمان؛ بۇ مەھەللىدىكى مۇسىبەت ھەممىنىڭ مۇسىبىتى، ھەممىسى ماتەمدار ــ ھەممىسى كۆڭۈل ئېيتقۇچى ئىدى. ھەرقانداق مەرىكە ئاددىي ـ ساددا، سەمىمىي، قىزغىن كەيپىياتتا ئۆتكۈزۈلەتتى، ھەشەم ـ دەرەم، ئالۋان ـ سېلىق، ئىسراپخورلۇق، داڭۋازلىق يوق ئىدى.

بىز مانا مۇشۇنداق مەھەللىدە چوڭ بولغان. بىز مانا مۇشۇ مەھەللىدە ئۆتكۈزگەن بالىلىقىمىزدا، ياشلىقىمىزدا دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلغان، تەبىئەتنىڭ قانچە قەدىرلىسەڭمۇ ئەرزىيدىغان مۇقەددەس ئانا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان، ئادەملەرنىڭ ياخشىلىقىنى، قەلبلەرنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىنى ھېس قىلغان ــ مانا بۇ بىزنىڭ ئىنسانىي تەبىئىتىمىزگە نەقىشلەنگەن ئۆچمەس تامغا !

بۈگۈن بۇ مەھەللىدە كۈنچىقىشقا يۈزلىنىپ تۇرغىنىمدا، ئوڭ تەرىپىمدە زىچ سېلىنغان ئېگىز بىنالارنى، سول تەرىپىمدە سانجاق ـ سانجاق كونا قورۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. بىز يېڭىچە ئولتۇراق ئۆي شەكلىنى قوبۇل قىلىشقا دۈچ كەلدۇق ھەم دۈچ كېلىۋاتىمىز. دەرھەقىقەت، كونىنىڭ ئورنىنى ھامان يېڭى ئالىدۇ، لېكىن كونا دەپ ئاتالغان ھەممىلا نەرسىدىن ۋاز كەچكىلى بولمايدۇ. كونا مەھەللىنىڭ كونا ئۆيلىرىدىن ۋاز كېچىشىڭ مۇمكىن، لېكىن كونا مەھەللىنىڭ كونا ئەنئەنىلىرىدىن ۋاز كەچمەسلىكىڭ كېرەك. بۇ ئەنئەنىلەردە بىزگە يېڭىچە ئەقىل ۋە تۈيغۇ بېرىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار.

بۇ ئەنئەنىلەردە بىنالارنىڭ ئېگىز قەۋەتلىرىنى بىزگە ئەركىن يول بەرگۈچى، ئاسماننىڭ چەت ـ چېتىنى، تاغلارنىڭ چوققىلىرىنى بىمالال كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغۇچى تۇپراققا ئەڭ يېقىن قىلالايدىغان؛ بىنا ئىشىكلىرى چىڭ ئېتىك بولسىمۇ، قەلب ئىشىكلىرىنى كەڭ ئېچىۋېتەلەيدىغان روھىي قۇدرەت بار.

بۇ ئەنئەنىلەردە ھەممە نەرسە بازارلىشىش تۇسىنى ئېلىۋاتقان مۇشۇنداق شارائىتتىمۇ ئىنساب، ۋىجداننى ھەرگىز پۇلغا ساتمايدىغان، گۈزەل ئەخلاق بىلەن سۇغىرىلغان ھەقىقىي ئىنسانىيلىقنىڭ نۇرىنى چاقنىتىپ تۇرالايدىغان مەڭگۈلۈك قۇدرەت بار.

مانا بۇگۈن مەھەللىداشلار بىر يەرگە يىغىلىپ، خۇددى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز دالالارغا چىقىپ نورۇز ئۆتكۈزگەنگە ئوخشاش نورۇز ئۆتكۈزۈۋاتىمىز. ھەممىمىز ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەنلەر، يەنى ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ ياخشى تەربىيەسىنى كۆرگەنلەر، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ قانداق ياشىغانلىقىنى كۆرگەنلەر. «ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى مانا مۇشۇ. شۇڭا، بىر ـ بىرىمىزنى كۆرسەك، يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىزنى كۆرگەندەك خۇش بولىمىز، بالا ۋاقىتلىرىمىز، ياشلىق مەزگىللىرىمىز كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ، مۇڭداشساق سۆزلىرىمىز بىر يەردىن چىقىدۇ. دەرھەقىقەت، ئەسلىمە ـــ تەڭ ئەسلىيەلەيدىغانلار بىلەن، شۇ ئۆتمۈش خاتىرىلىرىنىڭ ھېكمىتىنى تەڭ چاينىيالايدىغانلار بىلەن مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ۋە قىممەتكە ئىگە بولالايدىكەن.

جىق ئاتىلار كېتىپ قالدى، ئانىلارمۇ كېتىپ قالدى. كېتىدىكەن، ھەممىمىز كېتىدىكەنمىز... بىزنىڭ دېيەلەيدىغىنىمىز ـــ كەتكەنلەرنى كۆرگەنلەر كەتمىسۇن، يەنى

www.uyghurkitap.com

نەسەبلىرىمىز ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋام ئەتسۇن. ئۇلارمۇ بىر ـ بىرىنى بىز ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەنلەر دېسۇن، بىللە ئەسلىسۇن، بىللە كۈلسۇن، بىللە نورۇز ئوينىسۇن !

2012 ـ يىلى 3 ـ ئاي



# باغچىدىكى خىياللار

## باش ئەتىياز

ئۇ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن باغ چۆرگۈلەيدىغانغا ۋاقىت ئېشىنالايدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن بالىلىرى مەمنۇن، ئۆزىمۇ خۇشال. ھاياتلىقنىڭ خىزمەتتىن باشقا يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى بارلىقى ئۇنىڭ ئېسىگە ئەمدى كەچكەنىدى. تۇرمۇشتىن ھۇزۇر ئېلىشنىمۇ بىلىش كېرەك ئىكەن.

باش ئەتىيازدا باغچىنى كۆزەتسەڭ، بەزى جايدىكى قارلارنىڭ ئېرىپ يەرگە سىڭىپ بولغانلىقىنى، يەنە بەزى يەردىكى قارلارنىڭ كۆمۈر توپىسى باسقاندەك قارامتۇل رەڭگە كىرگەنلىكىنى كۆرىسەن. بەزى جايدىكى ئېرىۋاتقان قار ـ مۇزلار ئارىسىدا بۇلتۇرقى ئۇچقۇلاقلار ھېلىلا سۇدىن چىققاندەك دىردىيىپ تۇرىدۇ. ئاغدۇرۇۋېتىلگەن گۈللۈكتىكى بەزى يوغانراق داڭگاللار ئۈستىدە ئانچە ـ مۇنچە ئوت ـ چۆپ ئۈنۈپ قالغان. ئاپتاپ كۆپرەك چۈشكەن جايلاردا تازىنىڭ چېچىدەك ئالا بولسىمۇ، ھەرھالدا چىملار كۆكىرىشكە باشلىغان. دەرەخلەردە روشەن كۆكىرىشنى كۆرەلمىسەڭمۇ — باھار بەخش ئەتكەن تۇيغۇدىن بولسا كېرەك — ئىنچىكە چىۋىقلىرىغا سۇس يېشىللىق يۈگۈرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىسەن. يېقىن كېلىپ سەپسالساڭ، بىخ ئۈرۈۋاتقاندەك ھالەت — دەرەخلەر مۇدۇر بولغان، خۇددى قورساق كۆتۈرگەندەك؛ بۇ پومپىلاقلارنىڭمۇ يوپۇرماق چىقارمىقى ئوڭاي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەمەس ئىكەن، خۇددى ھامىلىدار ئايال تولغاق ئازابى يېمەي تۇغالمىغاندەك، بۇلارمۇ بوران ـ چاپقۇننىڭ ئازابىنى باشتىن كەچۈرىدىكەن. نېمىلا دېگەن بىلەن دەرەخمۇ جان ئىگىسى ـ دە!

ئاسمانغا قارىساڭ، كۆن كۆلۈپ تۇرغان؛ ئاپتاپتا تۇرساڭ، قىشتىكى ئوچاقنىڭ تەپتىدەك خۇشياقىدۇ. كۆن بولۇت كەينىگە ئۆتكەن ھامان سايىلەردە يوشۇرۇنۇپ ياتقان سوغۇق يوپۇرۇلۇپ كېلىپ دولاڭنى قورۇيدۇ. «ئەتىيازنىڭ سوغۇقى جاندىن ئۆتەر» دەپ بىكار ئېيتىلمىغان. يەر تېگى ـ تەكتىدىن ئېرىۋاتقاچقا شۇنداقمۇ، ئايىغىڭ نەملىشىپلا تۇرغاندەك ھېس قىلىسەن. ماڭماي تۇرۇۋالساڭ، پۇتۇڭ مۇزلايدۇ، شۇڭا ماڭىسەن، ھارغۇچە ماڭىسەن، مەيلى مۇزلا، مەيلى ھارغىن، كۆڭلۈڭدە بىر خۇشاللىق بار ـــ باھار كەلدى، يازغا كېتىۋاتىسەن !

كەچ كۆز بىلەن ئەتىيازنىڭ كىشىگە بېرىدىغان تۇيغۇسى ئوخشىمايدۇ. كەچ كۆزدە تەبىئەتنىڭ خىلمۇخىل مېۋىلىرى ئالدىڭغا دۆۋىلىنىپ تۇرسىمۇ، روھىڭدا چۆلسىرەش بار. باش ئەتىيازدا ئەتراپىڭ چۆلسىرەپ تۇرسىمۇ، روھىڭدا بىر گۈللەش بار. چۈنكى، پات پۇرسەتتە سېنى كۆتىدىغىنى كۆكۈلمەيدانچىلىق، گۈللىنىش ! بولغىنىدىن بولىدىغىنى ھامان جەلپكار بولىدىكەن، شۇڭا ئادەملەر ئۇ بولىدۇ، بۇ بولىدۇ، دەپ ئەتىگە تەلمۈرۈپ ئۆتىۋېرىدىكەن. ئۇ بىر زامانلاردا ياشلىقنىڭ ئوتى بىلەن كەچ كۆزدە ئاپپاق قارلارنىمۇ سېغىنغان، لېكىن قېرىغاندا ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قىش كۈنلىرىنى ئۆتكۈزمەك ئاسان ئەمەس ئىكەن. ئۆيدە ئولتۇرساڭ، زېرىككەن؛ تالاغا چىقساڭ، مۇزلىغان؛ غەيرەت قىلىپ ماڭاي دېسەڭ، ئېگىز تۇرخۇن، مىغ ـ مىغ ماشىنىلاردىن چىققان ئىس ـ تۈتەكلەر گېلىڭدىن بوغقان... نېمىلا دېمىگىن، ئادەم ساپ ھاۋاغا موھتاجقۇ، ياشمۇ ئوخشاش، ياشانغانمۇ ئوخشاش. ئۇ ئاپپاق قارنى

كۆرۈش ئۈچۈن ئەمەس، ساپ ھاۋا يېيىش ئۈچۈن بەزى يەكشەنبىلىرى ئاغىنىلىرى بىلەن تاغقا بارىدۇ، ساپ ھاۋانى تويماي سۈمۈرىدۇ، قارا يۇقمىغان قارلارنى دەسسەپ مېڭىۋالىدۇ، تەڭتۇشلىرى بىلەن بالىلىق، ياشلىق چاغلىرىدىكى بەڭباشلىقلىرىنى ئەسلەپ كۈلۈۋالىدۇ. لېكىن، بۇ ئۇزاق قىش كۈنلىرى ئۈچۈن ئەسلىگۈدەكلا بىرنەچچە كۈن، باشقا كۈنلىرى بايام دېگەندەكلا... خەيرىيەت، بۇ قىشمۇ ئۆتۈپ ئەتىيازغا ئۇلاشتى. شۇڭا، تەبىئەتنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتىدۇ.

ئەتىيازنىڭ شامالسىز كۈنلىرى يوق دېيەرلىك، بەزى كۈنلىرى تېخى قاتتىق بوران چىقىدۇ. بىنالارنىڭ ماڭلىيىدىكى، ئۆگزىدىكى بىر - بىرىدىن يوغان ئېلان - تەشۋىقات تاختىلىرى بېشىمغا چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ تالاغا چىقىشتىن ئۆزۈڭنى تارتىسەن. ئىچىڭ سىقىلىپ سىرتقا چىقاي دېسەڭمۇ خوتۇن، بالىلىرىڭ ئۇنىمايدۇ. قىزىق، بىر چاغلاردا ئۇلاردىن ئەنسىرەپ چەكلەش بۇيرۇقى چۈشۈرۈپ تۇرىدىغىنى ئۆزۈڭ ئىدىڭ، ئەمدى بۇ تەرىپى ئالمىشىپ قالدى. بويسۇنىسەن، لېكىن بوران پەسەيگەن ھامان يەنە باغقا بېرىۋالىسەن. قارىغۇدەك بولساڭ، بەزىدە دەرەخلەر قۇشقاچ تىلىدەك يوپۇرماق چىقىرىپ، بەزىلىرى ھال چېچەكلەپ قالغان. «تېخى تونۇگۈنلا ھەممىسى قاقشال، يالىڭاچ دەرەخلەر ئىدى، قارا، بۇنىڭ چېچەكلەپ كەتكىنىنى» دەپ قالىسەن.

## چېچەكتىن كەلگەن تۇيغۇ

ئۇ باھارنىڭ تەبىئەتكە ئۆزگىرىشلەرنى قانداق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا بۇرۇن دىققەت قىلمىغان. ئۆزگىرىش ئاستا بولىدىكەن، پەيدىنپەي بولىدىكەن. ھال چىللىگۈل بىلەن تەڭ

تال ـ سۆگەتلەر بىخ ئۇرىدىكەن، قىزغۇچ چىلىلىگۈل پورەكلىگەندە تال يوپۇرماقلىرىمۇ چىقىپ بولىدىكەن. يەنە ئون ـ ئون بەش كۈندىن كېيىن قارىساڭ، سېرىن چېچەكلەپ خۇش پۇراقلىرىنى چېچىۋاتقان. يېقىن بېرىپ كۆرگۈڭ كېلىدۇ. پورىكىدىن بويۇن سوزۇپ تۇرغان گۈل تاجىغا، نەپىس ئاق سۆسۈن بەرگىلىرىگە تويماي قارايسەن، يۇرەك شەكىللىك يېشىل يوپۇرماقلىرىمۇ ئۆزگىچە تۇستە كۆزۈڭگە چېلىقىدۇ. بۇرنۇڭنى يېقىپ پۇراپ كېتىسەن...

راست گەپنى قىلىش كېرەك، چېچەك جەلپكار نەرسە، مەيلى پۇرىقى بولسۇن، بولمىسۇن، ھەرقانداق چېچەكنى پۇراپ باققۇڭ كېلىدۇ. شېخىدىن تۇتۇپ ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تاماشا قىلىسەن. ئۆتمۈشنىڭ شوخ خىياللىرى كاللاڭنى ئەسىر قىلىدۇ، «بەس» دەيسەن ـ دە، بەڭباش خىياللاردىن ئۆزۈڭنى قاچۇرىسەن، بەزىدە قاچۇرۇپمۇ بولالمايسەن. گۈل قىسقان مېنىڭ يارىم دېگەندەك ئىشلار كۆز ئالدىڭغا كېلىۋالىدۇ. ئادەم دېگەن شۇ، ئۆزى قىرىغان بىلەن كۆڭلى قېرىمايدۇ. ئەر كىشى قېرىسىمۇ ئۆزىنىڭ ئەركەكلىك خاراكتېرى بىلەن غەيۇر. بۇنى ياش بالىلار نەدىن چۈشەنسۇن. ھەممە نەرسە خىلى خىلى بىلەن. ئۇ غۇنچىنىڭ گۈزەللىكىدىن زوقلانغىنى بىلەن، ئۇنى ھەرگىز ئۈزۈپ قولىقىغا قىسمايدۇ؛ تولغان چېچەكلەرنىڭ قەدرىنى قىلالايدۇ، تۇزۇش ئالدىدا تۇرغانلىرىنىڭمۇ ئۆزگىچە لاتاپىتىنى ھېس قىلالايدۇ، يېڭى تۆكۈلگەن بەرگلەرنىڭمۇ پۇرىقى، ئۆزىگە تۇشلۇق قىممىتى بار. بۇنى ئۇ چىن مەنىسى بىلەن بىلەلەيدۇ. بالىلىقىدا ئۇنىڭغا ئۆزىدىن بىرنەچچە ئايلىق چوڭ قىزمۇ ئاچىسىدەك، يىگىرمە ـ يىگىرمە بەش ياشلاردىكى چوكانمۇ ئانىسىدەك بىلىنەتتى. ھازىر پۈتۈنلەي ئەكسىچە: ئون سەككىز ياشلىقلىرى نارەسىدىدەك، يىگىرمە ـ يىگىرمە بەش ياشلىقلىرى قىزىدەك، ئوتتۇز ـ قىرىق

ياشلىقلىرى ۋايىگە يېتىپ مېۋە بېرىدىغاندەك بىلىنىدۇ. بۇ ئاياللىق ماھىيەتنى چۈشەنگەنلىكتىن كېلىۋاتقان قاراشمۇ ياكى ئۆزى تۇرۇۋاتقان رېئاللىقنىڭ ماداراسىدىن كەلگەن قاراشمۇ؟ نېمىلا دېگەن بىلەن، ئۇ ئەركەكلىكنىڭ نېمىلىكىنى بىلگەندەك، ئاياللىقنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلەلەيدۇ. ياش پەرقى بىر دەۋرنى مۆچەلنى، يەنى ئون ئىككى يىلنى ئاتلاپ كەتمىسىلا بولدى، ھامان بىر - بىرىنى جەلپ قىلىپ تۇرالايدۇ. يەنىلا توغرىسى ئايالنىڭ يېشى نىسبەتەن كىچىك بولۇشى كېرەك ئىكەن.

ئۇ ئالدىدىكى چېچەكلەرگە قاراپ يەنە ئويلىنىپ قالدى: ئاياللار قېرىغاندىمۇ نېمىشقا مۇشۇ گۈل - چېچەكلەرنى دوراپ ياسىنىدۇ؟ چۈنكى، گۈل گۈزەل، نازۇك، جىلۋىدار. ئاياللارمۇ شۇنداق — ئۈز، نەپىس، مەپتۇنكار؛ ئۈزلۈكى ھەم نەپىسلىكى بىلەن مەپتۇنكار، مەپتۇنكارلىقى بىلەن ئۈز ھەم نەپىس. گۈل - چېچەكلەرنىڭ چىرايلىق رەڭگى، خۇش پۇرىقى بار. ئەسلىي ئۇدۇمدا رەڭ ئەرلەرگە، پۇراق ئاياللارغا پەرداز نېسىۋىسى قىلىنغان. بۇرۇن ئەرلەر ساقال - بۇرۇتلىرىنى بوياپ، مايلاپ يۈرەتتىكەن. ئەر كۆركى — ساقال كۈندە چۈشۈرۈلۈپ كوسىلىق مودا بولغاندىن كېيىن ئۇ ئىشمۇ قالدى، كېيىن ئەرلەر چېچىنى بويايدىغان بولۇۋالدى، چاچ بوياقلىرى جانغا ئاپەت ئەكېلىدىغان ئۇچۇر تارقالغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى جىنىڭ مال ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىشتى - دە، باش بوياقچىلىقىدىن قولىنى تارتىشتى. شۇنىڭ بىلەن رەڭ ئاياللارغا ئوڭچە قالدى. لېكىن، بەزى ئەرلەر ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپ ئولتۇرغىنى يوق، خۇش پۇراقلارغا چاڭ سېلىشتى، «گۈل بىلەن رەيھان پۇرايدۇ ئەرمۇ يۇرگەن كوچىلار» بولۇپ قالدى. تۇۋا، ئادەمدىكى تەبىئىي پۇراقنىڭ ئۇ پۇراقتىن ئارتۇق تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇر ئۇلار، پات - پات يۇيۇنۇپ تۇرسىلا بولاتتىغۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نېمە دېگۈلۈك، گۈزەللىك دېگەن سېھىرلىك، جەلپكار! سېھىرلىنىپ جەلپ بولۇپ يۈرسە نېمىسى يامان ! ئەسلىي ئۇنداق ئىدى، مۇنداق بولسا بولاتتى، دەپ ۋەز ئېيتىپ يۈرۈشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئوخشايدۇ.

ئۇ چېچەكلەرگە پىرىلداپ قونۇپ گۈل پورىكىگە چاپلىشىۋالغان بوغۇن ـ كېپىنەكلەرگە، باھار كۆيىدە مەست بولۇپ سايرىشىۋاتقان، بىر ـ بىرىنى قوغلىشىۋاتقان ئۇچار قاناتلارغا، نېرىقى ئورۇندۇقلاردا يېقىن چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ كۆڭۈل ئىزھار قىلىشىۋاتقان، بىر ـ بىرىگە تويماي قارىشىۋاتقان، گىرەلىشىپ قوشماق مېغىزدەك بولۇپ كەتكەن قىز ـ يىگىتلەرگە قاراپ چېچەك پەسلىنىڭ خاسىيىتىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئۆزىنىڭ بايامقى ئوي ـ خىياللىرىمۇ مۇشۇ پەسلىنىڭ خاسىيىتىدىن بولۇۋاتىدۇغۇ! قويۇپ بەرسە، ئۆزىنىڭمۇ جىق ئىشلارنى قىلغۇسى بار، لېكىن ئوڭايسىزلىنىدۇ، ياشقا چوڭ بولۇپ قالدى... بىراق، بۇمۇ چاغلىق ياش ئىكەنغۇ! بالا ۋاقىتلىرىدا ئوتتۇز ياشلىق ئادەم ياشانغان ئادەمدەك، قىرىق ياشلىق ئادەم چال، ئەللىك ـ ئاتمىش ياشلىق ئادەم بۇ ئالەمدىن كەتسىمۇ بولىدىغان ئادەمدەك ھېس قىلاتتى. بۇ ئۆمۈر باسقۇچلىرىنى ئۆزى بېسىپ ئۆتكەندە ئۇنداق ھېس قىلمىدى، ھامان ئۆزىنى ياشتەك سەزدى. ئەللىك ياشلىق تۇرماق، ئاتمىش نەچچە ياشلىق ئادەملەر بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالسا، ياش كەتتى دەپ قارىدى. ئۇنىڭچە ئادەمنىڭ ھايات مۇساپىسى ئۇزۇن، خېلى ئۇزۇن بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ ئۇزۇن، بۇ خېلى ئۇزۇن زادى قەيەرگىچە بولىدۇ، بۇنىمۇ ئۇ ئېنىق دەپ بېرەلمەيتتى. ئەگەر سالامەتلىكى ياخشى، كاللىسى جايىدا بولسا، توقسان، يۈز ياشمۇ ئۇنىڭغا قېرىلىقتەك بىلىنمەيدىغان ئوخشايدۇ. ھە راست، قايسى بىر يىللىرى خوتەنگە

بارغاندا ئۇ توقسان نەچچە ياشلىق تىمەن بىر بوۋاي بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان. بوۋاي: «ھېلىھەم بەش چارەك بۇغداينى تۈگمەنگە كۆتۈرۈپ ئاپىرالايمەن. موماي تۈگەپ كەتكىلى ئىككى يىل بولدى، كۆزدە ئۆيلىنەرمەن دېگەن خىيالىم بار» دېگەن ئەمەسمىدى. ئامانلىق بولسا، تېخى ياخشى كۈنلەر ئالدىدا ئوخشايدۇ.

ئۇ خىيال بىلەن كېتىۋېتىپ ئويراق يەرنى دەسسەپ سالدىمۇ ـ قانداق، مۇدۇرۇلۇپ كەتتى، يىقىلمىدى، لېكىن پۇتى ئاغرىپ كەتتى، بېلىمۇ سىرقىراپ ئاغرىدى. ئۇ ئاچچىق كۈلدى: «مانا ساڭا ياخشى كۈنلەر...»

## كۆل بويىدا

ئۇ كۆل بويىدىكى بىر ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئەگىز ۋە ئازراق باشلاپ قويغان سۇ بىلەن كۆل خېلى تولۇپ قالغانىدى. قىشچە قاردا ساقلىنىپ قالغان غەلدە ـ غاشلار سۇ يۈزىدە لەيلەپ بىر يەرگە يىغىلىپ قالغان؛ شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن ئاقۇچ يېشىل پوستەكلەر ۋە غازاڭلار ئۇنىڭغا چاپلىشىپ يېقىمسىز رەڭدە كۆزگە تاشلىناتتى. بۇ لەيلىمىلەر بىر قارىسا ماش رەڭ دالا كىيىملىرىنىڭ ئالىپاساق گۈللىرىگە ئوخشايتتى. ئۇ چىرايلىق بەدەندىكى جاراھەت قاقاچلىرىدەك تۇرغان بۇ لەيلىمە ئەخلەتلەرگە قاراپ باغچە خىزمەتچىلىرىدىن نارازى بولدى، يەنە بىر تۇرۇپ: «بايرامغا بىرنەچچە كۈن قالدى، ئادەت شۇ، چوقۇم بايرامغىچە تازىلىۋېتىدۇ» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى.

كۆل سۈيى ئاپتاپتا قارامتۇل يېشىل تاۋلىنىپ تۇراتتى. قىرغاقتىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ كۆلدىكى شولىسى ئۇنىڭغا كىچىك چاغلىرىدىكى ئادەم قىياپىتىنى تەتۈر كۆرسىتىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سۈرەتكە تارتىدىغان فوتو ئاپپارات كۆرۈنۈشىدەك تەسىرات پەيدا قىلدى. بىر قارىسا، قىرغاقتىكى دەرەخلەر سۇغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك، بىر قارىسا، دەرەخلەر سۇدىن ئۆسۈپ چىقىۋاتقاندەك... شولا دېگەن شولا ـ دە، ئوڭنى تەتۈر، باشنى ئاياغ قىلىۋېتىدىغان... نەدىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن ياۋا ئۆردەك پالاقتىدە سۇغا تاشلاندى، كەينىدىن يەنە بىر ئۆردەك ئۇچۇپ كېلىۋىدى، ئۇ ئۆردەك سۇدىن ئىرغىپ چىقىپ بەش ـ ئالتە مېتىر نېرىغا سەكرىدى. بىر جۈپ ئۆردەكنىڭ قوغلاشماق ئويناپ جاھاننى مالىمان قىلىشى بىلەن سۇ يۈزى چايقالغاندەك بولۇپ دەرەخ شولىلىرى جىمىر ـ جىمىر ئىچىدە بىرپەس كۆزدىن يوقالدى. ئۇ سۇغا ئالدىدا چۈشكەن ئۆردەككە سەپسالدى. رەڭگى قوڭۇر ئىكەن ــ چىشىسى. ئۇنىڭ كەينىدىن سوڭدىشىپ يۈرگىنى ئەركىكى ئىدى. پارقىراق يېشىل بېشى، قارا قوڭۇر دۈمبىسى، كۆكۈچ ئالا قاناتلىرىغا قاراپ ئەركەكلىكىگە جەزم قىلدى. قۇشلارنىڭ چىشىسىنىڭ سىيدام، ئەركىكىنىڭ رەڭدار يارىتىلغىنىغا ئۇ بۇرۇنمۇ ھەيران ئىدى. ھازىرمۇ يەنە ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، چىشىسى رەڭدار، ئەركىكى سىيدام بولۇشى كېرەك. ئۇ نېمىشقا شۇنداق ئويلايدۇ؟ ئادەملەردىكى ئىككى جىنسنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ. شۇنداققۇ، ئاياللارنىڭ تاشقى قىياپىتى رەڭدار، ئەرلەرنىڭ سىيدام! ئەگەر كىيىملىرىنى سېلىۋەتسىچۇ، ئوخشاش، رەڭدارلىقى يوق. لېكىن، ئۆردەكلەرنىڭ كىيىمى يوق. كۆرمەمدىغان ئاياللارنىڭ ئەقىللىقلىكىنى! ئۇلار سىرتقى قىياپىتىنى گۈزەللەشتۈرۈشتە ئۆردەكنىڭ چىشىسىنى ئەمەس، ئەركىكىنى نەمۇنە قىلغان. ئۆزىمىزگە ئوخشاش خاراكتېرلىكىنى دورايلى دېمىگەن، قايسىسى چىرايلىق بولسا، شۇنى دورىغان. ئاھ، گۈزەللىك ئۇستىكارلىرى ــ ھەممىگە چاققان خېنىملار!

ئۇ ئەركەك ئۆردەكنىڭ چىشى ئۆردەكنى ھارماي قوغلاپ يۈرگىنىنى تاماشا قىلىۋېتىپ يەنە ئويلىدى: ئۇ شەھۋانىي نەپسى ئۈچۈنلا قوغلاپ يۈرگەنمىدۇ؟ يەنە گۈزەللىككە ئىنتىلىشمۇ باردۇر ـ ھە. بىزنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمىمىز بويىچە ئېيتقاندا، گۈزەلنى قوغلىشىش كېرەك، يەنى كۆرۈمسىزرەك چىشى ئۆردەك چىرايلىق ئەركەكنى قوغلىشىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئەمەلىيەت ئەكسىچە. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۆردەكلەرنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمى ئۆزگىچە. رەڭدار ئەركەك ئۆردەكنىڭ نەزىرىدە چىشى ئۆردەك سىيداملىقى بىلەن، چىپارلىقى بىلەن گۈزەل، يەنە ئۆزى بىلىدىغان گۈزەل تەرەپلىرى بار. بۇنى ئادەملەر چۈشىنىپ بولالمايدۇ. چۈنكى، ئادەملەر قىممەت كۆزقاراشلىرىنى بىر ـ بىرىگە تېڭىپ ئۆگىنىپ قالغان...

## يېشىللىققا سىڭىپ كېتىۋاتقان قاقشاللىق

ئۇ سۇغا قاراپ ھاردى، كۆزلىرىنى كۆل بويىدىكى بىر تۈپ مەجنۇنتالغا يۆتكىدى، بىلىنەر ـ بىلىنمەس شامالنى سۇنىڭ شىۋىرلاشلىرىغا قۇلاق سېلىۋاتقاندەك ئېگىلىشىپ تۇرغان ئىنچىكە شاخچىلارنىڭ يېنىك تەۋرىنىشلىرىدىن ھېس قىلدى. قۇياش ئەتراپىنى جەنۇب تەرەپتىن يورۇتۇپ تۇراتتى. سۇنىڭ ئاپتاپتا ئەكس ئەتكەن جىمىرلاشلىرى مەجنۇنتالنىڭ غولىغا شولىسىنى چۈشۈرگەندە قوۋزاقلاردىن بىر ئىلىك كەڭلىكتە سۇس ھور كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك مەنزىرە پەيدا بولدى. ئۇ ئۆزى ھېس قىلغان «ھور» نى ئاقۇچ تۇتۇنگىمۇ ئوخشاتتى. بۇ ئاقۇچ تۇتۇن غولنىڭ ئاقارتىلمىغان قىسمىدىن باشلىنىپ جەنۇبقا چات ئارىغان بالا غولغىچە يامراپ تۇراتتى. كۆلدىكى ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى قوغلاپ سۇدىن كۆتۈرۈلۈپ چۈشۈشلىرى بۇ «ئاق

www.uyghurkitap.com

تۈتۈن» نى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋېتەتتى. سۇ يۈزى تىنچ تۇرغاندا مەجنۇنتالنىڭ غولىغا ئۆزىنىڭ ئەۋرىشىم شاخلىرىنىڭ شولىسى چۈشەتتى. شاخچىلار يېنىك تەۋرەنگەندە دەرەخ غولىدا ئىنچىكە قارا ئىس تولغىنىۋاتقاندەك كۆلەڭگە پەيدا قىلاتتى.

ئۇ مەجنۇنتالنىڭكىگە ئوخشاش، باشقا دەرەخلەرنىڭمۇ ئاستىنقى غولىنىڭ ھاك بىلەن ئاقارتىلغانلىقىغا دىققەت قىلدى. بۇ يەردىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئۆمىلەپ چىقىۋالماسلىقى ئۈچۈن قوللىنىلغان تەدبىر. لېكىن، ئۆزىدىن پەيدا بولىدىغانلىرى، ئۇچۇپ كېلىدىغانلىرى زىيانكەشلىكىنى قىلىۋېرىدىكەن. قارىساڭ بەزى شاخلار سارغىيىپ كەتكەن، تېخى بەزىدە بىرنەچچە تال يوپۇرماق ياپىپېشىل پېتى ئالدىڭغا ئۇچۇپ چۈشىدۇ، خۇددى چاچراپ كەتكەن، ياش كېتىپ قالغان جان ئىگىلىرىدەك.

دەرەخلەرنىڭ بەزى شاخلىرىدا يوپۇرماقلار قويۇق، بەزىلىرىدە شالاڭ، بەزىلىرىدە يوق. يېشىللىق يوگۆرمىگەن قاقشال قوڭۇر شاخچىلارنىڭ چىۋىقلىرى شامالدا سۇنۇپ چۈشۈپ چىملىقنىڭ ئۈستىدە سۇنايلىنىپ ياتىدۇ. جەنۇبتىن قىيپاش چۈشۈۋاتقان قۇياش شولىسىدا قۇرۇق دەرەخ شاخلىرى چىملىققا، تاش يېيىستىلغان چىغىر يولغا بۆرتۈپ چىققان تومۇرلاردەك كۆلەڭگە چۈشۈرىدۇ.

ئۇ نېرىقى قىرغاقتىكى تېرەكلەرگە قارىدى، ھە دېگەندىلا ئاقۇچ غوللىرى كۆزگە تاشلاندى، يوپۇرماقلىرى تېخى شالاڭ بولغاچقا بەكمۇ يېشىل كۆرۈنۈپ كەتمىدى. يەنە بەزى دەرەخلەر تېخى قاقشال پېتى. ئۇلارغا پۇرسەت سەل كېچىكىپ كېلەتتى. ئۇلار ھېلىھەم شامالنىڭ سۆيۈشىگە، نەملىكنىڭ ئۆرلىشىگە، ئاپتاپنىڭ قۇچاقلىشىغا موھتاج ئىدى.

ئۇ يەنە ئالدىدىكى چىملىققا قارىدى. چىملىقنى پۈتۈنلەي

ياپيېشىل دېگىلى بولمايتتى. تېگى بىر يەرلىرى سارغۇچ كۆرۈنەتتى. بۇ بۇلتۇرقى غازاڭلارنىڭ پارچىلىرى، ئۇۋىندىلىرى ئىدى. بۇ يىلقى چېچەكلەرنىڭ بالدۇرراق توزۇغان بەرگىلىرىمۇ ئاللىقاياقلاردىن ئۇچۇپ كېلىپ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەرگە قونۇپ ئۇلگۇرگەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئىتتىك كۆز يۈگۈرتكەن ئادەم يېشىللىقنىلا بايقايتتى. سارغۇچ قوڭۇر غازاڭ ئۇۋىندىلىرى يەنىلا يېشىللىقنى گەۋدىلەندۈرەتتى. ئوت ـ چۆپلەر قويۇق، ئېگىز ئۆسكەندە ئۆلگەن يوپۇرماق، قۇرۇغان گىياھلار يېشىل ھاياتلىققا سىڭىپ كېتەتتى.

دەرەخلەرمۇ شۇنداق، ئۇن ـ ئون بەش كۈنگە قالماي باراقسان ئۆسۈپ قۇرۇغان شاخ ـ شۇمبىلارنى يېشىل يوپۇرماقلىرى بىلەن كۆمۈپ تاشلايتتى. دەرەخكە قارىغان ئادەم ئۇنىڭ قۇرۇغان شاخلىرىغا ئېتىبار قىلماي، پەقەت تەپچىرەپ تۇرغان يېشىللىقىدىن ھۇزۇرلىناتتى. ئۇنىڭ قاقشال شاخلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى ياز كۈنى شۇ يەردە ئولتۇرۇپ قويۇندا قالغان ئادەملا بىلەلەيتتى. بۇنداق ئەھۋالنى ئۇ ئۆزى قايسى بىر يىلى كۆرگەن: 6 ـ ئاي مەزگىلى ئىدى. تۇيۇقسىز شۇنداق بىر قويۇن كۆتۈرۈلدىكى، ئۇ نە قېچىشنى، نە ئولتۇرۇۋېلىشنى بىلمەي قالدى. «قاراس ـ قۇرۇس» نىڭ دەھشەتلىكى، توپا ـ چاڭنىڭ قويۇقلۇقىدىن بېشىنى ئورىۋېلىشقا ئاران ئۇلگۇردى. قويۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىغا قارىغاندا، ئۆزىنى خۇددى چىۋىق كەسلەۋاتقان جايدا تۇرغاندەك كۆردى. يەر يۈزى قۇرۇغان شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. دەل ـ دەرەخلەر ئارتۇقچە يۈكتىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولغاندەك قالدۇق شامالدا ھەر ياققا چايقىلىپ تۇراتتى. تەبىئەتنىڭ شاللىشى دېگەن مۇشۇنداق بولىدىكەن.

ئۇ ئانچە ـ مۇنچە ھەرىكەت قىلىش ئۇچۇن كۆل ياقىسىدىكى

تۆپىلىككە چىقتى. بۇ چوڭ تۈپا دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە ساي تېشى ياتقۇزۇلۇپ ياسالغان تۆپىلىك ئىدى. ئۈستىگە چىققۇچە بەش تاش پەلەمپەيدىن چىقىپ ئالدىغا بىر-ەر مېتىرچە مېڭىپ، يەنە ئىككى قايتىلاپ جەمئىي ئون بەش پەلەمپەيدىن چىقىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ ئۆز ۋاقتىدا ياۋايى قۇشلارنى كۆرگەزمە قىلىش ئۈچۈن ياسالغان جاي. قۇش، ھايۋانلارنى تەبىئەتكە قويۇۋېتىش پەرمانى بىلەن ياۋايى قۇشلار بۇ يەردىن ئەكېتىلگەن بولسىمۇ، قەپەسلىرى ھېلىھەم جايىدا چوقچىيىپ تۇراتتى. تۆپىلىكنىڭ يانباغىرى ئاساسەن قارىياغاچلىق ئىدى. قىڭغىر - سىڭغىر ئۆسكەن قارىياغاچلار خۇددى تاشلارنىڭ ئارىسىدىن ئۈنۈپ چىققاندەك كۆرۈنەتتى. كاداڭلىرى يىلتىزى چوڭقۇر بولغاچقا، ئۇبدانلا كۆكىرىپ تۇراتتى. بەزىلىرى بولسا ئالا كۆكەرگەن، يەنە بەزىلىرى تېخى قاقشال ھالەتتە ئىدى. يانباغىرنىڭ تۆۋەنرەك جايىدىكى بىر قارىياغاچ ياشراق بولسىمۇ، شۇنچىلىك كۆكەرگەنكى، ئۈستۈنكى شاخلىرىلا ئەمەس، ئەڭ ئاستىدىكى غولىمۇ ياپراق چىقارغانىدى. ئۇ ئىختىيارسىز مەيدىلىرىدىن تارتىپ پاقالچاقلىرىغىچە موي باسقان ئەركەكنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. يانباغىردىكى ھەممىلا قارىياغاچنىڭ تۆۋىگە سۇ توختايدىغان تۈپا تەكشىلىك قويۇلغان. شۈبھىسىزكى، بۇ سۇغىرىش ئېھتىياجى ئۈچۈن ياسالغان نەرسە. كۆل بويىدا تۇرغاچقىلا سۇغارمىسىمۇ بولىدىغان ئىش يوق، ئۆستەڭنىڭ ئىچىدە تۇرۇپمۇ قۇرۇپ كېتىدىغان ئىشلار بار. بىرنەچچە يىل بۇرۇن ئۇ بىرنەچچە ئاغىنىسى بىلەن «تاش ئۆستەڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇرۇمچى دەرياسىنىڭ بويىنى ئايلىنىپ يۈرگەندە بىر تۈپ كاداڭ دەرەخنى كۆرگەن. ئۇ دەرەخ ئۆستەڭنىڭ يېڭى ئالىدىغان قىرغىقىنىڭ ئىچى تەرىپىگە توغرا كېلىپ قالغانىكەن. قۇرۇلۇشچىلار دەرەخنى كېسىۋېتىشكە قىيماي ئەتراپىنى بېتونلاپ قويۇپتۇ. ئۆستەڭمۇ سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ، دەرەخنىڭ

ئەتراپىمۇ بېتون، ئاياغ ئاستىدا سۇ شارقىراپ ئېقىپ تۇرىدۇ، لېكىن ئۇ تەشنالىقتا قۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭغا بىر ئۆستەڭ سۇنىڭ لازىمى يوق، ئازراق بولسىلا بولاتتىغۇ! ئۇ شۇ چاغدا بىر نەرسىنى قەدىرلىگەندە كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنى ھەقىقىي تۇردە ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەجىر قىلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلغان. مانا ھازىر ئالدىدا تۇرغان تۆپىلىكتىكى قارىياغاچلارغىمۇ شۇنداق، قاقشالراق ھالەتتە تۇرغانلىرى چوقۇم سۇغىرىشقا موھتاج.

## مامكاپ. قارىياغاچ پوستىكى

كۈن ئوبدان قىزىتىپ، ئانچە ـ مۇنچە شامال چىقىپ تۇرسىلا، باغقا ياز بالدۇر كېلىدىكەن. ئۇ تاقەت قىلالماي، يازنىڭ ئالدىغا بېرىش ئۈچۈن تۇرپانغا چۈشۈپ ئۈچ ـ تۆت كۈن تۇرۇپ كەلگۈچە، باغچە يېشىللىققا چۈمكىلىپ كەتكەنىدى. دەرەخلەردە قۇشلار سايراپ تۇراتتى، لېكىن قانچە قارىساڭمۇ يوپۇرماقلار ئارىسىدا ئۇنى كۆرگىلى بولمايتتى. چىملىقلاردا مامكاپنىڭ سېرىق گۈللىرى ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇراتتى، تېخى بەزىلىرى تال ـ تال سېرىق بەرگلىرىنى تاشلاپ ماموق تۇكلۇك شاپاق دوپپىسىمان ھالەتكە ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۈچۈپ يۈرگەن توزۇندىلار ئىچىدە مامكاپ توزۇندىلىرىمۇ بار ئىدى. بۇنى بەزىلەر مامكاپنىڭ ئۇرۇقى دەيتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مامكاپنىڭ بىر تال ئۇرۇقى ئەگەر ئەي بولۇپ قالسا، بىر ياز ئىچىدىلا ھەم بالىلىق، ھەم نەۋرىلىك بولالايدىكەن، يەنى ئۇرۇقنىڭ ئۇرۇقى، يەنە ئۇنىڭ ئۇرۇقى بىر پەسىلنىڭ ئىچىدىلا ئايرىم ـ ئايرىم گۈل بولالايدىكەن. ئۇ مامكاپنىڭ نەيچىسىمان غولىدىكى تىۋىتتەك يۇقۇندىلارغىمۇ، سېرىق چېچەكلىگەندە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەرگىلىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان گۈل چىنىسىنىڭ يېرىم شارسىمان تورغاق شەكىللەنگەندە تالا ـ تالا بولۇپ قوللىرىنى چۇشۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىغىمۇ دىققەت قىلدى. «پۇف» قىلسا، توزۇپ كېتىدىغان بۇ نازۇك ئۆسۈملۈكنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمىدى.

سۈنىڭ ئۈستىدە، يەردە تۈگمىدەك چېچىلىپ ياتقان، ئۇيمانلاردا، يول قىرلىرىدا تەڭگىدەك دۈۋىلىنىپ تۇرغان قارىياغاچ ئۇرۇقلىرى ــ پوستەكلەرمۇ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ تۇرپانغا بىرىنچى بۇرۇن كۈل بويىدىكى تۆپىلىكتە بىرنەچچەيلەننىڭ خالتىسىغا پوستەك سىيرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدى. شاخلاردا مىژژىدە تۇرغان پوستەكلەر پەلەي كىيگەن قوللارنىڭ ئەپچىل سىيرىشى بىلەن خالتىلارغا لەھەڭنىڭ ئاغزىغا كىرگەندەك كىرىپ كېتەتتى. ئۇ ئۇنى كۆرۈپ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاتمىشىنچى يىللىرىدىكى ئاچارچىلىق مەزگىلىنى ئويلاپ قالغان. ئۇ چاغدا يەيدىغان نەرسە ئىنتايىن قىس بولغاچقا، پوستەكلەرمۇ يېمەكلىك قاتارىغا ئۆتۈپ قالغانىدى، ئۆزىمۇ يەپ باققان، ھەتتا كوچىدا ساتقانلارنىمۇ كۆرگەن. لېكىن، ھازىر توقچىلىق جاھان، بۇنىڭغا نېمە ئېھتىياج؟... ئېھتىمال تەبىئىي يېمەكلىك دەپ ئويلىغاندۇر. تەبىئىي يېمەكلىكلەر ئەنئانىڭ تۇخۇمىدەك تېپىلماس بولۇپ قالغان بۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ بۇ ھەۋىسىنىمۇ ئەيىبلىگىلى بولماس. شۇنداقتىمۇ... ئۇ شۇنداقتىمۇ دەپ ئويلىغان ئاقىۋەتنى بۈگۈن كۆردى: ئۇ قارىياغاچنىڭ باشقا يوپۇرماقلىرى ئۈنۈپ چىقىپتۇ. لېكىن، قول يېتىدىغان جايدىكى ھېلىقى شاخچىلىرى ياپراقسىز ــ خۇددى دەرەخكە سانجىپ قويغان قامچا سىپىدەك دىڭگىيىپ تۇرۇپتۇ. شۇكۇر، ھېلىمۇ دەرەخكە يامىشىپ ھەممىنى سىيرىۋالمىغانىكەن ئۇلار، بولمىسا، دەرەخ بىچارە ئەتىيازنى چالا ـ

بۇلا كۆرۈپلا يازغا ئۇلىشالماس ئىكەن. ئۇ شۇ چاغدا «سىرىمچىلار» نىڭ خالتىسىنى توشقۇزمايلا نېرى ـ بېرى قاراپ تېنەش كېتىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن. بەلكىم باغچە خىزمەتچىلىرىدىن ئۇركۇگەندۇر ياكى ئۆزىدىن قەتئىيرەك، زەردىلىكرەك بىرلىرىنىڭ ئەيىبلىشىدىن چۆچۈگەندۇر، نېمىلا بولسا بولسۇن، بەخۇدۇك قىلالمىدى. ئادەملەردە تەبىئەتنى سۆيۈش ئېڭى شەكىللىنىۋاتقاندا مۇشۇنداق بولىدۇ. ئۇ ئاڭ ھەممىدە تولۇق شەكىللەنگەندە ھېچكىم ئۇنداق قىلمايدۇ، بەلكى ئۇرۇقلارنىڭ چاپانلىرىنى تاشلاپ يوپيۇرماق چىقىرىشىغا، ئەتراپقا، يىراق ـ يىراقلارغا ئۇچۇپ بېرىپ، ئۆزىگە يار بەرگەن جايدا ئۇنۇپ چىقىشىغا يول قويىدىغان، ئادەم تەرمىسىمۇ ئۆز ـ ئۆزىنى ئاۋۇتىدىغان بۇ ئىقتىدارغا سۆيۈنىدىغان ئادەت ئومۇملىشىدۇ. ئۇ چاغدا تاغ تېرەكلىرىدىكى يېشىل مونچاقلارنىڭ چاناقلىرىدىن، سېرىق لىباسلىرىنى تاشلىغان مامكاپلارنىڭ نازۇك گۇگۇسۇنلىرىدىن پارچىلىنىپ ئۇچقان توزغاقلار، شېخىدىن تۆكۈلۈپ شامالدا پەرۋاز قىلىۋاتقان چېچەك بەرگىلىرى ۋە پوستەكلەرنىڭ باھار ۋەسلىگە يېتىپ تەنتەنە قىلىۋاتقان يېشىل جانلىقلارنىڭ توي چاچقۇسى ئىكەنلىكىنى ھەممەيلەن چۈشىنىدۇ، ھەممەيلەن ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىدۇ. ئۆزىمۇ بۇرۇن بۇنى مۇنچە چوڭقۇر ئويلىمىغان. ئەمدى مۇشۇنداق ئويلاپ ھوزۇرلىنىپ كېتىۋاتىدۇ.

## قوشقاچ ھوجومى. ئايال

تويۇقسىز بىر نەرسە ئۇنىڭ بېشىغا تېگىپ دېگۈدەك ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇستىگە قارىشىغا بۇ ئەھۋال يەنە تەكرارلاندى، تەكرارلانغاندىمۇ دەھشەت، خۇددى قۇشلار

ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلمىۋاتقاندەك. ئۇ ئالدىدىن شىددەت بىلەن ئۇچۇپ ئۆتكەن قۇشنى غىل - پال پەرق قىلدى: قارا قۇشقاچ، ياق، قارا قۇشقاچتىن چوڭراق ئىكەن. ئۇ قۇش ئۇچۇپ بېرىپ ئالدىدىكى ئون قەدەمچە كېلىدىغان بىر دەرەخنىڭ شېخىغا قونۇپ سىلكىنگىنىچە ئەنسىز سايراپ كەتتى. ئۇ بۇ قۇشنىڭ ئەسلى يەرلىك قۇشقاچ ئەمەسلىكىنى يادىغا ئالدى. بىر چاغلاردا شىمالىي شىنجاڭدا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىپ زىيانداش ھاشاراتلار دورىسى ئانچە كار قىلمىغانلىقتىنمۇ ياكى زىيادە كۆپ دورىنىڭ ئۆسۈملۈكلەرگە كەلتۈرىدىغان زىيىنىدىن ساقلىنىش زۆرۈرىيىتىدىنمۇ، ئىشقىلىپ رۇسىيەدىن چېكەتكىنىڭ ئەدىپىنى ئۇنۇملۈك بېرەلەيدىغان ئاشۇ خىل قۇشقاچلار بىر تۈركۈم يۆتكەپ كېلىنگەنىدى. ئۇنى كىشىلەر «رۇس قۇشقىچى» دەپ ئاتايتتى. بۇ قۇشقاچلار شىمالدا ماكانلىشىپ كۆپىيىپ يېقىنقى بىر - ئىككى يىلدىن بۇيان ئۈرۈمچىگىمۇ ئالدىن يۈرەر بىر قىسمى يېتىپ كەلگەنىدى. شۇڭلاشقىمىكىن، ئۈرۈمچىدە چېكەتكىنى كۆرمەك تۇگۇل، چىرىلداشلىرىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولمايتتى. توۋا، مىژژىدە چېكەتكىلەرنى يوقىتىپ بولۇپ، مىغىدە ئادەملەرنى چېكەتكە چاغلاپ قالمىغاندۇ - ھە، بۇ قۇشقاچلار. ئۇنىڭ خىيالى ئاخىرىغا چۇشۇپ بولغۇچە، شاختىكى قۇشقاچ نېرىدىكى بالا يېتىلىۋالغان بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدىن يۇپۇرۇلۇپ ئۇچتى. يەنە بىر قۇشقاچمۇ ئۇدۇلدىن كېلىپ شۇ جايدىن تۆۋەنلەپ ئۆتۈپ كەتتى. بارى - يوقى ئىككىلا قۇشقاچ، ئون - ئون بەش مېتىر دائىرىدە جەڭگاھتىكى يانىڭ ئوقىدەك ئۇيان - بۇيان ئۇچۇپ شۇ جايدىكىلەرنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. ئۇمۇ نېمە بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي ئەنسىزلىك ئىچىدە قالدى. قۇشقاچلار قەھرى بىلەن چۇرۇقلايتتى، پەسلەيتتى، كۆتۈرۈلەتتى. ھۇجۇم نۇقتىسى ھېلىقى بالا يېتىلىۋالغان ئادەمدەك قىلاتتى، لېكىن ئۇيان -

بۇيان ئۇچۇشلىرىدا ئەتراپىدىكىلەرنىمۇ ئالا قويمايتتى. ھېلىقى ئادەم قولىدىكى قانداقتۇر بىرنېمىنى ھېلى ئۇ يېنىغا، ھېلى بۇ يېنىغا يۆتكەيتتى، قۇشلار ئۇستىدىن پەسلەپ ئۆتكەندە بېشىنى ئىچىگە تىقىپ شۇمشىيىپ كېتەتتى. نېمە ئىش ئىكەنلىكى ئاخىر مەلۇم بولدى. ئۇ ئادەم ھېلىقى قۇشلارنىڭ بالىسىنى تۇتۇۋالغانىكەن. ئىككى سەيلىچىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىنى توسۇپ گەپ قىلىشلىرىدىن بۇ ئىش ئايان بولدى.

بىرسى دېدى — بۇ ئايال كىشى ئىدى:

— نېمە قىلىسىز قۇشنىڭ بالىسىنى تۇتۇپ؟

ئۇ كىشى دېدى:

— بالامغا ئوينىسۇن دەپ تۇتۇپ بەردىم.

بۇ كىشىنىڭ ئاۋازى ھالسىز ئىدى، سەل چۆچۈگەندەك قىلاتتى.

ئايال كىشىنىڭ يېنىدىكى ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى:

— قويۇڭ، بۇرادەر، بالىڭىزغا ئويۇنچۇق قۇش ئېلىپ بېرىڭ. بۇ تىرىك جانغۇ!

قۇش تۇتۇۋالغان كىشى بويۇن تولغىغاندەك قىلىۋىدى، ئايال:

— پۇلىڭىز بولمىسا، مەن بېرەي، قۇشنى قويۇۋېتىڭ، — دەپ سالدى.

بۇ گەپ غۇرۇرىغا تەگدى بولغاي، ئۇ: «نېمە دەۋاتىدۇ ماۋۇ» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى ئىتتىك بۇرىدى ـ دە، مېڭىشقا تەمشەلدى. ئايال بولدى قىلمىدى، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

— ئۇنداق قىلماڭ، ماۋۇ قۇشلارغا قاراڭ، — ئۇ باش ئۇستىلىرىدە ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلارنى ئىما قىلدى، — نېمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىسىزغۇ. ئاتا ـ ئانا ئۇلار، چىدىمىدى. ئەگەر... ئەگەر بالىڭىزنى بىرسى تۇتۇۋالسا، مۇشۇ ئوماق بالىڭىزنى بىرسى تۇتۇۋېلىپ ئەكەتسە، سىزگە ياندۇرۇپ بەرمىسە، سىز چىدىيالامتىڭىز؟ ئايالىڭىز چىدىيالامتى؟ بالىڭىز چىدىيالامتى؟...

ئايالنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چۇشۇپ بولغۇچە، ھېلىقى ئادەمنىڭ بالىسى دادىسىنىڭ بېقىنىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئادەمنىڭ چىرايىمۇ تاتىرىپ، كۆزلىرى ئالاڭ ـ بۇلاڭ بولدى، شۇنداقتىمۇ قۇشنى تاشلىۋەتمىدى.

بۇ يەرگە ئادەملەر خېلى يىغىلىپ قالغانىدى، بەزىلىرى تاماشا كۆرۈپ تۇراتتى، بەزىلەر ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلەن ئالىياتتى، غۇدۇرىشىپ قوياتتى، بەزىلىرى «قويۇۋەتسىڭىزچۇ» دېگەندەك ئىلتىجا بىلەن قارايتتى. يەنە ھېلىقى ئايال ئوتتۇرىغا چىقتى، قولىنى تەڭلەپ:

— ئەكېلىڭ، — دېدى. بۇ ھەم ئىلتىماس، ھەم بۇيرۇق ئىدى. ئۇ ئادەم ئوڭايسىزلاندى، ئەتراپتا شاۋقۇن كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئاخىر بەردى.

ئايال قۇشقاچ بالىسىنى ئاۋايلاپ چىملىققا قويدى.

قۇشقاچ بالىسى دەرھال ئۇچالمىدى، دىكىلداپ ماڭدى. شۇ ئەسنادا ئانا قۇش، ئاتا قۇشلار — ئۇلارنىڭ سالاھىيىتى چوقۇم شۇنداق — ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۇچۇپ كەلدى، ئازراق بىللە ماڭدى، ئاندىن ئۈچ قۇش ئارقا ـ ئارقىدىن كۆتۈرۈلدى ۋە بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

ئۇ ھېلىقى ئادەمگە قارىدى، ئۇ ئادەم ماڭالايدىغان، ھەتتا يۈگۈرەلەيدىغان بالىسىنى كۆتۈرگىنىچە چىڭ قۇچاقلاپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ ھېلىقى ئاق كۆڭۈل، زەردىلىك ئايالغا ھۆرمەت بىلەن

بۇيان ئۇچۇشلىرىدا ئەتراپىدىكىلەرنىمۇ ئالا قويمايتتى. ھېلىقى ئادەم قولىدىكى قانداقتۇر بىرنېمىنى ھېلى ئۇ يېنىغا، ھېلى بۇ يېنىغا يۆتكەيتتى، قۇشلار ئۇستىدىن پەسلەپ ئۆتكەندە بېشىنى ئىچىگە تىقىپ شۇمشىيىپ كېتەتتى. نېمە ئىش ئىكەنلىكى ئاخىر مەلۇم بولدى. ئۇ ئادەم ھېلىقى قۇشلارنىڭ بالىسىنى تۇتۇۋالغانىكەن. ئىككى سەيلىچىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىنى توسۇپ گەپ قىلىشلىرىدىن بۇ ئىش ئايان بولدى.

بىرسى دېدى — بۇ ئايال كىشى ئىدى:

— نېمە قىلىسىز قۇشنىڭ بالىسىنى تۇتۇپ؟

ئۇ كىشى دېدى:

— بالامغا ئوينىسۇن دەپ تۇتۇپ بەردىم.

بۇ كىشىنىڭ ئاۋازى ھالسىز ئىدى، سەل چۆچۈگەندەك قىلاتتى.

ئايال كىشىنىڭ يېنىدىكى ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى:

— قويۇڭ، بۇرادەر، بالىڭىزغا ئويۇنچۇق قۇش ئېلىپ بېرىڭ. بۇ تىرىك جانغۇ!

قۇش تۇتۇۋالغان كىشى بويۇن تولغىغاندەك قىلىۋىدى، ئايال:

— پۇلىڭىز بولمىسا، مەن بېرەي، قۇشنى قويۇۋېتىڭ، — دەپ سالدى.

بۇ گەپ غۇرۇرىغا تەگدى بولغاي، ئۇ: «نېمە دەۋاتىدۇ ماۋۇ» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى ئىتتىك بۇرىدى ـ دە، مېڭىشقا تەمشەلدى. ئايال بولدى قىلمىدى، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

— ئۇنداق قىلماڭ، ماۋۇ قۇشلارغا قاراڭ، — ئۇ باش ئۇستىلىرىدە ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلارنى ئىما قىلدى، — نېمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىسىزغۇ. ئاتا ـ ئانا ئۇلار، چىدىمىدى. ئەگەر... ئەگەر بالىڭىزنى بىرسى تۇتۇۋالسا، مۇشۇ ئوماق بالىڭىزنى بىرسى تۇتۇۋېلىپ ئەكەتسە، سىزگە ياندۇرۇپ بەرمىسە، سىز چىدىيالامتىڭىز؟ ئايالىڭىز چىدىيالامتى؟ بالىڭىز چىدىيالامتى؟...

ئايالىنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چۇشۇپ بولغۇچە، ھېلىقى ئادەمنىڭ بالىسى دادىسىنىڭ بېقىنىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئادەمنىڭ چىرايىمۇ تاتىرىپ، كۆزلىرى ئالاڭ ـ بۇلاڭ بولدى، شۇنداقتىمۇ قۇشنى تاشلىۋەتمىدى.

بۇ يەرگە ئادەملەر خېلى يىغىلىپ قالغانىدى، بەزىلىرى تاماشا كۆرۈپ تۇراتتى، بەزىلەر ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلەن قاراپ ئالىياتتى، غۇدۇرىشىپ قوياتتى، بەزىلىرى «قويۇۋەتسىڭىزچۇ» دېگەندەك ئىلتىجا بىلەن قارايتتى. يەنە ھېلىقى ئايال ئوتتۇرىغا چىقتى، قولىنى تەڭلەپ:

— ئەكېلىڭ، — دېدى. بۇ ھەم ئىلتىماس، ھەم بۇيرۇق ئىدى. ئۇ ئادەم ئوڭايسىزلاندى، ئەتراپتا شاۋقۇن كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئاخىر بەردى.

ئايال قۇشقاچ بالىسىنى ئاۋايلاپ چىملىققا قويدى.

قۇشقاچ بالىسى دەرھال ئۇچالمىدى، دىكىلداپ ماڭدى. شۇ ئەسنادا ئانا قۇش، ئاتا قۇشلار — ئۇلارنىڭ سالاھىيىتى چوقۇم شۇنداق — ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۇچۇپ كەلدى، ئازراق بىللە ماڭدى، ئاندىن ئۈچ قۇش ئارقا ـ ئارقىدىن كۆتۈرۈلدى ۋە بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

ئۇ ھېلىقى ئادەمگە قارىدى، ئۇ ئادەم ماڭالايدىغان، ھەتتا يۈگۈرەلەيدىغان بالىسىنى كۆتۈرگىنىچە چىڭ قۇچاقلاپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ ھېلىقى ئاق كۆڭۈل، زەردىلىك ئايالغا ھۆرمەت بىلەن

قارىدى. ئـايـال ئەتراپـتـىكىلـەرنىڭ مـاخـتـاشلـىرىنـى ئـاڭـلاپ ئولتۇرمايلا:

— مۇشۇنداق بـولۇشى كـېـرەك، — دېدى ـ دە، ھەمـراھـى بىلەن كېتىپ قالدى.

«راست، مۇشـۇنداق بولۇشـى كېرەك. ئۇلارمـۇ تىرىـك جـان، ئـۇلارنى بالىـلىرىدىـن ئايرىۋەتـمەسلىـك كېرەك. بۇ ھـاياتنىـڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتى شۇ ئائىلە بىلەن. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىدىن، بالىلار ئـاتا ـ ئانىـلىرىدىـن ئايرىـلمىسۇن، ھـېچبىـرلـىمىغـانـدا ئۇچۇرما بولۇپ ئۆز كۇنىنى ئـۆزى ئالغۇچـە... راست، مۇشۇنـداق بولۇشى كېرەك، ھەق گەپنى دېيىـش كېرەك، ئـادالەتسىـزلىكنـى توساش كېرەك، ئاشۇ ئايالدەك دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىش كېرەك، ھەممىلا ئادەم ئۆزىدەك تاماشا كۆرۈپ تۇرسا، شۇ بىچـارە قۇشلار بالىسىنى باغرىغا قايتا باسالارمىدى...»

## ياۋا ئۆردەكلەر

ئۇ ئەمدى «غاز كۆلى» گە باردى. بۇ يەر «غاز كۆلى» دېيىلگەن بىلـەن، ئەمەلـىيەتتە يـاۋا ئۆردەكلەرنـىڭ ماكانـى ئىدى. ئارىـلاپ بىرەر ـ ئىـككى جۈپ يـاۋا غاز چۈشۈپ قـالمىسـا، ئاساسەن يـاۋا ئـۆردەكلەر ياشـايتتـى. يـاۋا ئۆردەك دېگـەن بـىر مەھـەلـلىنـىـڭ ئـادەملـىرىـدەك توپلـىشىپ ئـۆتـىدىـكەن، بـەزىلـىـرى خـۇددى ياۋروپـالـىقلاردەك، ئـەركـەك ـ چـىشـىـسـى بـىـلـلـىلا، ھـېلـى قاتارلاشقان، ھېلى سوڭگداشقان، سۇدا ئۈزگەندىمۇ شۇنداق، سۇدىن كۆتۈرۈلگـەندىـمۇ شـۇنداق. ئەگـەر ئـەر ـ خوتۇنـلار ئـۆگىنىـش ئۆلگـىسى ئىـزدىـسە، شۇ قوشـماق ئۆردەكـلـەرنى ئۆلـگـە قىلـسـا بولـىدىكەن. قاراڭ، چـىشـىـسـى سۇغا چـۆكـسە، ئەركـىـكـىنـىـڭ مەستلىكى كېلىپ قاراپ تۇرۇشلىرىـنى، خۇددى سۇ ئـاستىدىـن

گېلىغا يۇتۇپ چىققان ئوزۇقنى تەييارلا ئۇنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويىدىغاندەك. ئۇلار بەزىدە ئويۇن چىقىرىپ تەڭلا بېشىنى سۇغا چۆكۈرۈپ، تەڭلا بېشىنى كۆتۈرىدىكەن. باشلار سۇغا چۆككەندە قۇيرۇقلار، قۇيرۇقلار چۆكسە باشلار تىكلىنىدىكەن. بۇ ئۆزۈكسىز ھەرىكەتلەر نېفىت ئېلىۋاتقان كاچالكىنىڭ ھەرىكىتىگىلا ئوخشايدىكەن. بەزىدە چىشى ئۆردەكلەر ئالدىدا قاتارلىشىپ مەغرۇر ئۈزۈپ ماڭىدىكەن، كەينىدە ئەركەك ئۆردەكلەر، گويا مەيدىسىنى كېرىپ كېتىۋاتقان نوچىلاردەك. لېكىن، بۇ قاتار تېزلا بۇزۇلۇپ كېتىدىكەن. سۇدىكى ئۆسۈملۈك ئورۇقى، ھاشارات، نان ئۇۋىقى دېگەندەك نەرسىلەر ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىپ ھېلى ئوڭغا، ھېلى سولغا، ھېلى ئالدىغا، ھېلى كەينىگە باشلاپ كېتىدىكەن. بەزىدە ئىككى ئۆردەك تەڭلا بىر يېمەكلىككە تاشلىنىدىكەن، قايسىسى چاققان بولسا، شۇ ئېلىپ كېتىدىكەن. بۇ ئىش شۇ ئىككى ئۆردەك ئارىسىدا تەكرارلىنىۋەرسە، جېدەل چىقىدىغان ئىشمۇ بولىدىكەن. ئۇ بىر چىشى ئۆردەكنىڭ يەنە بىر چىشى ئۆردەكنى غەزەپ بىلەن چوقۇلىغىنىچە سۇغا بېسىپ چۆكۈرۈۋەتكەنلىكىنى كۆردى، ئاستىدىكى ئۆردەك بىرپەس چۆكۈپ كېيىن يېنىچە تەڭنىدەك لەيلەپ چىقتى ـ دە، ئۆرە قوپۇپ يۈگۈرگەندەك نېرىغا كېتىپ قالدى، ئەركەكلىرى تۈرۈپ ـ تۈرۈپ چىشى ئۆردەكلەرگە ئامراقلىق قىلىپ قوياتتى. چىشى ئۆردەكلەر ئەركىكىنىڭ بېسىشى بىلەن سۇغا چۆكۈپ كەتكەندە، كىشى ئۇنى دەم ئالالماي تۇنجۇقۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيتتى. قاراڭ، ئەركەك ئۆردەكنىڭ سېرىق پەنجىلىرى چىشىسىنىڭ ئۈستىدە خۇددى سۇدىكى تاشقا دەسسەپ تۇرغاندەك تۇرغىنىنى. ھېلىمۇ ئۇلارنىڭ ئامراقلىقى قىسقىلا ۋاقىتتا تۈگەيدىكەن. بولمىسا، قىرىلىپ تۈگەركەن ئۇ چىشى جانىۋارلار. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن

ئەركىنكى سۇدىن مەغرۇر كۆتۈرۈلۈپ قاناتلىرىنى قېقىپ كېتىدىكەن، چىشىسىمۇ ئۆزىنى سەل ئوڭشىۋېلىپ ئاشۇ خىل هالەتتە خۇشاللىقىنى بىلدۈرىدىكەن. قىزىق، قاناتلىرىنى قېقىشلىرى ئادەملەرنىڭ چاۋاك چالغىنىغىلا ئوخشايدىكەن ـ هە، دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇ ئالدىغىلا كېلىپ قالغان ئۈچ ئۆردەككە دىققەت قىلدى: ئوتتۇرىدا چىشىسى، ئىككى يېنىدا بىردىن ئەركەك. ئىناق دوستلار ئىكەن ـ دە، دەپ ئويلىدى ئۇ. لېكىن، بۇ ئىناق دوستلارمۇ ئادەملەرگە ئوخشايدىكەن. ئوڭ ياندىكى ئەركەك ئۆردەك چىشى ئۆردەككە سۈركەلگەندەك قىلىۋىدى، سول يېنىدىكىسى ئۇنى چوقۇپ نېرى كەتكۈزۈۋەتتى. قارىغاندا، ئىگىسى ئىگە بولىدىكەن، قورۇيدىكەن.

ئۇ بىر چاغدا جىققىنا ئۆردەكنىڭ قىرغاقتا يېقىن بىر جايغا توپلىشىپ قالغانلىقىنى كۆردى ۋە تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن ئۇ يەرگە باردى. بىر كىچىك بالا نان ئۇۋۇتۇپ سۇغا تاشلاۋاتقانىكەن. تەييارنى يېيىش ئۈچۈن هەممىسىلا دىگۈدەك ئۇ يەرگە بېرىۋاپتۇ. بىر ئۈچۈم نان ئۇۋۇقى سۇغا تاشلىنىدۇ، هەممىسىلا ئۆزىنى شۇ يەرگە ئاتىدۇ، بەزىدە بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ كېتىدۇ، چەتتىرەك پايلاپ تۇرغانلىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن لەيلەپ چىققان نان ئۇۋاقلىرىنى ئەپ بىلەن كانايغا يۇتىدۇ...

ئۇ بىر قىزىق ئىشقا دىققەت قىلدى: بالىنىڭ قولىدىن نان ئۇۋاقلىرى بىلەن بىللە چىقىپ كېتىپ قالدىمۇ، كىچىكرەك بىر پارچە نان سۇغا چۈشتى. بىر ئۆردەك كېلىپ ئاغزىغا يۇتۇۋىدى، پاتمىدى. ئۇ پارچە ناننى تاشلىۋېتىپ كۆزى چۈشكەن يەنە بىر نان ئۇۋۇقىغا تاشلاندى. بىرنەچچىسى كەلدى، ناننى يۇتالمىدى، تاشلىدى، ئوڭاي ئۆتىدىغىنىغا يۈگۈردى. بىر چاغدا ئۈششاق نان

ئۇۋاقلىرى تۇگىگەن بولسا كېرەك، بىر ئۆردەك كېلىپ ھېلىقى نان پارچىسىنى چىشلىدى، بىر چىشلىمى گېلىغا كىرىپ، قالغىنى ئۇشتولۇپ سۇغا چۈشتى. دېمەك، نان پارچىسى سۇدا ئېرىپ يۇمشاپ كەتكەنىدى. ئۇ سۇدىكى پارچە ناننى چاققانلىق بىلەن يەنە چىشلەپ ئالدى. باشقىلىرىمۇ سەزگەنىكەن، ئۇنىڭ تۇمشۇقىدا ساڭگىلاپ تۇرغان نان پارچىسىغا ئېتىلدى. نان پارچىسى ھېلى ئۇنىڭ ئاغزىغا، ھېلى بۇنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالاتتى. ئۆردەكلەر توپى ناننى مەركەز قىلىپ ھېلى ئوڭغا، ھېلى سولغا سۈرۈلەتتى. ئۇ ئۆردەكلەرنىڭ بۇ «ئوغلاق تارتىشىش» ئويۇنىغا قاراپ كۈلۈپ كەتتى.

ئۇلارنى نان بىلەن باققان بالا قولىدىكى نان پارچىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئۇلارنى ئەتراپىغا يىغالمىغىنىغا ئېچىنغىنىچە چەتتە دومسىيىپ تۇراتتى.

بىر قىسىم ئۆردەكلەر كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارالچاققا چىقىشتى، قاناتلىرىدىكى سۇلارنى قېقىشتى. ئۇ يەردە بەزى ئۆردەكلەر ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ، بەزىلىرى پوكىنىنى يەرگە يېقىپ ياتاتتى. ئۇ قىشتىمۇ ئۆردەكلەرنى ئاشۇ يەردە كۆرگەنلىكىنى ئەسكە ئالدى. چىللە سوغۇقتا بىرمۇنچە ياۋا ئۆردەكنىڭ ئاپپاق قارغا، توغرىسىنى ئېيتقاندا، مۇزغا پوكىنىنى يېقىپ ياتقانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ ئۇنى ـ بۇنى چوقۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەندە ئۇ ھەيران قالغان. چۈنكى، ياۋا ئۆردەكنى ئۇ پەسىل قۇشى دەپ بىلەتتى. بۇ خىل قۇشلار كەچ كۈزدە ئىسسىق جايلارغا ئۇچۇپ كېتىپ ئەتىيازدا قايتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، بۇ ئۆردەكلەر بۇ يەردە قىشلاپ قالغانىدى. ئۇ شۇ چاغدا ئۆردەكلەرنىڭ ئالدىغا كىشىلەر چېچىپ قويغان نان ئۇۋاقلىرىغا، گۈرۈچ، دانلارغا دىققەت قىلغان. ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئۇلارنى ئاش ـ نانسىز قويمىغان، بايامقى بالا باققاندەكلا باققان، ئۇلارنى تۇتمىغان، يەۋەتمىگەن، شۇڭا ئۇلار

كەتمىگەن. دېمەك، پەسىل قۇشلىرى توڭلىغانلىقى ئۈچۈنلا ئىسسىق جايلارغا كېتىپ قالمايدىكەن. يەيدىغان نەرسە بولسا، ئەركىن ياشاش كاپالىتى بولسا، ئۇلار توموز ئىسسىققا قانداق چىدىغان بولسا، قەھرىتان سوغۇققىمۇ شۇنداق چىدايدىكەن، ئۆز ماكانىدا چىڭ تۇرۇپ ياشايدىكەن. كىم دەيدۇ، ئۇنى ۋەتەنسىز قۇش دەپ !

لېكىن، كېتىدىغانلىرىمۇ بار، يەنە كېلىپ جىق، — ئۇ مەسىلىنىڭ ئىككىنچى تەرىپىنىمۇ ئويلىدى — ياۋا ئۆردەكلەر ئىسسىقنىڭ ئورنىغا سوغۇق ئالماشقان مەۋسۇملاردا ماكان ئالماشتۇرۇپ تۇرمىسا، نەچچە مىڭ كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ قاناتلىرىنى چېنىقتۇرۇپ تۇرمىسا، ئۆي ئۆردىكىدىن پەرقسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ يېتىلىپلا كاۋاپ بولۇشتىن باشقا تەقدىرنى كۆرمەيدۇ.

ئۇ كۆلدىكى ياۋا ئۆردەكلەرگە ئەسلىي جاسارەتنى تىلىدى.

لەيلىمە سۇ ئۆسۈملۈكلىرى، يەنى لەشلەر ئۆسۈۋاتقان كۆل سۈيىنىڭ دەرەخ سايىسى چۈشۈپ تۇرغان جايى قارامتۇل يېشىل كۆرۈنەتتى. يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇرغان جايلىرىدا لەشلەر ئوچۇق يېشىل رەڭدە تاۋلىناتتى. ئۇ كەينىدە ئاچا يول قالدۇرۇپ كېمىدەك سىلىق ئۈزۈپ كېتىۋاتقان، ھەربىر چۆكۈشىدە ھالقا - ھالقا چەمبەرلەرنى چىقىرىۋاتقان ياۋا ئۆردەكلەرگە ئاخىرقى بىر قېتىم قاراپ قويۇپ، كۈنپېتىشقا قارىتىپ قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇققا قاراپ ماڭدى.

## كەچقۇرۇن

ئۇ ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە بېشىنى تاشلاپ يۇقىرىغا قارىدى. كۆك ئاسمان، ئاندا - مۇندا لەيلەپ يۈرگەن ئاق

www.uyghurkitap.com

بۇلۇتلار، غۇڭۇلداپ ئۇچۇۋاتقان بىر نەچچە كەپتەر... نېمىدېگەن يېقىملىق كۆرۈنۈش. دەرەخلەرنىڭ كۆككە بوي سوزۇپ ئۆسكەن ئەڭ ئۇستۇنكى شاخلىرى ئۇنىڭ كۆزىگە تاشلانغان بوشلۇقنىڭ چەت - چۆرىسىدە كۆكۈچ ياغلىقچا چۇشۇرۇلگەن يېشىل گۇل ئۆرنىكىدەك تۇرۇپتۇ. ئۇ يانچۇقىدىن يانفوننى چىقاردى، ئايرىمچە شوقشىيىپ تۇرغان يېشىل شاخلارنى بوشلۇقنىڭ چېتىگىرەك توغرىلاپ بىر - ئىككى پارچە ئاق بۇلۇتنى قوشۇپ ناھايىتى سەنئەتلىك كۆك ئاسمان كۆرۈنۈشىنى تارتىۋالدى. بۇ ئۇنىڭ تەبىئەتتىن تەييار چۇشۇرۇۋالغان ئەسىرى ئىدى. بۇ ئەسەردىكى بوشلۇق چوڭ ئىدى، ئۇنىڭغا يەنە خېلى مەزمۇنلارنى قوشقىلى بولاتتى. دۇرۇس، يانفون دېكىراتسىيەسى ھەرقانچە بولسىمۇ، مۇشۇنچىلىك بولىدۇغۇ!

غەربكە قىيسايغان قۇياش تاغ كەينىگە مۆكۈنگىچە باغچە ئىچىنى ئاخىرقى قېتىم يوپيورۇق قىلىۋەتتى. قۇياشنىڭ كەچقۇرۇندىكى بۇ ھەيۋىتىنى ئۇرۇمچىدەك تاغلىق شەھەردە بەك ئېنىق كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇ ھېلىقى كۇنى تۇرپاندىن قايتىپ قىرچىنغول① جىلغىسىدىن چىققاندا بۇ ھەيۋەتلىك مەنزىرىگە ماشىنىدا ئولتۇرۇپ دىققەت قىلغان. گۇگۇم پەردىسى يېپىلىۋاتقان ئاسماننىڭ ئېتىكىدە پېتىۋاتقان قۇياش كەڭرى تۇزلەڭلىكتە كۆزىگە چوغدەك كۆرۈنگەن. ئۇ يورۇتۇپ تۇرغان ئۇپۇق چەكسىز ئاسماننىڭ ئالدىدا تار بىر يولدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن ئىدى، يالتىراپ تۇراتتى. قۇياشنىڭ ئۆزىمۇ، يورۇتۇپ تۇرغان يېرىمۇ روشەن - ئېنىق ئىدى. مانا شۇ تاپتا باغنىمۇ روشەن يورۇتۇپ تۇرۇپتۇ، بەك ئۇزاق بولمىسىمۇ!

قۇياش شولىسى ئاستا - ئاستا تارتىلىپ دەرەخلەرنىڭ

---

① قىرچىنغول — بەزىلەر ھازىر بۇ جىلغىنى خوگول، دەپمۇ ئاتايدۇ.

ئۇچىنىلا يورۇتتى، ئازدىن كېيىن ئۇمۇ ئۆچتى. يامالىق تېغىنىڭ ئۈستىدىكى ئاسمان بوشلۇقى رەڭدار تۈسكە كىردى. ئاق بۇلۇتلار ئاۋۋال كۈمۈش رەڭ ئالدى، كېيىن ئۇنىڭغا سارغۇچ رەڭ يۈگۈردى. قۇياش پېتىۋېتىپ ئۆزىنىڭ رەسساملىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىۋاتاتتى، قىزغۇچ، قىزىل، سېرىق رەڭلەرنى بىر - بىرىگە ئۇستىلىق بىلەن كىرىشتۈرۈپ ئاستى يورۇق بوشلۇقتا بىر خىل، كۆكۈچ بوشلۇقتا بىر خىل، قارامتۇل كۆك بوشلۇقتا يەنە بىر خىل سۈرەتلەرنى پەيدا قىلاتتى. بەزى كۆرۈنۈشلىرى قىزىل ياكى سېرىق ئەتلەسلەرنى ئەسلەتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن مۇرەككەپ ئىدى. بەزى كۆرۈنۈشلىرى لۆمشىپ ئېقىۋاتقان ئوت - لاۋىنىڭ ئۆزى، ئارىلىرىدا سەل سۈيى يامراۋاتقاندەك كۆرۈنۈشلەرمۇ بار. بىر يەرگە قارىساڭ تاغدەك ئېگىز كۆتۈرۈلۈۋاتقان دولقۇنلار، بىر يەرگە قارىساڭ قانداقتۇر بىر بەھەيۋەت مەخلۇق زېمىنغا قاراپ تۇرغاندەك ھالەت، بىر يەرگە قارىساڭ قاڭتۇرۇلغان تۇلپارنىڭ سىيماسى... نېمىگە ئوخشاتساڭ ئوخشات، تەسەۋۋۇرۇڭغا تۇشلۇق كۆرۈنۈشنىڭ ھەممىسى بار.

يىغىنچاقلىساڭ، رەڭدارلىق، خىلمۇخىللىق.

بۇ قۇياشنىڭ پېتىۋاتقان ئاداققى دەملەردە كۆرسىتىۋاتقان كارامىتى. ئۇ كۈندۈزدە ئىنسانىيەت ۋە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ خىلمۇخىل كۆرۈنۈشلىرىنى يورۇتقان، ئۇلارغا ھەمدەمدە بولغان، ئەمدى ئىما قىلىۋاتىدۇ — رەڭدار دۇنيا بۇ!

سەن خىلمۇخىل جانلىقلار ئىچىدە ياشايسەن. ئۇلارنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرى، ئۆزگىچە ياشاش شەكلى ۋە ئۇسۇلى بار. ئىنسانىيەتمۇ شۇنداق، نوقۇل بىر ئىنسانمۇ شۇنداق. رەڭدارلىق نوقۇل رەڭمۇ رەڭلىكلا ئەمەس، ئۇ ھېسابسىز خاسلىق، ئۆزگىچىلىكنىڭ جەملىنىشى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەن كىشىنى جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ. خۇددى

ئالدىڭدىكى شەپەقنىڭ رەڭگىنى پالان دەپ بېكىتەلمىگىنىڭگە ئوخشاش، جانلىقلارغىمۇ، جۇملىدىن ئىنسانغىمۇ ئۆلچەملىك ئەندىزە تامغىسى باسالمايسەن. پەقەت كۆزىتىسەن، دىتىڭ بولسا، ئۇنىڭدىكى ھېكمەتنى بايقىيالايسەن، ئۇنىڭ گۈزەل تەرەپلىرىدىن ھوزۇرلىنالايسەن. تەپەككۇر قىلىدىغان دۇنيا بۇ!

ئۇ ئۆزىنىڭ پەيلاسوپلارچە پىكىر قايىنىمىغا شۇڭغۇپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ قالدى. بوپتۇ، ياش بۇ يەرگە يەتكەندە مۇنچىلىك چوڭقۇرلۇقتا يەتمىسىمۇ بولماس.

گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىدى. شەپەق تارايغانچە تېخىمۇ قېنىق تۇس ئالدى، سۇرەتلىرى يەنە ئۆزگەردى.

ئۇ گۇگۇم چۈشتى دېگەننى قايسىبىر كۈنى ئۆيىدە ئېنىق كۆزەتكەن: ئۇ كۈنى توك كېتىپ قالغانىدى. ئۆيدە بالىۋاقىلىرى يوق، ئۆزى يالغۇز، سافادا خىيال سۈرۈپ ياتقانىدى. ئۆيىنىڭ ئىچى تەرەپلىرى قاراڭغۇلىشىپ بولغان، پەقەت نېپىز پەردە تارتىلغان دېرىزىگە يېقىن جايدىلا ئازراق يورۇقلۇق بار ئىدى. تورۇسنىڭ چىراغقا يېقىن جايى ھېلىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى، يوغان شەپەرەڭدەك بىر سايە يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇ يەرنى غۇۋالاشتۇردى. قاپقارا سايە تورۇسنىڭ بېرى تەرىپىگە يامراپ كېلەتتى، يوپۇرۇلۇپ كېلەتتى، ئۇ يەر غۇۋالىشاتتى، قاراڭغۇلىشاتتى. بىردەمدىلا ئۆي ئىچى قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتتى. «گۇگۇم چۈشتى»، «قاراڭغۇ چۈشتى» دېگىنى بىكار ئەمەس ئىكەن، راستىلا «چۈشىدۇ» ئىكەن، دەپ قالغان ئۇ شۇ چاغدا.

مانا ھازىرمۇ گۇگۇم چۈشۈۋاتىدۇ. گۇگۇم ئەتراپىڭنى خىيالىي تۇسكە كىرگۈزىدىكەن. ئۇ سېنى كىچىك دائىرىلىك ئىنچىكە كۆزىتىشتىن مەھرۇم قىلىدىكەن. نەزىرىڭگە دەرەخلەردىكى يوپۇرماقلار ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ چوڭ غولى ۋە باراقسان ھالىتىلا، كۆلدە نېمە بارلىقى ئەمەس، بەلكى سۇنىڭ قارامتۇل ھالەتتە بىلىنەر ـ بىلىنمەس تولغىنىشىلا

ئىلىنىدىكەن. ئوتلاقلاردا قايسى گىياھ، قايسى گۈلنىڭ بارلىقىنى بىلەلمەيسەن، پەقەت پۇتۇڭغا يۆگىشىپ يېنىك ئۆرۈلسا، ياۋا پۇراقلىرى گۈپپىدە بۇرنۇڭغا پۇرىسا، ئوت - چۆپ ئىكەنلىكىنى، مۇدۇرۇلۇپ كەتسەڭ، ئالدىڭدا تاش ياكى كۆتەكنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىسەن. گۇگۇم - قاراڭغۇلۇقنىڭ ئاجايىپ قۇدرىتى بار. ئۇ ياش يىگىتلەرگىمۇ قېرىلىقتىكى كۆز ئاجىزلىقىنىڭ تەمىنى تېتىتالايدۇ. شۇنداقتىمۇ يېنىدا دىلبىرى بار يىگىتلەر مۇشۇ قاراڭغۇلۇقنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارغا جانانىنىڭ كۆزىدىن چاقنىغان نۇر قۇياش نۇرىدىن يېقىملىق بىلىنىدۇ. مۇھەببەت دېگەن تولىمۇ سىرلىق نەرسە. قاراڭغۇدا بىر - بىرىنى كۆزدىلا ئەمەس، تىنىقلىرىدىمۇ، لەۋلىرىدىمۇ، قوللىرىدىمۇ، تەنلىرىدىمۇ شۇنچە ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدۇ، بىلىپ تۇرىدۇ... ئەگەر ئۇلارنىڭ ئورنىدا قىرىق - ئەللىك ياشلىق ئەر - خوتۇنلار بولۇپ قالسىچۇ؟ ئۇلارمۇ شۇنداق، ئەگەر چىرايلىق مۇڭدىشىۋاتقان بولسىلا. سۆيگۈ سېھرى ياش ئايرىمايدۇ، ئۇلارنىمۇ ھېسسىيات قايniمىدا چۆرگۈلىتىدۇ. گۇگۇم كۆلەڭگىلىرى ئۇلاردىكى قورۇقلارنى، ئاق چاچلارنى يېپىۋېتىدۇ. بىر - بىرىگە شۇنچە چىرايلىق ۋە جەلپكار كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ قانداقتۇر بىر ئوت كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ پاللىدە يېنىپ ئۆچىدىغان ئوت ئەمەس، بەلكى ئۈستىنى ئانچە - مۇنچە كۈل بېسىپ قالسىمۇ، سەل قوزغىتىشتىلا يالقۇنلاپ كېتىدىغان چوغ. ئۇلارنى كەچ سالقىندا بىر - بىرىنى ئىسسىتىش ئۈچۈنلا قۇچاقلىشىۋاتىدۇ دەمسەن؟!

ئۇ يىراقتا قۇچاقلىشىپ تۇرغان ياش قۇرامى نامەلۇم بىر جۈپكە قاراپ مۇشۇلارنى ئويلىدى.

ئۇ كېتىۋاتاتتى، لېكىن ئۆزىچە يانفون سائىتىگە قاراپ بېقىشنى باھانە قىلغاندەك يولدىكى بىر ئورۇندۇققا

www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇۋالدى. ئۇ سائەتكە قارىغاندۇ، لېكىن نەچچە بولغىنىنغا دىققەت قىلغىنى يوق، دىققەت قىلغان بولسىمۇ ئېسىدە ئەمەس. ئۇ غۇلاچلىرىنى بېشىدىن ئاشۇرۇپ كېرىلگىنىچە ئاسمانغا يەنە تىكىلدى. ئاسماننىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە سۇس يېنىپ تۇرغان يۇلتۇزلار دىققىتىنى تارتتى. قايسىبىر كۈنى تۇرپانغا بارغان چېغىدىكى كېچە كۆرۈنۈشى ئېسىگە كەچتى: ھەممە نېمىگە ئىنچىكە دىققەت قىلىدىغان ئاغىنىسى ئاسمانغا قاراپ چۆمۈچ يۇلتۇزىنىڭ ئېگىلىدىغان جايىدىكى ئىككى يۇلتۇز بىلەن بىر تۈز سىزىقتا تۇرغان يورۇق يۇلتۇزنىڭ شىمالنى كۆرسىتىدىغان قۇتۇپ يۇلتۇزى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تىكەن يۇلتۇزى دەپمۇ ئاتىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈۋاتقاندا، ئۇ كۆكتىكى چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ شۇنچە كۆپلۈكىگە قاراپ: «ئۇرۇمچى ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسى تۇرپان ئاسمىنىغا كېلىۋالغانمۇ، نېمە» دەپ چاقچاق قىلغانىدى. ئۇ بىلىدۇ: ھەربىر يۇرتنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاسمىنى بولمايدۇ، ھەممە ئادەم بىرلا ئاسمان ئاستىدا ياشايدۇ. چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى تولۇق كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغانمۇ، كۆرەلمەس قىلىپ قويىدىغانمۇ يەنىلا شۇ ئادەم. ھەرقانچە تۇتەك تارقاتسىمۇ ئاسماننى يېپىۋەتكىلى بولمايدىكەن. ئانچە ـ مۇنچە بولسىمۇ، تۇتۇقراق بولسىمۇ يۇلتۇزلار كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ ئەنە. ئۇ بالا چاغلىرىدا يۇلتۇزلارنى كىچىككىنە ئۈنچە ـ مارجانلارغا ئوخشىتىپ يۈرگەن. ھازىر ئۇنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان يەر شارى بىلەن تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراق سەييارە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. غايەت چوڭ نەرسە ھەرقانچە يىراقتىمۇ ھامان كۆرۈنىدۇ، يىراقتىن كۆرۈنگەن نەرسە ھەرگىز كىچىك بولمايدۇ... بۈيۈك ئاسمان قانچىلىك بۈيۈك مۆجىزاتلارنى قوينىغا ئېلىپ ياتقاندۇ. ئاشۇ يىراق سەييارىلەردىمۇ ئادەملەر

ياشايدىغاندۇ ـ ھە. بەلكىم ئۇلار ئادەم ئەمەستۇر، ھەرقانداق جانلىقنىڭ ئادەم بولۇشى شەرت ئەمەسقۇ، ئادەمدىنمۇ ئۇلۇغ جانلىقلار باردۇر. ئۇلار زېمىندىكى جانلىقلار ئالدىدا ئۆزىنى قۇدرەتلىك ھېسابلىغان ئادەملەرنى بەلكىم بىچارە چاغلايدىغاندۇر؛ باشقىنى تۇرماق، ئۆزىنىمۇ چۈشىنەلمەي يۈرگەن بۇ ئادەملەرنى ئېھتىمال ئۇلار تېخىمۇ چۈشىنەلمەي يۈرىدىغاندۇر...

تۇۋا، ئۇ ئابايا قانداقتۇر سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ھەققىدە ئويلىنىۋاتاتتى، ئەمدى تۇرۇپلا بۇ خىياللارغا ئەسىر بولۇپ قالدىغۇ؟ بۇنى ئۆزىمۇ دەرھال چۈشىنەلمەي قالدى، لېكىن جاۋابىنى تېزلا تاپتى. خىيال دېگەن ئەركىن نەرسىغۇ، ئۇنى ھېچكىممۇ، ھەتتا ئۆزىمۇ چۈشەپ قويالمايدۇ. خىيالمۇ ئاسمانغا ئوخشاش نەرسە، ئۇنىڭدا قۇشمۇ ئۇچىدۇ، شەپەرەڭمۇ ئۇچىدۇ، لەگلەكمۇ ئۇچىدۇ، ئايروپىلانمۇ ئۇچىدۇ، شامال چىقىپ بەرسە، غازاڭ، قەغەز پارچىسى، ھەتتا سولياۋلارمۇ ئۇچىدۇ... يەنە بەزىدە كۆتۈرۈلۈپ ـ كۆتۈرۈلۈپ ۋاققىدە يېرىلىپ كېتىدىغان شارمۇ ئۇچىدۇ...

يانفونىنىڭ تۇيۇقسىز جىرىڭلىشى ئۇنىڭ خىياللىرىنى ئۈچۈرۈۋەتتى. ئۇ ئەندىكىپ يانفوننى ئاچتى. ئايالىنىڭ ئاۋازى:

— قايتىڭ ئەمدى !

ئۇ قايتتى، ئۆيىگە، بۇ باغقا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر باغقا قايتتى.

2012 ـ يىلى 5 ـ ئاي

www.uyghurkitap.com

# گۈندۈز ئاسمىنىدىكى ئاي

(پوۋېست)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

توۋا، ئۇ نېمە بولـدى؟ توۋا، ئۇ كـىـم بولدى؟ توۋا ـ تـوۋا !... كۇنـدۇز كـۈننىـڭ ئـۆزىدە قۇياش ئـايغا ئـايـلاندىغـۇ !؟ تـۈن ـ كېچىنىڭ كۆكىدە ئاينىڭ ئورنىغا قۇياش ئالماشتىغۇ !؟ توۋا ـ توۋا !...

ئەي، ئىنسانلار، سىـلەر شۇ تـاپـتا ئاسمـاننى دەسسـەپ، زېمىنغا بېشىڭلارنى كۆتـۈرۈپ قاراۋاتامسىلەر؟ يا زېـمىنـنى دەسسەپ ئاسمانغا ئېگىشىپ قاراۋاتامسىلەر؟

هـەممە نېمىلا تەتـۈر: سۇلار ئاقمـاي قېتىـپ قالغـانـدەك، تـاشلار شاۋقـۇنـلاپ ئېـقـىـۋاتقـانـدەك؛ دەرەخـلەر يـەرگـە قـاراپ ئۆسۈۋاتقاندەك، ئىستولىلار كۆككە قاراپ بوي تارتىـۋاتقانـدەك؛ تارىم ئويمانلىقى چوگور چوققىسىغا ئوخشاش قـەددىنى تـىك تۇتۇپ تۇرغاندەك، چوگور چوققىسى تارىم ئـويمانلـىقى ساڭـرى چۆكۈپ ياتقاندەك...

ئۇھ، خۇدا، بۇ نېمە بولۇپ كەتكىنى؟ !

ئۇزۇن ـ ئۇزۇن سۇمبۇللار يەلپۈنۈپ تۇرغان بوستانلىقلار ئەمدى ئۇنىڭغا ياتلاشتىمۇ؟ !

بېغىـدىكـى كـۆزنىڭ يـېـغىنـى يـەيدىغـان جـۈپ ئالمـىـلار ئۇشتۇمتۇتلا يىگلىدىمۇ؟ !

گۈلىستاندىكى مېھـىرلىك ئـەگمە قىـياقلار، ئـاشـىقـىـغـا ئابـھايات بۇلـدۇقلىـتىـپ تۇرىدىغان قوش بـۇلاقـلار، شەپەقـقـە رەڭداش جۈپ ئانارلار، جىلمىيىپ تۇرىدىغان ئويماق گىلاسلار،

ھەممىسى ـ ھەممىسى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ياتلاشتىمۇ؟!
توۋا، ئۇ نېمە بولۇپ قالدى؟ زادى كىم بولۇپ قالدى؟
ئۇ ئېغىر خىياللاردىن قاتتىق تولغانغىنىچە ئەينەككە قارىدى. ئەينەكتىكى ئەكسى بۇرۇنقىدىن ھېچقانچە ئۆزگەرمىگەن: سۇمبۇل چاچلىرى تۇزغۇپ ئازراق چېچىلىپ تۇرۇپتۇ. ئاناردەك مەڭزىگە سەل سېرىقلىق يۈگۈرگەن، بەرگى قىياقتەك قاشلىرى يانى ئەسلەتسە، تال ـ تال كىرپىكلىرى خۇددى شۇ يانىڭ ئوقىنى ئەسلىتىدۇ، گىلاستەك لەۋلىرىنى ھەر چىشلىگەندە قىزىللىق قېچىپ، چىش زەربىسى توختىغاندا يەنە قىزىللىق ۋىللىدە يۈگۈرۈپ كېلىدۇ. بۇرۇنقىسىغا ئوخشىمايدىغىنى موي. ئۈستۈنكى لېۋىنىڭ ئۈستىدىكى ئەسلىدىمۇ خېلى قويۇق كەلگەن سېرىق مويلىرى قارىيىشقا باشلىغان. دوختۇرنىڭ دېگىنى راست ئىكەن. ئۇنىڭ بوغدىيىكى بىلىنەر ـ بىلىنمەس پولتىيىپ قاپتۇ.
توۋا، بوغدىيەك ـ ھە! بوغدىيەك! ئادەم ئەلەيھىسسالام شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئاغزىغا ئېلىپ يۇتۇۋېتىدىغان چاغدا خۇدانىڭ قەھرلىك ئەمرى بىلەن گېلىدا توختاپ قالغان بوغداينىڭ ئالامىتى بولغان بۇ بوغدىيەك ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ بوغۇزىدىمۇ پولتىيىپ تۇرۇپتۇ. راست، بۇ ئەرلەرگىلا نېسىپ قىلىنغان ئەمەسمىدى.
ئۇنىڭ يۈرىكى ۋىژژىدە ئېچىشتى. ئۇ بوغدىيىكىنى قاتتىق مىجىغىنىچە ئىچ ـ باغرىنى كۆيدۈرۈپ ئۆرلەۋاتقان بىر خىل سۇيۇقلۇقنى شۆلگىيى بىلەن قوشۇپ يۇتۇۋەتتى.
ئۇ كۆكسىگە قارىدى. تېخى يېقىنقىدىلا نى ـ نى يىگىتلەرنىڭ زوقىنى قوزغاپ يۈرگەن ئالمىدەك تولۇق كۆكسى ئۇنىڭغا خۇددى يىگلەپ، قورۇلۇپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.
ئۇ يەنە ئەينەككە قارىدى، يەنە باياملقى كۆرۈنۈش...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى قاشتاشتەك يالتىراق پېشانىسىغا، ئىلىپتەك كېلىشىملىك بۇرنىغا كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن كۆزلىرىگە تىكىلدى. كۆزلىرى...

ئۇنىڭ كۆزلىرىگە غىلىلىدە ياش كەلدى. قارىچۇقىنى توسۇۋالغان نېپىز ياش پەردىسى ئىچىدىن ئۇنىڭغا بايىقى كۆرۈنۈش بارغانسېرى غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئاخىر ھەممە نېمە خۇنۇك ئەينەكتەك بىرقىسما يالتىراق بىلىنىدى. ئۇ بوغۇزىغا يۈگۈرگەن ئاچچىق سۈيۈقلۇقنى يۇتۇۋېتىپ، بېشىنى ئەلەملىك سىلكىپ ئاسمانغا قارىدى. دەرەخ ئۈچىدىن ئېغىشىپ تۇرغان قۇياش خۇددى كېچىدە ئۆيىدىن قېچىپ چىققان قىزنىڭ كۆزىگە ئۇشتۇمتۇت تۇتۇلغان قولچىراغدەك ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىۋەتتى. ئۇ قۇياشقا قارىيالماي كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. دەسلەپ ئۇنىڭغا پۈتكۈل جاھان قاراڭغۇ بىلىنىدى، لېكىن بىر تىنىقمۇ ئۆتمىدى، چىڭ يۇمۇلغان كۆز قاپىقىنىڭ ئەتلىرى خۇددى سىرتىدىن چىراغ يورۇتۇپ تۇرغان سارغۇچ پەردىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ بۇ يېقىمسىز سېرىقلىقتا چىدىمىدى، كۆزىنى زەردە بىلەن ئاچتى. پۈتكۈل جاھان پارقىراق نۇر. ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە ــ چىراي، گۈزەللىك، نەپىسلىك، مېھىر، جىلۋە، كۆز ياش دېگەنلەر پەقەت پارقىراپلا تۇرغان ئېزىتقۇدەك ــ تەكلىماكان چۆلىدىكى ئالۋۇندەكلا كۆرۈندى.

ئەنە، ئالۋۇن! لېكىن، ئۇ ئېقىن سۇدەك كۆرۈنمەيدۇ. قانداقتۇر شەھەر كۆرۈنۈشىدەكمۇ ئەمەس، ئۇنىڭدا ئەكس ئېتىۋاتقىنى بۇغدىيەك، ئۇنىڭدا كۆرۈنۈۋاتقىنى قارا موي. ئەنە، كۆزلەر - كۆزلەر، ياق، كۆز ئەمەس ئىكەن، قارا موي! ئەنە، بۇرۇن - بۇرۇن، ياق، بۇرۇن ئەمەس ئىكەن، بۇغدىيەك!...

«يالغان!... يالغان!» ئۇ چىدىماي ۋارقىرىۋەتتى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىغا تېخىمۇ غەلىتە ئاڭلاندى: خۇددى بۆرىنىڭ

ھۇۋلىشىدەك، خۇددى شىرنىڭ ھۆركىرىشىدەك. نېمىدېگەن قوپال، نېمىدېگەن بوم!

ئۇ ئەلىمىنى باسالماي ئۇن سېلىپ يىغلىدى، دەسلەپتە ئاڭقارمىدى، كېيىن بىلدى: بۇ نەدىمۇ قىز زاتىنىڭ يىغىسى بولسۇن، تۆگىنىڭ بوزلىشىغۇ!

ئۇ ئۇن چىقارماسلىق ئۈچۈن ئاغزىنى يۇمۇۋېلىپ، قىينىلىپ ئىسسەدەپ كەتتى، لېكىن ھەرقانچە قىلسىمۇ بولمىدى، ئاخىر خۇددى يەل چىقىدىلىپ كەتكەن توپتەك پاڭىدە ئېتىلىپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭغا تېخىمۇ بىرقىسما، تېخىمۇ يېقىمسىز ئاڭلاندى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن ئۇ قۇلىقىنى چىڭ ئېتىۋالدى، بولمىدى، ئاخىر يۈگۈرۈپ بارغىنىچە ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى ـ دە، بېشىنى ياستۇقنىڭ ئاستىغا تىقىۋالدى، يەنە بولمىدى، بېشىغا ئەديالنى تارتتى، يەنە قانداقتۇر بىر نېمىلەرنىمۇ تارتتى، ئاخىر پېشانىسىغا باستۇرۇۋالغان قولىنىڭ دۈمبىسىنى زەردە بىلەن چىشلىدى.

ئىسسەدەشتىن ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمى خۇددى دولقۇن ئارىسىدا قالغان كېمىدەك سىلكىنەتتى، چايقىلاتتى...

ئاھ، نېمىدېگەن بىچارىلەرچە كۆرۈنۈش!...

ئۇ بۇغدىيەك، ئۇ موي، ئۇ ئاۋاز... ئۇنىڭغا بۈگۈنلا پەيدا بولغان ئەمەستىغۇ. راست، ئۇ تۇغۇلۇشىدا يوق ئىدى، كېيىن پەيدا بولدى، ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولدى، لېكىن ئۇ تۇيمىدى. ئۇ بىلگەن چاغدا بۇ ئىش ئۇنىڭغا شۇنداق تۇيۇقسىز بىلىندىكى، ئۇ قايغۇ ـ ئەلەم ئىچىدە ئۆزىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# ئىككىنچى باب

— مەخپىي گەپ، بىر ساڭىلا دەۋاتىمەن. ھېلىقى يۈگۈرۈشچى قىز بارغۇ — تۇرسۇنگۈلنى دەيمەن — ئوغۇل بالىغا ئايلىنىپ قاپتۇ !...

— بەكمۇ مەخپىي گەپ، مەن ھېچكىمگە تىنمايمەن دەپ ۋەدە بەرگەن، كۆڭلۈم يېقىنلىق قىلىپ بىر ساڭىلا دەۋاتىمەن، قايسى كۈنكى ھېلىقى چوڭ مۇسابىقىدە ئۈچ تۈر بويىچە يۈگۈرۈشتە چېمپىيون بولغان ھېلىقى ئېگىز قىز بارغۇ، تۇۋا، يىگىتكە ئۆزگىرىپ قاپتۇ !...

— مەخپىي گەپ، سەندىن باشقا ئىنس - جىن بىلمىسۇن، ناھىيەمىزدىن مەركەزگە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەتكەن ھېلىقى تۇرسۇنگۈل دېگەن ئوقۇغۇچى قىز بارغۇ، يىگىتكە ئايلىنىپ قايتىپ كەپتۇمىش، بۇنى ھەتتا يېزىسىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ بىلمەيدىكەن...

— مەخپىي گەپ، ئىنتايىن ئىشەنچلىك يەردىن چىققان، ھېلىقى تۇرسۇنگۈل بارغۇ...

مانا، مەخپىي گەپ ! ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسە. قانچىلىك ئاشكارىلىنغۇسى كەلسە شۇنچىلىك مەخپىي دەۋالىدۇ. لېكىن، ئېغىزدىن چىققان مەخپىي گەپنىڭ مەخپىيلىكى قالامدۇ. دەسلەپتە بىرىلا بىلىدۇ، كېيىن ئۇ ئىككىنچىسىگە ئېيتىدۇ، ئىككىنچىسى ئۈچىنچىسىگە، ئۈچىنچىسى تۆتىنچىسىگە... بۇنىڭغىمۇ نېمە دېگۈلۈك، چۈنكى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىنى

ئاشكارىلايدىغان ئوبيېكتى، سورۇنى بولىدۇ ـ دە، ئادەملەرلا بولىدىكەن، مەڭگۈلۈك سىر بولۇپ قالىدىغان ھېچنېمە بولمايدۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ خەۋەر دەسلەپتە ھېلىقى مەركىزىي شەھەردە تارقالدى، كېيىن ناھىيەگە كەلدى. ئوخشىمايدىغىنى بەزى سورۇنلاردا ئىسمى ئېيتىلمىدى ياكى چۇشۇپ قالدى ياكى باشقا بىر ئىسىمغا ئالماشتۇرۇۋېتىلدى. تەپسىلاتلار خۇددى كىچىككىنە قار پومزىكىنى دومىلاتقانسېرى يوغىنىغاندەك يوغىناپ، بارغانسېرى قاش ـ كىرپىك ياسىغىلى تۇردى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەزىلەر ئىشەنمەي كۇلۇشتى، بەزىلەر ھەيرانلىقتىن ئاغزىنى ئېچىپ قېلىشتى، بەزىلەر «تـوۋا !» دەپ ياقىسىنى چىشلەشتى، ھەتتا بەزىلەر بۇنى قىلىقسىز چاقچاقلىرىنىڭ دەسمايىسى قىلىۋېلىشتى.

كىشىلەر مەيلى قانداق ئويلىسۇن، مەيلى قانداق سۆزلەشسۇن، مۇنۇ بىر پاكىت راست ئىدى: تۇرسۇنگۇل ھەقىقەتەن ئوغۇل بولۇپ قالدى.

بۇ ئىش تۇيۇقسىز بايقالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشتىن سىرتقى تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان كۇنلەر ئىدى. تۇرسۇنگۇل مەلۇم ناھىيەدىن تاللىنىپ يۈز مېتىر، بەش يۈز مېتىر، ئۈچ مىڭ مېتىر بولۇپ ئۈچ تۈر بويىچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى ھەم ئۈچىلىسىدە ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقى ۋە ھەۋىسىنى قوزغىدى. لېكىن، بۇنىڭغا بەكمۇ ھەيران قالغان كىشىلەر تاماشىبىنلار بولماستىن، بەلكى تېرېنېر ۋە رېپېرىلار ئىدى. ئۇلارنى قانداقتۇر بىر سەھرالىق قىزنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈچ تۈردە ئوخشاشلا چېمپىيون بولۇپ كەتكىنى ھەيران قالدۇردى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دەمسىلەر، ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ نەتىجىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمەس، ھەتتا مەملىكەت بويىچىمۇ ئەمەس، پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئايال يۈگۈرۈشچىلەر ياراتقان ئەڭ يۇقىرى رېكورتتىنمۇ ئېشىپ كەتكەن. بۇنداق ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەيران قالماسلىقى مۇمكىنمۇ.

تۇرسۇنگۈلنىڭ ئۈچ تۈر بويىچە دۇنيا رېكورتىنى بۇزۇۋەتكەنلىكى ئېلان قىلىنغان ھامان مەيداننى گۈلدۈراس ئالقىشلار قاپلىدى. كىشىلەر ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ قوپۇپ جاھاننى بېشىغا كىيىپ ۋارقىراشتى، قۇچاقلاشتى، ھەتتا بەزىلىرى ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي يېنىدا ئولتۇرغان قايسى بىرووۋلارنى سۆيۈپمۇ ئالدى. لېكىن، يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان باش رېپىرى چوڭقۇر خىيال ئىچىدە ئىدى.

ئۇ تۇرسۇنگۈلنىڭ قېشىغا بېرىپ، قولىنى سىقىپ ئۇنى تەبرىكلىدى.

— يارايسىز، قىزچاق، — دېدى ئۇ، — بىزگە زور شان-شەرەپ كەلتۈردىڭىز. سىز يۈگۈرۈشنى قاچاندىن بېرى مەشىق قىلغان؟

— كىچىكىمدىن تارتىپلا، — دېدى تۇرسۇنگۈل.

— كۈندە يۈگۈرەمسىز؟

— ئەلۋەتتە، مەكتەپكە كېتىۋېتىپمۇ، مەكتەپتىن كېلىۋېتىپمۇ، بازارغا كېتىۋېتىپمۇ، ھەتتا خالا جايغا كېتىۋېتىپمۇ دەڭا، — سۆزلىگەنسېرى ئۇ قىزغىنلىق تۇردى، — يۈگۈرۈپ ئۈگىنىپ قالسىڭىز، پەقەت ئاستا ماڭغۇڭىز كەلمەيدىكەن. ۋۇجۇدۇمدىن بىر خىل كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغاندەكلا بىلىنىدۇ ئۆزۈمگە.

رېپىرىغا ئۇنىڭ ئاۋازى نىمىشقىدۇر ئوغۇل بالىنىڭكىدەك

بىلىندى، دېمىسمۇ ئۇنىڭ ئاۋازى بوم چىقىۋاتاتتى. رېپىرى ئۇنىڭ چىرايىغا دىققەت قىلدى: كۆزلىرى، مەڭزلىرى، لەۋلىرى شۇنداق كېلىشىملىك، بۇرنىمۇ ئېقىپ چۈشكەندەك، لېكىن بۇرنى بىلەن لېۋىنىڭ ئارىلىقى سەل خەت تارتىپ قالغاندەك... شۇنداقتىمۇ چىرايلىق. نېمىلا بولسا بولسۇن، كۆڭۈلنى گۇماندىن خالاس قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۇچۇن چوقۇم دوختۇر تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزمەي بولمايدۇ. بۇ نەتىجىنى ئاخباراتتا ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن ئىشنىڭ پۇختا بولغىنى ياخشى.

باش رېپىرى ئۆز كەسپىدە جىق تەربىيە كۆرگەن، جىق ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئادەم ئىدى. مەملىكەتلىك، خەلقئارالىق چوڭ مۇسابىقىلەردە بەزى تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ستېروئىد تۈرىدىكى دورىلارنى ئىشلىتىپ پەۋقۇلئاددە نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى، كېيىن دوختۇرغا تەكشۈرتۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ساختىلىقى پاش بولغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. بۇ يۇرتلارغۇ ئانچە تەرەققىي قىلمىغان يۇرت، لېكىن ساختىلىق، مەككارلىق، رەزىللىك، پەسكەشلىك دېگەنلەر تەرەققىي تاپقان ـ تاپمىغانىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايلا، قانداقتۇر «تاموژنا رەسمىيىتى»نى بېجىرمەيمۇ بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭدىن كىرىۋېرىدىكەنغۇ، مەسىلەن، خىروئىن دېگىنى كىردى، يالىڭاچ خوتۇن دېگەنلىرى سۈرەتتىمۇ، لېنتىدىمۇ ئۇيالماي كىرىۋەردى، تېخى ئۇنى ئاز دەپ يوتقان ئۆرۈشلىرىمۇ بار. ھېلىقىنىڭدەك دورىلارنى كىرمەيدۇ دېگىلىمۇ بولمايدۇ. تەكشۈرۈشتىن ئۇنداق بولماي چىقسا تېخى ياخشى بولغىنى. ئۇ چاغدا، قېنى قانداق تەكشۈرسەڭ شۇنداق تەكشۈر، قانداق يۇگۈرتسەڭ شۇنداق يۇگۈرت، نەدە مۇسابىقىگە سالساڭ سال، بىزنىڭ تۇرسۇنگۇل يېڭى دۇنيا رېكورتىنى ياراتتى، دەپ جاھانغا جار سالغۇلۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باش رىپېرى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن كىچىككىنە باش قوشۇۋېلىپ، تۇرسۇنگۈلنى تەنتەربىيە دوختۇرخانىسىغا باشلاپ ماڭدى. ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكىنى قىلچە سەزدۈرمەي، جىددىي مۇسابىقىدىن كېيىن، بولۇپمۇ تۇرسۇنگۈلدەك پەۋقۇلئاددە تەنھەرىكەتچى ئۇچۇن دوختۇر تەكشۈرتۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، بۇنداق تەكشۈرۈش ئۇنىڭ پارلاق كەلگۈسىنى تېخىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئۇنىڭغا بەكمۇ زورۇقۇش كەتمىدى. تۇرسۇنگۈلنىڭ قولىقى يۇمشاق چىقتى، نېمىلا دېگەنبىلەن كىچىك يۇرتنىڭ بالىلىرى ـ دە...

دوختۇر تەكشۈرۈشنى ئاياغلاشتۇردى، ئۇنىڭغا مۇسابىقىدىن كېيىن ئۆزىنى قانداق كۈتۈش، مەشىقتىن كېيىن نېمىلەرگە دىققەت قىلىش ھەققىدە بىرمۇنچە نەرسىلەرنى تاپىلىدى. ھەممىسى كونا گەپلەر. تۇرسۇنگۈل بۇ گەپلەرنى ناھىيەسىدىمۇ جىق ئاڭلىغان، لېكىن ئۇنىڭ تەكشۈرۈشى يېڭىچە، شىپىرىس بىلەن تومۇردىن قان ئالدى، يەنە قانداقتۇر ئاپپاراتلارغا سالدى، ئۇنى ئاز دەپ كىيىمىنىمۇ سالدۇرماقچى بولدى، ياق، بۇنىڭغا تۇرسۇنگۈل ئۇنىمىدى. قانداق گەپ بۇ، ئۇ ئەر دوختۇر تۇرسا. بۇنچىلىك جىددىي تەكشۈرتمىسە بولمايدىغان يا ئۇ تۇغمىدىغان ئايال بولمىسا. توۋا...

تۇرسۇنگۈل چىقىپ كەتكەندىن كېيىن باش رىپېرى دوختۇر بىلەن قالدى.

ــ قانداق؟

ــ باشقىچە، ــ دوختۇر لابوراتورىيەلىك تەكشۈرۈش قەغىزىگە قارىغىنىچە چوڭقۇر ئويغا چۆمگەن ھالدا جاۋاب بەردى.

ــ قانداق باشقىچە؟

ــ ئۇنىڭدىكى ئەرلىك ھورمۇنلارنىڭ نىسبىتى ئىنتايىن

يۇقىرى چىقتى. بۇ ئەرلەردىلا مۇشۇنداق بولىدۇ.

— نېمە؟

— ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئاۋازىدا، مويلىرىدا، بۇغدىيەكلىرىدە باشقىچە ئالامەت بار. بۇ ئىككىلەمچى جىنسىي ئالامەتلەر. باشقا جىنسىي ئەزالىرىنى تەكشۇرۇش مۇمكىن بولمىدى. ئەگەر ئۇياقلىرىمۇ ئىسپاتلانسا، كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، ئۇ تەنھەرىكەتچىڭىز قىز ئەمەس، ئوغۇل بولىدۇ.

— نېمە دەۋاتىسىز، هوي، بۇ غەلىتە گەپلەرغۇ؟

دوختۇر ئارتۇقچە چۇشەندۇرۇش هاجەتسىز دەك، دىمىقىدا كۇلۇپ قويۇپ بېشىنى چايقىدى.

— دوختۇر، — دېدى باش رېپىرى بوغۇلغان هالدا، — سىز ئېنىق هۆكۈم چىقىرىڭ. بۇ بىزنىڭ ئالەمچە شۆھرەت قازىنىشىمىزغا ياكى رەسۋا بولۇشىمىزغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. ئۇ قىزچاق بۇگۈن يېڭى دۇنيا رېكورتى ياراتتى. ئۇ ياراتقان نەتىجىنى جاهاندا تېخى هېچقانداق ئايال زاتى يارىتىپ باقىنى يوق. بىز بۇنى بۇگۈنلا رادىيودا، گېزىتتە ئېلان قىلماقچى. ئەگەر بىز قىز دەپ ئېلان قىلغىنىمىز، سىز دېگەندەك، توۋا، ئەر كىشى بولۇپ چىقسا، بىز رەسۋا بولمامدۇق !؟

دوختۇر چوڭقۇر خىيالغا چۆمۈپ تۇرۇپ قالدى. راست، بۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس ـ دە.

— ئەمىسە، مۇنداق بولسۇن، بىز دەرهال ئۇ قىزنى مەركىزىي دوختۇرخانىغا ئاچىقايلى، ئاخىرقى دىياگنوزنى شۇلار قويسۇن !

— ئېلان قىلىشچۇ؟

— ئەلۋەتتە بىر كۈن كېچىكتۇرۇش كېرەك.

شۇنچىۋالا مۇهىم خەۋەرنى، ئالەمشۇمۇل چوڭ ئىشنى خەۋەر قىلىشنى بىر كۈن كېچىكتۇرۇش؟! بۇ... بايام مەيداندا

ئېلان قىلىنىپ كەتتى. شۇنچىۋالا نۇرغۇن كىشىنىڭ ئاغزىنى قۇلۇپلاپ قويۇش مۇمكىنمۇ؟ بوپتۇ، ئۇلارغۇ دەۋەرسۇن، نېمىلا دېگەن بىلەن بولغان ئىشقۇ بۇ. بولمىغان، يالغان ئىشلارنىمۇ قۇلاقتىن ـ قۇلاققا سۆزلەپ، ئالەمنى ـ مالەم قىلىۋېتىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇغۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا بۇ نېمىدى! لېكىن، ئاخبارات ئورۇنلىرى ئېلان قىلمۇەتسە؟ بۇنىڭغا كېيىن جاۋاب بېرىدىغان گەپ. بۈگۈن بۇ يەرگە كەلگەن مۇخبىرلارمۇ ئاز ئەمەس... قانداق قىلىش كېرەك؟ تېز بولۇش كېرەك، يۈگۈرۈش كېرەك!

باش رېپىرى دوختۇرغا خوش دېيىشىنىمۇ، ئىشىكتە دوقۇرۇشقان سېستىرانى پوش دېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ مۇسابىقە ھەيئىتىنىڭ نەق مەيدان ئىشخانىسىغا بەدەر چاپتى. ھەر نېمە بولسا، ئۇنىڭغىمۇ ئامال تېپىلدى، بۇ يەرگە كىرىپ بۈگۈنكى خەۋەرلەرنى نەقلەشتۈرمەكچى، ئەمەلىيلەشتۈرمەكچى بولغان مۇخبىرلارنىڭ بۇرنىغا شۇ يەردىلا چولۇك ئۆتكۈزۈلدى، مەيداننى زىلزىلىگە سالغان خەۋەرنى رادىيو كانىيىدىلا ئاڭلاپ، پۈتۈن جاھاننى جالاقلىتىپ تېترىتىۋېتىشكە ئالدىراپ كېزىتخانىغا، رادىيو ئىستانسىسىلىرىغا چاپقان مۇخبىرلارنىڭ خەۋىرىنى قامال قىلىش ئۈچۈن، دەررۇ مۇناسىۋەتلىك تەھرىر بۆلۈملىرىگە تېلېفون بېرىلدى، ھەتتا پۇختىراق بولسۇن ئۈچۈن موتوسىكلىتچىلارمۇ چاپتۇرۇلدى. بۇ زور خەۋەر بەزى ئىشخانىلاردا ئۈستەلدىلا، بەزى يەرلەردە مىكروفون ئالدىدىلا، بەزى يەردە سىنئالغۇغا ئېلىش ئۈيلىرىدىلا قامال قىلىندى. لېكىن، كۆرسەتمە شۇنداق: بۇ ۋاقىتلىق، ئېلان قىلىش ۋاقتى ئايرىم ئۇقتۇرۇلىدۇ.

باش رېپىرى مۇسابىقە ھەيئىتى نەق مەيدان ئىشخانىسىدىن بايام قانداق يۈگۈرۈپ كىرگەن بولسا، شۇنداق يۈگۈرۈپ

چىقتى. ئوخشىمايدىغىنى ئۇنىڭ كەينىگە يەنە بىر نەچچە ئەمەلىيلەشتۈرگۈچى قوشۇلدى.

ئۇلار دوختۇرخانىغا يۆگۈرۈپ كىرىشتى، ئۇ يەردىن دوختۇرنى بايامقى قەغەزلىرى بىلەن قوشۇپ كەينىگە سالغىنىچە، تۇرسۇنگۇلنىڭ يېنىغا چاپتى. تۇرسۇنگۇلگە بىر نېمىلەرنى دېيىشتى. ئۇنى چۆچۈتىدىغان گەپلەرنى دېگىنى يوق، لېكىن ئۇ چۆچۈدى، شۇنداقتىمۇ ياخشى ـ يۇمشاق گەپلەرگە ئىشەندى. رەھبەرلىك ـ دە! ھەرقانداق ئىشنى بىلىپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ياخشىلىق ئويلاۋاتقانلارنىڭ گېپىگە كىرمەسلىك گۇناھ ئەمەسمۇ.

غۇيۇلداپ ماڭغان پىكاپ ئۇلارنى ھەش ـ پەش دېگۈچە ھېلىقى مەشھۇر دوختۇرخانىغا يەتكۈزدى. مۇسابىقە تەشكىلىي ھەيئىتىدىكىلەرنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن، ئۇيان ـ بۇيان، تېز ـ تېز چېپىشى بىلەن تەكشۈرۈش رەسمىيەتلىرىمۇ تەييار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن تۇرسۇنگۇل ئۇ بۆلۈمدىن بۇ بۆلۈمگە ئاچىقىلىپ، ئۇ ئاپپاراتتىن بۇ ئاپپاراتقا سېلىنىپ، ھەر خىل لابوراتورىيەلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلۈپ ئاخىر كەلگەن ماشىنىغا سېلىپ قويۇلدى.

دىياگنوز ئۇنى دوختۇرخانىغا ئەكەلگەن «رەھبەرلىك»كە ئۇقتۇرۇلدى. تەنتەربىيە كومىتېتى دوختۇرخانىسىنىڭ دىياگنوزى توغرا: قارىغاندا، ئۇ ئەسلىدە ئىككى جىنسلىق تۇغۇلغان، يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ ئورگانىزمىدىكى ئەرلىك ھورمونلىرى تەرەققىي قىلىپ كېتىپ ئۇنىڭدىكى قىزلىق جىنسىي ئالامەتلەرنى يوقاتقان. ئۇنىڭدىكى جىنسىي خىروسىما XXY بولۇپ چىقتى. شۇڭا، ھازىر ئۇنى مىدىتسىنا ئىلمى نۇقتىسىدىن ئوغۇل دەپ ھۆكۈم چىقىرىش كېرەك.

بۇ ھۆكۈمنى ئاڭلاپ مۇسابىقە ھەيئىتىدىن كەلگەنلەر داڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. دېمەك، ئۇ مەيلى چىرايى قىز بولسىمۇ، ئۇزاقتىن بېرى قىز سۈپىتىدە ياشاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ھازىر ئۇنى ئوغۇل دەپ ئېتىراپ قىلىش كېرەك! ئۇنداقتا ئۇ ياراتقان نەتىجىچۇ؟ ھەي، قالتىس نەتىجە ئىدى ـ دە! بېشىمىز تازا ئاسمانغا يېتىدىغان ۋاقىتتىدا بۇ پېشكەلچىلىكنى قارىمامدىغان!

ئادەملەر دېگەن مۇشۇنداق، ئارىسىدىكى بىرەرىنىڭ قىسمىتىدە زور ئۆزگىرىش بولسا ئۇنىڭغا دەسلەپ داڭ قېتىپ قېلىشىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆزگىرىش قايغۇلۇق بولسا خەيرخاھلىق قىلىپ قويۇشلىرىمۇ بار، لېكىن بۇ ناھايىتى قىسقا. نەزەر ـ ئېتىبار ئادەمنىڭ ئۆزگىچە ئەمەس، بەلكى ئۇ ھاياتىدا ياراتقان قىممەتكە قارىتىلىشى كېرەك. شۇ تاپتا تۇرسۇنگۈلنىڭ ياراتقان ئالەمشۇمۇل قىممىتى بىردىنلا يوققا چىقسا كىمنىڭ ئىچى ئېچىشمايدۇ دەيسىز. چۈنكى، ئۇ تۇرسۇنگۈلنىڭ ئۆزىگىلا ئەمەس، پۈتۈن خەلققە، يۇرتقا، دۆلەتكە ئاجايىپ شۆھرەت بېغىشلايتتى ئەمەسمۇ. ھەقىقەتەن مۇنداق شۆھرەتتىن قۇرۇق قېلىش بەكمۇ ئېچىنارلىق. لېكىن، بۇنىڭدىنمۇ ئېچىنارلىق بىر ئىشنىڭ بارلىقىنى ئۇلار خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمەيدۇ.

مۇسابىقە ھەيئىتىدىكىلەر ئىچى ـ ئىچىدىن ئۇھ تارتىشىپ ئاخىر قارار قوبۇل قىلىشتى: تۇرسۇنگۈلنىڭ نەتىجىسى ئىناۋەتسىز، چۈنكى ئۇ قىزلىق كۆرۈنۈش ئەرلىك ماھىيەت بىلەن ئاياللار گۇرۇپپىسىغا قاتناشقان...

— ھوي، بۇنى قانداقمۇ ئاشكارا ئېلان قىلغىلى بولىدۇ؟ — ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن كاللىسى سەگەكرەك بىرى بۇ مەسىلىنى باشقىلارنىڭ سەمىگە سالدى.

ھەممەيلەن جىممىدە بولۇپ قالدى، راست، بۇ كىشىنىڭ شەخسىيىتىگە تاقىشىدىغان نازۇك مەسىلىغۇ، بۇنى قانداقمۇ

شايى ـ ئەتلەس قىلىپ خەلقئالەمنىڭ ئالدىدا يايغىلى بولسۇن.

— گېزىتخانا، رادىيو ئىستانسىلىرىغا ۋاقىت خاتا ھېسابلىنىپ قاپتىكەن دەپ ئۇقتۇرايلى، ئۇلارمۇ شۇنىڭ بىلەن جىمىپ ئۇ خەۋەرنىمۇ ئېلان قىلمايدىغان بولىدۇ.

— قايتا يۇگۇرتۇپ باقساڭلار دېسىچۇ؟

— تۇرسۇنگۇل ئاغرىق دەيمىز ـ دە.

— ۋۇي، تۇرسۇنگۇلگە بۇ خەۋەرنى قانداق ئۇقتۇرغۇلۇق؟

بۇ سوئال سورۇندىكىلەرنى بايامقىدىن نەچچە يۈز ھەسسە شۇك قىلىۋەتتى. راست، بۇنى قانداق ئۇقتۇرغۇلۇق؟ ئۇ ھەقدار ـ دە. ئۇنىڭغا ۋاقىت خاتا ھېسابلىنىپ قاپتۇ دېگىلى بولمايدۇ. دېگىلى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنە بىر قېتىم ئەمەس، نەچچە قېتىم دېسىمۇ يۇگۇرۇشكە تەييار. ئۇ يەنە شۇ نەتىجىنى يارىتىدۇ، لېكىن ئۇ نەتىجە ئايالغا ئەمەس، ئەرگە مەنسۇپ. سەن ئەرلەر بىلەن يۇگۇر دېگىلى بولامدۇ؟

باشنىڭ ئىچىمۇ قاتتى، تېشىمۇ قاتتى. بۇ يەردىكى تەڭلىكچىلىك تۇرسۇنگۇلنىڭ كۆڭلىنى ئاياشتا، ئۇنىڭ دىلىغا قاتتىق زەربە بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشتا ئىدى.

ئاخىر ئۇنۇملۇك بولمىسىمۇ ھەرھالدا بولىدىغان بىر ئامال تېپىلدى. زىددىيەتنى بۇ يەردە ھەل قىلماي تۇرسۇنگۇلنىڭ يۇرتىدا ھەل قىلىش كېرەك، ئۇنى پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ دىققەت مەركىزىدىن نېرى قىلىپ، غەلۋە ـ غۇدۇرسىز، شاۋقۇن ـ سۈرەنسىز، تىنچ مۇھىتتا ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇش كېرەك. ھېچ بولمىغاندا ئۇنى دەھشەتلىك بوراندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىدىغان سۆز ـ چۆچەكلەرنىڭ زەربىسىدىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ، قالغىنى خۇدايىمنىڭ ئۆزىگە ئامانەت!

ئامال كارغا يارىدى. تۇرسۇنگۇل، ئۆيۈڭدىن تېلېفون

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلدى، سېنى تېز كەلسۇن دەيدۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپلا، چامادانىنى كۆتۈرۈپ يۇرتىغا جۆنىدى، غەمخورلۇق يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ئايرىم ماشىنا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. خېلى كۆپىنى كۆرگەن، يۇمشاق لەۋزىلىكى بىلەن خېلى - خېلىلارنى سىمابتەك ئېرىتىۋېتەلەيدىغان بىر كىشى، يەنى ئۇنىڭ تەنھەرىكەت يېتەكچىسى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى.

خەۋەر ئۇ يۇرتىغا بېرىپ ئەتىسى ئۇقتۇرۇلدى، ئۇقتۇرۇلغاندىمۇ خالىي جايدا ئۇقتۇرۇلدى.

تۇرسۇنگۈل تۇرغان جايىدا داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، بوشاشتى، دەرەخنى تۇتۇۋالدى، يۆلەندى، ئاخىر سىيرىلىپ چۈشتى.

يېتەكچىسى ئۇنى مىڭبىر بالالىقتا يۆلەشتۇرۇپ ئۆيىگە ئەكىردى - دە، تىنچ ئارام ئېلىڭ، دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ تىنچ ئارام ئالالىشى مۇمكىنمۇ !

# ئۈچىنچى باب

ئېقىن سۈدەك بىر خىلدا ئۆتىدىغان ھايات ھەرقانداق سەگەك ئادەمنى زېرىكتۈرىدۇ. موھتاجلار ئۈچۈن بەلكىم تۇرمۇش غېمى بۇ تەرىپىنى سەل يەڭگىللىتەر، لېكىن تۇرمۇشتىن ھېچقانداق موھتاجلىقى بولمىغانلار ئۈچۈن بىر تەرزدە ئۆتكەن ھايات ئىنتايىن زېرىكەرلىك. ئۇلار بۇ زېرىكىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تۇرمۇشتا ھەر خىل كومېدىيەلىك، تىراگېدىيەلىك ۋەقەلەرنىڭ كۆپرەك بولۇپ تۇرۇشىنى خالايدۇ. خۇشاللىق تۇسى ئالغان كومېدىيەلىك ۋەقەلەرگە ھەرقانداق ئادەممۇ ھېرىس. كىشىلەر ئۆز تۇرمۇشىغا ئۇنى تىلىگىنى بىلەن، تىراگېدىيەلىك ۋەقەلەرنى ھەرگىز تىلىمىسە كېرەك. لېكىن، قىسمەت ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدۇ. كۈتۈلمىگەندە باشقا كەلگەن بىر كۆڭۈلسىزلىك ئادەمنى شۇنداق سەگىتىدىغان كۈنلەرمۇ بولىدۇكى، مۇنداق چاغلاردا ئادەم تېخى تۇنۇگۈنلا ئۆزى زېرىكەرلىك ھېسابلاپ يۈرگەن بۇرۇنقى كۈنلىرىنىڭ تولىمۇ ئاراملىق، ئوبدان كۈنلەر ئىكەنلىكىنى بىردىنلا ھېس قىلىدۇ، ئۇ كۈنلىرىنى سېغىنىدۇ ھەم ئارمىنىنى يەيدۇ. ئۇ ئادەتتىكى تۇرمۇش ئۆزگىرىشلىرى ئۈچۈن شۇنداق، لېكىن تۇرسۇنگۈلنىڭكىدەك پەۋقۇلئاددە قىسمەتكە ئۇچرىغان ئادەملەر ئۈچۈن ئۇنداق روھىي كەچۈرمىشنى تالاي ـ تالاي ھەسسە زورايتىپ تەسەۋۋۇر قىلىش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنداق قىلىپ تۇرسۇنگۇل قىز بالا ئەمەس، ئوغۇل بالا بولۇپ چىقتى. لېكىن، ئۇ تەقدىرگە ئوڭايلا تەن بەرگىنى يوق. ئۇ ھېچكىمگە مەسلىھەت سالماي يوشۇرۇنچە دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۆزىنى تەكشۈرتتى. بۇ دوختۇرخانىنىڭ دىياگنوزىمۇ ئوخشاش چىقتى. دوختۇر ئۇنىڭدىكى فىزىيولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەرگە ئاساسلىنىپ ئۇنى ئەرلىكنى تالللۇۋېلىشقا تەشەببۇس قىلدى. تۇرسۇنگۇل لام ـ جىم دېمەي بېشىنى سالغىنىچە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

تۇرسۇنگۇلمۇ ھايات مۇشەققەتلىرى ئالدىدا ئاجىز كېلىپ قالغان ياكى بەزى رېئاللىققا ئېتىراز بىلدۈرىدىغان نۇرغۇن قىزلارغا ئوخشاش ئۆز ۋاقتىدا: «ھەي، مەن ئوغۇل بالا بولۇپ قالسامچۇ» دېگەن ئارمانلارنىمۇ قىلغان. لېكىن، ئوغۇل بالا بولۇپ قېلىش قىسمىتى تۇيۇقسىز بېشىغا كەلگەندە ئۇ چىدىمىدى. چۈنكى، ئون توققۇز ياشقا كىرگۈچە ئۇ گۈلدەك قىزلىق دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. بۇ ھاياتتىن ئۆلمەي تۇرۇپ تىرىك ئايرىلىش ئاسانمۇ؟

ئۇنىڭ بۇ قىسمەتكە پەقەتلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، بىردەم ـ بىردەم ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى تۇتۇپ باققۇسى كېلەتتى، ئەينەككە قارايتتى، ئۇ ئەينەكتىن قۇلىقىدىكى ھالقىنى كۆردى. مانا بۇ ھالقىنى ئاپىسى رەھمەتلىك قىلىپ بەرگەن. بەش ـ ئالتە ياش چاغلىرى ئىدى، بىر كۈنى ئاپىسى ئۇنىڭغا:

— قىزىم، قۇلىقىڭنى تەشكۈزۈپ قوياي. خۇدا خالىسا، بىر كۈنى ئالتۇن ھالقا قادايسەن، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرسۇنگۇلنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتتى. دېمەك، ئۇ بىر كۈنى مەھەللىدىكى ئايشەمگۈل ئاچىسىدەك، تىللاقىزدەك قۇلىقىغا ھالقا قاداپ يۈرىدىغان بولىدۇ. ئۇ چاغدا دوستلىرى ئىساقىز، بۇئايشەملەر ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ

قارشىپ كېتىدۇ. ھالقىسى قۇلىقىدا پۇلاڭلاپ ۋال - ۋۇل پارقىراپ كەتسە، ھېلىقى ئۈچى يامان پاتمەكنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىپ كېتىدۇ...

ئۇنىڭ قۇلىقىنى مەھەللىدىكى قولىنىڭ ئۇدۇمى بارلىقى بىلەن ھەممىنى قايىل قىلىپ يۈرگەن ئەختەرنىسا بۇۋىم تېشىپ قويدى. ئۇمۇ ئوڭشاي ئىش ئەمەسكەن. قۇلىقىنى چىمدىپ - چىمدىپ تۇرۇپ يىڭنىنى پوسىدە تىققىنىدا، ئۇ «ۋاي» دەپلا قالدى، ھەتتا يىغلاپمۇ تاشلىدى. بۇۋىمنىڭ:

— ھە، قىز بالا بولماق ئوڭشاي ئىش ئەمەس، خەقنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىمەن دېيدىكەنسەن، مۇشۇنداق دەردى بار، چىدا، — دەپ چاقچاق قىلغىنى ھېلىغىچە ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقمايدۇ.

قۇلىقى تېشىلگەندىن كېيىن دەسلەپ يىپەك يىپنى ئۆتكۈزۈپ خېمىردىن ئۇنچە چىقىرىپ ئېسىپ قويدى. ئۇ شۇنىڭغىمۇ ئىنتايىن خۇشال بولدى. چۈنكى، بۇ ھامان بىر كۈنى قىزلىق گۈزەللىكىنى نامايان قىلىشىنىڭ تەييارلىقى - دە.

كېيىن تۇرسۇنگۈل ئون يەتتە ياشقا كىردى. ھاممىسى ئۇنىڭ قۇلىقىغا چوغدەك قىزىل ھالقىنى تاقاۋېتىپ:

— قىزىم، — دېدى، — بۇ ئاناڭ رەھمەتلىكنىڭ ھالقىسى ئىدى. ئەمدى بۇنى شۇ رەھمەتلىكنى كۆرگەن كۆزۈڭدە كۆرۈپ تاقاپ يۈرگىن. چىرايىڭغا خويمۇ ئاچتى. قارا، يۈزۈڭگە خۇددى شەلپەردەك قىزىللىق يۈگۈردى. قىزبالا دېگەن خىجىللىقتىنمۇ قىزىرىدۇ، زىننەتتىنمۇ قىزىرىدۇ. خەقنىڭ ئالدىدا قىزىلگۈلدەك ئۆتۈشۈڭگە نېسىپ قىلسۇن.

راست، ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى قىزىلگۈلدەك ئۆتتى. لېكىن، قىزىلگۈلنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدىكەن، ھاممىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا شۇ تىلەكنى تىلىگەندە بۇ تەرىپىنى نېمىشقا ئويلىمىدىكىن !؟ بۇ قىزىلگۈلنىڭ ئۆمرى بەكمۇ قىسقا، بەكمۇ قىسقا بولدى، ئېچىلدى، ياق، ئېچىلغاندەك قىلدى، بىراقلا، يىلتىزىدىن قۇرۇدى. ئەمدى ئۇ قاقشال بىچارە، قىسمەت بورىنىنىڭ ئۇشتۇمتۇت دەھشىتىدىن بىراقلا سۇنغان بىچارە. ئەمدى ئۇنىڭغا بۇ بېزەكمۇ ياراشمايدۇ، چۈنكى بۇ ئەمدى ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ تەئەللۇق ئەمەس. ئۇ قولىقىدىن ھالقىسىنى ئاستا ئېلىۋەتتى، ئانىسى بىر چاغلاردا مۇشۇ ھالقىنى ئوراپ قويغان يېشىل تاۋارنى قولىغا ئالدى.

بۇ ئانىسىنىڭ يېشىل تاۋار كۆڭلىكىدىن ئاشقان پۇرۇچ ئىدى. ئانىسى رەھمەتتى شۇ كۆڭلىكىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغان. ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا تۇرسۇنگۈلنىڭ دادىسى تىككۈزۈپ بەرگەنىكەن. تۇرسۇنگۈل دادىسىنى ئەسلىيەلمەيدۇ، ئۇ ئىككى ياش چېغىدىلا دادىسى تۈگەپ كېتىپتىكەن. خەقلەر، كارىز گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈپ ئاستىدا قالغان دېيىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئانىسى رەھمەتتى بۇ دۇنياغا سالغان بىردىنبىر كۆچەتتى بولغان تۇرسۇنگۈلنى ئاتا ئورنىدا ئاتا، بىر ئانا ئورنىدا ئون ئانا بولۇپ بېقىپ چوڭ قىلدى. ئۆزى يېمىدى، تۇرسۇنگۈلگە يېگۈزدى، ئۆزى كىيمىدى، تۇرسۇنگۈلگە كىيگۈزدى، ھېچكىمنىڭ بالىلىرى ئالدىدا ئۇنىڭ ئاتىسى يوقلۇقىنى چاندۇرمىدى، بويۇن قىستۇرمىدى. بىچارە ئانا توخۇ چىللىماستا تۇراتتى، ھويلا ـ ئارانىي سۇ چېچىپ سۈپۈرەتتى، ئوت قالاپ، چاي قاينىتىپ، تۇرسۇنگۈلنى مەكتەپكە يولغا سالاتتى، ئاندىن ئېتىزغا بېرىپ ئەرلەر بىلەن تەڭ ئىشلەيتتى، كەتمەن چاپاتتى، تاغار كۆتۈرەتتى. ئۇ ئۆمرىدە ھاياتىدىن بىر قېتىممۇ ۋايسىغان ئايال ئەمەس. يېزىدىكىلەر ئۇنى ئەردەك شىجائەتلىك ئايال دېيىشەتتى. شۇ تاپتا شۇ ئانىسى بولغان

بولسا نېمىدېگەن ئوبدان بولاتتى.

قىز بالا بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئانىسىنى ياد ئېتىدۇ. چۈنكى، ئانا قىز بالىغا دادىسى يەتكۈزەلمىگەن مېھرىنىمۇ يەتكۈزىدۇ. ئۇ قىز بالىسى ئۈچۈن كۆيۈمچان تەربىيەچى، مېھرىبان يېتەكچى ھەم ئىنتايىن نازۇك ئىشلاردا سىرداش دوست بولالايدۇ. شۇ تاپتا شۇ ئانا بولغان بولسا، چوقۇم ئۇنىڭ بېشىنى سىلىغان، ئۇنىڭ يىغىسىنى يىغلىغان، ئۇنى نېمىلا بولمىسۇن، بىر يولغا سالغان بولاتتى. لېكىن، ئۇ قىزى ئۇن بەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئۇ ئالەمگە كېتىۋالدى. ياق، ئۇ ئۆزى كېتىۋالغىنى يوق، قانداقتۇر بىر پالاكەت كېسەل، مۇشۇ تۇرسۇنگۈل قورساقتىكى ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئالتۇن قەسىر بولغان، ئۇنى يېتىلدۈرگەن ھېلىقى نازۇك جايغا چاپلاشقان راك دېگەن مەرەز كېسەل ئۇنى ۋاقىتسىز ئۇ دۇنياغا ئەكەتتى. بىچارە ئانا ئۇنداق كېسەل بولغىنىنى دەسلەپ بىلمەيتتى، پەقەت تۇرۇپ - تۇرۇپ قورسىقىم ئاغرىيدۇ دەپ قويىدىغان، كېيىن قاتتىق ئاغرىق تۇتقاندا دوختۇرغا تەكشۈرتتى، دوختۇر دوختۇرغا بۇيرۇدى، دوختۇرخانا دوختۇرخانىغا يوللىدى، ئاخىر مەلۇم بولدى، لېكىن ئاخىرقى مەزگىلى ئىكەن، ھەممىسى قولىنى چىشلەپ قېلىشتى.

كىچىك ئاتىسىنىڭ، ھامىمىسىنىڭ ۋە قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ ئانىسىنىڭ بېشىدا پەرۋانىدەك چۆرگىلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسۇنگۈل بىر ۋەھىمىنى سەزدى. دېمىسىمۇ ئانىسى بىچارە كۈندىن - كۈنگە سولىشىپ كېتىۋاتاتتى، يا يېگىنى سىڭمەيتتى، يا ئۇيقۇسى ئۇيقۇ ئەمەس ئىدى، تۇرۇپ - تۇرۇپ تولغىناتتى، ئىڭرايتتى. كىشى بىر ئىشقا تىت - تىت بولۇپ كەتكەندە قىلمايدىغان ئامالى قالمايدىكەن. كىشىلەر بۇ كېسەلگە قىزىل قولتۇق پاقا دورىكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېيىشىۋىدى، تۇرسۇنگۈل كۆل بويىغا بېرىپ قىزىل قولتۇق پاقا تېرىپ كەلدى؛ يەنە بىراۋلار چايان دورىكەن دېۋىدى، ئۇنىمۇ ئوغۇللارنىڭ ياردىمى بىلەن تۇتۇپ كەلدى. ئۇ نەرسىلەرنى قورۇتتى، سوقتى، تالقان قىلدى. ئانىسى بىچارە ئۇنىمۇ كاپ قىلىپ باقتى، بۇنىمۇ كاپ قىلىپ باقتى، لېكىن يېنىپ كەتتى، يانمىغانلىرىنىمۇ ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمىدى.

ئانىسى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندىن كېيىن ئۆينىڭ ئېغىر يۈكى تۇرسۇنگۈلنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. ئۇ ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ئانىسىنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى قىلاتتى: ئىنەككە ئوت ـ چۆپ ئورۇيتتى، ئوتۇن ـ خەشەك تېرىيتتى، ئوت قالاپ، چاي قاينىتاتتى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭدىن ئىنتايىن چاققانلىقنى تەلەپ قىلاتتى. بولمىسا، ئۇ مەكتەپكە ئۈلگۈرەلمەيتتى. بىرنەچچە كۈن ئۇ ئانىسىغا قارايمەن دەپ مەكتەپتىنمۇ قالدى. لېكىن، ئانىسى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆي ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، ئانىسىنىڭ دورىلىرىنى ئىچكۈزۈپ، ئاندىن مەكتەپكە چاپىدىغان بولدى، چاپقاندىمۇ قالتىس چاپتى. يېزا يولىدا ئۇنىڭغا ھەتتا ۋېلىسىپىتتىمۇ يېتىشكىلى بولمايتتى.

ھەممە ئادەمدە ئۆزىگە تۇشلۇق ھەۋەس ۋە ئارتۇقچىلىق بولىدىكەن. تۇرسۇنگۈل كىچىكىدىن تارتىپلا يۈگۈرۈشكە ئامراق ئىدى، ئۆستەڭگە قانداقتۇر بىرنەرسىلەرنى تاشلاپ قويۇپ، ئېقىن بىلەن تەڭ بەسلىشىپ يۈگۈرۈشكە، يىراقتا كېتىۋاتقانلارنىڭ كەينىدىن ئۆزىچە قوغلاپ يېتىشكە، ئات، ۋېلىسىپىت مىنىۋالغانلار بىلەن بەسلىشىپ مېڭىشقا تىرىشاتتى. بۇ ئارتۇقچىلىقى مانا ئەمدى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. ئۇ ئۆي، تالا ـ تۈزنىڭ ئىشلىرىنى يۈگۈرۈپ ـ

يۈگۈرۈپ قىلاتتى، مەكتەپكە يۈگۈرۈپ باراتتى، يۈگۈرۈپ كېلەتتى، ئۇ ئۆي ئىشلىرىغىمۇ ئۈلگۈرەتتى، مەكتەپكىمۇ كېچىكمەيتتى. لېكىن، بىر كۈنى ئۇنداق بولمىدى. چۈشلۈك دەم ئېلىشتا تۇرسۇنگۈل ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. يولدا بىرمۇنچە ئۇششاق بالىلار سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناۋاتقانىكەن، تۇرسۇنگۈل ئۇلارغا قارىماي ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن بېشىنى بىر يانغا بۇرىغىنىچە تېخىمۇ ئىتتىك يۈگۈردى. چاتاق قارىمىغانلىقتىن چىقتى، ئۇ بىر بالىنى كۆرمەي يىقىتىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بالانىڭ چوڭى تاشتى. ئوغۇللار سۇدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا يالىڭاچ دېگۈدەك، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ كالتە ئىشتىنىمۇ يوق ئىدى. تۇرسۇنگۈل دەرھال قوللىرى بىلەن كۆزىنى ئېتىۋالدى، ئەتراپىدا ۋاڭ - چوڭ كۆتۈرۈلدى:

— سەن بۇرنۇمنى قانىتىۋەتتىڭ، تۆلە...

— سەن بىزنىڭ مەھەللىنىڭ بالىسىنى نېمىشقا ئۇرىسەن؟...

— كىچىك بالىنى ئۇرۇپ، دەسسىۋېتىپ، غىڭ قىلماي تۇرغىنىنى...

— بىزگە قاراپ باقە، ھەي...

تۇرسۇنگۈل كۆزىنى تېخىمۇ چىڭ ئېتىپ تۇرۇۋالدى، لېكىن بالىلار تېخىمۇ ئەدىدى، ئۇنىڭ قولىنى تارتقۇشلىدى، نېرى - بېرى ئىتتەردى، كۆل بويىدىكى تار يولنى ئالدى - كەينىدىن بالىلار مەھكەم توسۇپ تۇرۇۋالغاچقا، تۇرسۇنگۈلگە قېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، تۇرسۇنگۈل بالىلارغا يالۋۇردى، ئۆزىنىڭ كۆرمەي تېگىپ كەتكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈردى، لېكىن ئۇلارغا گەپ كار قىلمىدى.

تۇرسۇنگۈل قولىنى كۆزىدىن ئېلىپ ئاسمانغا قارىۋالدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇرۇلۇپ كۆل تەرەپكىمۇ قارىدى، دەرەخلەرگىمۇ قارىدى، زادى نېمە قىلىشىنى بىلەلمىدى. شۇ ئارىدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا قوشنىسى ئايىمجان ئاچىنىڭ ئوغلى، ئۆزىنىڭ ساۋاقدىشى جۇرئەت پەيدا بولۇپ قالدى. قوشۇما قاش، كۆزلىرى يېنىپ تۇرىدىغان، بۇغداي ئۆڭ، ئۆزى دىقماقىراق كەلگەن بۇ بالا تۇرسۇنگۈلدىن ئىككى ياش چوڭ ئىدى. ئۇ يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە بالىلارنى سۈر ــ توقاي قىلىۋەتتى. بالىلار دەسلەپ چۆچۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، ھايال ئۆتمەيلا سېپىنى قايتىدىن رۇسلىۋالدى.

ــ ئوغۇل بالىمۇ سىلەردەك بولامدۇ! ــ دەپ ۋارقىرىدى جۇرئەت، ــ نومۇس قىلىشماي مۈشۈ يالىڭاچ ئەپتىڭلار بىلەن يول توسۇۋالغىنىڭلارنى قاراڭلار، قىز بالىنىمۇ مۇنداق بوزەك قىلامسىلەر؟!

ــ ئۇنى كىم بوزەك قىپتۇ؟ ــ دەپ ۋارقىرىدى ئاپتاپتا قارا قۇمچاقتەك كۆيگەن يېشى چوڭراق بالا، ــ ئۇ بىزنىڭ كىچىك ئىنىمىزنى دەسسىۋەتتى.

ــ ياق، مەن كۆرمەي... ــ تۇرسۇنگۈل گەپنى چۈشەندۈرۈپ بولغۇچە، جۇرئەت «پاق ــ پۇق» قىلىپ قالدى ــ دە، يولنى توسۇپ تۇرغان ئىككى بالىنى مۇشت بىلەن دۈم چۈشۈرۈۋېتىپ، تۇرسۇنگۈلگە:

ــ قېچىڭ! ــ دەپ توۋلىدى ۋە تۇرسۇنگۈل ئېسىنى تېپىپ بولغۇچە ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپلا يۈگۈردى. بالىلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھاي ــ ھۇيلاپ ۋارقىراپ سەل قوغلىدى، كەينىدىن چالمىمۇ ئاتتى. لېكىن، ئۇلار ساداقتىن ئېتىلغان ئوقتەك بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

تۇرسۇنگۈل ئۆيىگە كېچىكىپ كەلدى، نېمە ئۈچۈن كېچىككەنلىكىنى ئانىسىغىمۇ ئېيتمىدى. مېنى بالىلار بوزەك

قىلدى دەپ ئانىسىنىڭ يۈرىكىنى غەش قىلسۇنمۇ، ئۇنىڭسىزمۇ ئانىسى بىچارە تۇرسۇنگۈلنىڭ يالغۇز بالا بولۇپ قالغانلىقىدىن، ئۆزىدىن كېيىن قالسا ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولغۇدەك ئالدى - كەينىدە بىرمۇ پەرزەنتىنىڭ يوقلۇقىدىن تۇرسۇنگۈلگە ئاز دەردىنى سۆزلەپ بەرگەنمۇ، «كاشكى، ئوغۇل بالا بولۇپ قالساڭمۇ، — دەيتتى بىچارە ئانا، — ئوغۇل بالا قىبقىندى بولسىمۇ، سوقۇندى بولسىمۇ، هامان بىر كۈنى ئۆز يولىنى تاپالايدۇ. خۇدايىم بۇ دۇنياغا ئادەم زاتىنى ياراتقاندىمۇ دەسلەپ ئەر كىشىنى يارىتىپتىكەن، ئاندىن ئۇنىڭ قوۋۇرغىسىدىن ئايال زاتىنى ئاپىرىدە قىلغانىكەن، شۇنىڭغا قارىغاندىمۇ بۇ ئەرلەرنىڭ دۇنياسى. سەن ئاجىز، قىزىم...»

«هەي... مەن ئوغۇل بالا بولۇپ تۇغۇلۇپ قالسامچۇ» دەپ ئارمان قىلدى تۇرسۇنگۈل. كۆل بويىدىكى هېلىقى ۋەقەدىن كېيىن ئۇنىڭ يۈرىكىدە بۇ ئەلەملىك ئارمان چارس قىلىپ يەنە بىر ئۇچقۇندىدى.

ئوغۇل بالا! ئۇ ئوغۇل بالا دېگەننى ئويلىسىلا جۇرئەت كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. راست، ئۇ جۇرئەتنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالسا نېمىدېگەن ئوبدان بولاتتى. ئۇ ئۆكتەملىك قىلغان باللارغا يالۋۇرۇپمۇ ئولتۇرمىدى، تۇرسۇنگۈلدەك چۈشەندۈرۈپمۇ ئولتۇرمىدى، ئۆكتەمگە ئۆكتەملىك بىلەن جاۋاب بەردى. مانا ئوغۇل بالا دېگەن!

تۇرسۇنگۈل ئانىسىنىڭ ئورنىدا قالدۇرۇق يەرگە ئىشلىگەندە جۇرئەت چەتتە قاراپ تۇرمايتتى، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئوتىشىپ بېرەتتى، چۆنەكلەرنى يۇمشىتىپ بېرەتتى، سۇغىرىپ بېرەتتى. تۇرسۇنگۈلچۇ، ئۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ بېرەتتى، تەرلىگەندە ئۇنىڭغا قول ياغلىقىنى بېرەتتى، مېغىز - ئۈزۈملەر بىلەن مېھمان قىلىشىمۇ بار ئىدى تېخى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

...

خۇدا بەردى ئاكىنىڭ ئېيتقىنى كەلدى. ئەجەل كەلسە، راست قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىكەن.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە ھامىمىسىنىڭ ھولۇقۇپ ۋارقىرىشىدىن تۇرسۇنگۈل چۆچۈپ ئويغاندى. نىساخان ھامىمىسى تۇرسۇنگۈلنىڭ ئانىسىنىڭ بېشىدا نالە قىلىۋاتاتتى:

— ۋاي، ھەمشىرە، نېمە بولۇۋاتىدىغانىلا، قورقۇتماي كۆزلىرىنى ئاچسىلىچۇ، — ئۇ تۇرسۇنگۈلنىڭ ئويغانغانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال ئۇنى بۇيرۇدى، — بول، قىزىم، دەمىدىنى ئەكەل.

تۇرسۇنگۈل چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ دەمىدىنى ئەكەلدى. بۇ دەمىدىنى مەھەللىدە قارىي قۇرئانلىقى بىلەن كۆپنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان مويسىپىت تىلىۋالدى ئاكا تېخى ئۈچ كۈن بۇرۇن قۇرئان ئوقۇپ تەييارلاپ بەرگەنىدى.

تۇرسۇنگۈل دەمىدە قاچىسىنى ھامىمىسىغا بېرىۋېتىپ ئانىسىنىڭ چىرايىغا شۇنداق قاراپلا چۆچۈپ كەتتى: لەۋلىرى كۆكىرىشكە باشلىغان، ماڭلىيى، يۈزى شامدەك سارغايغان، يۇمۇلغان كۆزىنىڭ قاپاقلىرى لىپىلداپ تۇرىدۇ. ئوڭ قولىنى يۈز تەرىپىگە ھالسىز ئۇزارتىدۇ، تىنىقى ئىتتىك، خارقىرايدۇ...

— ئانا! نېمە بولۇۋاتىسەن... جېنىم ئانا! — تۇرسۇنگۈل ئانىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلانماقچى بولۇۋىدى، ھامىمىسى ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ:

— ماڭ، چىقىپ قوشنىلارنى چاقىر، تېز بول، كىچىك ئاتاڭمۇ كەلسۇن، — دېدى. تۇرسۇنگۈل ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ ئايىمجان ئاچىنىڭ ئىشىكىنى ئۇردى. ئىچىدىن ھېچبىر ئاۋاز ئاڭلانمىدى، ئەتراپتا چېكەتكىلەرنىڭ

چىرىلداشلىرى، پاقىنىڭ كوركىراشلىرىدىن بۆلەك ھېچبىر سادا يوق ئىدى، بىرنەچچە سېكۇنتلۇق بۇ جىمجىتلىقتىن تۇرسۇنگۈلنىڭ يۈرىكى سىقىلدى، كۆز ئالدىغا ئانىسىنىڭ بايامقى ھالىتى كەلدى ـ دە، تۇيۇقسىز مېڭىسى ۋاڭشىپ، ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە ئىشىكنى زەرب بىلەن ئۇرغىلى تۇردى. ئىشىكنى جۇرئەت ئاچتى، كەينىدىنلا چاپىنىنىڭ بىر يېڭىنى سېپىپ، بىر يېڭىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئايىمجان ئاچا كەشنى سۆرەپ يۈگۈرۈپ چىقتى. كۆپنى كۆرگەن ئايال تۇرسۇنگۈلنىڭ چىرايىغا قاراپلا پەملىدى ۋە قىز ئاغزىنى ئېچىپ بولغۇچە ئۇغلى جۇرئەتنى:

— ماڭ، يۈگۈرۈپ بېرىپ، تۇرسۇنگۈلنىڭ كىچىك ئاتىسىنى باشلاپ كەل، — دەپ بۇيرۇدى.

ئۇلار يەنە بىر ئىشىكنى ئۇرۇپ ئاچتۇرۇپ بولغۇچە مەھەللىدىكى ئىتلار قاۋاپ قولۇم ـ قوشنىلارنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

ئۇلار كىرگۈچە ئانا بىچارە ھەق جايىغا قارار تاپقانىكەن، ئايىمجان ئاچا ئانىنىڭ بېشىغا ئۆتتى. شۇ ئەسنادا يۈگۈرۈپ كىرگەن تېۋىپ مەمتاخۇن ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتتى، كۆز قاپىقىنى ئۆرۈپ قارىدى. بۇ ئىشلارغا بىر مىنۇتمۇ ۋاقىت كەتمىدى، لېكىن بۇ ۋاقىت تۇرسۇنگۈلگە شۇنچىلىك ئۇزاق بىلىندىكى، ئۇ تېۋىپنىڭ ئاغزىدىن گەپ چىققۇچە مىڭ يىللىق ئازاب تارتقاندەك بولۇپ كەتتى.

— ئۆتۈپ كېتىپتۇ، — دېدى مەمتاخۇن خورسىنغان ھالدا بېشىنى چايقاپ.

تۇرسۇنگۈلنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، قۇلاقلىرى پاڭگىدە بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى قانداقلارچە ئانىسىنىڭ ئۈستىگە ئاتقانلىقىنى، ئايىمجان ئاچىنىڭ ئۇنى قانداق تارتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرغۇزغانلىقىنى، كىچىك ئاتىسىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق گەپلەرنى قىلغانلىقىنى زادىلا بىلمەيدۇ، ئۇ زارلايدۇ، قاقشايدۇ، لېكىن نېمىدەپ زارلاپ، نېمىلەرنى دەپ قاقشىغانلىقىنى زادىلا ئۇقمايدۇ.

ئۇ ھاممىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ يىغلىدى، ئايىمجان ئاچىنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ يىغلىدى، ئانىسىنىڭ ھەمدېمەتلىرىگە ئېسىلىپ يىغلىدى، تېۋىپنىڭ ئاياغلىرىغا تاشلىنىپمۇ يىغلىدى، ئۇلارنى قانداقتۇر بىر قۇدرەت ئىگىسىدەك كۆرۈپ، ئۇلاردىن ئانىسىنى قانداقتۇر بىر يوللار بىلەن تىرىلدۈرۈپ بېرىشىنى تىلەپ يىغلىدى؛ بۇ قىسمەتكە ئىشەنمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلاردىن بۇ نېمە بولغىنى دەپ جاۋاب تىلەپمۇ يىغلىدى. لېكىن، ئۇ ئۇلاردىن يىغىدىن بۆلەك جاۋابقا ئېرىشەلمىدى. ئۆلۈم دەھشىتى ئالدىدا ئۇلار يىغىدىن بۆلەك نېمىگە قادىر بولالىسۇن!

تۇرسۇنگۈلنىڭ ئالدىدا ئانىسىنىڭ ئېغىكى چېتىلدى. سەلدىن كېيىن يۇغۇچىلار كېلىپ مېيىتنى سۇغا ئالدى. ساقلايدىغان جىق تۇغقانلىرى بولمىغاندىن كېيىن، ئانىنى بامدات نامىزىغا ئۇلگۇرتۇش مەسلىھەت قىلىندى.

ــ مەرھۇمنىڭ چىرايىنى كۆرۈۋېلىڭلار، ــ دېگەن گەپ بىلەن تەڭلا باياتىن بېرى ئاياللارنىڭ قولىدا يۇلقۇنۇپ تۇرغان تۇرسۇنگۈل ئانىسىنىڭ قېشىغا ئۆزىنى ئېتىپلا كىردى.

ئانىسى ئاپپاق كېپەننىڭ ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى. تۇرسۇنگۈل ئۇنىڭ ئۇخلاۋاتقاندەك ياتقان ھالىتىگە قاراپ ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىگە تورۇپلا ئىشەنگۈسى كەلمىدى.

ــ جېنىم ئانا، كۆزلىرىڭنى ئاچساڭچۇ! جېنىم ئانا، مېنى قورقۇتمىساڭچۇ، ئانا، ئانا!...

تۇرسۇنگۈل ھە دەپ ئالدىغا ئېتىلىپ نالە قىلىپ كەتتى.

قوشنىلىرى ئۇنى قويۇپ بەرمەي مەھكەم تۇتۇۋالدى.

ھېلىلا ئۇ ئۇخلاۋاتقاندەك تۇراتتىغۇ، نېمىشقا كۆزلىرىنى ئاچمايدۇ! كىچىلەردە تۇرسۇنگۈل: «ئانا» دەپ بولغۇچە كۆزلىرىنى لاپپىدە ئېچىپ: «ھە قىزىم» دەپ تۇرىدىغان ئانا ئەمدى نېمىشقا تۇرمايدۇ! ئۇنىڭغا ھەر سائەت، ھەر مىنۇت مېھىرلىك باقىدىغان كۆزلەر ئەمدى نېمىشقا ئېچىلمايدۇ؟ نېمىشقا؟ نېمىشقا؟...

— قىزىم، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ. قازاغا رىزا دەيدۇ، قىزىم، — ئايىمجان ئاچا ئۇنىڭ بېشىنى مەيدىسىگە يېقىپ تۇرۇپ بەزلىدى. باشقىلارمۇ كەينى ـ كەينىدىن تەسەللى بېرىشتى. لېكىن، تۇرسۇنگۈلنىڭ كاللىسىدا بايامقى ئوي — «نېمىشقا؟ نېمىشقا؟» دېگەن سوئاللا تەكرارلىناتتى، كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە قېتىپلا قالغانىدى...

جىنازا مەسچىتكە ئېلىپ مېڭىلغاندا تۇرسۇنگۈل تاۋۇتنىڭ ئالدىدا ھازا ئېچىپ ماڭدى. نامازچۇشۇرۇلۇپ، جامائەتتىن رازى ـ رىزالىق ئېلىنىپ مېيىت قەبرىستانلىققا ئېلىپ مېڭىلىدىغان چاغدا چاتاق چىقتى، موللىلار ئايال زاتى تۇپراق بېشىغا چىقسا بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋېلىشتى، ئۇلارچە ئايال زاتى تۇپراق بېشىغا چىقسا ئەرۋاھلارنىڭ كۆزىگە ئوت بولۇپ كۆرۈنەرمىش.

— ئۇنداق قىلماڭلار، ئاتىلار، ئاكىلار، — دەپ يالۋۇردى تۇرسۇنگۈل بىچارە، — مەن ئانام بىچارىنىڭ كۆزىگە ئوت بولۇپ كۆرۈنمەسمەن، ئانام چوقۇم مېنى يالغۇز تاشلاپ كەتكەن ئۆيىدە ئۆچمەي يېنىۋاتقان شام نۇرىدا كۆرىدۇ. ئانامنى ئۆزىتىپ چىقىدىغان مېنىڭ ئاكاممۇ يوق، ئىنىممۇ يوق، ئانامنىڭ قىزىمۇ مەن، ئوغلىمۇ مەن. ھېچ بولمىغاندا بۈگۈن بىر كۈن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ مېنى ئوغۇل سۇپىتىدە كۆرۈڭلار، خۇدا كەچۈرەر...

ئۇنىڭ قار - يامغۇر يىغلاپ تۇرۇپ قىلغان بۇ يالۋۇرۇشلىرى ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلدى. چىقىشقا بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋالغانلارمۇ سۇكۇتكە چۆمدى. تۇرسۇنگۇل ئۆزىگە ئېسىلىپ تۇرغان قوللار بوشاپ كېتىۋاتقان پۇرسەتتە دەرھال ئېتىلىپ چىقىپ تاۋۇتنىڭ ئالدىغا ئۆتتى - دە: «ئانا، ئانا !» دەپ ھازا ئاچقىنىچە يول باشلاپ ماڭدى.

جىنازا شۇ ئانا تۇغۇلغان، شۇ ئانا تۇرسۇنگۇلنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان مەھەللىنى تاشلاپ كېتىۋاتاتتى.

ئەنە، ئاۋۇ قارا ئۇجمە ! مۇشۇ ئانا قايسىبىر ئەتىيازدا شۇ ئۇجمىنى قىزىغا قېقىپ بەرگەن، ئىككىسى ئولتۇرۇپ داستىخاندىكى مەي باغلاپ پىشقان ئۇجمىلەرنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكەن ئەمەسمىدى. تۇرسۇنگۇل ئۇجمىنى ئوچۇملاپ يەپ يۈز - كۆزلىرىنى قارا، سۆسۈن بوياۋالغاندا ئانىسى ئۇنىڭ ئەپتىگە قاراپ كۈلۈپ كەتكەن، شۇ چاغدا تۇرسۇنگۇلمۇ ئانىسىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ ئۇنىڭ يۈزىنىمۇ ئۆزىنىڭكىدەك قىلىۋەتكەن ئەمەسمىدى. شۇ چاغدا ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ شۇنچىلىك يايرىشىپ كۈلگەن، ئۇجمىنىڭ ئاستىدا يومىلاقلىشىپ كەتكەن ئەمەسمىدى !؟ ئەمدى ئۇ كىم بىلەن كۈلىدۇ؟ ئۇنى كۈلدۈرىدىغان، ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرىدىغان ئانىسى مانا تەختىراۋاندا ئۇ دۇنياغا كېتىۋاتامدۇ !؟

ئەنە سۇلىرى شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئېرىق ! قايسىبىر يازدا ئانىسى تۇرسۇنگۇلنىڭ بېشىنى مۇشۇ يەردە يۇغان، تۇرسۇنگۇل بېشىنى ئېگىشتۇرۇپ يۇيۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەيتانلىق قىلىپ ئۆزىنى پوكلا سۇغا تاشلىۋەتكەن، ئانىسى بىچارە قورقۇپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغۇچە، تۇرسۇنگۇل ئۇنىڭغىمۇ سۇ چېچىپ ئۇنىمۇ چۆپ - سۇزمە قىلىۋەتكەن ئەمەسمىدى،

ئازراق سۇ ئىچىۋېلىپ تۇرسۇنگۇلمۇ قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتكەن، ئانىسىمۇ ئەندىكىپ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتكەن، كېيىن ئىككىسى تازا كۈلۈشكەن، بىر دالىدىغا ئۆتۈپ كىيىملىرىنى سىقىپ قۇرۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئانىسى تۇرسۇنگۇلنىڭ چاچلىرىنى تاراپ چىرايلىق ئۆرۈپ قويغان، ئەركىلىتىپ مەڭزىنى چىمدىپ - چىمدىپ قويغان ئەمەسمىدى، ئەمدى ئۇنىڭ چاچلىرىنى كىم تاراپ - ئۆرۈپ قويىدۇ؟! ئەمدى كىم ئۇنى ئېرىق بويىدا ئوينىتىدۇ؟! ئەمدى ئۇنى كىم ئەركىلىتىدۇ؟!

ئەنە ئاۋۇ چىمەنلىك! تۇرسۇنگۇل ئاشۇ يەردە دوستلىرى بىلەن ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتقان چاغلاردا، ئانىسى ئۇنى ئۇسساپ قالمىسۇن دەپ ئالاھىدە چاي، ئۈزۈملەرنى توشۇپ بەرگەن ئەمەسمىدى؟!

ئەنە، ئاۋۇ دوقمۇش! تۇرسۇنگۇل مەكتەپتىن كېچىكىپ قايتىپ تازا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان چاغلاردا ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ يولىغا قاراپ ئاشۇ دوقمۇشتا تۇرغانلىقىنى تالاي - تالاي قېتىم كۆرگەن ئەمەسمىدى.

ئەمدىچۇ؟ ئەمدىچۇ؟...

تاۋۇت تۇپراق بېشىغا قويۇلدى. مېيىت يەرلىككە ئەكىرىلگۈچە يەنە گەپ چىقتى: ئۆلگۈچى ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى يەرلىككە ئوغلى ئەكىرمىسە بولمايدۇ. بۇ ئىشقا گۆركار قاتارلىق يات ئەر خەقلەر تۇگۇل، ئېرى بولسىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، خوتۇنىنىڭ كۆزى يۇمۇلغان ھامان ئەرمۇ ئۇنىڭغا يات ھېسابلىنىدۇ. خوش ئەمىسە، ئانىنى يەرلىككە كىم قويۇشى كېرەك؟

تۇرسۇنگۇل قاتتىق ئۆپكىلىگەن ھالدا لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى: ھەي، ئۇ بۇ دۇنياغا نېمىشقا ئوغۇل بالا بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆرۈلۈپ قالمىغاندۇ!
ئۇ ـ بۇ مەسلىھەت بىلەن ئانىنى ئاخىر تورسۇنگۇلنىڭ كىچىك ئاتىسى يەرلىككە قويدى، يەرلىككە يەتتە كەتمەن توپا تاشلاشمۇ تورسۇنگۇلگە نېسىپ بولمىدى، چۈنكى بۇمۇ ئوغۇل بالىنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئىدى.
كىچىك ئاتىسى يەرلىككە يەتتە كەتمەن توپىنى تاشلاۋاتقاندا تورسۇنگۇل ئۆزىنى بۇ دۇنيادا بار ـ يوقنىڭ ئورنىدا سەزدى. ئۇ پەقەت يۇم ـ يۇم يىغلايتتى، ئۆزىنى شۇنچە زەئىپ، شۇنچە ئاجىز سېزەتتى...
ئۇ بوشىغان تاۋۇتقا قارىدى. كىچىك ئاتىسى تاۋۇتنىڭ ئۇستىگە يېپىلغان يېشىل يوپۇقنى قاتلاپ يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. يېشىل يوپۇق ئۇنىڭ كۆزىگە ئانىسىنىڭ يېشىل كۆڭلىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى...

# تۆتىنچى باب

تۇرسۇنگۈل قولىدىكى يېشىل تاۋارنىڭ كۆز ياشتىن چۆپ - چۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالغانىدى. ئۇ قۇلىقىدىكى هالقىنى ئېلىپ هېلىقى تاۋار پارچىسى بىلەن ئۈستەل ئۈستىگە قويدى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ كەتتى.

هالقىنىڭ قىزىل ياقۇت كۆزى يال - يال چاقنايتتى. ئۇ گويا يېلىنجاۋاتقان چوغ. بۇ چوغ ئۇنىڭ يۈرىكىنى پۇچىلايتتى، جىسمىنى قىلدەك تولغاندۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى ئوت ئىچىدە قېلىپ، قاتتىق قىزىپ كېتىۋاتقاندەك هېس قىلدى.

ئۇ يېشىل تاۋار پارچىسىغا قارىدى، بۇ پۇرۇچ ئۇنىڭغا قانداقتۇر ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. دەسلەپتە ئۇنىڭغا ئالىقانچىلىك چىمدەك كۆرۈندى، كېيىن بۇ چىم بارغانسېرى يوغىناپ كۆز ئالدىدا كەڭ بىر يېشىل چىمەنزار هاسىل بولدى، ئۇ بۇ چىمەنزاردىن بىرىنى ئىزدەيدۇ، لېكىن كىمنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇ قىزىپ قاتتىق ئىسسىغاندەك بولدى، چىمەنزاردىكى بۇلاقنى ئىزدىدى، لېكىن بۇلاقنى تاپالمىدى، دېمەك بۇلاقنىڭ سۈيى قۇرۇپ كەتكەن، ئۇنىڭغا بۇ چىمەنلىكمۇ سولىشىۋاتقاندەك تۇيۇلدى، ئەنە، راست، قۇرۇۋاتىدۇ، قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ، چىمەنزار ئاستا - ئاستا خازان رەڭگىگە كىرىپ، پەقەت هېلىقى ئالىقانچىلىك چىملا قالدى. ياق، ئۇ چىمەنىڭمۇ قۇرۇپ كېتىشىنى خالىمايدۇ. ئۇ ئۆزىنى شىددەت بىلەن هېلىقى بىر پارچە چىمەنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈستىگە تاشلىدى.

تۇرسۇنگۈل ئۆزىنى ھېلىقى يېشىل تاۋار پارچىسىغا يۆرىگەپ تاشلىغان ھالەتتە ئېسىنى تاپتى. ئۈستەلنىڭ گىرۋىكىگە تېگىپ يېيى ئۈزۈلۈپ كەتكەن مارجانلىرى تورۇكلاپ يەرگە تۆكۈلدى. ئۇ مارجانلارغا قاراپ قېتىپ تۇرۇپ قالدى...

— ۋاي مارجىنىم، مارجىنىمنى ئۈزۈۋەتتىڭىز...

— ۋاي، خاپا بولماڭ، تۇرسۇنگۈل، مەن... مەن... تېرىپ بېرەي.

— سىززە... ئەجەب ئەسكىكەنسىز، جۇرئەت...

بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ۋاڭشىپ، جاراڭلاپ كەتتى. ئۇ قۇلىقىنى مەھكەم ئېتىۋالدى. لېكىن، ئۇ سادا ئۇنىڭ مېڭىسىدە ۋاڭشىۋەردى. كۆز ئالدىدىن ئاجايىپ خاتىرىلەر خۇددى كىنو ئېكرانىدىكىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا جۇرئەت مارجانلارنى تېرىۋاتاتتى. يېشىل ئوتلاق، مەجنۇنتالنىڭ تۈۋى. كەچكى شەپەق ئەتراپقا بىر خىل سۇس قىزىل تۇس بەرگەن. جۇرئەت مارجانلارنى يىپقا ئۆتكۈزەلمەي ئاۋارە، تۇرسۇنگۈل دومسايغىنىچە تەتۈر قاراپ ئولتۇراتتى، ئىككىسىنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتكەن، بۇ قىزىللىق ئالدىدا كەچكى شەپەقنىڭ قىزىللىقىمۇ بىر يەردە قالاتتى.

— مەن... مەن... — جۇرئەت دۇدۇقلايتتى، — مارجانلارنى يىپقا ئۆتكۈزەلمەيۋاتىمەن...

— ...

— سىز... سىز... ئۆتكۈزۈپ بېرىڭا.

تۇرۇپلا تۇرسۇنگۈلنى كۈلكە قىستىدى.

— تۇۋا، مەن ئۆتكۈزۈپ بەرسەم، بوينىڭىزغا سىز ئاسامتىڭىز؟! ئۈزۈشنى ئۆزىڭىز ئۈزۈۋېتىپ، سىز ئۆتكۈزۈپ

بىرىگە دەۋاتقىنىڭىزنى قاراڭ. كىم بىزسا شۇ تۈزەيدۇ، ئۆزىڭىز ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىڭىز بويۇنۇمغا قاداپ قويىسىز، مەڭ، ماۋۇ يىڭنە بىلەن ئۆتكۈزۈڭ، — تۇرسۇنگۈل كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن يىڭنىنى ئېلىپ جۈرئەتكە بەردى.

جۈرئەت يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزۈپ، بىر مارجاننى ئۆتكۈزدى، ئىككىنى ئۆتكۈزدى، ئۈچىنچىسىنى ئۆتكۈزۈۋاتقاندا تۇرسۇنگۈلگە قارايمەن دەپ پوسسىدە قولىغا يىڭنە سانجىۋالدى...

— ۋاي، ۋاي... قولۇم !...

تۇرسۇنگۈل كۈلۈۋەتتى.

— ئوبدان بولدى، خەقنى قاقشاتقان ئادەم ئۆزىمۇ مۇشۇنداق قاقشايدۇ تازا. ئادەمنى كۆزگە ئىلمىغاندەك ئەجەب ئېسىلىسىز ا.

ئۇ تۇرسۇنگۈلنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە زوقلىنىش ۋە سۆيۈنۈش ئارىلاش بىر خىل ئىلتىجا يېنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنداۋاتقان پىراق ئوتىغا تۇرسۇنگۈل چىديالمىدى. جۈرئەت كۆزىنى قىزنىڭ كۆزىدىن ئۈزمەي يىڭنىنى مارجاننىڭ تۆشۈكىگە ماڭغۇزۇۋىدى، تۇرسۇنگۈل خۇددى يىڭنە ئۆزىنىڭ قولىغا سانجىلىپ كېتىدىغاندەك چۆچۈپ ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى. جۈرئەت ئۇنىڭ قولىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالدى، ئىككىسىنىڭ قولى بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ ئۇيۇل تاشتەك چىڭىپ كەتتى.

ئانىسى تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن تۇرسۇنگۈل بىلەن جۈرئەتنىڭ دوستلۇقى بەكمۇ قويۇقلىشىپ كەتكەنىدى. جۈرئەت ئۇنىڭغا ئاكىسىدەك ھامىيلىق قىلاتتى، مەكتەپكە ئىككىسى بىللە باراتتى، بىللە ياناتتى، كەچتە ئۇلارغا دوستى ساجىدە قوشۇلۇپ ئۆيدە قىزىق پاراڭغا چۈشەتتى.

ئانىسىنىڭ قىرىق نەزىرىنى بەرگەندىن كېيىن كىچىك ئاتىسى تۇرسۇنگۈلنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئاچىقىپ كەتمەكچى بولغانىدى، لېكىن تۇرسۇنگۈل ئانامنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي ئولتۇرىمەن دەپ ئۇنىمىدى. ئىككى ئۆينىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىك ئاتىسىنىڭ تۇرسۇنگۈلگە ھەمراھ بولغۇدەك ئۆز بويلۇق قىزلىرى بولغاچقا، بۇ گەپمۇ دۇرۇس تېپىلدى. شۇنىڭ بىلەن كىچىك ئاتىسىنىڭ تولۇقسىزنى پۈتكۈزۈپ ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغان قىزى ساجىدە تۇرسۇنگۈلگە كەچتە قونۇشۇپ بېرىدىغان بولدى. ساجىدە ئۆڭى ئاق سېرىق كەلگەن، كۆزلىرى زىنىخى بىلەن تەڭ كۈلۈپ تۇرىدىغان، ئېڭىكىنىڭ ئۈستىدە كېلىشىملىك بىر تال خالى بار، قاڭشارلىق، غۇنچە بوي بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ مىجەزى تۇرسۇنگۈلنىڭ پۈتۈنلەي تەتۈرسىچە ئىدى. تۇرسۇنگۈل شوخ، تىنىمسىز بولسا، ئۇ نازاكەتلىك، سەل تەمكىن ئىدى. تۇرسۇنگۈل شوخ بولغىنى بىلەن ئوڭاي بىر ئىشلارغا كۈلمەيتتى، لېكىن ساجىدەنىڭ ھەرقاچان لېۋىدىن كۈلكە كەتمەيتتى. بۇ كۈلكىدىن ئاجايىپ بىر خۇلق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى، كۆزلىرى بىر خىل ئويچانلىق بىلەن يايناتتى، ئويچانلىق ھەممىدىلا ئۆتكۈرلۈكتىن دېرەك بەرمەيدىكەن، تەمكىنلىكمۇ ھەممە ئىشتا پۇختىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس ئىكەن، ساجىدە ئوقۇشتا ناباب چىقىپ قالدى. تۇرسۇنگۈل ئۇنىڭ بىلەن تولۇقسىزغىچە بىللە ئوقۇدى. ئۇ ساجىدەنىڭ دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا دەرس تەكرارلاپ بەردى، تاپشۇرۇقلارنى چۈشەندۈردى، ھەتتا بەزىدە ئىشلەپمۇ بەردى. لېكىن، قانچە قىلسىمۇ ئۇ كاللىسىغا ئالالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئىشنى ئىچىگە سىغدۇرالماي بىر كۈنى ئانىسىغا ئېيتتى. «ئوي كىرىپ قالغان گەپ، —

دېگەندى رەھمەتلىك ئانىسى شۇ چاغدا، — قىز بالا دېگەن مۇشتتەك تۇرۇپ چوڭ ئىشلارنى ئويلاپ كەتسە، ئاشۇنداق دۆتلىشىپ قالىدۇ. سەن ھەرگىز ئۇنى دوراپ قالما، قىزىم.»

راست، تۇرسۇنگۈل ئۇنى دورىمىدى، لېكىن بۇ ۋاقىتلىق ئىش ئىكەن. غۇنچە بارانغا يەتكەندە ھامان بىر كۈنى پورەكلەپ ئېچىلغانغا ئوخشاش، قىز بالىمۇ ۋايىغا يەتكەندە يۈرەك تۈيغۇلىرى بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىدىكەن. دەسلەپتە ئۇ ئۆزىنى سېھىرلىنىپ قالغاندەك سېزىدىكەن، دۇنيا ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىرى بىلەن ھەقىقىي مەنىگە ئىگە بولۇۋاتقاندەك، ئۇ يېنىدا بولسا قانداقتۇر كۆڭلى پۈتۈن تۇرغاندەك، ئۇنى كۆرمىگەن كۈنى قانداقتۇر بىرنېمىسىنى يوقىتىپ قويغاندەك بولۇپ قالىدىكەن. ئۇ يىراق تۇرسا ئۇنىڭغا تەلمۈرىدىكەن، يېقىن كەلسە كۆزىنى ئەپقاچىدىكەن، يېنىدا تۇرسا دەيدىغان گەپ تاپالمايدىكەن، يېنىدا بولمىغان چاغلاردا خىيالەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ گېپى تۈگىمەيدىكەن. بەزىدە ئۇ ئۆزىگە قارىماي ئۆتۈپ كېتىپ قالسا، ھەر خىل ئويلارغا كېلىپ، شۈبھە ۋە تەشۋىش بىلەن ئۆزىنى مىڭبىر قىيناپ، ئەينەككە قاراپمۇ جاۋاب سورايدىكەن. ئۇنىڭ يېنىدا ئالىمادىس بىرەر قىزنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالسا، ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپمۇ، ئۈستىباشلىرىغا قاراپمۇ ئۆزىنى قىينايدىكەن، ئۇ قىزدىنمۇ گۈزەلرەك بولۇشقا، ئۇ قىزدىنمۇ چىرايلىقراق ياسىنىشقا تىرىشىدىكەن. بەلكىم چوڭلارنىڭ «ئوي كىرىپ قاپتۇ» دېگىنى مۇشۇ بولسا كېرەك. تۇرسۇنگۈل ساجىدەنى ھەرقانچە دورىمايمەن دېسىمۇ ئاخىر دورىدى، پەرقى پەقەت ئىلگىر - كېيىنلىكىدىلا بولدى.

بىر كۈنى تۇرسۇنگۈلنىڭ ئۆيىدە جۈرئەت بىلەن تۇرسۇنگۈل ئىككىسى تاپشۇرۇق ئىشلىدى. ساجىدە ئۆي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىغىشتۇرۇش بىلەن مەشغۇل ئىدى. تۇرسۇنگۇل ماتېماتىكىدىن بېرىلگەن تاپشۇرۇقنى قانچە قىلىپ باقسىمۇ توغرا ئىشلىيەلمەي، ئاخىر جۇرئەتكە مۇراجىئەت قىلدى. جۇرئەت ئۇنىڭغا خېلى چۈشەندۈرۈپ باقتى، لېكىن تۇرسۇنگۇل مەسىلىنى يەنىلا يېشەلمىدى. ئاخىر بولماي جۇرئەت ئۆزى ئىشلەپ بەردى.

— توۋا، — دېدى جۇرئەت، — مۇشۇنچىلىك مەسىلىنى چۈشىنەلمەيۋاتقىنىڭىزنى قاراڭە سىزنىڭ.

— شۇنى دېمەمسىز...

— بىر چاغلاردا تاپشۇرۇقلارنى سەن ماڭا چۈشەندۈرۈپ، ھەتتا ئىشلەپ بېرەتتىڭ، — دەپ گەپ قاتتى ساجىدە، — ئەمدى ساڭا جۇرئەت ئىشلەپ بېرىدىغان بوپتۇ، بىر چاغلاردا ماڭا ھەيران بولاتتىڭ، مانا ئەمدى... ئالدىرىماڭ يارەي، بىر كۈنى ساڭىمۇ بارەي، دېگەن مۇشۇكەن ـ دە.

ساجىدە گېپىنى تۈگىتىپ كۈلۈپ كەتتى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۈلۈشتى.

— نېمە بولدۇمكىن، بىلمەيمەن، — دېدى تۇرسۇنگۇل ئۇھسىنىپ، — يېقىنىنىڭياقى دىققىتىم چېچىلىپلا تۇرىدىغان بولۇپ قالدىغۇتاڭ.

— نېمە بولماقچىدىڭ!؟ ئەمدى قىز بولدۇڭ، چوڭ بولدۇڭ شۇ.

— دېمىسەڭمۇ مەن قىزغۇ، چوڭ بولسام نېمە بوپتۇ؟

— چوڭ بولغاندىن كېيىن، — ساجىدە تىلىنى چىقىرىپ، سىڭار كۆزىنى خۇلق بىلەن قىسىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — پەقەت دەرسنىلا ئويلىمايدۇ، ئويلايدىغىنى خېلى جىق بولىدۇ ئادەمنىڭ. مەسىلەن، يالغۇزلۇقۇڭنى ئويلايسەن، يەنە...

جۇرئەت كۆزىنى يۇمۇشلاپ ساجىدەنىڭ گېپىنى توختىتىپ قويدى.

«يالغۇزلۇق» دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭ يۈرىكى جىغغىدە بولغانىدى. ئۇ تۇرسۇنگۈلگە ھەرگىزمۇ يالغۇزلۇقنى ھېس قىلدۇرماسلىق كېرەك، دەپ قارايتتى. يېتىم قىز ئۇچۇن «يالغۇزلۇقنى ئويلايسەن» دېيىش ئۇنىڭ يۈرەك جاراھىتىنى قايتا قوزغاش بىلەن باراۋەرغۇ.

— نېمە بولدى؟ — ساجىدە ھەيرانلىق بىلەن جۇرئەتتىن سورىدى.

— ھېچنېمە.

— كۆزىڭىزنى يۇمۇشلايسىزغۇ؟

تۇرسۇنگۈلمۇ ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى.

— كۆزۈمنىما... — جۇرئەت سەل دۇدۇقلاپ قېلىپ دەرھال گېپىنى تاپتى، — كۆزۈمگە بىرنېمە كىرىپ كەتكەندەك قىلغان، شۇڭا كىرپىكىمنى قېقىپ چىقىرىۋېتەي دېگەنىدىم.

— بىزنىڭ كۆزىمىزگە بىرنېمە كىرىپ كەتسە كۆزىمىز يۇمۇلۇپ قالىدۇ، — دېدى ساجىدە چاقچاق قىلىپ، — ئەجەب سىزنىڭ كىرپىكلىرىڭىز قېقىلىپ كېتىدىكىنە؟!

— سىلەر يىغلاپ چىقىرىۋېتەلەيسىلەر، بىز كىرپىك بىلەن ئۈستىدىن ساۋىمىساق چىقىرالمايمىز ئەمەسمۇ.

قاملىشىپ ياندۇرۇلغان بۇ چاقچاقتىن ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— قىز بالىنىڭ كۆز يېشى ئارتۇق، ئوغۇل بالىنىڭ زەردىسى، دېگەن مۇشۇكەن - دە، ئەمىسە، — دېدى ساجىدە.

ئۇلار يەنە پاراقلاپ كۈلۈشتى.

— ھە، ھېلىقى گېپىڭىزنىڭ ئاخىرىنى دېگىنە، — دېدى تۇرسۇنگۈل ساجىدەنى نوقۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بايامقى گېپىمنى ھەرقاچان باشقىچە ئويلاپ كەتتىڭىز، — دېدى ساجىدە جۇرئەتكە قاراپ، — مېنىڭ تۇرسۇنگۇلگە دەۋاتقىنىم باشقا گەپ.

— خوش، نېمە گەپ؟ — جۇرئەت بىلەن تۇرسۇنگۇل تەڭلا سوراشتى.

— يالغۇزلۇقۇڭنى ئويلايسەن، يىگىتىم بولسىچۇ دەپ ئويلايسەن دېگەن گەپ! — ئۇ تۇرسۇنگۇلگە قاراپ سورىدى، — قانداق تاپتىممۇ؟

تۇرسۇنگۇلنىڭ ساجىدەدىن قاچۇرغان كۆزلىرى لەپپىدە جۇرئەتنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. جۇرئەتنىڭ كۆزلىرى ئۇچقۇنداپ كەتكەندى. كۆزلەر ئاجايىپ بولىدۇ. خېلى بىر ۋاقىتتا سوراپ بىلگىلىمۇ، سۆزلەپ چۈشەندۈرگىلىمۇ بولمايدىغان نەرسىلەرنى دەقىقىلىك قاراش ئىچىدىلا ئىزھار قىلىپ يۈرەكنىڭ يېغىشىغا تەگكۈزۈپ بولالايدۇ. شۇ تاپتا جۇرئەتنىڭ كۆزلىرىدە قانداقتۇر سوئال ئالامىتىمۇ، زوقمەنلىكمۇ، ئىلتىجامۇ، قىزىقىشمۇ، ھەممىسىلا تەڭ يېنىپ تۇراتتى. تۇرسۇنگۇلنىڭ كۆزلىرىدە بولسا يۈرەك سىرىنىڭ پاش بولغانلىقىدىن كېلىپ چىققان خىجىللىقمۇ، بىلدۈرەلمەي ئۆزىنى قىيناپ يۈرگەن نازۇك تۇيغۇسىنىڭ دەل كۆڭلىدىكى ئادىمىنىڭ ئالدىدا ئوڭايلا ئاشكارىلانغانلىقىدىن تۇغۇلغان خۇشاللىقمۇ، يەنە قانداقتۇر بىر ئەندىشىمۇ تەڭلا ئەكس ئەتكەنىدى. تۇرسۇنگۇل ۋىلىلىدە قىزارغىنىچە كۆزىنى ئەپقاچتى.

— ھە، تېپىپتىمەنمۇ؟! — دېدى ساجىدە تۇرسۇنگۇلنىڭ قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىنى چىمدىپ تۇرۇپ، — ئۆزۈڭ راست دېمىگىنىڭ بىلەن يۈزۈڭ راست دەپ تۇرۇپتۇ مانا. بىزچۇ، يەرنىڭ تېگىدە يىلان كۆشىگەننى تۇيىمىز. قېنى، ئېيتە،

كىمنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭ؟ ھېلىقى ياسانچۇق سەمەت سەتەڭ ئەمەستۇ. ئۇ بولۇپ قالسا مەنمۇ قوشۇلمايمەن. ھە، راست، ھېلىقى نۇر نوچى ساڭا بەك ئامراقلىق قىلىدىغان. شۇ كۆڭلۈڭنى ئۇتۇۋالغان بولمىسۇن يەنە...

— ئۇشتە، بولدى قىلە، — تۇرسۇنگۈل ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — نەدىكى يوق گەپلەرنى قىلىدىكەنسەن.

— يوق گەپ ئەمەس تېخى، ئۇنداق بولسا، بار گەپنى ئۆزۈڭ دېمەمسەن، قېنى؟ دېگىنە، كىمنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدىڭ؟ ياكى، — ساجىدە كېيىنكى گەپلەرنى ئۇرغۇلۇق سوزۇپ - سوزۇپ دېدى، — كىمنى ياخشى كۆرىسەن؟ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىڭ كىم؟

— سەن! ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىم سەن! بىلدىڭمۇ، بېشىڭنى يەيدىغان، — تۇرسۇنگۈل ساجىدەنىڭ دومبىسىگە مۇشتلاپ كۈلۈۋەتتى. ساجىدەمۇ قاقاھلاپ كۈلدى. باياتىن بېرى گەپ - سۆزگە قۇلاق سېلىپ، تۇرسۇنگۈلنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان جۇرئەتمۇ پاراقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

تۇرسۇنگۈل جۇرئەتكە يەر ئاستىدىن بىر قاراپ قويۇپ، يەنە پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى. بۇنى ساجىدە سەزمىدى. ئىككى مەپتۇن دىلنىڭ ئۇنسىز ساداسىنى پەقەت تەقەززالىق يېغىپ تۇرغان كۆزلەرلا چۈشىنەتتى.

— سەن گەپنى ئەپقاچما، — دېدى ساجىدە كۈلۈپ تۇرۇپ، — دەپ باقە، زادى كىمنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭ؟

— ئادەمنى تولا خىجىل قىلمىغىنا، — دېدى تۇرسۇنگۈل ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

جۇرئەت ساجىدەنىڭ چىڭقاپ تۇرۇۋېلىپ تۇرسۇنگۈلنى خىجىل قىلىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ يەردە ئولتۇرۇۋېرىشنى بىئەپ كۆردى ۋە ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە چىقىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كەتتى.

ئىككى قىز خالىي قالغاندىن كېيىن، ساجىدە:

— ئەمدىغۇ دەرسەن، — دېدى، — جۇرئەتمۇ چىقىپ كەتتى. مەندىن نېمە سىر يوشۇراتتىڭ. ئوقۇشۇڭمۇ ئىككى يىل قالدى. سەن ھەممە ئىشقا پۇختا، بۇ جەھەتتىكى ئىشلارنى ئويلىماي قالمايسەن. قېنى، دەپ باققىنا، كۆزلىگەن يىگىتىڭ كىم؟

تۇرسۇنگۈل ئىچى كۆچلۈك قىزلاردىن ئىدى. تۇنجى مۇھەببەت تۇيغۇسى نازۇك نوتىغا ئوخشايدۇ. بۇ نوتىنىڭ يىلتىز تارتىپ، بىخ سۈرۈپ، ۋايىغا يېتىدىغان دىيارى قەلب. قەلب دېڭىزىدا بۇ تۇيغۇنىڭ مەيىن دولقۇنلىرىغا چۆمۈلۈپ، ئاجايىپ شېرىن لەززەت ئېلىش پەقەت ئىچى كۆچلۈك قىزلارغىلا خاس. ئۇلار بۇ ساپ تۇيغۇسىنى بەكمۇ قەدىرلەيدۇ ۋە ئاسرايدۇ. بۇنى ئوڭايلا ئاشكارىلىۋېتىش ئۇلارنىڭ نەزىرىدە يىلتىز تارتمىغان نوتىنى كۆچلۈك ئاپتاپقا سالغانلىق بىلەن باراۋەر.

تۇرسۇنگۈل يەرگە قاراپ بىرھازا تۇرۇپ كېتىپ، خورسىنغان ھالدا:

— مېنىڭ كۆزلىگەن يىگىتىم يوق، — دەپ جاۋاب بەردى.

ساجىدە ئۇنىڭ خورسىنغىنىنى كۆرۈپ گېپىگە سەل ئىشەنگەندەك بولدى.

— ئۇنداق بولسا، بولماپتۇ، سەن بۇنىڭ غېمىنى قىل، تۇرسۇنگۈل، ھازىرنىڭ ئۆزىدە چېكىپ تۇرۇپ بىرەرىنى تېپىۋالمىساڭ بولمايدۇ. ئۆزۈڭ بىلمىسەن، مەنمۇ بىر - ئىككىسى بىلەن يۈرۈپ باقتىم. ھازىر كۆڭۈلدىكىدەك يىگىت تاپماق تەس ئىكەن. مەنمۇ ئەمدى ئۆزۈمنىڭ يولىنى تاپاي

دەۋاتىمەن.

— قانداق دەيسەن؟

— ھېلىقى مەمتىلىنىڭمۇ بار يېرىنى كۆردۈم، تولىمۇ پىخسىق، پىتىنىڭ ئۇچىيىگە ھېسىپ قۇيىدىغان نېمىكەن، قايسى كۈنى ئۇنىڭ بىلەنمۇ ئادا - جۇدا بولدۇق. ئەمدى...

— ھە ئەمدى؟ — تۇرسۇنگۈل ئۇنىڭ كۆزلىرىگە جىددىي تەرزدە تىكىلدى.

— ئەمدى... — ساجىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدى.

— مەندىن يوق بىرنەرسىنى سورىغاندا ئاق قۇشقاچتەك سايراپ كېتىۋاتاتتىڭ، ئەمدى ئۆزۈڭدىكى بار ئىشنى دېگەندە ئەجەب كېكەچلەيسەنغۇ؟

ساجىدە كۈلدى.

— بۇنى دېسەم، سەن زاڭلىق قىلامسىكىن.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسەن، — دېدى تۇرسۇنگۈل، — كۆڭۈلدە پىلان قىلىۋاتقان ئىشنى دېسەڭمۇ زاڭلىق قىلامتىم. ئارزۇدا ئەيىب يوق.

— ئەمىسە، — ساجىدە پوكانىدەك قىزىرىپ دېدى، — ساڭا دەپ بېرەي، مەن بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن يۈرەيمىكىن دەيمەن.

— كىم ئۇ؟

— ئۇ... جۇرئەت!

«جۇرئەت!» دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا تۇرسۇنگۈل داڭ قېتىپ قالدى، ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك بولۇپ، ئىختىيارسىز:

— جۇرئەت؟ — دەپ تەكرارلىۋەتتى.

— ھەئە، جۇرئەت! — دېدى ساجىدە. ئۇ ئۆز ھېسسىياتى بىلەن بولۇپ كېتىپ، تۇرسۇنگۈلنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى

سەزمەي قالدى، — يېقىنىنىڭياقى ئۇ يىگىت كۆزۈمگە بەكمۇ ئىسسىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزىمۇ كېلىشكەن، دەرستىمۇ ئەلاچى، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلارغا بېرىپ ئوقۇپ كەلگۈسىدە ئىستىقباللىق ئادەملەردىن بولۇپ قېلىشىدا گۇمان يوق...

ئۇنىڭ كېيىنكى گەپلىرى تۇرسۇنگۈلنىڭ قۇلىقىغا زادىلا كىرمىدى. ئۇ خۇددى ئايلاندۇرۇپ قويۇپ بەرگەندەك بىر خىل گاراڭ ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. توۋا، بۇمۇ جۇرئەتنى ياخشى كۆرسە ـ ھە؟ ئىككى بىر نەۋرە — ئىككى يېقىن ساۋاقداش — ئىككى دوست تەڭلا بىر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالسا؟ توۋا، ماۋۇ قىسمەتنى! گويا تەقدىر قەستەن ئويۇنغا سېلىۋاتقاندەكلا. ھەي... ئۇ بۇ سىرنى ئۇنىڭغا نېمىشقا ئېيتىدۇ زادى، بۇنى تۇرسۇنگۈلمۇ بىلمىسە، ئۇمۇ تۇرسۇنگۈلگە ئوخشاش ئىچىدە سىر قىلىپ ساقلىسا بولماسمىدى. يا بولمىسا، تۇرسۇنگۈل ئاۋۋال دەۋالغان بولسىچۇ، ئۇ چاغدا لېۋىنى چىشلەپ، دەردىنى ئىچىدە بىلىپ قالغان ئۆزى بولماي ساجىدە بولاتتىغۇ. ئۇ بايام ساجىدە سورىغان چاغدىلا نېمىشقا دەۋەتمىدى، جۇرئەتنىڭ ئالدىدا دېيەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دەۋەرسە بولاتتىغۇ. ئەمدى... ئەمدى ئاشقا چىۋىن چۈشتى. ئەمدى ئۇ ئاغزىنى ئاچالمايدۇ. ئەمدى كۆڭلىدىكى مۇھەببەت نوتىسى بىخ سۇرمەيلا تۇگەيدۇ. ئەمدى ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى ياخشى كۆرگەن ئادىمىگە سۆيگۈ گۈلدەستىسىنى سۇنالمايدۇ. چۈنكى، بۇ يەردە دوستلۇقنىڭ، تۇغقاندارچىلىقنىڭ، ساۋاقداشلىقنىڭ، سىرداشلىقنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس قوللىرى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرىدۇ.

ياق، ئۇ ھازىر بولسىمۇ دېسىچۇ، مەن ئۇنى ئۇزاقتىن بېرى ياخشى كۆرىمەن، مەن ساڭا ئوخشاش ئىككىمىنى ـ ئۇچنى ياخشى

كۆرۈپ باققان ئەمەس، مېنىڭ ئۆمرۈمدە بىردىنبىر ياخشى كۆرگىنىم مۇشۇلا دېسىچۇ. ياق، ئۇ دېيەلمەيدۇ. ئۇ ساجىدەدەك بۇنداق شەخسىيەتچى ئەمەس، بولاڭچىمۇ ئەمەس. «راست، — دەپ ئويىنى داۋاملاشتۇردى تۇرسۇنگۈل، — ساجىدە قەلبىمدىكى ئەڭ نازۇك، ئەڭ ئېسىل، ئەڭ قىممەتلىك تۇيغۇمغا چاڭ سالدى. خۇددى شۇم تەقدىر مېنى ئاتا - ئانامدىن مەھرۇم قالدۇرغاندەك، ئۇمۇ مېنى تۇنجى مۇھەببىتىمدىن مەھرۇم قالدۇرماقچى. تەقدىرنىڭ ئالدىدا — ئەجەلنىڭ ئالدىدا ئاجىزلىق قىلدىم، ئۆزۈمگە ئوخشاش بىر قىزنىڭ ئالدىدىمۇ ئاجىزلىق قىلىشىم كېرەكمۇ؟ ئۇ چاڭ سالىمەن دېسە، مەن نېمە ئۈچۈن ئۆزۈمنى قوغدىمايمەن؟ ئۇ تارتىۋالىمەن دېگەن نەرسىنى مەن نېمە ئۈچۈن تالاشمايمەن؟ لېكىن، — تۇرسۇنگۈل سەل ئىككىلىنىپ قالدى، — جۇرئەت تالىشىدىغان نەرسە ئەمەسقۇ، ئۇ بىر تىرىك ئىنسان، مەندىنمۇ، ساجىدەدىنمۇ ئەقىللىك، كۈچلۈك ئىنسان، بۇ بىز تالىشىش بىلەنلا پۈتىدىغان ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ رايىچۇ؟ ئۇ... — تۇيۇقسىز كەلگەن بىر گۇمان ئۇنىڭ كۆڭلىگە كۆلەڭگە تاشلىدى، — ئەگەر ئۇنىڭ رايى بولمىغان بولسا، ساجىدە يۈرەيمىكىن دەيمەن دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چىقىرالايتتىمۇ؟ مەن... ياق ! — جۇرئەتنىڭ زوقمەنلىك ۋە سۆيۈنۈش بىلەن قاراشلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا لەپپىدە كەلدى. ئۇ مەھلىيالىق كۆزلەر خۇددى نۇرلۇق قۇياشتەك بايامقى گۇمانىنىڭ قارا كۆلەڭگىلىرىنى بىراقلا سۈپۈرۈپ تاشلىدى، — ياق، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ساجىدە يوق !»

— ... شۇڭا، قانداق ئويلىسامۇ ماڭا شۇ جۇرئەت لايىق كەلگۈدەك، — باياتىن بېرى يەرگە قاراپ بىر خىلدا سۆزلەۋاتقان ساجىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرسۇنگۈلدىن سورىدى، — سەن قانداق قارايسەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆزىگە قويۇلغان سوئالنى ئاڭلاپ تۇرسۇنگۈل خىيالنى يىغىۋالدى.

— مەنما؟ — ئۇ ھودۇقۇپ سورىدى.

— ھە، — دېدى ساجىدە، — سەن كۆپ ئىشلاردا ئەقىللىق، ئادەمنىڭ ياخشى - يامىنىنىمۇ تونۇيسەن، سەن بىر مەسلىھەت بېرىپ باققىنا.

تۇرسۇنگۈل سەل ئويلىنىۋېلىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئۇچۇ؟ ئۇ بىلەمدۇ؟ — ئۇ گېپىنى دەپ بولۇپ ئۇنىڭ ئاغزىغا تاقەتسىزلىك بىلەن قارىدى.

— بىلمەيدۇ، — دېدى ساجىدە بېشىنى چايقاپ، — شۇڭا مەن بۇ ئىشنى ساڭا مەسلىھەت سېلىۋاتىمەن. سەن ئۇنىڭ بىلەن يېقىن، بىر ئېپىنى كەلتۈرۈپ، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا يۈرىتىپ قويساڭمىكىن. بىز قىز باللار ئاجىزكەنمىز. ئەقەللىيسى تەلەپ قويۇشمۇ بىزگە نېسىپ قىلىنمىغانىكەن. بۇنى ئۇنىڭغا ئېيتالمايدىغانلىقىم ئۆزۈڭگە ئايان. شۇڭا، مېنىڭمۇ يۈزۈمنى چۈشۈرمەي، خۇددى ئۆزۈڭنىڭ مەسلىھەتىڭدەك، ئۇنى بىر ئىلھاملاندۇرۇپ قويساڭ دەيمەن. مېنىڭ سەندىن ئىلتىماس قىلىدىغان ئىشىم شۇ.

مانا ئىلتىماس! ئۇ جۈرئەتنىڭ كۆڭلىنى ماڭا قاراتقىن دەپ ئىلتىماس قىلىۋاتىدۇ، ئۇ شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە سەن جۈرئەتتىن كەچسەڭ دەپ ئىلتىماس قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەمدىغاندۇ!؟ ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمىگە باشقا ئادەم سېنى ياخشى كۆرىدىكەن دەپ ئەلچىلىككە مېڭىش ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزى دەپسەندە قىلىش بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ. جۈرئەت ئۇنىڭ ئۇچۇن كۆز قارىچۇقىدىن ئەتىۋار، ئەجەبا ئۇ كۆز قارىچۇقىنىمۇ سورىغان كىشىگە بېرىۋېتىشى كېرەكمۇ! جۈرئەت ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىسسىق يۈرىكىدىنمۇ ئەزىز، ئەجەبا ئۇ

سوردى دەپ يۇرىكىنىمۇ بىرىئۇيتىشى كېرەكمۇ... «لېكىن، ــــ دەپ ئۆزىگە سوئال قويدى تۇرسۇنگۇل، ــــ ساجىدەدە نېمە گۇناھ؟ ئۇ كۆڭلۇمدىكىنى بىلمەيدۇغۇ؟ ئېسىللىك، گۈزەللىك كىمنى مەھلىيا قىلمايدۇ، كىمنى مايىل قىلمايدۇ !؟ دېمىسىمۇ، جۇرئەت ھەممە قىزلار ئامراق بولۇپ قالغۇدەك يىگىت، مەن ئۇنىڭغا شەيدا بولدۇم، ساجىدەمۇ...» ئويلاپ بۇ يەرگە كەلگەندە تۇرسۇنگۇل يەنە چىدىمىدى. مۇھەببەت چىرايلىق ئىكەن دەپ خالىغىنى ئۇستىگە ئارتىۋالسا، بىر ـ بىرىگە سايە قىلسا، ئۆتۈنسە بولىۋېرىدىغان تاۋار ـ دۇردۇن ئەمەسقۇ. مۇھەببەت كۆرگەنلا ئادەم ئۇزۇۋېلىپ قولىغا قىسىۋالسا ياكى بالىسىغا بەرگەندەك باشقا بىرىگە بېرىۋەتسە بولىۋېرىدىغان دالىنىڭ گۈلى ئەمەس. ئۇ شۇنداق گۈلكى، پەقەت كىشىنىڭ قەلب گۈلىستانىدىلا بىخلايدۇ، يىلتىز تارتىدۇ، ئاخىر ساداقەت، پاكلىق نۇرىدا بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىدۇ. ئۇ مۇقەددەس، ئۇنىڭغا تىل تەگكۈزۈشكىمۇ بولمايدۇ، قول سوزۇشقىمۇ بولمايدۇ، ھەتتا غەيرىي ئويدا بولۇشقىمۇ بولمايدۇ.

تۇرسۇنگۇل زىددىيەت ئىسكەنجىسىدە قالغانىدى. ھېسسىيات بىلەن ئەقىل ئۇنىڭ كاللىسىدا توختىماي ئېلىشماقتا ئىدى. ھېسسىيات پەللىسى بېسىپ كەتكەندە ئۇ خۇددى ئۆزىنى مۇئەللەق ئاسماندا ئۇچۇۋاتقاندەك سېزەتتى، تۆۋەنگە زادىلا باققۇسى كەلمەيتتى. پەقەت قۇياشقا ــــ سۆيگۈ قۇياشىغىلا ئىنتىلەتتى. ئەقىل پەللىسى يەڭدەپ كەتكەندە ئۇ ئۆزىنى بويۇك چوققىنىڭ ئۇستىدە سەزدى. ئۇ تۆۋەنگە ــــ رېئاللىققا نەزەر سالدى: ساجىدە ئوبدان قىز، سەمىمىي قىز. ئۇ سەمىمىي بولغىنى ئۇچۇن دېدى، ئۇنى سىرداش دوست كۆرگەنلىكى، ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلىكى، ئەقىدە قىلغانلىقى ئۇچۇن دېدى. ئەجەبا، ئۇنىڭ ئەقىدىسىنى يەردە قويۇش كېرەكمۇ، ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

دوستلۇققا قارا يۈزلۈك بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش كېرەكمۇ؟

ياشلىقنىڭ نەۋباھار مەزگىللىرىدە كۆپىنچە ياشلارغا ھايات نۇرلۇق، گۈزەل، يېقىملىق، پاك تەرىپى بىلەن كۆرۈنىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار تۇرمۇشقا تولىمۇ سەمىمىي، ھالال ۋە مەردانە مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار دوستلۇقنى ھەممىدىن ئەلا، ھەممىدىن مۇقەددەس دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن خىلى - خىلى نەرسىدىن كېچەلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن خىلى - خىلى نەرسىلەرنى ئاتىۋېتەلەيدۇ. گەرچە بەزى بەدەللىرى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت پۇشايمان قىلىدىغانلىقىنى سېزىپ تۇرسىمۇ، يەنە شۇنداق قىلىدۇ. بۇ يەردە ئۇلارنى مەجبۇر قىلىدىغان كۈچ — ۋىجدان. بۇ ھەرقانداق تەمەخورلۇقتىن، شەخسىيەتچىلىكتىن خالىي تۇيغۇ. شۇ تاپتا تۇرسۇنگۈلمۇ بۇ تۇيغۇغا تۇتقۇن بولغانىدى. ئۇ بۇ يەردە ساجىدە بىلەن بولغان تۇغقاندارچىلىقنى ئويلىغىنى يوق، ساجىدەنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاۋاتقانلىقىنىمۇ ئويلىغىنى يوق. ئۇ پەقەت دوستلۇقىنىلا ئويلىدى، دوستلۇقنى ھەقىقىي مەنىگە ئىگە قىلغان ۋىجدانىنىلا ئويلىدى.

— بولىدۇ، — دېدى ئۇ خىيالىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — مەن جۈرئەتكە دەي.

ساجىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە رازىمەنلىك بىلەن تىكىلدى. شۇ تاپتا تۇرسۇنگۈلنىڭ كۆزلىرى ۋىجدان ئازادىلىكىدىن قۇياش نۇرى چۈشكەن شەبنەمدەك يالتىراپ كەتكەنىدى.

# بەشىنچى باب

ئاھ مارجان! سەن گۈل بەرگىدە كۈلگەن شەبنەمگىلا ئوخشايسەن. كۈندۈزى زېمىنىنىڭ باغرىدىن قۇياشنىڭ ئوتلۇق تىنىقى بىلەن ساماغا چىقىپ كېتىپ، ئاپپاق ماموق بۇلۇتلار قوينىدا گۈزەللىكىنىڭ، ئەركىنلىكىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، تاڭ ئالدىدا گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ كۆزى ئورنىدا يالتىرىغان شەبنەم سېنىڭ كۆچۈرمە سۈرىتىڭ.

ئاھ، مارجان! سەن قايغۇلۇق كۆزدىن مۆللىدە سىرغىپ چىقىپ توختىغان ياش تامچىسىغا ئوخشايسەن. مانانلىق دېڭىزدىن ئوقچۇغان بۇزغۇن، بۇلۇتلۇق ئاسماندىن تامچىغان تامچە، يار كۆزىدىن تامغان قان سېنىڭ تىمسالىڭ.

...

تۈرسۈنگۈل يەردە چېچىلىپ ياتقان مارجانلارغا قارىدى. مارجان ئۈنىڭغا تۇرۇپ ئۈچقۇندىغان، تۇرۇپ سوغۇق يالتىرىغان كۆزلەردەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

ئۇ بۇ كۆزلەرگە قاراۋېرىشكە چىدىمىدى، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى، لېكىن ئۈنىڭغا ھېلىقى كۆزلەر تىكىلىپلا تۇراتتى. بۇ كۆزلەر ئۈنىڭ مېڭىسىگە كىرىۋالدى، ئۈنى سوغۇق نەزىرى بىلەن مۇزلاتتى، تىترەتتى. بۇ كۆزلەر ئۈنىڭ مېڭىسىگە چوڭقۇرلىدى، ئۈنى قىزىتتى، تەرلەتتى... ئۈنىڭ خىيال كۆزلىرى ئېچىلدى.

— جۈرئەت، — دېدى ئۇ، — مەن سىزدىن...

www.uyghurkitap.com

ئۇ جۇرئەتنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قالدى.

ئۇ نۇرغۇن ئويلىنىشلاردىن كېيىن بۈگۈن ئاخىر بۇ گەپنى تېشىش قارارىغا كەلگەنىدى.

ئۇلار بىر تۈپ ئۈجمە تۈۋىدە تۇراتتى. ئەتىياز كېچىكىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۈجمىنىڭ پىشىش ۋاقتىنى كەينىگە سۈرەلمىگەنىدى. جۇرئەتنىڭ قاراشلىرىدىن ئوڭايسىزلانغان تۇرسۇنگۈل پىشاي دەپ قالغان بىر تال ئۈجمىگە قولىنى ئۇزاراتتى، لېكىن ئۈزمىدى.

— خوش، نېمە گەپ؟ — جۇرئەت كۈلۈپ سورىدى.

— مەن... مەن سىزدىن بىر گەپ سورىماقچى، سىز...

— ھە، نېمانداق دۇدۇقلايسىز؟ سوراڭ، قېنى؟

— سىزچە... ساجىدە قانداق قىز؟ — تۇرسۇنگۈل گەپنى ئايلاندۇرۇپ ئەكەلمەكچى بولدى.

— ئوبدان قىز.

تومتاقلا بېرىلگەن بۇ جاۋاب تۇرسۇنگۈلنىڭ گەپ قىلىش يولىنى توسۇۋالا قويدى. ئۇ بۇ توسۇقتىن بىر ئامال-لاپ ئۆتمەكچى بولدى:

— راست، ئۇ ئوبدان قىز، ئۆزى شۇنداق ئوچۇق، مىجەزىمۇ ياخشى، چىرايىمۇ، خۇلقىمۇ چىرايلىق، — ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ماختاش — تەرىپىنى ياغدۇرۇۋەتتى، — بىر كۆرگەنلا ئادەم ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالىدۇ، سىزمۇ ئۇنىڭغا ئامراقمۇ؟ — ئۇ ئەمدى گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قويدۇم دەپ ھېسابلىدى.

— ئامراق. سىزچۇ؟

— مەنمۇ ئامراق.

— سىز ئامراق بولغانغا، ئەلۋەتتە، مەنمۇ ئامراق بولىمەن ـ دە.

بۇ گەپ تۇرسۇنگۈلنىڭ تىلىنى باغلاپ قويدى. ئەستا، بۇ نېمانداق ئۇستاتلىق قىلىدىغاندۇ، لېكىن بۇنى ئۇستاتلىق دېگىلىمۇ بولماس. ئۇ چوقۇم كۆڭلىدىكىنى دېدى. بىر خىل سۆيۈنۈش تۇيغۇسى تۇرسۇنگۈلنىڭ ۋۇجۇدىنى جۇغىدە قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. «لېكىن، مەن ساجىدەگە بەرگەن ۋەدەمنى ئورۇندىشىم كېرەككۇ، — دېدى ئۇ ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە، — مەيلى قانداقلا بولسۇن، چوقۇم دېيىشىم كېرەك».

— مېنىڭ ئامراقلىقىم بىلەن سىزنىڭ ئامراقلىقىڭىز ئوخشىمايدۇ - دە!؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — جۇرئەت هوشيارلاندى، — نېمىشقا ئوخشىمايدۇ؟

تۇرسۇنگۈل كۆزىنى يۇمۇپلا دېدى:

— بىر يىگىتنىڭ بىر قىزغا ئامراقلىقى بىلەن بىر قىزنىڭ بىر قىزغا بولغان ئامراقلىقىنى قانداق سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ !؟

— قىزىق، — دېدى جۇرئەت ئىستىهزالىق كۈلۈمسىرەپ، — سىز قىزلار بىلەن قىزلار ئوتتۇرىسدا دوستلۇقنىڭ، بۇ تۈپەيلى پەيدا بولغان ئامراقلىقنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىكەنسىز - يۇ، نېمىشقا قىزلار بىلەن يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلا دوستلۇقنىڭ، بۇ تۈپەيلى پەيدا بولغان ئامراقلىقنىڭمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايسىز؟

— ياق، مەن بۇنى دەۋاتقىنىم يوق، — تۇرسۇنگۈل ئەمدى مەسىلىنى توغرىدىن - توغرا قويمىسا، ئۇنىڭغا گەپ ئايلاندۇرۇپ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى هېس قىلدى، — مېنىڭ دەۋاتقىنىم... سىز ساجىدەگە يىگىتلەرچە ئامراقلىق قىلالامسىز؟ — مىڭبىر قىيىنىلىپ، خېلى سىلىق، خېلى جايىدا، دەل قويدۇم دەپ هېسابلىغان بۇ گەپنى دەپ بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرسۇنگۈلنىڭ يۈرىكى پوكۇلداپ كەتتى.
— يىگىتلەرچە؟ — جۇرئەت تۇرسۇنگۈلنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى، سەلدىن كېيىن پىكرىنى يىغدى بولغاي، جىددىي قىياپەت ئالدى، — يىگىتلەرچە دېدىڭىزمۇ؟... يىگىتلەرچە دەڭ؟ !... يىگىتلەرچە؟ !... بۇ گەپچە سىز... سىز ئەلچىلىككە كەلگەن ئوخشىمامسىز؟
بۇ تۇيۇقسىز سوراق تۇرسۇنگۈلنى مەڭدىتىپ قويدى. ئەسلىدە تۇرسۇنگۈل قىينىلىش ھەم ئازادىلىك بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن ھېسسىيات ئىچىدە بۇ گەپنى تەشكەنىدى. ئۇنىڭ قىينىلىشى ياخشى كۆرگەن ئادىمىگە قاراپ تۇرۇپ باشقا ئادەمنىڭ ئەلچىلىكىگە مېڭىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىدىن بولسا، ئازادىلىكى دوستىغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى چەتكە قايرىپ قويۇپ ھالال ئادا قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە گۇمانمۇ بار ئىدى، ئىشەنچىمۇ بار ئىدى. ئۇ بۇ ئىشنى ھەم ساۋاب، ھەم سىناق دەپ قىلىۋاتاتتى. كۆڭۈل دېگەن شۇنداق نېمىكەن، مەن ھاۋانى سومۇرمەيمەن دەپ ئاغزىڭنى ئېتىۋالساڭمۇ، يەنە بەربىر قوللىرىڭنىڭ ئاراچىلىرىدىن كىرىۋالىدىكەن، تېخى سەن مۇنداق ۋاقىتلاردا ھاۋانىڭ، ئەركىن نەپەس ئېلىشنىڭ قەدرىگە يېتىدىكەنسەن. شۇ تاپتا تۇرسۇنگۈل بىلەن كۆڭۈلنىڭ مۇناسىۋىتى بەئەينى ئادەم بىلەن ھاۋانىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ يەنىلا جۇرئەتنى سۆيەتتى. بۇ ئىشلار ئارقىلىق جۇرئەتنى سىنىماقچى بولاتتى، لېكىن، جۇرئەت ئۆزىنىڭ بولغان چاغدا... ئۇ بۇنى ئويلىسا نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى. بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن — ھەي، ئاشۇ ساجىدە ئېغىز ئېچىپ قويغانلىقى ئۈچۈن — قاپقاراڭغۇ ئىدى، ئۇزۇن ئۆڭكۈردەك قاراڭغۇ ئىدى، لېكىن ئۇ زۇلمەتلىك ئۆڭكۈرنىڭ ئايىغىدىن بىر يورۇقلۇق كۆرۈنۈپ

تۇراتتى. بۇ يورۇقلۇق ئىشەنچ، ئۈمىد ۋە ساداقەت بىلەن يۇغۇرۇلغان مۇھەببەت ئىدى. مانا مۇشۇ مۇھەببەتنىڭ كۈچى ئۇنى گويا قازى ئورنىغا كۆتۈرگەنىدى. ئۇ قانداقتۇر بىر ئەقىدىنىڭ نوپۇزى بىلەن جۈرئەت ۋە ساجىدەنىڭ ئىشلىرىنى سوراۋاتاتتى. لېكىن، ئىشەنچ بار يەردە تەشۋىشمۇ بولىدىكەن، خۇددى يورۇقلۇق بار ماكاندا كۆلەڭگىمۇ بولغانغا ئوخشاش. تۇرسۇنگۈل دەل مۇشۇ ئىشتىن تەشۋىش قىلغان، ئۇنىڭ ئەلچىلىككە كەلدىڭمۇ دەپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغان، ئاخىر ئۇنىڭ ئويلىغىنى بولدى، شۇ تاپتا جۈرئەت ئۆزىنىڭ ھەقلىق سورىقى بىلەن قازى ئورنىغا چىقتى، تۇرسۇنگۈل بولسا جاۋابكار ئورنىغا چۈشتى.

— شۇنداقمۇ؟ ئەلچىلىككە كەلدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ — جۈرئەت سۆزلىگەنسېرى ئاچچىقىنى باسالماي قالدى، — باياتىن بېرى ساجىدەنى نېمىشقا ماختاپ كەتتىكىن دېسەم، مۇنداق ۋەزىپىڭىز بار ئىكەن-دە. توۋا، پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن، سىزنى بۇ رولغا چىقار دەپ ھەرگىز ئويلىماپتىكەنمەن، — ئۇ يەردىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالغان تۇرسۇنگۈلگە قاراپ زەردە بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — خەير، ئەلچىلىككە كەلگەن بولسىڭىز، جاۋابسىز قايتماڭ، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق. ئاڭلاپ تۇرۇڭ، تۇرسۇنگۈل، مەن ئۇ ئوماق قىزغا، سىز دېگەن ئۇ ھەممە نېمىسى چىرايلىق قىزغا يىگىتلەرچە ئامراقلىق قىلالمايمەن. يىگىتنىڭمۇ ئۆزىگە توشلۇق كۆڭلى بولىدۇ، ئۇنىڭ يۈرىكى پەقەت ئۆزى سۆيگەن قىزغىلا تالىق. چۈشەندىڭىزمۇ؟

— ئەمىسە، سىزنىڭ يۈرىكىڭىز... — تۇرسۇنگۈل بېشىنى كۆتۈردى. جۈرئەت ئۇنىڭغا قېيىداشمۇ، غەمكىنلىكمۇ، ئىزتىراپمۇ ئارىلاشقان بىر خىل نەزەردە تىكىلىپ تۇراتتى. تۇرسۇنگۈل ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ تەقىب قىلىشىغا چىدىيالماي،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يەنە بېشىنى تۆۋەن سىلىۋالدى ۋە ئىختىيارسىز هالدا، — يۈرىكىڭىز كىمگە تالىق؟ — دەپ سوراپ سالدى.

جۈرئەت ئاغزىنى ئۆمەللەپ توختاپ قالدى. يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا قىيام بولۇپ ئۈيىغان ئەڭ شېرىن، جەۋھەرلىك تۇيغۇنى دەل شۇ تۇيغۇنى پەيدا قىلغان ئىگىسىنىڭ ئالدىدا توغرىدىن - توغرا دېيىش قىزلار ئۈچۈنلا ئەمەس، يىگىتلەر ئۈچۈنمۇ قىيىن. بۇ نومۇسلۇق ئادەم ئۈچۈن روھىي جەھەتتىن يۈزىنى ئېچىش بىلەن باراۋەر. جۈرئەت ئۆز سۆيگۈسىنى تۇرسۇنگۈلگە ئىزهارلاشنى ئۇزاقتىن بېرى ئويلاپ يۈرگەن، لېكىن ئىش مۇنداق بولار دەپ هەرگىز ئويلىمىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى قىلىنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندەك هېس قىلدى. يۈرەكنىڭ رىشتىسى بەكمۇ ئىنچىكە، بەكمۇ نازۇك بولىدىكەن، ئۇنىڭ رىشتىسى تۇرسۇنگۈلگە باغلانغان، هالبۇكى بۇ رىشتىنى ساجىدە ئۈزمەكچى، ئۇنى ئۈزۈپ ئۆزىنىڭكىگە باغلىۋالماقچى. تۇرسۇنگۈلچۇ، ئۇ ساجىدەگە ئۈزۈشۈپ بەرمەكچى، ئۆزىگە باغلانغان رىشتىنى ئۇنىڭكىگە ئۇلاپ قويماقچى. ياق، جۈرئەت بۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ. «ساجىدەغۇ مەيلى، كۆڭلى ئىكەن، لېكىن تۇرسۇنگۈلگە نېمە بولغان؟ تۇرسۇنگۈل مېنىڭ هەرىكەتلىرىمدىن، سۆزلىرىمدىن، هېچ بولمىغاندا كۆزلىرىمدىن بولسىمۇ سەزمىگەن بولغىيمىدى. ياق، ئۇ سەزگەن، ئۇ بىلىدۇ. ئۇ چوقۇم مېنى سىنىماقچى. لېكىن، سىنىسىمۇ مۇنداق بولامدۇ، خەقنىڭ ئەلچىلىكىگە مېڭىپمۇ سىنامدۇ؟! ئەجەبا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە...» بىر مۇدھىش ئېھتىماللىق ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئامبۇردا قىسقاندەك سىرقىرىتىۋەتتى. ئۇ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى. بۇ چاغدا خېلى قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. تولۇن ئاينىڭ يۈزىنى ئاق بۇلۇتلار

گاز ياغلىقتەك توسۇۋالغانىدى. ئۇ تۇرسۇنگۈلگە قارىدى، تۇرسۇنگۈل ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن لەپپىدە بىر قارىۋېلىپ، دەرھال بېشىنى سىلىۋالدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى خۇددى ئاق بۇلۇتلار ئارىسىدىن چېھرىنى يالىلىدە كۆرسەتكەن تولۇن ئايغىلا ئوخشايتتى. «نېمىلا بولسا بولسۇن، — دەپ ئويلىدى جۇرئەت، — ئارماندا قالماي. كۆڭلۈمدىكىسى ئايان بولۇپ كەتسۇن».

— مەن... مېنىڭ... مېنىڭ يۈرىكىم... تۇرسۇنگۈل، مەن راست گېپىمنى دەي، مەن... سىزنى ياخشى كۆرىمەن.

ناھايەت، ئۇنىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەت دولقۇنلىرى ئىككىلىنىش ۋە خىجىللىق توسمىلىرىنى بىراقلا بۇزۇپ ئېتىلىپ چىقتى. تۇرسۇنگۈل بولسا شىددەتلىك دولقۇن كۆمۈپ تاشلىغان قولۋاقتەك تۇگۈلۈپ قالدى، يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى يەتمىگەندەك يۈزىنى قولى بىلەن ئېتىۋالدى.

— ئۇزاقتىن بۇيان، — دېدى جۇرئەت بىرپەس جىمجىتلىقتىن كېيىن، — بۇ گەپنى سىزگە ئېيتاي دەپ يۈرگەن. لېكىن، نېمە دېسەم بولار... دېمەك تەسكەن. ئەمدى دېمىسەم بولمىدى. مەن يەنە تۇرسام، بۇ سىرىم يۈرىكىمدىلا كۆمۈلۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، مەن مەڭگۇ بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن. تۇرسۇنگۈل، مەن ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا يۈرىكىمنى ئاشكارىلاۋاتىمەن. مېنىڭ ئۆتۈنىدىغىنىم سىز بايامقى گەپنى ئەمدى ماڭا دېمەڭ. سىزمۇ راستىنى ئېيتىڭ، سىز... سىز ماڭا كۆڭۈل بېرەلەرسىزمۇ؟

قىز يەردىن بېشىنى كۆتۈرمىدى، قوللىرىنىمۇ يۈزىدىن ئالمىدى. جۇرئەت ئۇنىڭ تېنىنىڭ تىترەپ - سىلكىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى. دېمەك ئۇ يىغلىغانىدى.

— تۇرسۇنگۇل، نېمە بولدىڭىز؟ سىز...

قىز ئۆكسۈپ كەتتى.

— ... مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتىدىغان گەپ قىلىپ قويدۇممۇ يا؟

تۇرسۇنگۇل بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە بېشىنى چايقىدى.

— ئەمىسە...

تۇرسۇنگۇل يىغلاۋەردى. بۇ تۇنجى مۇھەببەتتىن لەرزىگە كەلگەن قىز يۈرىكىنىڭ شادلىق كۆز يېشى ئىدى. تۇنجى باھار چاقمىقى يالىلدە چاقناندا ساما ئۆزىنىڭ شادلىق كۆز يېشىنى تۆكىدۇ، قىز يۈرىكىمۇ شۇ گۈزەل ساماغا ئوخشاش، سۆيگۈ چاقمىقى ئۇنىڭ يۈرىكىدە تۇنجى چېقىلغان چاغدا، ئۇ مەھبۇبىگە بەخت كۆز ياشلىرىدىن ئۈنچە تۆكىدۇ، بۇ ھەرقانداق سۆزدىنمۇ، ھەرقانداق ھەرىكەتتىنمۇ قۇدرەتكە ئىگە.

جۈرئەت تۇرسۇنگۇلنىڭ قوللىرىنى ئاستا تارتتى. دەسلەپتە يىگىتنىڭ مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن قوللار تۇرۇپ كەينىگە تارتىشقاندەك قىلدى. بۇ بىلىنەر ـ بىلىنمەس قارشىلىقنى، قىزنىڭ روھىي دۇنياسىدا دەسلەپ كۆڭۈل رايىغا بارغان، كېيىن ئەقىل تىزگىنىدە بوشلا تارتىلغان بۇ ئىنكاسنى پۈتۈنلەي روھ دۇنياسىغا بەند بولۇپ قالغان نومۇسلۇق يىگىتلا چۈشىنەلەيتتى. جۈرئەت ئۇنىڭ قوللىرىنى قويۇۋەتتى. قىز قوللىرىنى چۈشۈردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ياش يۇقى ئاينىڭ يورۇقىدا ئۈنچىدەك يالتىراپ كەتتى.

— تۇرسۇنگۇل، جاۋاب بېرىڭ، بايام ھېلىقى گەپلەر بولمىغان بولسا، مەن سىزنى بۇنچىلىك قىستاپ تۇرۇۋالمىغان بولاتتىم. ئەمدى جاۋابىڭىزنى ئاڭلىمىغۇچە، كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ. ئوقۇشۇممۇ ئوقۇش بولمايدۇ، قىينالسام بىراقلا قىينىلاي، يا سىز مېنى بۇ قىينىلىشتىن ئازاد قىلىڭ.

تۇرسۇنگۇل بىر پەس جىممىدە بولۇپ كەتتى، ئاندىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ كۆز ياشلىرىنى ئېرتىۋەتتى.

— ساجىدەچۇ؟ — دېدى ئۇ ئاخىر يەرگە قاراپ تۇرۇپ.

— ئۇ گەپ تۈگىدىغۇ!

— لېكىن، مەن ئۇچۇن تۈگىمىدى. مەن قانداقمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆزدە تۇتماي تۇرالايمەن. مەن ئۇنىڭغا ۋەدە بەرگەن.

— تۇرسۇنگۇل، سىز ئۆزىمىزنىڭ گېپىنى قىلمىڭ، بايامقى گېپىمگە جاۋاب بېرىڭا؟

تۇرسۇنگۇل جىممىدە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. نېمە دېگۈلۈك؟ ئۇياققا قارىسا دوستى، بۇياققا قارىسا...

— جۇرئەت، — دېدى ئۇ، — ئەگەر سىز مېنىڭ ئورنۇمدا بولغان بولسىڭىز، نېمە دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىڭىز؟

— مەنما؟... مەن... ئەلۋەتتە، كۆڭلۈمدىكىنى دېگەن بولاتتىم.

— دېمەك مەنمۇ كۆڭلۈمدىكىنى دېيىشىم كېرەك، شۇنداقمۇ؟

جۇرئەت ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قارىغىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى.

— سىز دوستلۇقنىڭ مۇقەددەس ئىكەنلىكىگە ئىشىنەمسىز!؟ دوستلۇق ئۇچۇن ھەرقانداق نەرسىدىن كەچكىلى بولىدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنەمسىز!؟ — قىز ئۇجمىنىڭ غولىغا قارىغىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن ئىشىنىمەن، ئەسلىي سۇسلۇق قىلمىسام بوپتىكەن، خەير، ئىش ئۆتتى. دوستۇمنىڭ ئاغزىدىن چىقتى. ئۇ ماڭا يۈرىكىنى تاپشۇردى، مەن ئۇنىڭغا خىيانەت قىلالمايمەن. گەرچە بۇ مەن ئۇچۇن ئازابلىق بولسىمۇ، گەرچە مەن ئەڭ ئېسىل تۇيغۇمنى يۈرىكىمدىلا دەپنە قىلىۋېتىۋاتقان بولساممۇ، مەن يەنىلا ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سادىقلىق قىلىمەن، سىز كۆڭلۈمدىكىنى دە دېدىڭىز، مانا مەن دېدىم.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ جۈرئەتكە قارىدى. يىگىت ئۈنىڭغا خىيالچان تىكىلىپ تۇراتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ روھىنى ئاجايىپ بىر ھەيرانلىق ۋە سۆيۈنۈش تەڭلا چۇلغىۋالغانىدى. «ئەسلي مەن سۇسلۇق قىلمىسام بوپتىكەن... گەرچە بۇ مەن ئۈچۈن ئازابلىق بولسىمۇ، گەرچە مەن ئەڭ ئېسىل تۇيغۇمنى يۈرىكىمدىلا دەپنە قىلىۋېتىۋاتقان بولسامۇ...» بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئىللىق قىلىۋەتكەنىدى. «مانا، ئۇنىڭ مەردانىلىكىنى قارىمامدىغان، — ئويلىدى جۈرئەت، — ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتنى — بايام دېدىغۇ، قىز بالا ياخشى كۆرىمەننى ھەرقانچە دېسىمۇ شۇنچىلىك دەر — دوستىغا، پەقەت ئۇ ئالدىدا دەپ سالغانلىقى ئۈچۈن ئۆتۈنۈپ بېرىش — بۇ ئۇنداق - مۇنداق قىزلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، خېلى - خېلى يىگىتلەرنىڭ قولىدىنمۇ كەلمەيدۇ. دوستلۇقنى قەدىرلەش كېرەك، لېكىن مۇھەببەتنىچۇ؟»

— مۇھەببەتنىچۇ؟ — خىيالىدىكى گەپ ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتتى.

«دوستلۇق، مۇھەببەت» توغرىسىدىكى زىددىيەتلىك خىيال نەچچە كۈنلەردىن بېرى تۇرسۇنگۈلنى ئاز قىيىنىغان دەمسىز. شۇ تاپتىمۇ ئۇ زىددىيەتلىك پىكىرلەرنىڭ ئازابلىنىشىدىن قۇتۇلالىغان ئەمەس. ئۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ يىگىتنىڭ خىيالىدىن چاچراپ چىققان بىر سۆزدىنلا ھەممە گەپنى تولۇق چۈشىنىۋالالىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

— مەن مۇھەببەتنى دوستلۇق ئالدىدا قۇربان قىلماقچى.

— نېمە؟ — يىگىت خىيالىدىن ئۆزىگە كەلدى، — نېمە دېدىڭىز؟ مۇھەببەتنى دوستلۇق ئالدىدا قۇربان قىلماقچى؟

— شۇنداق، مەن دوستلۇقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىمەن.

— ياق، تۇرسۇنگۇل، مۇھەببەت ئەلا، مۇھەببەت ھەممىدىن ئەلا، ئەگەر، — يىگىت سەل ئويلىنىۋېلىپ غەمكىن ھالدا قوشۇپ قويدى، — ئۇ ھەقىقىي، چىن مۇھەببەت بولسىلا.

— مۇھەببەت، ھەقىقىي - چىن مۇھەببەت شەخسىيەتچىل بولمايدۇ. جۇرئەت، مەن شەخسىيەتچى مۇھەببەت بىلەن، دوستۇمغا خىيانەت قىلىش بەدىلىگە ئېرىشكەن مۇھەببەت بىلەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلالمايمەن.

— نېمە؟ سىز مۇھەببەتنى شەخسىيەتچىل بولمايدۇ دەمسىز؟

جۇرئەت ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سوراق نەزىرى بىلەن تىكىلدى. قىز ئۇنىڭ قاراشلىرىغا چىدىيالماي كۆزىنى ئەپقاچتى. ئارىدا بىرپەس سۈكۈت ھۆكۈم سۈردى.

مۇھەببەت دېگەن ئاجايىپ تۇيغۇ. ئۇ تىلىنىش باسقۇچىدا تۇرغاندا كىشىنى تىلەمچىدەك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويسا، ئېرىشىش مىنۇتلىرىدا ئادەمنى ھەقدارلىق پەللىسىگىمۇ كۆتۈرۈۋېتەلەيدۇ. مۇنداق چاغلاردا ئادەم شۇنداق گەپلەرنىمۇ دەۋېتەلىشى مۇمكىنكى، ئاڭلىغان كىشى ئۇنى ھەيرانلىق بىلەن پەيلاسوپمىكىن دەپمۇ قالىدۇ. شۇ گەپلەرنى ئاجايىپ قۇدرەت بىلەن ئېيتىپ تاشلىغان «پەيلاسوپ ئاشىق» شۇ گەپلەرنى ئۆزىنىڭ ئېيتالىغانلىقىغا كېيىنكى كۈنلەردە ھەتتا ئۆزىمۇ ئىشەنمەي قېلىشى مۇمكىن.

جۇرئەت ئۆزى قويغان سوئالغا ئۆزى جاۋب بەردى:

— ياق، مۇھەببەت نېمىشقا شەخسىيەتچىل بولمايدىكەن! ئىككى يۈرەكتىن تەڭلا بىخ سۈرۈپ چىققان، ئىككى ئىنساننى كۆزگە كۆرۈنمەس رىشتىسى بىلەن مەھكەم باغلىغان، ئۈچىنچى بىر كىشىگە ئۆز دىيارىدىن ئازراقمۇ ئورۇن بەرمەيدىغان،

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇق ئېيتقاندا، قىلچىمۇ كاۋاك بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان مۇھەببەت نېمە ئۈچۈن شەخسىيەتچىل بولمايدۇ!؟ سىز مېنىڭ، مەن سىزنىڭ — مانا بىزنىڭ شەخسىيەتچىلىكىمىز. مانا، مۇھەببەتنىڭ شەخسىيەتچىلىكى! تۇرسۇنگۈل، — يىگىت ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — دوستلۇق مۇھىم، مەنمۇ دوستلۇقنى قەدىرلەيمەن. لېكىن، مۇھەببەتنى دوستلۇق بىلەن مەڭگۈ چۆكۈرۈۋەتكىلى بولمايدۇ. سىز دوستىڭىزغا خىيانەت قىلىۋاتقىنىڭىز يوق. چۈنكى، ئۇ مەن بىلەن يۈرگەن ئەمەسقۇ، خوش، ئۇ مېنى ياخشى كۆرسۇنمۇ دەيلى، لېكىن مەنچۇ؟! مەندە ئۇنداق ئىش بولمىسا، ئارىدا مۇھەببەت بولغان بولامدۇ، سىز ئۇنىڭغا ئەمەس، بەلكى سىزگە، بىر سىزگىلا مەنسۇپ بولغان مۇھەببەتتىن بەھرىمەن بولسىڭىز، بۇنىڭ نېمىسى خىيانەت بولسۇن، دۇنيادا ئۆزىنىڭ نەرسىسىگە ئۆزى خىيانەت قىلىدىغان ئىشمۇ بولامدۇ!؟

قىزنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى، چۈنكى جۈرئەت ھەقلىق ئىدى، لېكىن قىز يەنە خىيال ئىسكەنجىسىدە قالدى. جۈرئەت ئۇنىڭغا يەنە نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلدى، چۈشەندۈردى، ئاخىر ساجىدە بىلەن بولغان ئوتتۇرىدىكى ئوڭايسىزلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن، ھازىرچە ئۆزلىرىنىڭ ئىشىنى سىر تۇتۇش توغرۇلۇق ئەقىل كۆرسەتتى. قىز بۇ سۆزلەرگە يا ياق، يا ماقۇل دېمىدى. جۈرئەت ئۇنىڭ ئېتىراز بىلدۈرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاخىر ئۇنىڭ سۈكۈتىنى رىزالىق ھېسابلىدى. دېمىسىمۇ قىزنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇنىڭغا تەن بەرگەنلىكى بايقىلىپ تۇراتتى. جۈرئەت قانداقتۇر بىر مەمنۇنىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئۈجمىگە كۆز يۈگۈرتتى ۋە ئوبدان پىشقان ئۈجمىدىن ئىككى تال ئۈزۈپ بىرىنى قىزنىڭ، يەنە بىرىنى ئۆزىنىڭ ئاغزىغا سالدى. بۇ ئۈجمە ئۇلارغا ھەرقانداق يىلدىكىدىنمۇ شېرىن ۋە لەززەتلىك

بىلىندى.

كۆڭۈلدىكى يوشۇرۇن سۆيگۈ ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، يۇرۇش ـ تۇرۇش يوشۇرۇنلۇقتا ئۆتمىدىكەن. بۇ بەلكىم مۇھەببەتنىڭ نازۇكلۇقى، ھايالىقلىقى تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك. شۇنداق قىلىپ ئۇلار كېيىنكى كۈنلەردە پات ـ پات ئۇچرىشىپ تۇردى. لېكىن، بۇ ئۇچرىشىش بۇرۇنقىدەك ئاشكارا ئەمەس، بەلكى يوشۇرۇن بولاتتى.

چۈنكى، بۇ يەردە ئەھلىمەھەللىنىڭ كۆزى، بولۇپمۇ قىلچە ئازار بەرگىلى بولمايدىغان ساجىدەنىڭ كۆڭلى بار ـ دە!

تۇرسۇنگۈل جۇرئەتنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ساجىدەگە كېسىپ جاۋاب بەرمىدى ۋە ئۇنىڭغا يىگىتكە ئاستا ـ ئاستا تەسىر ئۆتكۈزۈش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ، روھىنى كۆتۈردى. ساجىدە جۇرئەتنىڭ ئەتراپىدا تېخىمۇ پەرۋانە بولۇپ يۈردى. جۇرئەتمۇ ئۇنىڭغا چاندۇرماي يېقىنچىلىق قىلىپ يۈرىۋەردى، لېكىن، بۇ يېقىنچىلىق پەقەت دوستلۇق بىلەنلا چەكلەنگەندى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن چىمەنزار بۇلاقنىڭ بېشىدىكى مەجنۇنتالنىڭ تۈۋىدە جۇرئەت بىلەن تۇرسۇنگۈل ئىككىسى ئۇچراشتى. تاتلىق گەپلەر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان شېرىن لەۋلەرنىڭ تۇنجى ئۇچرىشىشى، يەنى يىگىت بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان تۇنجى سۆيۈشۈش مانا مۇشۇ چاغدا بولدى، بۇ ئىش بولغاندىمۇ ناھايىتى تۇيۇقسىز بولدى، قىزنىڭ ئايدىڭ كېچىدىكى ئايدەك لاتاپىتى ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان يىگىت ئىسمىغا مۇناسىپ جۇرئىتى بىلەن ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلدى، قىز خۇددى ئوقتىن ئۈركۈگەن كېيىكتەك ئۆزىنى كەينىگە شاققىدە تارتتى، لەۋ لەۋگە تەگمەي تۇرۇپ قىزنىڭ مارجىنى ئۈزۈلدى، يىگىت تەردى، يىپقا ئۆتكۈزمەكچى بولدى، لېكىن قاملاشتۇرالمىدى، قىز ئۇنىڭ يىغىننى قولىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سانجىۋالغىلى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال قولىغا ئېسىلدى، قوللار كىرىشتى، كۆزلەردە سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى. يىگىت قىزنى ئالدىغا تارتتى، قىز ئۇنىڭغا ئۆز ئىختىيارىنى تاشلىدى. لەۋلەر — تەبىئەتنىڭ ئەركە شامالLIرىدىن باشقا ھېچنىمە، ھېچقانداق يات جىنس سۆيۈپ باقمىغان يۇمران لەۋلەر بىر - بىرىگە مەھكەم چاپلاشتى...

توۋا، بەزى ئىشلار ئاجايىپ بولىدىكەن. بۇلتۇر مۇشۇ كۈنلەردە، يەنى تۇرسۇنگۈل يېنىك ئاتلىتىكا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشتىن بىر يىل ئاۋۋال، ئۇلار چىمەنزاردا يەنە ئادەتتىكىدەك ئۇچراشتى، يەنە ئادەتتىكىدەك پاراڭلار بولدى، لېكىن بىر ئىش تۇرسۇنگۈلگە ئادەتتىكىدەك تۇيۇلمىدى. جۈرئەت يەنە ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيدى، لېكىن بۇ سۆيۈش قىزغا بۇرۇنقىدەك لەززەتلىك تۇيۇلمىدىلا ئەمەس، بەلكى بۇ سۆيۈشتىن بىر خىل سوغۇقلۇق ھېس قىلدى، تېنى تىكەنلەشكەندەك بولدى - دە، ئۆزىنى تۇيۇقسىز قاچۇردى، سۆيگۈ لەززىتىگە قانمىغان يىگىت ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلدى، قىزنىڭ ئۆزىنى كۈچلۈك تارتىشى بىلەن مارجان يەنە ئۈزۈلدى. يىگىت قىزغا قاراپ ھەيرانلىق بىلەن تۇرۇپ قالدى، قىزنىڭ خىيالچان كۆزلىرى ئۈزۈلگەن مارجانلارغا قاراپ قېتىپ قالغانىدى. بۇ مارجانلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بەكمۇ سوغۇق، بەكمۇ سوغۇق يالتىرايتتى. قىز ئۆزىدىكى بۇ تۇيغۇغا ھەيران ئىدى، ئۇنىڭدىكى ھەيرانلىق يىگىتنىڭ شۇ تاپتىكى ھەيرانلىقىدىن نەچچە يۈز ھەسسە، نەچچە يۈز مىڭ ھەسسە كۈچلۈك ئىدى. ئۆزىدىكى بۇ روھىي ئاينىشنىڭ جىنسىي ئۆزگىرىش تۈپەيلى بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇ چاغدا ئۇ نەدىنمۇ بىلسۇن !؟ بىچارە يىگىتنىڭ بۇنى ئۇ چاغدا تەسەۋۋۇر قىلالىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەسقۇ !

# ئالتىنچى باب

«شۇ چاغدا تېنىمنىڭ تىكەنلەشكەنلىكى بىكار ئىش ئەمەسكەن». تۇرسۇنگۈل يەردىكى ئۈزۈلۈپ ياتقان مارجانلاردىن كۆزىنى يۆتكىدى ۋە ئالدىدىكى يېشىل تاۋار پارچىسىنى ھالقا بىلەن قوشۇپ چىڭ سىقىمدىدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ يەرگە يېنىپ كەلگىنىمۇ ئىككى كۈن بولدى، بۇ چاغقىچە مەھەللە - كويدىكىلەرمۇ بەزى گەپلەرنى ئاڭلىغاندۇ، جۇرئەت بىلەن ساجىدە كىرگەندىغۇ ئۇلاردىن ھېچنېمە سېزىلمىدى، لېكىن ئۇلار ھامان ئاڭلىماي قالمايدۇ. ئەمدى جۇرئەتنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ قىز بولۇپ ئۆتەلىشى مۇمكىنمۇ، ئۇنى كىچىكىدىن بىلگەن مەھەللە - كوي ئالدىدا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان دوستلىرى ئالدىدا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرى ئالدىدا ئۇ قانداقمۇ يىگىت قىياپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقالايدۇ، قىزلارنىڭ ئارىسىغا كىرسە، قىزلار ئۆزىنى تارتار، يىگىتلەرنىڭ ئارىسىغا كىرسە، ئۇ مازاقتا قالماسمۇ. ئۇ ئەمدى نەدە، كىمنىڭ قاتارىدا، كىمنىڭ ئارىسىدا تۇرۇشى كېرەك؟ ئۇ ئەمدى كىمچە، قانداق، زادى قانداق ياشىشى كېرەك؟ ئاھ، خۇدا، تەتۈر قىسمەتنى، شۇم تەقدىرنى مۇشۇ بىچارىگىلا پۈتۈۋەتكەن بولغىيمىدىڭ. ئۇنىڭغا ئاتا يۈزىنىمۇ ئەسلىيەلىگۈدەك كۆرسەتمىگەنىكەنسەن، ئانىسىنىمۇ ئۇ رەسىدە بولماي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئايرىدىڭ، قىزلىق ھاياتىنىمۇ ئۇ ئەمدى پورەكلەپ ئېچىلاي دېگەندە

بىراقلا تۈگەتتىڭ، تۈگەتكەندىمۇ ئەسلى ـ ۋەسلى بىلەن تۈگەتتىڭ، ھازىر پەقەت ئۈنىڭ جىسمىلا قالدى، لېكىن بۇ جىسىم مېغىزى ئىچىدە قۇرۇپ تۈگەپ كەتكەن شاكال ياڭاقلا، ئىچ ـ باغرى تارتىۋېتىلىپ قاتۇرۇپ قويغان قانداقتۇر جانسىز ئادەم ياكى جانلىق ھەيكەلگىلا ئوخشاپ قالدى. توۋا، سەن پۈتكۈل جانلىقلارغا بىرلا جىنس نېسىپ ئېتىپتىكەنسەن، ئەجەب بۇنىڭغا كەلگەندە...؟! ئۈنىڭغا ئوغۇللۇقنى ئاتا قىلغۇڭ كەلگەن بولسا، نېمىشقا تۇغۇلغاندىلا ئاتا قىلمىغان بولغىيدىڭ، ئۇ چاغدا ئۇ، كىمسەن دېسە ئوغۇلمەن، يەنە كىمسەن دېسە يىگىتمەن، يەنە كىمسەن دېسە ئەرمەن دەپ مەيدىسىنى كېرىپ يۈرگەن بولمايتتىمۇ؟! قىز قىلىپ يارىتىپسەن، ئۇ ھەقىقىي قىز بولۇپ، چوكان بولۇپ، ئانا بولۇپ، بۇ دۇنيادىكى راھىتىنى كۆرۈپ، مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ، دەرگاھىڭغا كەتكۈچە شەپقەت ـ شاپائىتىڭدىن مەھرۇم قىلمىساڭ بولماسمىدى؟! ئاھ، ياش غۇنچىغا ۋاپا قىلماي تەتۈر قارىغان ئالەم! سېنى ئاۋات قىلغان، سېنى قايناق ھايات بىلەن ھەقىقىي مەنىگە ئىگە قىلغان ئادەملەر ئارىسىنى سەن ئۈنىڭغا ھارام قىلدىڭ. ئۇ ئەمدى سېنىڭ زېمىنىنى بەزىدە مېھرى بىلەن گۈلىستان ئەيلىسە، بەزىدە قەھرى بىلەن توپانىستان قىلىۋېتىدىغان چەكسىزلىك دېڭىزىڭنى ماكان ئەيلىسۇن.

قىز چۈشكۈنلۈك ئىلكىدە ئۆزىنىڭ قانداقلارچە ئۆيدىن چىقىپ، دەريا بويىغا بېرىپ قالغانلىقىنى سەزمىدى. ئۇ دەرياغا قارىدى، تولغىنىپ ئېقىۋاتقان سۇلار قاراڭغۇدا ئۈنىڭغا خۇددى قانداقتۇر بىر ئۇلجىغا شىددەت بىلەن سويلاپ كېتىۋاتقان يىلاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى: ئەنە، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان دولقۇنلار ئۈنىڭ بېشى، ئەنە، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ چېچىلىۋاتقان

بۇزغۇنلار ئۇنىڭ نەشتىرى — ئۇنىڭ پۇركۇۋاتقان زەھىرى! ئۇ دەھشەتلىك بىر قورقۇنچ ئىچىدە قوللىرى بىلەن كۆزىنى ئېتىۋالدى. بوران كۆتۈرۈلدى، دەريا شاۋقۇنى ئەۋجگە چىقتى، ئۇنىڭغا گويا ئاسمان گۈمۈرۈلۈۋاتقاندەك، يەر چاك - چېكىدىن يېرىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى، ئۇ قۇلىقىنىمۇ ئېتىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇ دەريا ساھىلىدا يالغۇز تۇرغان قىياپىتى بىلەن خۇددى دېڭىزدا دولقۇنلار ئارىسىدا قالغان كېمىنىڭ موما ياغىچىدەكلا كۆرۈنەتتى.

ئۇنىڭغا يۇلتۇزلار خۇددى ئىچ ئاغرىتقاندەك كۆزلىرىنى چىمىرلىتىپ قاراشتى. چاتقاللار بوراندا خۇددى ئۇنىڭ پۇتىغا يېپىشىۋالغۇسى كەلگەندەك ئېگىلەتتى، ئۆزىنى يەرگە ئۇراتتى.

ئۇ سۇغا قارىدى، ئۇشتۇمتۇتلا ئۇنىڭغا ئانىسى سۇ ئىچىدىن چىقىۋاتقاندەك زاھىر بولدى. قۇلاق تۈۋىدە ئۇنىڭ: «بالام، سەن مېنىڭ بۇ دۇنياغا سالغان بىردىنبىر كۆچىتىم» دېگەن سۆزلىرى جاراڭلاپ كەتتى. ئەنە، ئانا سۇ ئىچىدىن ئۆرە لەيلەپ كېلىۋاتىدۇ، قوللىرى ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچقاندەك ئەمەس، بەلكى مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋاتقاندەك. ئۇ شۇ تاپتا بالىسىنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىدىن رازى ئەمەس، ئۇ پۈتۈن بىر جەمەتنىڭ بۇ دۇنيادىن ئۈزۈل - كېسىل يوقىلىپ كېتىشىنى خالىمايدۇ، بۇ گۇناھ، گۇناھ! كەچۈرگۈسىز گۇناھ! دەپ توۋلايدۇ، ئۇنىڭغا، بۇ ياققا كەلمە! ئالدىڭغا ماڭما! دەپ سۇ چاچىدۇ...

تۇرسۇنگۈلنىڭ يۈزىگە سۇ چېچىلغاندەك بولدى. بۇ دەريانىڭ بوران ئۇچۇرۇپ كەلگەن بۇزغۇنلىرى ئىدى. ناھايەت ئانا ئۆزىنىڭ بىھوش قىزىنى يۈزىگە سۇ چېچىپ سەگىتكەندەك، ئەزىم دەريا كۆمۈش بۇزغۇنلىرىنى پۇركۇپ ئۇنى سەگىتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«نى دەھشەتلىك كۆنلەرگە قالغان ئادەملەرمۇ ياشايدۇغۇ، — دېدى ئۇ كۆڭلىدە، — بۇ يورۇق ئالەمنى — ئادەملەرنى، ئېكىنزارلارنى، دەريا – تاغلارنى، ئەقەللىيسى يورۇقلۇقنىمۇ كۆرمەي ياشاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەمالارمۇ ماڭا ئوخشاش ئادەمغۇ، راك كېسىلى بولغانلىقىنى بىلسىمۇ، يەنە ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ يورۇۋاتقان شەھرىزاتمۇ مەندىن بىر ياش كىچىك، ئۇ يەنە ساناقلىقلا قالغان ھاياتىنى قەدىرلەپ ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. مەن يا ئەما ئەمەس، گاس – گاچىمۇ ئەمەس، ئاقساق – توكۇر، پالەچ ياكى لەقۋامۇ ئەمەس، يەنىلا ساغلام، پۈتۈنسۈرۈك ئادەمغۇ.»

ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئىككى جىنسلىق بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ يۈرىكى سەل ئېچىشقاندەك بولدى. لېكىن، بۇ يەردە ساغلام ئەقىل ئۇنىڭغا يەنە ئىلھام بېغىشلىدى. ئۇنداق بولسىمۇ نېمە بوپتۇ، بۇ بەلكىم خۇدانىڭ ئۇنىڭغا قىلغان شاپائىتىدۇر. ھەممە جانلىقتا بىرلا ئۆمۈر نېسىپ قىلىنغانغۇ، ھەرقانداق ئادەم يا ئەر ئۆمرىنى كۆرىدۇ، يا ئايال ئۆمرىنى كۆرىدۇ. ھالبۇكى ئۇنىڭغا ئىككى ئۆمۈر تەڭ ئاتا قىلىنىپتۇ. ئۇ قىز ئۆمرىنىمۇ كۆردى، تولۇق كۆرمىسىمۇ ھەرھالدا كۆردى ھەم چۈشەندى؛ ئەمدى يىگىتلىك — ئەرلىك ئۆمرىمۇ ئۇنىڭغا ئاتا قىلىنغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن ھاياتنىڭ ئاجايىپ ئىلتىپاتى ئەمەسمۇ، دۇنيادا بۇنداق سىناقتا قانچىلىك ئادەم دۇچ كېلىپ باققان! جاھاندا نى نەبىيلەر، نى ئەللامىلەر، نى دانالار، نى ئەۋلىيالار ئۆتتى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇلار خۇدانىڭ ئەزىزلىرى ئىكەن، ئۇلار پانىي ئالەمنىڭ رىيازەتلىرىنى يەتكۈدەك تارتىپتىكەن، ئۇلار جەبىر ئوقلىرىدا يارىلىنىش، مالامەت تاشلىرى ئاستىدا يانجىلىش، زۇلۇم دەريالىرىدا ئېقىش ۋە ھەسەت قۇدۇقلىرىدا يېتىشتەك ئېغىر

قىسمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ ئاخىر ئۇلۇغۋارلىق مۇقامىغا يەتكەنىكەن. دېمەك دۇنيا ھېكمەتلىرىنى پەقەت ئازاب ـ ئوقۇبەت دەرسخانىسىدىلا بىلگىلى بولىدۇ. قېنى، ئۇ بۇ كۇنلەرنىمۇ ــ ئەرلىك ئۆمرىنىمۇ كۆرۈپ باقسۇن!

«لېكىن ــ دېدى ئۇ يەنە ئۆز ـ ئۆزى بىلەن كېڭەشىپ، ــ مېنىڭ بۇ يۇرتتا يىگىتلىك سالاھىيەت بىلەن يۇرەلىشىم مۇمكىن ئەمەس. يىگىت بولسامۇ باشقا بىر يۇرتتا بولاي، ئەسلىي مېنىڭ كىملىكىمنى بىلمىگەندىكىن، ئۇلاردىنمۇ ھېچ گەپ چىقمايدۇ، مەنمۇ سەل ئازادە يۇرىمەن.»

ئۇ كۆڭلىدە بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ «ئۇھ...» دەپ چوڭقۇر بىر تىنىۋەتتى. ئۇ ئاسمانغا قارىدى، يۇلتۇزلۇق ئاسمان ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدىنمۇ كەڭ، ناھايىتى پايانسىز بىلىندى. ئۇ ئەمدى مۇشۇ ئاسماننىڭ ئېتىكىدىكى قايسى بىر ماكاندا ياشايدۇ، ئۇنى چەكسىز ئالەمنىڭ يەنە قانداق قىسمەتلىرى كۇتۇۋاتىدىكىن؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى باب

تۇرسۇنگۇلنىڭ — ياق، ئۇ ئەمدى تۇرسۇنگۇل ئەمەس، ئۇ ئىسمىنى تۇرسۇنغا ئۆزگەرتكەن — تۇرسۇننىڭ x شەھىرىگە كەلگىنىگە ئۈچ كۈن بولدى. ئۇ ئىككى كۈندىن بۇيان شانىياز ئۇستامنىڭ ئاشخانىسىدا ئىشلەۋاتىدۇ.

ئالدىنقى كۈنى خۇش پىچىم بىر يىگىت بۇ ئاشخانىغا كىردى. بۇ چاغ سەل گۇگۇم چۈشۈپ قالغان ۋاقىت ئىدى. ئۇ سۈيۈقئاش بۇيرۇتتى، تاماق كەلگىچىمۇ، ئىچكىچىمۇ ئۇ قانداقتۇر بىر خىيال بىلەن ئىدى. قاچىنى بوشاتقاندىن كېيىنمۇ ئۇ جايىدىن قوزغالماي خىيال بىلەن ئولتۇرىۋەردى. شۇ ئارىدا قاراڭغۇمۇ چۈشتى. يېڭى كۆڭلەك، شىم كىيىۋالغان، بېشىنى چۈشۈرۈپ پارقىرىتىۋەتكەن بۇ ۋىجىك يىگىت ئاخىر شانىياز ئۇستامنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

— ئۇكام، ئەجەب خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭ. ياش تۇرۇپ، تۈگىمەيدىغان نېمە خىيالدۇ ئۇ سەندىكى؟

يىگىت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇستامغا قارىدى. ئۇنىڭ قوي كۆزلىرىدىن بىر خىل غەم - قايغۇ يېغىپ تۇراتتى.

— ھە، ئۇكا، ساڭا بىر خىيال كىرىپ قالغان ئوخشايدۇ، قوپ، بۇنداق ئولتۇرماي، ئاغىنىلىرىڭنى تېپىپ ئوينا، ئويۇن دېگەن ھەرقانداق خىيالنى يوق قىلىدۇ، تۇر، ماڭ، بىز ئاستا ئاشخانىنى يىغىشتۇرۇۋالايلى.

يىگىت ئورنىدىن تۇردى، لېكىن ئۇ قەدىمىنى

يۆتكىيەلمىدى. شانىياز ئۇستام ئەجەبلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا قارىدى. يىگىتنىڭ كۆزلىرىدە ياش غىلدىرلاپ تۇراتتى.

تۇۋا، خۇددى قىز بالىدەكلا - ھە، چىرايىمۇ، ماۋۇ قىلىقىمۇ... قارىغاندا، بۇ يىگىتنىڭ بېشىغا كۈن كەلگەن ئوخشىمامدۇ.

— ئۇكام، نېمە بولدۇڭ. مىجەزىڭ يوقمۇ يا؟

يىگىت بېشىنى چايقىدى.

— ئەمىسە، نېمىشقا كۆزۈڭگە ياش ئالىسەن، ئۆيدىن داداڭ بىلەن رەنجىشىپ قېلىپ يېنىپ چىقمىغانسەن، ئۆيۈڭ قەيەردە؟

يىگىت تۇرۇپلا ئۆپكىلەپ يىغلاپ كەتتى.

تۇۋا، بۇ نېمە ئىش ئەمدى.

— ئۇكام، دېگىنە، ئۆيۈڭ قەيەردە، سېنىڭ مۇنچىلىك بېشىڭنى قاتۇرغۇچە ساۋابلىق ئىش قىلىپ ئۆزۈملا ئاپىرىپ قوياي.

— مېنىڭ ئۆيۈم يوق، ئاكا، — يىگىت ئاخىر زۇۋانغا كەلدى.

— نېمە؟ ئۆيۈم يوق؟ ئاتا - ئاناڭمۇ يوقما... ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭمۇ يوقما؟

يىگىت بېشىنى چايقىدى.

— يېتىمكەنسەن - دە. ئىش ئورنۇڭمۇ يوق؟

— يوق، ھېچنېمەم يوق.

— مۇنداق دېگىن، — شانىياز ئۇستام ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، — خوش، نېمە ئىش بىلەن جان بېقىۋاتىسەن، ئۇكا؟

— مەن يۇرتتىن چىققىلى ئىككى - ئۈچ كۈن بولدى، ئاكا. جان باقىدىغان بىرەر ئىش ئىزدەپ يۈرىمەن.

شانىياز ئۇستام ئۇنىڭ يۇرتىنى سورىدى، ئۇ ئاغزىغا

www.uyghurkitap.com

كەلگەن بىر جايىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى. يەنە بەزىبىر سۈرۈشتۈرۈشلەردىن كېيىن ئۇنىڭ نامرات يېزىدا كۈن ئالالماي، ئاخىر دېھقانچىلىقتىن پەشنى قېقىپ بۇ يەرگە چىققانلىقى، مەقسىتى كۆپرەك پۇل تاپىدىغان بىرەر ئىش قىلىپ ئۆيي - ئوچاقلىق بولۇش ئىكەنلىكى ۋەھاكازالار ئۇستامغا مەلۇم بولدى. ئۇستام ئۇنىڭدىن ئىسمىنى سورىغاندا ئۇ سەل دۇدۇقلاپ ئاخىر «تۇرسۇن» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ بىزنىڭ قىزلىق ھاياتىنى تۇغۇلغان يۇرتى بىلەن تاشلاپ يېڭى بىر يۇرتقا يېگىتلىك ھاياتى بىلەن كىرىپ كېلىۋاتقان ھېلىقى قەھرىمانىمىز ئىدى. ئۇ دەريا بويىدا قەتئىي قارارغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆيىدىكى ئازراق پۇل - پۇچەكنى ئېلىپ ھېچكىمگىمۇ خوش دېمەي شۇ كېچىسىلا يۇرتىدىن چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ يولدا ماشىنا توسۇپ بۇ شەھەرگە كېلىۋالدى ۋە كەلگەن كۈنىلا چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ، بازاردىن سېتىۋالغان كۆڭلەك، شىمنى كىيىپ ئوغۇل تۇسىگە كىرگەنىدى. قىسمەت ئۇنى شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ ئاخىر مۇشۇ ئاشخانىغا باشلاپ كىردى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆتمۈشىنى يوشۇردى، لېكىن ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىغاندا، ئۇ بىرقىسما بولۇپ قالدى. بۇ دادىسى قويغان، ئانىسى چاقىرغان ئىسىم! ئۇنى ھەممە نېمە بىلەن — ئون توققۇز ياشلىق ئۆمۈر بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان مۇشۇ ئىسىملىغۇ! ئانىلىق جىنسىتىكى گىياھ چېچىكى — گۈلى بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇرغانىغا ئوخشاش، ئۇنى قىز چېغىدا ئىسمىنىڭ كەينىگە گۈلنى قوشۇپ چاقىرىپتىكەن، لېكىن ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە ئۇ گۈل تۆكۈلۈپ كەتتى، خەير، تۆكۈلگەن گۈل تۆكۈلسۇن، شۇنداقتىمۇ ئىسمىنىڭ غولى بولسىمۇ قالسۇن - دە، ئاھ، ئاتىسى قەدىرلەپ، ئانىسى ئەزىزلەپ قويغان مۇقەددەس ئىسىم!

ئۇ مۇشۇنداق ئويلىنىشلاردىن كېيىن ئۆزىنى تۇرسۇن دەپ تونۇشتۇرغانىدى.

— شۇنداق قىلىپ، ئىش ئىزدەپ چىقتىم، دېگىن ئۇكا، — شانىياز ئۇستام سۆزلىگەچ، قويۇق چار ساقاللىرىنى سىلاپ ئويغا چۆمدى. شۇ ئارىدا تۇرسۇن ئۇنىڭغا سىنچىلاپ نەزەر سالدى. ئۇ ئارا بوي، سېمىز كەلگەن، مەڭزىلىرى پارقىلداپ تۇرىدىغان، پىستە كۆز، ماڭلىيى سەل دوقىراق ئادەم ئىدى. تۇرسۇن ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرىدىكى ئاقلارغا، پېشانىسىغا، كۆزىنىڭ قۇيرۇقى ۋە جاۋىغايلىرىغا چۈشكەن قورۇقلارغا قاراپ، ئۇنى كەم بولغاندا ئەللىك بەش ياشلاردا كۆردى.

— ئۇنداقتا، — دېدى شانىياز ئۇستام ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ مۇشۇ ئاشخانىدا ئىشلىسەڭ، قانداق؟ ئاۋۇ چۈمۈچچى ئاكاڭغا ياردەملىشىسەن، ئاش - تامىقىڭ، ياتىدىغان جايىڭ مەندىن، ئايلىقىڭ يەتمىش كوي بولىدۇ، ساپ چۆنتەككە چۈشىدىغان پۇل - دە بۇ، ھازىر ئۆزىنى خېلى يوغان كادىر ھېسابلاپ يۈرگەنلەرمۇ ئايدا مۇنچىلىك پۇلنى تېجىيەلمەيدۇ. ئۇكا، مال باھالىرى ئۆرلەپ كەتتى، ھېچكىمنىڭ تاپقىنى قورساقتىن ئاشمايدىغان بولۇپ قالدى، مۇشۇنداق يىغساڭ، نەچچە يىلغا قالماي ئۆي - ئوچاقلىقمۇ بولۇپ قالىسەن، لېكىن، — ئۇ جىددىي قىياپەت ئېلىپ سەل گىدىيىۋىدى، قورسىقى ئالدىغا ئوبدانلا پومپىيىپ چىقتى، — گەپ يۈزدە بولسۇن، ئۇكا، تۇرقۇڭدىنمۇ ئۇنداق كۆرۈنمەيسەن، توغرا بولساڭ تۆرگە ئۆتىسەن، ئەگىر بولساڭ گۆرگە، ھە... قېنى، قانداق؟

پۈت قويغۇدەك ماكانىدىن بېشى قېتىپ تۇرغان تۇرسۇن ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئوبدان گەپ بولامدۇ. ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەيلا ماقۇللۇق جاۋابىنى بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ

بوۋاينىڭ ئاشخانىسىدا قالدى. ئەتىسىدىكى ئىشلار ئۇنىڭ ئۇچۇن بەكمۇ بىلىنىپ كەتكىنى يوق، ھەممىسى بۇيرۇغان بويىچە بولدى. سۇبھى بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇردى، ئوت قالىدى، قازان قايناتتى، ئوتياشلارنى ئاقلاپ يۇيۇپ قويىدى، خېرىدارلار كىرىشكە باشلىغاندا ئۇلارنى چىرايلىق باشلاپ، ئالدىغا ئىسسىققىنا بىر پىيالە چاي قويىدى، بۇيرۇغان تامىقىنى ئەكەلدى، جوزىلارنى سۇرتتى، قاچا ـ قۇچىلارنى يۇدى، كەچ ئون ـ ئون بىر بولغاندا ياتتى. ھەممە ئىش ئۇنىڭغا ئانچە بىلىنمىگىنى بىلەن مۇشۇ ياتىدىغان ئىش ئۇنىڭغا سەل ئوڭايسىزلىق ئېلىپ كەلدى. بۇ ئاشخانىدا كەچتە ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى يېتىمچى ياتاتتى. بۇلارمۇ ئاشخانىغا ئانچە ـ مۇنچە قارىشىپ، يۇندى توكۇپ، كۆمۈر ئەكېلىپ يۈرىدىغانلار ئىدى. شانىياز ئۇستام ئۆيىگە كېتىشى بىلەنلا ئۇلار كىيىملىرىنى پۇتۇنلەي يېشىپ تاشلاپ، پەقەت كىر تامباللىرى بىلەنلا قالاتتى ۋە تاتىلىنىپ تۇرۇپ ھەر خىل سەت لەتىپىلەرنى باشلايتتى. تۇرسۇن ئۇچۇن بۇ مۇھىت ناھايىتى ئېغىر بىلىندى، ئۇ تولۇق يېشىنىشكىمۇ جۇرئەت قىلالمىدى. ئون توققۇز يىللىق قىزلىق ھاياتىنىڭ تەسىرى ھېلىھەم ئۇنىڭغا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىۋاتاتتى، ئۇ بەدىنىنى ھازىرمۇ ئوغۇللارغا كۆرسىتىشكە بولمايدىغاندەك ھېس قىلاتتى.

— نېمانداق قىلىسەن، ئاداش ھوي؟ — دېدى ئەتىسىلا قارىمۇتۇقراق كەلگەن سىيىت يېتىمچى، — ئاخشاممۇ قارىساق يېشىنمەيلا ياتتىڭ، بۈگۈنمۇ كىيىم بىلەنلا يېتىۋاتىسەنا؟ ئۇنداق قىلما، پىتلاپ كېتىسەن، تەر پۇراپ يۈرسەڭ، خېرىدارمۇ بۇرنىنى ئېتىپ قاچىسۇن بۇ دۇكاندىن. يېشىنىپ كەڭ ـ كۇشادە يات.

— راست دەيدۇ، — دېدى ھېيىتەم دېگەن يەنە بىر

پاكارراقى، ــــ ئوغۇل بالا دېگەن مانا مۇشۇنداق ياتىدىغان گەپ. چوكان بىلەن ياتساققۇ مانىمۇ سىلىۋېتىمىز، ــــ ئۇ تامبىلنى سەل سىيرىۋېتىپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

تۇرسۇن دەرھال چەتكە قارىۋالدى.

ــــ ھا، ھا، ھا، قالتىس يۈزى توۋەن يىگىت ئوخشىمامسەن !؟

ــــ ئىش كۆرمىگەن سەھرا بالىلىرى ـ دە، ــــ دەپ گەپ قاتتى سىيىت يېتىمچى، ــــ ئالدىرىما تېخى، ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرىسەن بۇ شەھەردە. ئالدى بىلەن پۇل تاپ، ئاغىنە، پۇل بولسا ھەر تۇمۇچۇقلارنى تاپىسەن، كۆندۈزى سۆزلۈپ يۈرۈشكىنى بىلەن كېچىسى قالتىس سايرايدۇ دېگىنە.

ــــ سايرايدۇ دېسە قۇشىمىكىن دەپ قەپەستىكى تۇمۇچۇققا پۇل خەجلەپ يۈرمىگىن يەنە. ئاستىغدا ئۆمىلەپ، كىرىپ يېتىپ سايرايدىغانلارنى دەۋاتىدۇ بۇ. كېيىن تېتىپ باقاي دېسەڭ، قورچاقتەك تەتەيلەرنىمۇ توغرىلايمىز تېخى.

ــــ بولدى قىلساڭلارچۇ، باشقا گەپىڭلار يوقمۇ، ــــ تۇرسۇن پوكاندەك قىزىرىپ يېلىنىش ئاھاڭىدا سۆزلىدى.

ــــ باشقا گەپ دەمسەن، گەپنىڭ دۇردانىسىغۇ بۇ !

ــــ تېتىتىدىغان تۈزى دېگىنە !

«ھا ـ ھا ـ ھا» ئىككىسى تەڭلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. تۇرسۇن ھاجەتكە چىقىشنى باھانىدەپ ئۇ يەردىن چىقىپ كەتتى، ئۇيەر ـ بۇ يەرنى ئانچە ـ مۇنچە ئايلىنىپ قايتىپ كەلگەندە، ئۇ ئىككىسى غەرق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

ئەتىسى تۇرسۇن بازاردىن قىسقا يەڭلىك مايكا ۋە ئۈزۈن ئىچ ئىشتان سېتىۋالدى، بۇ كىيىملەر بىلەن ياتقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئاغزىمۇ بېسىقتى.

ئۇنىڭ ھەممە ئىشى شانىياز ئۇستامغا ياقتى. لېكىن، بىرلا ئىشى ئۇنى سەل تېرىكتۈرۈپ قويدى. ئۇ ھەر قېتىم

ھاجەتكە چىققاندا خېلى ھايال بولۇپ كىرەتتى.

— ئۇكا، بىر نىمىنىڭ چىشىمىقى تەس دەيدىغان، نىمانداق ئۇزاق ئولتۇرىسەن، خېرىدارلار بىسىق بولۇپ كەتكەن چاغدا، چىڭراق قىسىدىغان گەپ، بولمىغاندا، غاچ ـ غۇچلا ئىشنى تۈگىتىپ، قولنى پاكىز يۇيۇپ يېنىپ كىرىمىز، ھاجەتخانىمۇ يېقىنلا يەردىغۇ.

راست، دېمىسىمۇ ھاجەتخانا يېقىنلا يەردە، ئاشخانىنىڭ سەل نېرىسىدىلا ئىدى. لېكىن، بۇ ھاجەتخانىغا كىرىش ئۈچۈن تۇرسۇننىڭ كاللىسىدا قاتتىق جەڭ بولدى. تۇرسۇن ئۆزى كىرىپ ئۆگەنگەن ئايالالار ھاجەتخانىسىغا كىرەي دېسە، شۇ تاپتا ئۇ يىگىت، ئۇستىباشلىرىمۇ يۇتۇنلەي يىگىتچە. بۇ ھالدا كىرسە، ئۆزىگە ئاز كۆڭۈلسىزلىك كېلىدۇ دەمسىز. ئەمدى ئەرلەر ھاجەتخانىسىغا كىرەي دېسە، ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يېرى ئۇنىمايدۇ.

جىسمانىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندىكىن، روھىي ئۆزگىرىشمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا پەيدا بولۇشى، يىگىتلىك روھى ئۇنىڭغا يۇقۇشى، ئۆزلىشىشى كېرەك ئىدىغۇ. قىزلىق خۇسۇسىيەت ئۇنىڭغا نېمانچە كاجلىق بىلەن يېپىشىۋالىدىغاندۇ، ھەي، يىگىت بولماق نېمانداق قىيىن.

ئۇ ئاخىر بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالماي، دالدا يەرنى ئىزدەشكە مەجبۇر بولدى، خېلى يىراققا بېرىپ قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان بىر جاينى تاپتى ۋە ھاجىتىنى ئادا قىلىپ قايتىپ كەلدى. لېكىن، ئۇنىڭ تارتقان بۇ جاپالىرىنى شانىيار ئۇستام نەدىنمۇ بىلسۇن.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۇرسۇننىڭ قولى ئەپلىك ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇ ئەمدى ئەمبەلنىڭ قېشىغا كېلىپ ئوتياش توغرايتتى، قازانغا سۇيۇقئاش تاشلايتتى، خېرىدارلار

ئاز ۋاقىتتا لەغمەننىمۇ ئۆزى سوزاتتى. خېرىدارلار كۆپىيىپ كەتكەندە، قازان بېشىنى ساپلىقچىغا تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرەيتتى.

بىر كۈنى يۈز بەرگەن بىر ئىش ئۇنىڭ بىر قەدەر قېلىپلىشىپ قالغان تۇرمۇشىنى بىراقلا بۇزۇۋەتتى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەر بولغان چاغ. ئاشخانىدا خېرىدارلار قالمىغانىدى. بىردىنلا تۆتەيلەن كىرىپ كەلدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ گەۋدىلىكرەكى مۇشۇ ئەتراپنى لۈكچەكلىك بىلەن سوراپ يۈرگەن بەكرى نوچى ئىدى. ئۇلار خېلىلا مەست ئىدى. ئۇلار دەلدەڭشىپ، ئاغىل ـ تاغىل ۋارقىراپ ئۇستەلگە كېلىشتى ـ دە، سۇيۇقئاش بۇيرۇتتى.

تۇرسۇن ساپلىقچى ئۇستامغا خېمىر تاشلىشىپ بولۇپ، دەرھال چوڭ چىنىلەرنى تەييار قىلدى. سۇيۇقئاش تەييار بولغۇچە ئارىلىقتا، ھېلىقى مەستلەر شانىياز ئۇستامنىڭ نارازى بولغىنىغا قارىماي، «ئىلى تېچۈي»دىن بىر بوتۇلكىنى بوشاتتى.

تۇرسۇن ئىككى چىنە سۇيۇقئاشنى ئەكېلىپ ئۇستەلگە قويۇشىغا بەكرى نوچى قىلىقسىزلىق بىلەن ئۇنىڭ يانپېشىنى سىلاپ:

— ۋاھ، قىز بالىغا بەرگۈسىز يىگىتكەنسەنغۇ، جانىۋار، نېمىدېگەن ئوخشىغان ساغرا، — دەپ چاقچاق قىلدى.

تۇرسۇن ئۇنىڭ قولىنى زەردە بىلەن سىلكىۋەتتى.

— ھە، بەكرەكباي، كېسىلىڭ يەنە قوزغالدىمۇ. ۋاي، كونا ئەنجانلىق، دىغىراپ كەتكەن بولساڭ، پوخلاخانىغا بارغۇچە، ئېتىزلىقتا بېرىپ ياش خەمەكنىڭ بۇرنىنى يارساڭچۇ، ھا ـ ھا ـ ھا...

— خەمەكنىڭ بۇرنىنى يارالىمساڭمۇ، قوغۇن ـ تاۋۇز دېڭىگە بارساڭ، يېرىلىپ تەييار بولۇپ تۇرغانلىرى بار، كۈچەش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەتمەيدۇ...

مەستلەرنىڭ سەت كۈلكە ـ چاقچاقلىرى باشلىنىپ كەتتى. تۇرسۇن لېۋىنى چىشلەپ كەينىگە ياندى. شانىياز ئۇستام ئۇنىڭغا ھەمىشە، بۇ يەرگە ھەر خىل ئادەملەر كىرىدۇ، بەزى ئىشلارغا يولۇققاندا سەل ئېغىرراق بولۇش كېرەك، بولمىسا كۆڭۈلسىزلىك تېرىلىدۇ، دەپ تاپىلاپ كېلىۋاتقانىدى. بۇ گەپلەر ئېسىدە بولغاچقا، ئۇ ئېغىرلىق قىلدى. بولمىسا قىزىق ئاشنى ئۇ لوكچەكنىڭ يۈزىگىلا ئاتماسىمىدى. خەير، قالغان تاماقلىرىنى تېزرەك ئەكېلىپ بېرىپ، بۇ مەستلەرنى يولغا سېلىش كېرەك.

تۇرسۇن قالغان ئىككى چىنە سۇيۇقئاشنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇۋاتقاندا، بەكرى نوچى ئۇنىڭ يانپېشىنى چىمدىۋىدى، تۇرسۇن ئۆزىنى قاچۇرىمەن دەپ بىر چىنە ئاشنى تۆكۈۋېتىپ قالدى، بۇ ئاش تۆكۈلگەندىمۇ دەل شۇ مەستنىڭ ئېتىكىگىلا تۆكۈلگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن بالانىڭ چوڭى تاشتى.

— ھېي، ھەزىلەك، بۇ ئېشىڭنى مېنىڭ ماۋۇ بىرنېمەم يەمتى. ئۆتە ساپالىق بۇ يەرگە تۆكۈۋاتىسىنا، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە جالاقىدە قىلىپ تۇرسۇننىڭ ياڭىقىغا بىرنى قويدى.

تۇرسۇن تۇيۇقسىز تەگكەن بۇ قاتتىق مۇشتتىن ئېسىگە كېلىپ بولغۇچە، باياتىن بېرى ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان سىيىت يېتىمەك يۈگۈرۈپ كېلىپ بەكرى نوچىنى مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋەتتى.

— ھەي، جىم تۇرغان ئادەمنى ئەجەب بوزەك قىلىدىكەنسىنا، قانداق، بۇنى ياۋاش كۆرۈۋاتامسەن، قىلىدىغان ئەسكىلىكنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈڭ قىلدىڭ، ماۋۇ بەتكەردى قولۇڭنى جىم تۇتساڭ، بۇ ئاش تۆكۈلەرمىدى!

— ماۋۇ دىۋانە نېمە دەۋاتىدۇ، جېنىڭدىن تويغان بولساڭ

مانا، — بەكرى نوچى شالاقتىدە قىلىپ بىر كاللا بىلەن سېيىت يېتىمەكنى تىك چۆشۈرۈۋەتتى. سېيىت يېتىمەك ئورنىدىن تېزلا تۇردى - دە، ئۇچقاندەك بېرىپ گۆش پىچىقىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئىشنىڭ چاتاق بولغانلىقىنى كۆرۈپ، شانىياز ئۇستام يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى كەينىدىن قۇچاقلىۋالدى، شۇ ئارىدا تۇرسۇن ئۇنىڭ قولىدىكى پىچاقنى تارتىۋالدى. سېيىت ئۇستامنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، ھېلىقى مەستكە بىر كاللا قويدى، ئۇ كەينىگە يىقىلىشى بىلەن ئۇستەلدىكى تاماقلار ئۆرۈلۈپ چاچرىغان قىزىق سۇيۇقئاشنىڭ كۆيدۈرۈشى بىلەن قالغان ئۇچ مەستمۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى، شۇ ئارىدا ھېيتەم يالغۇزەكمۇ كېلىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن كاللىپاي جېدەل باشلاندى. ھېيتەم يالغۇزەك خېلى پەشۋاچى ئىدى. ھايت - ھۇيت دېگۈچە بىر مەستنى پاختەكتەك ئوڭدا قويۇپ، يەنە بىر مەستنى يەرگە پوشكالدەك چاپلىۋەتتى، شۇ ئارىدا يەنە بىر مەست ئۇنى ئۇرىمەن دەپ غۇلىچىنى ئىتتىك كېرىۋىدى، كېرىلگەن قول تويۇقسىز بېرىپ تۇرسۇننىڭ قولىدىكى پىچاققا سانجىلىپ قالدى.

— ۋايجان، قولۇم، ۋاي، پىچاق سىلىۋەتتى !

بۇ ۋارقىراش بىلەن تەڭلا بەكرى نوچىنىڭ مەستلىكى يېشىلدى.

شۇ ئارىدا يىغىلغان خالايىق:

— ۋاي، ساقچى چاقىرايلى، ساقچى !

— ۋاي، ئادەم ئۆلىدىغان بولدى ! — دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى. بەكرى نوچى ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ غىپپىدە ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى. سېيىت يېتىمچى بىلەن ھېيتەم يالغۇزەكمۇ كۆپ ئىشلارنى كۆرۈپ پىشىپ كەتكەن باللار ئىدى. شۇڭا، ئۇلارمۇ دەرھال ئېسىنى يىغىپ بۇ يەردىن غايىب

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇشتى.

ساقچىلار يېتىپ كەلدى ۋە ھېلىقى ئۈچ مەستنى، تۇرسۇننى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كېتىشتى.

ھاياتنىڭ دەھشەتلىك بىر زەربىسىدىن ئەمدى ئېسىگە كېلىپ، جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن يېڭىچە بىر تۇرمۇش يولىغا تۇنجى قەدىمىنى بېسىۋاتقان تۇرسۇن كۈتۈلمىگەندە يەنە بىر زەربىگە ئۇچرىدى. ھەي، بۇ قىسمەتكە نېمە دېگۈلۈك!

# سەككىزىنچى باب

ئۇ تەقدىردىن بۇنى كۈتمىگەن، قانداقتۇر بىر قاراڭغۇلۇقنى كۈتمىگەن؛ ئۇ يورۇقلۇقنى كۈتكەن، ئۇنىڭ كۈتكىنى قۇياشنىڭ ئاپتىپى ئەمەس، ئاينىڭ نۇرى ئەمەس. ئۇنىڭ كۈتكىنى زاۋاللىق ئىلكىدىكى قەلبنى يورۇتىدىغان بىر خىل غايىبانە نۇر، ئۇنىڭ كۈتكىنى يېڭىچە مەنىلەر بىلەن تولغان ھاياتنىڭ تەسەللىسى ۋە ئىلھامى ئەمەسمىدى.

ئەمدى بۇ نېمە ئىش؟ بۇ نېمە كۆرگۈلۈك؟ پاكار تۆمۈر ئىشىك داراڭلاپ ئېچىلىپ، تۇرسۇن ئىچىگە كىرىشىگىلا ئىتتىك تاقالدى. يورۇق تالادىن كىرگەن كىشىگە بۇنىڭ ئىچىدە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ كۆزلىرىنى تىكىپ ئەتراپىنى ئىلغا قىلىپ بولغۇچە، بىرى كەينىدىن ئىتتىردى، ئۇ سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ پۈتتەك بىرنېمىگە پۈتلىشىپ ئالدىغا يىقىلدى. كەينىدىنلا ئۇنىڭغا بىرنەچچە تېپىك تەگدى. ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، ئۇنىڭغا ئۇياق – بۇياقتىن مۇشت، شاپىلاق، پەشۋا دېگەنلەر يېغىپ كەتتى. ئۇ قوللىرى بىلەن ھەرقانچە توسۇپمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇنىڭغا قوللار غايەت زور شەپەرەڭدەك يوپۇرۇلۇپ كېلەتتى، قانداقتۇر بىر كۆزلەر تۈندىكى فوسفور يورۇقلۇقىدەك غىلىلداپ پارقىرايتتى، قۇلاق تۈۋىدە خىرىلدىغان، ھۆمۈدىگەن ئاۋازلار ئاڭلىناتتى... ئۇ ئاخىر مۇشت – تېپىكتىن ھالسىزلىنىپ يىقىلدى.

— ئەمدى، بولدى، ئۆلۈپ قالمىسۇن، — دېگەن بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىرقىراق ئاۋازدىن كېيىن، توختىتىش ئىشارىسىنى بىلدۈرىدىغان دۈمباقنى ئۇرغاندەك يەنە ئىككى - ئۈچ مۇشت ئۇرۇلۇپ، ئاندىن زەربە توختىدى. بىرى ئۇنى ياقىسىدىن سۆرەپ ئاپىرىپ تامغا يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

تۇرسۇن بىرئازدىن كېيىن سەل ئېسىگە كېلىپ، ئەتراپىغا قارىدى. قاراڭغۇغا كۆنگەن كۆزلەر كامېردا ئۈچ - تۆت ئادەمنىڭ بارلىقىنى سەل ئىلغا قىلدى.

ــ ھە، ئەمدى خېلى سەگىدىڭمۇ؟ ــ ھېلىقى خىرقىراق ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى، ــ بۇ ئۆينىڭ كىشىلىرى مېھماننى مۇشۇنداق كۈتۈۋالىدۇ، قىزغىن قارشى ئېلىشتىن مەمنۇن بولغانسەن !؟

«ھا - ھا - ھا !» ئەتراپتىكىلەر كۈلۈشتى، بۇ كۈلكىدىن تۇرسۇننىڭ تېنى قاتتىق شۈركۈنۈپ كەتتى.

ــ قارىغاندا، بۇ مېھمانخانىغا تۇنجى كىرىشىڭ ئوخشايدۇ، قىزغىن قارشى ئېلىشلاردىن مەڭدەپ قالدىڭ. كونا مېھمانلار بولغان بولسا، ھېچ بولمىغاندا ئىككىگە بىرنى، مۇشتقا پەشۋا بىلەن، تىزغا باش بىلەن لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇپ، تۆرگە چىقىپ ئولتۇرغان بولاتتى. تۆرگە چىقالمىساڭمۇ، يېقىن كېلىپ ئايىغىمىزدا بولسىمۇ ئولتۇر، گەپ - سۆزلىرىڭ بىلەن كۆڭلىمىزنى ئۇتالىساڭ، ئارىمىزدىن ساڭا ئورۇن چىقىدۇ، بولمىسا يوق تۆگى بىلەن قۇچاقلىشىپ ياتىسەن.

تۇرسۇن نېمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرۇۋىدى، بىرى كېلىپ ئۇنى ياقىسىدىن سۆرەپ ھېلىقى خىرقىراق ئاۋازدا سۆزلىگەننىڭ ئايىغىغا تاشلىدى.

......

ــ خوش، نېمە ئىش قىلىپ كىردىڭ بۇ يەرگە؟ بىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويمىغانسەن؟

— پاھىشۋازلىق قىلىپ تۈتۈلۈپ قالدىڭمۇ يا؟

تۇرسۇن بېشىنى چايقىدى، بىر چىرقىراق ئاۋاز ئاڭلاندى:

— بۇ گەپچە، بىزگە ئوخشاش گۆلدەك ھۆنىرىڭ بار ئىكەن - دە، يانچۇق كولايدىغان؟

— ياق، — دېدى تۇرسۇن. ئۇ بۇ قورقۇنچلۇق گەپلەرنى ئاڭلاۋېرىشنى خالىماي كەسكىنلا جاۋاب بەرگەنىدى، ھېلىقى خىرقىراق ئاۋازلىق ئادەم:

— ئەمىسە، بۇ يەرگە ئېكسكۇرسىيەگە كىردىڭمۇ؟! — دەپ دوق قىلدى.

— پۇلسىز ياتاق، پۇلسىز تاماق بار ئىكەن دەپ كىرگەندۇ تايىن، — دەپ زاڭلىق قىلدى ھېلىقى چىرقىراق ئاۋازلىق.

— ھەي، ئاغىنىلەر، — بۇلۇڭدىن بومراق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، — ئۇنى بىر كېچە ئارامخۇدا ياتقىلى قويۇڭلار. شۇ تاپتا دەردى ئۆزىگىمۇ يېتىپ ئېشىپ تۇرغاندۇ، خۇدانىڭ كۈنى ئۇزۇنغۇ، ئەتىلەتىن زېرىكىپ ئولتۇرغۇچە پاراڭلىشىۋالىمىز تېخى.

— ھەي، يانچۇقۇڭدا ئانچە - مۇنچە تاماكىنىڭ توپىلىرى بارمۇ؟ — چىرقىراق ئاۋازلىق سورىدى.

— يوق، مەن تاماكا چەكمەيمەن.

— ۋۇي ماز، تاماكىمۇ چەكمىسەڭ، ئوغرىلىقمۇ، پاھىشۋازلىقمۇ قىلمىساڭ، تازا زاڭكەنسەن - دە. ماڭ، پوق تۆگى بىلەن قۇچاقلىشىپ يات، — ئۇ بىر تېپىپلا تۇرسۇننى تەرەت تۆڭىنىڭ يېنىغا يىقىتىۋەتتى.

قاتتىق بىر كۆلكىدىن كېيىن تالادىن «جىم يېتىش» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن كامېردىكىلەر ئېگىز - پەس ئەسنەپ قويۇشۇپ ئاستا - ئاستا جىمىپ كېتىشتى.

تۇرسۇن بېشىنى بوسۇغىغا قويغىنىچە يېتىپ خىيالغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىتىپ كەتتى. بۇ نېمە ئىش ئەمدى، ئۇ بۇ دۇنيادا كۆرمىگەن مۇشۇ ئىشلا قالغانىدۇغۇ. ئۇ قايسى قىلغان گۇناھىغا بۇ يەردە ياتىدۇ؟ تىللاشنىمۇ ئاشۇ لەنتى مەستلەر تىللىدى، ئۇرۇشنىمۇ شۇلار ئۇردى، پىچاقنى قولىغا سانجىۋالغانمۇ يەنە ئۆزى شۇ. ئۇنىڭ قاراپ تۇرغانلا يېرى بارغۇ. ساقچىلارغۇ، توختاپ تۇر، ئەھۋالنى ئېنىقلايمىز دېدى، لېكىن ئەھۋال ئېنىقلانغۇچە مۇشۇ پوق تۇڭگىنىڭ يېنىدا، ئاشۇ پوقتەك ئىپلاس ئادەملەر بىلەن بىللە ياتىدىغان ئىشمۇ.

بايامقى ئۇر ـ ئۇرنىڭ تەنگە تەگكەن زەربىسى ۋە بايامقى سۇرلۇك سوئال ـ سوراقلارنىڭ تەسىرى سەل تارقىغاندىن كېيىن، تۇرسۇن كامېر ئىچىگە سىنچىلاپ نەزەر سالدى. كامېرنىڭ ئۇچتىن ئىككى قىسمىغىچە يەردىن سەل كۆتۈرۈپ بەنچاڭ قويۇلغانىدى. تۆت ئادەمگە ئۇ يەر ئانچە تارلىق قىلمىغان. كەينى تامنىڭ ئېگىز يېرىدە تۆمۈر رېشاتكىلانغان كىچىك بىر دېرىزە، پەگاھتا، مانا ئۆزى تۇرغان بوسۇغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تەرەت تۇڭى، سول تەرىپىدە تامنىڭ ئىچىگە ئېلىنغان ئىشىكسىز ئىشكاپ، ئىچىدە تاماق يەيدىغان تۇنكە قاچىلار تۇراتتى.

شۇ ئارىدا ئۇيقۇسى كەلمەي ياتقانلارنىڭ بىرى ئورنىدىن تۇردى ـ دە، كېلىپ تەرەت تۇڭىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ جورۇلدىتىپ سىيگىلى تۇردى. تۇرسۇن سەل نېرى سۈرۈلۈۋالغان بولسىمۇ، تۇڭدىن چىققان سېسىق بۇس ئۇنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلدى ـ دە، شۇ زامان كۆڭلى ئېلىشىپ، خۇددى ئۆچەي ـ باغرى يېنىپ كەتكۈدەك ھۆ قىلىپ كەتتى.

ــ ھە، مۇشۇنداق سىرتتا يېگەننىڭ ھەممىنى ياندۇرىدىغان يەر بۇ! ــ دېدى ھېلىقى تۇڭنىڭ ئاغزىنى يېپىپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۇ ھى دەپ دىمىقىدا كۈلمەكچى بولۇۋىدى، بىردىنلا

كېكىرىك تۇتۇپ كېتىپ كۆلكىسى چىقماي قالدى، بىراق كەينىدىن پوشكىدە چىققان قوش كېكىرىك بۇ بوشلۇقنى تولدۇردى. ئۇ بىرىپ بېشىغا ياستۇق ئورنىدا قويۇۋالغان قارا يوتقاننى سەل ئوشىشدى ـ ده، پۇتنى ئۇخلاۋاتقان بىرىنىڭ مەيدىسىگە ئېلىپ كىرىلىپ ياتتى.

بىرھازادىن كېيىن ئېگىز ـ پەس خورەك كۆتۈرۈلدى. تۇرسۇن قانچە قىلسىمۇ ئۇخلىيالماي، ئورنىدىن قوپۇپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۇ دېرىزە تەرەپكە قارىدى، دېرىزىدىن ئاندا ـ مۇندا يۇلتۇزلارنىڭ جىمىرلىشىپ تۇرغانلىقى كۆرۈندى. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئۇ يۇلتۇزلۇق ئاسماننى سېغىنغانىدى. يۇلتۇزلۇق ئاسماننىڭ ئاستىدا، شىرىلداپ ئېقىۋاتقان ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ باللار بىلەن ھېكايە ئېيتىشقان يېزىدىكى كۈنلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا لەپپىدە كەلدى. ئاھ، ئايدىڭ كېچىلەردە ئورما ئورۇپ، ئۇنچە باغلىغان كۈنلەر، غۇر ـ غۇر شامالللار... ئاشخاندا ھېيتەم يالغۇزەك بىلەن سىيىت يېتىمچىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى ئاڭلاپ، تۇرۇپ ئۆپكىلەپ، تۇرۇپ كۈلۈپ كەتكەن شۇ كېچىلەر... كۆز ئالدىدىكى بۇ مۇشكۈل كېچىدە كۆرۈۋاتقان ئىشلار ۋە بۇرۇن ئۆتكەن نۇرغۇن كېچىلەردىكى ئاجايىپ خاتىرىلەر بىر ـ بىرىگە ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپ ئاخىر ئۇنى ھالسىراتتى. ئۇ باش توخۇنىڭ ئاۋازىنى خىيالىي ئاڭلىغاندەك قىلدى ۋە ئىكىر ـ چىكىر خىياللار ئىچىدە ئۆزىنىڭ قانداق ئۇخلاپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى.

شامالداشقا ئېچىلغان ئىشىكنىڭ تاراقلىشىدىن ئۇ چۆچۈپ ئويغاندى. كامېردىكىلەر ھەممىسى ھويلىغا شامالداشقا چىقتى. تۇرسۇن ئەتىگەنلىك سالقىن ھاۋانى تويماي سۈمۈردى، ئۇ ئۆمرىدە ساپ ھاۋانىڭ قەدرىگە ھازىرقىدەك يېتىپ

www.uyghurkitap.com

باقمىغانىدى. راست، ئەركىنلىكتىكى ئادەم نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ قەدرىگە يېتەلمەيدۇ، ئۇلار ئۇچۇن ھاۋا، ئاپتاپ، سۇ ۋەھاكازالار تىلغا ئېلىپ ئولتۇرۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەر ئەمەس، ئۇلار ئۇچۇن ئەركىنلىك ئۇقۇمى ئىنتايىن يۈكسەك. ھالبۇكى قاراڭغۇ كامېرغا بەند قىلىنغان مەھبۇس ئۇچۇن ئەركىنلىك ئالدى بىلەن ھاۋا، كۈن نۇرى، تاماق، سۇ دېگەندەك كونكرېت نەرسىلەر بىلەن مۇئەييەن ئۇقۇمغا ئىگە. ئۇلار ئاشۇنداق نەرسىلەردىن يۈزەكى بولسىمۇ، كىشى ھەقىقەتەن ھېس قىلمىغان بىر خىل ئەركىنلىكنىڭ جىلۋىسىنى كۆرىدۇ.

يۈزەكى ئەركىنلىكنىڭ بۇ جىلۋىسى بار - يوقى ئون بەش مىنۇت ئىچىدە تۈگىدى. ئۇلار كامېرغا يېنىپ كىرگەندىن كېيىن تاماق تارتىلدى.

تۇرسۇن تاماق يەپ ئولتۇرۇپ كامېردىكىلەرگە سەپسالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇ پەقەت بىرىنىلا ئوتتۇز ياشلاردا كۆردى. ئۇ ئاخشام باشقىلارنى تۇرسۇننى تىنچ قويۇپ يېتىشقا دەۋەت قىلغان ھېلىقى بوم ئاۋازلىق ئادەم ئىدى. قالغان ئۇچى ئۆزىدىن جىق پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان ياش باللار ئىدى.

— ھە، ئۇكا، — دېدى ھېلىقى بوم ئاۋازلىق كىشى، — ئوبدان ئۇخلاپسەنمۇ؟

بۇ يەردە ئوبدان ئۇخلاشتىن گەپ ئېچىش مۇمكىنمۇ، لېكىن ئادەتلەنگەن سالام. ياۋروپالىقلار ئەتىگەندە خەيرلىك تاڭ، دەپ كۆرۈشىدىكەن، بىز بۇ گەپ بىلەن ئامانلىشىدىكەنمىز. دېمەك ئۇ كىشى ناھايىتى خەيرلىك نىيەتتە سورىدى. ئەلۋەتتە، ئۇمۇ خەيرلىك جاۋاب بېرىشى كېرەك.

— ئوبدان تۇرۇپتىمەن، ئاكا، ئۆزلىرىچۇ؟

— ئۆزۈڭ كۆرگەندەك، — ئۇ كىشى تۇرسۇننىڭ چىرايىغا قاراپ قويۇپ دېدى، — تۇرقۇڭدىن يامان ئىش قىلىدىغان

باللاردەك كۆرۈنمەيسەن، بۇ يەرگە قانداق بولۇپ كىرىپ قالدىڭ؟

تۇرسۇن يەرگە قاراپ سەل تۇرۇپ كېتىپ بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى.

— قارا بېسىپتۇ دېگىنە، — دېدى ئۇ كىشى. باشقا ئۇچەيلەنمۇ تەڭلا باش چايقىشىپ كېتىشتى، — ھېچقىسى يوق، ئۇكا. ئوغۇل بالا دېگەن مۇنداق كۈنلەرنىمۇ كۆرۈپ قويسا بولىدۇ. جىق ياتساڭ ئون - ئون بەش كۈن ياتارسەن، يەنە چىقىپ ئىشىڭنى قىلىسەن.

— لېكىن، بۇنىڭ ئىككى مۈشت ئۇرماي كىرىپ قالغىنىغا ئادەمنىڭ ئىچى ئېچىشىدۇ دېگىنە، بارىكا، — دېدى بىرى. ئۇ ئاخشامقى خىرقىراق ئاۋازنىڭ ئىگىسى ئىدى، — ماڭا قارا، ئاغىنە، ئوغۇل بالىنىڭ غۇرۇرىنى قوغدايدىغان مانا مۇشۇ مۈشت، — ئۇ مۈشتىنى تۇرسۇننىڭ ئېڭىكى ئاستىغا ئەكىلىپ كۆرسىتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇنداق يامان گەپنى ئاڭلىغاندا جان چىقىپ كەتسىمۇ سالىدىغان گەپ. ئاشۇ گۈينىڭ كۆزىنى قويۇۋېتىپ، ئاندىن ياتساڭمۇ ئارمىنىڭ يوقتى ئەمەسمۇ.

— مەن مۈشتلىشىشنى بىلمەيمەن، — دېدى تۇرسۇن بىر خىل ئوڭايسىزلانغان ھالدا كۈلۈپ.

— بىلمىسەڭ، مانا مەن ئۆگىتەي، تۈرمە دېگەن بارغۇ، بۇمۇ بىر مەكتەپ، ھېچ بولمىغاندا مۈشتلاشچىلىقنى ئۆگىنىپ بولسىمۇ چىقىپ كەت بۇ يەردىن. ئاندىن ھۆرت - پۆرت دېگەنگە تازا ئاشۇ...

ئۇ ھاۋاغا ھە دەپ مۈشت ئاتقىلى تۇردى.

— راست، ئۆگىنىپ قوي، ئۇكا، قاسىمنىڭ گېپى بىر ھېسابتا توغرا، — دېدى ھېلىقى بارى ئىسىملىك كىشى.

www.uyghurkitap.com

تۇرسۇن نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي مەڭدەپ تۇرۇۋىدى، قاسىم ئۇنى ياقىسىدىن تارتىپ تۇرغۇزۇپ:

— تۇرە ۋاي، مەن سېنى بىر ئادەم قىلىپ قوياي، — دېدى، — بۈگۈن، هازىرلا بىرىنچى دەرسنى باشلايمىز. قېنى، ئوڭ پۇتۇڭنى ئالدىغا، سول پۇتۇڭنى كەينىگىرەك قىلىپ تۇر، مۇشتۇڭنى، مانا مۇنداق تۈگىسەن، هە، بىر قولۇڭ ئالدىغىراق، بىر قولۇڭ مەيدەڭگە يېقىنىراق تۇرسۇن. مانا، قارا، هە! — ئۇ ئۇياققا - بۇياققا شوخشۇپ، تۇرسۇننىڭ مۇرىسىگە جالاققىدە قويدى، — قارا، سېنىڭ بۇتتەك تۇرغىنىڭنى، ئاۋۇ قولۇڭ بىلەن توسمامسەن. ئاۋۇنىڭ بىلەن توسۇپ، ماۋۇنىڭ بىلەن ماڭا ئوخشاش سالىسەن، هە...

شۇنداق قىلىپ قاسىم ئۇنى يېرىم سائەتچە تەرلەتتى. تۇرسۇن هېرىپ - چارچاپ ئۆزىنى ئوڭدىسىغا تاشلىۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ تىنچىدى، شۇنداقتىمۇ چۈشتىن كېيىن يەنە داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىشنى ئۇنتۇمىدى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. بۇ جەرياندا تۇرسۇننىڭ سەممىيلىكى ئېرىتتى بولغاي، ئۇلار ئۈچىنچى كۈنى كەچتە تۇرسۇنغا «تۆر»دىن — ئۆزلىرىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن بەردى. ئەمدى ئۇلار كەڭ - كۇشادە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشاتتى، ئاڭلىغان - بىلگەنلىرىنى سۆزلىشەتتى. شۇنداق قىلىپ، بىرنەچچە كۈنگىچە تۇرسۇنغا «زېرىكىشكە چولا بولمىدى». ئۇ سەللا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالسا، قاسىم ئۇنى تارتىپ تۇرغۇزاتتى - دە، «بوكسچىلىق دەرسى»نى باشلايتتى. ئۇنىڭدىن هېرىپ - چارچىسا، باشقىلار هەر خىل ۋەقەلەرنى سۆزلەپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، كۆزىنى چەكچەيتىپلا قوياتتى.

راست، ئۇ خۇددى باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەكلا. بۇ دۇنيا قورقۇنچلۇق، قاراڭغۇ. ئۇ قورقۇنچلۇقى بىلەن تۇرسۇننىڭ

ئۆز ۋاقتىدا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى ئۇنىڭدىن يىراق - يىراقلارغا سۈرۈۋەتكەن، ئۇ قاراڭغۇلۇقى بىلەن تۇرسۇنىنىڭ ئىستەك دېسە ئىستەككە ئوخشىمايدىغان قانداقتۇر بىر خىياللىرىنى تېخىمۇ سىرلىق بىر چوڭقۇرلۇققا كۆمۈۋەتكەنىدى. ھېلىمۇ ھاياتنىڭ قورقۇنچلۇق بولسىمۇ جىددىي، مۇرەككەپ قىسمەتلىرى بار ئىكەن. ئەگەر بۇ ئىشلار ۋاقتىدا ئۇلگۇرۇپ كېلىپ تۇرسۇنىنىڭ كاللىسىدىكى ئويى - خىياللىرىنى يېڭىلاپ تۇرمىغان بولسا، ئۇ ئىزتىراپلىق خىياللار ئىچىدە ئۆزىنى ئاللىبۇرۇن تۈگەشتۈرۈۋەتكەن بولمايتتىمۇ. مانا ئۇ شۇ تاپتا ئاجايىپ بىر مۆھتىتا ياشاۋاتىدۇ. بۇ مۆھىت ئۇنىڭغا ئۆتكەن كۈنلىرىنى بەزىدە خۇددى تۈنۈگۈن بولغاندەكلا ناھايىتى يېقىنلاشتۇرىدۇ، بەزىدە خۇددى قايسىبىر چاغلاردا كۆرگەن چۈشتەك بەكمۇ - بەكمۇ يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۆتكەن كۈنلەر كۆز ئالدىغا يېقىن كېلىۋاتقان چاغلاردا ئۇ ئۇ كۈنلىرىنى سېغىنىدۇ. مەيلى بەختلىك چاغلىرى بولسۇن، مەيلى بەختسىز چاغلىرى بولسۇن، ھەممىسىلا ئۇنىڭغا شۇنداق شېرىن، شۇنداق مەنىلىك تۇيۇلىدۇ. ئۆزىنىڭ ۋاز كەچكەن تۇرمۇشىنىمۇ سېغىنىش ئىچىدە ياد ئېتىدۇ. ئۆتكەن كۈنلىرى ئۇنىڭغا ناھايىتى يىراقتا قالغاندەك، خۇددى چۈشتەك بىلىنگەن چاغلاردا، ئۇ كۆز ئالدىدىكى ھاياتقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ، بۇ ھاياتتىن قانداقتۇر بىرنېمىنى ئىزدەيدۇ، ئەھمىيەتلىكرەك بىرنېمىنى ئىزدەيدۇ، لېكىن ئىزدىگىنى ئاخىرقى ھېسابتا يەنە ئەركىنلىك تەشنالىقى بىلەن تۈگەللىنىدۇ. بۇ تەشنالىق نېمىشقىدۇر ئۆتمۈشىنىڭ ئۇنىڭ يۈرىكىگە سالغان جاراھىتىنى يەڭگىللىتىدۇ، كەلگۈسىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان رىشتىنى چىڭىتىدۇ.

تۇرسۇن مانا مۇشۇنداق زىددىيەتلىك روھىي كەچۈرمىش ئىچىدە تۇرمىدىكى ئونىنچى كۈننى ئۆتكۈزدى.

بىز بۇ يەردە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەيلى، ئۇ تۇرمىگە كىرىپ يەتتىنچى كۈنى ئۇنىڭغا كېسىم ئېلان قىلىنغانىدى. ھېلىقى مەست پىچاقنى سالدى دەپ تۇرۇۋالدى، تۇرسۇن سانجىۋالدى دېدى، لېكىن تۇرسۇن تەرەپتىكى گۇۋاھچىلار يېتەرلىك ئەمەس ئىدى، شانىياز ئۇستام خېلى كۈچەپ باققان بولسىمۇ، لېكىن پىچاق نېمىلا دېگەن بىلەن تۇرسۇننىڭ قولىدا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئېقىپ كەلگەن نوپۇسسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىر ئۇيان - بۇيان تەپتىش قىلىنىپ كۆڭۈلسىز خۇلاسە چىقىرىلدى: «تۇرسۇن قوغدىنىش چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىك جىنايىتى ئۆتكۈزگەن؛ شۇڭا ئۇنىڭغا ئۈچ ئايلىق قاماق جازاسى بېرىلىدۇ». خوش بۇنىڭغا نېمە ئامال؟ شانىياز ئۇستامنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندىمۇ، ئۈچ ئاي دېگەن ئوغۇل بالا ئۈچۈن ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدۇغۇ!

چىداش كېرەك، چىداش! لېكىن، بەزىدە چىدىماقمۇ تەس بولۇپ قالىدىكەن. بىرنەچچە كۈن «زېرىكىشكە چولا يوق» ئۆتتى دېگەن بىلەن، ئۇ چاغدا كامېردىكىلەرنىڭ ھەممىسى، جىق بولسا بىرەر ھەپتە ياتارسەن، دېگەن. تۇرسۇنمۇ ئالتە - يەتتە كۈن قورقۇنچلۇق بىر كىنونى ياكى ناھايىتى ئۇزۇن قىسملىق سۈرلۈك بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى كۆرۈپ ئۆتكۈزۈۋەتكەندەك ئۆتۈپ كېتەر دەپ ئويلىغان، لېكىن بۇ كۈنلەر تولغاندا، ئۇنىڭغا يەنە شۇنداق كۈندىن سەكسەن ئۈچنى ئۆتكۈزىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئاشۇ يەتتە كۈننىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا ئاسان ئۆتكەنمۇ، ئەمدى ئاشۇنداق كۈندىن يەنە بىر تالاينى ئۆتكۈزۈش... بۇنى ئويلىغاندا تۇرسۇننىڭ بېشى پىرىرىدە قايدى.

ئۇ ھېچ بولمىغاندا مۇشۇ كامېردىن چىقىپ، ئاۋۇ زال سۇپۇرۇپ يۈرگەن مەھبۇستەك بولسىمۇ سەل ئازادىلىككە چىقىشنى خالايتتى. ناگان ـ ناگاندا كامېرنىڭ دېرىزىسىگە كېلىپ قونغان بىر قۇشقاچمۇ ئۇنىڭغا ئۆزىدىن جىق بەختلىكتەك بىلىنەتتى. «ھەي، — دەيتتى كۆڭلىدە پىغان چېكىپ، — نېمىشقىمۇ ئادەم بولۇپ يارىلىپ قالغاندىمەن، ئادەملىك ھايات، ماڭا دەرد ـ ئەلەم، ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن بۆلەك نېمە ئېلىپ كەلدى؟! ئاشۇ قۇشقاچ جېنىدا يەيدىغىنىنى ئۆزى تېپىپ يەپ، خالىغان يېرىگە بېرىپ، خالىغان يېرىگە قونالايدۇ. مەنچۇ، ئىشىكنىڭ پەنجىرىدىن كۈنىگە ئىككى قېتىم سۇنۇپ بېرىدىغان بىر موما بىلەن بىر قاچا سەيگە تەلمۈرۈپ، ئۇزۇنىسى ئۇن چامدام، كەڭلىكى بەش چامدام يەرنى كۈنىگە يۈزچە مېڭىپ، تولا كۆرۈپ كۆز ئالدىمدا ھەيكەلدەك بولۇپ قالغان مۇشۇ تۆت كىشى بىلەن بىللە ئۆتۈشكە مەجبۇر. ئادەم بولغۇچە شۇ قۇشقاچ بولۇپ كەتسەم بولماسمىدى.»

— خېلى خوپ سەمرىپتۇ، — بارى ئاكىنىڭ سۆزى دېرىزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ قالغان تۇرسۇننىڭ خىيالىنى بۇزۇۋەتتى، — سەن قاراۋاتقان قۇشقاچنى دەيمەن. ئەگەر بۇ يىل يازدا باللارنىڭ رەگەتكىسىدىن ئامان قالسىلا، قىشتا بىرىنىڭ كانىيىغا ئۇرۇلۇپ كېتىشى تۇرغان گەپ.

— نېمە، مۇشۇ قۇشقاچنىمۇ ئادەم يەمدۇ؟ — سورىدى تۇرسۇن ھەيرانلىق بىلەن.

— ئادەم نېمىنى يېمەيدۇ، ئۇكا. كەچ كۈز كىرىشى بىلەنلا بەلگە قۇۋۋەت يىغىش كويىغا چۈشۈپ قالغانلار ئۇنىمۇ ئامان قويمايدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، قۇشقاچ گۆشى ئەرلىككە ناھايىتى قۇۋۋەت قىلارمىش. ھەي، بۇ جاھان مۇشۇنداق جاھان، كۈچلۈك ئاجىزنى بوزەك قىلىدىغان! يەم قىلىدىغان!

قاناتلىقلارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

تۇرسۇن جىممىدە بولۇپ قالدى. دېمەك قايغۇسىز مەخلۇق يوقكەن ـ دە!

ــ بارىكا، ــ دېدى ئۇ، ــ سىز بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كىرىپ قالدىڭىز؟

ــ مەنما؟ ــ بارى ئاكا كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن بىر خىل ئەلەم ۋە زەردىگۈشلۈك چاچراپ تۇراتتى، ــ مېنى نېمە قىلىپ كىرىپ قالدىڭ دەۋاتامسەن!؟ مەن قالتىس ئىش بىلەن كىرىپ قالغان بۇ يەرگە، ئۇكا، قالتىس ئىش بىلەن! قانداق، ھەقىقەتەن ئاڭلىغۇڭ بارمۇ؟

تۇرسۇن بېشىنى لىڭشىتتى.

ــ ئۇنداق بولسا، ساڭا دەپ بېرەي، كۆڭلۈمدە ئويلاۋاتقانلىرىم بەك جىق. ئۇچ ئاي بولدى، بىرەر ھوش ـ كاللىسى بار ئادەم كىرىپ قالسا، ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىنى بىر قالدۇرۇپ كەتسەم، باشقا ئىنسانلار خەۋەر تاپالمىغاندىمۇ، بالىلىرىمغا بولسىمۇ يەتكۈزۈپ قويار دېگەن ئۈمىدتە ئىدىم. خۇدا، ماڭا سېنى يەتكۈزگەن ئوخشايدۇ. مەن ساڭا دەپ بېرەي، ئۇكام، كاللاڭنىڭ بىر يېرىگە سىلىپ قوي، بالىلىرىم چوڭ بولغاندا، سەنچىلىك بولغاندا ئۇلارغا، داداڭلار مۇشۇنداق دېگەنىدى، داداڭلار مېنى دورىماڭلار دېگەنىدى، دەپ قويارسەن. مېنىڭ سەندىن كۈتىدىغىنىم، ئىلتىماس قىلىدىغىنىم شۇ.

# توققۇزىنچى باب

— مېنىڭ خوتۇنۇم ناھايىتى چىرايلىق ئىدى، ئۇكا، — بارى ئاكا تۇرسۇننىڭ چېكىتتەك قادىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ سۆزىنى باشلىدى، — قىز ۋاقتىدىمۇ بەك چىرايلىق ئىدى، شۇڭا كۆيۈپ - پىشىپ، ئارىغا نۇرغۇن كىشى قويۇپ، ئاخىر ئەمرىمگە ئالغانىدىم. لېكىن، نەدىن بىلەي، خوتۇن كىشىنىڭ قەلبىنى ئىلكىڭگە ئالالمىساڭ، ئۆزىنى ئەمرىڭگە ئالغىنىڭ بىكار ئىكەن. مەن بۇنى شۇ چاغدا چوڭقۇر ھېس قىلماپتىكەنمەن، ئۇكام، گەپلىرىم سەل چېچىلىپ كېتىپ بارىدۇ، مەنمۇ ئوقۇغان، جىق ئوقۇمىسامۇ ئونىنچى سىنىپقىچە ئوقۇغان، كېيىن نېمە بولدى — ھېلىقى مەدەنىيەت ئىنقىلابى دېگەن لەنىتى ئىنقىلاب بولدى، ئوقۇشلارمۇ سۇغا چىلاشتى. باشقا باللاردەك يېزىغا بېرىشنى مەن خالىمىدىم. يىگىتچىلىك ئىكەن، ئاتا - ئاناڭنىڭ تېپىپ بەرگىنىنى يەپ بىكار ئولتۇرساڭمۇ بولمايدىكەن، ئوقەتنىڭ يولىغا كىردىم. ئۇنى - بۇنى ئېلىپ - سېتىپ باقتىم، ئۇ چاغلاردا نېمىنى ساتقىلى قويىدۇ دەيسەن، شۇڭا ئاشلىق بېلىتى، رەخت بېلىتى، گۆش بېلىتى دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ - ساتىدىغان گەپ، بۇمۇ يەڭ ئىچىدە بولىدۇ. بازار باشقۇرۇش، ساقچى دېگەنلەرگە بەش - ئالتە رەت تۇتۇلغاندىن كېيىن ئۇ ئىشتىنمۇ رايىم ياندى. ئاخىر پوكانچىلىك قىلدىم. كېچە سائەت ئوندا قۇشخانىغا بارىمەن، قوي بولسا قوي، كالا بولسا كالا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بوغـۇزلايمەن، كـىچىك مالـغا بەش مو، چـوڭـغا ئـىككى كـوي بېرىدۇ. بىر كېچىدە قويدىن ئۇنى ياكى كالىدىن ئۈچ - تۆتنى سويۇپ تاراشلايمەن، شۇنىڭ بىلەن بەش، ئون كوي پۇل چۆنتەككە كىرىدۇ، كېچىلىرى ئۇخلىماي قىلغان شۇ ئەجرىمنىڭ ھېسابىغا بىرنەچچە يىلدىن كېيىن خېلى خوپ بېيىپ قالدىم. ئارزۇگۈلنى — خوتۇنۇمنىڭ ئىسمى ئارزۇگۈل — ئېلىش نىيىتىگىمۇ شۇ چاغدا كەلدىم. قىزلىق ئۆي خان كۆۋرۈكى دېگەندەك، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئارزۇگۈلنى سورىتىپ كىرىۋاتقان كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. ئارزۇگۈل ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىپتۇ، مېنىمۇ ئوخشاشلا رەت قىلدى. لېكىن، مەن بوي بەرمىدىم. ئاتا - ئانىسىمۇ تولا ئەلچى قايتۇرۇپ زېرىككەن چېغى، ئاخىر ماڭا كەلگەندە ئۇلارمۇ چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ بىر يىل دېگەندە مىڭ بالالىقتا توي خېتى ئالدىم. خەت ئېلىشقا ئۇ بارمىدى، بىر نەۋرە ھەدىسى بار ئىكەن، ئاتا - ئانىسى شۇنى ئەۋەتتى، كۆپ چاغلاردا ئىش دېگەن پۇل بىلەن توغرىلىنىپ كېتىدىكەن، ئۇكا. قىز يىغلىدى، كۆچۈرۈپ ماڭغاندا يىغلىغىنىنى قىزنىڭ يارىشىقى دەپتىمەن، كەچتە يىغلىغىنىنى نازى دەپتىمەن، ئەتىسى - ئۆگۈنى يىغلىسا ئاتا - ئانىسىنى سېغىنغان چېغى دەپتىمەن. لېكىن، ئۇنىڭ يىغىسى خېلى كۈنلەرگىچە توختىمىدى. ئالداپ باقتىم، باشلىرىنى سىلاپ باقتىم، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ باقتىم، بولمىدى. ئاخىر ۋارقىرىدىم، قورقاتتىم، ئىتتىرىۋەتكەن چاغلىرىممۇ بولدى، خەيرىيەت، ئۇ يىغىمۇ توختىدى. لېكىن، يات - يات ئۇنىڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنغانلىقىنى ئاڭلاپ قالاتتىم، ئەمدى ئويلىسام، ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالىنىڭ — مېنىڭ بالامنىڭ تىنىقى ئىكەن ئۇ. شۇ تىنىق كېيىن بىزنى خېلىلا يېقىنلاشتۇردى. تۇنجى بالام تۇغۇلدى. كېيىن

ئىككىنچى بالاممۇ تۇغۇلدى. ئەمدى مەن ئۆيگە كىرسەم ئۆزۈمنى مازارغا ئەمەس، بازارغا كىرگەندەك ھېس قىلىدىغان بولدۇم.

كېيىن بىر كۈنى تۇيۇقسىز بىر ئىش بولدى، خوتۇنۇم ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپتىكەن، بىرنەرسىنى ئىزدەپ ساندۇق ئاختۇرۇشقا توغرا كەلدى ـــ ئۇ نەرسىنىمۇ تاپتىم، لېكىن قولۇمغا بىر خاتىرە چىقىپ قالدى. ئۆزۈمچە قىزىقىپ خاتىرىنى ئېچىپتىمەن. قارىسام ساپلا شېئىر ئىكەن. شېئىر بولغاندىمۇ مۇھەببەت شېئىرلىرى ئىكەن. مەن ئۇ قول يازمىغا قاراپ، بۇ كىمنىڭ خاتىرىسىدۇ دەپ ئويلىنىپ قالدىم. كۆچۈرۈۋالغانمىكىن دېسەم، خوتۇنۇمنىڭ پوچىركىسىغا ئوخشمايتتى. ئۇ سولياۋ تاشلىق خاتىرە ئىكەن. تۇساتتىن قولۇمغا خاتىرىنىڭ ئىچ مۇقاۋىسى كىرگۈزۈلگەن جايدىن قاتتىق بىرنېمە ئۇرۇنغاندەك قىلدى، ئۇ يەرنى ئېچىۋىدىم، بىر پارچە سۈرەت چىقتى، ئۇ بىر يىگىتنىڭ سۈرىتى ئىكەن. لەنتى خېلى كېلىشكەن بىرنېمىكەن. سۈرەتنىڭ كەينىگە قارىسام، ھەي، نېمە خەتلەر تۇرۇپتۇ دېمەمسەن: «سۆيۈملۈكۈم ئارزۇگۈلگە: مەڭگۈلۈك يادنامە !» دەپ يېزىپتۇ. يىلىغا قارىسام، ئون يىل بۇرۇنقى خەتلەر ئىكەن. ھەي، يۈرگەن يىگىتىنىڭ ئىكەن ـ دە، نېمىشقا ھېچكىمگە تەگكىلى ئۇنىمىغانكىن دېسەم، بۇ ئىشى بار ئىكەن ئەمەسمۇ، دېدىم. بۇ سۈرەتنى، خاتىرىنى يوقاتمىغانغا قارىغاندا، ئۇنى ئۇنتۇمىغان، لېكىن ئۇنىڭغا نېمىشقا تەگمىگەن بولغىيدى؟ كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى. گۇمانلا ئەمەس، ناھايىتى چوڭ كۈنداشلىق ئوتىمۇ چۈشتى. پۇچىلاندىم، قىينالدىم، ئاخىر بۇ مەسىلىنى چوقۇم يەشمىسەم بولمايدۇ دېگەن يەرگە كەلدىم. لېكىن، يۈزىدىن ـ يۈزىگە سوراش قىيىن ئىكەن. راست گەپنى قىلاي، ئۇكا. مەن

www.uyghurkitap.com

ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتىم. دەسلەپتە ئۇ مېنى ئانچە ياخشى كۆرمىگەندەك قىلغان بىلەن، كېيىن ياخشى كۆرگەنىدى. ئىككى بالىلىق بولغاندىن كېيىن تۇرمۇشىمىز گۈلدەك بولۇپ كەتكەن، قۇشخانىدىن ئەتىگەندە قايتىپ كېلىمەن، ئۇ مېنى كۈلۈپ قارشى ئالىدۇ. ئىسسىق سۇ تەييار، يۈز - كۆزلىرىمنى يۇيىمەن، ئارىدا بوتىلاقلار ئويغىنىدۇ، يۈز - كۆزلىرىدىن سۆيىمەن، بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىمىز. ئۇكا، مۇشۇ كۈنلىرىمىز بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقە، نېمىدېگەن بەختلىك كۈنلەر ئىدى ئۇ، ھەي، ئۆزگىمۇ قىلدى، ماڭىمۇ قىلدى، بالىلارغىمۇ قىلدۇق، راست، شۇ بالىلارغا بەك ئۇۋال بولدى. ئەمدى ئۇلار كىمنى ئاتا دەيدۇ، كىمنى دادا دەيدۇ، ئۇلارنىڭ بېشىنى ئەمدى كىم سىلايدۇ! — بارى ئاكا كۆزىگە غىلىلدە ياش ئالدى - دە، بېشىغا مۇشتلاپ ۋارقىراپ كەتتى، — ھەي، مەن قاپاقباش، ئىتنى ئەمگەن ساراڭ، نېمىشقىمۇ ئۆزۈمگە ھاي بېرەلمىدىم، مەن نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىپ قويدۇم. جېنىم بالىلىرىم، ئەمدى سىلەر قانداق قىلارسىلەر، دادا دېگەننىڭ ئاغزىغا، ئانا دېگەننىڭ ئاغزىغا قاراپ، يېتىم قوزىدەك بىر بۇلۇڭدا بويۇن قىسىپ يۈرەرسىلەرمۇ. جېنىم بالىلىرىم... — ئۇ ئۆپكىلەپ سۆزىدىن توختاپ قالدى.

تۇرسۇن ۋە باشقا ئۈچەيلەن بارى ئاكىنىڭ ئاغزىغا قاراپ قېتىپ قېلىشقانىدى. ئۇنىڭ ئېسەدەشلىرىدىن جىمجىت كامىر ناھايىتى ئېچىنىشلىق مۇڭ قوينىغا چۆمدى. چوڭ ئادەم، بولۇپمۇ چوڭ ئەر كىشى يىغلىسا ئاجايىپ بولىدىكەن. ئۆز ۋاقتىدا قىزلارنىڭ كۆز ياشلىرىنى تولا كۆرۈپ ھەم ئۆزىمۇ جىق يىغلاپ كۆنۈپ قالغان تۇرسۇنغا بۇ يىغا بەكمۇ دەھشەتلىك، بەكمۇ ئېچىنىشلىق بىلىندى، يۈرىكىمۇ ۋىژژىدە ئېچىشتى. «ھەي، بۇ ئاكىمىزنىڭ دەردىمۇ يېتىپ - ئاشقۇچە

بار ئىكەن - دە، — دېدى ئۇ كۆڭلىدە، — بۇ يىغىغا چىدىماي ھەتتا تاغمۇ يىمىرىلىپ كېتىدۇ، لېكىن بۇ تاملار... تاملار...». ئۇ بارى ئاكىسىنىڭ ھەسرىتىنى يەنە ئۆزىنىڭكىدەك ئەركىنلىكىنى سېغىنىش نۇقتىسىدىن چۈشەنگەنىدى. ھالبۇكى، ئىش ئۇنداق بولماي چىقتى.

بارى ئاكا ئۆزىنى تۇختىتىۋېلىپ، كۆز ياشلىرىنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئېرتىۋەتتى - دە، ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇنداق، بەختلىك ئۆتتۇق، مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىشنى خالىمايتتىم، نۇرغۇن ئىشلاردا رايىغا باراتتىم. لېكىن، ھېلىقى كۈندىن كېيىن، ھېلىقى خاتىرە، ھېلىقى سۈرەت يۈرىكىمنى قۇرتتەك غاجىلاپ ئارام بەرمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمە ئارزۇسى باردۇ، نېمە پىلانى باردۇ، نېمە ھېساباتى باردۇ دەپلا ئويلايتتىم. ئادەم ئىچىدە نېمە باردۇ دەپ غاچچىدە يېرىپ كۆرۈپ باققىلى بولىدىغان قوي ئەمەس ئىكەن، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى كۆزلىرىدىن، سۆزلىرىدىن، ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن بىلىشكە تىرىشىدىكەنسەن. لېكىن، بۇ مەسىلە تېپىشلىمىگەندىن كېيىن سەن ئۇنىڭ سىرتىدىن قاراپ ھېچنېمە بىلەلمەيدىكەنسەن. ئاخىر ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ بىر كۈنى ئاۋايلاپ گەپ ئاچتىم: «ئارزۇگۈل، — دېدىم ئۇنىڭغا، — سەن بۇرۇن قىز چاغلىرىڭدا بىرەرى بىلەن يۈرۈپ باققانمىدىڭ؟» ئۇ ماڭا لەپپىدە قارىدى. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ شۇ قاراشلىرىنى چۈشەنمەپتىكەنمەن. ئەمدى ئويلاپ باقسام، ئۇ: «ئۇلارنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟» دېگەن گەپنى كۆزلىرىدە دەپتىكەن. ئايال كىشى ئېرىگە قىز ۋاقتىدا يۈرگەن، ياخشى كۆرگەن كىشىسىنى دەپ بېرىش كېرەكمۇ، ياق، ئەقىللىك ئايال دەپ بەرمەيدۇ. ئۇ راستىنى دېسە ئەرنىڭ يورۇق كۆڭلىگە قارا

كۆلەڭگە چۈشمەمدۇ. ئۇ: «ياق!» دەپ جاۋاب بەردى. لېكىن، ئۇنىڭ يالغان گېپى مېنىڭ كۆڭلۈمگە تېخىمۇ گۇمان چۈشۈردى. ھەي، بىز ئەر خەق ئاجايىپ ئىكەنمىز. ئاياللىرىمىز قىز ۋاقتىدا يۈرگەن يىگىتلىرى توغرىسىدا راست گېپىنى قىلسىمۇ كۆڭلىمىز خىرە بولىدىكەن، يالغان گەپ قىلسىمۇ كۆڭلىمىز خىرە بولىدىكەن. بىز ئۇلارنىڭ قىز ۋاقتىدىمۇ ئىنتايىن پاك، چاڭ يۇقمىغان بولۇشىنى خالايدىكەنمىز. لېكىن، ئۆزىمىزگە كەلگەندە چاتىقىمىز يوق، بىز قانچە جىقى بىلەن يۈرگەن بولساق شۇنچە نوچى، مۇھەببەت ھەققىدىكى قانداقتۇر پاكلىق بىزگە ئەمەس، ئاياللارغىلا خاس؛ ئۇنىڭ چەكلىمىسىگە پەقەت ئاياللارلا ئۇچراشقا تېگىشلىك — مانا بىزنىڭ كۆزقارىشىمىز مۇشۇنداق.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ يالغان ئېيتتى. مەن كۆڭلۈمدە نارازى بولدۇم، بۇ نارازىلىقىم تېشىمغىمۇ سەل تېپىپ چىقتى، «ھىم» دەپ دىمىقىمدا كۈلۈپ قويدۇم. لېكىن ئۇ ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويغاندىن باشقا، لام ـ جىم دېمىدى.

كۆڭۈلچەكلىكمۇ يامان ئىكەن، بەكمۇ ئىنچىكىلىك قىلىپ كەتمەي شۇ چاغدىلا سوراپ ئۇ ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋەتسەم بوپتىكەن. لېكىن، مەن ئۇ ئىشنى پىلىسىراتتىن ئۆتىدىغان ئىشتەك بەكمۇ ئىنچىكە چاغلاپتىمەن. بەزىدە ئەر ـ خوتۇنچىلىق ئوتتۇرىسىدا قىلدەك ئىنچىكە ھەم نازۇك تۈيغۇمۇ بولۇپ قالىدىكەن، گويا ئۇ نەرسە بۇزۇلۇپ كەتسە، تۇرمۇشنىڭ پۈتۈن ئارامى بۇزۇلۇپ كېتىدىغاندەك، سەن باشقا، ئۇ باشقا بولۇپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىپ كېتىدىكەنسەن، تۇرمۇشتا ئۆزئارا يۈز ئېچىلغان بىلەن، ئېچىۋەتكىلى بولمايدىغان شۇنداق نازۇك سىرلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى، ئۇكا، سەنمۇ بىر كۈنى بىلىپ قالىسەن. لېكىن، ئەقىللىك بول، شۇنداق چاغلاردا

قانداق ئەقىل بولۇش كېرەكلىكىنى ئۆزۈممۇ دەپ بېرەلمەيمەن، لېكىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ماڭا پەرز.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن، ياق بىرەر ئايچە ئۆتۈپتۇ. مەن تېپىشماق ئويلاپ يۈردۈم، ئۇ ئادەتتىكىدەك ئۆز ئىشى بىلەن يۈردى. ئۇنىڭ بىر دوستى بولىدىغان — قىز ۋاقتىدا بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى، قايسىبىر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان ئايالغۇ دەيمەن، بىر كۈنى شۇ كەپتۇ. كېچىچە ئىشلىگەن ئىشنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىپ ئۇخلاپ ئويغانغان ۋاقتىم ئىدى. ئۇ كىرىپ ئارزۇگۈلنى سورىدى، مەن ئۇنىڭ چوڭ ئۆيگە كەتكەنلىكىنى ئېيتتىم. ئۇ: «ئىسكەندەر تۈرمىدىن چىقىپتىكەن، شۇنى يوقلاپ كېلەيلى دەپ كىرىۋىدىم» دېدى. مەن ئىسكەندەرنىڭ كىملىكىنى سورىدىم. ئۇ بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىمىز، دەپ، ئۇنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ناھەق قارىلىنىپ تۈرمىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئون يىل تۈرمىدە يېتىپ مانا ئەمدى يېنىپ چىققانلىقىنى ئېيتىپ بەردى ۋە ئاخىرىدا: «ئۇ قالتىس شائىر، بالا چېغىدىلا تونۇلغان» دەپ قوشۇپ قويدى. ئۇ ماڭا: «سىزمۇ بىللە بېرىڭ» دېۋىدى، مەن ئۇنىڭغا: «مەن بالىلارغا قاراپ تۇراي، بىرئازدىن كېيىن ئارزۇگۈل كەلسە قېشىڭىزغا بارسۇن، ئىككىڭلار بېرىپ كېلىڭلار» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چىقىپ كەتتى. مەن يالغۇز قېلىپ ئويلاندىم. توۋا، بىزنىڭ مۇشۇ ئەۋلادنىڭ بېشىغىمۇ ئاز كۈن چۈشمىدى، يىگىرمە يېشىدا تۈرمىگە كىرىپ كېتىپ ئون يىل ياتقان بولسا، جىق دەرد تارتىپتۇ. شائىر بولسا شۇ ۋاقىتتىكى شۇ ھۆكۈمەتنى ئەيىبلەپ بىرنېمە يازغان چېغى دەپ ئويلىدىم. لېكىن، «شائىر» دېگەن بۇ گەپ نېمىشقىدۇر كۆڭلۈمنى سەل خىرە قىلدى. ئۇكام، گەپلىرىمنى بەك سوزۇپ كەتتىم، خۇددى ساڭا ھېكايە ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولۇۋاتىدۇغۇ دەيمەن، تەخىر قىلىپ ئاڭلا، مەن ئىچىمدىكىنى بىر سۆزلىۋالاي، بىرىنى قويماي، ھېچنېمىنى ئەيقالماي سۆزلىۋالاي، بۇ مېنىڭ بۇ جاھان ئادەملىرىگە ئېيتىپ كەتكەن ئاخىرقى سۆزۈم بولۇپ قالار، مېنىڭ تېنىممۇ، روھىممۇ قارا يەرگە كۆمۈلىدۇ، كەلگۈسىدە مېنى ياد ئېتىدىغان ھېچكىم بولمايدۇ، بۇ دۇنيادا مېنىڭ مۇشۇنچىلىك سۆزلىرىم بولسىمۇ قالسۇن، بۇ سۆزلەرنىغۇ بەربىر ئۇنتۇپ كېتىسەن، لېكىن مېنىڭ ساڭا تاپىلايدىغانلىرىمنى ئۇنتۇما، ھېچبولمىغاندا ئىغىر كۈنلەردە بىللە بولغانلىقىنىڭ يۈز ـ خاتىرىسى بولسۇن، ئەگەر مەن ساڭا تاپىلىغانلارنى كەلگۈسىدە بالىلىرىمغا يەتكۈزمىسەڭ، بىز ئۇ دۇنيادا كۆرۈشۈۋالىمىز. ماڭا ۋەدە بەر، ئۇكام، ۋەدە بەر !

تۇرسۇن ئۇنىڭ ئاخىرىدا نېمە دېمەكچى بولغانلىقىدىن تېخى خەۋەرسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىغا، ئۇنىڭدىكى قەتئىيەتكە قاراپ، بۇ يەردە باش تارتقىلى بولمايدىغان قانداقتۇر بىر مەجبۇرىيەتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ئۇنىڭ تاپىلايدىغانلىرىنى چوقۇم يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— ھە، ئۇنداق بولسا، قۇلاق سال، ئۇكام، سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرىمەن. بايام نېمە دەۋاتاتتىم، ھە، شائىركەن دېگەن يەرگە كەلگەن، ھېلىقى خاتىرىنىڭ ئىگىسىمۇ شائىردەك قىلغان، شۇڭا «شائىر» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ نېمىشقىدۇر شۇ ئىش يەنە ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئارىدىن ھايال ئۆتمەي ئارزۇگۇل بالىلارنى ئېلىپ چوڭ ئۆيدىن قايتىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا ھېلىقى ئوقۇتقۇچى ئايالنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ: «ئىسكەندەر دېگەن بىر ساۋاقدىشىڭلار تۈرمىدىن چىقىپتىكەن. ئۆيىگە بىللە بېرىپ كەلسەك دەپ كەپتۇ» دېدىم. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ چىرايى باشقىچە بولۇپ كەتكەندەك قىلدى. مەن

ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلدىم، ئۇ كۆزلىرىنى ئەيقاچتى ۋە سەل دۇدۇقلاپ: «بىچارە، ئۇن يىل بولدى» دېدى. ساۋاقداشلىقنىڭ رىشتىسىمۇ چىڭ بولىدۇ، دېمىسىمۇ كىمنىڭ ئىچى ئاغرىمايدۇ، دېدىم كۆڭلۈمدە، مەن بىر ئامال قىلىپ كۆڭلۈمدىكى گۇماننى نېرى ئىتتىرىۋېتىشكە تىرىشتىم، ئاخىر: «بىرىپ يوقلاپ كەلگىن» دېدىم، ئۇ مېنىمۇ بىللە بېرىشقا قىستىدى. مەن ئۇنىمىدىم، ئۆزۈم تونۇمىغان كىشىنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا ئەزەلدىن خۇشۇم يوق ئىدى. بىز ئەرلەر شۇنداق كېلىمىز، خوتۇنلىرىمىزنىڭ تونۇش - بىلىشلىرى بىلەن زادىلا باردى - كەلدى قىلغۇمىز كەلمەيدۇ. ئاياللارمۇ ئۇنىڭغا كۆنۈك. ئۇلار توي قىلىپ بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتىدىن پۇتۇنلەي قول ئۈزۈپ، ئېرىنىڭكىنى ئاساس قىلغان يېڭى باردى - كەلدىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر، بىز مۇشۇ يەردىمۇ غوجايىن، مۇشۇنىڭدىمۇ ھۆكۈمران. ئەمدى ئويلايمەن، شۇ چاغدا ئايالىم بىلەن بىللە شۇ ئىسكەندەرنىڭكىگە بارغان بولسام، ئۇنىڭ بىلەن ئەسرالىشىپ سۆزلىشىپ باققان بولسام، بەلكىم بۇ پاجىئە يۈز بەرمىگەن بولاتتىمىكىن. ھەي، بىز بەندىلەر ئاجىزكەنمىز، دائىم ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنداق بولغان بولسىچۇ، بۇنداق بولغان بولسىچۇ، دەپ ئارمان قىلىدىكەنمىز، ياق ئارمان ئەمەس، پۇشايمان قىلىدىكەنمىز، لېكىن كېيىنكى پۇشايمان سۇنغان روھىڭنى تېخىمۇ باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىدىكەن.

ئاخىر ئۇ دوستىنى ئېلىپ ئىسكەندەرنىڭكىگە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. مەن باللىرىمنى ئويىنىتىپ قالدىم، كۆزلىرىم باللاردا، لېكىن خىيالىم باشقا يەردە. نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىغاندەك قىلىمەن، لېكىن زادى نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ، يۈرىكىمنىڭ

بىر يېرى ئېچىشىدۇ، نېمىگىدۇر بىرنېمىگە چىدىمايمەن، ھە دېسىلا ھېلىقى خاتىرە، ھېلىقى سۈرەت كۆز ئالدىمغا قارا بۇلۇتتەك كېلىۋالىدۇ، بېشىمنى سىلكىيمەن، ئارزۇگۈل ئاپتاپتەك كۈلۈپ ئالدىمدا پەيدا بولىدۇ، مەن خۇددى ئۆزۈمنى چىرايلىق سەھەردە چىمەندە يېتىپ ئۇنىڭ چىرايىنى، كۈلكىسىنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك سېزىمەن، لېكىن يەنە ھېلىقى قارا كۆلەڭگە ــ خاتىرە ۋە سۈرەت كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدۇ، مەن خۇددى يامغۇر ياغالماي تۇتۇلۇپ تۇرغان ئەتىياز كۈنلىرىدىكىدەك شۈركۈنىمەن. ھەي، نېمىسىنى دەيسەن، ئۇكا، ئىشقىلىپ شۇ ئىككى سائەت ئىچىدە ئويلىمىغانلىرىم قالمىدى. خەيرىيەت، ئارزۇگۈلمۇ قايتىپ كەلدى، كۆزلىرى سەل قىزىرىپ قاپتۇ، يىغلىغان چېغى. ئايال كىشى ـ دە، كۆڭلى بۇزۇلغاندۇ دېدىم. مەن يەنە ياخشىلىق تەرىپىنى ئويلىدىم. لېكىن، كېچىسى ئىش باشقىچە بولدى. ئۇ خېلىغىچە ئۇخلىيالمىدى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئۇھ تارتىدۇ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆرۈلىدۇ. ئۇ شۇنداق قىلغانسېرى مېنىڭمۇ ئۇيقۇم قېچىپ، ئاخىر چىدىماي: «نېمىشقا ئۇخلىمايسەن؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «بىچارە، تۈرمىدە كۆپ ئازاب چېكىپتۇ، ئۇنىڭ دەپ بەرگەنلىرى كاللامغا كىرىۋالدى» دېدى، ئاندىن ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ماڭا دەپ بەردى، ئۇنىڭ دەپ بەرگەنلىرى مانا بىز كۆرۈۋاتقاندەك كۈنلەر ئىكەن. ئاخىر، ئۇ ئاۋۋال ئۇخلىدىمۇ، يا مەن ئاۋۋال ئۇخلىدىممۇ، بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ، ئەتىسى سەھەردە تەڭ ئويغاندۇق. ئۇ كۈنى كەچتە قۇشخانىدىمۇ ئىش يوق، بىرنەچچە كۈن مال كەلمەيدىكەن، شۇڭا، دەم ئالىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. پوكانچىلىق دېگەن شۇ، مال كۆپ كېلىپ تۇرسا، ۋاش ـ ۋاش سويۇپ، باش تاتلىغۇدەك چولاڭمۇ بولمايدۇ، مال كەلمەي قالسا، كېرىلىپ، ئەسنەپ،

يىغقىنىڭنى يەپ ياتىدىغان ئىش. ئۇخلاۋەرسەڭ، ئۇيقۇمۇ تارتىلىدىغان گەپكەن. شۇ كۈندىن كېيىن مەن بىر ھەپتىچە ئارزۇگۈلنىڭ كېچىلىرى ئۇخلىيالماي يۇرگەنلىكىنى بايقاپ قالدىم. سورىسام، تاققا ـ تۇققۇ جاۋاب، لېكىن يۇرىكىم بىر نېمىنى تۇيۇپ تۇرىدۇ. يا ئۇنى ئۆزۈمدىن نېرى قىلالمايمەن، يا ئاغزىمدىن چىقىرالمايمەن. بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ئۆزۈمچە ئويغىنىپ كېتىپتىمەن. باللارمۇ، ئارزۇگۈلمۇ ئۇخلاۋېتىپتىكەن، تۇيۇقسىز ئارزۇگۈل سۆزلىگەندەك قىلدى، قارىسام جۆيلۈۋېتىپتۇ. «ئىسكەندەر، ئۇنداق قىلماڭ، ئىسكەندەر...» تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپ چىقىپ كېتىپ قالدى. يۇرىكىم جىغغىدە قىلدى، ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم، ئارزۇگۈل بولسا يېنىك پۇشۇلداپ يەنە ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنى ياقىسىدىن سىلكىپ ئويغاتقۇم كېلىپ كەتتى، ياقىسىنى سىلكىپ ئويغاتسام، ھازىر نېمە قىلدىڭ، ئىسكەندەر دېگىنىڭ سېنى نېمە قىلدى دەپ بىر سوراق قىلىپ باقسام، كاچاتلىرىغا ئۇرسام، چاچلىرىنى يۇلسام دەپ ئويلاپ كەتتىم. ئۇكا، ھەيران قالما. كۆڭۈل دېگەندىن ئاغرىنغىلى بولمايدۇ، ياخشى كۆرۈش دېگەن مۇشۇنداق بولىدىكەن، ئۇ چۈشىدە بىراۋنىڭ قىلىقسىزلىقىغا ئۇچرىسىمۇ چىدىمايدىكەنسەن.

مەن سەل سوروۇلۇپ ئۇنىڭ بېشىغا كەلدىم. قارىسام ئۇ ئانا قورسىقىدا ئۇخلاۋاتقاندەك تاتلىق ئۇخلاۋېتىپتۇ. قىرچىن تالدەك يېيىلىپ تۇرغان چاچلىرىنىڭ قارىلىقى ئۇنىڭ يۈزىنى كۆزۈمگە تېخىمۇ ئاپپاق كۆرسىتىۋەتتى. راست، ئايدەك دېسە، شۇنى ــــ شۇ ئارزۇگۈلۇمنى دېسە بولىدۇ. ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ، تۇرۇپلا ھېلىقى يامان نىيىتىمدىن ياندىم. چۈشقۇ، چۈش دېگەنگە نېمە كىرمەيدۇ، دېدىم ئىچىمدە.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇمۇ ئويغاندى. لېكىن، ئارزۇگۈل بەك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھارغىن تۇردى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن مەن كوچىغا ئانچە - مۇنچە ئوقەتنىڭ ئېپىنى قىلاي دەپ چىقىپ كەتتىم، يولدا قېيىنئانام ئۇچرىدى، ئامانلاشتۇق، ئۆينىڭ، بالىلارنىڭ پارىڭى بولدى. ئاندىن بىرنەچچە تونۇشلار بىلەن ئوقەت ھەققىدە نېرى - بېرى پاراڭلارنى قىلىشىپ، دېگەرگە يېقىن ئۆيگە يېنىپ كىردىم. كىرسەم ئارزۇگۈل ئىچكىرى ئۆيدە ئىكەن، مېنى كۆرۈپلا ئالدىراپ بىرنېمىنى سومكىغا سالغاندەك قىلدى، ئاندىن سەل دۇدۇقلاپ: «ئانام چاقىرتىپتىكەن، ئۆيگە بىر بېرىپ كېلەي» دېدى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل ھەيران قالدىم. بايام ئانىسى بىلەن كوچىدا ئۇچراشتىم، ئۇ بۇ گەپنى دېمىگەنىدىغۇ، ئەجەب... كۆڭلۈمگە بىر گۇمان چۈشتى. ئاغزىمدىن چىقارمىدىم. قېنى بۇگۈن بىر كۆرۈپ باقاي دېدىم كۆڭلۈمدە. شۇ ئوي بىلەن ئۇنىڭغا: «مەيلى بېرىپ كەل» دېدىم. ئۇ سومكىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، مەن دەرھال قوشنامنىڭ چوڭ بالىسىنى بالىلىرىم بىلەن ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇرۇشقا ئاچىقىپ قويۇپ، ئۇنىڭ كەينىگە چۈشتۈم. ئۇ قارا كۆرۈنەر - قارا كۆرۈنەر كېتىۋاتىدۇ، مەنمۇ چاندۇرماي - چاندۇرماي كېتىۋاتىمەن. چوڭ يولدىن ئۆتتى، لېكىن چوڭ ئۆي تەرەپكە بۇرالمىدى. گۇمانىم تېخىمۇ كۈچەيدى. شۇ تەرەپتە بىر ئۆستەڭ بولىدىغان. ئۇ شۇ ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ جىگدىلىك تەرەپكە ماڭدى. بۇ جىگدىلىكنى كىم بىلمەيدۇ دەيسەن، پۈتۈن ياشلار شۇ يەردە مۇھەببەتلىشىدۇ، بىزمۇ توي قىلغان دەسلەپكى ئايلاردا شۇ يەرگە بارغان، لېكىن ئارزۇگۈل ھە دېسە كۆڭلىنى بۇزۇپ، ئۇ يەرنىڭ پەيزىنى ماڭا كۆرسەتمىگەنىدى، ئارزۇگۈل دەل شۇ يەرگە، شۇ يەرگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ چاغدا يۈرىكىم شۇنداق ئېچىشتىكى، نېمىسىنى دەيسەن. مەن ئارزۇگۈلنى ئۆز ئارزۇيۇمنىڭ چېچەكلىگەن گۈلى

كۆرمىگەنمىدىم؛ مەن دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ پاك، ئۇنىڭدىنمۇ سەممىي ئايال زاتى بار دەپ ئويلىغانمىدىم. لېكىن، ئۇ شۇ تاپتا... مەن سەل ھوشيارلىنىپ جىگدىلىككە سەل نېرىراق بىر جايدىن كىردىم. مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويۇشتىن چۆچۈيتتىم، ئۇنى كۆرۈپ قېلىشتىنمۇ چۆچۈيتتىم. ئۇنى يالغۇز كۆرمەيدىغىنىم ئېنىق. چوقۇم يېنىدا بىرى بار. ئۇنى شۇ ھالەتتە كۆرۈش مېنىڭ پۈتۈن ئەقىدەمنىڭ بەربات بولغانلىقى بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ؛ پۈتۈن ئارامىمنىڭ، پۈتۈن تۇرمۇشۇمنىڭ، پۈتۈن ھاياتىمنىڭ تۈگىگەنلىكى بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ. «ھەي، خۇدا، — دەۋەتتىم كۆڭلۈمدە، — بىر مۆجىزە يۈز بەرسە، مۇشۇ جىگدىلىك مۇشۇ يەردىن غايىب بولۇپ كەتسە، مەن ئۇنى شۇ تاپتا ئۆزى دېگىنىمدەك چوڭ ئۆيدە كۆرسەم، خۇشاللىقتىن يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەرمۇ!» لېكىن ئىش ئۇنداق بولمىدى: مەن بىر تۈپ جىگدىنىڭ شاخلىرىنى قايرىپ ئۇنى كۆردۈم، ئۇنى بىرى بىلەن كۆردۈم، ئۇ ئوتتۇز قەدەمچە نېرىدا بىرى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇپتۇ. يىراقتىن قاراپ تۇرىۋېرىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى، يۈگۈرۈپ چىقىپلا ئۇلارغا ئېسىلىۋېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. قېنى ئاتلاپ باقاي، نېمە دېيىشىدىكىن، ئاتلاپ باقاي دېدىم. تۇيدۇرماي، پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۇلارغا خېلىلا يېقىنلاشتىم. دەرەخ تۈۋىدىكى قويۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر ماڭا ئوبدان دالدا بولدى.

«شۇنداق بولسۇن، ئىسكەندەر، — دەۋاتاتتى ئارزۇگۈل. مەن ئارزۇگۈلنىڭ گېپىنى شۇ يەردىن باشلاپ ئاڭلىدىم، — مەن يۈرىكىمنى قولۇمغا ئېلىپ ئالدىڭىزغا كەلدىم. بۇ گەپنى يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ ئېيتماي ئىچىمدە جىمىمدە يوق قىلىۋېتىشكە ۋىجدانىم يول قويمىدى.» ھە، ھېلىقى تۇرمىدىن چىققان لەنتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇ ئىكەن ـ دە، دېدىم ئىچىمدە. ۋىجدانى يول قويمىغۇدەك نېمە ئىش باردۇ، دەپ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ باقماقچى بولدۇم.

«مەن قارا يۈزلۈك قىلمىدىم، ساقلىدىم. ئىشىكىمىزگە كەلگەن نۇرغۇن لايىقلارنى قايتۇرۇۋەتتىم، لېكىن بولمىدى، بىز قىز بالا خەق نېمىلا دېگەن بىلەن ئاجىزكەنمىز، يىللار ئۆتىۋەرگەنسېرى خەق بىزنى ئولتۇرۇپ قالدى دېگىلى تۇرىدىكەن، ماڭىغۇ ئۇ گەپ بىر تىيىن، لېكىن ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئۇنىمايدىكەن، ئاخىر ئاتا ـ ئانامنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشقا توغرا كەلدى» ئارزۇگۇل سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە يىغلىۋەتتى. مەن سەل بىرنېمىنى چۈشەنگەندەك قىلدىم. ئارقىدىنلا ئۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ يەنە سۆزلىدى: «ئىسكەندەر، مەن قارا يۈزلۈك قىلمىدىم دېسەم بولمايدىكەن. مەن راست قارا يۈزلۈك قىلدىم. مەن ساقلىسام نېمە بولاتتى؟! مېنى ئاتا ـ ئانام ئۆيدىن قوغلاپ چىقىراتتىمۇ؟ قوغلاپ چىقارسىمۇ نېمە بولاتتى!؟ سىز شۇنچە ئازابلارنى چەكتىڭىز، مەن ھەرقانچە چەكسەممۇ شۇنچىلىك ئازاب چېكەتتىممۇ. سىز شۇنچە يىللار دەرد چېكىپ ئەمدى يورۇقلۇققا چىققاندا، بۇ ۋاپاسىزلىقنى كۆردىڭىز، بىلىمەن، مەن ئەسلىدىمۇ يارىلانغان يۈرىكىڭىزنى تېخىمۇ يارا قىلدىم. سىز مېنى تىللاڭ، مېنى قارغاڭ، مېنى ئۇرۇڭ، دەردىڭىزلا بوشايدىغان بولسا، شۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىڭ. سىزمۇ يېنىكلەڭ، مەنمۇ يېنىكلەي، ئاندىن مەندىن نەپرەتلىنىڭ، بىر ئۆمۈر نەپرەتلىنىپ ئۆتۈپ كېتىڭ. سىزنىڭ ماڭا قىلغان ئاخىرقى ياخشىلىقىڭىز شۇ بولۇپ قالسۇن. نېمىلا دېگەن بىلەن ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قاپتىمەن.» ئۇ سۆزلەۋېتىپ يەنە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. «ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قاپتىمەن.» ــ بۇ گەپنى ئاڭلاپ

ئىككى بالام مېنىڭمۇ كۆز ئالدىمغا كەلدى. مەنمۇ شۇ ئىككى بالىنىڭ دادىسى، بىزنى باغلاپ تۇرغان رىشتە شۇ! بولمىسا ياتباش بىر ئەر كىشىگە مۇنداق يىغلاپ يالۋۇرۇۋاتقان خوتۇننى شۇ يەردىلا بوغۇزلىۋەتمەمتىم. ھەي، بالا دېگەن ئاجايىپ نېمىكەن. گويا يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن ئىككى تال ئالما، يىپنىڭ بىر ئۇچىنى سەن چىشلەپ ئۇچىدىكەنسەن، يەنە بىر ئۇچىنى ئايالىڭ چىشلەپ ئۇچىدىكەن، ئەر - ئاياللىق رىشتى دېگەنمۇ ئاشۇ يىپ ئوخشايدۇ، بالىنىڭ رىشتى دېگەنمۇ ئاشۇ يىپ ئوخشايدۇ، يىپنى سەن ئۈزۈۋەتسەڭمۇ ئاشۇ ئالمىلار ئاسماندىن يەرگە چۈشىدىكەن، ئايالىڭ ئۈزۈۋەتسىمۇ ئوخشاشلا شۇ ئالمىلار ئاسماندىن بىراقلا يەرگە چۈشىدىكەن، سەن شۇنىڭغا چىدىمايدىكەنسەن، ئايال كىشىمۇ شۇنىڭغا چىدىمايدىكەن. شۇ تاپتا ئۇ ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، شۇ بالىلىرىغا چىدىمىدى، مەنمۇ شۇ بالىلىرىمغا چىدىمىدىم. ئاخىر يەنە شۇنى ئويلاپ ئۇلارنىڭ سۆزىنى چىداپ ئاڭلىدىم.

«ئىسكەندەر، — دەپ ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — نېمىشقا سۆزلىمەيسىز؟ سۆزلەڭ، ھېچ بولمىغاندا تىللاڭ، مۇنداق جىم تۇرۇۋالسىڭىز، يۈرىكىم سىقىلىپ كېتىدىكەن. سىز تۇرمىدىكى ۋاقىتلىرىڭىزدىمۇ مەن سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنى — يۈرىكىڭىزنىڭ چوڭقۇر - چوڭقۇر يەرلىرىدىن چىققان سۆزلىرىڭىزنى مۇنۇ خاتىرىدىن ئوقۇپ تۇردۇم» ئۇ سۆزلەۋېتىپ ھېلىقى خاتىرىنى، مەن ساندۇقتا كۆرگەن ھېلىقى خاتىرىنى سومكىسىدىن چىقاردى. ماڭا شۇ چاغدا ئىش ئايان بولدى. خاتىرىنىڭ ئىگىسى مۇشۇ ئىكەن - دە، دېدىم. ھېلىقى سۈرەت كۆز ئالدىمغا كەلدى، چىدىمىدىم، كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم. ئارزۇگۈلنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇردى: «خاتىرىنى ھەربىر ئوقۇسام، خۇددى

سىز يېنىمدا تۇرغاندەكلا ھېس قىلىمەن، سىزگە كۆڭلۈمدە بىر نېمىلەرنى دەيمەن، لېكىن سىز ئاڭلىمايسىز، بەش يىلغىچە سۈرىتىڭىزگە قاراپ كۆزلىرىمدە نۇر قالمىدى، بەش يىلغىچە يولىڭىزغا قاراپ بۇ كۆزلىرىم تېشىلگۈدەك بولدى. سىز كەلمىدىڭىز، سىز چىقمىدىڭىز. ئاخىر تۇرمۇش رېئاللىقى، رەھىمسىز تۇرمۇش غالىب كەلدى. مەن سىز شېئىرىڭىزدا يازغاندەك، راست، بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان گۈل ئىدىم، لېكىن قىسمەت مېنى سولاشتۇرۇۋەتتى، تەقدىر مېنى توزىتىۋەتتى. قانداق قىلاي، چېچەك توزۇسا ئۇرۇق تاشلايدىكەن، ئۇ ئۇرۇق ئەمدى خەقنىڭ ئېكىنزارىدا مايسا بولۇپ ئۆسۈۋاتىدۇ، ئۇ مەن سالغان مايسا. مەن ئۇ مايسىلارغا قەرزدار، مەن ئۇنى پەرۋىش قىلىشىم كېرەك، ئۇنى ئۆستۈرۈپ ۋايىغا يەتكۈزۈشۈم كېرەك. بۇ مېنىڭ ئانىلىق بۇرچۇم. سىزدىن يوشۇرمايمەن: تۇنجى بالام تۇغۇلغاندىن كېيىن، مەن سۈرىتىڭىزنى خاتىرىنىڭ كەينىگە تىقىۋەتتىم، خاتىرىنىمۇ ئۆتمۈشنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە ساندۇقۇمنىڭ تېگىگە سېلىۋەتتىم، مەن ئۇنى يوقىتىۋېتىشنى خالىمىدىم. چۈنكى، بۇ نەرسىلەر ساندۇقۇمنىڭ تېگىدىن يوقالغان تەقدىردىمۇ بەربىر يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قەۋەتلىرىدىن يوقالمايتتى. ئىسكەندەر، مەن بۇ ئامانىتىڭىزنى ئەمدى سىزگە تاپشۇراي، ئەمدى زامان يار بەردى، بۇ شېئىرلىرىڭىزنى ئېلان قىلىڭ، مېنى، مەندەك ۋاپاسىزلارنى سۆككەن شېئىرىڭىزنىمۇ قوشۇپ خەلقئالەمگە جاكارلاڭ، مەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى جازا شۇ... مەن ئەمدى سىزنى يوقاتتىم، ماڭا بىردىنبىر ئارام بېرىدىغان پەقەت شۇ ئىككى بالام!» ئۇ خاتىرىنى ئىسكەندەرگە تەڭلىدى، لېكىن ئىسكەندەر قولىنى تەڭلىمىدى. ھەي، شۇ چاغدا ئۇ خاتىرىنى ئېلىپلا كەتكەن بولسا، ئىش بەلكىم ئۇ دەرىجىگە يەتمەس ئىدى. ئۇ ئالمىدى،

ئالمىدىلا ئەمەس، بەلكى سۆزلىدى.

«ئاررۇگۇل، — دېدى ئۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ماڭا يىغلامسىراپ چىققاندەك بىلىندى، — خاتىرىنى ماڭا قايتۇرماڭ، سىزگە ئۇ يادنامە بولۇپ قالسۇن. ئۇنى ھەربىر كۆرگەندە مەن بەختسىزنى ئەسلەپ تۇرارسىز.»

«ياق، — دېدى ئاررۇگۇل، — مەن ئۇنى ئەمدى كۆرمەيمەن، ئەمدى يۈرىكىم چىدىمايدۇ. ئۆتمۈش سەھىپىلىرىنى ۋاراقلاش ھايات قىسمەتلىرىدىن غالىب كېلەلەيدىغان قۇدرەت ئىگىسىگە مەنسۇپ ئىش ئىكەن. ئىسكەندەر، سىز ئۆزىڭىزنى بەختسىز دېدىڭىز، ياق، سىز بەختسىز ئەمەس. سىز ھاياتقا ۋاپادارلىق بىلەن تۇرمىسىغا كىردىڭىز، يەنە شۇ ۋاپادار، پاك قىياپىتىڭىز بىلەن ئۇ يەردىن چىقتىڭىز. خەلق سىزنىڭ بۇ ۋاپادارلىقىڭىزنى ئۇلۇغلايدۇ، سىز چوقۇم مەندىن تۇمەن مىڭ ھەسسە ياخشى، مەن يەر بولسام، ئاسمانچە ئۇلۇغۋارلىقى بار بىر ئېسىل قىزنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولىسىز. بەختسىز دېسىڭىز مانا مەن بەختسىز.» ئاررۇگۇلنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى. ئەجەب، مەن ئۇنى خەقنىڭ ئالدىدا خار قىلمىسام، ھېچكىمدىن چىنىپ قالمىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويمىسام، ئۇنى شۇنداق ئەزىزلىسەم، ئۇ يەنە بەختسىزما؟ ئەجەبا، مەن ئۇنى بەختلىك قىلالمىدىمما؟ مەن شۇلارنى ئويلاپ بېشىمغا مۇشتلىدىم.

«ياق، — دېدى شۇ ئارىدا ئىسكەندەرمۇ سۆزگە كىرىشىپ، — سىزمۇ بەختسىز ئەمەس، مەن باياتىن بېرى ئاڭلىدىم، ماڭا بولغان ئەقىدىڭىزنى ئاڭلىدىم. ئىنسان ئۈچۈن چىن ئەقىدىنىڭ ئۆزى بەخت. دۇنيادا داغ تەگمەيدىغان ھېچ نەرسە يوق. ئەقىدىلا بولىدىكەن، ھەممە نېمە بولىدۇ. مەن ئۆزۈمنى بەختسىز دەپتىكەنمەن، ئەمدى ئويلىسام خاتا دەپتىمەن. مەن ئۆز ۋاقتىدا

www.uyghurkitap.com

ياخشى كۆرگەن، ئەڭ ئېغىر، ئازابلىق يىللاردىمۇ ماڭا غايىبانە جىسمى، ئۆچمەيدىغان روھى بىلەن ھاياتقا بولغان مۇھەببەت رىشتىمىنى چىڭ باغلاپ كەلگەن بىر قىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئالدىمغا كېلىپ يۈرىكىنى مۇشۇنداق چىن، سەممىي ئىزھارلىشى مەن ئۈچۈن بەختنىڭ بېشارىتى ئەمەسمۇ. ئارزۇگۈل، ھېلىغۇ سىز ئىككى بالىنىڭ ئانىسى ئىكەنسىز، ئون بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ كەتسىڭىزمۇ، قېرىپ چاچلىرىڭىز ئۆچتەك ئاقىرىپ كەتسىمۇ، ئىسسىق تىنىقىڭىزلا بولىدىكەن، ماڭا سىز يەنىلا شۇ ئارزۇگۈل، يەنە شۇ قىز ۋاقتىدىكى ئارزۇگۈل ! مەن سىزنى سۆيىمەن، مەڭگۈ سۆيىمەن. ئارزۇگۈل، مەن تۇرمىدە شۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئۆگەندىمكى، ئىنسان ئۆز بەختى ئۈچۈن چوقۇم كۈرەش قىلىشى كېرەك ئىكەن، ئىككىلىمىزنىڭ يۈرىكى بىر - بىرىگە شۇنچە ئايان تۇرۇپ، بىز نېمىشقا ئۆزىمىزنى شۇنچە قىينايمىز؟ نېمىشقا سىز ئۆزىڭىز خالىمىغان، سىزگە زورلاپ تېڭىلغان، ئۆزىڭىزنى قانچە زورلىسىڭىزمۇ ئۇستىخىنىڭىز چۈشمىگەن شۇ تۇرمۇشتىن شۇنچە زورۇقۇپ، ساختا تەسەللى ئىزدەيسىز؟ سىز نېمىشقا ئۆزىڭىزنى ئەركىسىز، بەختسىز تۇرمۇش قاينىمىغا غەرق قىلىۋېتىشنى خالايسىز؟ ئىرادىلىك بولۇڭ، ئارزۇگۈل، جۈرئەتلىك بولۇڭ ! ئەنئەنىۋى چۈشەك ئىچىدىكى قۇرت - قۇمرۇسقىلارنىڭ چىرىلداشلىرى بىزگە بىر تىيىن. بىزگە ھاياتنىڭ ھەقىقىي، پاك، ھالال، گۈزەل كۈيى كېرەك. بۇ كۈي چىن مۇھەببەت ئاساسىدىلا ياڭرىيالايدۇ؛ بۇ كۈي ئاخىرقى ھېسابتا ئىنسانىنىڭ — ھايات ماھىيىتىنى چۈشەنگەن ھەممە ئىنسانىنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالالايدۇ، ئۇلار ئاخىر بىزنى چۈشىنىدۇ. ئارزۇگۈل، سىز مېنى بەختسىز قىلماڭ، ئۆزىڭىزنىمۇ بەختسىز قىلماڭ».

ئۇ سۆزلەۋېتىپ يىغلىۋەتتى بولغاي، يۈزىنى ئالقىنى بىلەن ئېتىۋاپتۇ. ئارزۇگۈل — مېنىڭ ئايالىم — ئۇ ئۇنىڭ ئالدىغا يېقىن كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ قولىنى تارتتى. ھەي...

بارى ئاكا سۆزىدىن توختاپ ئالقىنى بىلەن كۆزىنى ئېتىۋالدى. كامېردىكىلەر جىممىدە تۇرۇپ قالدى. ئارىدا شۇنداق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردىكى، بارى ئاكىنىڭ يىغىسىنى ئىچىگە يۇتقان ئاۋازىمۇ شۇنداق قاتتىق ئاڭلانغاندەك بولدى.

— شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ قولىنى تارتتى، ئىسكەندەر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا شۇنداق پىغان بىلەن قارىدى ـ دە، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى، ئارزۇگۈلمۇ ئۇنى قۇچاقلاپ كەتتى. چىدىمىدىم، پەقەت چىدىمىدىم، ئۆز ئايالىمنى خەقنىڭ قۇچىقىدا كۆرۈش سەن ئۈچۈن دوزاخ ئازابىدىنمۇ يامان بولىدىكەن، مېڭەم ۋاڭگىدە قىلغاندەك بولدى، كۆزلىرىم قاراڭغۇلاشتى، بۇنداق چاغدا كۆزۈڭگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىكەن، يېنىمدىكى پىچاقنى ئاپتىمەن، ئۇدۇل شۇ ئىسكەندەرنىڭ يۈرىكىگە سېلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپتىمەن. مەن نەدىن بىلەي، بەك قوپال ھەرىكەت قىلغان بولسام كېرەك، «ۋاي !» دېگەن بىر چىرقىراش بىلەن ئارزۇگۈل ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالغانىكەن، كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي، پىچاقنى ئۇدۇل ئاپىرىپ شۇنىڭ يۈرىكىگە سېلىۋېتىپتىمەن، ئارزۇگۈلۈمنىڭ يۈرىكىگە سېلىۋېتىپتىمەن ! «بارى !...» دەپلا قالدى بىچارە، گۈپپىدە يەرگە يىقىلدى. مەن تۇرغان جايىمدا بۈتتەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. كۆزۈمگە كۆرۈنگىنى قان ! ئارزۇگۈل ! پىچاق ! مەن نېمە قىلىپ قويدۇم، نېمە قىلىپ قويدۇم؟ ! ئۆزۈمنى ئارزۇگۈلنىڭ — مەن ئۆز قولۇم بىلەن بوينىدىن ئۈزۈپ تاشلىغان شۇ چىرايلىق گۈلۈمنىڭ، ئەزىز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گۈلۈمنىڭ ئۈستىگە تاشلاپتىمەن، نىمىلەرنى دەپ يىغلىغانلىقىمنى، نىمىلەرنى دەپ پەرياد ئۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن، ئۇنى لەۋلىرىدىن سۆيدۈم، چاچلىرىدىن سىلىدىم، «ئارزۇگۈل ــ جېنىم خوتۇنۇم، كۆزۈڭنى ئاچ، كۆزۈڭنى ئاچساڭچۇ !» دەپ ۋارقىرىدىم. لېكىن، ئۇنىڭدىن زۇۋان كەلمىدى، كۆزلىرىمۇ ئېچىلمىدى ! بىر چاغدا ئېسىمنى يىغسام، ئىسكەندەرمۇ ئۇنىڭ بېشىدا يىغلاۋېتىپتۇ، ئۇمۇ ئارزۇگۈلنى چاقىردى، لېكىن ئۇ بىچارىدىن سادا كەلمىدى. مەن ئارزۇگۈلنىڭ جەسىتىدىن كۆزۈمنى ئېلىپ ئىسكەندەرگە قارىدىم، تۇيۇقسىز ئۆزۈمدە دەھشەتلىك بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى، ھەممىنى قىلغان مۇشۇ، ئەگەر مۇشۇ لەنىتى دۇنياغا يارالمىغان بولسا، ھېچ بولمىغاندا تۇرمىدىن چىقمىغان بولسا، مۇشۇ پاجىئە يۈز بېرەتتىمۇ؟ ئارزۇگۈلۈم قاراپ تۇرۇپ مۇشۇنداق ناھەق ئۆلۈپ كېتەتتىمۇ؟ مەن مۇشۇنداق بەتبەخت كۈنگە قالاتتىممۇ؟ دەپ ئويلىدىم، پىچاقنى ئۇنىڭ يۈرىكىدىن تارتىۋېلىپ ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپتىمەن، ئۇمۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە قورقۇشتىن ئەسەر يوق، مۇشتلىرى قاتتىق تۈگۈلگەن. «ھىم، ئەمدى مەن سېنى بەختلىك قىلىپ قوياي، سەن بۇنىڭ بىلەن ئۇ دۇنياغا بىللە بېرىپ ئارمىنىڭغا يەت !» دېدىم ـ دە، ئۇنىڭغا ئېتىلدىم. ئۇ چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋاپتىكەن، ئېتىلىپ بارغىنىمچە بىر كۆتەككە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتىمەن، بىر ۋاقىتتا قوللىرىم كەينىمگە قاتتىق قايرىلدى. روھىي جەھەتتە تۈگەشسەڭ، كۈچ جەھەتتىنمۇ، باشقا جەھەتتىنمۇ بىراقلا تۈگىشىدىكەنسەن. ئەمدى ئويلاپ باقسام شۇ ئارزۇگۈلۈم تۈگەشكەن چاغدا ئۆزۈممۇ تۈگىشىپ بوپتىكەنمەن، ئۇزۇل ـ كېسىل، تولۇق، پۈتۈنلەي تۈگىشىپ بوپتىكەنمەن...

# ئونىنچى باب

بارى ئاكا يەرگە قاراپ جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى. تۇرسۇن ئۇنىڭغا قاراپ ئېڭىكىنى تۇتقىنىچە قېتىپلا قالغانىدى، كۆزلىرىدە ياش مۆلدۈرلەيتتى، ئۇنىڭغا شۇ تاپتا پۈتكۈل دۇنيا قايغۇ ـ ئەلەم دۇنياسىدەك، ھەسرەت ـ پىغانسىز ھېچ يەر، ھېچ ئىنسان يوقتەك بىلىنىدى.

ئاھ، بىچارە كىشىلەر! ھەممىڭلار ـ ھەممىڭلار بەختسىز! ئارزۇگۈلمۇ بەختسىز! ئىسكەندەرمۇ بەختسىز! بارى ئاكىمۇ بەختسىز! مەنمۇ بەختسىز! ھەممىمىز بەختسىز! بەخت دېگەن زادى نېمىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئىنسان بۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا — ئۆزى ھەقىقىي نىيەت قىلغان، ھېچقانداق نىقابقا ئالمىغان، چىن ـ راست ئارزۇسىغا يېتەلمەيدىغاندۇ؟ ئۇرۇشىدىكەنمىز، تالىشىدىكەنمىز، تىرىشىدىكەنمىز، تىرمىشىدىكەنمىز، ئاخىر بىزنىڭ يېتىدىغىنىمىز — ئىنسانىنىڭ ئېرىشىدىغىنى مەئىشەت بولىدىكەن. ھالبۇكى، تۇرمۇش مەئىشەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن نازۇك، سىرلىق، مۇرەككەپ كۆڭۈلنىڭ بويۇنتۇرۇقىدا قىينىلىدىكەنمىز، ئازابلىنىدىكەنمىز. يېڭىدىن ـ يېڭى كوي، تىلەك، ئارمان بىزنى ھەر يولغا باشلايدىكەن، بۇ يوللاردا تەقدىرنىڭ جەلپكارلىقىمۇ بولىدىكەن، ساخاۋىتىمۇ بولىدىكەن، دەھشىتىمۇ بولىدىكەن. يىللىق كۈن نۇرىنىمۇ كۆرىدىكەنمىز، چوغدەك ئاپتاپتىمۇ كۆيىدىكەنمىز، بەزىدە غۇر ـ غۇر شامالدا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

راھەتلەنسەك، بەزىدە قارا بوراندا ئۆزىمىزگە دالدا تاپالماي قالىدىكەنمىز، گاھىدا چاڭقاپ سۇغا زار بولىدىكەنمىز، بەزىدە كەلكۈن ئىچىدە پەرياد سېلىپ ئاقىدىكەنمىز — تۇرمۇش مانا مۇشۇنداق نېمىكەن، بۇنى بىز ئۆزىمىزمۇ بىلىدىكەنمىز، لېكىن ھاياتتىن قىيالمايدىكەنمىز. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ ھاياتنىڭ بۇ تىلسىم سىرىنى كىم يېشەلەيدىغاندۇ؟!

«ئۇھ...» يۈرەكنىڭ ئىچ - ئىچىدىن ئۇزۇلمەي چىققان بىر چوڭقۇر خورسىنىش تۇرسۇننى خىيالدىن ئۆزىگە كەلتۈردى.

— تۇرسۇن! — دېدى بارى ئاكا يەنە بىر ئېغىر تىنىۋېتىپ، — مەن گېپىمنىڭ ئاخىرىنى، ياق، ساڭا دېمەكچى بولغان ئەسلىي سۆزۈمنى دەۋالاي. مانا، مەن بۇ يەرگە كىرىپ ياتقىلى ئالتە ئاي بولدى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن - نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدىم. بەلكىم بۇنىڭ كۆپى پۇشايماندۇ. لېكىن، پۇشايماندا ھەقىقەت كۆپ بولىدۇ. ئىنسان پەقەت پۇشايمان باسقۇچىدىلا، ئۆزىنى ئۆزى تارازىغا سالالايدۇ، ئۆزىنى ئۆزى تونۇيالايدۇ، ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلىيەلەيدۇ. بەلكىم خەقلەر بۇنى پۇشايمان دېمەس، لېكىن مەن شۇنداق دەيمەن! مەن پۇشايمان قىلدىم: مەن نېمە ئۈچۈن مېنى خالىمىغان بىر قىزنى ئەمرىمگە ئالدىم؟ خوش، مەن ئۇنى ئاپتىمەن، چۈنكى مېنىڭمۇ بۇ يەردە كۆڭلۈم بار. لېكىن، مەن ئۇنىڭ ھەقىقىي كۆڭلىنى، يۈرىكىنى چۈشەنگەن ۋاقتىمدا نېمە ئۈچۈن ھوشۇمنى تاپمىدىم؟ ئادەم نېمە ئۈچۈن بىرىنى ياخشى كۆرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن جۈپ بولىدۇ؟ ئۆزىنى، ئۇنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن ئەمەسمۇ! مەن ئۆزۈمنى بەختلىك ساناپتىمەن، لېكىن مەن ئۇنىڭ قانلىق يېشى بەدىلىگە بەختلىك ئىكەنمەن. بۇنى چۈشەنمەپتىكەنمەن، كېيىن ئۇنىڭ ئىسكەندەرگە ئېيتقان سۆزلىرىدىن چۈشەندىم. شۇ

ۋاقتىدا مەن نېمىشقا ئۇنى — چىن يۈرىكىمدە ياخشى كۆرگەن ئايالىمنى ھەقىقىي بەختلىك قىلىش يولىنى ئويلانمىدىم؟ ئۇ ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكى ھېسابىغا ساقلاپ قالماقچى بولغان ئائىلىنى مەن نېمىشقا بۇزۇۋېتىشكە پېتىنالمىدىم؟ توغرا، ئۇ چاغدا ئۇ بەختلىك بولاتتى، مەن بەختسىز بولاتتىم. لېكىن، مەن ۋىجدان ئازادلىكىنىڭ ھۇزۇرىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان بەختسىز بولاتتىم. ئۇ... ئۇ، ئىشىنىمەن، چوقۇم بالىلارنىڭ ھەسرىتىنى چېكەتتى، بالىلارغا ھەربىر قارىغاندا، بالىلارنىڭ دادا توغرىسىدىكى گەپلىرىنى ھەربىر ئاڭلىغاندا مېنى ياد ئېتەتتى، مېنىڭ مەردلىك قىلغانلىقىمنى ئويلايتتى، شۇ چاغدا ئۇ كۆزلىرىگە پۇشايمان ياشلىرىنى ئالمايتتىمۇ؟ ئۇنىڭ — ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن، سېنى تاشلىۋەتكەن بىر ئىنساننىڭ پۇشايمان ۋە سېغىنىش ئىسكەنجىسىدە چىقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى كۆرۈشتىنمۇ ئارتۇق بەخت بارمۇ بۇ دۇنيادا!

مەن ئەسلىي ئۇنى قويۇۋەتسەم بوپتىكەن، ئۇنىڭ ئىسكەندەر بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشىغا يول قويسام بوپتىكەن!

بۇنداق دېسەم، بەلكىم، سەندە غۇرۇر يوقمۇ دېيىشىڭ مۇمكىن. توغرا، ئىنساندا غۇرۇر بولۇشى كېرەك، لېكىن بۇ غۇرۇر ھەرگىزمۇ قارىغۇ غۇرۇر بولماسلىقى، ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى، ئۆزگىنىڭمۇ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى كۆرەلەيدىغان، چۈشىنەلەيدىغان غۇرۇر بولۇشى كېرەك! سېنى تۈپتىن ياخشى كۆرمەيدىغان بىر ئايالنىڭ يالغاندىن ساداقەت بىلدۈرۈپ قوينۇڭغا كىرىشى سېنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭنى دەپسەندە قىلغانلىق ئەمەسمۇ! سەن ياخشى كۆرسەڭمۇ، سېنى ياخشى كۆرمىگەن بىر ئايالنى زورلۇق چاڭگىلىدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۇنىڭمۇ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىق ئەمەسمۇ! بۇ يەردە غۇرۇر نېمىش قىلىدۇ؟! ئىنسانىي قەدىر ـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىممەتنى، ئىنساننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى كۆزدە تۇتمىغان غۇرۇر غۇرۇر ئەمەس! ئۇ پەسكەشلىك! ئۇ زوراۋانلىق! ئۇ مۇتتەھەملىك!...

بارى ئاكا ھاسىراپ كەتتى ۋە سەل تىنىۋالغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇ دۇنيادا خېلى كىشىلەر مۇشۇنداق غۇرۇر بىلەن ياشاۋاتىدۇ. ئۇلار شۇ غۇرۇر كۆز قارىشى بىلەن گۈزەل تۇرمۇشنى، پارلاق ھاياتلىقنى زۇلمەتكە، زىندانغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. مەن بالىلىرىمنىڭمۇ شۇ «غۇرۇر» بىلەن بولغىنىپ كېتىشىنى خالىمايمەن. مېنىڭ بۇ سۆزۈمنى چوقۇم ئۇلارغا يەتكۈزۈپ قويغىن: ئۇلار ئىنسان ئۈچۈن ياخشىلىق ئويلىسۇن، ياخشىلىق ھامان ياخشىلىق بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. ئۇلارمۇ دوست تۇتىدۇ، ئۇلارمۇ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولىدۇ، شۇ چاغدا ئۇلار قارشى تەرەپنىڭ رايى بىلەنمۇ ھېسابلاشسۇن. پەقەت، كۆڭۈلنىڭ رايى بولغاندىلا، پەقەت ئىككى يۈرەكنىڭ تەڭ سوقۇشى بولغاندىلا، ئاندىن قوشۇلغان ئىككى تەن بىر ـ بىرىگە ھەمنەپەس بولالايدۇ، ئاندىن ئىككى ئىنساندىن ھەقىقىي بىر ئائىلە بىنا بولالايدۇ.

مەن بىر قاسساپ، لېكىن ئوقۇغان قاسساپمەن. مەن مەكتەپ دەرسخانىسىدا ئازراق نەرسىلەرنى چۈشەنگەن، تۇرمۇش دەرسخانىسىغا چىققاندىن كېيىن يەنە بەزى نەرسىلەرنى چۈشەندىم. شۇنداقتىمۇ مەن ئاخىر قاسساپلىقىمنى قىلدىم: قوي ـ كالىلارنى بوغۇزلىغان شۇ پىچىقىمدا بۇ دۇنيانىڭ گۈلدەك چىرايلىق ئادىمىنى بوغۇزلاپ تاشلىدىم. تۇرمىمۇ ئاجايىپ چوڭ دەرسخانا ئىكەن. مەن بۇ يەردە بۇرۇن ئۆزۈم چۈشەنمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشەندىم. سەن بالىلىرىمغا چوقۇم ئېيتىپ قوي: ئۇلار ھەرگىز مېنى دورىمىسۇن.

ئۇلارنىڭ دادىسى ھاياتقا بولغان مۇھەببەت بىلەن تۇغۇلغانىدى، لېكىن ھاياتلىققا يەتكۈزگەن جىنايەت بىلەن ئۆلدى. ئۇلار ھاياتنى سۆيسۇن، مەڭگۈ، مەڭگۈ سۆيسۇن، ھاياتلىق دۇنياسىمۇ ئۇلارنى مەڭگۈلۈك سۆيۈشى بىلەن تارتۇقلايدۇ.

ئۇكام تۇرسۇن، مەن بىلىمەن، قانۇن مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ. شۇ چاغدا سىلەر مېنى ئوقتىن ئۆلدى دەپ قالماڭلار. مەن جازا ئىجرا قىلىنمايمۇ ھازىر پۈتۈنلەي ئۆلۈپ بولغان ئادەم. مېنى بىركىم ئۆلتۈرمەيدۇ، مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئۆلتۈرۈپ بولدۇم. دۇنيادا روھىي جەھەتتىن ئۆلۈشتىنمۇ دەھشەتلىك ئۆلۈم بولمايدىكەن. ئۇزۇن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن ئاغرىق سەكرات ئالدىدا بىر ئوڭشالغانىدەك بولىدىكەن، بەلكىم بايام دېگەنلىرىم ئۆلۈۋاتقان روھىمنىڭ ئاداققى تىنىق ئالدىدىكى بىر ئوڭشىلىشىدۇ. سېنىڭ قەلبىڭدە مېنىڭ روھىمنىڭ مۇشۇ ئاداققى كۆرۈنۈشىلا قالسۇن. بۇ سېنىمۇ، سىلەرنىمۇ، — ئۇ كامېردىكى باشقىلارغىمۇ ھەسرەت بىلەن بىر قارىۋەتتى، — نۇرغۇن سەۋەنلىكلەردىن، كېلىشمەسلىكلەردىن، بەختسىزلىكلەردىن ساقلاپ قالسا ئەجەب ئەمەس. قايسىبىر كۈنلىرى ئۆلگەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلارنى ياد ئېتىپ تۇپراق بېشىغا چىقىپ قالساڭلار، شۇ ئارزۇگۈلۈمنىڭمۇ قەبرىسىنى يوقلاپ قويارسىلەر. دۇئايىڭلاردا مېنى پۇشايمان قىلغانىدى، توۋا قىلغانىدى دېيىشنى ئۇنتۇماسسىلەر. بىچارە ئايال ئۇ دۇنياغا پاك روھى بىلەن كەتتى. ئۇ چوقۇم جەننەتتىن ئورۇن ئالىدۇ، مەن ۋەيلۇن دوزىخى بولۇپ كېتىمەن، دېمەك بىز ئۇ دۇنيادىمۇ ئۇچرىشالمايمىز. مەن ئۇ دۇنيادىمۇ يۈرىكىمدىكىنى ئېيتالمايمەن. ئۇكام تۇرسۇن، سەندىن خۇش بولاي، ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى بولاي. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن بىرىنچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ قىلىدىغىنىڭ — تۇپراق بېشىغا چىققىن، مېنىڭ شۇ بىچارەمنىڭ قەبرىسىنى تاپ. مانا ماۋۇ توپا، — ئۇ بۇلۇڭدىن بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ، پىچىرلاپ ئىچىدە بىر نېمە ئوقۇدى ـ دە، كۆزىگە، لەۋلىرىگە سۈرتۈۋېتىپ، ئاندىن قول ياغلىقىغا ئورىدى ۋە ئۇنى تۇرسۇننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ مېنىڭ ئىخلاس توپام. مەن ھازىرغىچە ئۇنىڭغا بولغان پۈتۈن ئىخلاسىمنى، جىمى ئەقىدەمنى، ھەممە مۇھەببىتىمنى مۇشۇ بىر سىقىم توپا بىلەن بىلدۈرەي، سەن بۇنى ئۇنىڭ قەبرىسىگە چېچىپ قويغىن، ئاندىن مەن ئۇچۇن تۇۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇ، ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن تۆكەپ كەتكەن شۇ بىچارەمنىڭ روھى ئۇنى ئاڭلىسا — مېنىڭ تۇۋا قىلغانلىقىمنى ئاڭلىسا چوقۇم خۇش بولىدۇ، چۈنكى ئۇ بەكمۇ ئەپۇچان، بەكمۇ باغرى يۇمشاق ئىنسان ئىدى... — ئۇنى يىغا تۇتتى، — بىچارەم... — ئۇ ئەمدى پەقەتلا سۆزلىيەلمەي ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ كەتتى.

تۇرسۇنمۇ ئۆزىنى تۇتتالمىدى. كامىرنى ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازى قاپلىدى. بۇ يىغىدا ئەركسىزلىك چۈشكىدىكى ئادەمنىڭ پىغانلىق نالىسىدىن كۆرە، ھاياتلىق سىرلىرى ئالدىدا گاڭگىراپ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان، قىسمەت دەھشىتى ئالدىدا يۈرىكى پۈچىلىنىپ ئۆزىنى نەگە قويۇشنى بىلمەي قالغان، ۋىجدان سوتى ئالدىدا تىزلىنىپ بېشىنى يەرگە قاتتىق ئۇرۇۋاتقان گۇناھكارنىڭ، ئاجىز گۇناھكار ئىنساننىڭ دادى ـ پەريادى كۆپرەك ئەكس ئېتىۋاتاتتى. بۇ ئەلەملىك يىغا ئىدى، نادامەتلىك يىغا ئىدى...

قاراڭغۇ چۈشتى. كامېردىكىلەر ھەممىسى ئۇيقۇغا كېتىشتى، پەقەت تۇرسۇنلا ئۇياقتىن ـ بۇياققا تولغىنىپ خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. شۇ كۈنى تۈن قاراڭغۇسى بولغاچقا،

كامىرنىڭ ئىچى بەكمۇ قاراڭغۇ بولۇپ كەتكەنىدى. تۇرسۇن بىردىنلا قايسىبىر چاغلاردا بارغان تۇرپاندىكى ئەسھابۇل ـ كەھف غارىنى ئەسلىدى. «تۇرمىمۇ بىر ئىبادەتگاھ ئىكەنغۇ، ـــ دېدى ئۇ كۆڭلىدە، ـــ مانا، بارى ئاكىنىڭمۇ روھى پاكلىنىپتۇ. ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش دېگەننىڭمۇ ھېكمىتى مۇشۇ بولسا كېرەك. ئىنساننى ئۆزىگە ھەقىقىي، چىن قىياپىتى بىلەن كۆرسىتەلەيدىغان ئەينەك ئەمەس ئىكەن، ئىنسان پەقەت يېگانە مۇھىتتىلا، تەنھالىقتىلا ئۆزىنى ھەقىقىي كۆرەلەيدىكەن، چۈشىنەلەيدىكەن. قېنى مەنمۇ ئۆزۈمنى دەڭسەپ باقاي: مەن كىم ئىدىم؟ كىم بولدۇم؟ كىم بولىمەن؟»

ئۇ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئەسلىدى. ئۇ ئەسلىمىلەر خۇددى يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا ئوخشايتتى، لېكىن ئۇنى ئاستا ـ ئاستا بۇلۇت قاپلىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ كىم بولغانلىقىنىمۇ ئەسلىدى. بۇ ئەسلىمىلەر بېلىق باغرى ئاتقان تاڭغا ئوخشايتتى، لېكىن ئۇنىمۇ بارا ـ بارا تۇمان قاپلىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ كىم بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ بېقىشقا تىرىشتى، لېكىن قانچە قىلسىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمىدى. ئۇنىڭ ھازىر بۇنى تەسەۋۋۇر قىلالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كىم بولۇشىنى ئۇنىڭدا قارا بورانلار بىلەن ئېلىشىپ ئۇچالايدىغان بۈركۈتنىڭ قانىتىغا ئوخشاش كۈچلۈك ئىرادىنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى بەلگىلەيتتى، ھالبۇكى ئۇنىڭدا بۇ ئىرادىنىڭ يېتىلىشىگە تېخى خېلى ئۇزاق ۋاقىت بار ئىدى. ئۇ بۇنى ئازراق چۈشىنەتتى، لېكىن تېخى ئۇزۇل ـ كېسىل، تولۇق چۈشەنمەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئون بىرىنچى باب

ھەرقانداق ئىغىر كۈنلەرنىڭمۇ چېكى بولىدۇ. تاڭ ئاتىدۇ، كەچ كىرىدۇ، يەنە تاڭ ئاتىدۇ، كەچ كىرىدۇ. شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە قانچىلىك قىينالساڭمۇ، قانچىلىك زېرىكسەڭمۇ ھامان ئۇ كۈن ئۆتىدۇ. بىر چاغدا قارىساڭ ھەپتە بولغان، يەنە بىر چاغدا قارىساڭ ئاي بولغان، شۇنداق قىلىپ خېلى كۈنلىرىڭنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالىسەن. لېكىن، بۇ چاغدا ئۆتۈپ كەتكەن ھەپتىلىرىڭ، ئايلىرىڭ بىر قارىساڭ ئەسىرگە تەڭدەك، يەنە بىر قارىساڭ بىرنەچچە كۈندەكلا بىلىنىدۇ. ئەسىرگە تەڭدەك بىلىنىپ كەتكىنى ھەربىر كۈنۈڭنىڭ تولىمۇ قىيىنىدا ئۆتكەنلىكىنىڭ يادنامىسى بولسا، بىرەر كۈندەكلا تۇيۇلغىنى قىيىن بولسىمۇ، لېكىن بىر خىلدا ئۆتكەن ھاياتنىڭ ئىنسان روھىغا ئەسلىگۈدەك ھېچبىر ئىز قالدۇرالمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك.

شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ تۇرسۇن بەزى كۈنلىرىنى خۇددى سىرلىق ئۆڭكۈرگە كىرىپ قېلىپ ئاجايىپ ـ غارايىپلارغا ھەيران قالغاندەك، بەزى كۈنلىرىنى قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپ قارا باسقاندەك، يەنە بەزى كۈنلىرىنى زېرىكىش تۇپەيلى دۇنيادىن، ھەتتا ئۆزىدىنمۇ بېزىپ دېگەندەك خىلمۇخىل روھىي ھالەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ ئاخىر ئۈچ ئاينى توشقۇزدى. لېكىن، بۇ چاغدا ياز تۈگەپ، كۈزمۇ يېرىمداپ قالغانىدى.

بۇگۈنكى كۈندە ئۇ پەرھات تاشچىنىڭ تاشلىقىدا ئىشلەۋا-

تىدۇ. ھازىر ئۇنىڭغا تۇرمىدە ئۆتكۈزگەن ئۈچ ئېيى ئۈچ كۈن-
دەكلا بىلىنىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇنتۇلۇپ كەتمەيدىغان جاپا -
مۇشەققەت بولمايدىكەن. بۇ بەلكىم ئىنسان روھىنىڭ ئالدىغىلا
ئىنتىلىدىغان خۇسۇسىيىتى تۈپەيلىدىندۇر، يا بولمىسا يېڭىلى-
نىپ تۇرىدىغان تۇرمۇش قايغۇسىنىڭ ئۆتكەن كۈنلەرنى چەك-
سىز زامان ئېقىمىغا چۆكتۈرۈۋېتىدىغانلىقىدىندۇر.

تۇرسۇن تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن كۈنى شانىياز ئۇستام
كېلىپ ئۇنى ئۆيىگە ئەكەتتى. بىرنەچچە كۈنلۈك ئارامدىن
كېيىن، ئۇ يەنە شانىياز ئۇستامنىڭ ئاشخانىسىغا ئىشقا
چۈشكەنىدى. لېكىن، ھېلىقى چاغدا ھەممە بالانى تېرىپ قويۇپ
ئۆز ئاغىنىلىرىنىڭ ھەم تۇرسۇننىڭ تۇرمىگە كىرىپ
كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان لۈكچەك — بەكرى نوچى پەيدا
بولۇپ قېلىپ، ئۇنى بۇ يەردىن يوقىلىسەن دەپ پاراكەندىچىلىك
سالغىلى تۇردى. ئۇنىڭ گېپىچە، ئۇنىڭ ئاغىنىلىرىنى نەچچە
يىللاپ كەستۈرۈۋەتكەن تۇرسۇن ئىمىش. لېكىن، ئەسلىدىمۇ بۇ
شەھەردە جىق ئەسكىلىكنى قىلىپ جىنايىتى زىخقا تولۇپ
قالغان ئۇ لۈكچەكلەرنىڭ قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىشى تەبىئىي
ئەھۋال ئىدىغۇ. بىچارە تۇرسۇندا نېمە گۇناھ! ھاقارەتكە
ئۇچراش بىر دەرد، ناھەق ئەيىبلىنىپ تۇرمىدە يېتىش يەنە بىر
دەرد، ئەمدى بۇ دەردنىمۇ كۆتۈرۈپ يۈرگۈلۈكمۇ! تۇرسۇن
بەكرى نوچى بىلەن بىر ھېسابلىشىپ باقماقچىمۇ بولدى،
لېكىن ئۇنىڭ شايكىلىرى بۇ ئەتراپتا خېلى يېتەرلىك ئىدى.
ئاپتاپ كۈچلۈك چۈشۈپ، قىشىچە قار - مۇز ئىسكەنجىسىدە
ياتقان يەر - زېمىننى خېلى قۇرۇتۇپ قويغان ئەتىياز
كۈنلىرىدىمۇ تەسكەي جايلاردا ئېرىمەي قېپقالىدىغان ئانچە -
مۇنچە قار - مۇزلار بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش
ئىجتىمائىي جىنايەتچىلەرگە خېلى قاتتىق زەربە بېرىلىۋاتقان

مۇشۇ كۈنلەردىمۇ ئۇلارنىڭ نوچىلىق قىلىپ يۈرگەن بەزى سورۇنلىرى بار ئىدى. نورمال ئوقەت بىلەن جان بېقىپ يۈرگەن يەككە تىجارەتچىلەر ئۆزىنىڭ ئارامخۇدا تىرىكچىلىكىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇنداق لۈكچەكلەر بىلەن ئانچە - مۇنچە ھېسابلاشمىسىمۇ بولمايتتى. تۇرسۇن شانىياز ئۇستامنىڭ تەڭقىسلىقتا قالغانلىقىنى سەزدى، ئاخىر شانىياز ئۇستامغا ئۆزىنىڭ مۇمكىن بولسا بۇ يەردىن كېتىپ باشقىچە بىر تىرىكچىلىك بىلەن مەشغۇل بولۇش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈردى. شانىياز ئۇستام سەل تارتىنىشقاندەكمۇ قىلدى، لېكىن ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ ئاخىر ئۇنىڭ دېگىنىگە ماقۇل بولدى.

— لېكىن، بۇ شەھەردىن كەتمە، ئۇكا، — دېدى ئۇ، — شەھەر دېگەننىڭ قوينى كەڭ. ياشىساڭ چوڭ شەھەردە ياشا دەپتىكەن ئۇلۇغلىرىمىز. مەن ساڭا تونۇش ئاشپەز - ناۋايلىرىمنىڭ دۇكانلىرىدىن بىر ئىش تېپىپ بېرەي.

نېمىشقىدۇر ئاشۇنداق دۇكانلاردا ئىشلەش تۇرسۇنغا بىر قىسما بىلىنمىدىغان بولۇپ قالغانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ بۇ يەردە خىلمۇخىل ئادەملەردىن ھەر خىل مۇئامىلىلەرگە ئۇچراپ بەك بېزىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئادەملەرگە ئارىلاشماي ئۆزى يالغۇز، تىنچ بىر مۇھىتتا ئىشلەشنى خالايتتى. خەقلەرنىڭ ھەيرانلىق بىلەن قاراشلىرى، دىققەت بىلەن نەزەر سېلىشلىرى، ئۆزى سۆزلەشنى، ھەتتا ئەسلەشنىمۇ خالىمايدىغان بەزى ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپ كېتىشلىرى، بەزىدە قىلىقسىز چاقچاقلارنىڭ تەكرارلىنىپ قىلىشلىرى ئۇنىڭ جېنىغا راستلا تەگكەنىدى، شۇڭا ئۇ شانىياز ئۇستامغا ئۆزىنىڭ بۇ ئويىنى ئېيتىپ، ئۇنداق يەردە ئىشلىمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— ئۇنداق بولسا، ئۇكا، — دېدى شانىياز ئۇستام، — مەن



www.uyghurkitap.com

ساڭا دېگىنىڭدەك بىر جاينى تېپىپ بېرەي، لېكىن ئىشى ئېغىر. ئوغۇل بالا دېگەنغۇ ئىشلىگەنگە ئۆلمەيدۇ، قاتتىق ئىشلىسە تېخى قاتتىق بولىدۇ، پولاتتەك چىڭ بولىدۇ. ئىشى ئېغىر بولغىنى بىلەن پۇلى ياخشى. مەن سۆزلىشىپ بېرەي، سەن پەرھات تاشچىنىڭ تاشلىقىغا بېرىپ ئىشلەپ باق.

بۇ گەپ تۇرسۇنغا ماقۇل كەلدى. مانا شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن تارتىپ ئۇ پەرھات تاشچىنىڭ تاشلىقىدا ئىشلەۋاتىدۇ.

بۇمۇ ئۆزگىچە بىر ئىش ئىكەن. ئاشخانىدىكىدەك سەھەر تۇرمىساڭمۇ، ھەرھالدا خېلى سەھەر تۇرىدىكەنسەن. جوتو، گۈرجەك، بازغان، لوم، قىسقۇچ، قوشۇق دېگەندەك سايمانلىرىڭ تاشنىڭ ئاستىدا كۆمۈكلۈك. ئەتىگەندە سايمان كۆتۈرۈپ بارىدىغان ئىش يوق. كولىغان تۆشۈكلىرىڭ تەييار بولىدىغان كۈنى ئازراق پارتلاتقۇچ دورا بىلەن ھېلىقى كاپسۇل دېگەن نېمىنى ئېلىۋالىسەن، ئاندىن گۈممىدە قويىدىغان گەپ، تاشلارنىڭ بەزىسى يېرىلىپ سۇنىدۇ، بەزىسى چاك كېتىدۇ، سۇنۇپ پارچىلانغانلىرىنى ئالىسەن، چوڭراقلىرىنى بىر ياققا تىزىسەن، ئۇششاقلاپ كەتكەنلىرىنى يەنە بىر ياققا دۆۋىلەپ قويىسەن، ئەمدى چاك چىققانلىرىغا كەلسەك، ئىش مۇشۇ يەردە. ياق، مۇشۇ يەردىلا ئەمەس، بىز گەپنى ئىشنىڭ بېشىدىنراق باشلايلى.

تۇرسۇن تۇنجى ئىشقا چۈشكەن كۈنى پەرھات تاشچى «ۋوزى»①نىڭ شېغىل ـ تۇپراق قاتلىمىنى ئېلىۋېتىپتىكەن. تۇرسۇنمۇ ئىشنى شۇ دەسلىپىدىن باشلىدى.

— ئۇكام، — دېدى ئۇنىڭغا پەرھات تاشچى، — چاپىنىڭنى سېلىۋەت، بۇ يەر بەك شامالليق. تەرلىگەندە

---

① ۋوزى — تاش ئازگىلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

كىيىمىڭنى سېلىۋەتسەڭ، زوكامداپ قالىسەن.

تۇرسۇن ئۇستىدىكى پاختىلىق چاپىنىنى سېلىۋەتتى ۋە پەرھات تاشچى چاناپ قويغان توپىلارنى گۈرجەك بىلەن يىراققا ئاتقىلى تۇردى. دەسلەپ ئۇنىڭغا سەل سوغۇق تەسىر قىلغاندەك بولغانىدى، لېكىن ئىشلىگەنسېرى تېنى قىزىپ كەچ كۈزنىڭ سوغۇقىمۇ ئۇنىڭغا قىلچە بىلىنمىدى.

— ئولتۇر، ئۇكا، — دېدى پەرھات تاشچى بىرەر سائەت ئىشلىگەندىن كېيىن، — بىرەر ئورامدىن چېكىشىۋالايلى. بىزنىڭ بېشىمىزدا غوجايىنىمىز يوق. ئىشلىگەندە ئوغۇل بالىدەك «جاق - جاق» ئىشلەيمىز، هارساق پۇت - قولىمىزنى سوزۇپ ئولتۇرىمىز. ئەتە كەچكىچە بۇ تاشلىقنىڭ ئۈستىنى ئېچىۋالساق، ئاندىن تاشتىن چىڭ تۇرۇپ ئىشلەيدىغان ئىش چىقىدۇ. تاشتىن گۆهەر ئالىدۇ دېسە مانا بىزنى دېسە بولىدۇ. خۇدايىم بۇيرۇسا، بۇ تاشلىقنى قىشچە كولاپ يەيمىز دېگىنە. قېنى، سەنمۇ بىرنى ئورا، — ئۇ بىر ئورام قەغەزگە موخوركىنى قۇيۇپ تۇرسۇنغا تەڭلىدى.

— مەن تاماكا چەكمەيمەن، ئاكا.

پەرھات تاشچى تۇرسۇنغا راستىمۇ دېگەندەك قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ يالغان سۆزلىمىگەنلىكىگە ئىشەنچ بولغاي، ئۇ موخوركىنى ئۆزىگە ئورىدى.

— بىر هېسابتا بۇ ئىشىڭمۇ بولىدىكەن، — دېدى ئۇ، — بۇرۇن مەنمۇ چەكمەيتتىم، كېيىن ئۆگىنىپ قالدىم. بۇنىڭ زىيىنىمۇ بار ئوخشايدۇ، لېكىن بىزدەك ئادەملەرگە ئاز - تولا پايدىسىمۇ بار ئىكەن. ئېيتايلۇق، خوتۇنۇڭ تۇيۇقسىز زىتىڭغا تەگدى، تىللاي ياكى ئۇراي دېسەڭ، ئەتراپىڭدا يات خەق بار، قانداق قىلىسەن، تاماكىنى ئورايسەن، چېكىسەن، تازا قاتتىق تۆت شورىۋەتسەڭ، ئىچىڭگە كىرگەن تۈتۈن ئۆرلەۋاتقان

خاپىلىقىڭنى شاپپىدە باسىدۇ. يەنە ئېيتايلۇق، بىر ناھەقچىلىككە ئۇچرىدىڭ. سۆزلەي دېسەڭ تېخى، سۆزلىمەي دېسەڭ تېخى، كاللاڭ قوداڭشىپ كېتىۋاتقان، قانداق قىلىسەن؟ تازا يوغاندىن بىرنى ئوراپ چېكىسەن، كاللاڭ پىررىدە ئايلىنىدۇ، كۆزۈڭنى يۇمىسەن، ئۇ دەردىسە ئىشنىمۇ ئۇنتۇيسەن. شۇ ۋاقىتتا ئىچىڭگە سىڭىپ سۆزلىيەلمىگەن سۆزلىرىڭ كېيىن «ئۆھۆ ـ ئۆھۆ» يۆتەل بىلەن چىقىپ كېتىدۇ، ئۇكا، ــ ئۇ تاماكىنى قاتتىق بىر شورىۋېتىپ راھەتلىنىپ بېشىنى چايقاپ قويدى.

ــ ئەمىسە ئەپەندىملەرمۇ، خېلى دۆلەتمەن كىشىلەرمۇ تاماكا چېكىدىكەنغۇ، ئۇلارغا نېمە پايدىسى باردۇ؟ ــ تۇرسۇن قىزىقىپ سورىدى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ سوئال ئۇنىڭ كاللىسىغا ھازىرلا كەلگەن ئەمەس. ئۇ بۇرۇن قىزىق بولغان چېغىدىمۇ بۇ ئىشقا ھەيران ئىدى. قارىسا كۆرگەنلا ئەر خەقلەر تاماكا چېكىۋاتقان، كېيىن تېخى تولۇق ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن ئوغۇل ساۋاقداشلىرىنىڭ بەزىلىرىمۇ ئوغرىلىقچە تاماكىغا كىرىشىپ قالغانىدى.

ــ ئۇلارغىما؟! ــ پەرھات تاشچى سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، ــ ئۇلارغا پايدىسى سۆلەت كۆرسىتىشتۇر بەلكىم. بىزغۇ مۇنداق ئەرزىنىنى چېكىمىز، ئۆزىمىز ئەمگەك قىلىپ ئورايدىغىنىنى. بىر موچەنلىك ئالساق بىر كۈن يېتىدۇ. ئۇلار بەك قىممەتتىنى چېكىدىكەنغۇ، بىر قېپى ئون نەچچە كويلۇقلىرى بار دەمدۇ نېمە، خۇدايىم. توقلۇقتە توقلۇق! پۇلى جىق، خەجلەيدىغان يېرى يوق، ئاشۇنداق نېمىلەرگە خەجلەپ تۈتۈنگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ دېگىنە، ئۇكا. ھە، راست، بۇ تاماكا دېگەننىڭ يەنە بىر پايدىسىمۇ چىقىپ قالدى. بايام دېمەپتىمەن، ئەپلەشمىگەن بەزى ئىشلىرىڭ بۇنىڭ بىلەن ئۆزىچە يورۇشۇپمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالىدۇ تېخى. توۋا، تاماكا دېگەن بىزدە ناسۋالچىلىك قىممىتى يوق نېمىدى. بىر يەرگە كەلسەك، ئۆزئارا تاماكا تۇتۇشۇپ چېكىشۋېرەتتۇق، يېنىمىزدا تۈگەپ قالغان چاغلىرى يولدا كېتىۋاتقان بىرەرىدىن — ئۇنى چورتلا تونۇمىساقمۇ — سورىشۋېلىپ چېكەتتۇق. بىزمۇ رەھمەت دەپ خوش بولۇپ كەتمەيتتۇق، تاماكا بەرگۈچىمۇ يوغان ئىش قىلغاندەك كېرىلىپ كەتمەيتتى. ھالا بۇگۈنگە كېلىپ بۇ ئۇقەت ئەڭگۈشتەرگە ئايلىنىپ قاپتۇ، مەن بۇ موخوركىنى دەۋاتقىنىم يوق، ھېلىقى «زىيەن» دېگىنىنى دەۋاتىمەن. مېنىڭ بىر ئەپچىل ئاغىنەم بار، شۇ دېۋىدى، بىر قېتىم ئەسقېتىپ قالدى، ئۇن نەچچە كوي خەجلەپ بازاردىن خۇك شۆلەن دەمدۇ، ئىشقىلىپ بىر قىزىل تاماكىدىن چوك بىر بولاق ئېلىپ تاش ئالغىلى كەلگەن بىرىگە: «چۇ، ئاداش، چۇ» دەپ بېرىۋېدىم، ئۇ ماۋۇ مەمتىلەكنىڭ تېشىنى ئالماي، مېنىڭ تېشىمنى ئالدى. ھە، مۇنداقمۇ پايدىسى بار ئىكەن، ئۇكا، بۇنىڭ. تۇتە، ئۇكا، ماۋۇ ئاتتىن چۈشكەن يېرىنى بىر شورىۋاله، — ئۇ چېكىپ يېرىمىدىنمۇ ئاز قالغان تاماكىسىنى تۇرسۇنغا تەڭلەۋېتىپ، بىردىنلا، — ۋاي، ئېسىم قۇرۇسۇن، — دېدى، — چەكمەيمەن دېگەنىدىڭ - ھە !؟ ئۇنداق بولسا بۇ پەيزى يېرىنىمۇ ئۆزۈم تارتىۋېتەي.

ئۇ تاماكىسىنى چېكىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. تۇرسۇنمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قولىغا گۇرجەكنى ئالدى.

— مۇنداق بولسۇن، ئۇكا، — دېدى پەرھات تاشچى، — سەن كۆچۈك يەتكەنچە ئىشلەپ تۇر، قانداق قىلساقمۇ بۇ يەرنى ئەتە كەچكىچە تۈگىتىمىز، مەن دىككىدە ھېلىقى بىر ئىدارىگە بېرىپ، ئازراق تېشىمنىڭ پۇلى بار ئىدى، شۇنى ئەكېلىۋالاي، چۈشكىچە قايتىپ كېلىمەن. ناۋادا كېلەلمەي قالسام، ئەنە چۆگۈن، ئىچىدە سۇ بار، ئاۋۇ قارىداپ كەتكەن ئىككى تاشنى

كۆردۈڭمۇ، يېنىدا ئوتۇنمۇ بار، ۋاژژىدە ئوتنى يېقىپ چاي قاينىتىپ ئىچ، نان ئالغاچ كەلگەنسەن؟ — تۇرسۇن بېشىنى لىڭشىتتى، — ھە، راست، سەن تاماكا چەكمىگەندىكىن، يېنىڭدا گۇگۇت يوقتۇ دەيمەن، ماۋۇ گۇگۇتنى يېنىڭغا سېلىۋال.

پەرھات تاشچى چاپىنىنى كىيىپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. تاشچىنىڭ قارىسى كۆزدىن يوقالغاندىن كېيىن تۇرسۇن يەنە ئۆز ئىشىغا تۇتۇندى.

ئۇ بىردەم جوتو چاپاتتى، توپىلارنى بوشىتىۋالغاندىن كېيىن قولىغا گۈرجەكنى ئېلىپ ئۇ توپىلارنى يىراققا ئاتاتتى. سەھرا بالىسى ئۇچۇن، ئىشتىمۇ، تەنھەرىكەتتىمۇ خېلى چېنىققان بىر ياش ئادەم ئۈچۈن ئۇنچىلىك ئىش قانچىلىك ئىش ئىدى دەيسىز. ھەممىدىن مۇھىمى تۇرسۇن بۇ يەرگە چىقىپ ئىشلەپ بىرنەچچە سائەتتىلا خېلى يايراپ قالغانىدى، تۇرمىدە قاراڭغۇلۇقتا، تىنچىق، بۇرۇقتۇرما ھاۋادا نەچچە ئاينى ئۆتكۈزگەن، مىغ - مىغ ئادەم دېڭىزىدىن بىزار بولۇپ يالغۇزلۇقنى خالاپ قالغان كىشى ئۈچۈن بۇ يەر يايرايدىغان يايلاقنىڭ ئۆزى - دە. ئەپسۇسكى، بۇ «يايلاق»تا يېشىللىقنىڭ دىدارىمۇ يوق. شۇنداق بولسىمۇ كۆڭلى يايرىغان ئىنسان ئۈچۈن دەشتى - قۇملۇقمۇ يايلاقتەك كۆرۈنىدۇ؛ كۆڭۈل شادىمانلىقى بولمىغان كىشىگە ئەڭ گۈزەل يايلاقمۇ باياۋاندىن پەرقسىز.

تۇرسۇن ئاخىرقى قېتىم چانىغان توپىلارنى تاشلىۋېتىپ كۈنگە قارىدى. كۈن تىكلىشىپ بېشىنىڭ ئۈستىگىلا كېلىپ قالغانىدى، لېكىن پەرھات تاشچى مۇشۇ چاغقىچە قايتىپ كەلمىدى. تۇرسۇن گۈرجەكنى قويۇپ تۆپىلىكنىڭ يول تەرەپتىكى گىرۋىكىگە كەلدى - دە، يىلان باغرى سوزۇلۇپ شەھەر تەرەپكە كىرىپ كەتكەن يولغا قارىدى. يولدىمۇ ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قارىسى كۆرۈنمەيتتى.

ئۇ يوللارغا قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. بۇ يوللار ئۇنىڭ يېزىسىنىڭ يوللىرىغا نەقەدەر ئوخشايدۇ ـ ھە. لېكىن، ئۇ يوللار شەھەرگە تۇتاشمايتتى، بەلكى نۇرغۇن ئېتىز ـ داللارنى كېسىپ ئۆتەتتى؛ ئۇ يوللار ئۇنى ئادەملىرى يات، كۆڭۈلسىز، ۋاژ ـ ۋاژ شەھەرگە باشلاپ بارمايتتى، بەلكى ئۆزىگە ئىنتايىن تونۇش بولغان، كۆڭۈللۈك، ئازادە، تىنچ مۇھىتقا باشلاپ باراتتى... لېكىن ئۆزىگە ئىنتايىن تونۇش بولغان شۇ مۇھىت ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز ھارام بولدى، ئۇ جىنسىي جەھەتتىن ئۆزگەردى، ئۆزگەرگەندىمۇ ئىنتايىن تۇيۇقسىز — تۇۋا، ئويلىسا، ئۆزى ھازىرمۇ ھەيران — ھەممە ئادەم ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئۆزگەردى، مۇشۇنداق ئۆزگىرىشتىن كېيىن ئۇ يەنە شۇ ئازادە، تىنچ مۇھىتتا تۇرىۋەرسە، ئۇ يەنە ئاشۇنداق ئازادە ۋە تىنچلىقنى ھېس قىلالىشى مۇمكىنمىدى؟ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ مۇشۇنداق ئەگرى ـ توقاي يولغا چۈشتى. بۇ يوللار ئەگرى ـ توقايلىقى بىلەن يېزىسىدىكى يوللارغا ئوخشىغىنى بىلەن، لېكىن ئاخىرىغا كۆز يەتكۈزگىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى ئۇزۇنلۇقى ۋە مۇرەككەپلىكى بىلەن ئۇ تونۇش يوللاردىن نەچچە مىليون ھەسسە مۇشەققەتلىك ئىكەن، سۈرلۈك ئىكەن، تىلسىملىق ئىكەن! يېرىم يىلغا يېتەر ـ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇ تورمۇشنىڭ بۇ يوللىرىدا نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدى، قانداق جاپالارنى تارتمىدى؟! تۇرمىدىن چىققان تۇنجى كۈنى ئۇ شانىياز ئۇستامنىڭ ئۆيىدە ئۆزىنى شۇنداق ئەركىن، خۇددى ھاياتقا يېڭى كۆز ئاچقاندەك ھېس قىلغانىدى، ئاشخانىدا بىرنەچچە كۈن ئىشلىگەندىن كېيىن ھېلىقى كۆڭۈلسىز ئىشلار بولۇپ ئۇ يەنە سىقىلدى، ئەمدى بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلىۋىدى، يەنە كۆڭلى ئېچىلدى. تۇۋا، بۇ

كـۆردۈڭمۇ، يېـنـىدا ئوتـۇنمۇ بار، ۋاژژىـدە ئوتنى يـېقىـپ چـاي قاينىتىپ ئىچ، نان ئالغـاچ كەلگەنـسەن؟ — تۇرسۇن بـېشىنـى لىڭشىتـتى، — ھە، راست، سـەن تاماكـا چـەكمىـگـەندىكـىـن، يېـنـىڭدا گـۇگـۇت يوقتـۇ دەيـمەن، ماۋۇ گـۇگـۇتنى يـېـنىڭـغا سېلىۋال.

پەرھات تاشچى چاپىنىنى كـيـىـپ پەسكە چـۈشۈپ كەتتـى. تاشچىنىڭ قارىسى كۆزدىن يوقـالغاندىـن كېيـىـن تۇرسۇن يەنـە ئۆز ئىشىغا تۇتۇندى.

ئۇ بـىردەم جوتو چـاپاتتى، تـوپىلارنى بـوشىتـىـۋالغانـدىـن كېيىن قولىغا گۇرجەكنى ئېلىپ ئۇ توپىلارنى يىراققا ئاتاتتـى. سەھـرا بالىسـى ئۇچۇن، ئىـشتىمـۇ، تەنھـەرىـكەتتـىـمۇ خېلـى چېنىققان بىر ياش ئـادەم ئۇچۇن ئۇنـچىلىـك ئىش قانـچىلىـك ئـىش ئىدى دەيـىمىز. ھەمـمىدىن مـۇھىمى تـۇرسۇن بۇ يـەرگـە چىقىپ ئىشلەپ بىرنەچچە سائەتتىلا خېـلى يايراپ قـالغانـدى، تۇرمىدە قاراڭغۇلۇقتا، تىنچىق، بۇرۇقتۇرما ھاۋادا نەچچە ئاينـى ئـۆتـكۈزگەن، مـىـغ ـ مىغ ئـادەم دېگـىزىـدىـن بىـزار بـولـۇپ يالـغۇزلۇقنـى خالاپ قالغـان كىشى ئـۇچۇن بۇ يەر يـايرايدىغـان يايلاقنىڭ ئۆزى ـ دە. ئەپسۇسكى، بۇ «يايلاق»تا يېشىلچىلىقنىڭ دىدارىمۇ يوق. شۇنداق بولسىمۇ كۆڭلى يايرىغان ئىنسان ئۈچۈن دەشتى ـ قۇملۇقمۇ يايلاقتەك كۆرۈنىدۇ؛ كـۆڭۈل شادىمـانلىقـى بولمىغان كىشىگە ئەڭ گۈزەل يايلاقمۇ باياۋاندىن پەرقسىز.

تۇرسۇن ئاخىرقى قېتىم چانىغان توپىـلارنى تاشلىـۋېتىـپ كۆنگە قارىدى. كۈن تىكلىشىپ بېشىنىڭ ئۈستىگىـلا كېلىـپ قـالغانـدى، لېكىـن پەرھات تاشچى مۇشۇ چـاغقىچە قايتـىـپ كـەلمىـدى. تـۇرسۇن گۈرجـەكـنى قويـۇپ تـۆپىلـىكنىـڭ يـول تەرەپتىكى گـىـرۋىكىگـە كەلدى ـ دە، يـىـلان باغرى سـوزۇلـۇپ شەھەر تەرەپكە كىرىپ كەتكەن يولغا قـارىدى. يولدىمۇ ئۇنـىڭ

قارىسى كۆرۈنمەيتتى.

ئۇ يوللارغا قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. بۇ يوللار ئۇنىڭ يېزىسىنىڭ يوللىرىغا نەقەدەر ئوخشايدۇ - ھە. لېكىن، ئۇ يوللار شەھەرگە تۇتاشمايتتى، بەلكى نۇرغۇن ئېتىز - دالالارنى كېسىپ ئۆتەتتى؛ ئۇ يوللار ئۇنى ئادەملىرى يات، كۆڭۈلسىز، ۋاژ - ۋاژ شەھەرگە باشلاپ بارمايتتى، بەلكى ئۆزىگە ئىنتايىن تونۇش بولغان، كۆڭۈللۈك، ئازادە، تىنچ مۇھىتقا باشلاپ باراتتى... لېكىن ئۆزىگە ئىنتايىن تونۇش بولغان شۇ مۇھىت ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز ھارام بولدى، ئۇ جىنسىي جەھەتتىن ئۆزگەردى، ئۆزگەرگەندىمۇ ئىنتايىن تۇيۇقسىز — تۇۋا، ئويلىسا، ئۆزى ھازىرمۇ ھەيران — ھەممە ئادەم ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئۆزگەردى، مۇشۇنداق ئۆزگىرىشتىن كېيىن ئۇ يەنە شۇ ئازادە، تىنچ مۇھىتتا تۇرىۋەرسە، ئۇ يەنە ئاشۇنداق ئازادە ۋە تىنچلىقنى ھېس قىلالىشى مۇمكىنمىدى؟ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ مۇشۇنداق ئەگرى - توقاي يولغا چۈشتى. بۇ يوللار ئەگرى - توقايلىقى بىلەن يېزىسىدىكى يوللارغا ئوخشىغىنى بىلەن، لېكىن ئاخىرىغا كۆز يەتكۈزگىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى ئۇزۇنلۇقى ۋە مۇرەككەپلىكى بىلەن ئۇ تونۇش يوللاردىن نەچچە مىليون ھەسسە مۇشەققەتلىك ئىكەن، سۈرلۈك ئىكەن، تىلسىملىق ئىكەن! يېرىم يىلغا يېتەر - يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇ تۇرمۇشنىڭ بۇ يوللىرىدا نىمە كۈنلەرنى كۆرمىدى، قانداق جاپالارنى تارتمىدى؟! تۇرمىدىن چىققان تۈنجى كۈنى ئۇ شانىياز ئۇستامنىڭ ئۆيىدە ئۆزىنى شۇنداق ئەركىن، خۇددى ھاياتقا يېڭى كۆز ئاچقاندەك ھېس قىلغانىدى، ئاشخانىدا بىرنەچچە كۈن ئىشلىگەندىن كېيىن ھېلىقى كۆڭۈلسىز ئىشلار بولۇپ ئۇ يەنە سىقىلدى، ئەمدى بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلىۋىدى، يەنە كۆڭلى ئېچىلدى. تۇۋا، بۇ

كۆڭۈللەرنىڭ — ھاياتلىقنىڭ نېمە سېھرى باردۇ؟ ئادەم ئۆتۈپ كەتكەن بەزى كۆڭۈللەرنى ئۆزىچە سېغىنىدىكەن، بەزى كۆڭۈللەردە ئادەم بولۇپ يارىلىپ قالغانلىقىدىنمۇ بىزار بولۇپ كېتىدىكەن، بەزى كۆڭۈللەرى ئۆزىچە بىر ئىشلاردىن تەسەللى تېپىپ تۇرمۇشقا چىڭ باغلىنىپمۇ قالىدىكەن. بۇ كارامەتكە توۋا دېمەي نېمە دېگۈلۈك.

ئۇ كۆزىنى يولدىن يۆتكەپ تۆپىلىكتىن ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتىكى كۆلگە قارىدى. كۆل سۈيى كۈننىڭ نۇرىدا ئەينەكتەك يالتىراپتىتى. ئۇ يىراقتىكى سۇغا قاراۋېتىپ ئۆزىنىڭ چاڭقىغانلىقىنى ھېس قىلدى. «چاي قاينىتىپ تۇراي، — دېدى ئۇ كۆڭلىدە، — ئۇستام كېلىپ قالسا بىللە ئىچەرمىز، بولمىسا ئۆزۈم قورسىقىمنى ئانچە - مۇنچە ئەستەرلىۋېلىپ ئىشىمنى قىلىۋېرەي».

ئۇ ئوتنى يېقىپ قويۇپ، سوزۇلۇپ ئاسمانغا قاراپ ياتتى. ئاسمان شۇنداق سۈزۈك، پەقەت ئۇ يەردە - بۇ يەردە مەشۈت تالاسىدەك ئاقۇچ بۇلۇتلارلا ئاندا - مۇندا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بىرنەچچە كەپتەر ئاسماندا شۇنداق كۆڭۈللۈك ئۇچۇپ يۈرەتتى، تۇرۇپ موللاق ئېتىپ قوياتتى، تۇرۇپ يەنە ئۇستىگە كۆتۈرۈلەتتى، غوڭۇلداقلىرىدىن چىقىۋاتقان ئاۋاز تۇرسۇنغا تۇرۇپ يېقىملىق، تۇرۇپ مۇڭلۇق ئاڭلىناتتى... بىرئازدىن كەپتەرلەر يىراققا ئۇچۇپ كەتتى. تۇرسۇننىڭ دىققىتى بىردىنلا كۆكتىكى ئاق لىگەندەك يۇمىلاق نەرسىگە چۈشتى. بۇ ئاي ئىدى، كۈندۈز ئاسمىنىدا كۆرۈنگەن ئاي ئىدى. ئۇ ئاسماندا غايەت زور ئاق شاردەك لەيلەپ تۇراتتى، ئۇنىڭدا قىلچە يورۇقلۇق، نۇرنىڭ ئەسىرى يوق ئىدى. بۇ كۆرۈنۈش تۇرسۇنغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ ئاينى جىق كۆرگەن، لېكىن پەقەت كېچىلىرىلا كۆرگەن. ئاي كېچىنىڭ قۇياشى ئەمەسمىدى،

لېكىن قۇياش بار كۈندۈزدە ئۇ ئەرزىمىگەن شاردەكلا بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىكەن! توۋا، كۈندۈز ئاسمىنىدىكى ئاينىڭ قىسمىتى ئۇنىڭ قىسمىتى بىلەن نەقەدەر ئوخشايدۇ - ھە، ئۇ قىزلىق ئالىمىدە ئۆزگىچە بىر ئاي ئىدى، نۇرلۇق ئىدى، جازىبىدار ئىدى. كۈلۈپ چېھرىنى تولۇق ئاچقاندا ئۆزگىنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياقاتتى، ئاق بۇلۇت كەبى ياغلىقىنى ناز بىلەن يۈزىگە ياپقاندا ئۆزگىنى زارىقتۇرۇپ چوغ قىلاتتى... لېكىن ئۇ ئالەم ئۇنى يەكلىدى. ئۇ يىگىتلىك ئالىمىگە چىقتى، لېكىن قۇياش بار يەردە ئاينىڭ مەھلىيالىقى بولمايدىكەن. ئۇ خۇنۇكلىشىدىكەن، ھەتتا ئۆچىدىكەن. مانا ئۆزىمۇ ئۆچتىغۇ. ئۇ قىز چېغىدا ئاجايىپ جۇشقۇن ئىدى، لېكىن يىگىتلىك دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا شۇ جۇشقۇنلۇقتىن نېمە ئەسەر قالدى؟ ئۇ تۇگۈلۈپ قالدى، ھەتتا قۇياشنىڭ يۈزىگىمۇ تىكىلىپ قارىيالمايدۇ، خۇددى يۈزىدىن رەڭ قېچىپ تاتىرىپ تۇرغان ئاۋۇ ئايدەك بىر تەرەپتە بويۇن قىسىپ قالدى. ھايات ئېقىمى كەلكۈن سۇدەك دەۋرەپ ئاقىدىكەن، خالىسا ئۇ ئېقىن ئۇنى خازاندەك لەيلىتىپ ماڭىدىكەن، خالىسا تاشتەك چۆكتۈرىدىكەن، خالىسا بىر چەتكە چاۋاردەك سۈزۈپ چىقىرىپ قويىدىكەن. لېكىن، ئۇ نېمە بولسىمۇ كۆنۈشكە مەجبۇر. قىز ۋاقىتلىرىدا، ئەگەر مەن ئوغۇل بالا بولۇپ قالسام دەپ قىلغان نى - نى ئارمانلىرى ئەمدى قېنى؟ كۈندۈز ئاسمىنىدىكى ئايدەك خۇنۇكلىشىش قىسمىتى ئۇنىڭ چارەك ئۆمرىنى خازان قىلدى. ئەمدى ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىدە قۇياشتەك نۇرلىنىش نېسىۋىسى بولامدۇ - يوق؟

ئۇ يىگىتلىك دەۋرىگە قەدەم قويغىلى بىرنەچچە ئايلا بولدى، ئۇ ئارمان قىلسىمۇ تېخى يىگىت بولۇپ ياشيالىغىنى يوق. ئۇ خۇددى بۇ ئالەمنىڭ بىر كۆزەتكۈچىسى، ئۇ كۆرىدۇ،

لېكىن ھېچنېمە قىلمايدۇ، قىلالمايدۇ. بۇ ئالەم — بۇ يىگىتلىك ئالىمى ئۇنىڭغا تېخى سىر، تېخى تىلسىمات. ئۇ چۈشەنمەيدۇ، ھەۋەس قىلىدۇ، بۇ جەھەتتە ئۆزىنى يېگانە ھېس قىلىدۇ. ھەقىقىي يىگىتلىك دۇنياسىنى چۈشەنمەيدىغان، پەقەت ھەۋەس قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ تېخى جىقلىقىنى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قىلالىشى مۇمكىنمۇ !؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئىككىنچى باب

— بەللى، يىگىت، چاي قايناپ تېشىپ كەتسىمۇ سەزمەي، پاختەكتەك ئوڭدا ياتىدىغان گەپ ئىكەن ـ دە، مۇشۇنداق!

تۇرسۇن ئۇشتۇمتۇت ئاڭلانغان بۇ سۆزدىن خىيالىنى ئىتتىك يىغىپ، چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ چاغقىچە پەرھات تاشچى چۆگۈننى ئوتتىن ئېلىۋەتتى.

— ئىشنىغۇ جىق قىلىۋېتىپسەن، لېكىن بۇ چاغقىچە قورسىقىڭنى ئەستەرلىۋالمىغىنىڭ قاملاشماپتۇ. سائەت بىر بولۇپ قالدى. ئۆزۈممۇغۇ ئالدىرىدىم، لېكىن خەقتىن پۇل ئالماق ئاسان ئەمەس دېگىنە، ئۇكا. چۈشكە تاقاپ ئاران ئالدىم، چاپتىم. قېنى، كېلە ئۇكا، كېلە. چاي ئىچەيلى، — ئۇ سومكىسىدىن كىرلىشىپ كەتكەن بىر پارچە ماتانى ئېلىپ يۈزى كەڭرەك بىر تاشنىڭ ئۈستىگە يايدى، ئاندىن بىر نانىنى ئېلىپ تۆت پارچە قىلىپ ئوشتۇدى، تۇرسۇنمۇ سومكىسىدىن ئەتىگەن شانىياز ئۇستام سېلىپ قويغان ئىككى گىردىنى ئېلىپ ئوشتۇپ داستىخانغا قويدى، ئاندىن ئىككى چوڭ چىنىگە يېرىم ـ يېرىم قىلىپ چاي قۇيدى.

— چىلا، ئۇكا، نانىنى چىلا. يەپ تۇر، بەك تۇر دەپتىكەن، قورساق چىڭ بولسا، ئىشقىمۇ چىڭ بولىدىغان گەپ. ھە، مانا شۇنداق.

ئۇلار بىر چوڭ چىنىدىن نانىنى چىلاپ يەپ بولغاندىن كېيىن پەرھات تاشچى:

— بۇگۈن، ئۇكا، — دېدى، — سەن ماڭا شاگىرت بولۇپ

چىقىپ قالدىڭ، بۇنىڭغا ئۆلگۈرۈپ قولۇمغىمۇ پۇل چىقىپ قالدى. شۇڭا، بىر پەيزى قىلىپ قويايلى، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ، قويۇن يانچۇقىدىن بىر بوتۇلكا ئاق هاراقنى چىقاردى، ئاندىن يان يانچۇقىدىن بىر سولياۋ خالتىغا گېزىت بىلەن ئوراپ سېلىنغان بىرنەرسىنى ئالدى. بۇ كاللا ـ پاقالچاقنىڭ گۆشى ئىدى.

— زاكوسكىمىز ئاددىي بولۇپ قالدى، ئۇكا، — دېدى ئۇ يەنە بىر يانچۇقىدىن پىشۇرۇپ قىزىل بويالغان تۇخۇمدىن يەتتە ـ سەككىزنى چىقىرىپ تۇرۇپ، — ئەيىبكە بۇيرۇمايسەن، ئۆي زىياپىتىمۇ ئۆزگىچە، تاشلىق زىياپىتى تېخىمۇ ئۆزگىچە، — ئۇ بوتۇلكىنى چىشى بىلەن چىشلەپ ئېچىپ ئىككى چوڭ چىنىگە ئازراقتىن قۇيدى.

— قېنى، — دېدى ئۇ چىنىدىن بىرىنى تۇرسۇنغا تەڭلەپ، — بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىمىزنىڭ يۇرۇشۇپ كېتىشى ئۈچۈن ئىچىۋېتەيلى !

تۇرسۇن قولىنىمۇ، بېشىنىمۇ تەڭلا چايقىدى.

— نېمە؟ ئىچمەيمەن دەمسەن؟

— راست، ئىچمەيمەن، ئاكا، مەن پەقەت هاراق ئىچىپ باقمىغان.

— توۋا، ياپياش تۇرۇپ ئىچمەيمەن دېگىنىڭنى قارا سېنىڭ. ئاناڭ سېنى قىز بالا قىلىپ تۇغۇپ قويغىلى تاس قاپتىكەن ـ دە ! يا تاماكا چەكمىسەڭ، يا هاراق ئىچمىسەڭ. ئۇنداق قىلما، ئۇكام هوي. سەن مېنى هاراقكەشمىكىن دەپ ئويلاپ قالما. سېنى بۈگۈن بۇ يەرگە چىقتى، تونۇشۇپ قالدۇق، بۇنىڭدىن كېيىن ئاكا ـ ئۇكىدەك ئۆتىمىز، بىللە ئىشلەيمىز دەپ، چىققىنىڭنى تەبرىكلەپ ئاچىقتىم بۇ هاراقنى. سېنى دېمىسەم، بۈگۈن ئالغان پۇلنىڭ بەرىكىتىنى ئۇچۇرۇپ باش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇرنىغا هاراق ئالامىتىم؟! يوق گەپنى قويۇپ، ئىچە، ئۇكا، ئىچ!

تۇرسۇن ناھايىتى تەڭقىسلىقتا قالدى. ئۇ هاراق ئىچىشتىن نېمە ئۈچۈندۇر قورقاتتى، راستىنى ئېيتقاندا ئازراق يىرگىنەتتى. ئىچمەي دېسە بۇ كىشى ئالاھىدە ئۇنى دەپ ئاچىقىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە «ئاناڭ سېنى قىز بالا قىلىپ تۇغۇپ قويغىلى تاس قاپتىكەن» دېگەن گەپنى ئۇ يۇرتىدىن چىققاندىن بېرى تالاي ئاڭلاپ تويۇپ كەتكەن. «تازنى تاز دېسەڭ ئۆلگۈسى كېلەر» دېگەندەك، بۇ گەپنى ھەر ئاڭلىغاندا ئۇنىڭ يۈرىكى بىرقىسما بولۇپ كېتىدۇ. دېمەك، بۇ گەپكە قارىغاندا، هاراق ئىچىش ئەركەكچىلىكنىڭ مۇھىم شەرتى بولسا كېرەك. ئۇنداقتا، ئەركەك بولىمەن دېگەن نىيەتكە كەلگەنىكەن — نىيەتكە كەلمىسىمۇ، ئۇنى ئەركەك بولۇپ قالدىڭ دېيىشكەنىدىغۇ — ئىچسە نېمە بوپتۇ، قارىغاندا ئەركەكچىلىكنىڭ شەرتىمۇ مۇشۇنداق بىر - بىرلەپ توشۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ.

ئۇ پەرهات تاشچى تۇتقۇزۇپ قويغان هاراقنى ئۇنىڭ چىنىسىگە سوقۇشتۇرۇپلا، كۆزىنى يۇمۇپ گۇپپىدە ئىچىۋەتتى.

— ھە، مانا ئەركەك! قېنى، قېنى، ماۋۇ زاكۇسكىنى ئاغزىڭغا سېلىۋەت.

تۇرسۇن پەرهات تاشچى چوكىغا قىسىپ ئالغان گۆشكە قاراپمۇ قويماي، ئاغزىنى ئىككى قوللاپ ئېتىپ چەتكە قارىۋالدى. هاراق ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچچىق قىلىپ، ئىچىگە ۋاژژىدە كۆيدۈرۈپ ماڭغانىدى، ئاشقازانغا كىرىپ بايامقى ئىچكەن چاي بىلەن ئېلىشىپ كەتتىمۇ - قانداق، بىردىنلا ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولدى. ئۇ ياندۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن — يانىدۇرۇۋەتسە ئەركەكچىلىككە مۇناسىپ ئىش بولمايدۇ - دە — بېشىنى ئاسمانغا قىلىپ، ئاغزىنى كېلەدەك

يوغان ئېچىپ چوڭ ـ چوڭ نەپەس ئالغىلى تۇردى. خەيرىيەت، ئۇستىگە ئۆرلىگەن ئوت — ئاچچىق سۈيۈقلۇق كەينىگە يېنىپ كىرىپ كەتتى. ئاندىن ئۇ كىرپىكلىرى ياش يۇقى هالدا تاشچىغا قاراپ كۈلدى.

— توۋا، خۇدايىم، زەهەر ئىچكەندەكلا قىينالدىڭغۇ، ئۇكا. راست، ئۆزىمىزغۇ زەهەر بۇ كاساپەت، لېكىن ئادەمنىڭ زەهىرىنى ئالىدۇ! ئادەمنىڭ زەهىرىنى ئادەم ئالىدۇ، دەيدىكەن، لېكىن ئادەممۇ هاراقچىلىك ئالالمىدىكەن دەيمەن. قېنى، زاكوسكىدىن ئال. بولمىسا، چاينى قىزىق ـ قىزىق ئىچ.

تۇرسۇن ئۇنىڭ قۇيۇپ بەرگەن چېيىنى بىرنەچچە يۇتۇم ئوتلىغاندىن كېيىن خېلى ئۆزىگە كېلىپ قالدى.

— هاراق دېگەن ئۇلپەت تالالايدۇ، ئۇكا. مەن هەرگىز يالغۇز ئىچمەيمەن. ئۇنداق دېسەم، بۇ يەردە هاراق ئىچىدىغانلا ئىشمىكىن دەپ ئويلاپ قالما. بىزنىڭ بۇ ئىشىمىز قارا كۈچ بىلەن قىلىدىغان ئىشتەك تۇرغىنى بىلەن ناهايىتى زىللىقنى تەلەپ قىلىدۇ. كالالاڭ سەگەك بولمىسا، سەللا بىخۇدلۇق قىلساڭ، بىر كاشىلا ياكى كۆڭۈلسىزلىك بارلىكى بار. بۇگۈنكىدەك زاخو[1] تازىلاۋاتقاندا چوڭ ئىش يوق، شۇڭا ئىچتۇق. قېنى ئەمىسە، يەنە بىردىن... — پەرهات تاشچى يەنە چىنىنى سۇندى.

— ئاكا، مەن بايامقىنىمۇ ئاران ئىچتىم، قىيىنىلىپ كېتىدىكەنمەن.

— شۇڭا، ساڭا ئازراق قۇيدۇم مانا. ئالدى بىلەن ماۋۇ گۆشنى ئاغزىڭغا سالغىنا... هە، ئەمدى ئىچ، گۆشنى يۇتۇۋەت. هە... مانا ئەركەك! يارايدۇ!

ئىككىنچى قېتىمقى هاراق ئالدىنقىسىدەك دەهشەتلىك

① زاخو — تاش قاتلىمىنىڭ ئۈستىدىكى توپا ۋە تاش ئۇۋۇندىلىرى.

بىلىنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇچەي - باغرىنى خېلىلا ئېچىشتۇردى. ئۇ چاينى قىزىق - قىزىق ئوتلاپ، زاكوسكىنى كەينى - كەينىدىن يەپ، ئاشقازىنى ئۆگەيلەپ كەينىگە ئىتتىرىۋاتقان سۇيۇقلۇقنى ئاران بالالىقتا جايلاشتۇرۇۋالدى.

— خوش، قېنى، ئۇچىنچىسىگە تاۋۇڭ قانداق؟

تۇرسۇن شۇنداق بىچارە چىرايدا بېشىنى چايقىدىكى، پەرھات تاشچى ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ كۈلۈپ كەتتى.

— بوپتۇ، بوپتۇ، ئۇنداق بولسا مەن ئىچەي، بۇ شۇنداق نېمە، ئىككىسىنى مەن زورلاپ ئىچكۈزدۈم، بىر ئازدىن كېيىن ئۈچىنچىسىنى سەن ماڭا زورلاپ قۇيغۇزامسەن تېخى! ئالە، ئۇكا، گۆش ئال، تۇخۇم يە!

ئۇلار سەل دەم ئالغاندىن كېيىن ئىشقا كىرىشتى. شۇ تاپتا تۇرسۇننىڭ تېنى ئوتتەك قىزىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۇستىدىكى جىلىتكىسىنىمۇ سېلىۋەتمەكچى بولغانىدى، پەرھات تاشچى ئۇنىمىدى.

— سالما، ئۇكا، — دېدى ئۇ، — تاشلىقنىڭ شاملى يامان، ئۆزۈڭنى سوغۇققا ئالدۇرۇپ قويىسەن.

تۇرسۇن بېشىنى كۆتۈرمەي ئىشلەۋەردى. ئۇنى بايام ئىچكەن هاراق قانلىرىنى ئۇرغۇتۇپ خېلى كۈچ كىرگەندەك قىلىپ قويغانىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ بېشى ئايلانغاندەك بولدى. ئۇنىڭغا ئايىغىدىكى توپىلار ئۆزلۈكىدىن گۇرجەككە چىقىپ يىراققا لەيلەپ چېچىلىۋاتقاندەك، پۇتلىرىمۇ، قوللىرىمۇ خۇددى باشقا ئادەمنىڭكىدەك، هەتتا يېنىدا ئىشلەۋاتقان پەرھات تاشچىمۇ، تاشلىقمۇ، پۈتۈن ئەتراپمۇ خىيالىي كۆرۈنۈشتەك تۇيۇلدى. ئۇ بېشىنى قاتتىق سىلكىۋەتتى - دە، سەل ئۆزىگە كېلىپ ئاسمانغا قارىۋالدى، دەسلەپ ئۇنىڭغا ئاسمان ئەسلىي قىياپىتى بىلەن سۈزۈك

كۆرۈندى، كېيىن تۇرۇپلا بىر قەۋەت نېپىز، سۇزۇك داكا تارتىۋالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن ئۇ گۈرجەكنى توپىغا سانجىپ قويۇپ، قوللىرىنى يېيىپ بىر كېرىلىۋەتتى، ئاندىن ئەتراپىغا قاراپ قاقاھلاپ كۈلدى.

— نېمە بولدۇڭ، ئۇكام ھوي؟ ھاراق ئەمدى تۇتتىمۇ، نېمە سېنى؟ — پەرھات تاشچى كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى.

— بىلمىدىم، ئاكا، بايام بېشىم ئايلىنىپ سەل قىينالغاندەك قىلىۋىدىم، ئەمدى نېمىشقىكىن، ئۆزۈمچە خۇشال بولۇپ كېتىۋاتىمەنغۇ تاڭ.

— ئۇنداق بولسا، ھاراقنىڭ پەيزىنى كۆرۈپسەن، ئۇكا. ھاراق دېگەن مۇشۇنداق نېمە، بەزىدە ئادەمنى قالتىس خۇش قىلىدۇ. ئادەملەرمۇ بىكارغا ئىچمەيدۇ - دە، بۇنى. لېكىن، بەزىدە...

— پەرھات ئاكا، — دېدى تۇرسۇن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا، — مەن بۇرۇن ئەرلەر نېمىشقا ھاراق ئىچىدىكىن دەپ ھەيران ئىدىم. ئەمدى بىلدىم، ئادەمنى مۇشۇنداق خۇش قىلسا، ئىچىپ يۈرسە بولغۇدەك.

— ئەرلەر دەپ، خۇددى سەن ئۆزۈڭ ئەر ئەمەستەك گەپ قىلىسەنا، ئۇكا، — ئۇ كۈلۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەرلەرلا ئەمەس، ھازىر بەزى ئاياللارمۇ ھاراققا ئۆگىنىپ قالدى. لېكىن، راست گەپنى قىلغاندا، ۋىجدانەن ئېيتاي ساڭا، ئۇكا، بۇ ئىچىۋېرىدىغان نېمە ئەمەس. بۇنىڭدىن كېلىدىغان پالاكەتچىلىكمۇ ئاز ئەمەس. ئۆزۈمنى ئېيتاي: مانا مەن قىرىق ئىككى ياشقا كىردىم. مۇشۇ تاش بىلەن ھەپىلىشىۋاتقىلى ماڭا مانا ئون ئىككى يىل بوپتۇ. ئەمدى مېنىڭ تەڭتۇشلىرىمچۇ، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى ھازىر ئوقۇتقۇچى، بىر قىسمى تېخى ئىنژېنېر، دوختۇرلۇق قىلىۋاتقانلىرىمۇ بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن

تېخى ئالىم چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن خېلى نامى بارلار چىقتى. مەنچۇ، مەن شۇلار بىلەن ئوننچى سىنىپقىچە بىللە ئوقۇغان. كېيىن يېزىغا چۈشتۇق، ئۆزۈك سەھرادىن ئىكەنسەن، يېزىنىڭ ئىشىنى بىلىسەن، ئىشلىدۇق، شەھەرگە ئوخشىمىغاندىكىن زېرىكتۇق، شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ كاساپەتنى تاپتۇق، ئىچىشىمىز، ناخشا ئېيتىشىمىز، كۈلۈشىمىز، بەزىدە تېخى يىغلىۋېلىشىمىزمۇ بار. مېنىڭ بىر ئەسكى خۇيۇم بار، بىر نېمىنى قىلسام كىرىشىپلا قالىمەن. نوچىلىق دەۋاسى قىلىپ ئىچىپ يۈرۈۋېرىپتىمەن. كېيىن - كېيىن نامىم چىققىلى تۇردى، ئەسكى نام ئېلىپ قالغاندىن كېيىن ئامەتمۇ سەندىن قاچىدىكەن. باشقىلار بىر - بىرلەپ ئوقۇشقا، ئىشقا چاقىرىلىپ شەھەرگە قايتتى، پېقىر هاراق ئىچىپ يۈرىۋەردى. كېيىن تۆت يىل بولدى دېگەندە قارىسام، بىر - ئىككىيلەن قاپتۇق. دادام «بىر كىچىك كوللېكتىپ»تا ئىشلەيدىغان، شۇنىڭ سايىسى بىلەن مىلىڭ بالالىقتا شەھەرگە چىقىۋالدىم. كېيىن قاراپ باقسام ئۇ «كىچىك كوللېكتىپ» دېگەننىڭ پۇلىمۇ چاغلىق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن مانا ئون نەچچە يىل بولدى، مۇشۇ تاشچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرۈپتىمەن، دېمەكچىمەنكى، ئۇكا، مېنى شۇ ساۋاقداشلىرىمنىڭ قاتارىدىن ئايرىۋەتكەن ئەۋۋەلەم تەقدىر بولسا، كېيىنكىسى كۆللىھەم مۇشۇ هاراق!

— مۇشۇنى بىلىپ تۇرۇپ، — دېدى تۇرسۇن، — يەنە ئىچىدىكەنسىزغۇ؟

— قانداق قىلىسەن، ئۇكا، هاراقتىن تارتقان دەردىمىز ئۈچۈن ئىچىمىز دېگىنە. جاهان دېگەندە ئادەم ئۆز - ئۆزىنى گوللاپ ياشايدىكەن. ئادەم ئاجىز نېمە. خەقلەر ئاياللارنى ئاجىز دېيىشىدۇ، راستىنى ئېيتقاندا، بىز ئەرلەرمۇ ئاجىز. ئاياللار

ئاجىز بولسا جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزدۇر — راست گەپنى قىلسام، مەن مۇشۇ ئايال خەقنى ئانچە چۈشەنمەيمەن — بىز ئەرلەر روھىي جەھەتتىن ئاجىزمىزمىكىن دەيمەن. نۇرغۇن ئىشلار بار، مانا تاماكىنى ئالايلى، زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرىمىز، يەنە شۇنى قىلىمىزغۇ، تېخى ھەر سۆلەت چىقىرىپ قىلىشلىرىمىز بار. ھاراقمۇ شۇنداق. بەزىدە ئويلاپ كېتىمەن، بىلىمنى قەتئىي باغلاپ، ھاراق دېگەن مۇشۇ كاساپەتنى بىراقلا تاشلاي دەيمەن، لېكىن نەچچە كۈندىن كېيىن بىرەر ئۆلپەت ئۇچرايدۇ، ھاراقنى تاشلايمەن دەپ نىيەت قىلغانىدىم دەيسەن، ئۇ شۇ نىيىتىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ ئىچىپ قوي، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىچمەيمەن دېگەن كۆڭلۈم ئۈچۈن ئىچتىم دەپ ئىچىپ تاشلايسەن، ھا ـ ھا ـ ھا.

تۇرسۇنمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۈلۈپ كەتتى.

— بۇ جاھان شۇنداق جاھان ئىكەن ! — دېدى پەرھات تاشچى بىر خورسىنىپ قويۇپ، — بىرىمىز باغدىن، بىرىمىز تاغدىن، بىرىمىز تۆردىن، يەنە بىرىمىز پەگاھتىن رىسقى ـ تاپاۋىتىمىزنى تېپىپ ياشايدىكەنمىز. بىزنىڭ ئاغىنىلەر ئاپتاپ كۆرمەي، سوغۇق كۆرمەي، ئازادە ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ ياشاۋاتىدۇ. بىز بولساق، ھەممىنى كۆرۈپ، ھەممىگە چىداپ ياشاپ يۈرۈپتۇق مانا. بۇمۇ ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى قىلىدىغان ئىش. قولدەك ئىشلە، بەگدەك يە. ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا... قېنى، ئوكام، ماۋۇ ئىشنى... سەن سەل بولالماي قالغاندەك تۇرىسەن. جىندەك ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىۋال، ماۋۇ چاناپ قويغان توپا ئاز قاپتۇ، مەن ئېلىۋېتىپ، يەنە بىر چاناي، ئاندىن شۇنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، بالدۇرراق كېتەيلى.

— ياق، ئاكا، ئۆزۈم ئېلىۋېتەي، — تۇرسۇن پەرھات تاشچىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي، توپىنى پاكىز ئېلىۋېتىپ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاندىن بىر چەتكە بېرىپ ئولتۇردى.

پەرھات تاشچى جوتۇنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چاپقىلى تۇردى. تۇرسۇن شىركەيىپ ھالدا ئۇنىڭغا قارىدى. پەرھات تاشچى خۇددى بازاغاندەكلا دىققاق كەلگەن، كۆچلۈك ئادەم ئىدى. شۇ تاپتا چىكىلىكى بىر چەتكە ئۆتۈپ قالغان قارا كەپكىسى ئۇنىڭ قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ ئاستىدىكى سەل يايسىمان بۇرۇتىنىڭ ئالدىدا ئانچە قارىدەكمۇ كۆرۈنمەيتتى. جوتۇنى ھەر كۆتۈرۈپ چاپقاندا ئۇنىڭ چوڭ بولسىمۇ سەل خۇنۇك كۆرۈنىدىغان بېغىر رەڭ كۆزلىرى تۇرسۇنغا باشقىچە نۇرلىنىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ شەپكىسىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان قارا چاچلىرى توزۇغان توپىدىن بوز رەڭگە كىرىپ قالغانىدى.

پەرھات تاشچى ئىشنى سەل توختىتىپ، كونىرىغان، قارا كۆك گىمناستيوركىسىنىڭ يېڭى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈۋەتتى. ئۇنىڭ ماڭلىيىدىكى، يۈزىدىكى يول - يول قورۇقلار تۇرسۇنغا ئالتە قەدەم نېرىدىنمۇ خېلى ئېنىق كۆرۈندى.

«بۇمۇ قالتىس ئادەم ئىكەن، — ئويلىدى تۇرسۇن، — ئېغىر ئەمگەككە ۋايىسىماي، يالغۇزچىلىقتىن زېرىكمەي، مۇشۇ يەردە ئون نەچچە يىلنى ئۆتكۈزگەن بولسا، يىگىتكەن بۇمۇ. چېچىمۇ تېخى قاپقارا تۇرۇپتۇ، ئۆزىگە ئانچە خاپىلىق يولاتمايدىغان، ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدىغان ئادەم ئوخشايدۇ. چاقچاقلىرىنى قارىمامدىغان.»

تۇرسۇن سوۋۇپ قالغان چايدىن بىر پىيالە ئىچىۋېتىپ قولىغا گۈرجەكنى ئالدى.

كۈن تاغنىڭ كەينىگە ئولتۇردى. ئۇلار شەھەرگە كىرىپ كېتىۋاتقاندا، پەرھات تاشچى تۇرسۇنغا:

— ئۇكام، مەن شائىيار ئۇستامغا دەپ قويغان. مېنىڭ

ئۆيۈم بۇ يەرگە سەل يىقىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە تۆت ئېغىز ئۆيۈم بار، شەھەرنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ يەرگە كېلىپ بولغۇچە ھېرىپ كېتىسەن، كەچتە قىشىڭغا چوڭ ئوغلۇمنى ئەۋەتىمەن، نەرسە - كېرەكلىرىڭنى ئېلىپ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ يات، تاپقىنىمىز تەڭ ئوتاق. شانىياز ئۇستامۇ قوشۇلدى، — دېدى.

بۇنىڭغا تۇرسۇنمۇ باشقىچە پىكىردە بولمىدى. ئۆيى يوق ئادەم ئۇچۇن قايسى ئۆي بولسىمۇ بەربىر غو، شانىياز ئۇستامغۇ ئوبدان ئادەم، لېكىن بۇ كىشىمۇ بولىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ تۇرسۇن ئەتىسىدىن تارتىپ ئىشقا پەرھات تاشچىنىڭ ئۆيىدىن باردى. تاشلىقنىڭ توپا قاتلىمىنى ئېلىش ئوڭاي بولغىنى بىلەن، تاشنىڭ ئۆزىنى ئېلىش ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىكەن.

دەسلەپكى تاش قاتلىمىنى پەرھات تاشچى لوم بىلەنلا قومۇرۇپ چىقارغىلى تۇرۇۋىدى، تۇرسۇن بۇ ئىشنى ئوڭاي چاغلاپ قالدى. لېكىن، ئويلىمىغان يەردىن پەرھات تاشچى ئۇ تاشلارنى بازغان بىلەن ئۇرۇپ پارچە - پارچە قىلىۋەتتى.

— ئۇستام، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ — تۇرسۇن ئەجەبلىنىپ سورىدى.

— بۇ قارىماققا تاشتەك تۇرغىنى بىلەن تاش ئەمەس، ئۇكام. توپىغا قانچىلىك يېقىن تۇرسا شۇنچىلىك توپىغا ئايلىنىدىغان ئىش ئىكەن. قارىمامسەن، بازغان بىلەن ئىككىنى ئۇرۇۋىدىم، نەچچە پارچە بولۇپ كەتتى. بۇنىمۇ زاڭخو قاتارىغا قوشۇۋېتىمىز.

بىر يېرىم غېرىچچە نېپىز، ئۇۋۇلۇپ تۇرىدىغان تاش قاتلىمىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، ھەقىقىي تاشنىڭ يۈزى ئېچىلدى. تاشچى ئۇستام تاشنىڭ يېرىقلىرىغا لومنى تىقىپ قايرىپ بىر قەۋەت تاشنى ئورنىدىن قوزغىدى، ئاندىن لوم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن پىشاڭداپ تۇرۇپ ئاستىغا مۇشتتەك بىر تاشنى كىرگۈزۈۋەتتى ـ دە، ئۈستىدىن بازغان بىلەن ئىككىنى قويدى. تاش ئۈچ پارچە بولدى.

— قېنى، ئۇكا، تاشنى ئېلىپ ئاۋۇياققا دۆۋىلە.

تۇرسۇن تاش توشۇشقا باشلىدى. پەرھات ئۇستام بىر قېلىپتا تاش چېقىۋېتىۋەردى. بىر سائەتكە بارمايلا تۇرسۇننىڭ پەلىيى يىرتىلىپ، بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنى تاش يالىغىلى تۇردى. شۇنداقتىمۇ ئۇ چىدام بىلەن ئىشلەۋەردى. لېكىن، چىدامىنىڭمۇ چېكى بولىدىكەن، چۈشكە يېقىن، ئۇنىڭ قولى زادىلا بولالمىدى. ئۇ قولىنى تۇرۇپ ـ تۇرۇپ، ئوتتا كۆيۈپ قالغاندەك پۈۋلەپ قوياتتى، ئاخىر بۇ ئىش پەرھات تاشچىنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

— ئاپلا، — دېدى ئۇ، — ساڭا پەلەي تەييارلاپ بېرىشنى ئۇنتۇپتىمەن ئەمەسمۇ.

— ئۆزۈمنىڭغۇ پەلىيىم بار ئىدى، لېكىن چىدىمىدى، — دېدى تۇرسۇن سەل ئوڭايسىزلىنىپ.

— ئۇكام، تاشچىلىقتا بىز ئۇ پەلىيىڭنى پەلەي دېمەيمىز. مانا پەلەي دېگەن، — ئۇ بىر تاشنىڭ ئارىسىدىن ماشىنا بالونىدىن كېسىۋېلىنغان ئىككى پارچە قارا رېزىنكىنى چىقاردى. بۇ بەش قولنىڭ شەكلى چىقىرىلغان، لېكىن قولنى قاپلىغىلى بولمايدىغان كەسمە رېزىنكە ئىدى. ئۇ تۇرسۇننىڭ ئىككى ئالقىنىغا بىر پارچىدىن قويۇپ رېزىنكىنىڭ ئاستىنى قول بېغىشى بىلەن قوشۇپ رېزىنكە قوللۇق بىلەن بوغۇپ قويدى. تۇرسۇن قولىنى شۇنداق دوم قىلىۋىدى، ئۇ «پەلەي» خۇددى ئىتنىڭ تىلىدەك ساڭگىلاپ قالدى.

— مۇشۇ پەلەيما؟ — دەپ كۈلۈپ كەتتى ئۇ.

— پەلەي! پەلەي بولغاندىمۇ ئەڭ ئېسىل پەلەي، ئۇكا، بۇ!

جانغا ئەسقاتقىنى ئەۋزەل. تاشقا بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق پەلەي بەۋا كېلەلمەيدۇ. تاشنى كۆتۈرىمەن دەپ ئېڭىشسەڭلا قولۇڭغا چاپلىشىپ كېلىدۇ، گۈرجەك ياكى باشقا بىرنېمە تۇتىمەن دېسەڭ، بىلىكىڭدە تۇرۇپ تۇرىدۇ. قېنى، تاشنى ئەمدى كۆتۈرۈپ باقە.

دېگەندەكلا تۇرسۇن بۇ «پەلەي» بىلەن تاشنى كۆتۈرۈۋىدى، بارماقلىرىنىڭ قىزىرىپ سۇ كۆتۈرۈپ كەتكەن يېرىگە ئانچە بېسىم كەلمىدى. مانا، بۇمۇ بولىدىغان ئوقەت ئىكەن.

باياتىن بېرى تۇرسۇن تاشنىڭ كىچىكرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ ئاچىقىۋەتكەچكە، يەردە ساپلا يوغان تاشلار قالغانىدى. تۇرسۇن بۇ تاشلارنى پارچىلاپ ئاچىقماقچى بولۇپ، قولىغا بازغاننى ئالدى. بۇ يىگىرمە ئىككى باغلىق بازغان ئىدى. ئۇ بازغاننى ئېگىز كۆتۈرۈپ بىر قويغانىدى، بازغان تاشقا تېگىپ ئېگىز قاڭقىپ كەتتى. ئىككىنچى ئۇرۇشىدا يەنە تاش چېقىلماي، بازغان پۇتىغا تېگىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئۇ بازغاننى يەنە بىر قېتىم ئۇراي دەپ تۇرغاندا، پەرھات تاشچى كېلىپ باشتىن ھالقىپ كۆتۈرۈلگەن بازغاننىڭ سېپىنى تۇتۇۋالدى.

— ھاي، ھاي، ئۇكا، — دېدى ئۇ، — بىزگە بازغان كېرەك بولىدۇ. بۇنداق ئۇرغىلى تۇرساڭ يا پۇتۇڭنى سۇندۇرىسەن، يا ساپنى. مۇسۇلماندارچىلىقمۇ ئاستا - ئاستا دەيدۇ. بازغان ئۇرۇشنىڭ سەل ئېپىنى كۆرۈۋېلىپ ئاندىن ئۇر. ماۋۇنىڭغا قارا ! — ئۇ بازغاننى كۆتۈرۈپ كۆچمەيلا ئىككىنى ئۇرۇۋىدى، يوغان بىر تاش ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى، — ھەممە ئىشنىڭ بىر ئېپى بار، ئۇكا. بولۇپمۇ بۇ تاشقا ئەپ ئىشلەتمىسەڭ چاتاق. تاشقا كەتكەن كۈچ كەلمەيدۇ. توغرا، بۇ قارا كۈچ كېتىدىغان ئىش. شۇنداقتىمۇ ئېپىنى ئېلىش كېرەك، تاشنىڭمۇ ياغاچقا ئوخشاش پارچىلىنىدىغان بىر يولى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولىدۇ، بوش ـ بوش ئۇرۇپ، كۆزىتىپ ـ كۆزىتىپ تۇرساڭ، مانا مەن دەپ ئۇ يولمۇ مەلۇم بولىدۇ. بوش ئۇرۇپ ئىز سىلىپ ماڭغاندا كۆچنى بازغاننىڭ قىرىغىراق سالىمىز، يولىنى تېپىپ تاشنىڭ يۈرىكىگە سالغاندا كۆچنى بازغاننىڭ پۈتۈن يۈزىگە يېيىلدۇرىمىز مانا مۇنداق!

ئۇ بىر ياقتىن چۈشەندۇرۇپ، بىر ياقتىن بازغان ئۇرۇپ بىردەمنىڭ ئىچىدە يەردىكى بىرمۇنچە تاشنى چېقىپ بولدى. لېكىن، يۈزى بۇدۇر ـ چوقۇر بىر كۆك تاشقا كەلگەندە بازغان ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەلمەي قالدى.

— يۇمشاق تاش ئىكەن ـ دە، لەنىتى، — دېدى پەرھات تاشچى بېشىنى چايقاپ.

— يۇمشاق بولسا ئاسان چېقىلمامدۇ، پەرھاتكا، قاتتىق ئىكەن دەڭا، — تۇرسۇن ئۇنى خاتا سۆزلەپ قويدى دەپ ئويلىغانىدى.

— ياق يۇمشاق. يۇمشاقنى چاقماق تەس، — ئۇ تۇرسۇننىڭ كۆزىگە تىكىلىپ، — بەلكىم ئاڭلىغان بولغىيدىڭ، — دېدى، — قۇرت ئۆزىنىڭ يۇمشاقلىقى بىلەن تاشنىمۇ تېشىۋېتىدۇ دېگەن گەپ بار. قانچىلىك يۇمشاق بولۇۋالسا، ئۇنىڭغا تەڭ تۇرماق تەس؛ قاتتىق بولسىچۇ، ئۇنىڭدىنمۇ نەچچە ھەسسە قاتتىقلىق ھامان ئۇنى چېقىپ تاشلايدۇ. ئاشۇنداق چېقىپ تاشلانغانلار بۇرۇن خېلى ئۆتكەنغۇ. قارىغاندا، چېقىلىسىمۇ قاتتىقى ياخشى ئوخشايدۇ. ماۋۇ كاساپەتنىڭ ئادەمنى رەللە قىلىۋاتقىنىنى كۆرمەمسەن، — ئۇ بازغاننى زەرب بىلەن كەينى ـ كەينىدىن ئۇرۇۋېدى، ئۇ تاش ئۇۋۇلىپ ـ ئۇۋۇلىپ كەتتى، — ياراقسىز چىقتى، لەنىتى!

ئۇ ئەلەم بىلەن بازغاننى بىر چەتكە تاشلاپ قويدى. تۇرسۇن ئۇۋۇلىپ كەتكەن تاشقا قاراپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن

چوڭقۇر بىر خىيال ئەكس ئېتەتتى.

ئەتىسى تۇرسۇن ئورنىدىن ناھايىتى تەستە تۇردى. ئۇنىڭ بېلى، پۇت ـ قوللىرى سىرقىراپ ئاغرىيتتى.

— ھېچقىسى يوق، ئۇكا، — دېدى پەرھات تاشچى، — ئاستا ـ ئاستا پىشىسەن، ئېغىر ئىش دېگەن كىمنىڭ جېنىنى قاقشاتمايدۇ. بىز ئىشقا يارالغان ئادەملەر ئىكەنمىز مۇشۇنداق. ئىشنى كۆندە يوقلاپ دوستلىشىۋالمىساڭ، ئۇ سېنى ئۆگەيلەپ تاشلايدىغان بولسا، كېرەكسىز بولغىنىڭ شۇ.

راستىكەن، ئىش ئۇنى ئەتىگەندە يېرىم سائەتچە ئۆگەيلىگەندەك قىلغىنى بىلەن، بىر ئاچچىق تەردىن كېيىن بىلىندۈرمەيلا قوينىغا تارتىپ ئەكىرىپ كەتتى.

تۇرسۇن مۇشۇنداق ئىشلەۋەردى. مۇشۇ ئىش بىلەن كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، ھەتتا ئىككى پەسىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئۆز ۋاقتىدا ئادەملەر ئارىسىدا ئىشلەشتىن زېرىككەن تۇرسۇن ئەمدى بۇ ئايرىم مۇھىتتىنمۇ زېرىكىشكە باشلىدى. ئۇ زادى نېمە ئۈچۈن ئىشلەيدۇ؟ پۇل تېپىش ئۈچۈنمۇ؟ خوش، پۇل تاپسا ئۇ نېمە قىلماقچى؟ ئۆيلەنمەكچىمۇ؟ بالىچاقىلىق بولماقچىمۇ؟ ئۇنىڭ ئەتىسى، ئەتىسىنىڭ ئەتىسى، يىراق ئەتىسى زادى نېمە بولماق؟ كەچ كۈز، باش ئەتىياز كۈنلىرى تاشلىقنىڭ ئالدىدىكى كۆلدىن شۇنداق تۇمان كۆتۈرۈلىدۇكى، ئەتراپنى، ھەتتا ئالدىڭدىكى بەش ـ ئالتە قەدەم يەرنىمۇ پەرق ئەتكۈسىز قىلىۋېتىدۇ. تۇرسۇننىڭ روھىي دۇنياسىمۇ شۇنداق تۇمانلىق ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتلىق يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان قۇياش ئۇنىڭ بۇلۇتلۇق قەلب ئاسمىنىدىن تېخى پارلاپ چىقمىغانىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئون ئۈچىنچى باب

ھەر ئادەمنىڭ قالدۇرىدىغان تەسىرى ئۆزگىچە بولىدىكەن. تۇرسۇنغا پەرھات تاشچى پەقەت بۇ دۇنياغا ئىشلەش ئۈچۈنلا يارىلىپ كەتكەندەك تەسىر قالدۇرغان بولسا، ئۇنىڭ ئايالى بۇۋى زۆھرە باشقىچىلا بىر تەسىر قالدۇردى. يېشى ئوتتۇز توققۇز — قىرىقلاردىكى، ئۆڭكى قارىمۇتۇقراق كەلگەن، يوغان قوي كۆزلىرى نۇرلىنىپ تۇرىدىغان، غۇنچە بوي، سۆزدىمۇ، ھەرىكەتتىمۇ چاققان بۇ ئايال «چوكان بازىرى»دا مىلىچمال دۇكىنى ئاچاتتى. ئۇنىڭ تۇرسۇنغا ئېيتىشىچە، بۇ تىجارەتنى ئۇ ئاران قولغا كەلتۈرگەنىكەن. دەسلەپ پەرھات تاشچى ئۇنىڭ سودىگەرچىلىك قىلىشىغا زادى ئۇنىماپتۇ، «خوتۇننى كوچىغا چىقىرىپ قويىدى» دېگەن ئاھانەتنى كۆتۈرۈپ نەدە يۈرىمەن، مەن پۇل تېپىپ بەرگەندىن كېيىن بالىلارنى بېقىپ ئۆيدە ياتمامسەن، دەپ چالۋاقاپتۇ. لېكىن، بۇۋى زۆھرەمۇ بوش كەلمەپتۇ، بالىلار چوڭ بولۇپ ئېگەككە تاقاشتى، بىرىنى ياتلىق قىلىمىز، ئۈچىنى ئۆيلەيمىز، يا سېنىڭ ئىش ئورنۇڭ بولمىسا، يا مېنىڭكى بولمىسا، ئالىمادىس بېشىمىز ياستۇققا چۈشۈپ قالسا، يېنىمىزدا جىقراق پۇل بولمىسا بولامدۇ، ئۆزىنى جاھاندا بىر ئەركەك دەپ يۈرگەن پالانچى — پۇستانچىلارنىڭ خوتۇنلىرىمۇ دۇكان ئېچىۋاتىدۇغۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىز نېمىدۇق دەپ بىرمۇنچە ئاساسلىرىنى قويۇپتۇ؛ ئاساستىن باشقا، يەنە ئارىغا يۈزلۈك ئادەملەرنىمۇ قويۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئاخىر ئېرى پەرھات تاشچىدىن ئالغان تۆت مىڭ كوي دەسمايە بىلەن بىر دۇكان ئېچىۋاپتۇ.

«چوكان بازىرى» دېگەننى تۇرسۇنمۇ بېرىپ كۆردى، ئۇ يەردە ساپلا خوتۇن ـ قىزلار تىجارەت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، قايسىبىر قىزىقچى ئادەم ئۇ يەرگە «چوكان بازىرى» دەپ ئىسىم قويۇپ قويغانىكەن. بەزىلىرىنىڭ تونىكىدىن ياسالغان كىچىك بوتكا دۇكانلىرى بولىدىكەن، بەزىلىرىنىڭ ئىجارىگە ئالغان پەقەت بىرلا پوكىيى بولىدىكەن. بۇنىڭدا بار مال ئۇنىڭدىمۇ بولىدىكەن، پەرقى بەزىلىرىنىڭ جىقراق، بەزىلىرىنىڭ ئازراق شۇ. لېكىن، چوڭ شەھەر بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممىسى ئۆزىگە يارىشا ئانچە ـ مۇنچە سودا قىلىپ، قورساقلىرى، كىيىم ـ كېچەككە تۇشلۇق پۇل تاپىدىكەن. دەسلەپتە بۇۋى زۆھرەنىڭمۇ تاپقىنى پەقەت «گالغا تۇشلۇق»لا ئىكەن. ھازىر «خېلى چوڭ ئىش تەۋرىتەلەيدىغان» دەسمايىگە ئىگە بولۇپ، دۇكىنىمۇ خېلى چوڭىيىپ قاپتۇ.

— سىز قانداق قىلىپ ئۇنچىلىك بېيىپ كەتتىڭىز؟ — سورىدى تۇرسۇن بىر كۈنى كەچتە. بۇ چاغدا پەرھات تاشچىمۇ تۇرسۇننىڭ قېشىدا — كارىۋاتتا پۇتىنى سوزۇپ ئولتۇراتتى.

— تىرىشىپ، — بۇۋى زۆھرە قىسقىلا جاۋاب بەردى.

— تىرىشىپ دېگىنىنى ماۋۇ خوتۇننىڭ، بۇ دۇنيادا كىم تىرىشمايدۇ، يېنىڭىزدا دۇكان ئاچىدىغان باشقا خوتۇنلار تىرىشمامدۇ؟ ! سورىغاندىكىن تۈزۈك جاۋاب بەرمەمسەن !؟ — پەرھات تاشچى خوتۇنىغا سەل زەردە قىلدى.

— بۇ ھەقتە گەپ قىلسام ئوغىلىرى قايناپ قالىدۇ ئەمەسمۇ ئۆزلىرىنىڭ.

— بولدى ـ بولدى، ئوغام قاينىمايدۇ، دەۋەر.

— دەپ بېرىڭا، بۇۋى زۆھرە ئاچا !

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇۋى زۆھرە تۇرسۇننىڭ يىلىنغىنىنى كۆرۈپ كۇلدى.

— بۇنىڭدىغۇ دەپ بەرگۇچىلىك چوڭ ئىشمۇ يوق، ئۇكام. سوراپ قالدىڭ، ئۆزۈمنىڭ بىلگىنىمنى دەپ باقاي. مېنىڭ روناق تېپىپ قېلىشىمدىكى مۇھىم بىر سەۋەب — مەندە جۈرئەت بار. مەن بۇنى جۈرئەت دەيمەن؛ بالىلارنىڭ دادىسى تەۋەككۇلچىلىك، قاراملىق دەيدۇ. نېمىلا دېسەك دەيلى، ئىشقىلىپ سودىدا — باشقا ئىشلاردىمۇ بەلكىم شۇنداقتۇر — دادىللىق بولمىسا بىكار. مەن قەرز ئېلىشتىنمۇ قورقمايمەن، قەرز بېرىشتىنمۇ قورقمايمەن، بىر مالنى دىتلىيالىساملا ئالىمەن، ۋاقتىنچە بېسىلىپ قېلىشتىنمۇ قورقمايمەن، ئاخىر بىر كۈنى كۆزلىگەن پايدامغا ئېرىشىمەن. نىيەت قىلغان نەرسەمگە ئېرىشمىگۈچە ئۇنىمايدىغان بۇ مىجەز مەندە بۇرۇندىن تارتىپلا بار. سەن بىزگە ئۇكىمىزنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالدىڭ، يوشۇرماي دەۋېرەي. مانا بىزنىڭ بۇ كىشى، — ئۇ ئېگىكى بىلەن خۇلقلۇق ئىما قىلىپ پەرھات تاشچىنى كۆرسەتتى، — مېنى ئالغاندا، ئۆزلۈكىدىن ئالغانمىكىن دەپ ئويلىما. مەن بۇ كىشىنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ تەگكەن. ئۇ چاغدا بۇ كىشى قالتىس قاۋۇل، قالتىس...

— ۋاي، يوقىلاڭ گەپنى قىلماي، ئۆزۈڭنىڭ گېپىنى قىله، — پەرھات تاشچى خوتۇنىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

بۇۋى زۆھرە كۈلگىنىچە چاڭىلداپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئۆزلىرى مېنى بىرەر قېتىم كۆڭلۈم ئۈچۈن بولسىمۇ، ياش ۋاقتىڭدا چىرايلىق ئىدىڭ دەپمۇ قويمايلا. مەن دېسەم غىدىقلىرى كېلىۋاتامدۇ، راست گەپنى دەيمىز مۇشۇنداق. سىلىمۇ ئۆگەنسىلە مەندىن. ياخشى گەپ — ماختاش دېگەنچۇ جان ئوزۇقى. جان يايرايدۇ... ھە، ئۇكام، نېمە دەۋاتاتتىم؟ ھە، راست، قارىسام مەھەللىدە بۇ كىشى — ئۇ چاغدا يىگىت —

ھەممىدىن تۇچى، ئۇقۇغان، ئىشقىمۇ بىلى چىڭ، يىگىرمە يەتتە ـ يىگىرمە سەككىزگە كىرگۈچە ئۆيلەنمىدى، يا قىزلار بىلەن بىللە يۈرگىنىنىمۇ كۆرمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئىچىمگە ئوت چۈشتى، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ گېپىمنى بۆلمە دېگەن مەنىدە ئېرىگە قولىنى چايقاپ قويدى، — بۇ كىشى كوچىدا پەيدا بولغان چاغدا مەنمۇ پات ـ پات كۆرۈنۈش قىلىپ قويدىغان بولدۇم، زورلاپ سالاملىشىپمۇ قويىمەن، بەزىدە ئادەم خالىي يەرلەردە ئۇچرىشىپ قالسام كىيىملىرىدىكى توپىلىرىنىمۇ قېقىپ قويىمەن، بەزىدە يۈرىكىم يوغىناپ قالسا قول ياغلىقىمنى بېرىپ يۈز ـ كۆزىڭىزدىكى چاڭنى سۈرتۈۋېتىڭ دەيمەن، شۇنداق قىلىپ، ئەپچىللىك بىلەن چىرايلىق كەشتە تىككەن قول ياغلىقىمنىمۇ ئۇنىڭغا بېرىۋالدىم. راست گەپنى قىلسام، ئۇ چاغدا مەن چوكان، بىر قىزىم بار، بايام سىلەرگە لەغمەن سوزۇپ بەرگەن قىزچۇ شۇ. بۇنى بىلىسەنغۇ. مېنىڭ بۇ يىگىتكە قىلىپ يۈرگەنلىرىمنى تەڭتۇشلىرىم كۆرۈپ مېنى مازاق قىلدى. ئۇنىڭغا تېگەلمەيسەن دېيىشتى. مەنچۇ، مەن كۆڭلۈمدە چوقۇم ئۇنىڭغا تېگىمەن دەپ نىيەت قىلدىم، ئاخىر نىيىتىمگە يەتتىم. مەن ئۇنىڭغا يىگىت بولغانلىقى ئۈچۈنلا تەگدىممۇ، ياق! مېنىڭ دەسلەپكى يولدىشىممۇ يىگىت ئىدى. ئاتا ـ ئانىلىرىم مېنى ئۇنىڭغا يىگىت دەپ بەرگەنىدى، لېكىن بۇرۇتى بولسىلا يىگىت بولمايدىكەن. يىگىت دېگەندە ئۆزىگە تۇشلۇق ۋىجدان، مەردانىلىك دېگەن بىرنېمە بولۇشى كېرەك ئىكەن. لېكىن، مەن ئۇنىڭدىن ئۇنداق نەرسىلەرنى بايقىمىدىم. تۈزۈك ئىش ئورنى بار، تېخى كادىر، يا ئىدارىسىدە قىلىپ كەتكەن ئىشىنىڭ تايىنى يوق. چوڭىنى كۆرسە خۇشامەت قىلغان، كوچىغا چىقسا خوتۇن ـ قىزلارغا بەزگە تەلمۈرگەن مۇشۇكتەك قاراپ كەتكەن،

ئۆيگە كىرسە تېخى ماڭا قىلىدىغان يوغانچىلىقى، ئاخىر بولۇشالمىدۇق. قىزىم تۇغۇلۇپ ئۈچ ئايدىن كېيىنلا خىزمىتىمنى ئالدىم. ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئۈچىنچى يىلىغا كەلگەندە بۇ يىگىتكە تېگىپ ئالدىم. بۇنى مەن شۇنىڭ ئۈچۈن يىگىت — ھەقىقىي يىگىت دەپ ئويلىدىمكى، ئۆزىنى ھېچكىمنىڭ ئالدىدا خار قىلىشنى خالىمايدۇ. كۈچىنى خار قىلسا قىلىدۇكى، ئۆزىنى خار قىلمايدۇ، سەمىمىي. مانا بىز ئۆي تۇتقىلى ئون بەش يىل بوپتۇ، مەن ئۇنىڭدىن قىلچە ساختىلىق سەزمىدىم. قىزىمىنىمۇ ئۆگەيلەپ باققىنى يوق، راست گەپ، قىزىم ھېلىغىچە بۇنىڭ ئۆگەيلىكىنى بىلمەيدۇ. مېنىڭچە، ئەرلەر ئىچىدە مۇنداق ئاق كۆڭۈل، مەردانە ئادەم ئاز.

— قويە، خوتۇن، سۆزلە دېسە ساپلا مېنى ماختىغىلى تۇردۇڭغۇ، باشقا گېپىڭ يوقمۇ هوي، — پەرھات تاشچى كۈلۈپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى.

— توختىسىلا، دادىسى، سۆزۈمنى بۆلمىسىلە، — دېدى بۈۋى زۆھرە، — مەن كۆڭلۈمدىكىنى بۈگۈن بىر دەۋالاي. ئاچچىق گەپلىرىم بولسا ئۆز ۋاقتىدا جىق دەۋالغان. ئەمدى راست ـ ھەقىقىي ـ جىڭ تاتلىق گەپلىرىمنى بىر دەۋالاي. بۇ ماختاش ئەمەس. سودىدىمۇ بىز پات ـ پات ھېساب ـ كىتاب قىلىپ تۇرىمىز. تۇرمۇشتىمۇ قانچىلىكى ئوبدان بولدى، قانچىلىكى يامان بولدى دېگەننى ئانچە ـ مۇنچە خۇلاسىلەپ تۇرغان ياخشى. بايام ئاچچىق گەپلىرىمنى ئۆز ۋاقتىدا دەۋالغان، دېدىم. ئۇكام بۇ نېمە ئاچچىق گەپ دېمەمسەن. ئۇ ھەرگىزمۇ بۇ كىشىنىڭ كۆڭلۈمنى رەنجىتكەنلىكىدىن چىققان ئاچچىق گەپ ئەمەس. بۇ كىشى ھەرگىز مېنىڭ كۆڭلۈمنى رەنجىتمەيدۇ. قۇرت ـ قوڭغۇز، چۈمۈلە چاغلىق نەرسىگىمۇ ئازار بېرىدىغان ئادەم ئەمەس بۇ. مېنىڭ بۇ كىشىگە ئاچچىق

قىلىدىغىنىم، شۇ تاشچىلىقتىن قولۇڭنى ئۈز دەيمەن، جاھاندا تىرىكچىلىكنىڭ يولى ئازمۇ؟ ھازىر مېنىڭ قولۇمدا خېلى بىر دەسمايە بار. دۇكاننى كېڭەيتەيلى، سىلى ئۇستىدە تۇرۇپ بەرسىلە دەيمەن. بۇياق ئۇنىمايدۇ. كۆڭلۈڭ تىنچ — قايناق سۇ ئىچ دەيدۇ، ئاز يەپ ئاسان تىرىل دەيدۇ. لېكىن، مەن ئۇنىڭغا ئۇنىمايمەن. جاھانغا كەلدۇق - كېتىمىز، قايتىمدىن كېلىشىمىز بارمۇ؟! توختام سۇدەك ئۆتسەڭمۇ شۇ ئۆمۈر تۈگەيدۇ، ئېقىن سۇدەك ئۆتسەڭمۇ شۇ ئۆمۈر ھامان بىر كۈنى تۈگەيدۇ. بىزمۇ يېيىلىپ ئېقىپ باقساق، دولقۇنلىنىپ باقساق بولمامدۇ!؟ مېنىڭ نۇرغۇن ئارمانلىرىم بار، مانا ئاۋۇ قىزىممۇ ئوقۇشسىز قالدى. كۆپرەك پۇل تېپىپ، كەلگۈسىدە — خۇدايىم بۇيرۇسا — بالىلىرىمىزنى پۇل بىلەن بولسىمۇ ئوقۇتساق، بۇ يەردىمۇ ئوقۇسا، چەت ئەلگە چىقىپمۇ ئوقۇسا، بىز بىلمىگەننى بىلسە، بىز قىلالمىغان ئىشلارنىمۇ قىلسا، شۇ چاغدا نېمىدېگەن ئوبدان بولاتتى. بىز تاشچىلىق، كاۋاپچىلىق، سودىگەرچىلىك بىلەنلا ئۆتۈپ كېتىمىزمۇ!؟ دۇرۇس، بىز ھازىر مۇشۇ ئىشنى قىلىۋاتىمىز، لېكىن بۇنى قىلىشىمىز كەلگۈسىدە بالىلىرىمىزنىمۇ مۇشۇنداق ئىشقا سېلىش ئۈچۈنمۇ؟!

— ۋاي... ي خوتۇن، — دېدى پەرھات تاشچى ئاۋازىنى سوزۇپ، — بالىلار چوڭ بولغاندا ئۆز يولىنى تاپىدۇ. بۇنىڭدىن غەم قىلما.

— ياق، ئۇنداق دېمىسىلە، — بۇۋى زۆھرەنىڭ ئاۋازى ناھايىتى كەسكىن چىقتى، — بالىلارنى بۇ دۇنياغا بىز ئاپىرىدە قىلىغانىكەنمىز، چوقۇم ئاخىرغىچە بىز ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. ھېچبولمىغاندا بىز ئۇلارنى ئوبدان تەربىيەلەپ، ھايات كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېرەك. ئۇلار كەلگۈسىدە ھېچكىمدىن قېلىشمىغۇدەك، ھەتتا خېلى ـ خېلىلاردىن يۇقىرى تۇرغۇدەك تۇرمۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولمىسا بولمايدۇ. ئوتتۇرىدا بۇرۇن بولمىسا، ئۇ كۆز بۇ كۆزنى يەيدىغان — بۇنى رىقابەت دەمدىكەن نېمە — مۇشۇنداق جاھاندا بىز باللارنى مۇشۇنداق ئوقۇشسىز قويساق، ئۇلار كېيىن نېمە كۈن كۆرىدۇ؟ ئۇلار بىزنى مۇشۇنداق ئېغىر كۈنگە قويغۇچە تاپمىساڭلار بولماسمىدى دېمەمدۇ، خۇددى بەزىدە بىزمۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى قارغىغانغا ئوخشاش، ئۇلارمۇ بىزنى قارغىمامدۇ. ئۇنداق قىلمىسىلا، دادىسى، ئەمدى ئازگالدىن چىقسىلا، جاھانغا كەڭرى نەزەر سېلىپ باقسىلا، خەق نېمە كويدا، سىلى نېمە كويدا!

— خەقمۇ جاھاندارچىلىقنىڭ كويىدا، بىزمۇ جاھاندارچىلىقنىڭ كويىدا، — دېدى پەرھات تاشچى كۆلۈپ تۇرۇپ، — مەنمۇ باللىرىمنى دەپ ئىشلەۋاتىمەنغۇ. سەن بەك جىق ئويلىنىپ كېتىسەن، خوتۇن. پېقىر ئىشنىلا ئويلايدۇ. تاشچىلىق دېگەن ئەركىن ئىش، بىرىگە بېقىنىدىغان ئىش يوق، بىرىنىڭ كۆزىگە قارايدىغان ئىش يوق، ئۆزۈڭ بەگ — ئۆزۈڭ خان. سەنمۇ ھازىرچە ئۆزۈڭ بىلگەن يولدا مېڭىپ تۇر، پېقىرمۇ ئۆز يولىدا مېڭىپ تۇرسۇن!

— ھەي... ي! سىلىدەك... — بۇۋى زۆھرە ئەپسۇس بىلەن قولىنى چىشلىدى.

تۇرسۇن كۆڭلىدە بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىغا يان بېرىشىنى بىلەلمىدى. ئۆزىنىڭ يالغۇزچىلىقنى خالايدىغان مىجەزىدىن ئېيتقاندا، پەرھات تاشچىنىڭ توغرىدەك؛ بۇۋى زۆھرەنىڭ قويغان ئاساسلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭمۇ خاتا ئەمەستەك بىلىندى. لېكىن، نېمىلا بولسا بولسۇن، بۇۋى زۆھرەنىڭ دادىللىقى تۇرسۇنغا بەكمۇ ياققانىدى. مانا، ئۇ ئايال

كىشى تۇرۇپ خېلى ئىشلارنى قىپتۇ ھەم قىلماقچىكەن. ئەگەر تۇرسۇن بۇرۇنقى قىزلىق ھالىتى بىلەن قالغان بولسا، مۇشۇنداق ئىشلارغا جۈرئەت قىلالىغان بولاتتىمۇ. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى يىگىت دەپ قاراۋاتىدۇ، ئۇنىڭدا زادى قانچىلىك جۈرئەت بار؟ توغرا، ئۇ ئۆز يۇرتىدىن چىقىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالىدى، لېكىن بۇ شەھەرگە كېلىپ ئاشخانىدا ئازغىنا ئىشلىگەندىن كېيىنلا، كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان غەيرىي قاراشلىرى، قىلىقلىرى، گەپ - سۆزلىرىدىن قورقۇپ، ئۆزىنى دەرھاللا ئادەملەر ئارىسىدىن چەتكە ئالمىدىمۇ؟! ئۇنىڭدا شۇ كىشىلەر بىلەن تەڭ تۇرالىغۇدەك، ئېلىشالىغۇدەك، ئۆزىنى تونۇتالىغۇدەك جۈرئەت بولسا بولماسمىدى؟! مانا بۇۋى زۆھرە ئاچا ئايال، پەرھات تاشچى بولسا ئەركەك، لېكىن ئۇ ئايالدا بار جۈرئەت بۇ ئەركەكتە يوق. قارىغاندا جۈرئەت، دادىللىق جىنسكىلا باغلىق ئىش ئەمەس ئوخشايدۇ. لېكىن، يىگىت دېگەندە ئوتتەك يېنىپ تۇرغان جۈرئەت بولمىسا، ئۇنى يىگىت دېگىلى تېخىمۇ بولمايدۇغۇ. لېكىن، تۇرسۇندا زادى قانچىلىك جۈرئەت بار؟ ھەي، يىگىت بولماق نېمىدېگەن تەس!

پەرھات تاشچى بىلەن تۇرسۇن ئىككىسى دەسلەپكى يىلىدا تاشچىلىق بىلەن خېلى جىق پۇل تاپتى. لېكىن، كېيىنكى يىلىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ تېشى كاساتلاشتى. سەۋەبى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىشلىرى قاتتىق كونترول قىلىنغانىدى. قۇرۇلۇش شىركەتلىرىگە بىۋاسىتە قاراشلىق تاش ئازگاللىرىنىڭ تېشى تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرغان يەردە، شەخسىي تاشچىلارنىڭ تېشىغا نەدىمۇ بازار بولسۇن؟! قارىغاندا، ھەممە ئىش ئادەمنىڭ ئۆز ئەركىگىلا باقمايدىكەن. خەقنىڭ كۆزىگە، قولىغا قارايدىغان، بىراۋنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنىپ قالىدىغان ئىشمۇ بولىدىكەن، ئەمدى بۇ تاشلىقتا پەرھات تاشچىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېيتقىنىدەك، «ئۆزى بەگ — ئۆزى خان» بولغىلى بولماي
قالدى. ئازگال تاشقا توشۇپ داۋاملىق تاش كولاش ئىمكانىيىتى
قالمىغان چاغقا كەلگەندە، ئۇ ئىككىسى ئىشنى توختاتتى. ئەمدى
نېمە قىلغۇلۇق؟ پەرھات تاشچى سەل بويىنى قاتتىق ئادەم، ئۇ
ھە دېگەندىلا خوتۇنىنىڭ گېپىگە كىرمىدى. لېكىن، تۇرسۇن
ھايت — ھۇيت دېگۇچە بۇۋى زۆھرەنىڭ «پىرىكازچىك»ىگە
ئايلىنىپ قالدى. راست، پىرىكازچىكلىك دېگەنمۇ ئاجايىپ ئىش
ئىكەن. يۇمشاق گەپ قىلىپ، يۇمشاق كولۇپ، خېرىدارنىڭ
يانچۇقىدىكى پۇلنى ئالىدىكەنسەن، «قۇت ئاتسۇن» دېگەن
خەيرلىك سۆزلۈك بىلەن خېرىدارنىڭمۇ مالنى ئېلىپ يولىغا
جۆنەيدىكەن. ھەر كۈنى ئالدىڭغا تۈمەنمىڭ خىل ئادەم
كېلىدىكەن، كۆپىنچىسى كۆرىدىكەن، بەزىلىرى سوراپمۇ
قويىدىكەن. ئەجەب تولا كۆرۈپ كەتتىڭغۇ دەپ خاپا بولغىلى،
شۇنداقمۇ تۆۋەن باھا قويامسەن دەپ يا ئۆچەكلى بولمايدىكەن،
سەۋر قىلىشىڭغا، كەڭرەك قارىشىڭغا توغرا كېلىدىكەن. نېمىلا
بولسا بولسۇن، تۇرسۇن بۇ يەردە بىر خىل سەۋرنى
ئۆگىنىۋالدى، ھەر خىل قاراشلار، ھەر خىل گەپ — سۆزلەر،
ھەر خىل قىلىقلار ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى ئۆگىنىۋالدى.
لېكىن، بۇمۇ ئوڭايغا توختىغىنى يوق. بەزى چاغلاردا قىسمەن
«بىزەڭ خېرىدار»لار بىلەن قىزىرىشىپمۇ قالدى، سەندىن
ئالەمچە پايدا كېلىدىغان ئىش بولسىمۇ شۇ پايدىنى ئالمايمەنغۇ
دەپ ئۇلارنى ھەيدىۋەتكەن چاغلىرىمۇ بولدى، بەزىدە ئىززا —
ئاھانەتنى ئىچىگە سىڭدۈرەلمەي كۆزىگە غىلىلىدە ياش ئالغان
ياكى ئادەم كۆرمىگەن جايلاردا ئۈن سېلىپ يىغلىۋالغان
ۋاقىتلىرىمۇ بولدى. بۇنداق چاغلاردا، بۇۋى زۆھرە ئۇنىڭغا
مەدەتكار بولدى. ئۇنىڭغا تىرىكچىلىك يولىدا ئۇچرايدىغان
مۇنداق «چىرتىڭ — پىرتىڭ» ئىشلارغا ئومۇمەن «ئۆتەپ بار»

دەۋىتىش، زادى بولمىغاندا «ئەپلەپ، لايىقىدا ئەدەپلەش» توغرىسىدا ياخشى مەسلىھەتلەرنى بەردى؛ تۇرسۇن كۆڭلى بۇزۇلۇپ مىسكىنلىشىپ قالغان چاغلاردا ھەر خىل قىزىق چاقچاقلارنى قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈردى.

شۇنداق قىلىپ يېرىم يىلغا يېتەر - يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئوقەتكە تۇرسۇننىڭ كۆزى خېلى پىشىپ قالدى. بولۇپمۇ ئۇ ئاياللار ئارىسىدا ئاقىدىغان، قىزلار ئەتىۋارلاپ، تالىشىپ سېتىۋالىدىغان ماللارنى ئوبدان پەرق قىلالايتتى. ئىككى قېتىم ئۇنىڭ ھاۋالىسى ۋە چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن توپ سېتىۋېلىنغان مال — بۇنىڭ بىرى يوڭ، پاختا يىپ ئارىلاش توقۇلغان فىرانسۇز مودىسىدىكى ئايالچە پوپايكا، يەنە بىرى ئەرزان پۇللۇق، توقاچ پاشنىلىق توپلى ئىدى — ناھايىتى تېز ۋە خېلى ئوبدان پۇلغا يارىدى. بۇۋى زۆھرە مۇشۇ ماللاردىنلا ئالغان بەش مىڭ كوي ساپ پايدىدىن تۇرسۇنغا مىڭ كوي «مۇكاپات» بەردى. ئۇلار كۈندىلىك ئىشلىرىنى كۈندە كەچتە پەرھات تاشچىغا ئېيتىپ بېرەتتى. تۇرسۇن ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىنى، ھېس قىلغانلىرىنى يېڭىلىق سۈپىتىدە ھەيران قېلىپ، قىزىقىپ سۆزلەيتتى. بۇۋى زۆھرە بولسا ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىنى، قىلغانلىرىنى ئۆزى چۈشەنگەن يولنىڭ يېڭى كارامەتلىرى سۈپىتىدە ئېيتىپ ھەيران قالدۇرۇش، قىزىقتۇرۇش، جەلپ قىلىش ئۈچۈن سۆزلەيتتى. كېيىن - كېيىن تۇرسۇندىكى ھەيرانلىق دەسلەپكى قەدەمدە مۇقىملاشقان بىر خىل چۈشەنچىگە، قىزىقىش بولسا مەلۇم ئىرادىنىڭ تىزگىنىدىكى مەقسەتكە ئايلاندى، ئۇ ئەمدى پەرھات تاشچىغا بىر خىل ھەيرانلىق بىلەن سۆزلىمەيتتى، بەلكى ئۆزى چۈشەنگەن ئاساستا ئۇنىڭغا يېڭىچە تىرىكچىلىك يولىنى تەرغىب قىلاتتى، ئۇنىڭغا خۇددى بۇۋى زۆھرە دېگەندەك تاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئازگىلـىدىن چىقىپ، ئادەملەر قايىنىمىغا كىرىشنى، ئىجتىمائىيەت ئىچىدىمۇ «قېزىلغۇدەك بولىدىغان نى قىممەتلىك بايلىقنىڭ بارلىقىنى» چۈشەندۈرەتتى.

ئۇ پەرھات تاشچىغا چۈشەندۈرگەن ئۇ چۈشەنچىلەر ئۇنىڭغىمۇ «ئادەملەر قايىنىمى»دىن كەلگەنىدى. بۇ ئاجايىپ قاينام ئىكەن. توغرىلىق بىلەن ساختىلىق، ھالاللىق بىلەن ھارامزادىلىك، راستچىللىق بىلەن يالغانچىلىق بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ، ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كەتكەن بۇ قاينام دەسلەپتە ئۇنىڭ كاللا ـ مېڭىسىنى ئايلاندۇرۇۋەتكەن بولسا، كېيىن ئۇ قايىنامدىن سۈزۈلۈپ چىققان ئېقىنغا قاراپ ئۇنىڭ ئەسلىي رەڭگىنى بايقىۋالغان ئادەمگە ئوخشاش، بەزى نەرسىلەرنى خېلى توغرا پەرق قىلىۋالغانىدى. بۇنىڭدا بۇۋى زۆھرەنىڭمۇ رولى خېلى چوڭ بولدى. ھەممىدىن مۇھىمى ئۇنىڭدىكى سەممىيلىك، ئون توققۇز ـ يىگىرمە ياشقا كىرگۈچە بولغان ھاياتىدىكى قېلىپلاشقان دىيانەتلىك خاراكتېر ئۆز كۈچىنى كۆرسەتكەنىدى. توغرا، ئادەم ھاياتىدا چوڭ ـ چوڭ ئىشلارغا، مۇرەككەپ سەرگۈزەشتىلەرگە ئۇچرىغاندا ئۇنىڭ بالىلىق چېغىدا شەكىللەنگەن مىجەز ـ خاراكتېرى كۈچلۈك سىرتقى تەسىرگە ئۇچرىماي قالمايدۇ، بۇ تەسىر ھەتتا بەزىدە خېلى تۈز ئادەملەرنى قۇۋ، ھىيلىگەر ئادەملەرگە، خېلى جۈرئەتلىك ئادەملەرنى قورقۇنچاق، تۈخۇ يۈرەك ئادەملەرگىمۇ ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ. بېشىغا كەلگەن كۈنلەر تۈپەيلى، ئۆز ۋاقتىدا يولدا چۈشۈپ قالغان نەرسىگە كۆز قىرىنىمۇ سالمىغان ئادەملەر، ھەتتا ئوغرى ـ يانچۇقچىغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن؛ ئۆمرىدە چىۋىن چاغلىق نەرسىنى ئۆلتۈرۈشكە قولى بارمايدىغان ئادەم جېدەلخۇمار لۈكچەككە، ھەتتا ئادەم ئۆلتۈرىدىغان قاتىلغىمۇ ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ

يەردىكى مەسىلە ئاساسىي تەرەپتىن ئېيتقاندا، شۇ كىشىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىدىكى ئۇزاق مۇددەت چوڭقۇر ساقلانغان ئىچكى ئامىلغا، يەنى قانغا باغلىق بولسا، يەنى بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ياشىغان مۇھىتى ۋە ئۇ ئۇچراشقان، ئۇنىڭغا ئالاھىدە تەسىر قالدۇرغان كىشىلەرگىمۇ باغلىق. بىزنىڭ تۇرسۇنمۇ ئۆزگەرمىدى ئەمەس: ئۇ قىز چېغىدا شوخ، تىنىمسىز ۋە تۇرگۇن ئىدى، بېشىغا كەلگەن قىسمەت تۇپەيلى ئەمدى ياۋاش، ئېغىر — بېسىق ۋە تارتىنچاق بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يامان ئادەملەرگە جىق يولۇقمىدى، يولۇققان بولسىمۇ، يەنە شۇ يەردە ئۇنىڭغا ياخشىلىقتىن، توغرىلىقتىن يول كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئادەملەرمۇ بولۇپ تۇردى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ كېيىنكى چاغلاردا يولۇققان جەمئىيەت ئۇنىڭغا ئەسلىي قىياپىتى بىلەن، بەزىدە قورقۇنچلۇق، بەزىدە كۆڭۈللۈك، بەزىدە كۈلكىلىك، بەزىدە تەسىرلىك سېلىشتۇرمىلىرى بىلەن ئۇنتۇلغۇسىز، جانلىق دەرسلەرنى ئۆتتى. ئۇ بەزىدە قايىنامىنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپمۇ كىردى، بەزىدە قىرغاققا چىقىپ بۇ قايىنام ئىچىدىكى ئىشلارنى تاماشىمۇ قىلدى. ئۇ قايىنام ئىچىگە — تىرىكچىلىك دۇنياسىغا شۇڭغۇغاندا ئۆزىنى دولقۇنلار ئەركىدە چۆرگۈلەپ يۈرگەن تالاي ئادەملەرنىڭ بىرى قاتارىدا ھېس قىلاتتى. قىرغاققا چىققاندا — تەپەككۇر بۇيۇكلۇكىگە كۆتۈرۈلگەندە بولسا، ئۆزىنى شىددەتلىك دولقۇن، تەتۈر قايناملار ئىچىدە كۈچلۈك پالاق ئۇرۇپ، ئېلىشىپ ياشىيالايدىغان، ئۆزىنىڭ ھاياتلىق يەلكىنىنى سۇندۇرماي، چۆكتۈرمەي ئاخىرىغىچە ھەيدەپ ماڭالايدىغان جەسۇر رولچى بولۇش كېرەكتەك ھېس قىلاتتى.

ھايات، ھايات مەنتىقىلىرى ئادەمنى ئۆزگەرتەلەيدىكەن، تۇرسۇندىكى ئۆزگىرىش چوڭايغانسېرى، پەرھات تاشچىمۇ بۇ

www.uyghurkitap.com

نېسىۋىدىن قۇرۇق قالمىدى. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە تىرىكچىلىك يولىنىڭ قىستاڭچىلىقى، تەقەززاسى، شۇنىڭدەك بىكار يېتىپ يېيىشتىن نومۇس قىلىدىغان ئەركەكلىك خاراكتېرمۇ ئۆز كۈچىنى كۆرسەتكەنىدى. تاشچى ئۇستام دەسلەپتە خوتۇنى بۇيرۇغان ماللارنى ئۆيدىن دۇكانغا، ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىشىپ بەردى، كېيىن بەزى كىچىك سودىلاردا ئەركەكچىلىككە ئېلىپ ئۆزىمۇ «كېسىم» قىلىپ تاشلىدى. بەزىدە زىيانغا دەسسىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇۋى زۆھرە بۇنىڭدىكى ئىجابىي ئىلگىرىلەشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ قىلغىنىنى يەنىلا ماختىدى، بەزىدە چاندۇرماي ئەپچىل ـ ئەپچىل يوللارنىمۇ كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن تىجارەت داۋامىدىكى «بەزىدە كۆڭۈللۈك، بەزىدە كۆڭۈلسىز ھەرىكەت»لەر بىلەن قولغا كەلگەن «بەرىكەت» ئاخىر پەرھات تاشچىنى ئۆزىگە قاراتتى. ئەمدى بۇۋى زۆھرە «يۆلىنىدىغان تۈۋرۈك»كە، ۋاقتى كەلگەندە «مەيدىسىنى كېرىپ، يېڭىنى شىمايلاپ چىقالايدىغان كۆڭۈلدىكىدەك ئادىمى»گە ئېرىشتى. بۇ چاغدا «بالا شاگىرت» تۇرسۇنمۇ خېلى يېتىشىپ قالغانىدى. ئۇلار ئويلىشىپ، تۇرسۇنغا تاشچىلىقتىن ۋە پىرىكازچىكلىقتىن تاپقان يەتتە ـ سەككىز مىڭ كوي پۇلىنى دەسمايە قىلىپ، ئايرىم بىر دۇكان ئېچىپ بەردى. تىرىكچىلىك دۇنياسىدا خېلى بىر يىللارغىچە بالاپان قىياپىتى بىلەن يۈرگەن قۇش ئەمدى قاناتلىرى يېتىلىپ ئۇچۇرۇم بولغانىدى. ئۇنى ئەمدى ئالدىدا مۇستەقىل ئىگىلىك يارىتىش ۋەزىپىسى كۈتۈپ تۇراتتى.

# ئون تۆتىنچى باب

تۇرسۇننىڭ بۇ شەھەرگە كەلگىنىگە تۆت يىل بولدى. ئۇ ئايرىم دۇكان ئاچقاندىن كېيىن بىرىنچىدىن ئۆزىنىڭ دىتى، ئىككىنچىدىن بۇۋى زۆھرە، پەرھات تاشچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئوقەتتە خېلى راۋاج تاپتى.

ئۇ تۇز ۋە ئاق كۆڭۈل بولغاچقا، نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. ئەتراپتىكى بەزى كىشىلەر ئۇنى ھەتتا ئۆزلىرىگە كۇيۇئوغۇل قىلىۋېلىش كويىغىمۇ چۈشتى. چىراي دېسە قىز بالىدەك سۇمباتلىق چىرايى بار، بەك گەۋدىلىك بولمىسىمۇ، جۇغىغا يارىشا چاققان، مىجەزىمۇ ھەر جەھەتتىن ئوبدان، پۇل تېپىشنى، تۇرمۇش كەچۈرۈشنى بىلىدىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە قېيىنئانىلىق كالتەكنى ئوينىتىدىغان ئانىسىمۇ يوق، قېرىغاندا ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرايچۇ، تاپقىنىمغا تەڭ ئوتاق قىلايچۇ دەيدىغان دادىسىمۇ يوق يالغۇز سالتاڭ يىگىتنى كىممۇ كۇيۇئوغۇل قىلىۋېلىشنى ئويلىمىسۇن!

بۇنداق نىيەتنى پۇراتقان بىرنەچچەيلەنگە تۇرسۇن ئۆزىنىڭ ھازىرچە ئۆيلىنىش نىيىتى يوقلۇقىنى ئېيتىپ چىرايلىق ئۆزرە قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن ئوڭايلا قۇتۇلدى. لېكىن، ئۇنى ھەممىدىن بەتتەر ئوڭايسىزلىقتا سېلىپ قويغان ئىش كۆتۈلمىگەن بىر جايدىن كەلدى. ئەسلىدە پەرھات تاشچى بىلەن خوتۇنى بۇۋى زۆھرەنىڭمۇ شۇنداقراق بىر نىيىتى بار ئىكەن. ئۇلار بۇ يىل ئون توققۇز ياشقا كىرگەن قىزى ئائىشەنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرسۇنغا مولجاللاپ يۇرەتتى.

تۇرسۇن هازىرغا قەدەر پەرهات تاشچىنىڭ هويلىسىدىكى بىر ئېغىز ئۆيدە ئولتۇراتتى. ئۇ دۇكان ئاپرىپ چىققاندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ ئائىلىدىكى مۇناسىۋەتلىرىدە هېچقانداق ئۆزگىرىش بولغان يوق. تۇرسۇن دەسلەپتە تامىقىنى شانىياز ئۇستامنىڭ ياكى باشقا ئاشخانىلاردىن هەل قىلماقچى بولغانىدى، لېكىن بۇنىڭغا پەرهات تاشچىمۇ، خوتۇنىمۇ زىنهار ئۇنىمىدى. «بىر ئوبدان ئۆي تۇرسا، تالادا تاماق يەيدىغان مۇساپىرمىدىڭ» دېيىشتى ئۇلار. دېمىسىمۇ تۇرسۇن ئۇلارغا زادىلا مۇساپىردەك تۇيۇلمايتتى. ئۇلار ئۇنى بىر بولسا ئۆزلىرىنىڭ بالىسىدەك، بىر بولسا ئىنىسىدەك كۆرەتتى. «هېچبولمىغاندا، تۇغقاندەك بولۇپ قالدۇققۇ، — دېدى بۇۋى زۆهرە، — سەن بولساڭمۇ، بولمىساڭمۇ قايىنتىدىغان قازان بۇ. گۇڭگۇر - مۇڭگۇر ئولتۇرۇپ تاماقلانساق، هەممىمىزگە ياخشى ئەمەسمۇ»، «سىرتتا يەپمۇ پۇل توشۇتالمايسەن، ئۇكا، — دېدى پەرهات تاشچىمۇ چۈشەندۈرۈپ، — تاماق ئېتىپ بېرىدىغان ئائىشە سىڭلىڭ بار، سەن ئۇنداق تارتىنچاقلىق قىلىپ يۈرمە». شۇنىڭ بىلەن تۇرسۇنمۇ ئۇ نىيىتىدىن ياندى. هازىر ئۇ هەپتە ئون كۈندە بازاردىن بىرەر سان گۆش ئەكېلىدۇ، چۈنكى تاماق پۇلى دەپ پۇل بەرسە ئۇلار خاپا بولىدۇ - دە؛ هېيت - ئايەملەردە بالىلارغا چىرايلىق سوۋغاتلىق قىلىپ قويىدۇ. پەرهات تاشچى بىلەن خوتۇنى ئۇنىڭ بۇ ئارتۇقچە چىقىمىدىن سەل رەنجىسىمۇ، لېكىن هەشقاللا - تەزىم بىلەن ئۇنىڭ ئەكەلگىنىنى قوبۇل قىلىدۇ. پەرهات تاشچىمۇ ئەقىللىك ئادەم، ئىككى هېيتتا ئۇمۇ قاملاشتۇرۇپ تۇرسۇنغا بالىلىرى قاتارى چىرايلىق ئۇستىباش كىيگۈزۈپ قويىدى. مۇشۇنداق چىرايلىق ئەپ، ئېجىل، ئىناق بولۇپ ياشاۋاتقان ئۆيدە تۇرسۇن قانداقمۇ

ئۇلارنىڭ ئارزۇسى بىلەن ھېسابلاشمىسۇن، قانداقمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرالىسۇن! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىشە قىزمۇ شۇنداق چىرايلىق، شۇنداق مىجەزى ئوبدان قىزغۇ. ئاتىمۇ ئوبدان، ئانىمۇ ئوبدان، قىزمۇ ئوبدان، يىگىت دېگەنگە ھەممە شەرتنىڭ مۇنداق ماسلىشىپ كېلىشى ئوڭايمۇ. بىراق...

بىراق، بىزنىڭ بۇ يىگىت ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن يىگىت قىلىپ يېتىشتۈرىمەن دەپ خېلى تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇش، نەق ئۆزىنى دېگەندە خوتۇن ئېلىشنى تېخى ئويلاپ باقمىغانىدى. بىز ئالدىدا سۆزلەپ ئۆتۈشنى ئۇنتۇپتۇق. ئۇ شەخسىي دۇكان ئاچقاندىن كېيىن تېخى قاملاشتۇرۇپ بۇرۇتمۇ قويۇۋالغانىدى. شۇ چاغقىچە ئۇ يۈزىگە تىغ تەگكۈزۈپ باقمىغان، شالاڭ ئۆسكەن مويلار بەك ئۇزىراپ كەتكەندە ھېچكىمگە چاندۇرماي يۇلۇۋېتىپ كەلگەنىدى. لېكىن، چىرايدىكى بىر خىل نازۇكلۇق نېمىشقىدۇر كىشىلەرنىڭ غەيرىي مۇئامىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. بەزىلەر ئۇنى «قوڭغا تۈك چىقمىغان سويما» دەپ كۆزگە ئىلغۇسى كەلمەيدىكەن ۋە بەزىلەر ئۇنى ئاجىز بىرنېمە بولسا كېرەك دەپ بوزەك قىلغۇسى كېلىدىكەن. شۇنىڭغا قارىغاندىمۇ يىگىتنىڭ يىگىتچە قىياپىتى بولغىنى تۈزۈك ئىكەن. چىراي ـ تۇرقىنىمۇ بەزىلەر ئادەمگە سۈرلۈك ياكى شىجائەتلىك، ھەتتا نوچىلىق تۇيغۇسىنىمۇ قالدۇرىدۇغۇ. شۇلارنى ئويلاپ تۇرسۇن ئۆزىگە يىگىتكە خاس بىر قىياپەت بېغىشلاشنى نىيەت قىلدى. ئۆسكەن ساقىلىنى يەنە چاندۇرماي يۇلۇپ تۇردى، لېكىن بۇرۇتىنى ناھايىتى ئاسرىدى، خۇددى دېھقان مايسىسىنى ئاسرىغاندەك ئاسرىدى. ئۇ شۇ كۈنلەردە كەچتە ئۆيدە خالىي قالغاندا دائىم دېگۈدەك ئەينەككە قاراپ بۇرۇتىنى كۆزىتەتتى. ئۇ شالاڭ ھەم ناھايىتى ئاستا ئۆسۈۋاتقان بۇرۇتلىرىغا شۇنداق

سىنچىلاپ قارايتتىكى، ئۇنى ھەتتا ئۆزىنىڭ نەچچە تال بۇرۇتى بارلىقىنى بىلمىدۇ دېسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيتتى. كېيىن ئۇ چاچ ئۆستۈرىدىغان ماي بار ئىكەن دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇنى سېتىۋېلىپ كەلدى ۋە يوشۇرۇنچە ئۇنى بۇرۇتىغا سۈركەپمۇ قويدى. بەلكىم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يەنە داۋاملىق تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەرلىك ھورمونلىرىنىڭ كۈچىدۇ ياكى ھېلىقى چاچ ئۆستۈرىدىغان ماي پايدا قىلىپ قالغاندۇ، ئىشقىلىپ ئۇ ھازىر خېلى بۇرۇتلۇق يىگىت بولۇپ قالدى. ئۇ پات - پات بۇرۇتلىرىنى سىلاپ قوياتتى. لېكىن، ئائىشە مەسىلىسى چىققاندىن كېيىن ئۇ بۇرۇتىنى سىلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇتى بولسىلا ئۆزىنى يىگىت دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇ ئۆي تۇتقاندىن كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا قىز ۋاقتىدا غۇۋا بولسىمۇ، ئانچە - مۇنچە گەپلەرنى ئاڭلىغان، لېكىن مۇشۇ تۆت يىل مابەينىدە يەنى ئۇ يىگىتلىك يولىغا قەدەم قويغاندىن بۇيان ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاڭلىغانلىرى بەك كۆپ بولۇپ كەتتى. دەسلەپتە ئۇ قۇلىقىنىمۇ ئېتىۋالغان، خىيالىنى باشقا ياققىمۇ يۆتكەپ باققان، كېيىنچە ئۆزىنى ئاڭلىمىغانغا سالدى، لېكىن ئۇ ئاڭلىدى، ئاڭلىغاندىمۇ، بەزى جايلاردا، بولۇپمۇ تۇرمىدە بەكمۇ ئېنىق، ئوچۇق - ئاشكارا ئاڭلىدى. ئاخىر مۇنداق سورۇنلاردا باشقا ئەركەكلەر قاتارى كۈلمەيمۇ بولمايدىكەن، بولمىسا ئۆزىنى چاندۇرىدۇ - دە. يىگىت بولىمەن دېگەن كىشى يىگىتچە مىجەز - خاراكتېرنى يېتىلدۈرمىسە بولمايدۇغۇ...

ئۇ ئىشلارنى ئۇققانىكەن، ئۇنىڭ ھازىر ئۆي تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالىشى مۇمكىنمۇ. ئۆي تۇتتى دېگەن گەپ بالىچاقىلىق بولدى دېگەن گەپ، ھازىر ئۇ بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدۇ !؟ تۇرسۇننىڭ كاللىسىنىڭ ئىچىمۇ

قاتتى، تېشىمۇ قاتتى، نېمە قىلىشنى زادىلا بىلەلمىدى. ھېلىمۇ ياخشى، پەرھات تاشچىلار ھازىرغىچە قىزى ئائىشەنىڭ تۇرمۇش ئىشىنى ئۇنىڭغا يۈزتۇرا قويمىدى. ئەگەر قويغان بولسا بۇ ئۆيمۇ، بۇ يۇرتمۇ ئوخشاشلا تۇرسۇنغا ھارام بولغان بولاتتى، ئۇنىڭغا بۇ ئۆيدىن باش ئېلىپ قېچىپ كېتىشتىن بۆلەك ئامالمۇ يوق ئىدى.

ئائىشە توغرىسىدىكى ئىشنى تۇرسۇن تاسادىپىي ئاڭلاپ قالغانىدى. بىر كۈنى كەچ سائەت توققۇزلاردا تۇرسۇننىڭ ئۆيگە بىر سودىگەر ئاغىنىسى كېلىپ قالدى. تۇرسۇن ئۇنىڭغا چاي قۇيۇش ئۈچۈن پەرھات ئاكىنىڭ ئۆيىدىن چايدىنىغا چاي ئاچىقماقچى بولۇپ ماڭدى. ئىشىكنىڭ قېشىغا يېقىن كەلگەندە ئۆيىنىڭ ئىچىدىن ئاڭلانغان بىر سۆز ئۇنى بوسۇغىدىلا توختىتىپ قويدى:

— سىلى بىزنىڭ مۇشۇ تۇرسۇنجانغا قانداق قارايدىلا؟ — بۇ بۇۋى زۆھرەنىڭ ئاۋازى ئىدى. قىزىق سوئالغۇ بۇ. تۇرسۇن ھەيرانلىق بىلەن ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى.

— ئوبدان يىگىت... بۇ گەپچە سەنمۇ ئۇنى كۆزلەۋاتقان ئوخشىمامسەن؟! — پەرھات تاشچىنىڭ ئاۋازى خېلى قەتئىيەت بىلەن جاراڭلاپ چىقىۋىدى، بۇۋى زۆھرە:

— ئاستىراق، نېرىقى ئۆيدە باللار تېخى ئۇخلىمىدى بولغاي، — دېدى. بىرئازدىن كېيىن ئۇنىڭ سەل بوشراق سۆزلىگەن ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى، — قىزىمىزنى سوراپ كەلگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى مۇشۇ تۇرسۇنجانغا يەتمەيدۇ. بۇنداق ئېسىل يىگىتنى قولدىن چىقىرىۋەتسەك بولماس.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن ئۇ ئۆزى ئېغىزلانمىسا، بىز نېمە دېيەلەيمىز؟

— قىزىمىز بىرنېمە دېسە بولمىدىمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ھەي، زاڭ گەپنى قويە. قىزىڭنىمۇ سەن ئۆزۈڭگە ئوخشاش چاغلامسەن؟!
— ھەي... ي...

تۇرسۇن بوسۇغىدىن كەينىگە داجىدى، پۇتىنىڭ ئۇچىدا، لېكىن تېز داجىدى. ئۆزىنىڭ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، قولىدىكى قۇرۇق چايدانغا قاراپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ نېمىگە چىققانلىقىنى ئېسىگە ئالدى، چايداننى يەرگە قويۇپلا دەرۋازىدىن تالاغا چىقىپ كاۋاپچىدىن ئىككى بوتۇلكا پىۋا بىلەن يىگىرمە زىخ كاۋاپ ئېلىپ كىردى.

ئۇ ئۆيىگە كىرگەندە مېھمىنى تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى، ئۇ قولىدىكى نەرسىلەرنى ئۇستەلنىڭ ئۇستىگە قويۇپلا، ئۇنىڭ ئاغزىدىكى تاماكىنى ئالدى ـ دە، ئۆزىنى سافاغا تاشلاپ قاتتىق شورىدى.

— ۋۇي تۇرسۇن، سەن قاچاندىن بېرى تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىۋالدىڭ؟ — مېھمىنى ھەيرانلىق بىلەن سورىدى.

ئۇ جاۋابمۇ بەرمەستىن ھە دەپ تاماكىنى قاتتىق ـ قاتتىق شورايتتى. ئۇ تاماكىنى ئۇن ـ تىنسىز چېكىپ بولۇپ كەينىدىن شۇنداق يۆتىلىپ كەتتىكى، ئۇنىڭ قىيسىيىپ كەتكەن كۆز ـ قاپاقلىرى ۋە ياش يۇقى كۆزلىرىگە قاراپ مېھمان بايامقىدىن نەچچە ئون ھەسسە ھەيرانلىق ئىچىدە قالدى.

بۇ چاغدا تۇرسۇننىڭ كاللا ـ مېڭىسى ئايلىنىپ كەتكەندى. ئالدىدىكى پىۋا بوتۇلكىلىرىمۇ، ئۇستەلمۇ، مېھمانمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا پىرقىرايتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چۆرگۈلەۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە تاشلارمۇ، پەرھات تاشچىمۇ، ھەر خىل گەزلىمىلەرمۇ، ئاياغ، پايپاقلارمۇ، بوۋى زۆھرەمۇ، ئائىشەمۇ ھەممىسى ـ ھەممىسى بار ئىدى...

ئۇنىڭ قىينىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئاغىنىسى دەرھال

ئۇنىڭغا بىر پىيالە سوغۇق سۇ قۇيۇپ بەردى، تۇرسۇن سۇنى گۈپپىدە ئىچىۋەتكەندىن كېيىن سەل ئېسىگە كەلدى.

— ھەي، تاماكا چېكىشلىنىۋالغانىنىڭ دەردى ھاراق چېكىشلىنىۋالغاندىن يامان، — دېدى ئاغىنىسى، — بۇنىڭ داۋاسى مۇشۇ سۇ !

لېكىن، ئۇنى قانداق دەردنىڭ چېكىشلىنىۋالغانلىقىنى ئاغىنىسى نەدىنمۇ بىلسۇن، ئۇنىڭ دەردىگە داۋا بولىدىغان نەرسە زادى نەدە؟

# ئون بەشىنچى باب

ئاھ خۇدا، ئۇچار قاناتلارنىمۇ جۈپتى بىلەن يارىتىپسەن، ھايۋانلارنىمۇ جۈپتى بىلەن يارىتىپسەن، ئىنسانلارنى تېخىمۇ جۈپتى بىلەن ياراتقانىكەنسەن. لېكىن، ئۇ مۇشۇ ئىنسانىيەتنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۆزىنىڭ ھېلىغىچە جۈپسىز يۈرگەنلىكىدىن نالىمىغانىدىغۇ. ئۇ تىرىكچىلىك يولىدا ئەمدىلا قانات ـ قۇيرۇقى يېتىلىپ، جاھاننىڭ كەلدى ـ باردىسىنى ئەمدىلا تونۇپ، ئەمدىلا ئازراق خاتىرجەم كۈن كۆرگىلى تۇرغاندا، ئۇنىڭغا بۇ سەۋدانى يەنە نەدىن سالدىڭ؟ جاھاننى شۇنچە كەڭ يارىتىپتىكەنسەن، ئەجەبا، بىر مۇشۇنىڭغا كەلگەندە ئارامخۇدا، ئۆزى بىلگەنچە ياشىغۇدەك كىچىككىنە بىر جاي قالدۇرماپسەنغۇ؟ ئۇ ئادەملەردىن بىزار بولغىنى يوق، ئادەملەر ياخشى، ئۇ ئادەملەرنى چىن قەلبىدىن سۆيىدۇ. چۈنكى، ئادەملەر ئۇنىڭغا ئەقىل بەردى، يول ئېچىپ بەردى؛ ئۇنىڭغا ئۇسسۇغاندا سۇ، ئاچقاندا نان، ھارغاندا چۈشەك بەردى. ئۇ نېمىشقىمۇ ئۇلارنى سۆيمىسۇن. لېكىن، شۇ تاپتىكى غەممۇ ئۇنىڭغا ئىنساندىن ـــ شۇ ياخشى ئادەملەردىن كېلىۋاتىدۇ. لېكىن، ئۇلار بۇنى ياخشى كۆڭلى بىلەن قىلىۋاتىدۇ. يىگىت بولغان كىشىنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشنى ئۇلار ئۆزلىرىگە ساۋاب دەپ بىلىشىدۇ. ئۇلار يىگىت دەپ قارىغان، ئۆزىمۇ ئۆزىنى يىگىت دەپ ھېسابلاۋاتقان مۇشۇ ناتىۋانغا شۇنچىلىك يىگىتلىك خۇسۇسىيەتنى نېمىشقىمۇ ئاتا قىلمىغانسەن؟ قېنى،

سېنىڭ سېخىيلىكىڭ؟ قېنى، سېنىڭ كارامەت ـ مۆجىزىلىرىڭ؟ ئۇ بۇ دەردلىرىنى سەندىن بۆلەك كىمگە ئېيتسۇن، كىمگىمۇ ئېيتالىسۇن؟ بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىچ سىرىنى بىلىدىغان سەندىن بۆلەك كىممۇ بار؟ ئاھ خۇدا!...

......

قايسىبىر خەلق ناخشىسىدا ئىنتايىن توغرا ئېيتىلغان: «كۆكتە يۇلتۇز پارقىرايدۇ، تۈن قارا بولغانسېرى. تەڭرىم كېلۇر يادىمغا مىنىڭ، بەختىم قارا بولغانسېرى» شۇنداق، ئىنسان بېشىغا قانچىكى ئېغىر كۈن چۈشكەنسېرى شۇنچە خۇدانى ياد ئېتىدىكەن. شۇ تاپتا قەھرىمانىمىز تۇرسۇنمۇ خۇداغا سىغىنىپ قالغانىدى.

بۈگۈن جۈمە، چۈشتىن كېيىن ئۇ دۇكان ئاچمىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئېغىر خىيال ئىچىدە قەبرىستانلىققا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تۈرمىدىن چىقىپ مۇشۇ بىرنەچچە يىل مابەينىدە، بارى ئاكىغا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە تۇپراق بېشىغا چىقىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمىدى. ئۇ بۇ يەردىكى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇ ئىچىدە ياتقانلارنىڭ ئىچىدە ئارزۇگۈلدىن بۆلەك ھېچقايسىنى بىلمەيتتى. ئۇ قەبرىستانلىقنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ دەسلەپتە پۈتۈن ئەرۋاھلارنىڭ — ئەلۋەتتە، دادىسى، ئانىسىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە بار — روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدى، ئاندىن ئارزۇگۈلنىڭ قەبرىسى ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

بۇ ئېگىز بىر تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدىكى كەڭ كەتكەن بىر تۈزلەڭلىككە جايلاشقان قەبرىستانلىق بولۇپ، بۇ يەرگە قويۇلغان قەبرىلەر شۇنداق كۆپ ئىدى. ئۇ يىراقتىكى تاغلارنىڭ جىراسىغىچە سوزۇلۇپ كىرىپ كەتكەن قەبرىلەرگە قاراپ خىيال سۈرۈپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەردە قانچىلىك ئۇزاق ئولتۇرغانلىقىنى بىلمەيدۇ، پەقەت بىر كىشىنىڭ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— يىگىت، بۇ يەردە ئەجەب ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتىڭ؟ — دېگەن گېپىدىنلا ئاندىن ئۆزىگە كەلدى.

ئۇنىڭ ئالدىدا، يۈزىنى ساقال - بۇرۇت بېسىپ كەتكەن، يالپا يۈز، چېقىر كۆزلىرى سەل گۇنسىز، ئۆڭى قارىراق، ئوتتۇرا بوي، ئەللىك ياشلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان بىر ئادەم تۇراتتى. تۇرسۇن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ قاداق بېسىپ كەتكەن قوللىرىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ كۆرۈشتى.

— ئىنى، بۇ يەردە ياتقان كىشى سىنىڭ نېمەڭ بولىدۇ؟

تۇرسۇن جىق سۆزلەپ چۈشەندۈرۈشنى خالىماي، قىسقىلا قىلىپ: «تۇغقىنىم» دەپ جاۋاب بەردى.

— ھە، مۇنداق دە. مەن بۇ مەرھۇمنى — بۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇنقى دەيمەن — يەرلىكىگە ئۆزۈم ئەكىرىپ قويغان. بۇلا ئەمەس، مۇشۇ يەردىكىلەرنىڭ يېرىمىنى، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ جىقراقتۇر، مانا مەن يەرلىكىگە ئەكىرگەن. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا بەش قولدەك تونۇش.

تۇرسۇن بۇ گەپلەردىن ئۇنىڭ گۆركار ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— ئۆلگەنلەرنى يوقلاپ تۇرۇش ساۋاب. ئىنى، بۈگۈن ئۇلۇغ جۈمە كۈنى چىقىپ ئوبدان قىپسەن. بۈگۈنكى كۈندە ئەرۋاھلار مەككە مۇكەررەمدىن جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ قايتىپ بۇ يەردە تۇغقانلىرىنى ياد ئېتەرمىش. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ روھى سىنىڭ ياد ئېتىپ چىققىنىڭنى كۆرسە چوقۇم خۇشال بولىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ ئادەملىرىنى خۇشال قىلىپ بولماق تەس، لېكىن، ئۇ دۇنيانىڭ ئادەملىرىنى خۇشال قىلماق ئوڭاي: پەيشەنبە كۈنى ياغ پۇرىتىسەن، جۈمە كۈنى يوقلاپ چىقىسەن، ھەر نامىزىڭدا روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ قويىسەن، بەس، پۈتىدۇ. لېكىن، بۇنداق خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتمە، ئىنى. تۇر ئورنۇڭدىن، زاراتگاھلىقنى زىيارەت قىلىپ قوي. بۇ يەردە نۇرغۇن ھېكمەت

بار، بۇ يەر ئىنساننىڭ نۇرغۇن سەۋدالىرىنى ئالىدىغان جاي، قېنى، ماۋۇ يول بىلەن ماڭ. ئاۋۇنىڭغا قارا، — ئۇ تۇرسۇنغا تۇلۇقچە شەكلىدە قوپۇرۇلغان، كۆك خىشلىرى يامغۇر ـ بوراندا ئۇۋۇلۇپ ئەسلىدىكىدىن خېلىلا پاكارلاپ قالغان بىر قەبرىنى كۆرسەتتى، — ئۇ بۇنىڭدىن ئاتمىش يىل مۇقەددەم مۇشۇ يۇرتنى سورىغان چوڭ باينىڭ قەبرىسى، ئەمدى ئاۋۇنىڭغا قارا، — تۇرسۇن ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ توپا دۆۋىلەپ قويۇلغان، ئۈستىدە ئاق لاتا باغلانغان تومراق بىر تال ياغىچى بار بىر قەبرىنى كۆردى، — مانا بۇ بۇ يۇرتقا داڭدار سىلىم دىۋانىنىڭ قەبرىسى. بۇ بىر كاتتا شەھەر، بۇ يەردە بايمۇ بار، كەمبەغەلمۇ بار، ئەرمۇ بار، ئايالمۇ بار، ياشمۇ بار، قېرىمۇ بار، گۇندىپايمۇ بار، گۇناھكارمۇ بار، ياخشىسىمۇ بار، يامىنىمۇ بار، قانداق؟ سەن ياشاۋاتقان شەھەرگە ئوخشامدىكەن؟ مەن مۇشۇ شەھەرگە ھەم ساقچى، ھەم ھاكىم بولۇپ ياشاۋاتىمەن. كىچىك ۋاقىتلىرىمدا ئۆلگەنلەرنى كۆرسەم كۆڭلۈم بۇزۇلىدىغان، لېكىن ھازىر مەن قاتتىم. مېنىڭ يۈرىكىم قاتتى. بۇ دۇنياغا تۇغۇلغانلا ئىكەنسەن، ھامان بىر كۈن ئۆلىدىكەنسەن. پەرقى پەقەت ئىلگىرى ـ كېيىنلىكتە، لېكىن ھەرگىز ياشتا ئەمەسكەن، ئىنى. مەن ئۆز قولۇم بىلەن قويغان بوۋاقلار ئاز دەمسەن، ئەمدىلا غۇنچە بولغان قىزلار، بورۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان يىگىتلەر، شۇلاردىنمۇ تالايلىرى بۇ يەرگە كېلىپ ياتتىغۇ. بەزىلىرى سۇدا ئۆلگەن، بەزىلىرى ئوتتا، يەنە بەزىلىرى باشقا سەۋەبلەر بىلەن. لېكىن، قېرىپ ئورنىدىن تۇرالمايدىغان، كاللىسى ھېچنېمىگە ئىشلىمەس بولۇپ قالغان خېلى ـ خېلى كىشىلەر تېخى ياشاپ يۈرۈپتۇ، دۇنيانىڭ بۇ قىسمىتىگە ھەيران قالغۇلۇقمۇ؟ ياق، بۇ ھەيران قالىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى تاماشا قىلىدىغان ئىش. خەقلەر «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېيىشىدىكەن، مېنىڭچە ئۆلۈمنىڭ ئۆزىمۇ بىر تاماشا، ئالدىڭدا تۇرغۇن ئادەملەر بۇ تاماشانى كۆرسىتىدۇ، سەن تاماشىچى بولۇپ كۆرىسەن، لېكىن سەن بۇ سەھنىگە چىققاندا كىمنىڭ كۆرۈپ، كىمنىڭ كۈلۈپ، كىمنىڭ يىغلاپ قالغانلىقىنى بىلمەيسەن. ئۇ چاغدا ھەممە نەرسە، ئۆزۈڭمۇ يوقلۇققا باراۋەر.

گۆركار سۆزىنى توختىتىپ ئەتراپتىكى قەبرىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى. بۇ چاغدا تۇرسۇن ئۆزىنى ئاجايىپ بىر دۇنياغا چىقىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. قەبرىستانلىقتىكى شىۋاق، ئادراسمانلارنىڭ پۇرىقى ئۇنىڭغا ئىنساندىن خالىي بىر تەبىئەتنىڭ سىرىنى سىڭدۈرمەكتە ئىدى.

— ياق! — گۆركار سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇ چاغدا ھەممە نەرسە، ئۆزۈڭمۇ يوقلۇققا باراۋەر بولمىغۇدەكسەن، مەن روھقا، روھنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىمەن. روھ جازامۇ تارتىدۇ، مۇكاپاتلىنىپمۇ تۇرىدۇ. قارا، ئاۋۇ گۈمبەز چىقىرىپ ئېگىز، ھەيۋەت قاتۇرۇلغان قەبرىگە قارا. ئۇ كىمنىڭ قەبرىسى، بىلەمسەن؟ ئۇ بۇ دۇنيادا ھېچنېمىسى قالمىغان، ئەقەللىي بالىسىمۇ يوق بىر خوتۇننىڭ قەبرىسى. ئۇنىڭ مۇشۇ يەرگە قويۇلغىنىغا ئون يىل بولدى. مۇشۇ ئون يىلدىن بۇيان كىشىلەر ئۇنى توختىماي يوقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەتتا باللارمۇ بار، رەھمەتلىك كۆپ ئوقۇمۇشلۇق، ئېسىل زات بولسا كېرەك، قىرىق يىل ئۇستازلىق قىلغانىكەن. ئۇنىڭ ئەجرى يەردە قالماپتۇ، شاگىرتلىرى، شاگىرتلىرىنىڭ شاگىرتلىرى ھېلىغىچە ئۇنى ياد ئېتىدۇ. ئاڭلىسام، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆمۈر بويى يىغقان - تۇگكەنلىرىنى باللارنى تەربىيەلەش ئۈچۈن قايسىبىر باللار باغچىسىغا ئاتىۋەتكەنىكەن. مۇشۇ قەبرە قاتۇرۇلۇۋاتقان چاغدىكى مەنزىرىنى كۆرسەڭ يىغلىۋېتىسەن، ئىنى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى

يىغلىماپتىكەنمەن، ئۆزلۈكىدىن چىقىپ ئىشلەۋاتقان شۇنچە كۆپ كىشىلەرنى، ھەتتا قۇرۇلۇش ئۇچۇن كىچىك ـ كىچىك چېلەكلىرىدە سۇ توشۇپ چىققان ئۇششاق باللارنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى پەقەتلا تۇتۇۋالالمىدىم.

گۆركار ئۇشتۇمتۇت سۆزىدىن توختاپ قالدى. تۇرسۇن لەپپىدە ئۇنىڭغا قاراپ، كۆزلىرىدە ئوينىۋاتقان ياشنى كۆرۈپ كانىيى ئېچىشقاندەك بولدى، ئۇنىڭسىزمۇ بايامقى گەپلەردىن ئۇنىڭ يۈرىكى خېلىلا ئېزىلگەنىدى.

— بۇ دۇنيادا، — گۆركار تۇكرۇكىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — قولدىن كەلگەنلىكى ياخشىلىقنى قىلىدىغان ئىشكەن. ياخشىلىققا ھامان ياخشىلىق يانىدىكەن. بۇ يەردە بۇ ئايالدەك ياخشى ئادەملەر خېلى بار... ئىنى! — ئۇ تۇرسۇننىڭ قولىنى چىڭ سىقىمداپ كۆزلىرىگە تىكىلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ گۇنسىز كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر نۇر يالىلدىغاندەك بولۇپ كەتتى، — مەن ساڭا بايام ھاياتلىقمۇ تاماشا دېدىم. بىز ھەممىمىز لا تاماشا كۆرگۈچىلەر ھەم تاماشا كۆرسەتكۈچىلەر. بىز تاماشا كۆرگەندە ياخشى، مەنلىك تاماشىلارنى كۆرۈشىمىز كېرەك ئىكەن، تاماشا كۆرسەتكەندىمۇ مەنلىك ھەم ياخشى تاماشىلارنى كۆرسىتىشىمىز كېرەك ئىكەن. مېنىڭ دەيدىغىنىم مۇشۇ. ئەمدى بۇ يەردە بىكار ئولتۇرماي، بېرىپ تاماشايىڭنى قىل!

گۆركارنىڭ چوڭقۇر مەنە بىلەن سۆزلەۋاتقان سۆزلىرىنى بىردىنلا يۇمۇرلۇق ئاياغلاشتۇرۇشى تۇرسۇننى كۈلكىگە زورلىدى، بىراق بۇ كۈلكە مىسكىنلىك، يىغا ئارىلاش چىقتى.

تۇرسۇن گۆركار بىلەن خوشلىشىپ كەينىگە قايرىلىپ ماڭدى ۋە قەبرىستانلىقتىن پەستىكى چوڭ يولغا چۈشىدىغان گىرۋەككە كەلگەندە شەھەر تەرەپكە قاراپ نېمىشقىدۇر توختاپ

www.uyghurkitap.com

قالدى. بۇ يەردىن شەھەرنىڭ بىر چېتى خېلى ئېنىق كۆرۈنەتتى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردە چوققىدەك ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئىمارەتلەر، ئۇنىڭ ئاستىدا چۆكۈپ ياتسىمۇ يەنىلا ئۆزگىچە سۆلەت بىلەن تۇرغان پاكار ئۆيلەر؛ تۈپتۈز، كەڭ كەتكەن ئاسفالت كوچىلار، ئۇنىڭغا تەرەپ ـ تەرەپتىن تۇتىشىپ كەتكەن ئەگرى ـ بۈگرى، تار يوللار؛ بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىپ ھەم قاتارلىشىپ نەيزىدەك ئۇچ تارتىپ ئۆسۈپ كەتكەن سۇۋادانلار، تۆپىلىكنىڭ ئېتىكىدىكى يېشىل دېڭىزدەك چايقىلىپ ياتقان ئېكىنزارلىقلار؛ نېرىقى ئاياغدا ئېقىۋاتقان سۇ، سازلىقتا ئوتلاۋاتقان بىرنەچچە كالا، ئىككى پادىچى ھەيدەپ كېتىۋاتقان بىر قورۇ قوي... مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى كەچكى شەپەقنىڭ يورۇقىدا تۇرسۇننىڭ كۆزىگە بىر پارچە ماي بوياق رەسىمدەكلا كۆرۈندى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، بۇ ئاللا ياراتقان، ئىنسان ئەجىر سىڭدۈرگەن زېمىننىڭ مۇقەددەس سۈرىتى ئىدى. ئىنسان بۇ گۈزەل سۈرەتتىن بەھرە ئېلىشى، زوقلىنىشى، ئىلھام ئېلىشى كېرەك ئىدى.

تۇرسۇن بىردىنلا كەينىگە بۇرۇلۇپ قەبرىستانلىق تەرەپكە قارىدى. ئۇ بۇ يەردىمۇ بىر ئوخشاشلىقنى بايقىدى: بۇ يەردە ئېگىز ـ ئېگىز، ياسىداق قەبرىلەرمۇ، چۆككەن تۆگىنىڭ لوكىسىدەك زومچەك ـ زومچەك توپا يۆلەپ قويۇلغان، ھەتتا توپىلىرى بوراندا ئۇچۇپ، يامغۇردا ئېقىپ تۈپتۈز بولۇپ كەتكەن قەبرىلەرمۇ بار ئىدى. كەچكى شەپەق بۇ يەرنىمۇ قىزغۇچ توپا رەڭگە چۈمكىگەنىدى. تۇرسۇنغا بۇمۇ بىر پارچە رەسىمدەك كۆرۈندى، بۇ رەسىمدىن بىر مەڭگۈلۈك قانۇنىيەتنىڭ قۇدرىتى ۋە مىسكىنلىكى بايقىلىپ تۇراتتى. گۆركارنىڭ بايام روھ توغرىسىدا ئېيتقانلىرى تۇرۇپلا ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى. ئۇ ئىنساننىڭ شىجائىتى، مەڭگۈلۈك قانۇنىيەتنىڭ قۇدرىتى ۋە

روھ توغرىسىدا ئويلىنىپ قالدى.

ئويلىنا ـ ئويلىنا، ئۇ ئاخىر كۈلدى. بۇ تىرىكلەر دۇنياسىنىڭ نامايەندىسى بىلەن ئۆلۈكلەر دۇنياسىنىڭ نامايەندىسى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرادا تۇرۇپ چوڭقۇر ئويلىنىۋاتقان ئىنساننىڭ كۈلكىسى ئىدى. بۇ كۈلكىدە ھەر خىل قىسمەتلەرگە قىلىنغان مەسخىرىمۇ، جاھان ھېكمەتلىرىگە بولغان قايىللىقمۇ بار ئىدى؛ بۇ كۈلكىدە قەتئىيەتمۇ بار ئىدى، يەنە گاڭگىراشنىڭ كۆلەڭگىسىمۇ بار ئىدى؛ بۇ كۈلكىدە مەردانىلىك تۇيغۇسىمۇ بار ئىدى، يەنە بىر خىل مىسكىنلىكنىڭ پۇرىقىمۇ بار ئىدى.

شۇ ئەسنادا قەبرىستانلىق تەرەپتىن بىرىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، تۇرسۇن ئۇياققا قاراپ يىراقتىن گۆركارنىڭ بىر خىل يېقىنچىلىق بىلەن قول پۇلاڭلىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ شۇ تاپتىمۇ يەنە: «بۇ يەردە بىكار تۇرماي، بېرىپ تاماشايىڭنى قىل!» دەۋاتقاندەك قىلاتتى. تۇرسۇن ئۇنىڭغا قاراپ قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى ـ دە، قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ، پەسكە قاراپ ماڭدى. بۇ قاقاھلىغان كۈلكە جىمجىت ئېدىرلىقتا گويا ئۇچقان قۇشتەك يىراق ـ يىراقلارغا كەتتى. بۇ كۈلكىمۇ ئىنساندەك مۇرەككەپ، ئالەمدەك سىرلىق ئىدى. بۇ چاغدا ئاسماننىڭ غەرب تەرەپ ئېتىكى ھازىر پەقەتلا كۆرگىلى بولمايدىغان كەچكى قۇياشنىڭ ئاداققي نۇرلىرى بىلەن ئانار قىزىللىقىغا چۆمكەلدى. بايام تۇرسۇن تەسەۋۋۇر قىلغان ماي بوياق رەسىمگە ئەمدى يانباغىر بويلاپ كېتىۋاتقان بىر يىگىتنىڭمۇ كۆرۈنۈشى قوشۇلغانىدى. ئۇنىڭ قوللىرىنى كېرىپ پەسكە يۈگۈرۈپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشى خۇددى كۆكتىن زېمىنغا زەرب بىلەن شۇڭغۇۋاتقان لاچىنغىلا ئوخشايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئالتىنچى باب

تۇرسۇن دۆڭدىن چۈشۈپ بولۇپ چوڭ يولغا چىقىپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدە، ئاساسلىق ماشىنا يولىغا تۇتىشىدىغان دوقمۇشتا بىر قويۇق دەرەخلىك بار ئىدى. دەرەخلىكنىڭ ئەتراپى ئېتىزلىق بولۇپ، دېھقان ئۆيلىرى ئۇ يەردىن خېلىلا يىراق ئىدى. بۇ چاغدا سەل گۇگۇم چۈشۈپ قالغاچقا ھەم بۇ يەر شەھەرنىڭ چېتى بولغاچقا، ئەتراپتا ماڭىدىغان كىشىلەرنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلگەنىدى. ھاۋانىڭ سالقىنىدىن پايدىلىنىپ كېچىلەپ مەنزىلگە يېتىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراۋاتقان ياكى سەپەرنى ئاياغلاشتۇرۇپ ئۆيىگە قايتىش خۇشاللىقىدا مايىنى بولۇشىغا بېسىپ ھەجىيىپ كېتىۋاتقان شوپۇرلار ماشىنىنى قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. بۇ يەرنىڭ جىمجىتلىقىنى پەقەت ئاشۇ ماشىنىلارنىڭ گۈركىرىشى ۋە تۇرۇپ - تۇرۇپ چالغان ئەنسىز سىگناللىرىلا بۇزۇپ تۇراتتى.

دەل مۇشۇ چاغدا — بۇۋى زۆھرە ئۆيىدە قىزى بىلەن سىردىشىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى دەۋاتقان، قىزى ئائىشە قىزارغىنىچە بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ئۇنىڭ گېپىنى تىڭشاپ ئولتۇرغان مۇشۇ چاغدا؛ دەل مۇشۇ چاغدا — تۇرسۇن ئەتراپىغا خىيالچان بېقىپ، قانداقتۇر بىر ناخشىنى دىمىقىدا غىڭشىپ ئېيتىپ، ئالدىدىكى قويۇق دەرەخلىكتىن كېلىۋاتقان بىر خىل ساپ ھاۋادىن سەگىپ كېتىۋاتقان چاغدا، بىر

تاسادىپىي ۋەقە — ئاجايىپ بىر ئۇچرىشىش بۇۋى زۆھرەلەرنىڭ مەقسەت - پىلانلىرىنىمۇ، تۇرسۇننىڭ غەم - قايغۇلىرىنىمۇ بىر يولىلا يوق قىلىۋېتىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ تەقدىرنىڭ پەۋقۇلئاددە ئورۇنلاشتۇرۇشى، ھاياتلىقنىڭ رەقىبلەرنى تار يولدا ئۇچراشتۇرىدىغان، دوستلارنى ئېغىر كۈنلەردە تېپىشتۇرىدىغان ئاجايىپ تەسىرلىك ۋە جىددىي ئويۇنى ئىدى.

تۇرسۇن دەرەخلىككە يېقىنلاشقاندا تۇيۇقسىز چىرقىرىغان بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك قىلدى. ئۇ سەل ھوشيارلاندى، لېكىن بۇ ئاۋاز بىردىنلا جىمىپ كەتتى. ئۇ يولىنى ئەمدىلا داۋاملاشتۇرۇشىغا، يەنە بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، لېكىن بۇ ئاۋاز بايامقىدىن بوغۇقراق ئىدى، كەينىدىنلا دەرەخنىڭ شالدىرلىغان ئاۋازى چىقىپ، «ۋاي ئادەم بارمۇ؟» دېگەن بىر ئاۋاز كەلدى. بۇ ئېنىق ئايالنىڭ ئاۋازى ئىدى. تۇرسۇن توختاپ شەپە ۋە ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى. ئۇ يەردىن شاخلارنىڭ قايرىلىپ يانغان ياكى سۇنغان چاغدىكى پاراسلىغان ئاۋازى كەينىدىنلا «قۇتۇلدۇرۇڭلار!» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. «بۇ يەردە چوقۇم بىر زوراۋانلىق بولۇۋاتىدۇ!» تۇرسۇن ئەمدى قۇلاق سېلىپ تۇرۇشقا تاقەت قىلالماي دەرەخلىككە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ ھە دېگەندىلا دەرەخلىكنىڭ شاخلىرى ناھايىتى قويۇق ۋە پاكار ئۆسكەن يېرىگە توغرا كېلىپ قالغاچقا، بەش - ئون قەدەم مېڭىپلا سەل توختاپ قالدى. بۇ چاغدا بىر ئايالنىڭ: «ۋاي، ئادەم بارمۇ! قۇتۇلدۇرۇڭلار!» دېگەن ئاۋازى شۇنداق ئېچىنىشلىق ۋە نالىلىك ئاڭلاندىكى، بىر خىل ۋىجدانەن مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى گويا تۇرسۇنغا شىددەت بىلەن قامچا سالغاندەك بولدى، ئۇ يول ئىزدەپ تۇرمايلا، شاخ - شۇمبىلارنىڭ باش - كۆزىگە ئۇرۇلۇشىغا قارىماي، دەرەخلىكنىڭ ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ كىرىپلا يەردە پومىلاقلىنىشىپ ئېلىنىشىۋاتقان ئىككى ئادەمنى كۆردى. بىر ئەر كىشى ئۈستىگە چىقىۋالغان، ئاستىدا بىرى — ئۇ چوقۇم ھېلىقى ۋارقىرىغان ئايال — قوللىرى ئىككى ياققا كېرىلگەن ھالدا ھە دەپ تېپىچەكلەيتتى. ئۈستىدىكى ئادەم بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ تۇرۇپ، بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ ئىشتىنىنى سىيرىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ئايال ئۇنىڭ قولىنى چىشلىۋالغان بولسا كېرەك، ھېلىقى ئادەم «ۋاي» دەپ قولىنى تارتىۋالدى. دەل شۇ چاغدا تۇرسۇن يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە، ھېلىقىنى دۈمبىسىگە بىرنى تېپىپ يىقىتىۋەتتى.

شۇ ئارىلىقتا ھېلىقى ئايال — ئەمدى ئۇنىڭ ياش چوكان ئىكەنلىكى تۇرسۇنغا مەلۇم بولدى — تېز ئورنىدىن تۇرۇپ تۇرسۇننىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. تۇرسۇن تېپىپ يىقىتىۋەتكەن كىشىمۇ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ تۇرسۇننىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يۈرىكى يوغىنىدى بولغاي، مۇشتۇملىرىنى تۈرۈپ، ھېلىلا ئۇسسىدىغان بۇقىدەك ئۇنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى. تۇرسۇن ئۇنى بىر قاراپلا تونۇدى ۋە مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ بىر قەدەم كەينىگە داجىدى.

— سەن ئىكەنسەن - دە، لۈكچەك!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جايىدا ئىختىيارسىز توختاپ قالغان ئۇ ئادەم بۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇن ئاشخانىدا يولسىز جېدەل چىقىرىپ تۇرسۇننىڭ ئۈچ ئاي قامالىشىغا سەۋەبچى بولغان، كېيىن يەنە ئۇنى شانىياز ئۇستامنىڭ ئاشخانىسىدا ئىشلىگىلى قويمىغان، بەزى - بەزىدە چوكان بازىرىغا كېلىپ خوتۇنلارغا پوخورلۇق، تۇرسۇنغا خىرىس قىلىپ قويۇپ كېتىدىغان ھېلىقى ئەشەددىي لۈكچەك — بەكرى نوچى ئىدى. بەكرى نوچىمۇ تۇرسۇننى كۆرۈپ تونۇدى. شۇ تاپتا بىر - بىرىگە مىختەك

قادالغان ئىككى رەقىبىنىڭ كۆزلىرىدە گويا ئوت ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. تۇرسۇننىڭ كۆزلىرىدە، ئاخىر ئەنتىمنى ئالىدىغان پۇرسەت كەلدىمۇ، دېگەندەك، ئۆچمەنلىك ئالامىتى ئايان بولۇپ تۇراتتى. بەكرىنىڭ كۆزلىرىدە بولسا، ئەمدى سېنى چىۋىننى يانجىغاندەك يانجىۋەتمەيدىغان بولسام، دېگەندەك بىر خىل ۋەھشىي داخىڭگەيلىك ئەكس ئېتەتتى.

تۇرسۇن ئۇنىڭغا قاراپ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇ ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان پۇرسەتكە ئېرىشكەنىدى، ئۇ كېيىن بازاردىكى چېغىدا بۇ لوكچەكتىن يەنە بەزى ئاھانەتلەرنى ئىشىتكەن، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا بۇ ئەبلەخنىڭ ئەدىپىنى شۇنداق بىر بەرگۈسى كەلگەن، لېكىن بازار ئىچى. ئەخلاق كۆز قارىشىمۇ، قانۇن – تۈزۈممۇ ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا يول قويمايتتى. بولمىسا، تۇرمىدە ئۆگەنگەن مۇشتلاشچىلىق، تاشچىلىقتا يېتىشكەن قولىدىكى كۈچ بىلەن بۇ ئەبلەخكە تېتىيالمايتتىمۇ؛ ھېچبولمىغاندا ئىككىگە بىرنى قايتۇرۇپ بولسىمۇ ئىچىنى سەل بوشىتىۋالمايتتىمۇ، مانا ئەمدى...

تۇرسۇن خىيالغا پېتىپ قالغان پۇرسەتتە بەكرى كاپپىدە قىلىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى. تۇرسۇن چاققانلىق قىلدى: دەرھال جەينىكى بىلەن يۈزىنى توسۇۋېلىپ ئۇ كالىلا ئېتىپ بولغۇچە ئۇنىڭ ئۇشۇقىغا قاتتىق بىرنى تېپىۋەتتى. بەكرى يىقىلىپ ئورنىدىن تېزلا تۇردى ۋە بېرىپ ئۇنىڭ ئېڭىكىگە بىرنى سالدى، بۇ مۇشتلىشىش شۇنداق شىددەتلىك داۋام قىلدىكى، ئىككىسى بىر – بىرىدىن يانىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بەكرى نوچى گەۋدىلىك كەلگەن، كۈچتۈڭگۈر نېمە. تۇرسۇن بولسا جۈغى كىچىك ۋە ئاجىز، لېكىن غەزەپنىڭ كۈچىمۇ زور بولىدىكەن. بەلكىم بۇ يەردە تۇرسۇن ئۆگەنگەن مۇشتلاشچىلىقمۇ،

تاشچىلىقتا يېتىشكەن قولىنىڭ تورىمۇ ئۆز كۈچىنى كۆرسەتكەندۇ، ئىشقىلىپ، تۇرسۇن ئۇنىڭغا بوش كەلمىدى. لېكىن، كەينىدىنلا تۇيۇقسىز بىر ئىش يۈز بەردى: تۇرسۇن ئۇدۇلىدىن كەلگەن مۇشتتىن ئۆزىنى قاچۇرىمەن دەپ، كەينىدىكى بىر يىلتىزغا پۇتلىشىپ ئوڭدىسىغا يىقىلدى. شۇ پۇرسەتتە بەكرى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى مەيدىسىدىن باسماداپ گېلىنى سىقتى. ئۇ ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا تۇرغاندا، ۋەھشىيلەشكەن بەكرى تۇيۇقسىز بىر يانغا قىيسىيىپ چۈشتى. تۇرسۇن ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ئۇنىڭ ئالدىدا يوغان بىر چوقماقنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى ئايال تۇراتتى. بۇ چاغدا بەكرى نوچى چوقماقنىڭ زەربىسىدىن كالىلىسى يېرىلىپ، ھوشىنى يوقاتقان ھالدا بىر چەتتە ياتاتتى.

تۇرسۇن ئۇ ئايالنىڭ قولىدىن تارتىپ، قاراڭغۇلۇق باسقان دەرەخلىكنىڭ ئىچىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى.

ئۇلار تاشيولغا چۈشۈپ ناھايىتى ئىتتىك مېڭىشتى. تۇرسۇن كېتىۋېتىپ بىرئازدىن كېيىن ئويلىنىپ قالدى: «بۇ ئايال كىمدۇ؟ نەگە بارىدىغاندۇ، نەدە تۇرىدىغاندۇ؟». ئۇ ئايالمۇ خۇددى ئۆيى مۇشۇ تەرەپتىكىدەك تۇرسۇن ماڭغان يولدا ئىككىلەنمەي كېتىۋاتاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ تۇرسۇندىن پەرقى پات - پات كەينىگە قاراپ قوياتتى. قورقۇپ كەتكەندۇ، بىچارە. ھېلىقى لۈكچەكنى كەينىدىن كېلىۋاتامدىكىن دەپ ئەنسىرىگەن چېغى. بۇ ئايال ئۇ يەرلەردە نېمە قىلىپ يۈرگەن بولغىيدى؟ بىر ئىشلار بىلەن ئۆتكەندۇ بەلكىم، لېكىن ئۇ ئەبلەخكە دۈچ كېلىپ قاپتۇ - دە. بۇنى يېپىتىن - يىڭنىسىگىچە سوراپ ئۇنى خىجىل قىلىپ نېمە قىلىدۇ، ئايال كىشى دېگەن بەزىدە مۇشۇنداق پالاكەتكە ئۇچراپ كېتىدىغان گەپ... ئۆزىمۇ خېلى جىگەرلىك ئايال ئىكەن، ئەگەر چوقماق بىلەن سالمىغان بولسا،

ئۇنىڭمۇ ئەھۋالى نېمە بولاتتىكىن. تۇرسۇن كېتىۋېتىپ بىر خىل رازىمەنلىك بىلەن ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىدى. بۇ چاغدا خېلىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر ماشىنا تۇيۇقسىز چىرىغىنى ياندۇردى. بۇ يورۇقلۇق بىلەن تەڭلا تۇرسۇننىڭ يۈرىكىمۇ تۇيۇقسىز ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى، يورۇپ كەتكەندەكلا ئەمەس، يەنە ئىسسىققىنا بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان ناتونۇش كىشى ئەمەس، باشقا بىرىمۇ ئەمەس، بەلكى ساجىدە، ئۇنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىسى، ساۋاقدىشى، دوستى، ھېلىقى ساجىدە ئىدى. بايا دەرەخلىكتە ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىغۇدەك پۇرسەت بولمىغانىدى. ئۇنى چوماق تۇتۇپ تۇرغان ھالىتىدە ئىتتىككىلا كۆرگەن چاغدا، چىرايى ئىسسىق، قانداقتۇر تونۇشتەك كۆرۈنگىنىمۇ راست، لېكىن گۇگۇمدا ۋە جىددىيچىلىكتە ئۇنى ئېنىق تونۇيالمىغان. تووۋا، بۇ قىسمەتنى قارىمامدىغان!

— ساجىدە!

يېنىدا كېتىۋاتقان يىگىتنىڭ ئاغزىدىن ئۆز ئىسمىنى ئاڭلاپ ئۇ ئايال ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى. لېكىن، ئۇ بۇ بۇرۇتلۇق يىگىتنى قانچە قارىسىمۇ تونۇيالمىدى.

— سىز... سىز مېنىڭ ئىسمىمنى قانداق بىلىسىز؟

تۇرسۇن جىممىدە بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا بايامقى ماشىنىمۇ بۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپ، ئۇلار يەنە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغانىدى. بۇگۇن نېمىشقىدۇر بۇ لىنىيەنىڭ چىراغلىرى يورۇتۇلمىغانىدى. كەينىدىن كەلگەن بىر - ئىككى ماشىنا ئۇلارنى ئارقىدىن يورۇتۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

تۇرسۇن خىيال ئىچىدە قالدى: قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭ كۆڭلى بويىچە بولغاندىمۇ، دەرھال ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلغۇسى، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئاشكارىلىغۇسى، ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن مۇڭدىشىپ ئىچ ـ قارنىنى تۆككۈسى... بار، لېكىن ئۇ شۇ تاپتا يىگىت، ھەرگىزمۇ ساجىدەنىڭ قىز دوستى، قىز تۇغقىنى، قىز ساۋاقدىشى ئەمەس. ئۇ بۇ ئۆتمۈشنى مەڭگۈلۈك دەپنە قىلىشۋەتكەن، ئۇ ئۆتمۈشنى بۇ شەھەردە ئىنس ـ جىنمۇ بىلمەيدۇ. ناۋادا ساجىدە بۇ شەھەرگە كۆچۈپ كېلىپ قالغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ ئىشلار نېمە بولماق؟ ناۋادا ساجىدە ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلسە، ئۇ ئەمدى نەگە بارىدۇ، ئۆزىنى قانداق يوشۇرىدۇ؟ ياق، ئۇ ئۆزىنى ئاشكارىلىماسلىقى كېرەك، ھەرگىزمۇ ئاشكارىلىماسلىقى كېرەك!

— مېنىڭ سىزگە ئوخشايدىغان تونۇشۇم بار ئىدى، — دېدى تۇرسۇن ئويچان ھالدا، — شۇنىڭغا ئوخشىتىپ چاقىرىپتىمەن. بۇنىڭچە سىزنىڭ ئىسمىڭىزمۇ ساجىدە ئوخشىمامدۇ؟

— ھەئە.

— ئۆيىڭىز نەدە؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ساجىدە قۇدۇققا چۈشكەن تاشتەك جىمىپلا كەتتى.

— بۇنى سورىغىنىم، — دېدى تۇرسۇن ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ، — ئاۋۇ دوقمۇشقا چىقىپ، كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرايلى دېگەنىدىم.

— مېنىڭ بۇ يەردە ئۆيۈم يوق، — دېدى ساجىدە ئاخىر چوڭقۇر بىر خورسىنىپ قويۇپ، — بىراق، بىر تۇغقىنىمىز بولىدىغان، شۇلارنى پاناھداپ يۇرتتىن چىقىۋىدىم، قولۇمدىمۇ ئېنىق ئادرېس يوق. بايامقى لوكچەك، مەن ئۇ تۇغقىنىمىزنى تونۇيمەن، باشلاپ باراي دېسە، كەينىدىن كېتىۋېرىپتىمەن، ئاخىر باشلاپ بارغان يېرى ھېلىقى بولدى. ھېلىمۇ بەختىمگە سىز كېلىپ قالدىڭىز، بولمىسا...

ساجىدە يەنە سۆزىدىن توختاپ قالدى، تۇرسۇننى ئۇنىڭ دەسلەپكى گېپى سەل ئەندىشىگە سېلىپ قويدى.

— ئۇنداقتا سىز ھازىر قەيەرگە بارماقچى؟

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئاخشام بىر مېھمانخانىغا چۈشكەنىدىم، بۈگۈن كۈندۈزى سومكىلىرىمنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويدۇم، يېنىمدا ئازغىنا پۇل بار، بۈگۈنچە مېھمانخانىدا يېتىپ تۇرسام، قانداق بولاركىن؟

ئۇلار جىممىدە بىرپەس مېڭىپ، ئاخىر كوچا چىرىغىنىڭ تۈۋىگە يېتىپ كەلدى.

— سىز يۇرتىڭىزدىن نېمىشقا يېنىپ چىققان؟

ساجىدە يەرگە قاراپ ئۈندىمەي تۇراتتى. تۇرسۇن ناھايىتى پەرىشانچىلىق ئىچىدە قالدى، ئۇمۇ ئۆز ۋاقتىدا يۇرتتىن قېچىپ چىققاندا مۇشۇنداق سوئال ـ سوراقلارغا ئۇچرىغان، شۇ چاغدا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، گاڭگىراپ مۇشۇنداق يەرگە قاراپ تۇرغان ئەمەسمىدى، بۇ بىر پالاكەتچىلىكنىڭ بېشارىتى بولماي نېمە؟

— ساجىدە، ئېيتىڭچۇ؟ — تۇرسۇن تىت ـ تىت بولۇپ سورىدى، — يۇرتىڭىزدىن زادى نېمە سەۋەب بىلەن يېنىپ چىقتىڭىز؟

ساجىدە بېشىنى ئاستا كۆتۈردى. تۇرسۇن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئويناپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ سۆزلىمەكچى بولۇپ ئۆمەللىدى ـ يۇ، لېكىن يىغا تۇتۇپ گەپ قىلالماي يەنە يەرگە قارىۋالدى.

شۇ تاپتا ساجىدەنىڭ قىزىل گاز ياغلىقىنىڭ چەتلىرىدىن نېئون چىراغنىڭ يورۇقىدا قارامتۇل كۆكۈچ پارقىراپ تۇرغان چاچلىرى خۇددى مەيىن دولقۇندەك يېنىك سىلكىنەتتى. ھاۋانىڭ شۇنچە ئىسسىق بولغىنىغا قارىماي كىيىۋالغان كۆل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

رەڭ پىلاتىسىنىڭ كەينى ياقا ۋە غوللىرىمۇ دەم كۆتۈرۈلۈپ، دەم چۈشەتتى. تۇرسۇن ئۇنىڭ بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

ھەي... ي... قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنى بۇ يەرگە تاشلىۋېتىپ كېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇنى ئۆيگە ئەكەتسىچۇ؟ لېكىن، ساجىدە ئۇنى تونۇمىدى، ئۇنىڭ ناتونۇش بىر يىگىتنىڭ كەينىدىن مېڭىشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇنى تونۇدى دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۆز ئۆيىدە قوندۇرۇش... بۇ خەقلەرنىڭ نەزىرىدە نېمىلا دېگەن بىلەن بىر يىگىت ياتىباش بىر ئايالنى ئۆز ئۆيىدە قوندۇردى دېگەن گەپ. پەرھات ئاكا، بۇۋى زۆھرە ئاچىلار نېمە دەپ قالىدۇ؟ ھە، راست، ساجىدە ئاشۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇرسىچۇ! ئۇ چاغدا... ئۇ چاغدا ساجىدەنى تۇغقىنىم دەيدۇ، دېمىسىمۇ تۇغقانغۇ.

— ساجىدە، — دېدى تۇرسۇن ئۇنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ، — يىغلىماڭ، ئادەم دېگەننىڭ بېشىغا ھەر كۈنلەر كېلىدۇ... ئۆزىڭىزنى قىينىماڭ، مۇنداق قىلساق، قانداق؟...

ساجىدە ئاستا بېشىنى كۆتۈردى. بايامقى كۆڭۈلسىز ۋەقەدىن كېيىن بۇ يىگىت ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە قانداقتۇر بىر خىل تونۇش چىراي. بايام ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ شۇنچە زور شەپقەت كۆرسەتكەن بۇ يىگىت ئۇنىڭغا يەنە بىر ياخشىلىق قىلماقچىمۇ - قانداق.

— سىز ھازىر ياتاقتا ياتمەن دېمەي بىزنىڭ ئۆيگە كېتىڭ. مېنىڭ تاھايىتى ئوبدان ئاكا - ئاچىلىرىم بار، شۇ يەردە بىر - ئىككى كۈن تۇرۇڭ، ئۇ چاغقىچە ئۇقۇشۇپ، تۇغقىنىڭىزنىمۇ تېپىۋالارسىز.

— بولدى، ئۇلارمۇ قىسلىپ قالمىسۇن، — دېدى ساجىدە

خىجالەت بولغان ھالدا، — بۈگۈن بىر كېچە ياتاقتا يېتىپ، ئەتە تۈغقانلىرىمنى ئىزدەي.

— قىسىلىپ قالىدىغان ئىش يوق، ئۆلارنىڭمۇ سىز بويلۇق چوڭ قىزى بار، سىز شۇنىڭ بىلەن بىللە ياتىمسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولىڭىزدا تۈغقىنىڭىزنىڭ ئېنىق ئادرېسىمۇ يوقكەن، ئەتىلا تاپالىشىڭىز ناتايىن. ئۇنداق قىلماڭ، ئايال كىشىگە ياقا يۇرتتا مۇنداق تەمتىرەپ يۈرۈش ئېغىر ئىش.

راست، ئۇ يەنە تەمتىرەپ نەگە بارىدۇ؟ ساجىدەدە تۇرسۇنغا قارىتا بىر خىل ئىشەنچ پەيدا بولغانىدى. راست، ئۇنىڭ سۆزىدىن، قاراشلىرىدىن، ھەرىكەتلىرىدىن پەقەت سەمىمىيلىكلا تېمىپ تۇرىدۇ. ساختا ئادەم مۇنداق بولمايدۇ، ھەرگىز مۇنداق بولمايدۇ. ساجىدە بىرئاز ئويلىنىپ ئاخىر ماقۇل بولدى. ئۇنىڭ ھېلىھەم غەپلەت ئىلكىدىكى يۈرىكى گەرچە تۇرسۇننى تونۇيالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى كۆيۈنۈشنى، مېھرىبانلىقنى، دوستانىلىقنى ئىلغا قىلالىغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئون يەتتىنچى باب

ساجىدەنىڭ پەرھات تاشچىلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقىنىغا تېخى ئىككى كۈن بولغان بولسىمۇ، ئۇلار ناھايىتى تېزلا ساجىدەگە ئامراق بولۇپ قالدى. راست، بۇۋى زۆھرە دەسلەپتە ئۇنىڭدىن سەل - پەل گۇمانلىنىپمۇ قالغان، تۇرسۇن تۇغقىنىم يوق دەپ يۈرگەن، تۇيۇقسىز بىر كەچتىلا بۇ قىزنى تېپىۋاپتۇغۇ دەپمۇ ئويلىغان، لېكىن ئۇنىڭ قىز ئەمەس، ئايال ئىكەنلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن كۆڭلىدىكى ئۇ چىگىچمۇ يېشىلىپ كەتتى، يېشىلىپ كەتتىلا ئەمەس، تېخى ئازراق خۇشالمۇ بولدى. ئۇ قىزى ئائىشەگە تۇرسۇنغا ئۆزلۈك پۇرات دەپ مەسلىھەت بەرگەنىدى، لېكىن قىزى نىزامىبىللا ئۇنىمىدى. ئەمدى تۇرسۇننىڭ بۇ تۇغقىنى كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى ئارىغا قويسا بۇ ئىش ئوڭايلا ھەل بولمامدۇ! ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىمۇ ئېزىلىپ ئولتۇرىدىغان ئاياللاردىن ئەمەس ئىكەن، ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلا - ئارانىنى سۇ چېچىپ سۈپۈردى، ئۇلار، سىز مېھمان، ئۇنداق قىلماڭ دېسىمۇ زادى ئۇنىمىدى. قازان بېشىدىمۇ چاقماقتەك ئىكەن، ئائىشە سەي - گۆشنى توغراپ بولغۇچە، خېمىرنى يۇغۇرۇپ، پىلتا قىلىپ، ھەتتا قازانغا ماي قۇيۇپ ئائىشەنىمۇ خوپلا ئالدىراتتى. تېخى گەپلىرىنىڭ يۇمشاقلىقى، مىجەزىنىڭ ئوچۇقلىقچۇ.

تۇرسۇنمۇ ئۇنىڭ تېزدىنلا بۇ ئۆينىڭ قوينىغا كىرىپ كەتكىنىگە ناھايىتى خۇشال بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئىچىنى

نىمىدۇر بىر نېمە تاتلايتتى. ساجىدەنىڭ يۈرتىدىن نېمە ئۈچۈن يېنىپ چىققانلىقى تېخى سىر سۈپىتىدە تۇراتتى. تۇرسۇن ئۇنىڭدىن جىق نەرسىلەرنى بىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئاجايىپ بىر ھاياتىنىڭ شاھىتلىرى بولغان جۇرئەت، كىچىك ئاتىسى، ھاممىسى ۋە باشقىلارنىڭ تەقدىرى ھېلىمۇ ئۇنى قاتتىق قىزىقتۇراتتى. لېكىن، ئۇ بۇنى قانداق سورايدۇ؟ ئۆزىنى ھەم بىلدۈرمەي، بۇ ئىشلارنى سوراپ بىلىش ئىمكانىيىتى بارمۇ - يوقمۇ؟ ئۇ قانچە ئويلاپمۇ بۇنىڭغا بىر يول تاپالمىدى.

ئۇ ھەتتا ساجىدەنى ئۆز ئۆيىگە ئەكىرىپ سۆزلىشىشكىمۇ پېتىنالمىدى. تۇغقان بولغاندىكىن، تۇغقان دېيەلىگەندىكىن، ئۇنداق قىلسا بولىۋېرەتتىغۇ، لېكىن ساجىدە ئۇنىڭ ئۆز تۇغقىنى ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، ئۇ قانداق ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن؟ تۇرسۇن ئەمدى ئامالسىز پات - پات ئائىشەنىڭ قېشىغا كىرىشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن، ئائىشە بار يەردە، بۇ گەپنى قانداقمۇ تېپىش مۇمكىن، مېنى ئىزدەپ چىققىپتىكەن دېگەن تۇغقىنىنى ئائىشەنىڭ ئالدىدا قانداقمۇ نېمىشقا چىقتىڭىز دەپ سورىغىلى بولسۇن !؟ ئۇ بۇ يەرگە كىرەتتى، ئۇلار بىلەن ئۇياقتىن - بۇياقتىن پاراڭلىشاتتى، لېكىن كۆڭلىدە ساجىدەگە قاراپ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ بىر ئۆتمۈش كۈنلىرىنى ئويلايتتى. بۇرۇن ئۇ بۇرۇنقى كۈنلىرىنى ناھايىتى يىراقتا قالغان، غۇۋا، ھەتتا يوقىلاڭ خىيال ياكى چۈشتەك ئويلىغان بولسا، ئەمدى ساجىدەنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئۇ ھايات خۇددى تۈنۈگۈن بولغاندەكلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەي تۇرۇۋالغانىدى.

تۇرسۇن ساجىدە كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى بۈگۈن دۇكان ئاچمىسام بولمايدۇ، مۇھىم بىرى كەلمەكچىدى دەپ تۇرۇۋېلىپ دۇكانغا كەتكەن، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى قانداق قىلسىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ساجىدەدىن ئايرىلالمىغانىدى. بۇ كۈنى ئۇ قانداق قىلىپ ھېلىقى گەپنى تېشىشنى پىلان قىلىپ باقماقچى بولغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ كاللىسىغا ھېچقانداق پىلان كەلمىدى.

ئەتىسى پەرھات تاشچى، تۇغقىنىڭنى بازار ئايلاندۇر، دەپ ئۇنى دۇكانغا بارغۇزمىدى. سائەت توققۇزلاردا، تۇرسۇن ساجىدەلەرنىڭ قېشىغا كىردى، ئۇلار تۇرسۇننى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— قانداق، ساجىدە، — دېدى تۇرسۇن كۈلۈپ، — بۇ ئۆيگە خېلى كۆنۈپ قالدىڭىزمۇ؟

— كۆنۈپ قالدىم، پەرھات ئاكاممۇ، بۇۋى زۆھرە ئاچاممۇ، بۇ تاتلىق پوسمىلاقمۇ، — ئۇ ئائىشەنى نوقۇپ كۈلۈپ سۆزلىدى، — بەكمۇ ياخشىكەن، چىقىشقاقكەن.

— سىزمۇ بەك ياخشى، بەك چىقىشقاقكەنسىز، — دېدى ئائىشە شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۈگۈن سىزنى بازار چۆرگۈلىتىپ كېلەي دېۋىدىم، قانداق، چىقامسىز؟ — تۇرسۇن بۇ گەپنى سەل ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ دېدى.

ساجىدە لەپپىدە ئائىشەگە قارىدى، ئۇ ئائىشەنىڭ تونۇگۈندىن بۇيان سۆزلەپ بەرگەن سۆزلىرىدىن تۇرسۇنغا ئالاقىدار بەزى ئىشلارنى سەل سېزىپ قالغانىدى.

— چىقاي، — دېدى ئۇ، — يۈرۈڭ، ئائىشە، بىللە چىقايلى.

— بولىدۇ، — دېدى ئائىشەمۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن، — بۈگۈن دادام ئۆيدە، بىللە ئايلىنىپ كەلسەك كېلەيلى. ئەمىسە، — ئۇ تۇرسۇنغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، — بىز كىيىم يۆتكىۋالايلى، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرسۇن ئۇلارغا دەرھال ئۆينى بوشىتىپ

بېرىپ چىقىپ كەتتى.

ئائىشە ساندۇقنى ئېچىپ چىرايلىق كۆڭلەكلىرىدىن بىرنەچچە قۇرنى ئالدى ـ دە، ساجىدەنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئاچا، ئۆزىڭىزگە يارىغاندىن بىرنى كىيىۋېلىڭ، — دېدى. ساجىدەنىڭ سومكىسىنى كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەن بىللە ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويغانلىقىدىن ئۇنىڭ خەۋىرى بار ئىدى.

— رەھمەت، سىڭلىم، — دېدى ساجىدە تەسىرلەنگەن هالدا، — مۇشۇ ئۇچامدىكى كۆڭلەك بىلەن چىقىۋېرەي، تېخى ئاخشاملا يۇيۇپ دەزمالىلىۋالدىمغۇ، — ئۇ ئائىشەنىڭ كۆزلىرىدىكى ئۆتۈنۈشنى كۆرۈپ، سەل ئوڭايسىزلانغان هالدا، — سىزنىڭ كىيىملىرىڭىز ماڭا سەل قىسقىلىق قىلىدۇ، — دەپ قوشۇمچە قىلىپ قويدى. دېمىسىمۇ، ئائىشە ساجىدەدىن پاكار هەم دوغىلاقراق ئىدى. ئائىشە ئويچان هالدا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئەمىسە، مەنمۇ يۆتكىمەيمەن، يۈرۈڭ، چىقىۋېرەيلى.

ساجىدە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىسىمۇ، ئۇ بەرىبىر ئۇنىمىدى.

تۇرسۇن يېنىدا كېتىۋاتقان قىزلارنىڭ نېمە كىيىپ، نېمە قويغىنىنى بىلمەيدىغان بىرقىسىما يىگىتلەردىن ئەمەسقۇ، ئۇلارنىڭ ياسانمايلا چىقىشقىنىنى كۆرۈپ، ئۇ ھەممىنى چۈشەندى ۋە ئىچىدە ئائىشەدىن بەكمۇ سۆيۈندى.

ئۇلار شەهەر بويىچە ئەڭ چوڭ كىيىم ـ كېچەك ماگىزىنىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئائىشە ئۇلارنى ئۇ ماگىزىنغا تارتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرسۇنمۇ شۇ ئويغا كېلىپ تۇراتتى.

— ماۋۇنىڭغا قاراڭ، ساجىدە ئاچا، بۇ شېپىڭ كۆڭلەك چىرايلىقمىكەن؟

ساجىدە بېشىنى لىڭشىتتى.

— ماۋۇ چوڭ گۇللۇك گىرېپتىشىنچۇ؟

ساجىدە يەنە بېشىنى لىڭشىتتى. ئائىشە ئۇنىڭغا ھەش - پەش دېگۈچە يەتتە - سەككىز كۆڭلەكنى كۆرسىتىپ بولدى، ساجىدە ئۇنىڭ گەپلىرىگە باش لىڭشىتىپ ئاران ئۈلگۈردى. دېمىسىمۇ، بۇ دۇكاندا يازلىق كۆڭلەكلەرنىڭ خىلمۇخىللىرى بار ئىدى، رەڭگىمۇ، پاسونىمۇ بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئىدى.

— ھە، تۇرسۇنكا، — دېدى ئائىشە، — سىڭلىڭىزغا يارىدى، ئەمدى شاققىدە پۇل ساناڭ.

— ياق، ياق... — ساجىدە دۇدۇقلاپ قالدى، — مەن ئالىمەن دەپ ياخشىكەن دەۋاتقىنىم يوق، مېنىڭ كۆڭلىكىم بار.

ئۇنىڭ سۆزلەۋېتىپ پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، تۇرسۇن:

— ئۇيالماڭ، قېنى، دىتىڭىزغا ياققىنىنى كۆرسىتىڭچۇ، — دېدى. ئۇ ئەسلىدە ئوتتۇرىدىكى بۇ ئوڭايسىزلىقنى قانداق ھەل قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرغانىدى. ئائىشەنىڭ گېپى ئۇنىڭغا ئوبدانلا پەلەمپەي بولۇپ بەردى.

— ۋاي - ۋۇي، سىزمۇ ئادەمنى خىجىل قىلىپ سوراۋېرىدىكەنسىز، ئەكېلىڭ پۇلنى، — ئائىشە تۇرسۇننىڭ قويۇن يانچۇقىدىن چىقىرىپ تۇرغان بىر تۇتام پۇلنى يۇلۇپلا ئالدى - دە، تالون كەستۇرۇش ئۈچۈن پىرىكازچىكنى چاقىردى. ساجىدە ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالدى.

— ۋاي، نېماناداق قىلىسىز، ساجىدە ئاچا، سىلەر تۇغقانغۇ، سىزگە ئېلىپ بەرمەي كىمگە ئېلىپ بېرىدۇ؟

تۇرسۇن ساجىدەنىڭ مۈرىسىگە قولىنى تەگكۈزۈۋىدى، ساجىدە دەرھال كەينىگە قايرىلىپ قارىدى، تۇرسۇن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ باش چايقىدى. ئۇ ئۇنداق قىلماڭ، چاندۇرىسىز

دەۋاتقاندەك قىلاتتى. ساجىدە ئۇنىڭغا قاراپ تېخىمۇ خىجىل بولۇپ كەتتى. تونۇمىغان بىر يىگىت ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ياخشىلىقلارنى قىلدى، ھەتتا ياتىدىغان ماكانمۇ تېپىپ بەردى. ئۇ قايسى يۈزى بىلەن يەنە ئۇنىڭ پۇلىنى خەجلەيدۇ، ھەي... ي، ماۋۇ تەڭقىسچىلىقنى قارىمامدىغان.

ئائىشە ھەش - پەش دېگۈچە پۇلنى تۆلەپ، ئىككى كۆڭلەكنى ساجىدەنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ساجىدە كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ: «رەھمەت...» دېگەندىن باشقا گەپ قىلالماي قالدى.

ئائىشەمۇ قالتىس ئەپچىل قىز، دۇكاندىن چىقىپلا ساجىدەنى بىر ھاجەتخانىغا باشلاپ كىرىپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن ساجىدە قىزىل شىپىڭ كۆڭلەك بىلەن ئۇ يەردىن چىقتى، كۆڭلەك ئۇنىڭغا خۇددى ئۆلچەپ تىككەندەك شۇنداق توغرا كەلگەنىدى. تۇرسۇن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، بۇ چاغدا ساجىدە شۇنداق قىزىرىپ كەتكەنىدىكى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇچىسىدىكى كۆڭلەكنىڭ قىزىللىقىمۇ بىر يەردە قالاتتى. ئائىشە ئۇنى قولتۇقلاپ تۇرسۇننىڭ يېنىغا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ساجىدە ئوتتۇرىدا، ئىككىسى ئىككى ياندا قاتار مېڭىشتى.

بىرئازدىن كېيىنلا ساجىدە چاندۇرماي ئائىشەنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتۈۋالدى، ئەمدى ئائىشە ئوتتۇرىغا چۈشۈپ قالدى، ئائىشە تۇرسۇنغا يېقىن كېتىۋېتىپ سەل قورۇندى، چۈنكى نەچچە يىل مابەينىدە ئۇلارنىڭ كوچىدا بىرىنچى قېتىم مۇشۇنداق يېقىن مېڭىشى ئىدى. ئائىشە تۇرسۇننى ياخشى كۆرمەيدۇ ئەمەس، ياخشى كۆرىدۇ، لېكىن بۇ ياخشى كۆرۈش مۇھەببەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ياخشى كۆرۈش ئەمەس ئىدى. ئاپىسى بۇ ئىشنى تەشكەندىن كېيىن، ئۇ جىق ئويلاندى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

لېكىن قانداق قىلىسمۇ بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى. نەتىجە شۇ بولدىكى، بۇرۇن ئۇ تۇرسۇنغا خېلى ئەركىن مۇئامىلە قىلاتتى، لېكىن ئەمدى بۇ جەھەتتە سەل قورۇنىدىغان بولۇپ قالدى.

بىر ئازدىن كېيىن ئائىشەمۇ بىرنېمىنى باھانىدەپ ئۆيلاردىن بىر - ئىككى قەدەم كەينىدە قالدى - دە، ئاندىن يۈگۈرۈپ كېلىپ ساجىدەنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ يېنىغا ئۆتۈۋالدى. بۇ چاغدا ساجىدەمۇ سەل قورۇنۇپ قالدى؛ ھەي، ئۇ شۇ تاپتا ئۆيىنى تېپىپ كېتەلەيدىغان بولسا، بىر باھانە بىلەن ئۆلارنى خالىي قالدۇرۇپ كەتمەيتتىمۇ. خۇددى قارا تىكەندەك ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىغا كىرىپ قالغىنىنى قارىمامدىغان. كەڭ - كۇشادە سۆزلىشەلمىسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا يېقىن مېڭىشسۇن - دە.

ساجىدەمۇ يەرگە ئېڭىشكەندەك قىلىپ ئۆلاردىن بىر قەدەم كەينىدە قالدى - دە، دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ، شاققىدە ئائىشەنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتۈۋالدى. ئائىشە ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قىرىدا رەسمىي نارازىلىق بىلەن قارىدى ۋە قىلچە يوشۇرمايلا ئۇنىڭ چېتىگە ئۆتتى - دە، ئۇنى چىمىڭ قولتۇقلىۋالدى.

تۇرسۇن ئۆزىنى بۇ ئىشلارنى كۆرمىگەنگە، سەزمىگەنگە سالسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ تېگىدىكىنى چۈشىنىپ كېتىۋاتاتتى، ئاخىر ئۇ ئۇدۇلىغا قاراپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى.

بۇ كۈلكىدىن ئىككىلىسى پوكاندەك قىزىرىشتى. لېكىن، ھېچقايسىسى بۇ كۈلكىنىڭ تېگىدىكى مەنىنى چۈشەنمەيتتى.

ئۆيگە ئاز قالغاندا ئائىشە نېمىشقىدۇر قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى، ساجىدەمۇ ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىرىدى. ئائىشە قاقاھلاپ كۈلگىنىچە يۈگۈردى، ساجىدە خۇددى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسا گۇناھ بولىدىغاندەك ئۆزىچە

خۇدۇكسىنىپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. تۇرسۇن ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ خىيالغا چۆمدى. شۇ بالا چاغلىرى بولغان بولسا ئۇمۇ يۈگۈرمەيتتىمۇ، ھەتتا قويۇندەك يۈگۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغىمۇ ئۆتۈپ كەتكەن ياكى تۇتۇۋالغان بولمايتتىمۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ئۇ دەۋرى ئۆتتى، ئۇنىڭ يۈگۈرۈكلۈكىمۇ قالدى. ئۇ يۈگۈرگەن يوللار يىراقتا، يىراقلاردا قالغان. تۇرمۇش داۋانلىرىنىڭ يولى تار ۋە تىك، ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ھالسىرىغان...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئون سەككىزىنچى باب

ھەر نەرسىنىڭ بولىدىغان بىر ۋاقتى ـ سائىتى، ھەممە ئىشنىڭ يېشىلىدىغان بىر تۈگۈنى بولىدىكەن. تۇرسۇن ئۈچۈن يېڭى ـ يېڭىدىن، ئۈستى ـ ئۈستىلەپ چىگىچلىشىپ كەتكەن تۈگۈن ئاخىر يېشىلىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ تۈگۈنىنىڭ بۇنداق يېشىلىشىنى ئۇ ئۆزىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدى.

ساجىدە بۇ ئۆيگە كېلىپ تۆتىنچى كۈنى بۇۋى زۆھرە ئاچا ساجىدە بىلەن خالىي سۆزلەشتى. روشەنكى، سۆز ساجىدەنى تۇرسۇنغا ئەلچىلىككە قويۇش ئۈستىدە باردى. ساجىدە بۇ ۋەزىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە شۇ كۈنىلا كەچتە تۇرسۇننىڭ قېشىغا كىردى. بۇ ئۇنىڭ تۇرسۇننىڭ قېشىغا بىرىنچى قېتىم ئۆزى يالغۇز كىرىشى ئىدى.

تۇرسۇن ئۇنى خۇشال قارشى ئېلىپ سافاغا تەكلىپ قىلدى.

بىر ـ ئىككى ئېغىز ئادەتتىكى گەپلەردىن كېيىن ساجىدە:

— تۇرسۇن، — دېدى، — سىز ماڭا جىق ئاتىدارچىلىق قىلدىڭىز. مەن بۈگۈن سىزگە رەھمىتىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كىرمىدىم، خۇدايىم بۇيرۇسا، سىزنىڭ قىلغىنىڭىزنى قۇرۇق رەھمەت بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ئىش بىلەن ھەسسىلەپ قايتۇرىدىغان كۈنلىرىممۇ بولۇپ قالار. بۈگۈن مەن سىز بىلەن بىر سىردىشىپ باقاي دەپ كىردىم.

تۇرسۇن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى، ئاخىر ئۇنىڭ ئىچىدىكى گەپنى بىلىدىغان بولدۇم ـ دە، دەپ ئويلىدى.

— خوش، قېنى؟...

— ياق، — دېدى ساجىدە كۈلۈپ، — بۈگۈن مەن سۆزلىمەيمەن، سىز سۆزلەيسىز، مەن سىزنىڭ تۇرمۇش ئىشىڭىزنى بىر بىلىپ باقماقچى...

— مېنىڭما؟ — تۇرسۇنمۇ كۈلدى، — ئۆزىڭىز كۆردىڭىزغۇ، تۇرمۇشۇم مانا مۇشۇنداق.

— سىز گەپنى ئەپقاچماڭ، — ساجىدە كۈلۈپ، ئاندىن ئاستا جىددىي تۈس ئالدى، — تەگتۇش بولساقمۇ، مەن ئايال كىشى، دەۋېرەي، سىز ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇش مەسىلىسىنى قانداق ئويلاۋاتىسىز؟ ياش قۇرامىغا يەتكەن ئادەم تۇرمۇش قۇرماي ئۆتۈپ كېتىۋەرسە بولمايدۇغۇ؟

تۇرسۇن ئۇنىڭغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قارىدى.

— مەن بۇ ئۆيگە كەلگىلى ئۈچ ـ تۆت كۈن بولدى، — دەپ داۋاملاشتۇردى ساجىدە، — قارىسام يالغۇز ياشاۋېتىپسىز. سىزگە بۇۋى زۆھرە ئاچاملارمۇ بەك كۆڭۈل بۆلىدىكەن. ئائىشە قىزمۇ بەك چىرايلىق، ئوچۇق، ئوبدان قىز ئىكەن. تۇرۇپ كۆڭلۈمگە شۇ خىيال كەچتى، شۇڭا ئاقساقاللىق بولسىمۇ دەپ باقاي دەپ كىرىشىم ئىدى. بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

تۇرسۇن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ قېتىپلا قالدى. تووۋا، بۇ قىسمەتنى ! ساجىدە، مۇشۇ ساجىدە، بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن ئۇنى — تۇرسۇننى، ياق، تۇرسۇنگۈلنى جۇرئەتكە ئەلچى قويدۇرغانىدى، ئەمدى تەقدىر ـ قىسمەت بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا باشقا بىراۋنىڭ ئەلچىسى بولۇپ كىرىۋاتقانلىقىنى قارىمامدىغان !... ساجىدە بۇ يەرگە ئۆزىنىڭ

خىيالى بىلەنلا كىرگىنى يوق، ئۇ ھازىرچە بۇنىڭغا جۈرئەت قىلالمايدۇ، چوقۇم چوڭلار ئۇنى ئارىغا قويىدۇ. ئاۋادا...

— ساجىدە، — دېدى تۇرسۇن سەل ئارىسالدى بولۇپ، — بۇ ھەقتە چوڭلار سىز بىلەن سۆزلەشتىمۇ؟

ساجىدە بېشىنى چايقىدى، لېكىن بۇ تولىمۇ كۆچسىز چايقاش ئىدى. ئۇنىڭ قىز تەرەپنىڭ ئىززەت، غۇرۇرىنى ساقلاش يۈزىسىدىن يالغانچىلىق قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. بۇنى ئۇنىڭ تۇرسۇنغا تىكىلىپ قارىيالماي يەرگە قارىۋالغان كۆزلىرى تەستىقلاپ تۇراتتى.

ئارىنى سەل جىمجىتلىق باستى، تۇرسۇن ئۇنىڭغا تېخىچە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى.

— ئۇلار دېمىسىمۇ، بۇ ئوچۇق ئىشقۇ، — دېدى ساجىدە ئاخىر چىدىيالماي، — ئائىشەمۇ ئوبدان قىز ئىكەن، سىزمۇ ئوبدان ئىكەنسىز. ئىككىڭلار بىر بولساڭلار، ئەلۋەتتە، گۈلى گۈلىگە كەلگەن ئىش بولىدۇ ـ دە.

— دېمەك سىز ھەم ئۇلارغا، ھەم ئۆزىڭىزگە ۋەكىل بولۇپ كېردىڭىز، شۇنداقمۇ؟

ساجىدە بېشىنى بوش لىڭشىتتى.

تۇرسۇن لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ قالدى. ئاخىر بۇ ئىش پارتلىدى. بۇرۇن ئۇ بۇ گەپنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاپ قېلىپ خېلى قىينالغان، ئىچىدە ئۆزىگە سوئال قويۇپ، ئۆزى جاۋاب بېرىپ يۈرگەن. ئەمدى ئۇلار ئارىغا ساجىدەنى رەسمىي ئەلچى قىلىپ قويۇپتۇ، ئەمدى بۇنىڭغا بىرنېمە دېيىش كېرەكتە. ھەي... ي، ئۇ ئەمدى نېمە قىلالىشى مۇمكىن، يا ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، بۇ توينى قىلالماسلىقىدىكى سەۋەبنى ئېنىق دېيىشى كېرەك، يا بۇ ماكاننى تەرك ئېتىپ، باشقا بىر يۇرتقا كېتىشى كېرەك. ئۇ بۇ ئىككى يول ئۈستىدە جىق ئويلاندى. قانداق ئويلىسىمۇ، ئۆزىنى

ئاشكارىلاش — ئۆزىنىڭ فىزىيولوگىيەلىك يېتىشسىزلىكىنى ئېيتىپ بۇ تويدىن باش تارتىشقا ئۇنىڭ ئىززەت - نەپسى يول قويمىدى. «ياق! مەن يىگىت، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — خەقلەرمۇ مېنى يىگىت دەپ تونۇيدۇ. گەرچە مەندىكى ئاجىزلىق ئۆيلىنىشىمگە پۇتلىكاشاڭ بولسىمۇ، مەن يەنىلا يىگىت! مەيلى بۇ ماكاندىن باش ئېلىپ چىقىپ كەتسەممۇ چىقىپ كېتەي، بۇ تەرىپىنى ئۇلارغا دېيەلمەيمەن».

ئۇ ئاخىر بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىش، بىرەر ھەپتە ئىچىدە ئانچە - مۇنچە تەييارلىق قىلىۋېلىپ، مۇمكىن بولسا بۇ شەھەردىنمۇ كېتىش نىيىتىگە كەلدى. پەرھات ئاكا، بۇۋى زۆھرە ئاچىلار شۇنداق ياخشى ئادەملەر، بۇنىڭ بېشىنى جىق سىلىدى، ئۇنى ماكانغا، ئىشقا، پۇلغا ئىگە قىلغانلارمۇ شۇلار، ئۇلار يەنە ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئېسىل خىسلەتلىرىنى سىڭدۈردى، ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى تۇرسۇن ئۆمۈر بويىمۇ قايتۇرۇپ بولالمايدۇ. لېكىن، ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە، ئۇلار يەنە ئاخىرىغىچە ياخشىلىق قىلىپ، بۇنىڭغا قىزىنى بېرىمىز دەۋاتسا، ئۇ بۇنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق رەت قىلىپ بۇ يەردە يەنە قايسى يۈزى بىلەن تۇرالايدۇ؟ «ئەي، مېنىڭ قەدىردانلىرىم، شەپقەتچىلىرىم! — دېدى تۇرسۇن ئىچىدە غايىبانە خىتاب قىلىپ، — سىلەر مەندىن رەنجىشكە ھەقلىق، مېنى تۇزكور، قارايۈز دېيىشكىمۇ ھەقلىق. ئىچىڭلار بوشايدىغان ئىشلا بولسا، مېنى نېمە دەپ تىللىساڭلارمۇ تىللاڭلار. مەن شۇ تاپتا سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا تىلى بار گاچا، ھېچنېمە دېيىشكە قادىر ئەمەسمەن. ئىشقىلىپ، نىيىتىم يولداش بولسۇن، مەن گۆرگە كىرىپ كېتىۋاتقاندىمۇ يەنىلا سىلەرگە قەرزدار، روھىمى جەھەتتىن قەرزدار...» ئۇنىڭغىچۇ، ئۇنىڭغا كىم قەرزدار؟ ئۇ تەقدىرنىڭ بۇ ئىرادىسىنى، قىسمەتنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئويۇننى ئويلاپ ئۆزىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىگە يەنە بىر ئۆكۈندى. تۇرۇپلا ھېلىقى گۆركار ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى: «ياق، بۇ ئۆكۈنىدىغان ئىش ئەمەس، ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا، ئۆلۈمنىڭ ئۆزىمۇ تاماشا، تاماشا ! تاماشا !...»

— تۇرسۇن، جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟

ئۇ بېشىنى ئىتتىك كۆتۈردى ۋە ساجىدەگە قاراپ يەنە تۇيۇقسىز ئويغا چۆمدى. راست، ساجىدەچۇ؟ بايام ئۇ بۇ يەردىن كېتىدىغان ئىشنى خىيال قىلغاندا نېمە ئۈچۈن ساجىدەنى ئويلىمىدى؟ ساجىدە قانداق قىلىدۇ؟ ئۇنى بۇ يەرگە تاشلاپ كېتىش مۇمكىن ئەمەسقۇ، ناۋادا ئۇنى ئېلىپ ماڭسىچۇ، ئۇ چاغدا ئۇ ئۇنامدۇ، ياتباش بىر يىگىتنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا ئۇ ئۇنامدۇ، ئۇنىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار يەنە مۇشۇنداق تېپىشماق ئويناپ يۈرەمدۇ؟ ياق، ئەمدى بۇنىڭغا چەك قويۇش كېرەك ! ئۆزىمۇ شۇ تاپتا ھەقىقىي بىر سىرداشقا موھتاج. ئۇمۇ شۇنداق. دۇنيادا بۇنىڭ ئۆتمۈشىنى بىلىدىغان، شۇ ئۆتكەن كۈنلىرىگە قاتناشقۇچى ھەم شاھىت بولغان ئۇنىڭدىنمۇ يېقىن دوستى ۋە تۇغقىنى بارمىدى، نېمىشقا ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ غەملىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتمايدۇ، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىمايدۇ؟...

— ساجىدە، سىز... — تۇرسۇن بېشىنى كۆتۈردى. ساجىدە ئۇنىڭغا ئۈمىدلىك ۋە يەنە سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى. ياق، ئۇ ئەمدى ساجىدەنى سىزلىمەيدۇ، ئوتتۇرىدىكى بۇ يالتىراق پەردىنى ئەمدى يىرتىۋېتىش كېرەك، دۇنيادا ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن بۆلەك يېقىن كىشىمۇ يوق، — ساجىدە، سەن مېنى ھېلىمۇ تونۇيالمايۋاتامسەن؟

ساجىدەنىڭ يۈرىكى بىردىنلا ئويناپ كەتتى: «ساجىدە، سەن ! سەن ! سەن !...» ئاھ ! بۇ نېمىدېگەن يېقىملىق چاقىرىش !

«مېنى ھېلىمۇ تونۇيالمايۋاتامسەن؟»... «تونۇيالمايۋاتامسەن؟»... ساجىدە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى، ئۇ ئۆمرىدە ھېچكىمگە ھازىرقىدەك تىكىلىپ باققان ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاخىر يەنىلا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە، دەسلەپ بىر قاراشتىلا شۇنداق ئىسسىق، يېقىملىق ۋە تونۇش كۆرۈنگەن كۆزلىرىگە قارىدى. يۈرىكىنىڭ بىر يېرى دۈككىدە قىلغاندەك بولدى، لېكىن بۇرۇت، ئۇنىڭ ئومۇمىي تۇرقى... ئۇ تونۇيالمىدى، كۆڭۈل — سەزگۈر قەلب قانداقتۇر بىرنېمىنى تۇيغاندەك قىلدى، لېكىن ئۇ يەنە تونۇيالمىدى.

— ماڭا قارا، ساجىدە، سەن ماڭا بىر مىنۇتلۇق بولسىمۇ، پۈتۈن يىگىتلىك تۇرقۇمنى بىر چەتكە قايرىۋېتىپ بىر قاراپ باققىنا؟

ساجىدەنىڭ ئۇنىڭغا تىكىلگەن كۆزلىرى پىيالىدەك يوغىناپ كەتتى. تېنىمۇ قانداقتۇر بىر ھاياجاندىن لەرزىگە كەلدى، لېكىن ئۇ يەنىلا كۆڭلىگە ئىشىنەلمىدى.

— بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن، ئانام رەھمەتلىكنىڭ تۇتقان ئۆيىدە ئىككىمىز بىللە ياتاتتۇق، — تۇرسۇن ئۇنىڭ چەكچىيىپ قاراپ قالغان كۆزلىرىگە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — خۇددى بۇۋى زۆھرە ئاچىلار سېنى بىر قىز ئۇچۇن ماڭا ئەلچىلىككە قويغانغا ئوخشاش، سەنمۇ مېنى بىر يىگىتكە ئەلچىلىككە قويغانىدىڭ...

— سىز... — ساجىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

تۇرسۇن بېشىدىكى دوپپىسىنى ئېلىۋېتىپ، بىر قولى بىلەن بۇرۇتىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ بىر خىل مەيۈسانە كۈلۈمسىرىدى.

— سەن... سەن تۇرسۇنگۈلما؟

تۇرسۇن كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا بېشىنى

www.uyghurkitap.com

لىڭشىتىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئەمدى چىدىيالمىغانىدى، ساجىدەمۇ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى، يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە كېلىپ تۇرسۇننىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى. تۇرسۇنمۇ ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى. ئۇمۇ ئۆزىنى يىغىدىن توختىتالمىغانىدى.

يىراق ئىككى سايدىن، نۇرغۇن ئەگرى - توقايدىن ئۆتۈپ، تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىپ كەلگەن ئىككى ئېقىن ئاخىر بىر يەردە، يەنە كېلىپ ھاياتلىق شارقىراتمىسىدا ئۇچراشتى. بۇ يەردە چاچرىغان بۇژغۇنلار ئۇلارنىڭ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرى ئىدى، بۇ يەردە قاينىغان قاينام ھەم ئۇچرىشىش خۇشاللىقىنىڭ، ھەم تۆكۈلۈپ تۇرغان پىغانىنىڭ قاينىمى ئىدى. دەردلىك قەلبلەر كۆز ياش قاينىمىدا يۇيۇلدى. ئەمدى ئۇلارنى بىر كۆڭۈللۈك ئىقبالنىڭ پارلاق ئاپتىپى كۈتۈپ تۇراتتى.

# ئون توققۇزىنچى باب

ئۇلار بىرپەس يىغلىشىۋالغاندىن كېيىن، قىزىق پاراڭغا چۈشتى. تۇرسۇن ساجىدەنىڭ ھەيرانلىق ۋە قايىللىق ئىلكىدىكى قاراشلىرى ئىچىدە، ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. ساجىدەنىڭ نېمە ئۈچۈن يۇرتىدىن چىقىپ قالغانلىقى ۋە يېزىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئىستىكى ئۇنىڭ جىق سۆزلىشىگە ئىمكان بەرمىگەنىدى.

— ئەمدى پاراڭ سەندىن بولسۇن، ساجىدە، — دېدى تۇرسۇن، — خوش، يۇرتتىن نېمە ئۈچۈن يېنىپ چىقتىڭ؟

ساجىدە بىرپەس جىممىدە بولۇپ كەتتى، گەپنى نەدىن باشلاش كېرەك؟ ئۇ ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، تۇيۇقسىزلا ھۆ قىلىپ كەتتى. تۇرسۇن ئۇنىڭ دولىسىغا يېنىك مۇشتلىدى. لېكىن، بۇ قۇرۇق ھۆ ئىدى. تۇرسۇن ئۇنىڭغا قىزىق بىر پىيالە چاي قۇيۇپ بېرىپ:

— گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەيۋاتامسەن؟ — دېدى، — مەن يۇرتتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىنكى ئىشلاردىن باشلا.

ساجىدە قىزىق چاينى ئىچىپ، ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى باشلىدى:

— شۇنداق قىلىپ سەن يوقاپ كەتتىڭ، دادام، ئاپام، مەن، جورئەت ۋە باشقىلار سېنى جىق ئىزدىدۇق. لېكىن، بىر كۈندىن كېيىنلا سېنىڭ يىگىتكە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

توغرىسىدىكى ھېلىقى گەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىز شۇنداق ھەيران قالدۇقكى، راستىنى ئېيتساق، پەقەت ئىشەنگىمىز كەلمىدى. كېيىن سۈرۈشتۈرسەك، بۇ خېلى يوغان يەردىن چىققان گەپ ئىكەن. ئاخىر بىز سېنى بېشىغا كەلگەن قىسمەتكە چىدىماي ئۆلۈۋالغان بولسا كېرەك، دېگەن يەرگە كەلدۇق. رەسمىي نەزىر بولمىسىمۇ، دادام بەش ـ ئونەيلەننى چاقىرىپ بىر خەتمىقۇرئان قىلدۇرۇۋەتتى.

— دېمەك، مەن ئۆلگەن ئادەمكەنمەن ـ دە، — دېدى تۇرسۇن كۈلۈپ، — سېنىڭ پەقەتلا تونۇيالمىغىنىڭ بىكار ئەمەس ئىكەن ئۇنداقتا.

— لېكىن، — دېدى ساجىدە، — بۇنىڭغا جۇرئەتنىڭ پەقەتلا ئىشەنگۈسى كەلمىدى. بىچارە... — تۇرۇپلا ئۇنىڭ كۆزىگە لىققىدە ياش كەلدى، ئۇ ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈۋاتقاندا ئۇنى يەنە ھۆ تۇتتى. ئۇ ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ سۆزىنى يەنە داۋام ئەتتى، — ساڭا جىق ئەقىدە قىلىدىكەن، خېلى كۈنلەرگىچە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ بەرگەن ئادەمدەكلا بولۇپ قالدى... راست، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرى ئىدى، شۇنداققۇ؟

تۇرسۇن بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، ئۇ ئوبدان ئوقۇيتتى. لېكىن، مەكتەپ پۈتكۈزۈش ئىمتىھانىدا ئۇنىڭ نەتىجىسى يۇقىرى چىقمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرەلمەي، ئاخىر ۋىلايەتتە ئېچىلغان يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىغا ئوقۇشقا كەتتى. سەنمۇ يوق، ئۇمۇ يوق، مېنىڭ كېيىنكى ئۈچ يىلنى قانچىلىك تەسلىكتە ئۆتكۈزگەنلىكىمنى ئويلىسام، ھازىرمۇ ئاجايىپ بىر خىل بولۇپ كېتىمەن. ماڭا ئوخشاش تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپ ئۆيدە قېپقالغان قىزلارنىڭ كۈنى

ئۆزۆڭگە مەلۇم... كېيىن جۇرئەت تەتىل ئۈتكۈزۈش ئۈچۈن يېزىغا قايتىپ كەلدى. سەن ماڭا ئۇنىڭدىن ئېنىق جاۋاب ئېلىپ بېرەلمىگەنىدىڭ، شۇنداققۇ؟

تۇرسۇن خىيالچان هالدا باش لىڭشىتتى.

— مەنمۇ كېيىن سەل پەملەپ قالغان، ئۇ سېنى مەندىن كۆپ ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ ماڭا پەقەت دوستلا ئىكەن. سەن يوقاپ كەتكەندىن كېيىن، مېنىڭ يۈرىكىمدىكى ئوت خۇددى كۆلىنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قالغان چوغ يېڭىباشتىن يېلىنجىغاندەك يەنە يېلىنجىدى. تەتىلدە بىز بىللە يۈردۇق، لېكىن ئۇ ماڭا ئېغىز ئاچمىدى. كېيىن ئۇ مەكتەپكە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا پات - پات خەت يېزىپ تۇردۇم، ۋىلايەتكە بارىدىغانلاردىن يەل - يېمىش، ئانچە - مۇنچە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى دېگەندەك نەرسىلەرنى خالتا قىلىپمۇ تۇردۇم، جۇرئەتنىڭ ئاپىسى ئايىمجان ئاچىنىمۇ پات - پات يوقلاپ تۇرىمەن، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرىمەن... شۇنداق قىلىپ، ئوقۇشنىڭ ئۈچىنچى يىلىدىن باشلاپ ئۇمۇ ماڭا خەت يېزىپ تۇرىدىغان بولدى. راست گەپ، ئۇ خەتلەرنى مۇھەببەت خېتى دېگىلى بولمايدۇ، پەقەت بىر خىل دوستانىلىقلا بار، لېكىن مەن شۇنىڭغىمۇ رازى بولدۇم. بۇلتۇر ئۇ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ناهىيەگە قايتىپ كەلدى. ئارىدا ئايىمجان ئاچا جىق كۆچەپ يۈرۈپ قىشتا ئاخىر مەن ئۇنىڭغا تەگدىم. بىز كۆڭۈللۈك ئۆتتۇق، ھەپتە، ئون كۈندە يېزىمىزغا بېرىپ ئاتا - ئانىلىرىمىزنى يوقلاپ كېلىمىز، ئاندىن ئۆيىمىزگە كېلىپ مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ كېتىمىز. ئەتىياز كەلگەندە مەن ئىشلەيمەن دەپ بېشىنى ئاغرىتمۇەرگەندىن كېيىن، ئۇ مېنى ناهىيەلىك ئاگرانوملار پونكىتىنىڭ بىر ماگىزىنىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. مەن بۇ ئىشنى ناهايىتى خۇشاللىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن ئىشلىدىم... لېكىن خۇشاللىقىنىڭ ئۆمرى بەكمۇ قىسقا بولىدىكەن... بىلمىدىم، يا ئۆزۈم شۇنداق شور پېشانە يارىلىپ كەتكەنمۇ...

ساجىدە كۆزىگە غىلىلىدە ياش ئېلىپ، پېشانىسىنى تۇتقىنىچە يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنى تۇرۇپ - تۇرۇپ ئىككى قېتىم قىسقا ھۆ تۇتتى. تۇرسۇن تەقەززالىق بىلەن ئۇنى داۋاملىق سۆزلەشكە ئالدىراتتى.

— ماگىزىن دېگەنگە ھەرقىسما ئادەملەر كىرىپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇت مەمتىلى دېگەن ھېلىقى زالىڭ كىرىپ كەلدى، ئۇنى مەن ساڭا بۇرۇن دەپ بەرگەن، مەن ئىككى - ئۈچ ئاي يورۇپ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكەن ئەمەسمۇ، كېيىن ئۇ يېزىدىن يوقاپ كەتكەن، ئەسلىدە ناھىيەگە خىزمەتكە كىرىۋاپتىكەن. ماگىزىنغا كىرگەن ئادەمگە ئوچۇق چىراي ئاچمىساڭ بولمايدۇ. مەن ئۇنى كۈلۈپ قارشى ئالدىم. ئۇ ئاياغ مېيى ئالغىلى كىرىپتىكەن، ئۇنى ئېلىپ مەن بىلەن بىرنەچچە ئېغىز ئەھۋاللىشىپ چىقىپ كەتتى، كېيىن پات - پات كىرىدىغان بولۇپ قالدى، مىجەزىم ئۆزۈڭگىمۇ مەلۇم، بىر كىشىلەرگە ئانچە ئاداۋەت ساقلاپ كەتمەيمەن. ئالىدىغان مېلىنى ئېلىپ بېرىپتىمەن، ئېيتقان سۆزلىرىگە جاۋاب بېرىپتىمەن. ئۇمۇ قېلىپىدىن چىققان گەپلەرنى قىلمىغاندىكىن، پىرىكازچىكقا خاس خۇشسىيەت بىلەن كۈلۈپ يۇرىۋەرگەن ئوخشايمەن. ئۇ كۈلكە... يىغىغا ئايلاندى... ئاخىر ئۇ كۈلكە ئۆينىڭ... مېنىڭ بەختىمنىڭ ئۆيۈمنىڭ... جۇرئەتنىڭ... جېنىم ئېرىمنىڭ... بېشىغا چىقتى... كۈلدەك توزۇدۇم... توپىدەك سورۇلدۇم...

ساجىدە سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي بېشىنى ئۈستەلگە قويۇپ ھۆڭگىرەپ يىغلاپ كەتتى، تۇرسۇن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى...

«جۇرئەتنىڭ... جېنىم ئېرىمنىڭ بېشىغا چىقتى...» دېمەك... ئۇنىڭ يۈرىكى سىرقىراپ كەتتى. دېمەك جۇرئەت — ئۇنىڭ دوستى، ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى ھازىرغا ئەڭ يېقىن باغلاپ تۇرىدىغان قەدىرلىك دوستى بىر شۇم قىسمەتكە ئۇچرىغان!

— دېگىنە، ساجىدە! نېمە ئىش بولدى؟... زادى نېمە ئىش بولدى؟... جۇرئەت نېمە بولدى؟ — تۇرسۇن تىترەپ كەتتى، سۆزلىرى ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ چىقتى.

ساجىدە كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. لېكىن، ھېلىدىن - ھېلى قوزغالغان يىغا ئۇنى سۆزدىن توختىتىپ قوياتتى. تۇرسۇن جىددىيلەشكەن، ئەسەبىيلەشكەن ھالدا ئۇنىڭدىن كوچىلاپ سورايتتى، ئۇ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ جاۋاب بېرەتتى. مۇشۇنداق سوئال - جاۋاب، توختىلىش، يىغا ۋە ھاياجانلىنىش ئىچىدە قىلىغان سۆزلەردىن تۆۋەندىكىدەك بىر مەزمۇن شەكىللەندى:

بۇنىڭدىن ئون كۈن بۇرۇن چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا ساجىدە ئۆيىدە تاماقنى ئېتىپ ئۇستەلگە ئەكېلىپ قويۇپ جۇرئەتنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز ئۆيگە مەمتىلى كىرىپ كەلدى. ساجىدە ئۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— چۆچۈمەڭ، ساجىدە، — دېدى مەمتىلى سەت ھىجىيىپ تۇرۇپ، — ھازىر ئېرىڭىز بەرىبىر ئۆيگە كەلمەيدۇ، يولدا ئۇنى ئاغىنىلىرى تۇتىۋېلىپ ئاشخانىغا ئەكىرىپ كەتتى. ئالدىغا قويۇۋالغان بوتۇلكىلىرىغا قارىغاندا، ئۇلار بىر - ئىككى سائەت ئىچىدە ئۇ يەردىن چىقالمايدۇ. مۇشۇ پۇرسەتتە كۆڭلىڭىزنى بىر كۆتۈپ قويۇڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ساجىدەنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، نېمە قىلىش كېرەك؟ ۋارقىرىسۇنمۇ؟ لېكىن... ھەي، ئاياللارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشىمۇ تەس. ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ۋارقىراپ ـ تۇۋلىسا، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ يۈگۈرۈپ كىرىشى چوقۇم، شۇنداق قىلىپ بۇنىڭدىنغۇ قۇتۇلىدۇ، لېكىن گەپ ـ سۆزچۇ؟ ھېچبولمىغاندا، بىر يامان كىشى ساجىدەگە زورلۇق قىلماقچى بوپتىكەن... دېگەندەك گەپ چىقىدۇغۇ، بۇ گەپنى ئاڭلىسا جۇرئەت قانچىلىك خورلۇق ھېس قىلىپ كېتەر. ياخشىسى، بۇنى چىرايلىق گەپ قىلىپ چىقىرىۋېتىش كېرەك!

— مەمتىلى، ئۇنداق قىلماڭ، سەت بولىدۇ، چىقىپ كېتىڭ.

ساجىدەنىڭ چىرايلىقچە ئېيتقان بۇ گېپىنى مەمتىلى باشقىچە چۈشەندى ۋە يۈرىكى تېخىمۇ يوغىناپ ئۇنىڭ قېشىغا يېقىنلاپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭدىن گۇپپىدە ھاراقنىڭ سېسىق ھىدى كەلدى.

— نېمىسى سەت بولىدۇ، ساجىدە؟ ئۇنداق قىلماڭ، مېنىڭ كۆڭلۈمنىمۇ خۇش قىلىپ قويۇڭ...

— يىراق تۇرۇڭ، بولمىسا ۋارقىرايمەن!

— ۋارقىراڭ، خەقلەر كىرسۇن، مەنمۇ ئۆزۈمنى تونۇشتۇرىمەن. ئۆز ۋاقتىدا بىز يۈرگەنغۇ، تىنىنقىمىزنى يۈرىشىپ باققانغۇ...

ئۇ ساجىدەنى قىستاپ كېلىشكە باشلىدى. ساجىدە كەينىگە داجىۋېتىپ تۇيۇقسىز كەينىگە يۈتلىشىپ سافاغا ئولتۇرۇپ قالدى.

مەمتىلى ئۇنىڭغا توشقانغا ئېتىلغان بۆرىدەك تاشلاندى.

— ۋاي، ئادەم... — ساجىدە ۋارقىراپ بولغۇچە، مەمتىلى ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى. ساجىدە ئۇنىڭ ئاستىدىن چىقىشقا ھە دەپ تىرمىشاتتى، لېكىن مەمتىلى بەك ۋەھشىيلىشىپ كەتكەنىدى. دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئاچقۇچ شىرىقلاپ ئىشىك

ئېچىلدى. بوسۇغىدا جۇرئەت ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئاغىنىسى تۇراتتى.

ساجىدە سافادىن تۇرۇپ يۈگۈرۈپ بېرىپ جۇرئەتكە ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. مەمتىلى ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپ قالغان جۇرئەتنىڭ قېشىدىن خۇددى چاشقاندەك تۈگۈلۈپ غىپپىدە چىقىپ كەتتى. جۇرئەتنىڭ ئاغىنىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ بىر رەسۋا ئىشنىڭ ئۇستىدىن چۈشۈپ قالغانلىقىغا ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ قالغانىدى. ئەسلى ئۇلار ئاشخانىغا كىرگەن، لېكىن تاماقنىڭ تايىنى بولمىغاچقا، جۇرئەت ئۇلارنى تارتىشتۇرۇپ، ئۆيدە تاماق ئەتكۈزۈپ يەيمىز دەپ بۇ يەرگە ئەكەلگەنىدى. لېكىن، بۇ ئوڭايسىزچىلىق ئۇلارنى غىققىدە قىلىپ قويدى. جۇرئەت بولسا شۇ چاغدا خۇددى زېمىننىڭ تەكتىگە چۈشۈپ كەتكەندەك جىملا بولۇپ قالغانىدى، تويۇقسىز كەلگەن زەربە ئادەملەردە ھەر خىل تەسىر قوزغايدۇ. بەزىلەر دەرھال يېڭىنى شىمايلاپ، كاللىسىغا كەلگەننى تۇۋلاپ، قىلىدىغىنىنى قىلىدۇ؛ بەزىلەر بۇ زەربىدىن پۈتۈنلەي ئېسىنى يوقىتىدۇ. بولۇپمۇ ساجىدەگە بەك ئىشىنىپ يۈرگەن جۇرئەتتەك ئادەم ئۈچۈن بۇ رەسۋاچىلىقتىن كەلگەن زەربىنى تۆۋەن چاغلىماسلىق كېرەك. بۇ زەربە خۇددى بازغاندەك ئۇنىڭ يۈرىكىگە تەگدى، بۇ زەربە خۇددى تاغدىن غۇلىغان تاشتەك ئۇنىڭ مېڭىسىنىلا يانجىدى. ئۇ بۇرۇن ئوقۇغۇچىلىق ۋاقىتلىرىدا ساجىدە بىلەن مەمتىلىنىڭ ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرگەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ ئۇستەلگە قارىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە داستىخان سېلىنىپ، تاماقمۇ ئەكېلىپ قويۇلغانىدى. پىيالە، قوشۇق... ھەممە نەرسە ئىككى كىشىلىك، تېخى پىۋىمۇ بار... «جەھىل كەلگەندە ئەقىل قاچىدۇ» دەپ ئىنتايىن توغرا ئېيتىلغان. بۈگۈن ساجىدەنىڭ دوختۇرغا بارىمەن دەپ دەم

www.uyghurkitap.com

ئالغانلىقىنى جۈرئەت ئويلىمىغانىدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى چۈشتە ئالدىراشچىلىقتا تاماق يەپ كۆنۈپ قالغان جۈرئەت راسلانغان داستىخاننى كۆرۈپلا كۆڭلىدىكى گۇماننى جەزملەشتۈردى ۋە ساجىدەنى سىلكىپ ئۆزىدىن ئاجراتتى ـ دە، كاچىتىغا بىرنى سېلىپ، كەينىگە شاققىدە بۇرۇلۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ساجىدە مەڭزىنى تۇتقىنىچە تۇرۇپلا قالدى. تۇۋا، ئۇ نېمە قىلغىنىغا كاچات يەيدۇ؟ ھېلىقى ئەبلەختىن خورلۇق تارتىڭ بىر دەرد، ئەمدى ئۇستىلەپ ئېرىدىنمۇ خورلۇق تارتامدۇ؟ ئۇنىڭ ئىشەنگەن ئېرى — ئۇنىڭ شۇنچە ئەقىدە قىلغان جۈرئىتى نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئىككى ئېغىز گەپ سوراپ باقماي، ئۇنى بۇزۇققا چىقىرىۋېتىدۇ؟ توغرا، ئۇ مەمتىلىنىڭ بۇرۇن، ئۇنىڭدىن ئۈچ ـ تۆت يىل بۇرۇن ساجىدە بىلەن يۈرگەنلىكىنى بىلەتتى، شۇنى ئويلاپلا بىگۇناھ، پاك، ۋاپادار جۈپتىنى گۇناھكارغا، پاسىققا، ۋاپاسىزغا چىقىرىۋەتسە بولامدۇ؟ راست، ئۆز جۈپتىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرمىگەن ئادەمدە جۈپتىگە قارىتا مۇستەھكەم ئىشەنچ بولمايدىكەن، جۈرئەت ئۇنى چىن كۆڭلىدىن ھەقىقىي ياخشى كۆرمەيتتى. شۇڭا شۇنداق قىلدى، شۇڭا ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى، شۇڭا ئۇنى قارىلىدى. لېكىن، ساجىدە ئۇنى يۈرىكىدىن ياخشى كۆرەتتىغۇ، ئۇنىڭغا ئاجايىپ ئەقىدە قىلاتتىغۇ، شۇ ياخشى كۆرۈش، شۇ ئەقىدىنىڭ مۇكاپاتى شۇمۇ؟ ياق ! ساجىدە بۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ. ئۇ ئۇنىڭغا قىلغان ئەقىدىسىنىڭ، ئۇنىڭغا بولغان ۋاپادارلىقىنىڭ قەرزىنى تەلەپ قىلىدۇ ! ساجىدە ئۇنىڭ ھالال جۈپتى، ئۇ بۇ قەرزنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق ! قېنى، ئەمدى جۈرئەت كىرسۇن، دەيدىغىنىنى دەپ ئۇنى ھۆر ـ ھۆر يىغلىتىۋەتمەيدىغان بولسا !

لېكىن، ھۆر ـ ھۆر يىغلاش ساجىدەنىڭ قىسمىتىگىلا

پۈتۈلۈپ كەتكەنىكەن، راست جۈرئەتمۇ يىغلاپتۇ، لېكىن ئۇ يۈرىكىدە يىغلىغانىكەن، ئۇ يىغىنىڭ بىراقلا ياش جاننىڭ بېشىغا چىقىدىغانلىقىنى كىم ئويلىغان؟!

جۈرئەت ئۆيدىن چىققاندىن كېيىن ئۆزى يالغۇز بىر قاۋاقخانىغا كىرىپ بولۇشىچە هاراق ئىچكەن، ئۇنىڭ نېمە ئويلىغانلىقى نامەلۇم، يولدا بىر ئاغىنىسىنىڭ ۋېلىسىپىتىنى ئالغان ـ دە، ئۆيگە قاراپ قۇيۇندەك چاپقان. دەهشەتلىك ئەلەم، خورلانغان غۇرۇر، ئېغىر مەستلىك ئىلكىدىكى ئادەمنىڭ كۆزىگە بىرنېمە كۆرۈنۈش مۇمكىنمۇ. رەهىمسىز قىسمەت ئاخىر ئۇنى بىر تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئەجەل تاپىنى ئاستىدا يانجىۋەتكەن، قارا ماشىنىنىڭ ئېغىر چاقلىرى قاتتىق چىرقىراش ئىچىدىكى تورمۇز بىلەن توختىغان چاغدا يەر يۈزى جۈرئەتنىڭ قىزىل قانلىرى بىلەن بويىلىپ قالغان. باياتىن بېرى توختاش ئىشارىسى قىلىپ يانغان قىزىل چىراغ كۆزلىرى قانغا تولغان ئادەمدەك چەكچىيىپ قېتىپ قالغان...

ساجىدە كۆز ياشلىرىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ يەنە يىغلاپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئويلاپ باق. ئەمدى ئۇ يۇرت ماڭا هارام بولمىدىمۇ!؟ خەقلەر مېنى بۇزۇق دېدى. ياش ئېرىنىڭ بېشىغا چىقتى دېدى. مەن ئۆزۈمنى قانداق ئاقلىشىم مۇمكىن؟ مەن ئىچىمدىكىنى كىمگە دەيمەن؟ كىممۇ ماڭا ئىشىنىدۇ؟ مەن ئىشەنگەن، مەن ئىشەندۈرىمەن دېگەن، ماڭا ئىشىنىشى مۇمكىن بولغان ئادىمىم بۇ دۇنيادىن كەتتى، بىچارە، مۇرەببىيىم، ۋاقىتسىز كەتتى، لېكىن پۈتۈن خاپىلىقنى ماڭا قالدۇرۇپ كەتتى. مەنمۇ شۇنداق ئوڭاي ئۆلۈمنى ئويلىغان، بۇنداق خورلۇق، ئازاب تارتقۇچە، بۇ دۇنيادىن بىر يولى تۈگىشىپ كەتمەيمەنمۇ دەپ ئويلىغان، لېكىن بىرنەرسە مېنى بۇ دۇنياغا باغلاپ تۇرۇۋالدى، شۇ ۋەقە

www.uyghurkitap.com

يۈز بېرىدىغان كۈنى ئەتىگەندە دوختۇرخانىغا بارغانىدىم، دوختۇر بويۇڭدا قاپتۇ دېدى. مەن خۇش بولۇپ، دەرھال ئۆيگە قايتىپ كېلىپ تاماقنا تۇتۇش قىلدىم، جۇرئەت كىرسە تاماقنى يېگۈزۈپ بولۇپ، بۇ خۇشاللىقنى ئاشكارىلايمەن دەپ ئويلىدىم. لېكىن، بۇ خۇشاللىقنىڭ كەينىدە شۇنداق دەھشەتلىك بەختسىزلىكنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرغانلىقىنى كىم ئويلىغان !

ساجىدەنى يەنە قۇرۇق ھۆ تۇتقىلى تۇردى. بۇ چاغدا تۇرسۇن تورۇسقا قارىغىنىچە ئولتۇرۇپلا قالغانىدى. ئۇ ساجىدەنىڭ قىينىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇنىڭغا لۆڭگىنى سوغۇق سۇغا چىلاپ ئەكېلىپ بەردى. ساجىدە يۈز - كۆزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئېغىر خىيال بىلەن يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى ئۆلۈكنىڭكىدەكلا بولۇپ قالغانىدى.

— ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، غەيرەت قىل، — دېدى تۇرسۇن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، مەن غەيرەت قىلىمەن، — دېدى ساجىدە ئويچان ھالدا، — لېكىن بۇ غەيرىتىم ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس، مۇشۇ قورسىقىمدىكى بالام ئۈچۈن. جۇرئەتتىن بۇ دۇنياغا قالغان نام - نىشان مۇشۇ ! مەن جۇرئەتكە ئاتىغان، جۇرئەت ئۈچۈن بېغىشلاپ بولالمىغان پۈتۈن مېھرى - مۇھەببىتىمنى ئەمدى مۇشۇ پەرزەنتىمگە ئاتايمەن. مېنىڭ جۇرئىتىممۇ مۇشۇ ! مېنىڭ پەرزەنتىممۇ مۇشۇ ! مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھەممە نېمەم پەقەت مۇشۇ !... مەن يۇرتۇمدىن يالغۇز بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ كەتتىم. مەن يالغۇز ئىدىم، لېكىن خۇدا ماڭا سېنى ئۇچراشتۇردى. مەن ھازىر بۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتىمەن، لېكىن ئەتە نەدە بولىمەن، نېمە بولىمەن. بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. سېنىڭمۇ ئۆي - ئوچاقلىق بولىدىغان ۋاقتىڭ كېلىپ قاپتۇ. مەنمۇ بۇ

يەردە سىلەرگە جىق پۇتلىكاشاڭ بولماسمەن.

— ساجىدە، — دېدى تۇرسۇن، — نېمىلەرنى دەۋاتىسەن، سەن يەنە نەگە بېرىشىڭ مۇمكىن؟ ! سەن مېنىڭ قېشىمدىن ھېچ يەرگە كەتمەيسەن !

ساجىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرسۇنغا قارىدى:

— ئەتە - ئۆگۈن قورسىقىم يوغىنايدۇ، كۆزۈم يورۇيدۇ، ئۇ چاغدا سەن خەققە نېمە دەيسەن؟

— نېمە دەيسەن؟ — تۇرسۇن جىددىي ئويغا چۆمدى ۋە تۈيۇقسىز بېشىنى كۆتۈردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇر قايتۇرغان ئەينەكتەك يالتىراپ كەتكەندى، — ئايالىم دەيمەن، ئۆزۈمنىڭ ئايالى دەيمەن. ساجىدە، بىز توي قىلايلى !

— نېمە؟... — ساجىدە داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. راست، ئۇ زادىلا ئويلىمىغان، زادىلا ئويلىمىغان ! ئۇ نېمىلا دېگەن بىلەن ھازىر يىگىتقۇ، ئۇ ئائىشەدەك شۇنداق چىرايلىق، ئوبدان قىز تۇرغان يەردە ئۇنى — ئەرگە تەگكەن، قورسىقىدا تېخى بالىسى بار بىر ئايالنى ئېلىشى كېرەكمۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ؟ ساجىدەگە ئىچ ئاغرىتىش يۇزىسىدىنلا ئەمەسمۇ، ئۇنى يەنە داۋاملىق جاپا تارتقۇزماسلىق، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا خار قىلماسلىق ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ ياق، ساجىدە بۇنچىلىك قۇربان بېرىشكە ئەرزىمەيدۇ. ئۇ تۇرسۇننىڭ مۇنچىلىك ئېغىر بەدەل تۆلىشىگە چىدىمايدۇ... ساجىدە مۇشۇلارنى خىيال قىلغاندىن كېيىن بېشىنى چايقىدى.

— ياق، تۇرسۇن، بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. سەن ئەسلىدىكى ئويۇڭدىن يانما. ئائىشە بىلەن توي قىل.

— نېمە؟ — دېدى تۇرسۇن، — سەن مېنى ئائىشە بىلەن توي قىلماقچى دەپ ئويلامسەن؟ — تۇرسۇن ئىستىھزالىق ۋە ئاچچىق كۈلۈپ بېشىنى چايقىدى، — سەن مېنى تېخى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلمەيسەن، ساجىدە. مەن سەندىن يەنە نېمىنى يوشۇراي. سەن ئۆي تۇتقان ئادەم، ھەممىنى بىلىسەن. مەن ئائىشەنى ئالسام، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىپ قويىمەن. ئۆي تۇتقاندىن كېيىن ئۇمۇ پەرزەنتلىك بولۇشى كېرەكقۇ، لېكىن خۇدا ماڭا ھېلىغىچە بۇ ئىقتىدارنى ئاتا قىلمىدى.

ئۆينىڭ ئىچى چوڭقۇر سۈكۈناتقا چۆمدى. بىرئازدىن كېيىن تۇرسۇن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ مېنىڭ سېنى ئالاي دېگىنىم باشقا مەقسەت ئەمەس. سەن ھازىرقى مۇشۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىڭ كېرەك. ساڭا ھازىر بىر ئۆي كېرەك، يالغان بولسىمۇ بىر ئەر كېرەك، بالىغىمۇ بىر ئىسسىق ماكان كېرەك، يالغان بولسىمۇ بىر دادا كېرەك. لېكىن، سەن ياش، ساجىدە، بالاڭنى تۇغۇپ، ئالدى ـ ئارقاڭنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن تۇرمۇش مەسىلەڭنى قايتا ئويلانساڭمۇ بولىدۇ. ئۇ چاغدا مەن ساڭا ھەرگىز توسقۇن بولمايمەن. ناۋادا... ــ تۇرسۇن سەل ئويلىنىپ، ئاندىن ساجىدەگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى، ــ ناۋادا شۇ كۈنلەردە ئەگەر بالا ساڭا توسقۇن بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا بالا ماڭا قالسا مەن تېخى رازى. سەن ماڭا تۇغقان ھەم دوست. جۇرئەتمۇ ماڭا ناھايىتى يېقىن دوست ئىدى. مەن جانجىگەر دوستلىرىمنىڭ بالىسىغا دادا بولالمايمەنمۇ !؟...

ــ بولدى، سۆزلىمە، ــ ساجىدە ھاياجاندىن تىترىگەن ھالدا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ۋە يەرگە قاراپ چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى. توغرا، ئۇ دادا بولالايدۇ، بولغاندىمۇ ھەقىقىي دادا بولالايدۇ. قورساقتىكى بالىغا بۇنىڭدىنمۇ ئوبدان، لايىق دادا نەدە ! ساجىدە تۇرۇپلا ئۇنىڭ قىز چېغىنى ئېسىگە ئالدى. ئەگەر ئۇ قىزلىق پېتى بىلەن قالغان بولسا، بۇ بالا ساجىدەنىڭ

ئەمەس، بەلكى مۆشۈنىڭ بولاتتىغۇ. ئۇ چاغدا بۇ بالىنىڭ ئانىسى ساجىدە ئەمەس، بەلكى مۆشۈ بولاتتى. قىسمەت ئۇنى ئىككى جىنسنىڭ كېيىشكەن چېگراسىغا ئەكېلىپ تاشلاپتۇ. ئۇ بۇ چېگرانىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئېيتقاندا ئانا، بۇ تەرىپىدىن ئېيتقاندا ئاتا ئەمەسمۇ. ۋاقتى كەلگەندە بالىغا ئانىمۇ بولالايدۇ، ئاتىمۇ بولالايدۇ دېسە، مانا مۆشۈنى دېسە بولىدۇ!

بۇ چاغدا تۇرسۇن كېلىپ ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى. ساجىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مەردانىلىك، جەسۇرلۇق، شىجائەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. ساجىدەنىڭ تېنى جۇغغىدە قىلدى. ياق، ئۇ يىگىت، ئۇ ھەقىقىي يىگىت! يىگىت دېگەن مۇشۇنداق مەردانە بولىدۇغۇ، ئۆزىنى يىگىت دەپ يۈرگەن تالاي كىشىلەردە مۆشۈ مەردانىلىكنىڭ زادى قانچىلىك ئەسىرى بار؟!... ئۇ يىگىت، ئۇ ئەمدى ئەر بولىدۇ. ساجىدەنىڭ يېڭىدىن كۆزى ئېچىلغان بولاقتەك قايناپ تېشىپ تۇرغان مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن ئۇ ئەمدى ئەر بولىدۇ، ھەقىقىي ئەر بولىدۇ! ھەقىقىي مۇھەببەت — ساجىدەنىڭ ئۇنىڭغا بولغان پاك، غەرەزسىز، سەممىي، روھىي مۇھەببىتى ئۇنى ئاتىلىق نوپۇز، ئاتىلىق ھوقۇقىغا نائىل قىلىدۇ. ئۇ ھەقىقىي، سەممىي، مۇقەددەس ئاتا بولىدۇ. بۇ يەردە خۇپىيانە خىيانەت تۇپەيلى ئاتاقتىكى ئاتا بولۇپ يۈرۈۋاتقان ياكى ئەسلىي ئاتا بولسىمۇ لېكىن خەلقئالەم ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاتىلىقىنى يوشۇرۇپ ۋىجدان ئازابى ئىچىدە بوغۇلۇپ ياشاۋاتقان ياكى پەسكەشلىك قاينىمىدا ئۆزىنىڭ ئاتىلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي يۈرگەن ھېلىقىنىڭدەك ئاتىلارنىڭ زەررىچە پۇرىقىمۇ يوق، بۇ يەردە پاكلىقلا بار، بۇ يەردە ھالاللىقلا بار...

— رەھمەت ساڭا، تۇرسۇن، — دېدى ساجىدە كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — سەن ماڭا ھەقىقىي يىگىتلەرچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەردلىك قىلدىڭ، مەن سېنىڭ بۇ قىلغىنىڭنى چوقۇم ياندۇرىمەن... راست، سەن بۇ بالىنىڭ ھەقىقىي دادىسى بولالايسەن، كەلگۈسىدە بۇ بالىنىڭ تىلى چوقۇم بىرىنچى بولۇپ سېنى دادا دېيىش بىلەن چىقىدۇ...

ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشتى، تۇرسۇننىڭ كۆزلىرىدە يىگىتلىك ئۇچقۇنلىرى چاقماقتەك يالتىدە چاقنىدى، ساجىدەنىڭ قاراڭغۇلۇق باسقان ئاسماندەك تۇم قارا كۆزلىرى ۋاللىدە يورۇغاندەك بولدى. ساجىدە چىدىيالمىدى، ئۆزىنى تۇرسۇننىڭ باغرىغا ئاتتى ـ دە، باھار يامغۇرىدەك كۆز ياشلىرىنى تۆكتى. ساجىدەنىڭ شۇ چاغدىكى كۆرۈنۈشى سۈكۈنات قوچىقىغا چۆمگەن خىلۋەت دالادا مەزمۇت دەرەخكە مەھكەم چىرمىشىپ كەتكەن ھەشقىپىچەكنىلا ئەسلەتتى. بۇ سۈكۈناتنى پەقەت ئۇنىڭ ئۆكسۈشلىرىلا بۇزۇپ تۇراتتى.

بۇ چاغدا بۇ ئۆكسۈش تالادىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەندى. باياتىن بېرى ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ سۆزىنى تىڭشاۋاتقان بوۋى زۆھرە ئاچىمۇ ئۆزىنى ئۆكسۈشتىن توختىتالمىغانىدى. ئۇ ساجىدە كىرىپ كەتكەندىن كېيىنكى دەسلەپكى يىغىنى ئاڭلاپ بوسۇغىغا كەلگەن ۋە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ سىرىنى ئاڭلاپ قالغانىدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋەتتى ۋە بۇ ئىككى ياشنىڭ مەخپىيىتىنى يۈرىكىدە مەڭگۈ سىر قىلىپ ساقلاشقا ئۆز ـ ئۆزىگە ۋەدە بېرىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

# يىگىرمىنچى باب

ئىشلار كۈتۈلمىگەن ھالدا ئىنتايىن تېز ئۆزگەردى. تۇرسۇن ئەسلىدە ساجىدە بىلەن يەنە بىر قېتىملىق جاھانكەزدىلىككە تەييارلانغانىدى. لېكىن، بۇۋى زۆھرە ئاچىلار ئۇنى بۇ مۇشەققەتلىك يولدىن توسۇپ قويدى. ھېلىقى سۆھبەتتىن كېيىن ئون كۈن ئۆتۈپلا تۇرسۇن بىلەن ساجىدەنىڭ تويى بولدى.

ھېلىقى پاراڭدىن كېيىن ساجىدە ئائىشەنىڭ قېشىغا يېنىپ كىرگەن، لېكىن بۇ چاغدا بۇۋى زۆھرە ئاچا ئۇخلىغىلى چىقىپ كەتكەنىدى. ئەتىسى چۈشتە بۇۋى زۆھرە ئاچا ساجىدە بىلەن يالغۇز كۆرۈشتى. بۇ چاغدا ساجىدە ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي پوكاندەك قىزىرىپ يەرگە قاراپ تۇرۇپلا قالغانىدى.

— ساجىدە، — دېدى بۇۋى زۆھرە ئاچا كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن سىزدىن تۈنۈگۈنكى گەپنى سورىماقچى ئەمەس. ئۇ گەپنى سىزگە دەپ قويۇپ كەينىدىنلا ئۆزۈممۇ خىجىل بولۇپ قالدىم. مېنىڭ يۈرىكىم بەزى ئىشلارنى سەل تۇيغاندەك قىلىۋاتىدۇ. قىزارماڭ، سىڭلىم، — ئۇ ساجىدەنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالغان چېكە چاچلىرىنى كەينىگە سىلىق قايرىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — قارىغاندا، سىلەر تۇغقان بولساڭلارمۇ، ئۆز ۋاقتىدا بىر - بىرىڭلارغا كۆڭۈل بەرگەندەك تۇرىسىلەر. سىزنىڭ ئىزدەپ چىققىنىڭىزمۇ بىكار بولمىسا كېرەك. ئۇنداق بولغاندىكىن بۇ ئىشنى كەينىگە تارتماڭلار. ئىككىڭلارلا شۇنداق

ئوبدان باللار ئىكەنسىلەر. مانا بىز ئاتا ـ ئانا بولۇپ تويۇڭلارنىڭ ئۈستىدە تۇرىمىز. مېنىڭ تونۇگۇن دېگەن گېپىمنى پۈتۈنلەي كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىپ، ئەمدى قەتئىي قارارغا كېلىڭ، — ئۇ ساجىدەنىڭ مەڭزىنى ئەركىلىتىپ چىمدىپ، — تونۇگۇنكى گەپنى تۇرسۇنغا دېمىگەن بولغىيتىڭىز؟ — دېدى. ساجىدە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ بولغۇچە، ئۇ دەرھال سۆزىنى ئۇلاپ، — دېمەي ئوبدان قىپسىز، ئۇ چاغدا بىزگىمۇ سەت ئەمەسمۇ، — دەپ كۈلدى. ساجىدەمۇ كۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىدىكى ئوڭايسىزلىق كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلار ئازادىچىلىك تۇيغۇسىغا چۆمۈشتى. بەزى زۆرۈر مەسلىھەت ۋە تەييارلىقلاردىن كېيىن يۇرتقا باغاق تارقىتىلىپ توي قازىنى ئېسىلدى، ئائىشە تېخى ساجىدەگە قولداش بولدى. ئائىشەمۇ يامان شەيتان، تويدا ساجىدەنىڭ بېقىنىدا ئولتۇرۇپ:

— قايسى كۈنى بازارغا چىققاندا ئەجەب چەتكە چىقىۋالغانتىڭىز، خۇددى تويىنى مەن قىلىدىغاندەك مېنى ئوتتۇرىغا كىرگۈزۈپ قويۇپ. مانا ئاخىر ئوتتۇرىغا كىرىپ ئولتۇردىڭىزمۇ ـ قانداق، مەن شۇ چاغدا بىلىپتىكەنمەنمۇ! — دەپ چاقچاق قىلدى. تۇرسۇن بىلەن ساجىدە بۇ گەپتىن ناھايىتى يايرىشىپ كۈلۈشتى.

خۇشاللىق كۈنلەرنىڭ ئۆتمىكى تېز ئىكەن. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئالتە ـ يەتتە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا ساجىدە تۇرسۇننى خۇددى جۇرئەتنى كۈتكەندەك كۈتتى. ئۇنىڭغا ئاياللىقنىڭ ھەقىقىي كۆيۈمىنى ھېس قىلدۇردى. تۇرسۇنمۇ ئۇنى ھەقىقىي يىگىتتەك قەدىرلىدى، ئۇنىڭغا چىن ئەرلىك مېھرىنى يەتكۈزدى، ساجىدە ئۇنى تومۇز ئىسسىقتا بېشىغا سايىۋەن بولىدىغان مەزمۇت چىناردەك، قەھرىتان قىشتا ۋۇجۇدىنى ئىللىتىدىغان يالقۇنلۇق ئوتتەك ھېس قىلسا،

تۇرسۇنمۇ ئۇنى يىگىتلىك باھارىنىڭ يارىشىملىق گۈلىدەك، كەلگۈسى كۈز كۈنلىرىنىڭ راھەتبەخش بوستانىدەك ھېس قىلىپ ياشىدى.

ياز ئۆتۈپ كۈز كەلدى. دەرەخلەردىكى ئالما ـ ئانارلار مەي باغلاپ پىشتى، بۇ چاغدا ساجىدەنىڭ ھاياتلىق مېۋىسىمۇ خېلىلا يېتىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئېتىزلاردىكى قوغۇنلارنى دورىغاندەك خېلى پومپىيىپ چىقتى. تۇرسۇن ئۇنى ھەرگىز ئېغىر ـ يېنىك ئىشلارغا سالمايتتى، ساجىدە بەزى ئىشلارنى ئۆزۈم قىلىمەن دېسىمۇ ھەرگىز ئۇنىمايتتى. چۈنكى، ئۇ ھاياتلىق بوسۇغىسىغا يېقىنلىشىۋاتقان بوۋاقنىڭ بوراندا قېقىلغان ئالمىدەك تۇيۇقسىز چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ساجىدە بولسا ئۇنىڭ ئورۇنسىز ئەندىشىسىدىن كۈلەتتى، بۇنداق چاغلاردا تۇرسۇن قاپىقىنى تۈرۈپ ئۇنىڭدىن جىددىي مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى.

قىش كەلدى. باللار قارلارنى دومىلىتىپ قار دۆۋىلىرىنى، قار ئادەملەرنى ياساشتى. ساجىدەنىڭ قورسىقىدىكى ھامىلىمۇ خۇددى شۇ قار پومزەكلىرىدەك رەسمىي يوغىنىدى. تۇرسۇن بۇ چاغدا تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ كەتتى، لېكىن ساجىدە بولسا كۈلەتتى ـ كۈلەتتى. بۇنداق چاغلاردا تۇرسۇن قاپىقىنى تۈرۈپ، ئۇنىڭغا يامانلىغاندەك دومسىياتتى، ساجىدە بولسا بەختىيارلىق بىلەن كۈلۈپ كېلىپ ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلاتتى ـ دە، ئۇنى پۈتۈن مېھرى بىلەن سۆيۈپ كېتەتتى، ھەتتا ئۇنىڭ سۆيۈنۈش ياشلىرى تۇرسۇننىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى ھۆل قىلىۋېتەتتى. تۇرسۇن لەۋلىرىدە كۆز ياشنىڭ چۈچۈمەل تەمىنى تېتىيتتى. بۇ تەم ئۇنىڭغا كۆڭۈللۈك ھاياتنىڭ تەمىنى ئەسلىتەتتى.

باھار كەلدى. ئېكىنزارلارغا چېچىلغان ئۇرۇقلار بىخ يېرىپ چىقتى. ساجىدەنىڭ، ياق، تۇرسۇننىڭ، راست، ساجىدە بىلەن

تۇرسۇننىڭ پەرزەنتى — بىر بۇدرۇق ئوغلان دۇنياغا كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇنجى يىغىسى بىلەن بۇ ئائىلىگە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ھاياتلىقنىڭ جاراڭلىق كۈلكىسىنى ئېلىپ كەلدى. تۇرسۇن كۈلدى، قاقاھلاپ كۈلدى. ساجىدەمۇ كۈلدى، لېكىن ئۇنىڭ كۈلكىسىگە يىغا ئاۋازىمۇ ئارىلاش ئىدى. ھالبۇكى، بۇ يىغا ئارىلاش كۈلكە دۇنيادىكى ھەرقانداق كۈلكىدىنمۇ شادىمان ۋە مەغرۇر ئىدى.

بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا نېمە دەپ ئىسىم قويۇش مەسىلىسى كېلىپ چىقتى. ساجىدە: «قانداق ئىسىم قويۇشنى تۇرسۇن بىر نېمە دېسۇن» دېدى، تۇرسۇن بالىنىڭ چوڭ دادىسى بولغاندىكىن دەپ پەرھات ئاكىغا: «ئىسىم قويۇپ بېرىڭ» دەپ تۇرۇۋالدى، پەرھات ئاكا تۇرسۇنغا ئىتتەردى... ئاخىر بولماي بۇ ئىشنى شانىياز ئۇستام كېسىم قىلدى: تۇنجى بالا بولغاندىكىن، ئەلۋەتتە ئىسمىنى دادىسى قويسۇن!

تۇرسۇن ساجىدەگە نېمە قويىمىز دېگەندەك سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى. ساجىدە ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ بىلىسەن دېگەندەك بىر خىل ئىشەنچ ۋە سۆيۈنچ بىلەن تىكىلدى. تۇرسۇن ئۇنىڭغا مەنىلىك باش لىڭشىتتى ـ دە، ئاندىن كۆپچىلىككە يۈزلىنىپ:

— ئوغلىمىزنىڭ ئىسمى «ئارمان» بولسۇن! — دېدى.

— بولىدۇ، «ئارمان» بولسۇن، دەردىڭگە دەرمان بولسۇن! — دېيىشتى كۆپچىلىك ئۇنى قىزغىن مۇبارەكلەپ.

ئۇ «دەرمان بولسۇن» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ چوڭقۇر خىيال سۈرگەن ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ ھەقىقەتەن يېڭى بىر دەرمانغا موھتاج ئىدى. راست، ئۇ يىگىتلىك دۇنياسىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن جىق تىرىشتى. لېكىن، يىگىت بولماق، ھەقىقىي يىگىت بولماق ئاسان ئەمەس ئىكەن. يىگىتلىكتە جۈرئەتكە ئوخشاش سەممىيلىك، ساداقەتمەنلىكمۇ بولۇش كېرەك ئىكەن؛ بارى ئاكىنىڭكىدەك ئۆزىنى تونۇش ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى سوتلاش روھىمۇ بولۇش كېرەك ئىكەن؛ پەرھات

ئاكىدەك كۆچتۆڭگۆرلۈك، ئىشچانلىقمۇ بولۇش كېرەك ئىكەن؛ بۇۋى زۆھرە ئاچىنىڭكىدەك جۈرئەت ۋە شىجائەتمۇ بولۇش كېرەك ئىكەن؛ گۆركارنىڭكىدەك كەڭرى نەزەر ۋە ئۇلۇغۋارلىقمۇ بولۇش كېرەك ئىكەن... يەنە جىق ـ جىق نەرسىلەرمۇ بولۇشى كېرەك ئىكەن. لېكىن، بۇ نەرسىلەرنى يېتىلدۈرۈشتە ئۇ ئۆزىنى ھېلىھەم ئاجىز سېزىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە روھىي كۈچ ۋە دەرمان كېرەك. نۇرغۇن ئىشلار ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئارمان سۈپىتىدە قالدى، شۇڭا ئۇ ئوغلىغا «ئارمان» دەپ ئىسىم قويدى. ئۇ بۇنى شۇنداق تەربىيەلەيدۇكى — بۇ «ئارمان» چوڭ بولغاندا چوقۇم ئۇنىڭ ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئۇ سىرلىق دۇنيانىڭ ھېكمەتلىرىنى ھېلىھەم چۈشىنىپ كېتەلىگىنى يوق، ئۇنىڭ «ئارمان»ى چوقۇم ئۇنى چۈشىنىپ ئۇلۇغۋارلىق مۇقامىغا يېتىدۇ؛ ئۇنىڭ ھاياتى ھېلىھەم توختام سۇدەك ئۆتۈۋاتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ «ئارمان»ى ھاياتلىق دېڭىزىدا دولقۇنلار ئارا ئۈزىدۇ...

ئۇ قىز ئىدى، يىگىت بولدى، بىراق ھەقىقىي يىگىتلىك مۇقامىغا يېتەلمىدى، لېكىن ئۇنىڭ «ئارمان»ى چوقۇم ئۇنىڭغا يېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ كۆزدە تۇتىدىغان، غۇرۇرلۇق، نومۇسلۇق، ۋىجدانلىق، مەردانە يىگىت بولىدۇ. ئۇ ئىنسانىيەتنى سۆيىدىغان، ئۆزىگە خاس يېڭى ھايات يارىتالايدىغان، ھاياتقا بولغان مۇھەببەتنىڭ مۇقەددەس تۇغىنى جەۋلان قىلدۇرالايدىغان باتۇر ئەزىمەت بولىدۇ...

ئاھ، ئارمان، ئارمان!

ئۇ ئارماننى قولىغا ئېلىپ پېشانىسىغا سۆيدى. ئۇخلاۋاتقان بوۋاق ئىسسىق لەۋنىڭ تېگىشى بىلەن لەپپىدە كۆزىنى ئاچتى. بۇ قاراش، بۇ ئۈمىد چىرىغىدىن يالىلىدىغان نۇر تۇرسۇننىڭ قەلبىنى ۋاللىدە يورۇتۇۋەتتى.

1992 ـ يىلى 1 ـ ئاي

# [illegible]

(ئەدەبىي خاتىرە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

2006 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. بىر كۈنى ئىدارىمىزنىڭ پارتكوم شۇجىسى لى ۋېيچېڭ خانىم تۇيۇقسىز مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى. سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ئۇ ئەسلىي مەقسەتكە كۆچتى: «خەۋىرىڭىز بار، خوتەن ناھىيەسىنىڭ خانئېرىق يېزا شاھ كەنتى ئىدارىمىزنىڭ نامراتلارنى يۆلەش نۇقتىسى. بىر يىلدىن بۇيان بىز ئۇ يەرگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئاز ـ تولا ياردەم قىلدۇق، ئىدارە باشلىقلىرىدىن يولداش ئابدۇراخمان ئەبەيمۇ، ئابلەت ئىمىنمۇ ئۇ يەرگە بېرىپ كونكرېت ياردەم بېرىش تۈرلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى: كەنت كومىتېتىنىڭ ئىشخانا قورۇلۇشى رەسمىي باشلىنىپ ئاساسىي گەۋدىسى پۈتۈپ قالدى. لېكىن، ئىشنى ماھىيىتى بىلەن ئويلىغاندا، ماددىي جەھەتتىن يۆلەش بىلەن روھىي جەھەتتىن يۆلەشنى چوقۇم بىرلەشتۈرمەي بولمايدۇ. مېنىڭچە، بىز مۇنداق بىر ئىش قىلىپ باقساق: نەچچە ۋاقىتلاردىن بۇيان، دېھقانلىرىمىز بىز چىقارغان ھەر خىل مەزمۇندىكى كىتابلارنى كۆردى. بۇ قېتىم ئۆزلىرى ھەققىدە يېزىلغان، ئۆزلىرى كىرگۈزۈلگەن بىر كىتابنى كۆرۈپ باقسا؛ بۇ كىتابقا ئۇلارنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرى، ئېسىل ئەنئەنىلىرى كىرگۈزۈلسە. يەنە ئىدارىمىزدىكى فوتوگرافىيە ھەۋەسكارلىرىدىن بىر گۇرۇپپا تەشكىل قىلساق؛ دېھقانلار ھاياتىدىن تارتىلغان ئېسىل كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىنى ئەكس

ئەتكۈزسەك. بۇ ئىشقا قاتنىشىدىغانلارنىڭ ھەممىسى مۇھەررىر يولداشلار. نەچچە ۋاقىتلاردىن بۇيان ھەممەيلەن ئۇ كەنتكە ئىئانە يىغىپ، ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ماددىي ياردەملەرنى قىلدى. ئەمدى بايام دېگىنىمدەك، مەنىۋى ياردىمىمىزنىمۇ بېرىپ باقساق. ئۇ يەردە ھەممىمىزنىڭ سالاھىيىتى باشقىچە بولىدۇ: سىز مۇھەررىر ئەمەس، بەلكى يازغۇچىلىق سالاھىيىتىڭىز، مەنمۇ باش مۇھەررىر ئەمەس، باشقا يولداشلارمۇ باشقارما باشلىقى ۋە مۇھەررىر ئەمەس، ئوخشاشلا فوتوگراف سالاھىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىمىز. شۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنى خۇش قىلغۇدەك، ئۈمىدلەندۈرگۈدەك، رىغبەتلەندۈرگۈدەك بىر ئەسەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرسەك. قىسقىسى، سىز ئۆز قابىلىيىتىڭىزنى جارى قىلدۇرۇپ، دېھقانلىرىمىزغا ئاتاپ بىر ئەسەر يازسىڭىز، قانداق؟»

بۇ پسىخولوگىيە دوكتورىنىڭ كۆڭلۈمدىكى ئارزۇنى قانداق بىلىۋالغانلىقىغا ئەقلىم ھەيران ئىدى. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان پەش – چېكىتلەر بىلەن ھەپىلىشىپ، ئارگىناللارنى تەكرار – تەكرار كۆرۈپ دىدىقىپ كەتكەن، ھەر كۈنى نەشرىياتتىن ئۆيگىچە بولغان تۆت بېكەتلىك يولدا تۆت قېتىم سوكۇلداپ زېرىكىپ كەتكەن، شەھەردىن چىقماي ئىجادىيەت كىرىزىسىگە بوغۇلۇپ ئىچىم سىقىلىپ كەتكەن مەندەك بىر ئادەمنىڭ ئارزۇسى ئەلۋەتتە سىرتقا چىقىش ئىدى، ھەتتا ئەللىك ئالتە ياشقا كىرگۈچە چەت ئەللەرگە چىقالمىغان بولسامىمۇ، ئۆز دىيارىمىنىڭ ناھىيە – بازارلىرىنى، ئەقەللىيسى شەھىرىمىنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا – قىشلاقلىرىنى كۆرۈشىمۇ مەن ئۈچۈن خۇشاللىق، ئىجادىيىتىم ئۈچۈن ئاز – تولا نەپ بېرەلەيتتى. شۇڭا، مەن ئۇنىڭغا مەمنۇنىيەت بىلەن رازىلىق بىلدۈردۈم.

لېكىن، شۇجى ئىشخانىسىدىن چىقىپلا مېنى غەم –

www.uyghurkitap.com

تەشۋىش بېسىۋالدى: «دېھقانلىرىمىزغا ئىلھام، ئۈمىد، خۇشاللىق بېغىشلىيالىغۇدەك ئەسەرنى يېزىش ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلەرمەنمۇ؟»... «شەھەردە تۇغۇلغان، شەھەردە ئۆسكەن، ئوي - پىكىرلىرى ئۈرۈمچىنىڭ ئاسفالت يوللىرىدەك قۇرغاق مەندەك بىر كىشى كۆكۈمزار يېزا ھاياتىدىن دېھقانلارنىڭ كۆڭلى سۇ ئىچكۇدەك بىر ھېكمەتنى كۆتۈرۈپ چىقالارمەنمۇ؟»...

بۇ تەشۋىشىمنى مەن بىللە سەپەرگە چىقىدىغان، ئۇزاقتىن بۇيان دېھقان ھاياتىغا ئارىلىشىپ ئۇلارغا يار - يۆلەك بولۇشنى ئۆز خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرغان نەشرىياتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابلەت ئىمىنغا ئېيتتىم. كۆڭلىدىكى خۇشاللىقى چىرايىغا چىققاندا كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، ئېغىزلىرى چوڭىيىپ، سەدەپتەك چىشلىرى يۈزىنى بىر ئالىدىغان بۇ تەڭتۇش بۇرادىرىم دەل ئاشۇ تۇرقىدا قولۇمنى چىڭ قىسىپ: «سىز يېزىپ كېتەلەيسىز، ئەخمەت !» دېدى.

كەچقۇرۇن، خۇددى كۆڭلۇمدىكىنى بىلگەندەك، ئابدۇراخمان ئەبەيدىن تېلېفون كەلدى. ئۆز ۋاقتىدا مەن بىلەن مۇشۇ خەلق نەشرىياتىدا ئىشلەپ، كېيىنكى چاغلاردا ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسىدا رەھبەر بولۇپ يۈرۈپ، بىر يېرىم يىل مابەينىدە بىزگە نەشرىيات باشلىقى بولۇپ يۆتكىلىپ كەلگەن بۇ دېھقان ئوغلى كىچىك بالىنىڭكىدەك بىغەم، تاتلىق كۈلكىسى بىلەن مېنى پەپىلەپ: «بۇنى سىز قىلمىسىڭىز، كىم قىلالايدۇ !؟ سىز دېھقاننى سۆيىسىز، ئاداش» دېدى.

راست، — دېدىم مەن كۆڭلۇمدە، — مەن دېھقاننى سۆيىمەن. چۈنكى، مەن دېھقاننىڭ ھالال ئەمگەك تەرىنىڭ

خاسىيىتى بىلەن چوڭ بولغان.

ئۆزىنىڭ دان ـ ئېشى، گۆش ـ مېيى، مېۋە ۋە شىرنىسى بىلەن تېنىمگە قۇۋۋەت، قولۇمغا كۈچ، پۇتۇمغا ماغدۇر بېرىپ كېلىۋاتقان دېھقىنىم ماڭا مۇشۇ ساۋابلىق ئىشنى قىلىشقا ئىلھام بېرەلمەسمۇ !؟

سەن بىرسىگە سۆيگۈ بېغىشلىساڭ، ئۇ سېنى ئۆز مېھرى بىلەن تارتۇۋالىدۇ. بىرسى ساڭا ئىلھام ئاتا قىلسا، سەن ئۇنىڭغا مەدەتكار بولۇشنى ئۆز قەرزىڭ ھېسابلايسەن.

ئاتلان، ئەخمەت، ئاتلان ! بۇ سەپىرىڭدە سېنى ئاجايىپ سەرگۈزەشت، چوڭقۇر تەسىرات ۋە ھېكمەت كۈتۈپ تۇرىدۇ !

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يولدا

2006 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت بەشتە بىز ئىدارىمىزگە يىغىلدۇق. ئىككى شوپۇرنى قوشقاندا جەمئىي ئون بىر ئادەم بىر پىكاپ ۋە بىر مىنىبۇسقا بۆلۈنۈپ ئولتۇرۇپ سەپەرگە ئاتلاندۇق. تېخى تاڭ يورۇمىغان، پىكاپ ئىچىدىكى چىراغمۇ ئازلا يورۇتۇلۇپ ئۆچۈرۈلگەنىدى. ئۈرۈمچىدىن چىقار ـ چىقمايلا سەپەرداشىم لى مىڭ: «سىز بۇ قېتىم قانداق ئەسەر يازماقچى؟» دەپ سوراپ قالدى. پىكىر يولۇممۇ تېخىچە ئەتراپىمدىكى قاپقاراڭغۇچىلىق ئىچىدە تۇرغاچقا، تومتاقلا قىلىپ: «ئەدەبىي ئەسەر» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ خېلىغىچە جىمىپ كېتىپ: «دېھقانلىرىمىز نېمە ئويلايدىغاندۇ؟ نېمىگە بەكرەك موھتاجدۇر؟... تۇرۇپ ـ تۇرۇپ مۇشۇنى ئويلىنىپ قالىمەن» دەپ چوڭقۇر خورسىنىپ قويدى. «بۇنى بارغاندا بىلىسەن، ــ دېدى پىكاپنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغان ئابلەت ئىمىن، ــ شەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلەر دېھقان تۇرمۇشىنى چۈشەنمەيدۇ. چۈنكى، دېھقانلار بىلەن شەھەرلىكلەر ئوتتۇرىسىدا كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان قانداقتۇر بىر توساق بار. ئاشۇ توساقتىن ھالقىپ ئۆتەلىگەن ئادەملا دېھقانلارنىڭ نېمە ئويلايدىغانلىقىنى، نېمىگە موھتاجلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ.»

«بۇ توساق نېمىدۇ؟ ــ مەنمۇ ئويلىنىپ قالدىم، ــ ياشاش مۇھىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن پەيدا بولغان توساقمىدۇ ياكى

شەھەرلىكلەرنىڭ يېزىلىقلارنى تۆۋەن كۆرگەنلىكىدىن، ياكى بولمىسا يېزىلىقلارنىڭ شەھەرلىكلەرنى چوڭ كۆرگەنلىكىدىن شەكىللەنگەن توساقمىدۇ؟... ئادەملەر بولغانىكەن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان توساقلار بولىدۇ، لېكىن كۆڭۈلدىن ـ كۆڭۈلگە يول بار. بۇ يولنى تاپالىغان ئادەم شۇ توساقتىن ئۆتۈپ كېتەلىگەن ئادەم... شۇ ئارزۇدا مانا بۇ ئۇزۇن يولدا كېتىۋاتىمىز...»

ھەي، يوللار، يوللار... كېتىۋاتقىنىمىز ئاسفالت يوللار، يۇقىرى سۈرئەتلىك يوللار، ئەتراپىمىزدا تاش ـ شېغىللىق يوللار، توپا يوللار... تۈز يوللار، ئەگرى ـ بۈگرى يوللار... چوڭ يوللار، چىغىر يوللار... تاغ يوللىرى، سۇ يوللىرى، ھاۋا يوللىرى، تۆمۈريوللار... يوللارنىڭ تۈرلىرى شۇ قەدەر كۆپ، ھەممىسىلا ئىنسانىنىڭ مۇشكۇلاتىنى ئاسان قىلىش، موھتاجلىقىنى تەمىن ئېتىش، بىر ـ بىرىنى ئىزدەش، چۈشىنىش... تەبىئەت بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇش... زۆرۈرىيىتىدە ئېچىلغان. بۈيۈك تەبىئەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنى بەلگىلىگەن. ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى، تىرىشچانلىقى مانا مۇشۇنداق يوللارنى شەكىللەندۈرگەن. مەن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا ئىسسىل پىكاپنىڭ ئىچىدە چايقالماي كېتىۋاتقىنىمدا ئېشەك، كالا ھارۋىلىرىدا ئولتۇرۇپ توپىلىق يوللاردا چاڭ يۇتۇپ كېتىۋاتقان قېرىنداشلىرىمنى قانداق ئۇنتۇپ كېتەلەيمەن؟! مەن ئىنسان قەلبى ئارا تۇتىشىدىغان يوللارنى ئويلىدىم: بۇ ئىنسانلار ئارا بىر ـ بىرىگە مېھىر يەتكۈزىدىغان يول؛ بۇ ئۆزگىلەرنى چۈشىنىش ۋە ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىش ئارقىلىق ئۆزگىنىمۇ، ئۆزىنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدىغان يول...

ھەر خىل خىياللار، پاراڭ ـ چاقچاقلار بىلەن بۇگۇر ناھىيەسىگە كېلىپ قالغانلىقىمىزنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن. بۇ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەر بولغان چاغ ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئالتۇن ئاچقۇچ

بۇگۈردە مېھمانخانىغا ئورۇنلىشىپ يۈز - كۆزىمىزنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، غاز تۇمشۇقلۇق سەپەر شەپكىسىنىڭ چېكىلىكىنى بالىلاردەك قۇلاق تەرىپىگە چۆرۈۋالغان ئىنى خىزمەتدىشىمىز، فوتوگراف ھەۋەسكارى دىلمۇرات، ئابلەت ئۇچىمىز كوچا ئايلاندۇق. خەلق مەيدانىدىكى بەھەيۋەت ئاچقۇچ ھەيكىلى دىققىتىمىزنى تارتتى. ئېگىزلىكى ئون مېتىرچە كېلىدىغان يوغان ئاچقۇچنىڭ ئاستىدىكى چاسا قوندۇرمىغا ئويۇلغان خەتلەردىن مەلۇم بولدىكى، بۇ نېفىتچىلارنىڭ خاتىرىسىگە تىكلەنگەن ئابىدە ئىكەن. مەن تارىم تاشيولىغا بۇرۇلۇش ئېغىزىدىكى بۇ ناھىيەدە ئورنىتىلغان بۇ زور «ئاچقۇچ»قا قاراپ خەلقئارالىق مەدەنىيەتشۇناس مورگاننىڭ: «ئىنسانىيەت قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى تارىم ۋادىسىغا كۆمۈلگەن» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى ئېسىمگە ئالدىم.

ئالتۇن ئاچقۇچ — ئەسلىدە خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى، لېكىن خەزىنە ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ، پۈتمەس - تۈگىمەس بولمايدۇ، ئۇنىڭ چېكى بار.

بۇ يەرگە ئورنىتىلغان ئاچقۇچ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىقنىڭ ئاچقۇچى، لېكىن يەر شارىدا پۈتمەس - تۈگىمەس نەرسە بولمايدۇ، بۇنىڭمۇ چېكى بار.

مورگان «ئالتۇن ئاچقۇچ»نى قەدىمكى مەدەنىيەت بايلىقىنى ئېچىشنىڭ سىمۋولى قىلغان. ئالدىمىدىكى «ئالتۇن ئاچقۇچ»

بولسا، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت قوينىدىكى ماددىي بايلىقلارنى ئېچىشىغا سىمۋول قىلىنغان. ئالدىدىكىسى ئىنسانىيەتنىڭ قۇملۇق يۇتۇپ كەتكەن قەدىمكى مەدەنىيىتىنى ئېچىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئىنساننى ئىبرەت ۋە ئىلھامغا ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسا، كېيىنكىسى قۇملۇق بېسىپ ياتقان بايلىقلارنى ئىنسان ئىستېمالىغا يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئىنسانىيەتنى يەنىمۇ يېڭى مەدەنىيەت يارىتىش ماددىي ئاساسىغا ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىككىلىسىدىكى ئورتاقلىق تەرەققىيات؛ ئوخشىماسلىق شۇكى، ئالدىدىكىسىدە تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى كۆپنى كۆرگەن نەزەردە خۇلاسىلەش ئىستىكى بار؛ كېيىنكىسىدە ياشلارغا خاس جۇشقۇنلۇق ۋە ھازىرغا جاۋابلىق بار.

بىزنىڭ ئىزدىنىدىغىنىمىز ئىككىسىنىڭ بىردەكلىكى.

بۇ بىردەكلىك ئىلمىي تەرەققىيات.

بۇ تەرەققىياتتا ئۆتمۈشمۇ، بۈگۈنمۇ، ئەتىمۇ نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

بۇ تەرەققىياتتا جەمئىيەتكىمۇ، تەبىئەتكىمۇ تەڭ ئېتىبار بېرىلىدۇ.

بۇ تەرەققىياتتا شەھەرگىمۇ، يېزىغىمۇ تەڭ نەپ بېرىلىدۇ...

ئەي، دېھقىنىم، بىزنىڭ ئويلايدىغىنىمىز نېمىدېگەن جىق ـ ھە!...

— ئەخمەتكا، سۇرەتكە چۈشۈۋېلىڭ! — دىلمۇراتنىڭ ئاۋازى مېنى خىيالدىن ئويغاتتى.

مەن ئاچقۇچ ھەيكىلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يىراق ـ يىراقلارغا قارىغان ھالدا سۇرەتكە چۈشتۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# تارىم كۆۋرۈكى بويىدا

11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى.

مەنزىلگە يېتەلمەي قالمايلى، دەپ قاراڭغۇ ـ ماراڭغۇدىلا يولغا چىققانىدۇق، ئەتىگەن سائەت يەتتە بولار ـ بولمايلا تارىم دەرياسىنىڭ چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ قېشىدىكى بازارغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە تىرىكچىلىك باشلانغىنىغا خېلى بولغاندەك قىلاتتى. ئاشخانىدا ھەش ـ پەش دېگۈچە ئالدىمىزغا ئىسسىق تاماق كەلتۈرۈلدى.

بۇ يەردىكى ئاۋاتچىلىق خېلىلا دىققىتىمنى تارتتى: ھەر خىل تاماقلار، قوغۇن ـ تاۋۇز، قاق ـ جىگدىلەر... باھاسىنىڭ ئەرزانلىقىچۇ تېخى. قىزغىن مۇلازىمەت: چۆلگە كىرىپ كېتىۋاتىسىز، ئۇسسۇزلۇق لازىممۇ، دورا سېلىنغان چاي لازىممۇ، ئادەتتىكى چايمۇ، قايناق سۇمۇ؟ مەرھەمەت، خالىغىنىڭىزنى قاچىلىۋېلىڭ، ھەقسىز.

تارىختىن بۇيان ئۆزگىچە يول ـ كارۋان مەدەنىيىتى ياراتقان قەدىمكى خەلقنىڭ ھازىرقى ئەۋلادلىرىدىمۇ بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئەنئەنىلىرى تولۇق ساقلانغان. ئۇلار ھېلىغۇ تارىم دەرياسىنىڭ بويى ئىكەن، سۇسىز دەشت ـ چۆللەردىمۇ ئۆتەڭ ـ راباتلارنى قۇرغان، يولۇچىلارنى ئەزىزلەپ كۈتكەن، ئات ـ ئۇلاغلىرىغا يەم ـ خەشەك بېرىپ، بۇزۇلغان ھارۋا ـ جابدۇقلىرىنى ياسىغان، كېسەللەرنى ھەقسىز قوندۇرغان، ئازغانلارغا يول باشلاپ بەرگەن... يولۇچى ئۇلار ئۈچۈن «خۇدايى

مېھمان». ياردەم قىلىشقىلا بولىدۇكى، قاقتى ـ سوقتى قىلىشقا بولمايدۇ.

چاينى سۇدانغا قاچىلاۋېتىپ، قايسىبىر يىلى بىر شەھەرنىڭ مەشھۇر سەيلىگاھىدا ئۇچراتقان بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى: قولۇمىزدا بوتۇلكىلىق مىنېرال سۇلار بار، لېكىن ئارىمىزدىكى بىر سەپەرداشىمىزگە قايناق سۇ لازىم بولۇپ قالدى. چاي سېتىۋاتقان جايغا بېرىپ سورىدۇق. ئۇلار: «بۇ يەردە چايلا سېتىلىدۇ» دېدى، بىز: «چېيىڭلار نەچچە پۇل؟» دەپ سورىۋىدۇق، ئۇلار: «ئەڭ ئەرزىنىنىڭ بىر چەينىكى قىرىق بەش يۈەن» دەپ جاۋاب بەردى. «بىر چەينەك قايناق سۇ ئالساقچۇ؟» دېۋىدۇق، «باھاسى شۇ بويىچە بولىدۇ» دېدى ئۇلار. ئامال يوق، شۇ باھادا قايناق سۇ ئالدۇق. ئۇلار قارىغۇنى تار يولدا قىستىغاندى.

ئەمدى بولسا، بۇ يەردە — ئالدىمىزدىكى نەچچە يۈز كىلومېتىرغىچە چاي تۇرماق، لاي سۇمۇ تېپىلمايدىغان جايدا بۇلارنىڭ پەزىلىتىگە قاراڭ.

بۇلارنىڭ ئەخلاقىي چۈشەنچىسى شۇ: «ئىنساب — ئىماندىن ئۇلۇغ».

بۇلارنىڭ تىرىكچىلىك مىزانى شۇ: «كەڭ بولساڭ، كەم بولمايسەن»، «قانائەت — تۈگىمەس خەزىنە».

ئەي، زېمىنىنىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر ـ قانائەت قىلىپ ياشاپ كېتىۋاتقان دېھقان. يېڭى، پاكىز جىگدەڭنى كىلىۋالاپ ئېلىۋېدىم، باھاسىغا «بەرگىنىڭىزنى بېرىڭ» دېدىڭ. سېنىڭ نەزىرىڭدە چۆلدە ئۆسىدىغان بۇ مېۋە، ھەتتا يولۇچىمۇ، ئۇچار قۇشلارمۇ خالىس يەپ كەتسە بولىۋېرىدىغان نەرسە. يولغا ئاچىققان ئەمگىكىڭ ئۇچۇن ئاز ـ تولا پۇل بېرىلسىلا كۇپايە. سەن شۇ قەدەر ئىنسابلىق. سېنىڭ شۇ ئىنسابىڭغا تۇشلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەندە ۋىجدان بولمىسا بولامدۇ !
مەن شەھەر باھاسىدىن سەل ئۆرە قىلىپ پۇل تۆلىدىم.
«جىق بولۇپ كەتتى، مېھمان...» ئۇ كەينىمدىن تۇۋلاپ قالدى. مەن ئۆزۈمنى ئازادە سەزگەن ھالدا ماشىنىغا چىقىپ كېتىپ قالدىم.

# يول ئاسرىغۇچىلار

ماشىنىمىز تارىم دەرياسى كۆۋرۈكىدىن ئۆتتى. بىز قۇملۇق تاشيولىدا كېتىۋاتىمىز. ھاۋا تۇتۇق بولسىمۇ، ئەتراپتىكى مەنزىرە كۆزۈمگە يېقىملىق كۆرۈنەتتى. تەسەۋۋۇرۇمدا يول خۇددى چەكسىز كەتكەن بىر پاياندار، ئىككى قاسناقتىكى يۇلغۇن، قومۇش، سۆكسۆك يانتاقتىن شەكىللەندۈرۈلگەن يېشىل بەلباغ خۇددى ئۇنىڭ چۇچىسى.

يولنىڭ خېلى ئېگىز يېرىگە چىققاندا، بەزىدە تۈز، بەزىدە ئەگرى - بۈگرى، بەزىدە ئۆرە، بەزىدە پەس كۆرۈنۈۋاتقان بۇ تاشيولنى بوراندا ئۇچۇۋاتقان ئۇزۇن شايى رەختلەرگە ئوخشاتقۇم كېلىپ قالدى. مەن تاشيولچىلارنىڭ قۇمنى تىزگىنلەش ئۈچۈن قىلغان ھۈنەرلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدىم. يولدىن يىراقراق يەرلەرگە خۇددى تام سوققاندەك ئۇزۇن قارا سولياۋ تورلارنى توساق قىلىپ تارتىپتۇ، ئېھتىمال بۇ يېقىندىن بەرپا قىلىنغان يېشىللىق بەلبېغىنىڭ ئاينىۋېلىشى ئۈچۈن قىلىنغان تەدبىر بولسا كېرەك، ئۇ قارا «دەرپەردە»لەرنىڭ كۆپ قىسمى قۇم ئاستىدا قاپتۇ، ئۇنىڭ يول تەرىپىگە قومۇشلار خۇددى گىلەمدەك كىرىشتۇرۇپ توقۇلۇپ، بەڭباش قۇملارنى يېشىللىق پەنجىسى باستۇرۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ چاتقاللارنىڭ تەشنالىقى ئىسرائىلىيەنىڭ تېمىتىپ سۇغىرىش ئۇسۇلى بويىچە قاندۇرۇلىدىكەن. ھەر سەككىز كىلومېتىر ئارىلىقتا بىردىن سۇغىرىش پونكىتى ياسالغانىكەن.

يىراقتىن قىزىل كۆرۈنگەن بىرنەرسىلەر تۇيۇقسىز دىققىتىمنى تارتتى. ماشىنىمىز ئۇ يەرگە يېقىنلاشقاندا قىزىل فورما كىيىۋالغان بىرەيلەن يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قانداقتۇر بىرنەرسىنى تېرىپ يانغا ئۆتۈۋالدى. قارىسام ئۇلار يول ئاسرىغۇچىلار ئىكەن.

يول ياساشنى بىلگەن ئادەم ئاسراشنى بىلمىسە بولمايدۇ. يول قاسناقلىرىغا ئورمان بىنا قىلىشمۇ ئاسراش، كاتاڭلارنى تىندۇرۇپ تۇرۇشمۇ ئاسراش.

لېكىن، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېگىشىپ ئۆتكەن كىشى نېمە ئېلىۋەتكەن بولغىيتتى؟ بەلكىم چاق ئاستىدىن چاچراپ چىققان تاش ياكى بولمىسا ماشىنىدىن تاشلانغان بوتۇلكا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرنەرسە.

تۇرۇپ دادام رەھمەتلىك ئېسىمگە كېلىپ قالدى. دادامنىڭ يولدا ماڭغاندا يەردە ئۇچرىغان تاش ـ داڭگال، كۆمۈر پارچىلىرىنى تېرىپ چەتكە ئېلىۋېتىدىغان ئادىتى بار ئىدى. بىر كۈنى ئىچىم پۇشۇپ: «دادا، ئەسكى ـ تۇسكىچىلەردەك يەردىن بىرنەرسىلەرنى تېرىپ يۈرىدىكەنسەن. مۇشۇ ئىشىڭنى قويساڭا» دېۋىدىم، ئۇ كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ: «بالام، ساۋاب بولىدۇ، يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەننىڭ پۇتىغا پۇتلىشىدىغان نەرسىنى ئېلىۋېتىش كېرەك» دېدى. شۇ چاغلاردا ئەقلىم توشمىغانىكەن، ئۇ ئىشنىڭمۇ، گەپنىڭمۇ تېگىگە يەتمەپتىكەنمەن. ئەمدى ئويلىسام، ئۇ تولىمۇ گۈزەل ئىنسانىي ئەخلاق ئىكەن. كاستۇم ـ بۇرۇلكىنى كىيىپ، گالستۇكنى تاقىۋالسىلا مەدەنىيەتلىك بولغان بولمايدۇ. مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان نۇرغۇن تەرەپلىرى بار. ئاق يەكتەكنى كىيىپ كەشنى شىپىلدىتىپ كېتىۋاتقان توپا چېلىش دېھقاننىڭ يول ئۇستىدىكى قومۇش يىلتىزلىرىنى، تىكەن، تاشلارنى تېرىپ ئېلىۋېتىشلىرىدە،

بۇزۇلغان يول ـ كۆۋرۈكلەرنى ئۆزلۈكىدىن ياساپ قويۇشلىرىدا مەدەنىيەت يوق دېيەلەمسىز؟

بىر چاغلاردا ئابدۇراخمان ئەبەي ماڭا مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەنىدى: خوتەن ناھىيەسىنىڭ بىر يېزىسىدا دېھقانلار مەھەللە ئىچىدىكى بىر كۆۋرۈكنى ياساپ قويۇپتىكەن، ئېغىر يۈك باسقان بىر قارا ماشىنا ئۇ كۆۋرۈككە يېقىنلىشىپتۇ. ئۇ ماشىنىنى ھەيدىگەن خەنزۇ شوپۇر دەرگۇمان ھالدا ماشىنىنى كۆۋرۈككە ھەيدەپتۇ، دەل ئۇنىڭ ئەندىشە قىلغىنىدەك، كۆۋرۈك كۆتۈرەلمەي، ماشىنا ئۆستەڭگە قىيسىيىپ قاپتۇ. نېرىسىدا قاراپ تۇرغان بىرنەچچە ئۇيغۇر دېھقان يۈگۈرۈپ كەپتۇ. شوپۇر بولسا: «ئاپلا، كۆۋرۈكنى بۇزۇۋېتىپ بالاغا قالدىغان بولدۇم» دەپ قورقۇپ كېتىپتۇ. دېھقانلار بولسا ئۇلاش ـ چولاش كېلىپ تىراكتورلار بىلەن تارتىپ، ئۆستەڭ قىرىنى كولاپ يانتۇلاشتۇرۇپ، كەينىدىن ئىتتىرىپ دېگەندەك بىرقاتار ئىشلار بىلەن ماشىنىنى يولغا چىقىرىپتۇ. ھېلىقى شوپۇر، ئەمدى كۆۋرۈكنىڭ پۇلىنىمۇ، ماشىنىنى تارتىپ چىقىرىپ بەرگەن پۇلىنىمۇ قوشۇپ تۆلەيدىغان بولدۇم، دەپ ئەندىشە قىلىپ تۇرغاندا، دېھقانلار ئۇنىڭغا نېمە دەپتۇ دېمەمسىلەر:

«شوپۇر ئۇستام، كۆۋرۈكنى پۇختا ياسىماي سىلىگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەردۇق، كەچۈرسىلە!»

مانا، دېھقان! مانا، مەدەنىيەت!

«ئۇيغۇر دېھقانلار ئاجايىپ ئاق كۆڭۈل ئىكەن، — دەپتۇ ھېلىقى خەنزۇ شوپۇر ئابدۇراخمان ئەبەي بىلەن ئۇچراشقان چاغدا، — ئەسلىدە ئېغىر يۈك باسقان ماشىنىنى ئۇ كۆۋرۈككە مەن سالماسلىقىم لازىم ئىدى. ئەمما، ئۇلار ياسىغان كۆۋرۈكىمىز پۇختا بولماپتۇ، دەپ مەندىن ئەپۇ سورىدى».

www.uyghurkitap.com

مانا، بۇ ــ دېھقان! ئۇ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان جاينىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىگە مانا مۇشۇنداق مەسئۇلىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇ ھەممىگە كۆيۈنىدۇ، ھەممىنى ئاسرايدۇ. بايامقى قىزىل فورمىلىق يول ئاسرىغۇچىمۇ ئاشۇلارنىڭ بىرى.

# تەكلىماكان قوينىدا

بىز ماشىنىدا كېتىۋاتىمىز، تەكلىماكاننى شىمالدىن جەنۇبقا كېسىپ ئۆتكەن قۇملۇق تاشيولىدا كېتىۋاتىمىز. ئىككى قاسناقتىكى چەكسىز كەتكەن سۇر رەڭ قۇم بارخانلىرىغا قاراپ چوڭقۇر خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتىمىز. تۆگە ئۆركەشلىرىدەك قۇم دۆمبىلىچەكلىرىنىڭ ئۆزئارا رىتىمسىز تۇتىشىپ كەتكەن كۆرۈنۈشلىرى يىراقتىن سىزگە دېڭىز دولقۇنلىرىنى ئەسلىتىدۇ. ئالدىمىزدا سوزۇلۇپ ياتقان تاشيول قۇياش نۇرىدا يىراق ـ يىراقلاردىن خۇددى سۇ يىغىلىپ قالغان كۆلچەكلەردەك كۆرۈنىدۇ. قۇرغاق مەنزىرىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەتكۈسى كەلگەن بەخباش تەسەۋۋۇرنىڭ قۇدرىتىدىنمىكىن، ھە دېسىلا كۆزىڭىزگە تاشلانغان نەرسىلەرنى سۇغا ئوخشاتقۇڭىز كېلىدۇ. قۇياش بۇلۇت كەينىگە يوشۇرۇنسا، ئاقۇچ بۇلۇتلارغىمۇ يامغۇر ئەكېلەمدىكىن دەپ تەلمۈرىسىز. بەزىدە قۇرۇپ ئاقىرىپ كەتكەن توغراقلارغا نەزەر تاشلىغىنىڭىزدا، خۇددى ئۆزىڭىزنىمۇ جىسمىڭىز قۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، گەز باغلىنىغان بولسىمۇ لەۋلىرىڭىزنى ئىختىيارسىز مىنېرال سۇ بىلەن نەمدىگۈڭىز كېلىدۇ. كەچ كۈزدە قىزىرىپ كەتكەن توغراق، يۇلغۇن يوپۇرماقلىرى سىزگە خۇددى ھېلىلا لاۋۇلداپ ئوت ئېلىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ.

«ئۇھ، نېمىدېگەن دىمىقچىلىق! ئازراق توختاپ دەم ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماڭاپلىچۇ؟ !»

بۇ تەكلىپىم بىر خىل چۆل مەنزىرىسىدىن دىدىقىپ، ھېرىقىپ بىردەم ـ بىردەم كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان شوپۇرغا مايدەك ياقتى. ماشىنا يولنىڭ چېتىگە توختىتىلغاندىن كېيىن، شوپۇر رولغا بېشىنى قويۇپلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئابلەت ئىمىن ئىككىمىز ئىھاتە يولغۇنلۇقتىن ئۆتۈپ ئېگىز بىر دۆڭگە چىقتۇق. سىرتنىڭ ھاۋاسى ماشىنىدىكىگە پەقەتلا ئوخشىمايدىكەن. كۈن خېلى تىكلىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن نېمىلا دېگەن بىلەن 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسى بولۇپ قالغاچقا، چۆلدىمۇ كەچ كۈز سوغۇقىنى خېلىلا ھېس قىلغىلى بولىدىكەن. سەپەرنىڭ ھاردۇقى يەتتىمۇ ياكى بىر ھەۋەس بىلەن تەبىئەتنىڭ پەيزىنى سۈرگۈسى كەلدىمۇ، ئابلەت چاپىنىنى ئاستىغا سېلىپلا ئۇخلىدى. مەن ئەسلىدىمۇ ئۇيقۇدىن بىدار ئادەممەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىگە سەپسېلىپ مېڭىش، ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىدىن كۆڭلۈمگە خاتىرە پۈكۈش مېنىڭ ئادىتىمگە ئايلانغان.

مەن ئايغىم ئاستىدىكى قۇملارنى قوش ئوچۇمۇم بىلەن ئالدىم، قارىدىم، ئاندىن ئۇنى ئاستا ـ ئاستا بارماقلىرىم ئارىسىدىن سىرغىتىپ چۈشۈردۈم. يېنىك شامالدا ئۇ پۇرقىراپ ئۇچاتتى. مەن يەنە قۇمنى ئوچۇمۇمغا ئالاتتىم، ئۇچۇراتتىم. بۇ ئىشىم ئىختىيارسىز تەكرارلىنىۋاتتى. مەن چوڭقۇر خىيالدا: كۆز ئالدىمدا ئۇچۇۋاتقىنى بىرنەچچە ئوچۇم قۇم ئەمەس، پۈتكۈل قۇملۇق. قۇم بارخانلىرى سۈرۈلەتتى، ئاستىدىن تۈرۈپ ـ تۈرۈپ كونا خارابە ئىزلىرى بايقىلىپ قالاتتى، ئەنە، كروران ① ... ئەنە، مىرەن ② ... ئەنە، قەدىمكى نىيە ③ ... ئەنە، راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسى ④ ... ئەنە، يۇمىلاق قۇم قەدىمكى شەھىرى ⑤ ... ئەنە، سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى ⑥ ... ئەنە، شايانتاق قەدىمكى

شەھىرى — ئەندىر شەھىرى: تىم، داۋزىلى [7]... مەن ئوڭۇمدا ۋارقىراۋاتىمەنمۇ، خىيالىمدىمۇ، بىلمەيمەن! مەن ئوڭۇمدا كۆرۈۋاتىمەنمۇ، خىيالىمدىمۇ، بۇنىمۇ بىلمەيمەن. كۆز ئالدىمدا ئېگىز - ئېگىز راۋاق - مۇنارلار بوي كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، خىلمۇخىل نەپىس ھەيكەللەر تەمكىن كۈلۈمسىرەيدۇ، ھېلىلا سۇدىن يۇگۈرۈپ چىققاندەك بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتكەن نەپىس كىيىملىرى بىلەن قىزلار كۆز ئالدىمدىن جىلۋە قىلىپ ئۆتىدۇ: بىرسىنىڭ قولىدا تارىشا پۈتۈك، قارۇشتى يېزىقى چۈشۈرۈلگەن پۈتۈك؛ يۈزى بىر - بىرىگە جۈپلىنىپ، ئۈچ يەردىن چىگىلگەن كەندىر يىپىنىڭ ئويمىسىغا يۇڭ ئارىلاشتۇرۇلغان سىغىز لايدىن پېچەت سېلىنىپ، شۇ يەرگىمۇ، تارىشىلارنىڭ دۈمبىسىگىمۇ لاي تامغا ئۇرۇلغان.

بىرسىنىڭ قولىدا ئاق تەگلىككە سۇس قىزىل رەڭ بىلەن سىزىلغان ئايال تېۋىنغۇچىنىڭ سۈرىتى. كالتە يەڭ كوپتا، پۈرمىلىك كەڭ ئېتەكلىك يوپكا كىيگەن بۇ سۈرەتتىكى ئايال- نىڭ كۆكرىكىدە «يۈرەكتىن كۆكلەپ چىققان گۈل».

يەنە بىرسىنىڭ قولىدا گۈل نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن يۇڭ كىيىم، تېرە كىيىم، ياسىما چاچ...

يەنە بىرسىنىڭ قولىدا رەڭدار ئېگەر گىلەمى. ئادەم باشلىق، ئات بەدەنلىك ئوبراز چۈشۈرۈلگەن پۈرمە پۆچىقاقلىق رەڭدار يۇڭ توقۇلما ئىشتان.

مانا، يەنە بىرەيلەن نەپىس ئىشلەنگەن نەقىشلىك تۇۋرۇككە يۆلەنگىنىچە يىراقتىن كارۋان تارتىپ كېلىدىغان يىگىتنىڭ يولىغا تەلمۈرىدۇ.

قۇملار ئۇچماقتا، بارخانلار سۈرۈلمەكتە. بايامقى كۆرۈنۈشلەرنى قۇم يۇتقان. بىر يەرلەردە تاش پىچاق، تاش ئورغاق، بىلەي تاش، قاشتېشى، سۇرمەل تاشلار يەر يۈزىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىقىپ قالغان. بىر يەرلەردە تۆمۈر چۆمۈچ، ئوق بېشى، پالتا، گۈرجەك، يەنە بىر يەرلەردە مىس كورگو، مىس قاداق، ئەينەك بېزەك، يەنە بىر يەرلەردە يۈلەنچۈكلۈك ياغاچ ئورۇندۇق، بورە، پىل ۋە ئادەم ئوبرازلىرى چۈشۈرۈلگەن ياغاچ ئويما رەسىم، ئاياغ، ئۇرچۇق، پاختا ۋە يىپەك توقۇلما، پىلە غوزىسى ۋەھاكازالار. بۇلارنىمۇ قۇم يۇتۇۋەتتى. ئەمدى كوز ئالدىمدا ساپال پارچىلىرى ۋە قەدىمكى ئىزلىرىدىن بولەك ھېچنېمە يوق ئىدى...

كۆزۈمگە قۇم كىرىپ كېتىپ ئېچىشىپ كەتتى، كۆزۈمنى ئۇۋۇلىۋېتىپ قارىۋىدىم، ئالدىمدا قۇم بارخانلىرىدىن بولەك ھېچنېمە يوق بولۇپ چىقتى. مەن قۇم سورۇپ ئولتۇرۇپتىمەن. خىيال قۇشۇم يىراق - يىراقلارغا سەيلە قىپتۇ، يوتكۈل تەكلىماكاننى قىدىرىپتۇ. مەن چەكسىز قۇملۇقتا كۆمۈلۈپ كەتكەن ھېكمەت ئەڭگۈشتەرلىرىگە سىغىنىپتىمەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ بوغا يولى، ئالتۇن يولى، قاشتاش يوللىرىدىن تاكى يىپەك يولىغىچە شەكىللەندۇرگەن سودا - تىجارەت، ھونەر - سەنئەت، تېبابەت، ناخشا - ئۇسسۇل، تەسۋىرىي سەنئەت، تىل - ئەدەبىيات، مېھماندوستلۇق ۋە تەبىئەتپەرۋەرلىك ئەنئەنىسى ھەققىدە ئويلىنىپتىمەن. ئۇلارنىڭ ھەم سىرتقا چىقالىغان، ھەم سىرتتىن ئەكىرەلىگەن، ھەم مەدەنىيەت قوبۇل قىلالىغان، ھەم مەدەنىيەت تارقىتالىغان جۇشقۇن روھىغا ئاپىرىن ئەيلەپتىمەن. ئۇلارنىڭ چەكلىك بوستانلىقلاردا ياشاپ، ھېسسىيات قۇشلىرىنى چەكسىز ئالەم بوشلۇقلىرىدا پەرۋاز قىلدۇرالىغان، چاڭقاق ئىدراك دۇلدۇللىرىنى تار ماكان ئىچىدىن ھالقىتىپ جاھان ھېكمەت كۆللىرىدە قاندۇرالىغان پاراسەتلىرىگە تەھسىن ئوقۇپتىمەن.

مەن ئويلىنىپتىمەن، جىق ئويلىنىپتىمەن. قۇم ئاستىغا

مەڭگۈلۈك كۆمۈلۈپ كەتكەنلىرى ھەققىدىمۇ ئويلىنىپتىمەن، قۇم ئاستىغا كۆمۈلمەي ئەبەدىي ساقلىنىپ قالغانلىرى خۇسۇسىدىمۇ ئويلىنىپتىمەن. بۇ ھەيۋەتلىك قۇم بارخانلىرىنىڭ ئىنسانغا بېغىشلايدىغان ھېكمەتلىرى نېمىدېگەن جىق ـ ھە!

مەن قۇمنى يەنە قوش ئوچۇمۇم بىلەن ئالدىم، پۇرىدىم، سۆيدۇم، ئاندىن ئۇنى چاچقۇدەك چېچىۋېتىپ، قۇم بارخانلىرىغا، يېنىمدىكى يېشىللىقلارغا، يىراق ـ يىراقلارغا قاراپ خىتاب قىلدىم:

«ئەي، قۇدرەتلىك تەبىئەت! سەن ئىنسان تەبىئىتىنى ئۆز تەبىئىتىڭنىڭ تەڭكەشلىكىگە ئۈندەيسەن. ئۇ سېنى پەپىلىسە، سەن ئۇنى پەپىلەيسەن. ئۇ ساڭا ھىممەت كۆرسەتسە، سەن ئۇنىڭغا شاپائەت كۆرسىتىسەن. بۇ سېنىڭ تەلەپچانلىقىڭ.

ئەي، ئانا تەبىئەت! سەن ئىنساننى سان ـ ساناقسىز جانلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەزىز بالاڭ، دەپ بىلىسەن. ئۇ كەپسىزلىك قىلسا كۈلىسەن، نادانلىق قىلسا يىغلايسەن، سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە جىمىلەيسەن، گۇناھ قىلسا ئىبرەت كۆرسىتىسەن. بۇ سېنىڭ كەڭ قورساقلىقىڭ.

بىزگە مەڭگۈ سېنىڭ خاسىيەتلىك قوينۇڭدا ياشاش نېسىپ بولغاي!»

مەن قۇم يۇقى ئالىقانلىرىم بىلەن يۈزۈمنى سىيپىغۇەتكەنلىكىمنى سەزمەي قالدىم.

## ئىزاھات:

① كىروران — كىروران قەدىمكى شەھىرى مىلادىيە 3 ـ، 4 ـ ئەسىرلەردە غەربىي يۇرت دورغابى مەھكىمىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بولغان. بۇ خارابە ھازىرقى چاقىلىق ناھىيەسىگە جايلاشقان بولۇپ، لوپنور كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

② مىرەن خارابىسى — چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ شەرقىي

www.uyghurkitap.com

شىمالىدا، ناھىيە بازىرىغا يەتمىش بەش كىلومېتىر كېلىدۇ، مىرەن دەرياسىغا يېقىن يەرگە جايلاشقان.

③ قەدىمكى نىيە — ھازىرقى نىيە ناھىيەسى بازىرىنىڭ 120 كىلومېتىر شىمالىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىگە جايلاشقان. ئەنگلىيەلىك ئارخېئولوگ سىر ئاۋرېل ستەيىن (1862 – 1943) 1901 - يىلىنىڭ بېشىدا نىيە خارابىسىگە كېتىۋېتىپ يول باشلىغۇچى ئىبراھىمدىن ئىككى پارچە تارىشا پۈتۈك ئالغان. بۇ بىر جۈپ تارىشا پۈتۈكنىڭ خەت يېزىلغان يۈزى بىر - بىرىگە جۈپلىنىپ، كەندىر يىپ بىلەن ئۈچ يەردىن چىگىلگەن. يىپنىڭ چىگىچى تارىشىنىڭ ئويۇلغان يېرىگە كەلتۈرۈلۈپ ئۈستىگە يۇڭ ئارىلاشتۇرۇلغان سېغىز لاي سۇۋالغان، ئاندىن لاينىڭ ئۈستىگە تامغا بېسىلغان. تامغا تۆت چاسا بولۇپ، تەرەپلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. پېچەتنىڭ بىرىدىكى شەكىل گۈل بەرگىگە، يەنە بىرىنىڭ ئۈچ بۇرجەك شەكىلگە ئوخشايدۇ. تارىشا پۈتۈكنىڭ ئارقا يۈزىگىمۇ ئىككى لاي تامغا بېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىدە قولىنى كۆتۈرۈپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغان يوغان باش، قاڭشارلىق، ئورۇق، يالىڭاچ ئادەمنىڭ كۆرۈنۈشى بار. بۇ غەربىي دىيارنىڭ پوچتا - ئالاقە تارىخى ۋە قەدىمكى تامغا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

④ راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسى — لوپ ناھىيە جىيا يېزىسىنىڭ شىمالىغا ئون نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان قۇملۇقنىڭ ئىچىگە جايلاشقان. بۇ يەردىن نۇرغۇن بۇت ھەيكەللەر ۋە خوتەننىڭ ئەڭ بۇرۇن شەكىللەنگەن «ھۆل كىيىم» رەسساملىق ئۇسلۇبىدا سىزىلغان تام رەسىملەر تېپىلغان بولۇپ، ئوڭ قولىدا كۆجىدان كۆتۈرۈپ، سول قولىدا چۈشەنگەنلىك ئىشارىسى قىلىۋاتقان، كۆكرىكىنىڭ سول تەرىپىدىن شاخلىنىپ باش تەرىپىدە كۆلۈپ تۇرغان گۈل چۈشۈرۈلگەن ئايال تېۋىنغۇچىنىڭ سۈرىتى ۋەكىللىك خاراكتېردىكى رەسىملەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

⑤ يۇمىلاق قۇم قەدىمكى شەھىرى — كېرىيە ناھىيەسىنىڭ 230 كىلومېتىر شىمالىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ مەركىزىگە يېقىن يەرگە جايلاشقان. 1994 - يىلى جۇڭگو - فىرانسىيە بىرلەشمە

ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تۇنجى قېتىم بايقىغان بۇ خارابىدىن نۇرغۇن مىس، تۆمۈر، تاش بۇيۇملار قاتارىدا ھەر خىل يۇڭ كىيىم، تېرە كىيىم، كىگىز خالتا، گىلەم پارچىسى ۋە ياسما چاچ تېپىلغان.

⑥ سامپول قەدىمكى قەبرىستانلىقى — لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتا، سامپول يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ غەربىدىن تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. بۇ قەبرىستانلىقتىن ھەر خىل بۇيۇملار قاتارىدا ئېگەر ـ توقۇم، 73 × 76.5 سانتىمېتىر چوڭلۇقتىكى رەڭدار ئېگەر گىلىمى ۋە مېيىت بىلەن قوشۇپ كۆمۈلگەن ئىككى بوز ئاتنىڭ جەسىتى چىققان؛ شۇنىڭدەك ئادەم باشلىق، ئات بەدەنلىك ئوبراز چۈشۈرۈلگەن پۈرمە پۈچاقلىق رەڭدار يۇڭ توقۇلما ئىشتان تېپىلغان.

⑦ شايانتاق قەدىمكى شەھىرى — ئەندىر شەھىرى، دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ تىم ۋە داۋزىلىقتىن ئىبارەت ئىككى شەھەردىن تەركىب تاپقان خارابىلىك بولۇپ، ئۇ يەردىن تۆمۈر ۋە ساپال پارچىلىرى، يارغۇنچاق، توقۇلما پارچىلىرى، ئەينەك پارچىلىرى، تارىشا پۈتۈكلەر، تۆمۈردىن ياسالغان يا ئوقى، پىچاق، ئورغاق قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان. 1998 ـ يىلى بۇ يەردىن يەنە چىرايلىق، نەپىس ئىشلەنگەن نەقىشلىك تۈۋرۈك بايقالغان.

يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈلگەن جايلارنىڭ ھەممىسى مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورۇنلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# رېھىل

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەر ئەتراپىدا قۇملۇق تاشيولىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى تۈنجى بوستانلىق ـــ نىيە ناھىيەسىگە يېتىپ كەلدۇق. يىراق تارىختا بىرقانچە بەگلىكلەرگە خوجا بولۇپ، 1884 ـ يىلىدىن 1944 ـ يىلغىچە كېرىيە ناھىيەسىگە قاراشلىق ئۇلۇغساي يېزىسى دەپ ئاتالغان، كېيىن ناھىيە بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ مول توغراق، چاتقال، يايلاق ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن تونۇلغان بۇ جاينىڭ چاقچاقنىغانا بازار كۆرۈنۈشى دىققىتىمنى جەلپ قىلدى. تاماقنى تېزلا يەپ بولۇپ، كەينىمىزدىكى مىنىبۇس يېتىپ كەلگۈچە ئەتراپنى ئايلاندىم. بۇ يەردىكى بازار شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن ناھىيەلىرىگە ئوخشاش، شەھەرلىكلەرنىڭمۇ، يېزىلىقلارنىڭمۇ ئىستېمالىغا مۇۋاپىقلاشقانىكەن. ماشىنا ـ موتۇسىكلىت سايمانلىرىمۇ بار، ئېشەك، ئات، هارۋا جابدۇقلىرىمۇ بار. تالاغىلا بىر ئورۇندۇقنى قويۇپ كۆچىسىز ئاپتاپتا خېرىدارىنىڭ بېشىنى سوغۇق سۇ بىلەن ئۆۋۈلاپ ساتىراشلىق قىلىۋاتقانلارمۇ بار، ياسىداق دۇكانلارنى ئېچىپ، مەدەنىي خانىم ـ قىزلارنىڭ چېچىنى بۇدۇر قىلىپ ھۆسن تۈزەش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارمۇ بار...

بىر يايمىدا تىكلەپ قويۇلغان رېھىل دىققىتىمنى تارتتى. مەن كىتابنى ئېچىپ قويۇپ كۆرۈشتە پايدىلىنىدىغان بۇ كونا جابدۇقنى قولۇمغا ئېلىپ سىنچىلاپ قارىدىم. كەكە ساقال يايمىچى:

— كۆرسىلە، مېھمان، بۇ تولىمۇ قەدىمكى نەرسە، ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرىنىڭ تەۋەررۇكى، — دېدى.

— پاششايىمنىڭكەن - دە، — دېدىم.

— شۇنداق، سىلى ئۇ يەرنى بىلىدىكەنلا - ھە؟

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پىروفېسسورى، فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى راھىلە داۋۇتنىڭ «ئۇيغۇر مازارلىرى» دېگەن كىتابىنى ئىشلىگەندە، ئۇ مازار توغرىسىدىكى بەزى مەلۇماتلاردىن خەۋەر تاپقانىدىم. ئۇ مازار مۇشۇ بازارنىڭ شىمالىدىن يەتمىش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى نىيە يېزىسى قاپاقئاسقان كەنتىنىڭ بەش كىلومېتىر شىمالىغا جايلاشقانىدى. ئىمام جەئفىرى سادىق ئەسلىي ئىسلام دىنى شىئە مەزھىپىنىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد ئىمامى بولۇپ، مىلادىيە 765 - يىلى مەدىنىدە قەتل قىلىنغان. ئۇ خوتەن تەۋەسىگە كەلگەن ئەمەس. لېكىن، «ئىمام جەئفىرى سادىق ئۇدۇنغا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن كېلىپ مۇشۇ يەردە شېھىت بولغان...»، «بۇ قەشقەردىن ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلىشتا بولغان ۋەقە» دېگەندەك رىۋايەتلەر بار ئىدى. بۇ رىۋايەت «ئۇدۇن - قەشقەر تەزكىرىسى»گىمۇ، ئاۋرېل ستەين (1862 - 1943)نىڭ «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى»گىمۇ كىرگۈزۈلگەن. ئۇ مازار شىنجاڭدىلا ئەمەس، گەنسۇ، نىڭشىيا، چىڭخەي قاتارلىق جايلارنىڭ مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىمۇ زور تەسىرگە ئىگە ئىدى. بەزىلەر: «ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرىنى ئۈچ قېتىم تاۋاپ قىلغانلىق مەككىدىكى كەئبىنى تاۋاپ قىلغانلىق بىلەن باراۋەر» دەپ قارايتتى. ئۇ مازار سەيلىسى ھەر يىلى 8 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ئەۋجىگە چىقاتتى.

مەن قولۇمدىكى رېھلىنى جايىغا قويۇپ، كەينىمگە، سەپەرداشلىرىم تاماقلىنىۋاتقان ئاشخانىغا قاراپ ماڭدىم.

تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى بوستانلىقلارنىڭ رىۋايەت ـ ئەپسانە تۇسىنى ئالغان تۇرمۇشى خىيالىمنى ئىگىلىۋالغانىدى. چەت ـ چۆرىسى سۇر رەڭ قۇم بارخانلىرى بىلەن قورشالغان بۇ چەكلىك بوستانلىقلاردىكى خەلق ئۆزلىرىنىڭ سىرتقى دۇنياغا بولغان چەكسىز ئىنتىلىشلىرىنى ئاجايىپ گۈزەل ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدە ئەكس ئەتكۈزگەنىدى. ئۇلار ئۆز تەسەۋۋۇرىدا «جاھان ئەينىكى» ئارقىلىق پۈتكۈل ئالەمنى كۆرەتتى، دۇلدۇل ۋە سۇمۇرغلارغا مىنىپ دۇنيانى ئايلىناتتى. چۆللەردە ئۇنگەن قومۇشتىن ياسىۋالغان نەيلىرى ئۇلارغا بۇ دەشتى قۇملۇقنىڭ ئۆز ۋاقتىدا چەكسىز دېڭىز ئىكەنلىكىنى، كېيىن مونچاق ـ مونچاق ئۇزۇملەر يالتىراپ تۇرغان تەكلىماكانغا ئۆزگەرگەنلىكىنى، ئىنسانلاردىن ئىنساپ ـ تەۋپىق كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن خۇدانىڭ غەزىپى كېلىپ بۇ «باغۇ ئىرەم»نى تەركى ماكانغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنلىكىنى مۇڭلۇق كۈيى بىلەن ھېكايە قىلىپ بېرەتتى.

قۇم باغرىغا يۇلغۇنلارنىڭ چاپلىشىپ ئۆسۈپ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىدىن پەيدا بولغان قارا دۆڭلەر ئۇلارغا ۋايىسارائۋانا تەڭرىنىڭ مۇبارەك پېشانىسىدىن تۆرەلگەن شاھزادىنى ئوغۇز سۈتى بىلەن ئەمدۈرگەن زېمىن ئانىنىڭ پۈلتىيىپ چىققان ئەمچەكنى ئەسلىتەتتى①.

ئۇلار كۈندۈزنى تونۇردەك قىزىتقان قۇياشقا، زۇلمەت كېچىلەرنى يورۇتقان مېھرىلىك ئايغا چوقۇناتتى.

ئۇلار ئۆزلىرىنىمۇ، قۇملۇقنىمۇ شەربەت سۇلىرى بىلەن سۇغىرىۋاتقان قار ـ مۇزلۇق تاغلارغا سىغىناتتى؛ ساپ ھاۋا ۋە مول نېمەتلىرى بىلەن ئۆزلىرىگە ھاياتىي كۈچ بېغىشلاۋاتقان ئورمان، بوستانلىقلار ئۇلار ئۈچۈن ھەم ياراتقۇچى، ھەم ئانا، ھەم ئەڭ يېقىن دوست ئىدى.

ئۇلار يىراق مۇساپىلەرنى بېسىپ كەلگەن كارۋانلاردىن سىرتقى دۇنيانىڭ ئۇچۇرلىرىنى ئاڭلايتتى، ئۆزلەشتۈرەتتى. «يار ۋەسلى»گە يېتىش ئۈچۈن يىراق دۇنياغا ئاتلىناتتى، ئۆز روھىنى، مەدەنىيىتىنى تارقىتاتتى. رېئاللىقتا بولغان بۇ ئىشلارمۇ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يەنە رىۋايەت ـ ئەپسانىلەرگە سىڭىشىپ كېتەتتى.

ئۇلار بەھەيۋەت قۇملۇقلارنىڭ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان سۈربەتلىك تەھلىكىسى ئالدىدا قورقۇپ كەتمەيتتى، شۇنداقتىمۇ ھايات ـ ماماتلىق ئۈستىدە ئويلىناتتى. ئۆز تەسەۋۋۇرلىرىدا، بەزىدە جاھاننى تىترەتكەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە ئەگىشىپ زۇلمات غارلىرىدىن ئابىھايات ئىزدىسە، بەزىدە ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى بولغان «شىپايى ئەبەد»نى تېپىش ئۈچۈن قۇرۇم تاغلىرىغا ئۇچار ھارۋىلىق كەلگەن خۇاڭدى ۋە تەڭرىكۆلدە ماكانلاشقان ئۇماي ئانا ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ئولتۇرۇپ ئاڭلايتتى.

ئۇلار ئۈچۈن ئىجادىيەت چوڭ بىر ئىزدىنىش ئىدى. بۇ تەبىئەت ئۆگەيلىگەن مۇھىتىنىڭ پەرزەنتلىرى چۈشىنىدىغان رېئاللىق. مۇشۇ زېمىندا روناق تاپقان ماھىيانا مەزھىپىنىڭ ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسىدىن ئىبارەت «ئۈچ زامان» («ئۈچ ئۆتكۈ») ئەقىدىسىدە زاھىر قىلىنغان كەلگۈسى زامان بۇددىھاسى مايترى ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا ئىجادىيەت ئۈممىدى بولغان، شۇ چاغدىمۇ بۇ «ئىجادكار» قاراقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى كوھمارىم تېغى تاش ئۆيىگە مۇناسىۋەتلىك قىلىپ چۈشەندۈرۈلگەن، جۈملىدىن تاڭ شۋەنزاڭمۇ: ئۇ يەردە تاكى مايترى دۇنياغا كەلگۈچە كۈتىدىغان، ئۆلۈمگە بەل باغلىغان بىر ئارخات ياتىدۇ. ئۇنىڭغا تەھىر ئېھسان قىلىش ئۈچۈن ۋېيسارا ۋىرياخان مۇڭگۇز تاغ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىھارىسى سالدۇرغان، دەپ يازغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ خەقلەر: ئاشۇ يەردە — قاراقاش دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدا بىر تاش غار بار، ئۇنىڭدا ئىمام مەھدى ئاخىر زامان ئۇخلاۋاتىدۇ، دەپ رىۋايەت قىلىشماقتا. ئىمام مەھدى مازىرىنى چىرا ناھىيەسىنىڭ چاقار يېزا غەربىي جەنۇبىي تەرىپىدىن يىگىرمە كىلومېتىرچە يىراقلىقتا جايلاشقان يەردە دەپ قاراپ، ئۇ يەرگە تاۋاپ قىلىۋاتقانلارمۇ بار. بۇددا دىنىدىكى كەلگۈسى زامان بۇددىھاسى مايتىرى، ئىسلام دىنىدىكى ئاخىر زامان خەلىپىسى ئىمام مەھدى، خىرىستىيان دىنىدىكى كەلگۈسىدە قايتا تىرىلىپ ئاسماندىن چۈشىدىغان ئىسا — نىجادىيەتنىڭ بۇ ئۈچ ئىلاھىي ۋەكىللىرى تەكلىماكان پەرزەنتلىرىنىڭ رىۋايەتلىك تۇرمۇشىغا نەقەدەر جىپسىلىشىپ، ئۆزلىشىپ كەتكەن - ھە!

بۇلار تەسەۋۋۇرغا باي خەلق. خالىسا، ساكلار قۇرۇم تاغلىرىدىكى قەيسەر دىۋە سۈپىتىدە ھېكايە قىلغان ئەپسانىۋى قەھرىمان فەرھادنى خوتەن پادىشاھىنىڭ شاھزادىسى قىلىۋېتەلەيدۇ، ئۇنى يۇنانغا ئەۋەتىپ سوقرات ھۇزۇرىدا ئەقلىي تاكامۇللۇققا ئېرىشتۈرۈپ، يەنە ئەرمەنىستان چۆللىرىگە ئەۋەتىپ شىرىنىنىڭ ۋەسلىدە ئېغىر مېھنەت ئازابىغا مۇپتىلا قىلىدۇ. خالىسا، ئۇنى ئۆز تاغلىرىغا ئەۋەتىپ «فەرھاد» ئۆستىڭىنى چاپتۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن قويىدا ئالتۇن، گۆھەر ياتىدىغان «زەرەپشان»نى پەيدا قىلىدۇ. بۇلاردا رېئاللىق ئەپسانە بىلەن بىرلەشكەن، تارىخ رىۋايەتلەر بىلەن ساقلانغان. غايىۋى تەلپۈنۈش ئەمەلىيەتنى قاناتلاندۇرغان.

ئۇنداق ئىكەن، مەدىنە مازىرىدا ياتقان ئىمام جەئفىرى سادىقنىڭ نىيە چۆللۈكىدىكى قەبرىگاھىغا ھەيران قالغۇلۇقمۇ!؟...

— نەگە باردىڭىز، ئەخمەت؟

ئابلەت ماشىنىنىڭ ئالدىدا مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن.

— بازارغا، — دېدىم، لېكىن ئۆزۈم بازاردا بولغىنىم بىلەن خىيالىمنىڭ نەچچە مازارنى چۆرگۈلەپ كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭغا دېمىدىم.

ماشىنا قوزغالدى.

## ئىزاھات:

① «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»دىكى «ئۇدۇن» دېگەن ئەپسانىدە مۇنداق بىر ھېكايە خاتىرىلەنگەن:

ئۇدۇننى بىنا قىلغان خان پەرزەنت يۈزى كۆرمەي، بۇ شەھەرنىڭ ھامىيسى، مەبۇد ۋايساراۋانا ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ پەرزەنت تىلەپتۇ. ۋايساراۋانانىڭ پېشانىسى يېرىلىپ، ئۇنىڭدىن بىر سېمىز ئوغۇل بالا سەكرەپ چۈشۈپتۇ. بالا ئادەم سۈتى ئەممەيدىكەن. خان يەنە ۋايساراۋانادىن بالىنى بېقىش ئۇسۇلىنى سوراپتۇ. مەبۇد ئالدىدىكى يەر ئۇشتۇمتۇت پۈلتىيىپ چىقىپ، خۇددى ئاياللارنىڭ ئەمچىكىدەك شەكىلگە كىرىپتۇ. بالا يەردىن ئۈنۈپ چىققان ئەمچەكنىڭ ئوغۇز سۈتىنى ئېمىپ چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەلنىڭ نامى «كىمھۇستان» دەپ ئاتىلىپتۇ. «كىمھۇ» ئارىيانلارنىڭ تىلىدا «ئوغۇز سۈتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. «كىمھۇستان» — «ئوغۇز ماكانى» دېگەن مەنىدە ئىكەن. «كىمھۇستان» دېگەن نام كېيىنكى چاغلاردا «كىمھۇتان»غا، كېيىنچە «ھوتان»غا، ئاخىرى «خوتەن»گە ئۆزگەرگەنىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# مەنزىلگە يېتىش

بىز كېتىۋاتىمىز، تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ داۋاملىق غەربكە قاراپ كېتىۋاتىمىز. كۈنپېتىشتا يانپاشلىغان قۇياش ئۇدۇلىمىزدىن كۆزىمىزنى چېقىشقا باشلىدى. مەن ماشىنىنىڭ يان ئەينىكىدىن ئەتراپقا سەپسالدىم. نېيە بىلەن كېرىيە ئارىلىقىدىكى يېزا ـ كەنتلەر، سايلار، قۇملۇقلار كۆزۈمگە خۇددى ئالتۇن نۇردا يۇيۇنغاندەك يالتىراپ كۆرۈنەتتى. بوكىدە ئۆسكەن يۇلغۇنلار، پارچە ـ پارچە قومۇشلۇقلار خۇددى بايام يول ئۇستىدە، ئىشىك ئالدىدا توپلىشىۋالغان دېھقانلاردەك كەينىمدە قالاتتى...

ئەمدى تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئۇچراۋاتقان توغراقلارغا قارىدىم. ئۇنىڭ سارغىيىپ قىزارغان يوپۇرماقلىرى كەچكى شەپەقنىڭ شولىسىدا كۆزۈمگە يېلىنجىغان چوغدەك كۆرۈندى.

ماشىنىنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدىكى ئابلەتكىمۇ كۆزۈم چۈشتى. ئۇنىڭ مەڭزى، بويىنى شەپەقتىن ياكى توغراق يوپۇرماقلىرىدىن رەڭ ئالغاندەك قىزىرىپ تاۋلىنىپ كەتكەنىدى.

گۇگۇم چۈشتى، ئەمدى گىياھلارنىڭمۇ، يوپۇرماقلارنىڭمۇ رەڭگىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى.

«كېرىيەگە يېقىنلاشتۇق» دېدى شوپۇر. بۇ چاغدا بىز ئىككى قاسنىقىدا ئېگىز ئۆسكەن دەرەخلىرى بار يولدا كېتىۋاتاتتۇق. دەرەخلەر ئارىسىدىن ئۆيەردە ـ بۇيەردە ۋاللىدىغان چىراغ نۇرلىرى كۆزۈمگە چېلىقتى. رەڭگارەڭ

زىننەت چىراغلىرىدىن ئىمارەتنىڭ شەكلى تولۇق ئەكس ئەتكۈزۈلگەن كۆرۈنۈشلەرمۇ، ۋال - ۋۇل ۋىۋىسكىلارمۇ كېچە ساليوتىدەك ياللىتە كۆزىمىزگە تاشلىنىپ بىردەمدىلا كەينىمىزدە قالاتتى. بىز ناھىيەنىڭ چېتىدىن ئۆتكەن بولساق كېرەك، بىر ئازدىن كېيىن تىلسىملىۋەتكەندەك كۆرۈنىدىغان دەشت - دالىغا چىقىپ قالدۇق. قاراڭغۇلۇق قوينىدىكى ھەر خىل دۆمبەلچەكلەرگە قاراپ، ئۆزۈمچە، ئاۋۇ قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسى[1] بولسا كېرەك، «□» شەكىللىك ئىككى ئىبادەتخانا شۇنىڭ كەينىدىمىكىن، دەپ شېرىن خىياللارغا چۆمىمەن. ئۆزۈمنى خۇددى ئۇ يەردىكى نەپىس تۈۋرۈك، لىم، خا، سىنجا ياغاچلارنى كۆرۈۋاتقان، ئوچاق، مورا، سۇپا، يارغۇنچاقلارنى تەكشۈرۈپ، تۆچ ئۈزۈك، ھالقا، بۇت قېلىپلىرىنى چوتكا بىلەن سۈرتۈپ تازىلاپ، بوغداي، شال، پۇرچاق ئۇرۇقلىرى، قورۇق قىزىل ئۈزۈم، دورا ئۆسۈملۈك يىلتىزلىرىنى تۈرگە ئايرىپ، ھەر خىل تام رەسىملىرىنى سۈرەتكە تارتىۋاتقان ئارخېئولوگلاردەك ھېس قىلىپ كېتىمەن.

يەنە يىراق - يىراقلاردىن غۇۋا كۆرۈنۈۋاتقان قۇم بارخانلىرىغا قاراپ ئىچىمدە، ئاۋۇ مارجانلىق،[2] ئاۋۇسى قازناق بۇتخانا[3]، ئاۋۇ قىغاز سېپىلى[4]، ئاۋۇ يەتتە تۇغلۇڭ[5]، ئاۋۇسى قوۋمى شەھىدان[6]، ئاۋۇ يىراقتىكىسى مۇقام ئاتا مازىرى[7]، ئاۋۇ ئىمام غەززالىم[8]، دەپ كېتىمەن.

ھەي، قاراڭغۇدا كۆرەلمىگەندىكىن، خىيال قىلماي نېمە چارە!

چىراغلىرى ئۇيغۇر قىزىنىڭ دوپپىسىدىكى ئۈنچىلەردەك چاقناپ تۇرغان بىر جاي كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولدى. قەدىمدە «چىرا بەگلىكى» دەپ ئاتالغان بۇ يۇرتنىڭ غۇۋا گەۋدىسىگە قاراپ، «تۆت ئىمام تەزكىرىسى»، «قىسسەسۇل غارايىب»، «دىۋان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىيازى»، «تارىخىي ۋاپانامە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن بۇگۇنگىچە يادلىنىپ كېلىۋاتقان 17 ـ ئەسىر شائىرى موللا نىيازنى ئەسلىدىم. ئۇ يەنە مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق كىتابىنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغانىدى...

ــ لوپقا كەلدۇق، لوپقا، ــ دېدى ئابلەت ھارغىنلىقتىن چوڭقۇر بىر ئەسنىۋېتىپ.

مەن بۇ ناھىيەنىڭ يورۇڭقاش، ئاچچىق، ئوتتۇرا قىر، ساقى، قورامىلىق، پاختىلىق دەپ ئاتىلىدىغان ئالتە دەرياسى بارلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، لېكىن ماشىنىنىڭ گۇرۇلدىشىدىن سۇ ئاۋازىنى ئاڭلاش ماڭا نېسىپ بولمىدى. بۇ ناھىيەنىڭ چاھارباغ يېزا باش سوغۇققۇم كەنتى تەۋەسىدە سوغۇققۇم دەپ ئاتىلىدىغان بىر خارابە بار، ئۇ يەردىن باربىت چېلىۋاتقان ئادەم سۈرەتلىك ساپال پارچىسى تېپىلغان، دەپ ئاڭلىغانىدىم. ئۇ يەرنى زىيارەت قىلىشمۇ ماڭا نېسىپ بولمىدى.

ــ ھەي... ــ مەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدىم.

ــ نېمە بولدىڭىز، ئەخمەت؟ ــ سورىدى ئابلەت.

ــ بۇ يەردە كۆرۈشكە تېگىشلىك مازار ـ خارابىلەر جىق ئىدى ـ ھە !

ــ شۇنداق، ھەقىقەتەن جىق. ئىمام ئاسىم مازىرى دەيدىغان بىر مازار بار ئىكەن. جىيا يېزىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا دەيدۇ. ھەر يىلى 4 ـ، 5 ـ ئايلاردا ئالامەت سەيلە بولىدىكەن. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن ئادەم كېلىدىكەن.

ــ سىز بارمىغانمۇ؟

ــ بارمىغان، لېكىن جىق تەرىپىنى ئاڭلىدىم. مەدداھلار داستان ئېيتىدىكەن، نەغمىچىلەر نەغمە قىلىشىپ، پالۋانلار بىر ـ بىرىنى يەرگە ئېتىشىپ، توخۇ، قوچقارلارنى جەڭگە سېلىشىپ ئالامەت تاماشا بولۇپ كېتىدىكەن. ھە، راست،

مازارنىڭ يېنىدا بىر تۈپ قەدىمكى توغراق بار دەيدۇ، بالا تەلەپ قىلىدىغان ئاياللار ئۇ يەرگە بارىدىكەن، ئۇنىڭغا قىز بالا تەلەپ قىلىدىغانلار يىڭنە، ئوغۇللۇق بولۇش ئارزۇسى بارلار پىچاق سانجىپ قويىدىكەن، ئاندىن قۇم بارخىنىنىڭ ئۈستىدىن پەسكە قاراپ ئۈچ قېتىم دومىلايدىكەن. كېچىدە ئالامەت چوڭ ھەلقە بولارمىش.

— قالتىس ئىكەن ـ ھە.

— بېرىپ قىز تەلەپ قىلغۇڭىز كېلىۋاتامدۇ؟ ! — ئابلەت چاقچاق قىلدى.

— بولار. ئىككى ئوغلۇم بولغاندىكىن، ئىككى قىزنى ئۆزلىرى ئەكىرەر ئەمدى، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ بالام تۆت بولىدۇ، دەڭا. لېكىن، سىزنىڭ يەنىلا ئىككى بالا، قىزىڭىزنى چىقىرىسىز، ئوغلىڭىز ئەكىرىدۇ. ئۆيىڭىزدىكى سان ئۆزگەرمەيدۇ، بىرى پىچاق، بىرى يىڭنە، يەنىلا ئىككى.

بىز چاقچاق قىلىپ بىرپەس كۈلۈشتۇق، ئاندىن يەنە جىمىدۇق.

«يىڭنە... پىچاق...» كاللامدىن چىقمىدى.

يىڭنە كىچىككىنە بىر نەرسە، لېكىن ئۇنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئىنسانلارنى خىلمۇخىل نەپىس كىيىملەرنى تىكىپ كىيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 ـ، 3 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە نىيە خارابىسىدىن بىرونزا يىڭنە چىققان. شۇنىڭدىن تارتىپ ھېسابلىغاندىمۇ، ئىككى ـ ئۈچ مىڭ يىلدىن بېرى خەلقىمىزنىڭ قىز ـ ئاياللىرى بېشىدىن يىڭنە ئايرىغان ئەمەس. ئۇلار بىر ئىلىم يىپ ئۆتكۈزۈلگەن يىڭنىنى دوپپىسىنىڭ ئىچكى جىيىكىگە ياكى ياقىسىنىڭ ئىچ قاتلىقىغا ئىلىپ ساقلايتتى. مەيلى ئۆيدە، مەيلى كوچىدا، مەيلى مازاردا، مەيلى بازاردا زۆرۈرىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇغۇلسىلا، ئۇنى ئىپلىپ ئىشلىتەتتى. ھەر چىرايلىق كەشتىلەر، گۈل چۈشۈرۈلگەن قول ياغلىقلار، خىلمۇخىل تۇمارچىلار، دوپپىلار ئاشۇ يىگىتنى تۇتقان قوللارنىڭ يادنامىسى ئىدى. ئۇرۇمچىدىمۇ تېخى يېقىنقى يىللارغىچە تاغلارغا چىقىپ كېيىملىرىمىزنى يىرتىۋالساق، تۇگمىلەر ئۈزۈلۈپ كەتسە، قىز - ئاياللار يىگنە - يىپلىرىنى ئېلىپ بىر ئوبدان ئوڭشاپ بېرەتتى. شۇڭا، يىگنە قىز - ئاياللارغىلا خاس نەپىس قورال ھېسابلىناتتى. يۇرتىمىزنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ئاياللارنىڭ ئۆلۈمىگە كەلگەن كىشىلەرگە مەرھۇمنىڭ بىلىپ - بىلمەي پەيدا قىلغان قەرزىنىڭ تۆلىمى ھېسابىدا يېلىم، يىپ - يىگنە تارقىتىدىغان ئىشلار ھازىرغىچە بار.

پىچاققا كەلسەك، بۇ تېخىمۇ قەدىمكى نەرسە. تاغ، دەشت، قۇملۇقلىرى بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ يۇرتنىڭ ئەر - يىگىتلىرى يېنىدىن پىچاقنى ھەرگىز ئايرىمايدۇ. تۇيۇقسىز دوقۇرۇشۇپ قالغان يىرتقۇچ ھايۋانلارغا تاقابىل تۇرۇشتىمۇ شۇ پىچاق، ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى سويۇپ يېيىشتىمۇ شۇ پىچاق، ئىگىز تاغلارغا چىقىشتا تايىنىدىغان ھاسا تاياقنى ياساشتىمۇ شۇ پىچاق، كاۋاپ ئۆتكۈزۈشكە يۇلغۇن ياغىچىدىن زىخ تەييارلاشتىمۇ شۇ پىچاق، دالىلاردا يامغۇر، ئاپتاپتىن پاناھلىنىدىغان ساتما ياساشتىمۇ شۇ پىچاق ئۇلارغا ئەسقاتىدۇ. ئۇلار شۇ پىچىقى بىلەن قوغۇن - تاۋۇزلارنى ئويۇپ يەيدۇ، ئۇلار ھارام بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن ئات - كالا، قويلىرىنى شۇ پىچىقى بىلەن ھالاللايدۇ. قەسەم قىلىشقا توغرا كەلسە، شۇ پىچىقىنى گاچچىدە يەرگە سانجىپ قويۇپ ئۇنى ئەڭ نوپۇزلۇق گۇۋاھچى قىلىدۇ. ئۇلار بىرسىگە پىچىقىنى ئىشلىتىشكە بەرسە، پىچاقنىڭ ئۇچىنى يانغا قارىتىپ، دەستىسى بىلەن بېرىدۇ. ئۇلار يەنە بىگۇناھ ئادەمگە پىچاق

كۆتۈرۈپ چىقسا، ئىمانىدىن ئايرىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قولىدا تىغىنىڭ سۇنۇقى بولمىغان ئادەمگە پىچاق تەڭلەش نامەردلىك ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار پىچاقنى مۇشۇنداق ئەقىدە بىلەن يېنىدا ساقلايدۇ، ھەتتا بۆشۈكتىكى ئوغۇل بوۋاقنىڭ ياستۇقى ئاستىغىمۇ پىچاق قويۇپ قويۇپ، ئۇنى ئاشۇ «ئىشەنچلىك ھەمراھ» بىلەن قوغدايدۇ.

شۇڭا، ئوغۇللارغا پىچاق، قىزلارغا يىڭنە سىمۋول بولۇپ قالغان. «قىيامەت يېقىنلاشقاندا ئەللىك ئەرنىڭ بىرسىدىنمۇ پىچاق، قىرىق قىزنىڭ بىرسىدىنمۇ يىڭنە چىقمايدۇ» دەيدىغان بىر گەپ بار. شەھەرنىڭ قىيامىتى يېقىنلاشتىمۇ - قانداق، ئەر - ئاياللىرىمىز ئۇ ئەنئەنىۋى بەلگىلىرىنى ئاللىقاياقلارغا تاشلىۋېتىشتى. چۈنكى، شەھەر ئىستېمالىدا بىر قېتىملا ئىشلىتىلىنىپ تاشلىۋېتىدىغان نەرسىلەر ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتكەن. لېكىن، يېزىلاردا ئۇنداق بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ يەرلەردە مېھنەت، تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچانلىق ئەرلىك جاسارەتنى، ئاياللىق شىجائەتنى تاۋلاپ تۇرىدۇ...

ئۇياق - بۇياققا ئىتتىك ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلارنىڭ قالايمىقان گۇرۇلدەشلىرى مېنى خىيالدىن ئويغاتتى. بىز خوتەن شەھىرىگە كىرگەنىدۇق. يول چىراغلىرى ۋە بىزنىڭ ماشىنىنىڭ چىراغ يورۇقىدا بىرنەرسىگە دىققەت قىلدىم: ئالدىمىزدا كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ چاقىنىڭ ئاستىدىن يۇمشاققىنا توزۇندىلار يىلاندەك يەر بېغىرلاپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى. مەن بۇ مەنزىرىنى قىش كۈنلىرى ئۇرۇمچىدىمۇ كۆرگەن. ئۇ يەردىكىسى قار توزۇندىلىرى ئىدى. لېكىن، كۆز ئالدىمدىكى ئاسفالت يولدا تېيىلىپ يۈرگىنى قار ئەمەس. بۇ يەردە قار ياغمىغان. بۇ قۇم - توپا توزۇندىلىرى ئىدى. بۇ تەكلىماكاننىڭ بوران ئۇچۇرۇپ كەلگەن قۇم - توپىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىدى.

بىر خىل كۆڭۈل غەشلىكى ئىچىدە خوتەن شەھىرىدىن چىقىپ كەتكىنىمىزنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن. ئىككى تەرىپى دەرەخلىك، تار، ئەگرى ـ بۈگرى تاشيول ئارقىلىق يېزىغا كىرىپ كېتىۋاتىمىز. ماشىنا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا كۆزۈمگە پات ـ پات چېلىقىۋاتقىنى هويلىلارنى يولدىن ئايرىپ تۇرغان ياغاچ ۋادەكلەر، ئۆزىنى ماشىنىدىن ئىتتىك چەتكە ئېلىۋاتقان ئادەملەر ۋە بەزىدە قارامتۇل يېشىل، بەزىدە يېرىم يالىڭاچ كۆرۈنۈۋاتقان شاخ ـ شۇمبىلار...

— مانا، كەنتكە كەلدۇق، — دېدى ئابلەت ئىمىن.

مەن چوڭقۇر تىنغان هالدا ماشىنىدىن چۈشتۈم. بۇ كېچە سائەت ئونلار بولغان ۋاقىت ئىدى. تار كوچىدىكى قورۇ ئالدىدا بىرنى يەتتە ـ سەككىز ئادەم ساقلاپ تۇراتتى. يېشى چوڭراق بىرەيلەن ئالدىمغا كېلىپ مەن بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشتى. مەن ئۇ كىشىنىڭ چىرايىنى ئېنىق ئىلغا قىلالمىدىم. باشقىلارمۇ ماڭا ناتونۇش ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆرۈشكەن چاغدىكى قولۇمنى چىڭ سىقىشلىرى ماڭا ئەڭ يېقىن ئادەملىرىمنى ئەسلەتتى.

مەن خىتاب قىلدىم:

«تىنچلىقمۇ، دېهقانلىرىم!»

## ئىزاهات:

① قارا دۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسى — كېرىيە ناهىيەسىدىن 190 كىلومېتىر يىراقلىقتا، يەنى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان.

② — ⑧ بۇلار كېرىيە تەۋەسىدىكى ناهىيە دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولۇپ، بۇ زېمىنىنىڭ تاش قوراللار دەۋرىدىن تارتىپ يېقىنقى زامانغىچە بولغان مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەهمىيەتكە ئىگە تارىخىي ئىزلار هېسابلىنىدۇ.

# سالام

بىز چۈشكەن كەنت خوتەن ناھىيەسىنىڭ خانئېرىق يېزا شاھ كەنتى بولۇپ خوتەن شەھىرىدىن يىگىرمە نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىكەن. جەنۇبتا خوتەن ناھىيەسىنىڭ باغچى بازىرى بىلەن، شىمالدا يېڭىئاۋات يېزىسى، شەرقتە خوتەن شەھىرىنىڭ لاسكۈي بازىرى بىلەن تۇتىشىدىكەن. بۇ كەنتتە ئىككى يۈز بەش ئائىلە بار ئىكەن. ئاھالىسى ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن.

ئەتىگەنلىك ناشتىدا بىزگە بۇ ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرۈۋاتقان كىشى ئابلەت ئىمىن بىلەن ئىككىمىزدىن سەل چوڭراق ئادەم بولۇپ، ئاخشام ماشىنىدىن چۈشكەندە مەن بىلەن تونجى بولۇپ كۆرۈشكەن ئادەم شۇ ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى ئىبرىز ماخمۇت ئىكەن. بىز مۇشۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە چۈشكەنىدۇق. بەش ئايال ئۇلارنىڭ مېھمانخانىسىغا، ئالتە ئەر ئىچكىرى ـ تاشقىرىلىق بىر يۈرۈش ئۆيگە جايلاشقانىدۇق. بىز كەلگۈچە ئۇلار مەشكە تازا ئوت قالاپتىكەن، ئىسسىق ئۆيدە، پاكىز يوتقان ـ كۆرپىلەردە سوزۇلۇپ يېتىپ ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇيقۇغا كېتىپتۇق. ئەتىگەندە ئويغانسام، باشقا ھەمراھلىرىم يوق، ئابلەت ئىمىن بىلەن ئىككىمىزلا قاپتۇق. باشقىلار ئەتراپنى سۈرەتكە تارتىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىپتۇ.

— بىز ئىككى قېرى ئۇيقۇمىزنى ئۇخلاپتۇق ـ دە، — دېدىم ئابلەتكە چاقچاق قىلىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— شۇنى دېمەمسىز، — دېدى ئابلەتمۇ كۈلۈپ.

— تېخى ياپياشلا تۇرمامسىلىميا، — دېدى ئېزىز ئاخۇن ئەستايىدىللىق بىلەن.

— ياپياش تۇرغان سىز ئىكەنسىز، — دېدى ئابلەت.

— ياق، بىز سىلەردەك ياپياش تۇرمىدۇق، ساغلام دېسەڭلار، ئۇنىڭ يولى باشقا.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئېزىزئاخۇن ئاتمىش ئىككى ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ساغلام چىراي ئىدى، ھەرىكەتلىرىدىن بىر خىل جۇشقۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى. جاھاننىڭ تەڭشىكى ئاجايىپ: بەزىلەر يېنىكرەك ئىشلار بىلەن ھايات كەچۈرىدۇ، تۇرمۇش شارائىتىمۇ ياخشى، لېكىن سالامەتلىكى دېگەندەك ئەمەس، خۇددى بىزگە ئوخشاش؛ بەزىلەر بولسا، ئۆمۈر بويى جىسمانىي ئەمگەك بىلەن ئۆتىدۇ، لېكىن سالامەتلىكى ياخشى، خۇددى ئېزىزئاخۇندەك دېھقانلىرىمىزغا ئوخشاش. بىز بولساق، كۈندە ساقال - بۇرۇتنى قىرىپ يۇيۇپ ئۆزىمىزنى ياشراق، جۇشقۇن ھالەتتە كۆرسىتىشكە تىرىشىمىز؛ ئېزىزئاخۇنلار ساقال - بۇرۇتلىرىنى ئېلىشقا ۋاقىت چىقىرالمىسىمۇ، لېكىن ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن ئۆزىنىڭ ساغلاملىقىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

مەن ھەمراھلىرىم قايتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا قورۇدىن چىقىپ مەھەللىنى ئايلاندىم. ھە دېگەندىلا دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىغا دۈۋىلەپ قويۇلغان ساي تاشلىرى دىققىتىمنى تارتتى. بۇ يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆيلەرنىڭ ئۇلىغا بېسىش ئۈچۈن ئەپكېلىنگەن تاشلار ئىدى. ئەتىگەندە سۈپۈرۈلۈپ سۇ سېپىلگەندىن كېيىن ئۇششاق مۇنەكچە بولۇپ قالغان نەمخۇش توپىلارنى دەسسەپ كېتىۋاتىمەن. ھويلىلاردىكى باراقسان دەرەخلەر دېھقان ئۆيلىرىنىڭ بېشىنى سىلاپ ياكى دولىسىنى

تۇتۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. ھاۋا سالقىن، لېكىن ساپ؛ كۆيگەن ھۆل ئوتۇننىڭ ئاندا - مۇندا پۇراپ قالىدىغان پۇراقلىرى دىمىقىڭىزنى يېقىملىق غىدىقلاپ ئۆتىدۇ. قوينىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپ مەرەشلىرى، ئىنەكنىڭ ئېرىنچەكلىك بىلەن مۆرەپ قويۇشلىرى، توخۇنىڭ بىردەملىك پەيدا بولۇپ يوقاپ كەتكەن قىچقىرىشلىرى، ئېشەكنىڭ ھاسىراش رىتىمىدە ئىتتىك - ئىتتىك ھاڭراپ توختاشلىرى، قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى سىزگە خۇددى تەبىئەتنىڭ تاڭ سەھەردىكى ساداسىدەك ئاڭلىنىدۇ. كەينى قورۇلاردىكى سامان دۆۋىلىرى، جادۇ، سېۋەت، ھارۋا، خامۇت - جابدۇقلار سىزگە دېھقان تىرىكچىلىكىدىن ئۇنسىز بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ. ھويلىلارنى كوچىدىن ئايرىپ تۇرغان تىلما ۋادەكلەر ئۆز ۋاقتىدىكى قېلىن سوقما تام ۋە چىتلاقلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن. بۇ بىر تەرەپتىن دېھقانلارنىڭ تىرىكچىلىك زېمىنىنى كېڭەيتىشنىڭ ئېھتىياجى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن گۈزەللىك قارىشىنىڭ مۇكەممەللەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى.

مەن تار كوچىدىن ئۇدۇل مېڭىپ كەڭرەك بىر يولغا چىقتىم. يولغا شېغىل ياتقۇزۇلۇپتۇ، دېمەك پات ئارىدا ماي بېسىلىدۇ. بۇ ماي يوللارنى كەنتلەرگىچە تۇتاشتۇرۇش دائىرىسىدىكى ئىشلار بولسا كېرەك.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم !

بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ نەزىرىمنى يولدىن ئېلىپ ئىتتىك ئالدىمغا قارىۋىدىم، بىرنەچچە بالا ماڭا سالام بېرىۋېتىپتۇ. مەنمۇ دەرھال ئۇلارغا سالام قايتۇردۇم. ھەممىمىزنىڭ ئوڭ قولىمىز كۆكسىمىزدە. ئۇلار شۇ ھالىتى بىلەن بېشىنى سەل ئېگىپ ئالدىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋىدى، ئىچىم ئىسسىققىنا بولۇپ قالدى.

بۇ بالىلار مېنى تونۇمايدۇ، لېكىن سالام بېرىدۇ. نېمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن؟

چوڭلۇقۇم ئۇچۇن! ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇلارغا چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىڭلار، دەپ ئۆگەتكەن.

ئەنە، چوڭ ياشتىكى دېھقانلارمۇ مەن بىلەن سالاملىشىپ ئۆتۈپ كەتتى. بىز ـ مۇ تونۇشمايمىز، ئەمىسە نېمە ئۇچۇن سالاملىشىمىز؟

ئادەم بولغانلىقىمىز ئۇچۇن، ئادىمىيلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتىمىز ئۇچۇن!

كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ساپ، سەممىمىي، مېھرلىك مۇناسىۋەت يىراق يېزىلاردا ئوبدان ساقلاپ قېلىنغان، ئۇلارغا ئادەمنىڭ ياتى يوق!

لېكىن، مېنىڭ شەھىرىمدىچۇ؟

ئۇ يەردە بۇ ئەدەپ ـ قائىدىلەر سۇسلاشقان، ئادەملەر بىر ـ بىرىدىن ياتلىشىۋاتقان، ھەتتا ئۆز تەبىئىتىدىنمۇ ياتلىشىۋاتقان ئەھۋال...

مەن ئايغىم ئاستىدىكى شېغىل ياتقۇزۇلغان يولغا قارىدىم. بۇ يول سان ـ ساناقسىز يوللار ئارقىلىق شەھەرلەر بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ كەنتتىكىلەر شەھەرلىكلەردىن قانچىلىك نەرسە ئۆگەنسە، شەھەرلىكلەرمۇ بۇ يەردىن شۇنچىلىك نەرسە ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، شەھەردە بار بەزى نەرسىلەر بۇ يەردە يوق، بۇ يەردە بار بەزى نەرسىلەر بىزدە يوق.

# غازاڭ مەزگىلى

ئۇرۇمچىدە غازاڭ مەزگىلى دېگەننى يول ياقىسىدىكى شالاڭ ـ شالاڭ دەرەخلەرنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرىغا، بىنالار ئارىلىقىدىكى چىملىقلارنىڭ ئاندا ـ مۇندا قۇرۇقشىغان ھالەتلىرىگە تازا دىققەت قىلمىغان ئادەم سەزمەيلا ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. لېكىن، يېزىدا ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى ئاجايىپ بولىدىكەن. ھەر خىل دەرەخلەرنىڭ ئېتەكلىرى سېرىق، قىزغۇچ، ئالىيېشىل يوپۇرماقلار بىلەن تولغان، ئاياللار ـ باللار ئۇنى سۈپۈرۈپ ئېلىپ تاغارلارغا قاچىلاۋاتقان، سامانلار ھويلا ياكى سامانلىقلارغا (بالىخانىلارغا)، قوناق شاخلىرى، قۇرۇقشىغان شاخ ـ شۇمبىلار ئۆگزىلەرگە دۆۋىلەنگەن، بەزى ھويلىلاردا قوناق سويۇۋاتقان، قارىيىپ قالغان تەك ـ باراڭلارنى چاڭ ـ توپىسىنى توزۇتۇپ ئېلىپ كۆمۈش ئۈچۈن تاشلاپ قويغان كۆرۈنۈشلەر ماڭا غازاڭ مەزگىلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تونۇتقانىدى.

— غازاڭ مەزگىلىدە كېلىپ قالدىڭلار، ئەخمەتكا، يازلاردا كەلسەڭلار، بۇ يەر بەكمۇ يېقىملىق، — دېدى قېشىمدا كېتىۋاتقان ئابباس ياسىن.

ئوتتۇز ياش ئەتراپىدىكى بۇ دىقماق يىگىت كەنت شۇجىسى ئېزىز ماخمۇتنىڭ مۇئاۋىنى ئىدى. ئۇ گەپ قىلغاندا ئېنىقراق بولۇشى ئۈچۈن ئالدىرىماي ھەربىر سۆزنىڭ بوغۇملىرىنى تولدۇرۇپ ـ تولدۇرۇپ سۆزلەيتتى. شۇڭلاشقىمىكىن، ئاھاڭى قۇلىقىمغا بەزىدە ئانچە تەبىئىي ئاڭلانمايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— هازىرمۇ يېقىملىق ئىكەن، ئۇكا، — دېدىم مەن بىرنېمىنى ئويلىنىپ.

راست، تەبىئىي ھايات رىتىمى بىلەن ئەكس ئەتكەن قايسىبىر كۆرۈنۈش كۆزگە يېقىملىق كۆرۈنمەيدۇ دەيسىز. مانا، قاتار - قاتار كەتكەن ھويلىلار، ھەممىسىنىڭلا دەرۋازىسى ئوچۇق، ئۇلار دەرۋازىسىنى بىر - بىرىگە، بىزدەك مېھمانلارغا ئوچۇق قويغان. ئۇلارنىڭ قولۇم - قوشنىدارچىلىق، مەھەللىداشلىق ئەنئەنىسى، ئوچۇق - يورۇق تەبىئىتى ئوغرى - يالغاندىن خەۋپسىرەش تۇيغۇسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇلار كۈندۈزدە دەرۋازىلىرىنى ئېتىۋېلىشنى پەقەت ئۆزىنىلا ئويلاپ، ئۆزلىرى بىلەنلا بولۇپ قولۇم - قوشنا، ئەل - يۇرت بىلەن ئارىلاشمايدىغان، ھېسابلاشمايدىغان بېخىل، چۈپەيلەرنىڭ قىلىقى دەپ بىلىدۇ.

بۇلارنىڭ ھويلا - ئاران، يول، ئىشىك ئالدىلىرىنى ئۇرۇمچىدىكىگە ئوخشاش تازىلىقچىلار سۈپۈرۈپ بەرمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى سەھەر قوپۇپ سۇ سېپىپ ھېچكىمگە چاڭ - توپىنى تۇزۇتماي سۈپۈرۈۋالىدۇ. ھەربىر ئۆينىڭ قىزلىرى بۇ ئىشنى تالىشىپ تۇرۇپ قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار تۇپراقنىڭ يۈزىنى ئاچساق، بەختىمىز ئېچىلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

مانا قاراڭ، ھەربىر ھويلىنىڭ ئالدىدىمۇ دەرەخ، ئىچىدىمۇ دەرەخ. ئۇلار بۇ دەرەخلەرنى باشقا كۈن چۈشكەندە سايىۋەن دەپلا ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ قۇملۇق زېمىندىكى مەڭگۈلۈك ھەمراھى، ئەڭ يېقىن دوستى، ئەڭ سادىق قوغدىغۇچىسى، رىزىق ئاتا قىلغۇچى دەپ تىكىدۇ ۋە ئاسرايدۇ.

ئۇلار ھويلىلىرىغا گۈل تىكىدۇ، ئازغان تىكمەيدۇ، ناۋادا ئازغان ئۈنۈپ قالسا، قىزىلگۈل ياكى ئەتىرگۈلنى ئۇلاپ ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، خۇددى ئازغان بالىسىنى ياخشى تەربىيە بىلەن

ئۆزگەرتىۋالغىنىغا ئوخشاش.

شۇنداق، ئۇلارچە ھويلا دېمەك باغ دېمەك، باغسىز ھويلا ھويلا ئەمەس. ئۇلار شۇ باغلىرىنىڭ نېمەتلىرىنى ئۆزلىرى يەيدۇ، قولۇم - قوشنىلىرىغا يېگۈزىدۇ، تۆكۈلۈپ كەتكەنلىرىنى جان - جانىۋارلارنىڭ، ئۇچارقاناتلارنىڭ رىزقى - نېسىۋىسى دەپ بىلىدۇ. مۇشۇنداق كۆڭۈللەردە ئەتىۋارلاپ ساقلاپ قويغانلىرىنى بىزدەكلەرگە ئېغىز تەگكۈزۈشنى خالىس نېسىۋە، قۇت - بەرىكەت، دەپ بىلىدۇ.

ئۇلار سەھەر قوپۇپ ئۆزلىرى ناشتا قىلماي تۇرۇپ قوي - ئۆچكىلەرگە، ئېشەك - ئۇلاغلىرىغا يەم بېرىدۇ، سۇ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەرقانداق جانلىقنى ئەزىزلەشنى، ئۇنىڭغا جەبىر قىلماسلىقنى ئەلا بىلىدۇ، «شۇ جان - جانىۋارلار بولغاچقا، بىزمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىمىز» دەپ قارايدۇ.

ئاندىن ئۇلار بارىنى داستىخانغا ئەكېلىپ بالىۋاقىلىرى بىلەن چايغا ئولتۇرىدۇ، چاي قۇيۇشنى، تاماق تارتىشنى (ئۆز ئۆيىنىڭ ئىچىدە) ئاۋۋال ئەڭ كىچىك بالىسىدىن، كىچىكلەر ئىچىدىمۇ يەنە ئاجىز ھېسابلايدىغان ئەڭ كىچىك قىزىدىن باشلايدۇ. بۇنىڭدىمۇ ئاتا - ئانىنىڭ بالا بېقىش مەسئۇلىيىتىنى، كىچىكلەرنى، ئاجىزلارنى يۆلەش خاراكتېرىنى، ئۆز نەپسىگە ئىگە بولۇش خۇسۇسىيىتىنى نامايان قىلىدۇ. ئاتا ناننىڭ قالدى - قاتتىسىنى چىلاپ، ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ ئاغزىغا سېلىپ يەپ بولۇپ، شۈكۈر - قانائەت بىلەن دۇئاغا قولىنى كۆتۈرىدۇ، ھەممەيلەن بۇ تىنچ، بەختلىك ئائىلىنىڭ قۇت - بەرىكىتىنى تىلەپ بولغاندىن كېيىن جايىدىن قوزغىلىپ ئۆز ئىشىغا ماڭىدۇ.

كەتمەن، ئارا، قاپ - سېۋەتلىرىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ئەر - ئاياللارنى، بوغچىسىنى ئېسىپ مەكتەپكە كېتىۋاتقان

باللارنى، هارۋا ياكى موتوسىكلىتلاردا ئۇياق ـ بۇياقلارغا ئالدىراش كېتىشىۋاتقان ياشلارنى، قوي ـ ئۆچكىلەرنى ئېتىزلىققا ھەيدەپ كېتىۋاتقان پادىچىلارنى كۆرگىنىڭىزدە، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرلىرىنى چاقىرىشلىرىنى، بىردەملىك پەيدا قىلىپ، يوقىلىپ كېتىدىغان شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىنى، ئاندىن كېيىن ھۆكۈم سۈرىدىغان ئۇچار قۇشلارنىڭ سايراشلىرى، كالا ـ قويلارنىڭ مۆرەشلىرى، ئاسمانىدىكى كەپتەر غوڭغۇلداقلىرىنىڭ غوڭغۇلداشلىرىنى ئاڭلىغىنىڭىزدا، توپا پۇراپ تۇرسىمۇ ئىس ـ تۈتەكلەردىن خالىي ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالغىنىڭىزدا، بۇ يېزىنىڭ يېقىملىق ئىكەنلىكىنى تەن ئالماي تۇرالامسىز؟! ماڭا ئوخشاش شەھەردە مىغ ـ مىغ ئادەملەر ئارىسىدا قىستىلىپ، ماشىنا، زاۋۇتلارنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنىدىن قۇلىقى پۈتۈپ، بۇلغانغان ھاۋادا نەپەسى سىقىلىپ جاننى قويارغا جاي تاپالماي يۈرگەن ئادەملەر ئۈچۈن بۇ يەر يېقىملىقلا ئەمەس، بەلكى گۈزەل كۆرۈنىدۇ، مەيلى غازاڭ قويندا بولسىمۇ.

مەن خىيالدىن ئۆزۈمنى يىغىپ سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈردۈم:

— راست، چىرايلىق ئىكەن كەنتىڭلار، ئابباس ئۇكا!

# بوۋاققا ئىسىم قويۇش سورۇنىدا

بىزنىڭ كەنتتە تۇرىدىغان ۋاقتىمىز پەقەت ئۈچ كۈن. ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، كۆرىدىغانلىكى نەرسىنى كۆرۈش، ئاڭلايدىغانلىكى نەرسىنى ئاڭلاش كېرەك ئىدى. تۈنۈگۈن ئاخشام قونغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۈگۈن كەنتنى كۆرىدىغان تۇنجى كۈنىمىز ھېسابلىناتتى. بىرەيلەن كېلىپ:

«ئالدىمىزدىكى قورۇدا كۈدەن بولۇۋېتىپتۇ، كۆرۈپ كېتەمسىلەر؟» دېۋىدى، بۇ گەپ ھەممىمىزگە مايدەك ياقتى. كۈدەن دېگىنى بوۋاققا ئات قويۇش مۇراسىمى ئىدى. ئۆرپ - ئادەتكە ياتىدىغان ھەرقانداق ئىش بىز ئۈچۈن مۇھىم ھېسابلىناتتى.

بىزنى بىر ئۆيگە باشلىدى، مەن ئۆيدىنمۇ يوغان سالامدىن بىرنى قىلىپ كىردىم: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم». سورۇندا ئولتۇرغانلار «گۇررىدە» ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. «ئولتۇرۇشسىلا» دەپ قويۇپ، ئۆيگە كىرىپلا كۆرگەن بىر بوش جايغا تېزلا بېرىپ ئولتۇرۇۋالدىم - دە، ئۆزۈم چوڭ دەپ ھېسابلىغان ئاقساقالغا پاتىھەنى باشلاپ بېرىشنى ئىما قىلدىم. پاتىھەدىن كېيىن ئۇلار مېنى ئاقساقالنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشقا تارتتى، ئۇنىمىدىم. مەن ئولتۇرغان جاي ئۆرۈمچىنىڭ قائىدىسى بويىچە ھەرگىز پەگاھ ھېسابلانمايتتى، لېكىن تۆرمۇ ئەمەس ئىدى. ئەمما، سۈپىنىڭ ئىشىككە ئۇدۇل كېلىدىغان يېرى بۇ يۇرتتا مېنىڭ ئويلىغىنىمنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە تۆر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېسابلىنىدىكەن. ھېلىقى ئاقساقال كىشى دەل شۇ يەردە ئىدى. چاي دەل شۇ تەرەپتىن تارتىلدى. ئۆرۈمچىدە بولسا «¬» شەكىللىك سورۇندا ئۇزۇن تامنىڭ ئوتتۇرىسى تۆر مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. چاي تارتىلغاندا ئوڭ تەرەپنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئوتتۇرىدىن باشلايدۇ ـ دە، چاي تارتقۇچى مەركىزىي نۇقتىدىكى ئادەمدىن كېيىن چاينى نە ئوڭغا، نە سولغا بېرىشنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ قالىدۇ. تۆر ئىشىك تەرەپتىن باشلانسا، ھېچكىممۇ ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەلمەي، ھېچكىمگىمۇ بىلىنەر ـ بىلىنمەس روھىي ئازار بېرەلمەي، ئىش رەت ـ رېتى بىلەن بولىدىكەن.

چايدىن كېيىن ھېلىقى ئاقساقال بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ ئوڭ قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتتى، ئاندىن سول قۇلىقىغا: «ئىسمىڭىز روزىنىساخان بولسۇن» دەپ توۋلىدى ـ دە، بوۋاقنى كىگىز ئۈستىدە يېنىك دومىلىتىپ يېنىدىكى كىشىگە قوش قوللاپ بەردى. ئۇ كىشى «مۇبارەك بولسۇن» دەپ بوۋاقنى يېنىدىكى كىشىگە ئۇزاتتى، بوۋاق قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ ئاخىر مېنىڭ قولۇمغا كەلدى. مەنمۇ بوۋاقنى مۇبارەكلەپ، يېنىمدا تۇرغان دادىسىغا بەردىم. ئۇ بوۋاقنى كۆتۈرۈپ تالاغا ئاچىقىپ كەتتى. كېيىن ئاڭلىسام، ئۇ بوۋاقنى ئاچىقىپ تالادا ساقلاپ تۇرغان بىر قاۋۇل ياش يىگىتكە بېرىپتۇ. ئۇ يىگىت بوۋاقنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرگىنىچە مەھەللىنى ئايلىنىپ چىقىپ، ئاندىن ئۆيگە ياندۇرۇپ ئەكەپتۇ. فوتوگراف چىن لىننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يىگىت بوۋاقنى كۆتۈرۈپ شۇنداق تېز يۈگۈرۈپتۇكى، تۇزۇكرەك سۈرەتكە تارتىۋېلىش ئىمكانىيىتى بولماپتۇ. «ئۇ يىگىت بەكلا كۆلگۈنچەك ئىكەن» دېيىشتى باشقا فوتوگرافلارمۇ. بۇ يەرنىڭ قائىدىسىدە، بوۋاقنى كۆتۈرگەن يىگىت قاقاھلاپ كۈلگىنىچە يۈگۈرەيدىكەن، قايتىشىدا بارغان يولى بىلەن قايتمايدىكەن. «بۇ ئىرىمنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق

مەنىسى بار ئىكەن، — دەپ ئويلىدىم مەن، — ئۆمۈر يولى ئارقىغا يانغىلى بولىدىغان يول ئەمەس، ئۆتۈپ كەتكىنى ئۆتۈپ كەتكەن. بۇ يولدا خۇشاللىق بار، غەم ـ قايغۇمۇ بار، ئۇتۇق بار، مەغلۇبىيەتمۇ بار، شۇڭا هايات مۇساپىسىدە كۈلۈشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك، ئۇتۇق ئالدىدىلا ئەمەس، ھەتتا مەغلۇبىيەت ئالدىدىمۇ قاقاھلاپ كۈلۈشنى بىلىۋېلىش كېرەك.»

بىز ئۆي ئىگىسىنىڭ تارتقىنىغا، مېھمانلارنىڭ تارتىشقىنىغا قارىماي چايدىن كېيىنلا قوزغالدۇق. يولدىمۇ ھېلىقى بوۋاق روزىنىساخان ئېسىمدىن چىقمىدى. مەن كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا سۆز قىلدىم:

«ئەمدى سىزنى قىرقى سۈيىگە سالىدۇ. ئۇ سۇدا ئاتا ـ بوۋىلىرىڭىز تۇتقان ئاشۇ ئۆينىڭ كاكىل لېيىنىڭ دۇغى بار، ئۇنىڭغا رىزقى دەپ بىر چىمدىم تۇزمۇ سالىدۇ. ئاشۇ تام سۇۋىقىدىن دارىغان تۇپراق شۇ مۇقەددەس سۇ بىلەن جىسمىڭىزنى سۆيۈپ ئۆتكەندە، سىز ئانا تۇپراقنىڭ مېھرىنى ھېس قىلىسىز، شۇ بىر چىمدىم تۇز سىزنىڭ تېنىڭىزنىلا ئەمەس، بەلكى تۇز بەرگەنگە خىيانەت قىلماسلىق ئەقىدىڭىزنىمۇ، تۇزدەك تېتىمشلىق خاراكتېرىڭىزنىمۇ چىڭىتىدۇ. ئاندىن ئاپىڭىز، ئانىڭىز يەنە ئىلمان سۇ تەييارلاپ ئىچىگە ئالتۇن جابدۇقلىرىنى سالىدۇ. شۇ ئالتۇن سۈيى بىلەن جىسمىڭىزنى چايقىغاندا، روھىڭىزغا ئالتۇندەك ساپلىق تىلەيدۇ. سىزنى چايقىغان سۇنى سىزنىمۇ كەلگۈسىدە ئەلگە مېۋە بەرگەي دەپ مېۋىلىك دەرەخنىڭ تۈۋىگە چاچىدۇ.

ئۇلار سىزگە بۆشۈكنى خامانىنىڭ موما ياغىچىدىن ياساتقان. ئەتراپىدا ئادەممۇ، جاندارمۇ ئايلىنىدىغان، ئەتراپىغا بوي يەتكۈسىز ئالتۇن دانلار دۆۋىلىنىدىغان ئۇ موما ياغاچ

ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قۇت ـ بەرىكەتنىڭ نىشانى. ئۇنىڭدىن ياسالغان بۆشۈك ئالتۇن ساراي، ئۇنىڭغا ئالتۇن بويلۇق قىز يارىشىدۇ. ئۇ قىز چوڭ بولغاندا ھەممە ئادەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىن چۆرگۈلەپ كېتەلمەيدىغان بولىدۇ، ئەتىۋارلىق بولىدۇ.

سىزنى چوقۇم مېغىزلىق سۆزلەيدىغان بىرسى ئېغىزلاندۇرىدۇ، مېغىز بىلەن ئېغىزلاندۇرىدۇ. ئاتا ـ ئانىڭىز شۇ ئىرىم بىلەن سىزنىڭ شېرىن سۆخەن، مېغىزلىق سۆزلەيدىغان ئادەم بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدۇ.

زاكا كۆڭلىكىڭىز يۇز ياشتىن ئاشقان ئادەمنىڭ كىيىمىنىڭ پارچىسىدىن تىكىلگەن، ئۇنىڭ بويۇن قىسمىدىكى ئىككى تال بوغقۇچمۇ شۇنچە ئۇزۇن. ھەممىسىلا سىزنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىڭىز ئۈچۈن قىلىنغان.

روزىنىساخان، روزىنىساخان، ئاتا ـ ئانىلىرىڭىزنىڭ سىز ئۈچۈن تىلىگەن تىلەكلىرى نېمىدېگەن جىق ـ ھە!

ئۇلار شۇ قەدەر مېھرىبان، شۇ قەدەر كۆيۈمچان، ئۇخلاتمىسىڭىز ئۇخلىمايدۇ، خەقىشلىك قىلسىڭىز قاقشىمايدۇ، بىرلا كۈلۈپ بەرسىڭىز ئۇنتۇيدۇ، ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ...

بىر كۈنلەردە چىشىڭىز چىقىپ ئايىغىڭىزنىڭ كۆكرەك تۈپچىسىنى چىشلىۋالغىنىڭىزدىمۇ، ئۇ سىزنىڭ شور پېشانە بولۇپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن «مەن رازى» دەپ ئېيتىدۇ...

ئىنسان بالىسى نېمىدېگەن ئارزۇلۇق!

مانا، ئاتا ـ بوۋىلاردىن قالغان ئۇدۇم، نەقەدەر خىسلەتلىك، نەقەدەر خاسىيەتلىك ـ ھە!

# دالپاق مەسچىتى

بىز شاھ كەنتىدىكى دالپاق مەسچىتىگە كىردۇق. مەسچىت ھويلىسىدىمۇ ھاللىق ئائىلىلەرنىڭ ھويلىسىغا ئوخشاش پېشايۋان، پېشايۋان لەمپىسىدىن ھويلا تېمىغا قارىتىپ تىكلەنگەن تال بارىكى بار ئىكەن، پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكلىرى ۋە لەمپىسى ھەر خىل گېئومېتىرىيەلىك شەكىللەردە نەقىشلەنگەن، مەسچىت ئىشىكى ۋە دېرىزىلىرىمۇ ھەر خىل قاپارتما، ئويما نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەنىكەن. ھويلىنىڭ تۆر تەرىپىگە مەزىنئاخۇننىڭ ئەزان توۋلىشى ئۈچۈن ئۆگزىگە چىقىدىغان بىر ياغاچ شوتا ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بىر تاۋۇت تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىرنەرسە بار ئىدى، لى ۋېيچىڭ خانىم ئۇنى سۈرەتكە تارتىۋاتقانىكەن، مەنمۇ ئۇ يەرگە بېرىپ ئۇ نەرسىنى تەپسىلىي كۆزەتتىم. تاۋۇتنىڭ ئۈستى تەرىپى گۈمبەزسىمان بولسا، بۇ نەرسىنىڭ ئاستى تەرىپى گۈمبەزسىمان ئىدى. تاۋۇتقا ئوخشاش بۇنىڭمۇ ئالدى - كەينىدە تۆت تۇتقۇچى بار ئىدى. تاۋۇت ياغاچتىن ياسالغان بولسا، بۇ پۈتۈنلەي تۆمۈردىن ياسالغان؛ ئالدىدىكى ئاستى تەرىپىدە بىر تال جۈمىكى بار؛ ئۈستى بالداقلىق ياغاچ جاھازا بىلەن يېپىلغان.

مەن بۇنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى سورىۋىدىم، مەزىنئاخۇنۇم مېيىتنى سۇغا ئالغاندا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۆرۈمچىدە پەقەت تەختىراۋاننىلا كۆرۈپتىكەنمەن.

تەختىراۋان كەڭرەك تۈز تاختاي ئىدى، ئۇ تۆت ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە قويۇلاتتى ـ دە، مېيىت شۇنىڭ ئۈستىدە يۇيۇلاتتى. بۇ يەردە بولسا، تەختىراۋان ھەيۋەتلىك ياسىلىدىكەن.

— تەخسىر، — دېدىم مەزىنئاخۇنغا قاراپ، — بۇ نەرسىنىڭ ئاستىدىكى جۇمەك نېمىگە ئىشلىتىلىدۇ؟

— مېيىت يۇيۇلغان سۇنى شۇ يەردىن چۈشۈرۈۋالىمىز، ئاندىن ئۇنى كەچقۇرۇنلۇقى ئېتىزغا ئاپىرىپ تۆكۈۋېتىدىغان ئىش بار.

— بۇرۇندىن تارتىپ مۇشۇنداق قىلامسىلەر؟

— بۇرۇن مۇنداق جازىلار يوق ئىدى. مېيىتنى تاختاينىڭ ئۈستىگە قويۇپ يۇغاندا، سۇ تۆكۈلۈپ يەر ھۆل بولۇپ كېتەتتى. بۇنىڭ ئۈستىدە يۇغاندا ئۇنداق بولمايدىكەن. بۇرۇن بەزىلەرنىڭ مېيىت يۇيۇلغاندا سۇ سىڭىپ كەتكەن تۇپراقنى قىرىق كۈن ساقلايدىغان ئادەتلىرىمۇ بار ئىكەن، ئۇ يەرگە ھەر پەيشەنبە كۈنى نۆكچە قادايدىغان ياكى قىرىق كۈن چىراغ ياندۇرۇپ قويىدىغان ئىشلىرىمۇ بولغانىكەن. بۇ نەرسە ياسالغاندىن كېيىن ئۇنداق ئىرىملارمۇ يوقالدى.

— ھە، مۇنداق دېسىلە ... — مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ سورىدىم، — مېيىت يۇغىلى سىلىمۇ كىرىدىغانلا ھەرقاچان؟

— شۇنداق، تەخسىر.

— ماڭا مېيىت يۇيۇش جەريانىنى بىر سۆزلەپ بېرەمدىلا؟

— مېيىتنى سۇغا ئېلىشقا ئادەتتە تۆت ئادەم كىرىمىز. بىرەيلەن مېيىت بەدىنىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنى، يەنە بىرەيلەن ئاستىنقى قىسمىنى يۇيىدۇ، قالغان ئىككىسى سۇ قۇيۇپ بېرىدۇ. مېيىت يۇيۇش ئۈستۈنكى قىسمىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلىنىدۇ، تاق يۇيۇلىدۇ، بۇ دېگىنىمىز ياكى ئۈچ، ياكى بەش،

ياكى يەتتە قېتىم دېگەندەك ...

— ئىشلىتىلىدىغان سۇ ئادەتتىكى تۇرۇبا سۈيىمۇ؟

— ياخشىسى ئېقىن سۇ. ئۇنى سامان قالاپ ئىسسىتىپ يۇمشاق سۇ قىلىپ ئىشلىتىمىز. يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن مۇشۇ جۇمەكتىن چۈشۈرۈۋېلىپ بىرياقلىق قىلىمىز شۇ...

بىز مەزىنئاخۇن بىلەن خوشلىشىپ مەسچىت ھويلىسىدىن چىقتۇق. كېتىۋېتىپ لى ۋېيچىڭ خانىم مەندىن سورىدى:

— بايامقى قۇرۇلمىنى مېيىتنى سۇغا ئالغاندا ئىشلىتىدىغان نەرسە دېدىڭۇ دەيمەن؟

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئادىتىنى سۇنى ئۇلۇغلاش ئادىتى بىلەن باغلاپ قاراشقا بولىدىكەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، — دېدىم مەن، — ناماز ئوقۇغاندىمۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىنىدۇ. مېيىتنى سۇغا ئېلىش بىلەن بويىنى سۇغا سېلىش ئوخشاپ كېتىدىكەن. مەلۇم مەنىدىن، بۇمۇ چوڭ تاھارەت قاتارىدىكى ئىش. بىزدە تەننى پاك تۇتۇش روھنى پاك تۇتۇشنىڭ تەييارلىقى، دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا بەزىلەر: «بىتاھارەت يەرگە دەسسىمەسلىك، ھەتتا يۈز يۇماي كۆنگىمۇ قارىماسلىق كېرەك» دەيدۇ. ئاڭلىسام، «ھەدىس» تە، سۇدا ئۆلگەنلەر شېھىت كېتىدۇ، دېيىلگەنىكەن. بىرسى ئۆلۈپ يەرلىككە قويۇلۇۋاتقاندا يامغۇر ياغسا، ئۇنى گۇناھى پاكلىنىپ جەننەتكە كىرىدۇ، دەيدىغان قاراشلارمۇ بار. قارالىڭ، مېيىت يۇغان سۇنى ئاياغ ئاستى بولۇپ كەتمىسۇن، دەپ مەخسۇس جابدۇقتا سۇنى يىغىۋېلىپ، ئۇنى ئالايىتەن ئېتىزغا ئاپىرىپ تۆكىدىكەن.

— بۇگۈن ئەتىگەن سىز بارمىدىڭىز، — دېدى ئۇ، — ئاياغ مەھەللىدە بىر ئۆلۈم بوپتىكەن، سۈرەتكە تارتىۋېتىپ بىر ئىشنى بايقاپ قالدىم. ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ بېلىگە ئاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىگمەيتتۇ. كۆپ ئاياللارنىڭ بېشىدا ئاق ياغلىق، بىرنەچچىسىنىڭ بېشىدا قاراياغلىق تۇرىدۇ. بۇ ئادەتلىرى ئۇرۇمچىگە ئوخشىمامدۇ، نېمە؟

— ئۇرۇمچىدىمۇ ئاشۇنداق ئەھۋاللار بار. كۆپىنچە ئۆلۈملەردە ئاق چىگىلىدۇ، لېكىن بەزىلەر ئاق چىگىشنى مانى دىنىدىن قالغان ئادەت، قەدىمدە قارا چىگىلەتتى، شۇڭا قارىلىق تۇتۇشتا قارا چىگىش كېرەك، دەپ قارايدۇ. بەزىلەر مەيلى ئاق، مەيلى قارا چىگىلسۇن، مەقسەت ئۆلۈم ئىگىلىرىنى باشقىلارغا تونۇتۇش، شۇڭا بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، دەيدۇ. كەنت كىچىك، ئادەملەر بىر ـ بىرىنى تونۇغاچقا، ئەرلەر بېلىگە ئاق چىگمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. مېنىڭچە، بۇ ئۆلۈم ئۇزىتىش ئادەتلىرىنىڭ ئاددىيلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقى. ئاڭلىسام، قەشقەر تەرەپلەردە نەزىر بېرىلمەيدىغان، بېرىلسىمۇ ئىنتايىن كىچىك دائىرىدە بېرىلىۋاتقان ئوخشايدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇلار ئۇرۇمچىدىن ئىلغارراق تۇرىدۇ.

— مېنىڭچە، — دېدى يېنىمىزدا كېتىۋاتقان ئابلەت ئىمىن سۆز قىستۇرۇپ، — ئۆلۈم ئۇزىتىشتىكى ئاق چىگىش بىلەن كېپەنلەش بىر يۈرۈش ئىش بولسا كېرەك. كېپەنلەشكىمۇ ئاق ئىشلىتىلىدۇ.

— ئەر مېيىت بىلەن ئايال مېيىتنىڭ كېپەنگە ئېلىنىشى ئوخشىمايدۇ دەيدۇغۇ، راستمۇ؟ — دىلمۇراتمۇ سوئال قىستۇرۇپ ئۈلگۈردى.

— راست، — دېدى ئابلەت، — ئەرلەر ئۈچ قات كېپەنگە، ئاياللار بەش قات كېپەنگە ئېلىنىدۇ. سىرتىدىن سانىغاندا، بىرىنچى قېتى «تاش كېپەن»، ئىككىنچى قېتى «تاش كىيىم»، ئۈچىنچى قېتى «كۆڭلەك» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاياللار ئۈچۈن تۆتىنچى قېتى ئىچ كۆڭلەككە ئوخشاشراق بولىدۇ، ئۇنى

«سىنبەل» دەيدۇ. بەشىنچى قېتى باش ۋە يۇز پۈركەنجىسى، ئۇنى «خىملا» دەپ ئاتايدۇ... تېخى ئەر بىلەن ئايالنىڭ قەبرىسىدىمۇ پەرق بار. مەسىلەن، تۇلۇقچا قەبرىنى ئالساق، تۇلۇقچا شەكلىنىڭ ئاستىدىكى سۇپا ئەرلەرنىڭ ئىككى، ئاياللارنىڭ ئۈچ بولىدۇ.

— ئۇنى نېمە دەيتتى، ئۇنىمۇ دەپ بېرىڭ ئەمدى، — مەن ئابلەتكە ئىلھام بەردىم.

— ئەرلەرنىڭ بىر سۇپىسىنى «سېلىنچا» ياكى «تالالىق» دەيدۇ، يەنە بىر سۇپىسىنى «كۆرپە» ياكى «ئۆيلۈك» دەيدۇ. ئاياللارنىڭ سۇپىسىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىنى «سۇپىرا»، ئىككىنچىسىنى «ئاشتاختا»، ئۈچىنچىسىنى «نوغۇچ» دەيدۇ ...

ھە راست، ئەخمەت، تولۇقچا قەبرىلەرگە قارىسىڭىز، ئۇستىگە يوپۇق يېپىلغان بۆشۈك شەكلىگە ئوخشايدۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

«بەرھەق شۇنداق، قەبرىلەرنىڭ كۆرۈنۈشىمۇ، تاۋۇتىمۇ، ھېلىقى (سۇغا ئالغۇچ)مۇ، ھەممىسى بۆشۈككىلا ئوخشايدۇ. ئۆلۈم گويا تۇرمۇش بۆشۈكىدىن تۇپراق بۆشۈكىگە يۆتكەلگەندەكلا ئىشمىدۇ؟ — مەن خىيالغا چۆمدۈم، — تۇغۇلىدىكەنسەن، يۇيۇندۇرىدىكەن، ئاپپاق زاكىغا يۆگىلىدىكەنسەن، بۇنىسى سېنى پاكلاش؛ ئاناڭنىڭ ئاق سۈتىنى ئېمىپ پاكلىق تۇيغۇسى ۋۇجۇد - ۋۇجۇدۇڭغا سىڭىدىكەن. چوڭ بولىدىكەنسەن، تىرىكچىلىك يوللىرىدا ئېلىشىدىكەنسەن، چېلىشىدىكەنسەن، بەزىدە شۇ پاكلىق ئەقىدىلىرىڭمۇ بۇلغانغاندەك ھېس قىلىدىكەنسەن، شۇنداقتىمۇ پاكلىق تۇيغۇسى قېنىڭدا ئۇرغۇپ تۇرىدىكەن، نەپسىڭنى چەكلەپ تۇرىدىكەن؛ ياخشىلىققا ئىنتىلىدىكەنسەن، لېكىن سەۋەنلىكلەرمۇ، خاتالىقلارمۇ بولۇپ تۇرىدىكەن. ئاخىر بىر كۈن

يەيدىغان رىزقىڭ تۇگەيدىكەن. شۇ چاغدا خۇددى تۇغۇلغان ۋاقتىڭدىكىگە ئوخشاش، يەنە سۇغا ئېلىنىدىكەنسەن، بۇرۇن زاكىلانغان بولساڭ، ئەمدى كېپەنلىنىدىكەنسەن، لېكىن ئىككىلىسىدە ئاق بىلەن، ئاق خەسە ياكى ماتا بىلەن. ئۇ چاغدىكى تىرىكلەرنىڭ ئەقىدىسى: پاك كەلگەنىدىڭ، پاك كەت ! مانا مۇشۇ !

ئۆرپ ـ ئادەتلەرگىمۇ ئىنساننىڭ ئاجايىپ ئىنتىلىشلىرى سىڭگەن بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئاچقۇچ زاھىرەن كۆرۈنۈشلەردىن ماھىيەتلىك مەنىلەرنى تېپىشتىلا.

ئەي پاكلىق، سەن پاكىزلىق، سەن پاك ئىزلىق ! ئادەم بىنا بولغاندىن تارتىپ سېلىنغان بۇ پاك ئىز توپا ـ چاڭلار ئىچىدىمۇ كۆمۈلۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان دېھقاندەكلا هامان پاكلىققا، ھالاللىققا ئىنتىلىدۇ».

# غەدىر مازار

بىرەر يەرگە بارغاندا قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىپ خالىس دۇئا قىلىپ قويۇش بىزدە شۇ يۇرتقا قىلىنغان ھۆرمەت ھېسابلىنىدۇ.

ئالدىمىزدا ئۇچرىغان قەبرىستانلىققا مەن، ئابلەت ئىمىن، دىلمۇرات ئۇچىمىز كىردۇق. خەنزۇ ھەمراھلىرىمىز يەرلىك خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن قەبرىستانلىقنىڭ ئىچىگە كىرمەي ئەتراپىدا يۈرۈپ سۈرەتكە تارتتى. بۇ قەبرىستانلىق غەدىر مازار، دەپ ئاتىلىدىكەن. تۆت يۈز يىلدىن بۇيان بەش كەنتنىڭ ئادەملىرى ۋاپات بولغانلارنى مۇشۇ دۆڭلۈككە دەپنە قىلىپ كېلىۋېتىپتۇ.

كۈننىڭ ئاپتىپىدا تاۋلىنىپ تۇرغان زومچەك ـ زومچەك دۆۋىلەر، ئۇيەر ـ بۇيەرلەردىكى چاتقال، ئايغىمىز ئاستىدىكى ئۆلۈك توپىلار ماڭا قەبرىستانلىق تۇيغۇسىنى ئەمەس، چۆل تۇيغۇسىنى بېرەتتى. بۇ بەلكىم كۆز چاقنىتىپ تۇرغان قۇياشنىڭ كارامىتى بولسا كېرەك. كۈن پاللىدە چىققاندا ئەتراپ جۇشقۇن ھالىتى بىلەن كۆزىڭىزگە تاشلىنىدۇ، كۈن چىقمىسا، كۆپ نەرسىلەر كۆزىڭىزگە مىسكىن كۆرۈنىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ گۈگۈمدا، ئايدىڭ كېچىلەردە كۆزىڭىزگە مۇڭلۇق، ھەتتا سۇرلۇك كۆرۈنۈشى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، نۇرغىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

كېتىۋېتىپ قەبرە ئالدىغا قويۇلغان كۆچەتلەرگە دىققەت

قىلدىم، قۇم قاتلىمى قېلىن بولغاچقا، ئۇرغۇنى ئەي بولماپتۇ. قۇرۇق تىكلىنىپ تۇرغان بۇ شادىلارنىڭ بەزىسىگە ئاق، بەزىسىگە قارا لاتىلار باغلاپ قويۇلۇپتۇ. خۇددى ماتەمدارلىقنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئۇرۇمچىلىكلەرنىڭ بەزىسى ئاق، بەزىسى قارا پوتىلارنى بېلىگە باغلىۋالغانلىقىغا ئوخشاش.

ئەي بولغان بىر كۆچەتكە قارىدىم. ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر دەرەخمۇ ئوبدانلا ئاينىپتۇ. قارىغاندا توپىسى يۆتكەلگەن يەر ئوخشايدۇ، پات ــ پات سۇ ئەكېلىپ سۇغارغان بولسا كېرەك، يوپۇرماقلىرى سارغىيىشقا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، ئومۇمىي يېشىللىقنى يوقاتمىغان بۇ دەرەخكە قاراپ ئويلىنىپ قالدىم: ئۇرۇمچىدىمۇ شۇنداق، بۇ يەردىمۇ شۇنداق ئىكەن، ھەممىمىزلا ئاتا ــ بوۋىلىرىمىزنىڭ تۇپرىقىغا دەرەخ قويۇشقا ھېرىسمەن ئىكەنمىز. نېمىشقا شۇنداق؟ بەلكىم ئۇلارنىڭ روھىنى ساپ ھاۋادىن بەھرىلەنسۇن دەيدىغاندىمىز، بەلكىم ئۆزىمىز تۇپراق بېشىغا چىققاندا، يېشىللىق مەنزىرىسىگە قاراپ روھىمىزنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغاندىمىز. لېكىن، قەدىمكى زاماندىكى ئەجدادلىرىمىزدا بۇنىڭغا قارىتا باشقىچە بىر ئەقىدە بار ئىدى. ئۇلار دەرەخنى يىلتىزى بىلەن تەھتىسارا (يەر ئاستىنى)، غولى بىلەن زېمىننى، شاخلىرى بىلەن ئاسماننى تۇتاشتۇرىدىغان خاسىيەت ئىگىسى دەپ قارايتتى. يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن ئىنساننىڭ روھى مۇشۇ دەرەخ ئارقىلىق كۆككە ــ جەننەتكە يېقىنلىشالايدۇ، دەپ ئويلايتتى. دېمەك، «دەرەخ ــ جەننەتنىڭ شوتىسى». نېمىدېگەن بۈيۈك ئەقىدە ــ ھە! بۇ ئەقىدىنىڭ يوشۇرۇن كۈچ ــ قۇدرىتىنى، دەرەخلەرنىڭ خاسىيىتىنى تەكلىماكان پەرزەنتلىرى ھەممىدىن ئوبدان چۈشىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار دەرەخ ئارقىلىق جەننەت ھاۋاسىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، دەرەخ ئارقىلىق جەننەتنىڭ سايىمان ــ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جابدۇقلىرىغا، ئاياق ـ قاچىلىرىغا ئېرىشىدۇ، دەرەخ ئارقىلىق جەننەت نېمەتلىرىگە — مېۋىلىرىگە ئېغىز تېگىدۇ...
— بۇنىڭغا قاراڭ!
ئابلەت ئىمىنىنىڭ گېپى مېنى خىيالدىن ئويغاتتى. ئالدىمىزدا رەسمىي ئۆينىڭ جازىسىغا ئوخشايدىغان چاسا قورۇلمىلىق ۋادەكىنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە ياش بالا قىرائەت قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى قەبرىنىڭ نەمخۇش توپىسىغا قاراپ، بۇ مېيىتنىڭ يېڭى قويۇلغانلىقىنى جەزم قىلدىم.
— بۈگۈن ئەتىگەندە ئۆزىتىلگەن مېيىت مۇشۇ، — دېدى دىلمۇرات. ئابلەت ئىمىن بىلەن ئىككىمىز بۈگۈن ئەتىگەن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ بولغۇچە، ھەمراھلىرىمىز بۇ ئۆلۈمنىڭ پەتىسىگە بېرىپ سۈرەتكە تارتىپ ئۈلگۈرگەنىدى.
ئادىتىمىز بويىچە ئىككى ئالقىنىمىزنى ئېچىپ مېيىتنىڭ روھىغا ئەمىنلىك تىلەپ يۈزىمىزنى سىيپىۋەتتۇق ـ دە، نېرى كەتتۇق. مېيىت ئىگىلىرىگە گەپ ئاڭلانمايدىغان يەرگە بارغاندا، قەبرە تۈزەشتۈرۈۋاتقان بىر كىشىدىن ھېلىقى ۋادەكىنىڭ نېمىلىكىنى سورىدىم.
— ئۇ كۆچمە ئۆي، — دېدى ئۇ كىشى، — مېيىت ئىگىلىرى ئۈزلىرى «قۇرئان» تىلاۋەت قىلىدىغان قەبرىنىڭ ئالدىغا يۆتكەپ ئاپىرىپ ئىشلىتىدۇ.
بېشىمنى لىڭشىتتىم. بۇمۇ دەرەخنىڭ خاسىيىتى. ئەگەر دەرەخ بولمىغان بولسا، بۇ چۆل خەلقىنىڭ ئۆيى بولارمىدى. ئۇلارنىڭ قوشام ئۆيلىرىمۇ، بايامقى كۆچمە ئۆيلىرىمۇ ھەممىسى دەرەخنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان. ئەنە، بىرنەچچە قەبرىنىڭ ئۈستىدە ياغاچ ۋادەكلەر تۇرۇپتۇ. ئۇمۇ بۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۆي.

زامانى ئەۋۋەلدە بۇنداق ياغاچ جازىلار سىرت گۆرلۈك كولىنىپلا ئىچىگە قويۇلغان، ئۇستىگە ياغاچ، شاخ ـ شۇمبىلار يېپىلىپ مېيىتكە ماكان قىلىنغان. بۇنداق گەمە گۆر ئەجدادلارنىڭ نەزىرىدە، مېيىتنىڭ ئۆيى ھېسابلىناتتى. ھازىرقى پەرقى ۋادەكنىڭ سىرتقا چىقىپ قالغانلىقىدىلا. ئەنە ئاۋۇ يەردىكى رەسمىي ئۆي ئىچىگە ئېلىنغان قەبرە بۇنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ، ماۋۇ ئالتە ـ يەتتە مېتىر چوڭقۇرلۇقتا تاش يەرلىكى كولىنىپ، يان تەرەپتىن ئويۇلۇۋاتقان ئادەم بويىدىن ئۇزۇن ئىچ گۆرلۈكمۇ ئۆڭكۈرسىمان ئۆي ئەمەسمۇ...

دەرەخ، قەبرە، ئۆي توغرىسىدىكى خىياللىرىم قالايمىقانلىشىپ كەتتى. چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. قەبرىستانلىقنىڭ سىرتىغا قاراپ ماڭدۇق. ياقىغا يېقىنلاشقاندا ئالاھىدە بىر قەبرە دىققىتىمنى تارتتى.

بۇ قاپ بىلىدىن يېشىللىق بەلبېغى بىلەن باغلانغان قەبرە ئىدى. يەرلىك دۆۋىسىنىڭ ئۇستىدىن چىقىرىلغان تەكشىلىككە بۇغداي مايسىسى ئايلاندۇرۇپ كۆچۈرۈلگەن، ئاندىن سۇغىرىلغانىدى. مېيىت ئىگىلىرى تەرىپىدىن تۇجۇپىلەپ قىلىنغان بۇ ئىش مېنى بەكلا ھاياجانغا سالدى. قەبرىلەرگە ئۇچار قاناتلار يېسۇن دەپ بۇغداي چېچىپ قويىدىغان ئىشلارنى مەن ھەممە يەردە كۆرگەن. دادامنىڭ قەبرە بېشىغا چىقسام، تۇپرىقىغا گۇرۇچ چېچىپ قويىدىغان ئىرىملارنى مەنمۇ ئاندا ـ مۇندا قىلىپ قويىمەن، لېكىن بۇنداق بۇغداي تېرىپ قويغان ئىشنى زادىلا كۆرمەپتىكەنمەن.

قەدىمكى زامانلاردا كىشىلەر ئۆلۈكلەرنى دەپنە قىلغاندا، گۆرنىڭ ئىچىگە زىرائەت، ئۆسۈملۈكلەر ئۇرۇقىنى قويۇپ ھەمدەپنە قىلىدىغان ئىشلارمۇ بولغانىكەن، سىرتىغا دان



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چېچىپ قويۇش ھازىرمۇ بار. بۇ يەرگە بولسا، بۇغداي تېرىپ قويۇلۇپتۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب نېمىدۇ؟ مەن بۇ سوئالنى ھەمراھلىرىمغا تاشلىدىم.

— ئادەم بۇ دۇنيادىمۇ زىرائەتتىن ئايرىلمىغان، ئۇ دۇنيادىمۇ ئايرىلمىسۇن دەپ شۇنداق قىلىدىغاندۇ، — دېدى دىلمۇرات ھەييارلارچە ھىجىيىپ.

— مېنىڭ بىلىشىمچە، — دەپ سۆز باشلىدى ئابلەت ئىمىن، — بۇ يەرنىڭ خەلقى بىر زامانلاردا ئوتقا چوقۇنغان. شۇ دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يۈز بەرگەن بىر ئۆزگىرىشنىڭ ئالتە سۈپىتى بار ئىكەن. ئالتىنچى سۈپىتى ئۆسۈملۈك، زىرائەتكە ئالاقىدار. شۇ چاغدا ئادەملەر ئۆسۈملۈكلەرنى مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە، بۇ يىل ئۆلسىمۇ، كېلەر يىلى تىرىلىدۇ دەپ قارايدىكەن. ئۆلۈككىمۇ شۇ ئۈمىدتە قىلىنغان ئىشمىكىن.

ئابلەت ئىمىننىڭ زىيالىيغا خاس پىكرى مېنى قايىل قىلدى. ئادەملەرنىڭ «تىرىلىش» قارشىمۇ ھاياتلىققا قىزىقىش روھىي ھالىتىدىن پەيدا بولغان. ئۇزۇن - تۇغقانلىرىنىڭمۇ، يەنە ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەندە ئۆزىنىڭمۇ مەيلى قايسى دۇنيادا بولمىسۇن قايتا تىرىلىپ ياشىشىنى كىم ئارزۇ قىلمايدۇ. بۇ دۇنيادا بىر - بىرىنىڭ غېمىنى يەپ ئۆتكىنىپ قالغان ئادەملەر ئۆزلىرىگە ناتونۇش دۇنياغا كېتىپ قالغانلارنىڭ غېمىنى تېخىمۇ يەيدۇ. مەيلى قەبرىگە دان چاچقۇچىلار، مەيلى بۇ بۇغداي مايسىسىنى تىككەنلەر بولسۇن، ھەممىسىلا ئۆلگۈچىلىرىنىڭ ئۇ دۇنيادىكى ئېھتىياجىغا كۆڭۈل بۆلگەن. قاراڭ، يېنىمىزدىكى قەبرىدە بىر ئايال مۆڭگىلىنىپ دۇئا قىلىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ يەر ئاستىدا ياتقان قەدىرلىك ئادىمى ئۈچۈن تىلەك تىلەيدۇ، ئىچىدە تىلەيدۇ، نېمىلەرنى تىلەۋاتقانلىقىنى ئۇقمايمىز، لېكىن ئەڭ ياخشى تىلەكلەرنى تىلەيدۇ. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دۇئاسىنى قىلىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، يەرلىكنى كەتمىنى بىلەن تۈزەشتۈرۈپ قويدى ـ دە، غەلىتە ئاۋازدا تووۋلاپ قويۇپ توپىلىق يولغا چۈشتى. ئۇنىڭ كېيىنكى ئاۋازلىرىدىن مەلۇم بولدىكى، تىلسىز ئىكەن. ئۇنىڭ تىلسىز ئىداسىدىن تىل بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولمايدىغان بىر مەنە ــ تىرىكلەر بىلەن ئۆلۈكلەر رىشتىنى ئىزهار قىلىدىغان چوڭقۇر بىر مەنە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

# روزى ئاتلىقلار تويى

«روزى» ئىسىملىكلەرنىڭ كۆپ ھاللاردا بىر ئايدا — روزى ئېيىدا تۇغۇلغانلىقى راست، لېكىن بىر كۈندە تۇغۇلۇشى ناتايىن، بىراق ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسىنىڭ خەيرلىك ئىشى بىر كۈنگە، يەنە كېلىپ بۈگۈنگە توغرا كېلىپ قالغانىدى. ئەتىگەندە روزىنىساخاننىڭ ئىسمىنى قويۇش مۇراسىمىغا قاتناشقانىدۇق. چۈشتىن كېيىن بولسا، روزىگۈل بىلەن روزى توختىنىڭ تويىغا داخىل بولدۇق.

تويىنىڭ كەيپىياتى قىزغىن، لېكىن نەغمىسى يوق ئىدى. «ئېھتىمال، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ياكى قولۇم - قوشنىلىرىدىن بىرەرى يېقىن ئارىدا تۈگەپ كەتكەن بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم. بۇ ئۇيغۇرلارغا ئورتاق ئادەت ئىدى. بۇنداق نەغمىسىز تويىنى بۇ يەردە «گاچا توي» دەپ ئاتايدىكەن. مەن سورۇندىكىلەردىن بۇ يەرنىڭ توي ئادەتلىرىنى سۈرۈشتە قىلىپ باقتىم. تويىنىڭ ئالدىدىكى ئەلچى ئەۋەتىشنى «قۇلاقلىشىش» دەپ ئاتايدىكەن. چاي ئىچۈرۈشنى «گۈل تۈگدى» دەيدىكەن. ئىلگىرى ئاتا - ئانىلار تويدىن بۇرۇن يىگىت - قىزنىڭ دىتىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، يىگىتكە چوقاتماق كۆتەكلەرنى ياردۇرۇپ، قوي سويدۇرۇپ، بولغۇسى كېلىنىنى گىلەم - كىگىز ئۈستىدە قاچا يۇدۇرۇپ، قوناق ئۈنىدا يۇمدان ئەتكۈزۈپ كۆرۈپ باقىدىغان ئىشلار بار ئىكەن. ھازىر بۇ ئىشلار ئۆرپ - ئادەتتىن قاپتۇ. توي ھارپىسىدا ئاپىرىدىغان

چاينى «پارچە توي» دەپ قويىدىكەن.

بىز قىز تەرەپنىڭ تويىغا قاتناشقانىدۇق. يىگىت تەرەپنىڭ مېھمانلىرى كېلىپ پولۇ، سېرىقئاش تارتىلغاندىن كېيىن «ساندۇق ئېچىش» باشلاندى. بۇ يەردىمۇ بۇ ئىشنى ئاياللارنىڭ سۆزمەنى قىلىدىكەن. ئوتتۇرا ياشلىق بىر چوكان ئاۋۋال بىر كۆپلىپ قوشاق ئوقۇۋەتتى، ئاندىن يوغان ئېچىپ ياپقان ئىككى ناننى ئىككى قولتۇقىغا بىردىن قىسىپ ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، تويلۇقلارنى سورۇندىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. مەن قىزىل، يېشىل كىيىم ـ كېچەكلەرگە ئانچە دىققەت قىلماي كەتمىدىم، دىققىتىم يەنىلا ھېلىقى ئىككى ناندا ئىدى.

ئۇرۇمچىدىمۇ بۇ مۇراسىمنىڭ باشلىنىشى ناندىن بولىدۇ. بىز ھەممىمىز ناننى ئۇلۇغلايمىز. چۈنكى، ئۇ ھاياتلىقىمىزنىڭ كاپالىتى. شۇڭا، «نېنى يوقنىڭ جېنى يوق» دەيمىز. ئۇ بىزگە ئۆيلەردىمۇ ھەمراھ، چۆللەردىمۇ ھەمراھ، يوللاردىمۇ ھەمراھ، تويلاردىمۇ ھەمراھ. ئۇ بىزگە نوقۇل ھەمراھلا ئەمەس، يەنە ئەڭ نوپۇزلۇق گۇۋاھچى. ئاۋۇ چوكان قولتۇقىدىن ئۆتكۈزگەن ئىككى نان ئىككى ياشنىڭ بېشى قوشۇلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرۇپتۇ. ئەنە، ئاخۇنۇم نىكاھنى ئوقۇپ سۇپكۆچلىگەن ئىككى بۇردا شاكىراب نان ــ ئۇمۇ بۇ نىكاھقا گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرۇپتۇ.

ــ روزىگۈل، روزى توختىنىڭ نىكاھىنى ئۆزىڭىزگە قوبۇل قىلدىڭىزمۇ؟

ــ قوبۇل قىلدىم.

ــ روزى توختى، روزىگۈلنىڭ نىكاھىنى ئۆزىڭىزگە قوبۇل قىلدىڭىزمۇ؟

ــ قوبۇل قىلدىم.

«ئەگەر بۇ ۋەدەمگە ئەمەل قىلمىسام، ئاناڭ ئۆلسۇن مېنى، ئانا !»

بۇ شاكىراپ ئاننى چايناپ يۇتۇۋاتقان قىز بىلەن يىگىتنىڭ ھېچكىمگە ئاڭلاتماي ئىچىدە دەۋاتقان، لېكىن ئەتراپتىكى ھەممەيلەن بىلىپ تۇرۇۋاتقان قەسىمى.

ئان بىز ئۈچۈن دىدار. ئەنە، ئۆي چوڭلىرىنىڭ خۇشلىنىشىۋاتقان قىزنى ئۇزاتقاندا بەش ئاننى بېشىدىن ئۆرۈۋاتقىنى داۋاملىق دىدارلىشىپ تۇرۇش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئىرىمى.

ئەي ئان... ئەي ئان...

مەن ئاندىن خىيالىمنى يىغىپ يېنىمدا ئولتۇرغان مويسىپىتتىن توي كۆچۈرۈشكە ئائىت ئادەتلەرنى سورىدىم.

— بۇرۇن قىزنى قارا كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ كۆچۈرەتتىكەن، كېيىن قىز يىگىت ئەكەلگەن ئاتقا مىندۈرۈلۈپ كۆچۈرۈلىدىغان بوپتۇ. قىز بىلەن يىگىتكە چوقۇم ئوخشاش رەڭلىك ئات تەييارلىنىدىكەن. ئالا نىيەت ئارىلاپ قالىدۇ، دەپ ئالاچىپار ئاتقا مىندۈرۈلمەيدىكەن. ئەگەر ئوخشاش قېنىق رەڭلىك ئىككى ئات تېپىلماي قالسا، قىز يىگىتنىڭ كەينىگە مىنگىشىدىكەن. كېيىن ئات ھارۋىسى — مەپىلەردە كۆچۈرىدىغان بولدۇق، — دېدى ئۇ كىشى چۈشەندۈرۈپ.

بۈگۈنكى توي پىكاپتا كۆچۈرۈلدى. تويىنىڭ پۈتكۈل جەريانى سىنئالغۇغا ئېلىنىۋاتاتتى، ھەمراھلىرىمىز بولسا، سۈرەتكە ئېلىۋاتاتتى. لېكىن، ئەمدىكى بەزى ئىرىملارنى سىنئالغۇمۇ، سۈرەتكىمۇ ئالغىلى بولمايتتى. قىز كۆچۈرۈلۈپ بارغاندىن كېيىن ئاستىغا تاش، بولقا دېگەندەك ئېغىر، قاتتىق - قۇرۇق نەرسىلەر قويۇلغان كۆرپىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇلىدىكەن، قىزنىڭ كەينىدىكى تامغا قىزنىڭ ئۆيىدىن ئوغرىلاپ كېلىنگەن

مىخ قېقىلىدىكەن. بۇ قىزنىڭ يېڭى ئۆيدە قاتتىق ـ قۇرۇققا كۆنۈپ مىختەك ئورۇن ئېلىشىغا قىلىنىدىغان ئىرىم ئىكەن، يەنە «يۈز ئاچقۇ»دا قىزنىڭ يۈزىدىكى ياغلىق نوغۇچ بىلەن ئېچىلىدىكەن. بۇرۇن قىز ـ يىگىتنى گۈلخاندىن ئاتلىتىدىغان ئىش بار ئىكەن، كېيىن شام، چىراغدىن ئاتلىتىدىغان بوپتۇ. ئاتەشپەرەسلىكتىن قالغان بۇ ئىرىم بارا ـ بارا جەلپ قىلىش كۆچىنى يوقاتقان بولسا كېرەك، هازىر بۇ ئادەت ئاساسەن ئەمەلدىن قاپتۇ. توينىڭ ئۈچىنچى كۈنى يىگىت تەرەپ قىزنى ئېلىپ قۇدىسىغا سالامغا كەلگەندە قىزنىڭ ئىپپەتلىك چىققانلىقىنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە بەش ناننىڭ ئۈستىگە بىر تال گۈل قويۇپ كېلىدىغان ئادەتمۇ بار ئىكەن. ئەكسىچە ئەھۋالدا، بىر ناننىڭ ئوتتۇرىسىنى تېشىپ داستىخانغا قويۇپ قويىدىغان ئىشنى ئۇرۇمچىدە كۆرگەنىدىم. بۇ ئەسلىدە شامان سېھىرگەرلىكىدىن قالغان ئىش ئىكەن. ئۇلار ناننىڭ جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ يامانلىقىنى توسۇش، پاش قىلىش خىسلىتى بار، دەپ قارايدىكەن. شۇڭا، «ناننىڭ تۆشۈكىدىن دارۋازىغا قارىسا، دارۋاز ئارقاندىن يىقىلىدۇ؛ سېھىر قىلغۇچىغا قارىسا، ئۇنىڭ ئەسلى ئەپت ـ بەشىرىسى ئاشكارا بولىدۇ» دەيدىكەن. ناننى تېشىپ قايتۇرۇش شۇنىڭدىن قالغانمۇ ياكى باشقىچىمۇ، بىلمىدىم.

قىز كۆچۈرۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن قورۇ بېسىققا چۈشتى. بىزمۇ باشقا مېهمانلار بىلەن بىللە قايتتۇق. تويدا بىزگە ئىزچىل ھەمراھ بولغان يېزا ئورگان كادىرى نەبى ئابدۇرېھىم يېنىمدا مۆڭلىنىپ كېتىۋاتاتتى. يېشى ئوتتۇزلار ئەتراپىدىكى بۇ يىگىت بۈگۈنكى يېڭى كېلىنچەكنىڭ تۇغقىنى ئىدى. قىز بايام ئۇزاپ ماڭغۇچە بۇ تۇغقىنىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ يىغلاپ خوشلاشقانىدى. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تۇگەپ كېتىپتىكەن.

تەبىئىنىڭ بەلكىم بۈگۈنكى خۇشاللىق كۈندە شۇلارنىڭ بولمىغانلىقىغا كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقاندۇ، بەلكىم قىزنىڭ بايامقى يىغلىشىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمايۋاتقاندۇ.

قىزنىڭ كۆچۈرۈلۈپ ماڭغاندا يىغلىشى بىزدە ئومۇمىيۈزلۈك ئادەت. بۇنىڭ بىر سەۋەبى ئومۇمىي ئىنسانغا ئورتاق. ئۇ بولسىمۇ خۇشاللىقنى ئىزھار قىلىشنىڭ يولى كۈلكىلا بولمايدۇ، يىغىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە يۈرەكتىكى خۇشاللىقنىڭ ئۇقچۇپ چىقىشى بولىدۇ. ئەمدى ئىككىنچى بىر سەۋەبكە كەلسەك، بىزدە بۇرۇن قىزلارنى بەك بالدۇر ياتلىق قىلىدىغان ئادەت بار ئىدى. يېشى كىچىك قىزلارنىڭ تويدىن قانداقتۇر ۋەھىمە ھېس قىلىپ يىغلىشىمۇ تەبىئىي. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرى ئالدىدا غەمسىز يۈرۈپ ئۆگىنىپ قالغان قىزنىڭ يېڭى بىر ئۆيدە زىممىسىگە ئالىدىغان مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىمۇ ئۇنى پاراكەندە قىلىشى مۇمكىن.

لېكىن، بۇنداق يىغلارنىڭ باشقىچە بىر سەۋەبتىن ھەقىقىي يىغىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى مەن ئۈرۈمچىدە كۆرگەن. بىر كۈنى كەچتە، رېستوران ئاچىدىغان بىر ئاغىنەم بىلەن بىر يەرگە بارىدىغان بىر ئىشىم بار ئىدى، تالادا ساقلىسام چىقمىدى، ئاخىر رېستورانغا چىقتىم. توي دەۋاتقان، لېكىن ئويلىمىغان يەردە يىغا ـ زارنىڭ ئۈستىگە چىقىپتىمەن. سۈرۈشتۈرسەم، توي ئىگىلىرى ئۈستەلنىڭ پۇلىنى تۆلىيەلمەي بولۇۋاتقان قىيامەت ئىكەن. ئۇلار تويغا كەلگەن مېھمانلاردىن چۈشكەن پۇلدا تۆلەيمىز، دەپ ئويلاپتىكەن، لېكىن سالغان داستىخانغا تۇشلۇق پۇل چۈشمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن رېستوران غوجايىنلىرى پۇلنى تۆلىمىسەڭلار، قىزنى كۆچۈرۈپ كېتىشكە بولمايدۇ، دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆلارنى توسۇۋاپتۇ. توي ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسى يىغلىغۇدەك ئەھۋالدا، تويى بولغان قىز بولسا ھەقىقىي يىغىدا ئىدى. شۇ چاغدا راستىنى دېسەم، ماڭىمۇ سەل يىغا ياماشتى. مەن نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى شەھەرلىكلەرنىڭ توي ھەشەمىلىرىگە كۆلگەن، غەزەپلەنگەن، ئەمدى يىغلىغۇم كېلىپ تۇراتتى. خىلمۇخىل تويلار، ئەنئەنىۋى تويلارلا ئەمەس، يېڭىدىن - يېڭى ئىسىم قويۇلۇپ ئىجاد قىلىنىۋاتقان تويلار، شەھەرنىڭ ماۋۇ چېتىدىن ئاۋۇ چېتىگە، ھەتتا شەھەر ئاتلاپ تارقىتىلىۋاتقان باغاقلار، داستىخاندا ئىسراپ بولۇپ چېچىلىپ، ئاخىر ھايۋانلارنىڭ رىزقىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقان ئېسىل تائاملار، چاقىرىلغۇچىلارمۇ ئالۋان تاپشۇرغاندەك بېرىپ، چاقىرغۇچىمۇ قەرزداردەك ئېلىپ ھەشەمەتچىلىك سورۇنىدا تاماكىنىڭ ئىسىدەك غايىب بولۇپ كېتىۋاتقان پۇللار، «توي ھەمكارلىقى»دا بەزىسى ۋاقىتىنچە «ھايان» ئېلىپ كۆلۈۋاتقان، بەزىسى ھازىرقىدەك «زىيان» تارتىپ يىغلاۋاتقان ئەھۋاللار كۆز ئالدىمدىن كىنو ئېكرانىدىكىدەك ئۆتۈۋاتاتتى...

خۇداغا شۈكۈر، شەھەرلىكلەرنىڭ روھىيىتىگە راك ھۇجەيرىسىدەك تارقىلىۋاتقان بۇ ئىللەت تېخى بۇ يەرلەرگە — يېزىلىرىمىزغا تارقالغىنى يوق. بۈگۈنكى توي شۇنداق ئاددىي - ساددا ئۆتتى، ئەنئەنىمىز بويىچە «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنۇلدى»، ئىسراپچىلىق بولمىدى، مەھەللە - كوي ئىختىيارىيلىقى بىلەن كەلدى، ئۇلارغا سېلىق سېلىنمىدى، ئەل خۇشال، توي ئىگىلىرى خۇشال، قىز يىغلىدى، لېكىن خۇشاللىقتىن يىغلىدى. نېمىدېگەن يارىشىملىق توي !

«لېكىن، ھەرگىز شەھەرلىكلەرنى دوراپ سالماڭلار، قېرىنداشلىرىم !»

«سىلەرگە مۇشۇنداق خەيرلىك تويلارنى داۋاملىق

ئۆتكۈزۈشكە نېسىپ بولغاي !»

— نېمىگە مۆڭلىنىسىز، نەبى ئۇكا، ھەممىمىزنى خۇشال قىلىدىغان توي بولدى.

بۇ چېچەن يىگىت كۆڭلۈمدىكىنى چۈشەندىمۇ - قانداق، ماڭا قاراپ يېسىڭگىدە كۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# شاھ كەنتى

مەن ئۈرۈمچىدىن چىقمايلا بۇ كەنتنىڭ نامىغا قىزىقىپ قالغانىدىم، كەنت ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپمۇ بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشىغا بولغان قىزىقىشىم پەسەيمىدى. شاھ دېمەك پادىشاھ دېمەك. «شاھ» يەنە «خان»، «بەگ» مەنىلىرىدىمۇ كېلىدۇ. شىمالىي شىنجاڭ تەرەپلەردە ئەرلەر ئىسمىنىڭ كەينىگە كۆپرەك «جان» قوشۇلسا، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا «غوجا» قوشۇلىدىغان، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر بۆلىكىدىن تارتىپ «خان»، «بەگ» قوشۇلسا، ئۇنىڭ نېرىسىغا ئىسمىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە «شاھ» قوشۇلىدىغان ئەھۋاللار خېلى بار. ئىسمىغا بۇ ئاتاقلار قوشۇلىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنى خان ـ غوجا ئەۋلادى دەپ قارايدۇ. لېكىن، «شاھ كەنتى»دە ئۆزىنى ئۇنداق قارايدىغانلارنى مەن ئۇچراتمىدىم. «شاھ» بىر ئۇرۇقنىڭ نامى ئىكەن. بۇ ئۇرۇقتىكىلەر كەنتتىكىلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىكەن. مەن بۇلار ئەسلىدە شاھ ـ خان ئەۋلادى بولسا، ھازىرقى نامراتلىقىدىن نومۇس قىلىپ يوشۇرۇۋاتقاندۇ، دەپمۇ ئويلىدىم. لېكىن، بۇ ئۇيغۇر پېسخىكىسىغا يات ئوي ئىدى. بىزنىڭ پارلاق ئۆتمۈشىمىز بىلەن ئىپتىخارلىنىدىغان، ھەتتا بۇ تۇيغۇ بىلەن مەست بولۇپ گۈزەل كېلەچەك يارىتىش مەسئۇلىيىتىمىز بارلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا تاس قالىدىغان مىجەزىمىز بار. بۇ مىجەزىمىز ئەزەلدىن بار ئىدى دېمەكچى ئەمەسمەن، لېكىن بۇ يېقىنقى بىر قانچە ئون

يىلدىن بۇيان ۋۇجۇدىمىزدا خېلى غالىب ئورۇننى ئىگىلىۋالدى. بىز ئەمدى بولسىمۇ بۇنى ھېس قىلدۇق. پارلاق مەدەنىيەتلەر يارىتىلغان ئۆتمۈشىمىزنى بۇگۈنىنىڭ ئىلھام كۈچىگە ئايلاندۇرۇشنى بىلىۋالدۇق. ئۇنداق ئىكەن، ئۆتمۈشىمىزنىڭ سەلتەنەت سەھىپىلىرىنى ھەرگىز يوشۇرمايمىز، «شاھ» ئورۇقىدىكىلەرمۇ ئۇنداق قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە.

خوش، ئۇنداقتا بۇ «شاھ» نەدىن كەلدى؟

مەن «باي»لارنىڭ ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپمۇ، «ئۇتتۇر ئوقەتلەر»نىڭ ئېتىز - ئېرىقلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپمۇ، «نامراتلار»نىڭ ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپمۇ بۇنى ئويلىدىم. بولۇپمۇ «بەشتە كاپالەتلەندۈرىدىغان» ئائىلىلەردىن ھال سوراۋاتقاندا بۇ خىيالدىن زادىلا نېرى بولالمىدىم. بىز ھال سوراپ كىرگەن كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياشىنىپ قالغانلار ئىكەن. ئابلەت ئىمىن بىزگە ۋاكالىتەن ئۇلارغا ئازغىنا كۆڭۈل سوۋغىسى قىلغاندا، ئۇلار خۇش بولدى، لېكىن ۋىللىدە قىزاردى، قوللىرىغا قەنت - ناۋاتنى ئالغاندا، قەندەك تاتلىق «رەھمەت» دېيىشنى ئۇنتۇمىدى. مەن كوممۇنا مەزگىلىدە كەمبەغەل يۇرتنى تاشلاپ شايارغا يالغۇز جان چىقىپ كېتىپ، ئەمدى زامان ئوڭشالغاندا تۇغۇلغان مەھەللىسىگە سەككىز جان بولۇپ قايتىپ كەلگەن، تېرىلغۇ يەرلەر بۇرۇنلا تەقسىم قىلىنىپ كەتكەچكە، كەنت كادىرلىرى ئاران چىقىرىپ بەرگەن ئىككى مو تۆت پۇڭ يەرنى تېرىپ، يەنە ئۇنىڭ - بۇنىڭ ئىشىنى قىلىپمۇ ھال - كۈنىنى ئوڭشىيالمىغان ئەللىك بەش ياشلىق مامۇتئاخۇننىڭ ئۆيىدىن چىققاندا ھەمراھىمىز ئابباس ياسىندىن سورىدىم:

— ئۇكام، سىلەرنىڭ بۇ يۇرتتا تىلەمچى بارمۇ؟

— يوق، — ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەيلا ئېيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئەمىسە، بىرنېمە سەدىقە قىلساڭلار، كىمگە قىلىسىلەر؟

— باياتىن بېرى سىز كۆرگەن كىشىلەر ھەرگىز سەدىقە قوبۇل قىلمايدۇ. كەنتتە كالللىسى سەل ئاجىز بىر قېرى مەزلۇم بار، كۆپىنچە كىشىلەر سەدىقىنى شۇنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ بېرىدۇ.

— بۇرۇنمۇ تىلەمچى يوقمىكەن؟

— بۇرۇن... مەن كۆرمىگەن، بوۋامدىن ئاڭلىغان، ئىسمىنى ئۇنتۇدۇم، بىر ـ ئىككىسى بار ئىكەن، لېكىن جىق ئالمايدىكەن، كۆلاھىغا چۈشكەن تەڭگە ـ تىيىنلاردىن بىرنەچچىنى ئېلىپ، قالغىنىنى كىچىك باللارغا چاچقۇ مارجان قىلىۋېتىپ، راۋابىنى چېلىپ كېتىپ قالاتتىكەن.

«ھىم... — مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم، — ‹شاھ قەلەندەر›لەر ئىكەن ـ دە.» «شاھ قەلەندەر» — بىزدە سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى. «سوپى»مۇ، «دەرۋىش»مۇ، «قەلەندەر»مۇ، ھەتتا «دىۋانە»مۇ بىزگە پارس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن ئاتالغۇ بولۇپ، ھەممىسى ئۆز ۋاقتىدا تەسەۋۋۇپچىلارنى كۆرسىتەتتى. تەسەۋۋۇپ دىنىي پەلسەپىۋى ئېقىمى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دىيارىمىزغا كىرگەن. ئۇنىڭدا روھىي جەھەتتىن كامالەتكە ئېرىشىشنىڭ «شەرىئەت»، «تەرىقەت»، «مەرىپەت» ۋە «ھەقىقەت»تىن ئىبارەت تۆت باسقۇچى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. چۈشىنىش، قوللىنىش ۋە پايدىلىنىشنىڭ ھەر خىل بولۇشى تۈپەيلى، بۇ ئېقىمدا تەركىدۇنياچىلارمۇ، مۇتەئەسسىپ، خۇراپاتچىلارمۇ، ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىكنى تەنقىد قىلىدىغان پەيلاسوپ، شائىرلارمۇ بولغان. تەسەۋۋۇپنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى «تەرىقەت»تىكى «دۇنيا ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنى تەرك ئېتىش» تەلىپى شۇ زاماندا

خەير ـ ئېھسان قوبۇل قىلىش بىلەن ھايات كەچۈرىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئاۋام خەلق ئۇلارنى «خۇدا يولىدىكى ئاشىقلار» دەپ قاراپ ئۇلارغا سەدىقە بەرگەن. ھەقىقىي تەرىقەت يولىنى تۇتقانلار خەير ـ ئېھساننى كۈندىلىك ئېھتىياجىنى تەمىنلىگۈدەك دەرىجىدىلا قوبۇل قىلغان. لېكىن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ ئۆز كۈچىنى يوقىتىشى بىلەن ئەسلىي ئەقىدە سۇسلىشىپ، ئۇنىڭدىن بەزى يەرلەردە تىلەمچىلىك ئۇدۇملا قالغان. شۇڭا، بىزدە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە «دىۋانە ـ قەلەندەر»چىلىك ئەيىب سانالمىغان. لېكىن، بەزىلەر «قەلەندەر» بىلەن «تىلەمچى»نى قەتئىي پەرقلەندۈرىدۇ: ئەسلىي مەنىدىكى «قەلەندەر»چىلىكتە تىلىمەيدۇ، خەق ئۆز ئىختىيارى بىلەن بېرىدۇ، «تىلەمچى» ئۇنىڭ ئەكسىچە، دەپ قارايدۇ.

ئابباس دەۋاتقان كىشىلەر مەنىسى ئىنچىكە پەرقلەندۈرۈلگەن «قەلەندەر»لەر ئىدى. بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئۇلار بۇنىڭدىن ئۈچ يۈز نەچچە يىل بۇرۇن خوتەن زېمىنىغا كەلگەن ئادالەتپەرۋەر شائىر «شاھ قەلەندەر مەشرەپى سەرسەرى»نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۆزلىرىنى «شاھ قەلەندەر» دەپ ئاتىغان. تاكى يېقىنقى يىللارغىچە «شاھ پاسارخانىنىڭ، شاھ مۇھەممەتنىڭ ئوغۇللىرى خوتەن كوچىلىرىدا ئادەم يىغىپ، راۋابىنى جاراڭلىتىپ ئاجايىپ گەپدانلىقى ۋە ھازىر جاۋاب قوشاقلىرى بىلەن ئەل چېھرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ يۈرگەن» دەپ يازىدۇ خوتەندىكى مەشھۇر يازغۇچىمىز نۇرمەمەت توختى ئەپەندى. مەن بۇ يەردە ھازىرقى زاماندا ساقلىنىپ قالغان بۇ «شاھ قەلەندەر»لەر ئىسمىدىكى «قەلەندەر» سۆزىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغانىدىم. ئابباس ئېيتقان ھېلىقى ئىككى «قەلەندەر» مېنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پىكىر يولۇمنى سەل ئاچقاندەك قىلدى. كەمبەغەل بولسىمۇ تىلەمچىلىكنى نومۇس كۆرىدىغان بۇ كەنتنىڭ ئادەملىرى كېيىنكى چاغلاردا تامامەن تىلەمچىلىك مەنىسىنى بىلدۈرگەن «قەلەندەر» سۆزىنى ئار ئېلىپ «شاھ» نامىنىلا ساقلاپ قالغانمىدۇ؟

مەن بۇ گۇمانىمنى شاھ ئۇرۇقىغا مەنسۇپ شۇجى ئېزىز ئاكىدىن سورىدىم. ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ مۇنداق دېدى:

— بۇ گەپنى مۇشۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئاڭلىشىم. ئون نەچچە يىل بۇرۇن ئىلى تەرەپكە ئېكسكۇرسىيەگە بارغاندا، بىرەيلەن كەنتىمىزنىڭ نامىنى ئاڭلاپ: «ئۇنداقتا سىلەر قەلەندەر ئۇرۇقىدىن ئىكەنسىلەر. بىزنىڭ مۇشۇ يەردىمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان بىر يۇرت بار. ئۇلارنىڭمۇ تېگى قەلەندەر» دېگەنىدى. ئەمدى سىز دەۋاتىسىز.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەنمۇ كۈلدۈم. «قەلەندەر» ھەقىقىي تىلەمچىگە ئايلانغاندا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن نومۇس قىلغۇلۇق؛ «شاھ»لىق — غوجايىنلىق ئىكەن، ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلغۇلۇق. دېمەك، ئۇلار ئىنسانىي ئارزۇ - ئىستەكلەردىن ۋاز كېچىپ، گۈزەل ھاياتلىق يارىتىشقا ئىنتىلمەيدىغان، كۆرگەن كۈنىگە شۈكۈر ئېيتىپ، ئۈمىدسىز قانائەت بىلەن ياشايدىغان «شاھ قەلەندەر»چىلىك تۇرمۇشنىڭ تەسىرىدىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلۇش نىيىتىگە بۇرۇنلا كەلگەن. ئۇلار «قەلەندەر» بولۇپ ياشىمايدۇ، تىلەمچى بولۇپ تېخىمۇ ياشىمايدۇ. شۇڭا، نامراتلىرىمۇ ئىئانە قوبۇل قىلسا ۋىللىدە قىزىرىدۇ، نامراتچىلىقتا قالغىنى ئۈچۈن قىزىرىدۇ، ئۆزگىنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن قىزىرىدۇ، باشقىلاردەك پاراۋان ياشىيالمىغىنى ئۈچۈن قىزىرىدۇ...

بىر كۈنلۈك رىزقىغىلا شۈكۈر قىلىپ ياشايدىغان تۇرمۇش

ھەممە ئادەم ئۇچۇن نومۇس. چۈنكى، ئۇلار يېڭى زاماننىڭ ئادىمى، يېڭىچە يېزىنىڭ يېڭىچە دېھقىنى بولۇپ ياشاش ئۇلارنىڭ تىرىشىش نىشانى.

ئېھ، شاھ كەنتى، سەن چوقۇم شاھانە كەنتكە ئايلىنىسەن.

ئېھ، دېھقىنىم، سەن بۇ زېمىندا چوقۇم شاھتەك ياشايسەن.

چۈنكى، ساڭا زامان يار! ياخشى نىيەت يار! ئىرادە، غەيرەت يار!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كەنت ھاۋاسىنىڭ كارامىتى

— شۇنداق قىلىپ چېيىمىزغا كۆنۈپ قالدىڭىز، — دېدى ئېرىز ئاكا ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، — دېدىم مەنمۇ كۈلۈپ، — بەلەن چاي ئىكەن بۇ!

بۇ چاينى تۇنجى ئىچكەن چېغىمدا سېرىق رەڭگە قاراپ زەپەر چاي ئوخشايدۇ، دەپ سەل ئېھتىيات قىلغانىدىم. چۈنكى، زەپەر سېلىنغان چاي ماڭا زىيان قىلاتتى. كېيىن بىلسەم، بۇ زىرە چېيى ئىكەن. ئۆرۈمچىدە ئىچكىرىنىڭ، چەت ئەلنىڭ ھەر خىل چايلىرىنى ئىچكەن، لېكىن قايناق سۇغا زىرىلا سېلىنغان بۇنداق چاينى ھەرگىز ئىچىپ باقماپتىكەنمەن. بۇ چايغا تېزلا كۆنۈپ قالدىم.

— بۇ چاي مەيدىگە مەنپەئەت قىلىدۇ، — دېدى ئېرىز ئاكا چۈشەندۈرۈپ، — ھاۋا سوۋۇغاندىن كېيىنلا مۇشۇنداق ئىشتەي ئاچىدىغان ئىسسىقلىق چايلارنى ئىچىمىز.

— ھاۋا ئىسسىغاندىچۇ؟

— ئۇ چاغدا ھۆللۈك پەيدا قىلىدىغان چاي ئىچىمىز، ئۆزىڭىزنى سالقىن سېزىسىز. يەنە يېگەن تاماقىمىزنىڭ مايلىق، مايسىزلىقىغا قاراپ بۇ چايلارنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىدىغان ئىشلىرىمىزمۇ بار. مىجەزنى تەڭشەپ ياشايدىغان گەپ.

ئەللىك نەچچە ياشقا كىرىپمۇ مىجەزىمنى تەڭشەش تۇگۇل، ھەتتا ئىچ، تاش مىجەزىمنىڭ قانداقلىقىنى بىلەلمەي يۈرگەن ئادەم بولغاچقا، ئالدىمدىكى چايغا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدىم.

— قېنى ئەمىسە، گۈلقەنتتىن ئېلىشسىلا.

گۈپۈلدەپ قىزىلگۈل پۇراپ تۇرغان بۇ تاتلىق يېمەكلىكنى نان بىلەن قوشۇپ يېگەچ ئېزىز ئاكىنى گەپكە سالدىم.

— خوتەندە گۈلقەنتنىڭ تۈرلىرى خېلى كۆپقۇ دەيمەن.

— شۇنداق، يەۋاتقانلىرى قىزىلگۈلنىڭ. يەنە پىننىنىڭ، ئانار چېچىكىنىڭ، جىگدە چېچىكىنىڭ گۈلقەنتلىرىمۇ بار.

— ھەممىسىلا دورا دېسىلە.

— دورا، دورا! ھەممىسىلا ئاشقازاننى ياخشىلايدۇ. جىگەر، ئۆپكە، يۈرەككە بەك پايدىسى بار.

ھەر خىل گۈل - چېچەكلەرگە ھەسەل، قەنت ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئاپتاپقا سېلىش بىلەن ياسىلىدىغان گۈلقەنت جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن ھەم يېمەكلىك، ھەم دورا ھېسابلىناتتى. قىزىلگۈل گۈلقەنتى مەيدە ئاغرىقى، سىل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلسە، پىننە گۈلقەنتى كۆڭلى ئېلىشىش، يۆتەل قاتارلىقلارنى داۋالاشقا، ئانار چېچىكى گۈلقەنتى ئىچ سۈرۈش، قان توختىتىش، ئېغىز بوشلۇقى ئاغرىقلىرىغا ئىشلىتىلسە، جىگدە چېچىكى گۈلقەنتى يۈرەكنى كۈچەيتىش، ئەر - ئاياللاردىكى جىنسىي ھەۋەس سۇسلىشىش كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلەتتى. ئۇيغۇر تېبابىتىدە يېمەكلىك سۈپىتىدىكى بۇنداق دورىلار «غىزايى داۋا» دېيىلەتتى.

دېھقانلىرىمىز ئەزەلدىن تارتىپ تاماق بىلەن كېسەلنى داۋالاش، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئۇستا بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز بۇ ئۆيگە كېلىپلا ئاشۇ خىل تاماقلارنى يېيىشنى

www.uyghurkitap.com

خالايدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرگەنىدۇق.

چۈشتە، ئالدىمىزغا چامغۇر سېلىنغان ئۇماچ كەلتۈرۈلگەندە بۇ ھەقتىكى پاراڭىمىز يەنە بىر قەدەر چوڭقۇرلاشتى. دېھقانلىرىمىزدىن بىرى «چامغۇر رىۋايىتى»نى سۆزلەپ بەردى.

«قەدىمكى زاماندا ھەمەدان دېگەن شەھەردە مۇستاپا ئىسىملىك داڭلىق بىر تېۋىپ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ نەچچە يۈزلەپ شاگىرتلىرى بار ئىكەن. ئۇ سايىت دېگەن شاگىرتىنى ئالدىغا چاقىرىپ: ‹ئەمدى سەن ئۆز ئالدىڭغا ئىش قىلغۇدەك بولدۇڭ. ئاڭلىسام، ئەتراپى دەشت ـ چۆل بىلەن قورشىلىپ تۇرىدىغان، بوران چىقسا، قۇم ـ توپا ئىچىدە قالىدىغان خوتەن دېگەن بىر يۇرت بار ئىكەن. ئۇ يەردە ئۆپكىسى كېسەل ئادەملەر جىق. سەن شۇ يەرگە بېرىپ ئۆپكە كېسەللىكلىرىنى داۋالاپ بىزنىڭ داڭقىمىزنى چىقار› دەپتۇ. سايىت ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ خوتەنگە كېلىپ شىپاخانا ئېچىپتۇ. بىر كۈن ئۆتۈپتۇ... ئون كۈن ئۆتۈپتۇ... ھەتتا قىرىق كۈنمۇ ئۆتۈپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆپكە كېسىلى بار بىرەر ئادەم كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ تېۋىپ دورا ـ پورىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كەلگەن يېرىگە قايتىپ كېتىپتۇ ـ دە، ئەھۋالنى ئۇستازىغا ئېيتىپتۇ. ئۇستاز تېۋىپ دەسلەپ ناھايىتى ھەيران بوپتۇ، ئاندىن شاگىرتىدىن سوراپتۇ:

‹ئۇ يەرنىڭ خەلقلىرى كۆپرەك نېمە يەيدىكەن، دىققەت قىلدىڭمۇ؟›

‹دىققەت قىلدىم، تەخسىر، چامغۇر دەيدىغان بىر مونەك كۆكتاتى بار ئىكەن، يەرنىڭ تېگىدىن چىقىدىغان. شۇنى يەيدىكەن.›

‹ماڭ، بېرىپ شۇنى ئەكەل!›

شاگىرت سايىت يەنە نۇرغۇن يول جاپالىرىنى تارتىپ چامغۇرنى ئېلىپ كەپتۇ. ئۇستاز مۇستاپا چامغۇرنى جىق تەكشۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆپكىگە بەكمۇ شىپالىق ئىكەنلىكىنى سېزىپتۇ ـ دە، ئۇ يۇرتىنىڭ خەلقىگە قايىل بوپتۇ، دۇنيادا ھەممە ئۆسۈملۈك، جانۇجانىۋارنىڭ دورىلىق قىممىتىنى بىلىپ، چامغۇرنىڭكىنى بىلەلمەي قالغىنىغا ناھايىتى خىجىل بوپتۇ.»

بۇ رىۋايەتنى ئاڭلاپ ھەممىمىز باش لىڭشىتتۇق.

— مانا، «چىشنىڭ دورىسى ئامبۇر، ئۆپكىنىڭ دورىسى چامغۇر» — دېدى يەنە بىر دېھقان رىۋايەتنى خۇلاسىلەپ.

شەھەرنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى ئاز كەلگەندەك، تاماكىنى ئۆلگۈدەك چېكىپ كانىيىم گىژىلداپ يۈرگەچكە، چامغۇر سېلىنغان ئۇماچنى ناھايىتى ئىشتەي بىلەن ئىچتىم.

خىزمەتداشلىرىمىزدىن شاشا بىلەن لو ۋېيخۇا ياڭاق مېغىزىنى مەشكە يېقىپ ئىسسىتىپ پوستىنى سويۇپ يەپ ئولتۇراتتى، ئېزىز ئاكىنىڭ كېلىنى خان ئۇلارنىڭ ئالدىغا قۇرۇتۇلغان كۆك ئۈزۈمنى ئەكېلىپ قويدى. دىلمۇرات: «ياڭاققا ئۈزۈم قوشۇپ يېسە قۇرۇق ئىسسىق بولمايدۇ، دەۋاتىدۇ» دەپ كېلىنچەكنىڭ سۆزىنى ئۇلارغا تەرجىمە قىلىپ بەردى.

بۇ يەرنىڭ دېھقانلىرى بۇ يىلقى يېڭى ياڭاقتىن بۇلتۇرقى ياڭاقنى ئەۋزەل كۆرىدىكەن. يېڭى ياڭاقتىن كونا ياڭاقنىڭ نەچچە ھەسسە قۇۋۋەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ بىر نېمىنى بىلىپ دەۋاتقانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى. ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ تۇپراقتىن ئۆسكەن تەبىئىي نېمەتلەرنى يەپ، نېمىنىڭ پايدىلىق، نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان بۇ خەلق ئۆز ـ ئۆزىنى كۈتۈشكە، پەرۋىش قىلىشقا، داۋالاشقا ئۇستا ئىدى. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇدۇمنىڭ تارىخىي يىلتىزىمۇ ئۇزۇن ئىدى. خوتەن ئۇيغۇر تېبابىتىنى بەزىلەر ئۈچ مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە دەپ قارايتتى. مىلادىيە 1200 ـ يىللاردا يېزىلغان «ھەدىقەتۇل ئەقالىم» (ھەرقايىسى ئەللەر تەزكىرىسى) ناملىق كىتابتا ئىككى مىڭ يىللار بۇرۇن خوتەندە ياشىغان مەشھۇر تېۋىپ ــ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ دەسلەپكى نامايەندىسى غازىبايىنىڭ ئۈچ يۈز ئون ئىككى ماددىلىق «ئوت ـ چۆپ دورىلار قامۇسى»نى يازغانلىقى، بۇ قامۇسنىڭ يۇنانغىچە تارقالغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەنىدى. يەنە بۇ يۇرتنىڭ گەنجۇقاغىن[①]، جان باشلاق[②]، ئەللامە ئەلائىدىن مۇھەممەت خوتەنى[③] قاتارلىق مەشھۇر تېۋىپلىرى مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى ئون ئەسىرى ئىچىدە ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى مۇشۇ زېمىندىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزگە ئەللەردىمۇ نامايان قىلغان، بۇ تارىخ موللا ئارىپ خوتەن[④]، تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇم[⑤]، خوجا باھاۋۇدۇن ھاجىم[⑥]، ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ ھاجىم[⑦]، ئابدۇلھەمىت مۇھەممىدى[⑧] قاتارلىق زاتلارنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرى بىلەن بۈگۈنگىچە ئۇلانغانىدى.

ئۇلار ئادەم بىلەن تەبىئەتنى ئايرىلماس بىر گەۋدە سۈپىتىدە چۈشىنەتتى. ئادەم تېنىنى ئالەمنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت تادۇ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايتتى. كېسەللەرگە دىياگنوز قويۇشتىمۇ، داۋالاشتىمۇ ھەممە نەرسىنى تەبىئەت بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرەتتى، بىمارغا دىياگنوز قويغاندا ئۇنىڭ قانداق تۇپراقتا، قانداق ھاۋا كىلىماتىدا ياشايدىغانلىقى، يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتە قانداق جايدا قانداق سۇ ئىچىدىغانلىقى، قانداق تاماق بىلەن ئوزۇقلىنىدىغانلىقى، ئۇيقۇسىنىڭ قانداقلىقى، ئەمگەك ۋە دەم ئېلىش ئەھۋالى، تەندىن چىقىرىلغان

ھەر خىل ماددىلارنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى، روھىي كەيپىياتى قاتارلىقلارنى ئىنچىكە، تەپسىلىي سورايتتى، كۆزىتەتتى، كېسەلگە دورا ئىشلىتىشتە، دورىنى «تەبىئەتتىن ئېلىش، ئامال بار خام ئىشلىتىش، ئارتۇق تەركىب قوشماسلىق، قوشقاندا نىسبىتىگە دىققەت قىلىش» پىرىنسىپىغا قەتئىي ئەمەل قىلاتتى، داۋالاشتا، تەنگە پايدىلىق يېمەكلىكلەرنى دورا ئورنىدا ئىستېمال قىلىشنى، بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرۈشنى، مىزاجنى تەڭشەشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئەنئەنىۋى ئۇسۇل ـ چارىلىرى بۇ يۇرتتا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ياشانغانلاردىن ياشلارغىچە، ئەرلەردىن ئاياللارغىچە ھەممە ئادەم يەرلىك ساقلىقنى ساقلاش ساۋاتلىرىغا ئىگە ئىدى، شۇڭا ئۇلار بايامقىدەك دورىلىق چايلارنى ئىچەتتى، گۈلقەنتلەرنى يەيتتى، چۈشتە تونۇر كاۋاپ، گۆشگىردىلەرنى يېسە، كەچقۇرۇنلىرى ئۇماچ، جىگدە شەربەتلىرىنى ئىچىشنى ئۇنتۇمايتتى...

ئۇلار يەنە ھاۋا ئالماشتۇرۇشنى كېسەل داۋالاشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى دەپ قارايتتى. بۇ قاراشنىڭ توغرىلىقى بۇ قېتىم مېنىڭ تېنىمدە ئىسپاتلاندى. ئۈرۈمچىدىن چالا زۇكام چىققانىدىم، بۇ يەرگە كېلىپ خېلى ئالدىراش بولغان بولساممۇ زۇكىمىم ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ قالدى. بۇ ھەم بۇ كەنتتىكى ساپ ھاۋادىن، ھەم قويۇق تېبابەتچىلىك يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىنىڭ كارامىتىدىن ئىدى.

ئۈرۈمچىدە بەزىلەرنىڭ ئاق كېسەلنى داۋالىتىش ئۈچۈن مەخسۇس خوتەن ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسىغا بارغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. بىر چاغلاردا يۇرتىكىم سەل ـ پەل ئىگىز ـ پەس بولۇپ دوختۇرغا كۆرۈنگىنىمدە ئۇلار ماڭا خوتەن تېبابىتىنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يۈرەك دورىسىنى ئىچىشكە تەۋسىيە قىلغان، شۇ دورىنى ئىچىپ ئۈنىڭ مەنپەئەتىنىمۇ خېلى كۆرگەنىدىم. دېمەك، خوتەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىلىرىنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدىكى ئىناۋىتى بەكلا يۇقىرى. بۇ ئىناۋەتنى باشقا خەلقلەرگىمۇ تونۇتۇش، ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىلەردىن ئۆتكەن ئىشەنچلىك دورىلار ئارقىلىق تېخىمۇ نۇرغۇن بىمارلارنىڭ كېسەللىكگە شىپالىق ئاتا قىلىش بۇ ساھەدىكى كىشىلىرىمىزنىڭ جىددىي ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. زامانىۋى مېدىتسىنا دورىگەرلىكىدىكى خىمىيەلىك تەركىبلەرنىڭ ئەكس تەسىرى تۈپەيلى كېلىپ چىققان بۈگۈنكى قايتا ئويلىنىش دەۋرىدە تېبابەتچىلىك دورىلىرى يېڭى بىر تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشتى. كېسەل بولۇپ داۋالىتىشتىن كۆرە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئەۋزەل كۆرۈپ ساغلاملىقنى ساقلاش ئۈچۈن ئىنتىلىۋاتقان جەمئىيەت ئۇلارنىڭ يېمەكلىك بىلەن كۈتۈنۈش ئۇدۇمىنى ئېلىشقا موھتاج. بۇ ئۇدۇمنى چۈشەندۈرۈش ۋە تەشۋىق قىلىش خوتەنلىكلەرنىڭمۇ ھەم بىزنىڭمۇ ئىشىمىز. ئۆز ۋاقتىدا بىزدىنمۇ، باشقىلاردىنمۇ ئۆگىنىپ ئۆز مىللىي تېبابىتىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن زاڭزۇ قېرىنداشلىرىمىز بۇ جەھەتتە بىزگە ياخشى ئۈلگە ياراتتى. ئۇلار ئۆز دورىلىرىنى مەملىكەت ئىچىگىلا ئەمەس، يەنە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. بۇ بىزنى ئويلاندۇرىدۇ ھەم ئىلھاملاندۇرىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىزاھات:

① گەنجۇ قاغىنى — مىلادىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە خوتەندە ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى ۋە يېتىلگەن تەرجىمان. ئەينى دەۋردە خەنزۇ راھىب ۋە تېۋىپشى يەنزۇ، ۋۇجىن، زاڭزۇ تەرجىمانلاردىن جىڭ بۇزىسى، جۇلامنىبا قاتارلىقلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ زور بىر تۈركۈم تىببىي ئەسەرلەرنى

تەرجىمە قىلغان. ئۆز يۇرتىدىكى، تىبەت قاتارلىق باشقا يۇرتلاردىكى تېبابەت تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، «يۇجى يامىن» (ئاي گەيجى دورىلار بىلەن كېسەل داۋالاش) دېگەن داڭلىق ئەسەرنى تۈزگەن.

② جان باشلاق (شىراخان) — مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە قەدىمكى خوتەنگە تەۋە بولغان چەرچەندە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. تېبابەتتە داڭ چىقارغاچقا، تىبەت لاماسى ئۇنى لاساغا تەكلىپ قىلىپ ئاپارغان. ئۇ راھىب تېۋىپلارغا ئۇيغۇر تېبابىتىدىن دەرس بەرگەن. ئۇنىڭ «تىرىك بەدەن ئۆلچەملىرى»، «جەسەت رەسىم نۇسخىلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى شىزاڭنىڭ تۆت توملۇق تېبابەت قامۇسىغا كىرگۈزۈلگەن.

③ ئەللامە ئەلائىددىن مۇھەممەت خوتەنى — 1150 ـ يىلى ھازىرقى خوتەن ناھىيەسى باغچى بازىرى ئەللامە كەنتىدە تۇغۇلغان، «ئەلفىقھۇ تېببىيە» (تېبابەتچىلىك قانۇنلىرى)، «زۇبدەتىل قاۋائىل ئىلاج» (داۋالاش ئىشلىرىنىڭ جەۋھەرلىرى) قاتارلىق كىتابلارنى يازغان مەشھۇر ئۇيغۇر تېبابەت ئۇستازى.

④ موللا ئارىپ خوتەنى — ھازىرقى خوتەن شەھىرىنىڭ لاسكۈي بازىرىدا 1564 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، توقسان بىر يېشىدا ۋاپات بولغان. مازىرى ھازىرمۇ لاسكۈي بازىرىنىڭ دۆڭكوچا كەنتىدە بولۇپ، «سەردارى ۋەلىيۇللا مازىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. يەرلىك خەلق ئۇنى «سەرگەن مازار» دەپمۇ ئاتايدۇ.

ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان بۇ ئۇستاز تېۋىپنىڭ پارس تىلىدا يازغان «گۇلدەستەئى ئافىيەت» (ساغلاملىق گۇلدەستىسى)، چاغاتايچە يازغان «تۈركىي دەستۇرۇلئىلاج» (تۈركچە داۋالاش قوللانمىسى)، پارسچە يازغان «مۇجەررە باقى ئارىق» (ئارىپنىڭ تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپلىرى)، «مۇئالىبىتانىل فۇقرائى ۋە ئەھلىل سەھرائى» (كەمبەغەل ۋە سەھرالىق ئاجىزلارنى داۋالاش) قاتارلىق كىتابلىرى بار.

⑤ تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇم — (1897 — 1978) ئۇيغۇر ئەمەلىي تېبابەتچىلىكى ھەم نەزەرىيە تېبابەتچىلىكىدە تونۇلغان ئالىم. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك قوللانمىسى» ناملىق كىتابى 1977 — يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

⑥ خوجا باھاۋۇدۇن ھاجىم ــ (1916 ــ 1994) ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ پېشۋاسى؛ «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دەستۇرى» ناملىق كىتاب يازغان. «ئاق كېسەل»، «سەرتان»(راك)نى داۋالاشتا خېلى نەتىجە ياراتقان، «جۇڭگو تېببىي قامۇسى» تارماق تومى «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى»نىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 6 ـ توملىرىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولغان. مەزكۇر قامۇسنىڭ 4 ـ تومىنى يېزىشقا ھەم «ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش تېخنىكا ئىلمى» ناملىق كىتابنى يېزىشقا قاتناشقان.

⑦ ئابدۇلھەمىت يۇسۇپ ھاجىم ــ (1924 ــ 1994) مەشھۇر تېۋىپ ۋە تۆھپىكار ئۇيغۇر تېبابەت مائارىپچىسى. «جۇڭگو تېببىي قامۇسى»نىڭ تارماق تومى «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى»نىڭ 1 ـ تومى بىلەن «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئاساسىي نەزەرىيەلىرى ئىلمى»، «ئۇيغۇر تېبابىتى روھىي ۋە ئەسەبىي كېسەللىكلەر ئىلمى»، «ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىنى تېرىپ ئۆستۈرۈش» قاتارلىق نۇرغۇن كىتابلارنى يازغان.

⑧ ئابدۇلھەمىت مۇھەممىدى ــ (1926 ــ 2000) ئىجتىھاتلىق تېۋىپ، تېبابەت مائارىپچىسى. «ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمى»، «ئۇيغۇر تېبابەت تېخنىلوگىيەسى» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى، ئابدۇلھەمىت يۇسۇپ ھاجى بىلەن بىللە «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى»نىڭ 1 ـ تومىنى يازغان.

# ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈۋاتقانلار

شىنجاڭ 1985 ـ يىلى خەلقئارا تىببىي ئىلىم جەمئىيىتى تەرىپىدىن دۇنيا بويىچە تۆت چوڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەر رايونى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەر كۆپرەك مەركەزلەشكەن جاي تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خوتەن مۇھىم نۇقتىلىق جاي ھېسابلىنىدۇ. مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان تۆتىنچى قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش داۋامىدا، ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق، خوتەن ۋىلايىتىدە يۈز ياشتىن ئاشقان كىشىلەردىن بىر يۈز ئون تۆتى بارلىقى ئېنىقلانغان[1].

شاھ كەنتىدە يۈز ياشتىن ئاشقان ئادەم يوق ئىكەن، لېكىن يېقىنلاشقانلىرى بار ئىكەن. ھەمراھلىرىمىنىڭ ھەربىر ئائىلىنى رەت تەرتىپى بىلەن سۈرەتكە تارتىۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاباس ياسىنىنىڭ موتوسىكلىتىنىڭ كەينىگە ئولتۇردۇم ـ دە، بۇ يىل توقسان ئالتە ياشقا كىرگەن ئەبەي توختى ئاكىنىڭ ئۆيىگە باردىم. بىز ئۇنىڭ ھويلىسىغا كىرگەندە، ئەبەي ئاكا ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كەڭ سەيناغا دۆۋىلەنگەن سامانلىقتا ئاپتاپسىنغاچ، چەۋرىسىنى ئوينىتىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ بىزنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى، بىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بولۇپ، بىزنى ئۆيگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشلىماقچى بولۇۋىدى، مەن ئۇنىمىدىم. ئاپتاپتەك ئوچۇق بۇ بوۋاي بىلەن مېھىرلىك كۆز ئاپتىپىدىن بەھرىلىنگەچ پاراڭلاشقۇم كەلدى. ئۆزۈمنى پوكلا سامانغا تاشلاپ ئولتۇرۇۋالغانىدىم، بوۋاينىڭ كۆڭلى ئۇنىمىدى بولغاي، كۆرپە ئاچىقتۇرۇپ ئاستىمغا سالغۇزدى ۋە چاپىنىمغا ھەش - پەش دېگۈچە يېپىشىپ قالغان سامانلارنى تېرىپ ئېلىۋېتىپ، «سەت ئىش بولدىغۇ بۇ» دەپ غودۇڭشىپ قويدى. ئۇ كىيىملىرىمگە چاڭ، سامان يۇقۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى خىجىل ھېس قىلدى. مەن بولسام، مېھمانلىق كۆرپىسىنىڭ مەن تۇپەيلى توپا - چاڭ بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن خىجىل ئىدىم. ئۇ كۆرپىگە ئولتۇرماي ساماندا ئولتۇرۇۋالغانىدى، مەنمۇ ئۇنىمىدىم. يا تەڭلا ساماندا ئولتۇرىمىز ياكى كۆرپىدە، دەپ تۇرۇۋالدىم. ئەبەي ئاكا كۈلۈمسىرەپ:

— مېھمان كۆرپىدە ئولتۇرۇشى كېرەك، — دېيىتى. مەن بولسام كۈلۈپ:

— ئاتا يوللۇق ئادەم كۆرپىدە ئولتۇرۇشى كېرەك، — دېيىتىم. ئاخىر مېنىڭ جاھىللىقىم، ئاباسىنىڭ مۇرەسسە قىلىشى بىلەن ئەبەي ئاكىمۇ كۆرپىگە سۈرۈلدى. ئابباس ئىنى بولسا، كىچىك ئورۇندۇقنى قويۇپ ئۇدۇلىمىزدا ئولتۇردى. كۈلكە - چاقچاقتىن كېيىن، ئەبەي ئاكا كەنتنىڭ ئۆتمۈشى توغرۇلۇق پاراڭ سېلىپ بەردى. شاھ كەنتىدىكىلەرنىڭ كۆپرەك شاھ ئۇرۇقىدىكىلەرنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى تۇنجى بولۇپ بۇ بوۋايدىن ئاڭلىدىم. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى خوتەندە بولغان يېغىلىقلار توغرىسىدىمۇ بۇ كىشى بەزى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ بەردى ۋە ئۆزى بىلگەن يۈز يىل داۋامىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھازىرقى كۈنلەردىن تولىمۇ رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. چوڭ ياشلىق ئادەملەر

ئۆزلىرى ياشىغان دەۋرنىڭ تىرىك شاھىتلىرى. مەن بۇ بوۋاينىڭ سۆزىدىكى مەنىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدىم.

بۇ بوۋاي ھازىر دالىپاق مەسچىتىنىڭ مەزىنى ئىكەن، بەزىدە ئىماملىقمۇ قىلىپ قويىدىكەن. يەتمىش ياشتىن ھالقىغان رابىيخان ئۇنىڭ بەشىنچى خوتۇنى بولۇپ، بۇ ئائىلىدىن بىر ئوغۇل، ئىككى قىزى بار ئىكەن، بۇرۇنقى ئاياللىرىدىن بالىلىق بولمىغانىكەن.

ئۇنىڭ ماڭا گەپ قىلغانلىرىدا ئىمكانىقەدەر ئۇرۇمچى تەلەپپۇزىدا سۆزلەۋاتقانلىقىغا، سۆزىدە خوتەن شېۋىسىنىڭ سۇس ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلدىم. ئۇنى بۇ يەرلىك ئەمەسمىكىن، دەپ گۇمان قىلىۋىدىم، گۇمانىم توغرا چىقمىدى. ئۇمۇ نەق «شاھ ئۇرۇقى»دىن ئىكەن. ياش ۋاقتىدا جىق يۇرت كۆرگەچكە ھەم رادىيو ئاڭلاپ، تېلېۋىزور كۆرۈپ تۇرغاچقا، ساۋاتلىق بولغاچقا، كىمگە قانداق تەلەپپۇزدا سۆزلەشنى بىلىدىكەن. قۇلىقى ئوبدان ئاڭلايدىكەن، ماڭا ھېچقانداق سوئالىمنى تەكرارلاش توغرا كەلمىدى. تەن سالامەتلىكى ياخشى ئىكەن، كۆزۈم سەل ئاجىزلاپ قالدى دەيدۇيۇ، لېكىن يىراقنى ئوبدان كۆرىدىكەن. كىتاب ئوقۇغاندا توقسان ياشتىن كېيىن، ئاندىن كۆزئەينەك تاقاشقا مەجبۇر بولغانلىقىمۇ، بۇ بوۋاينىڭ نەزىرىدە نورمالسىزلىق ھېسابلىنىدىغان ئوخشايدۇ.

— تاماق خىللىمايمەن، — دېدى ئۇ بوۋاي، — يانچۇقۇمدىن ياڭاق ئايرىمايمەن، قورسىقىم ئاچسىلا، بىر - ئىككى تال يەۋالىمەن.

— ياڭاق ئىسسىق كەلمەمدۇ؟

— ئۈزۈملىرىمىز بار، قوغۇن - تاۋۇزلىرىمىز بار، ئۇماچ - زاغرىلىرىمىز بار... تەڭشىلىپ كېتىدۇ.

— ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغاندىلا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— دېھقان ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا ئارىلاشماي تۇرالامدۇ. قۇربىم يەتكەنچە ئارىلىشىمەن. مېنى قېرىپ كەتكەن دېمىسىلە، ھېلىھەم بەش چارەك ئاشتى كۆتۈرۈپ تۇگمەنگە ئاپىرالايمەن جۇمۇ.

مەن كۈلۈپ كەتتىم.

يەنە باشقىلار بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشلار بولغاچقا قايتماقچى بولدۇم. ئەبەي ئاكا مېنى تاماققا تۇتۇۋالماقچى بولغانىدى، ئۆزرە قويدۇم.

بۇ خۇشچاقچاق، تېتىك بوۋاينىڭ ئوبرازى قەلبىمگە سۈرەتتەك ئورنىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇرمەنلىرىمگە ئېنىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ سۈرىتىنى تارتقۇزۇۋېلىش كېرەك ئىدى. ئەتىسى ھەمراھلىرىم بىلەن بۇ ئۆيگە يەنە بىر قېتىم كەلدىم.

رابىيىخان ئاچىمۇ ئەبەي ئاكىدەك جانلىق، خۇشخۇي ئىكەن، سۈرەت تارتىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ ئەبەي ئاكىنى شۇنداق كىيىندۈرۈپتۇكى: ئۈچىسىغا ئاق يەكتەك سەپتۈرۈپ، بېشىغا سەللىسىنى كىيگۈزدى. بۇ سەللىنىڭ بىر يېرى يارىمىدىمۇ - قانداق، قوزۇقتىكى يەنە بىر سەللىنى ئالماقچى بولۇۋىدى، قولىدىكى سەللە يەرگە چۈشۈپ دومىلاپ كەتتى. رابىيخان ئاچا شۇنداق ئەپچىل بىر چاقچاق قىلدى:

— قوزۇقتا چىقسۇن دېگۈچە چىقىۋېلىپ، لازىم بولغاندا دومىلاپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان بۇنىڭ...

بۇ چاقچاقنىڭ تېگىگە يەتكەنلەر پاراقلاپ كۈلۈشتۇق. ئەبەي ئاكا سەللە، يەكتىكى، رابىيىخان ئاچا يېڭى ياغلىق، ئۈستىباشلىرى بىلەن يېڭى تويى بولغان بىر جۈپلەردەك چىرايلىق سۈرەتكە چۈشۈۋالدى.

ئۆيدىن ئۇزايدىغان چاغدا، مەن ئەبەي ئاكىغا:

— سالامەتلىكلىرىنى ئاسرىسىلا، بۇنىڭدىن كېيىن بەش چارەك ئاشنى تۈگمەنگە ئاپىرىدىغان ئىشنى باللار قىلسۇن جۇمۇ، — دېۋىدىم، ئەبەي ئاكا چاقچىقىمغا چاقچاق قايتۇرۇپ:

— يوقسۇ، سەللىنى قوزۇقتا ئېسىپ قويۇپ، قىلىدىغىنىمىزنى قىلىۋېرىمىز، — دېدى.

بىز كۆلگىنىمىزچە ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ يولىمىزغا ماڭدۇق. يول بويى ئۇلارنىڭ پاراڭىنى قىلىشتۇق. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ سىرى ھەققىدىكى مۇلاھىزىمىز ئۇزۇلمىدى.

— خوتەندە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلارنىڭ جىق بولۇشى سۇغا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ئابلەت، — بۇ سۇ قارا قۇرۇم تېغىنىڭ قار - مۇزلىرىدىن كەلگەن، ئىنسانغا پايدىلىق ھەر خىل تەركىبلەرگە تويۇنغان. تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، سۇ تەركىبىدە ماگنىي، مانگان، تۆمۈر، سىنك، كالتسىي قاتارلىقلار تولۇق ئىكەن. مانگان قېرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئېلېمېنت ھېسابلىنىدۇ.

ئالىي مەكتەپتە خىمىيە ئوقۇپ ھېلىغىچە شۇنىڭغا ئائىت كىتابلارنى تەھرىرلەپ يۈرگەن بۇ خىزمەتدىشىمىزنىڭ قارىشىنى ھەممىمىز باش لىڭشىتىپ تەستىقلىدۇق.

— يازدا يالاڭ ئاياغ يۈرۈشمۇ بىر سەۋەب بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ناھىيەلىك تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇرغۇنجان سۆز قىستۇرۇپ، — تاپان جۇڭگو تېبابىتىدە ئىككىنچى يۈرەك ھېسابلىنىدىكەن. بۇ «يۈرەك»نىڭ غىدىقلىنىپ تۇرۇشى سالامەتلىككە ئىنتايىن پايدىلىق.

ھەمراھلىرىمىز ھەر خىل نۇقتىدىن پىكىر قىلىشتى، ھاۋا، سۇ، ئەمگەك، يېمەكلىك، مىجەز، گېن ھېچقايسىسى چەتتە قالمىدى. دېمىسىمۇ، بۇ خەلق تارىختىن بېرى بۇ قۇرغاق رايوندا دەل - دەرەخلەرنى تىكىپ ھاۋانى ساپلاشتۇرۇپ كەلگەن؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلكۈن مەزگىلىدە لايلىنىپ ئاققاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا چاغلاردا ھازىرقىدەك سۈزۈك ئاقىدىغان بۇ سۇنى ئۇلار خام پېتى ئىچمۇەرگەن، چاي قىلىپ ئىچكەندە، ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك دورىلىرىنى دەملەپ ئىچكەن؛ ئۇلار توختىماي ئەمگەك قىلىپ تۇرىدۇ، ماڭغاندا پىيادە ماڭىدۇ. يالاڭ ئاياغ ماڭىدۇ، ئىسسىق قۇم ـ توپىلارنى كېچىپ ماڭىدۇ. تاپىنىغا داڭگاللار پېتىپ، تىكەن سانجىلسىمۇ ۋايسىمايدۇ؛ تاماقنى ئەبەي ئاكىدەك تەڭشەپ يېيىشنى بىلىدۇ، ماڭا ئوخشاش تاماكا چەكمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىدە، تاماكا چەكسە، يامان بولىدۇ، تاماكا تېرىسا، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ يامان بولىدۇ. ئۇلارچە، مەلۇم ئېتىزغا تاماكا تېرىلىپ قالغان بولسا، شۇ يەرگە يەتتە يىلغىچە قوغۇن تېرىش، قوغۇنلۇقنى چىتلىماسلىق، قورۇماسلىق كېرەك، قوغۇننى خەقلەر خالىغانچە يېسە بولىۋېرىدۇ، خەقتىن ئاشقىنىنى تېرىغۇچى ئاندىن ئالسا بولىدۇ، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، تاماكا تېرىلغان يەر پاكلىنىدۇ، تېرىغۇچىنىڭ گۇناھىمۇ پاكلىنىدۇ، ئۇلار سالامەتلىككە زىيانلىق نەرسىلەرنى مۇشۇنداق چەكلىگەن. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەر ئەبەي ئاكىدەك ئوچۇق ـ يورۇق، كەڭ قورساق، ئائىلىسى ئەبەي ئاكىلارنىڭكىدەك ئىناق. ئۇلار بالدۇر ئۇخلاپ، بالدۇر تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ تائەت ـ ئىبادىتى ئۇلارنى بۇ جەھەتتىن تېخىمۇ تەرتىپكە سالغان...

مەن تۇرۇپلا تەكلىماكاندىكى مىڭ يىللاپ ئۆمۈر كۆرگەن توغراقلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. باغچى يېزا چالۋاش كەنتىدىكى 1362 ـ يىلىدىن بۇيان قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ياڭاق دەرىخىنى ئويلىدىم، لايقا يېزىسىدىكى تۆت يۈز يىللىق ئەنجۈر دەرىخىنى ئويلىدىم. قاراقاش ناھىيىسى ئاقساراي يېزىسى گۈلباغ كەنتىدىكى بەش يۈز يىلدىن كۆپ ئۆمۈر كۆرگەن

قەدىمكى چىنار دەرىخىنى ئويلىدىم. لوپ ناھىيەسى ھاڭگى يېزىسى ئۆستەڭ ئۇچى كەنتىدىكى يۇز يىللىق ئۇزۇم پادىشاھىنىمۇ ئويلىدىم... ئۇزۇن ياشىغان دەرەخ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى.

بۇ كىشىلەر ئاتا ـ بوۋىلىرى تىكىپ پەرۋىش قىلغان ئاشۇ دەرەخلەرنى دورىغانمۇ؟

ياكى ئاشۇ دەرەخلەر ئۆزىنى ئۇزۇن ياشىناتقان بۇ خەلققە ئۆز ئۇدۇمىنى بەرگەنمۇ؟

## ئىزاھات:

① ليۇ جىڭخۇا: «ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەر ماكانى — خوتەن»

www.uyghurkitap.com

# دېھقان ۋە قۇشلار

بىر ھويلىغا تۇيۇقسىز ئۇن نەچچە ئادەم تەڭلا كىرسە، ئۆي ئىگىسى تەمتىرەپ تۇرۇپلا قالىدىكەن، قۇشلار بولسا پۇررىدە ئۇچىدىكەن، ھەمراھلىرىم بىلەن ھەربىر ھويلىغا زىيارەتكە كىرگەندە بۇ ھالەتكە دىققەت قىلدىم. ئۆي ئىگىلىرى ئۆزىنى سەل ئوڭشىۋالغاندا، ئۇچار قاناتلارمۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋالامدۇ ــ قانداق، دەرھال دەرەخ، ئۆگزىلەرگە يېڭىباشتىن قونۇپ، خۇددى بىزنىڭ سۈرەت تارتىشلىرىمىزنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك، پاراڭلىرىمىزغا قۇلاق سېلىۋاتقاندەك ھالەتكە ئۆتەتتى. مەن ئۆگزىدىكى قونداقلارغا قونۇپ تۇرغان كەپتەرلەرگە، ئەتراپىمىزدىكى ئېتىز ــ ئېرىقلاردىن ئاللىقانداق بىرنېمىنى تېرىپ يەۋاتقان قۇشقاچلارغا مەستلىكىم كېلىپ قاراپ قوياتتىم، ئەمدى ئۇلارنىڭ بىزدىن خەۋپسىرىمىگىنىگە خۇش بولاتتىم.

بىز قۇشلارنى ياۋايى بولغاچقا ئادەملەردىن ئۈركۈيدۇ، دەپ قارايمىز. لېكىن، ئۇ ئادەم ياۋايىلاشقاندىلا ياۋايى ئىكەن، ئادەملەر ئۇلار بىلەن ئىناق ياشىسا، مېھرىبان بولسا، ئۇلارمۇ ئۆز ئىكەن، قاتارىمىزغا كىرىپ خۇددى ھازىرقىدەك پۇتىمىزنىڭ يېنىدىن ئۇياق ــ بۇياققا ئۆتۈپ، قۇرت ــ قۇمۇرسقىلارنى تېرىپ يەپ يۈرىۋېرىدىكەن. دېھقانلىرىمىز ئۇلارنى نەقەدەر كۆندۈرۈۋالغان ــ ھە!

قۇشلار بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى ئىجىل ـ ئىناقلىق بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن تارتىپ روھىيىتىگىچە سىڭىپ كەتكەن. ئۇلار قۇشلارنىڭ چاڭگىسىنى بۇزمايدۇلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا ئۇۋا ياساپ بېرىدۇ. ئۇۋىسىدىن چۈشۈپ كېتىپ زەخىملىنىپ قالغان قۇش بالىلىرىنى خۇددى ئۆز بالىلىرىنى داۋالىغاندەك داۋالايدۇ. داستىخاندا ئاشقان نان ئۇۋاقلىرىنى ئاشۇلارنىڭ رىزقى دەپ ئادەم دەسسىمەيدىغان پاكىز جايلارغا چېچىپ قويىدۇ. تام ـ تورۇسلىرىغا قارلىغاچ ئۇۋىلىسا، ئائىلىسىدە قۇت ـ بەرىكەتلىك بولىدۇ، دەپ خوش بولىدۇ.

ئۇلار پەرزەنتلىرىنىمۇ مۇشۇ روھ بىلەن تەربىيىلەيدۇ. بۇرۇن بىر دېھقاننىڭ زەخىملەنگەن قارلىغاچنى داۋالاپ ئۇچۇرۇۋەتكەنلىكىنى، ئۇ قارلىغاچنىڭ ئەتىيازدا دېھقانغا بىرنەچچە تال ئۇرۇق ئەكېلىپ بەرگەنلىكىنى، ئۇ ئۇرۇقلار ئۈنۈپ، زىرائەت ئېتىزغا پاتماي قالغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بېرىپ، ئۇچار قاناتلارغا ياخشىلىق قىلساڭ، ئۇنىڭدىن ساڭا ياخشىلىق يانىدۇ، دېگەن ئەقىدىنى بالىلىرىنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرىدۇ. ئۇلار ھەرقانداق جانلىققا ياخشىلىق قىل، لېكىن غەرەزسىز قىل، ئۇنىڭدىن يانمىسا، باشقىلاردىن يانىدۇ، دېگەن ئەقىدىسىنى شۇ ھېكايىسىنىڭ داۋامىدىكى يەنە بىر ۋەقەلىك بىلەن ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: ئۇ دېھقاننىڭ قارلىغاچنى ساقايتىپ باي بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بىر نەپسانىيەتچى ئادەم بىر قارلىغاچنى قەستەن زەخىملەندۈرۈپ ئاندىن ئۇنى داۋالاپ ساقايتىپتۇ، ئۇنى قويۇپ بەرگەنكەن، ئۇ قارلىغاچ يەنە بىر ئەتىيازدا ئۇنىڭغىمۇ بىرنەچچە تال ئۇرۇق ئەكېلىپ بېرىپتۇ، ئۇنىڭدىن يوغان بىر تاۋۇز ئۈنۈپتۇ. ئۇ كىشى تاۋۇزنى يارغانىكەن، ئىچىدىن بىرمۇنچە ھەرە ئۇچۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىقىپ ئۇ ئادەمنى بالا ـ چاقىلىرى بىلەن قوشۇپ تازا چىقىپتۇ.

قاراڭ، ئۇلار ھېكايىسىدىكى قارلىغاچ ئەكەلگەن ئۇرۇقتىن ھەر خىل ھېكمەت مېۋىلىرىنى نەقەدەر ئۇستىلىق بىلەن ئۇندۇرەلىگەن ـ ھە !

شۇڭا، دېھقان بالىلىرى قۇشلارغا زىيان يەتكۈزسە يامان بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، بالاپانلارنى ئانىلىرىدىن ئايرىۋەتسەك، بىزمۇ ئانىلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز، دەپ قورقىدۇ. پاختەك، تورغايلارنىڭ چېكىم ـ چېكىم تۇخۇملىرىنى چېقىپ قويۇشتىن، ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزسە، ئۆزلىرىنىڭ يۈزىگىمۇ ئاشۇنداق چېكىم ـ چېكىم سەپكۈن چىقىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. ئۇلارنىڭ قۇشلارغا قارىتا پەرھىزلىرى ئىنتايىن جىق. بۇنى ئۇلار ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن ئۆگەنگەن.

ئۇلار قۇشلارنى دوست تۇتقاچقا، قۇشلارمۇ ئۇلارغا دوست. ئۇلار دەرەخلەرگە ياماشسا، قۇشلار ئۈركۈمەي، خۇددى ئۇلارنىڭ كارامىتىنى باھالاۋاتقاندەك شېخىدا بەھۇزۇر قاراپ ئولتۇرىدۇ. ئۇلار مۆكۈشمەك ئويناپ سامانلىقلارغا يوشۇرۇنۇۋالسا، خۇددى ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ئەمەسلىكىگە تۇتقۇچىنى ئىشەندۈرمەكچى بولغاندەك، مۆككۈچىلەرنىڭ بۇرنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قەستەن قونۇۋالىدۇ. ئۇلار يالىڭاچلىنىپ ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرگە سۇغا چۆمۈلگەندە، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۈرۈپ، ئۇلارنى پاشا ـ كۆمۈتىلارنىڭ چېقىۋېلىشىدىن ساقلايدۇ...

ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى قۇشلارنى ئاسراشنى ئۇلاردىن تېخىمۇ كەڭ مەنىدە، تەپسىلىيرەك ئېيتقاندا، بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان، بىر ـ بىرىنى چەكلەيدىغان ھاياتلىق زەنجىرىنى ئاسراش مەنىسىدە چۈشىنىدۇ.

مانا، كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى چۈشەنگەن دېھقان بوۋاينىڭ

چۆچىكنى ئاڭلاڭ:

«بۇرۇنقى بۇرۇنىسىدا، جىمىكى مەخلۇقلار زۇۋانلىق زاماندا، ئۇۋا ياسىماقچى بولۇپ قىل ـ قات، لاي ئالغىلى سازلىقتا چۇشكەن قارلىغاچ: ‹ئادەم، ئادەم...› دەپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان پاشىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا: ‹پاشىجان، نېمە بولدۇڭلار؟› دەپ سوراپتۇ. پاشا توختاپ: ‹نېمە بولاتتىم، يىلان دوستۇم جاھاندىكى قايسى مەخلۇقنىڭ قېنى تاتلىق ئىكەن، بىلىپ كەلگەن بولساڭ، دەپ يالۋۇرغانىدى، تېتىپ باقسام، ھەممىدىن ئادەمنىڭ قېنى تاتلىق ئىكەن. شۇڭا، بۇ مەخلۇقنىڭ ئېتىنى يادلاپ كېتىۋاتقىنىم› دەپتۇ. يىلاننىڭ غەرىزىنى بىلىپ، ئادەملەرنىڭ ھاياتىدىن غەم يېگەن قارلىغاچ: ‹راست تاتلىقمىكەن؟› دەپ سوراپتۇ. تەمەنناخور پاشا: ‹مەن قاچان يالغان ئېيتىپ باققان، ئىشەنمىسەڭ، شوراپ باق› دەپ تىلىنى چىقىرىشىغا، قارلىغاچ پاشىنىڭ تىلىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېلىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. گاچا بولغان پاشا ئىلاجسىز ۋىڭ ـ ۋىڭ قىلغان پېتى دوستى يىلان قېشىغا كېلىپ بولغان ۋەقەنى ئىشارەت بىلەن ئۇقتۇرۇپتۇ. يىلان دەرغەزەپتە ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن سازلىققا كېلىپ ماراپ يېتىپ لاي ئالغىلى كەلگەن قارلىغاچقا تۇيۇقسىز ئېتىلىپتۇ، ھوشيار قارلىغاچ پۇر قىلىپ ئۇچقانىكەن، يىلان ئۇنىڭ قۇيرۇقىنىلا چىشلەپ قاپتۇ. قارلىغاچ شۇنىڭدىن بۇيان ئاچا قۇيرۇق بولۇپ قالغانىكەن. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان يىلان قارلىغاچنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇش پېيىگە چۈشۈپ، قارلىغاچ ئۇۋىسىنى ئىزدەپ ئۇنىڭ تۇخۇم ياكى بالىسىنى يەيدىغان بوپتۇ. قارلىغاچ بۇنىڭغا قارشى ياچىۋەك (بۆشۈك تەۋرەتكۈچ)نى سالىدىغان بوپتۇ. قارلىغاچ يىلاننىڭ كەلگىنىنى سەزسىلا شۇ ئان ئېتىزلىقتىن ياچىۋەكنى دۈمبىسىگە قوندۇرۇپ كېلىپ ئۇۋىسىغا سېلىپ قويىدىكەن.

يىلان ئۇۋىغا بېشىنى سوزۇشى بىلەنلا، ياچىۋەك ئېتىلىپ، ئالدى ئىككى پۇتى بىلەن يىلاننىڭ ئىككى كۆزىنى قويۇۋېتىپ قارلىغاچنىڭ تۇخۇم ياكى بالىلىرىنى ئامان - ئېسەن ساقلاپ قالىدىكەن. قارلىغاچ ئۇنى يەنە دۇمبىسىگە قوندۇرۇپ ئېتىزلىققا ئاپىرىۋېتىدىكەن. قارلىغاچ شۇڭا ياچىۋەكنى بالىلىرىغا يەم قىلمايدىكەن[①].»

ئۇ بوۋاي ئۆز ۋاقتىدا ئاتا - بوۋىلىرىدىن ئاڭلىغان بۇ چۆچەكنى نەۋرە - چەۋرىلىرىگە ئېيتىپ بېرىپ، قۇشلار زىيانداش ھاشاراتلارنى يەيدۇ، ئادەملەرنى ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. شۇڭا، سەن ئۇلارنى ئاسرىشىڭ، قوغدىشىڭ، ھەتتا نۆۋىتى كەلگەندە بېقىشىڭ كېرەك، دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. بالىلار ئاتىلىرىنىڭ ئېيتىزدىمۇ، خامانلىمۇ ئۇچار قاناتلارغا نىسبەتەن قالدۇرۇپ قويىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى مۇشۇ چاغدا تېگى - تەكتى بىلەن چۈشىنىدۇ.

ئۇلار ھازىر بۇنى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن تېخىمۇ ئىلمىي چۈشىنىدىغان بولۇپ كەتتى. ئەگەر قۇشلار بولمىسا، بىر جۈپ چىۋىن بىر يازدىلا كۆپىيىپ نەچچە مىليارد چىۋىنغا ئايلىنىدىغانلىقىنى، بىر تال كۆكپىت كۆپىيىپ (ئەۋلادلىرى ئۆلمەي ئەي بولىدىغان بولسا)، بىر يىلدا پۈتۈن يەر شارىنىڭ يۈزىنى بىر قەۋەت كۆكپىت قاپلاپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇلار بىلىپ قالدى.

بىر دانە يامغۇر قارلىغىچى بالا چوك قىلىۋاتقان مەزگىلىدە يەتمىش مىڭ دانە ھاشارات تۇتۇپ يەيدىغانلىقىنى؛ چېكەتكە كۆپىيىپ كەتكەندە، بىر جۈپ قارىغوجىنىڭ بىر كۈندە بىر يۈز ئەللىك - ئىككى يۈز كىلوگرام چېكەتكىنى تۇتۇپ بالىلىرى بىلەن بىرلىشىپ يەۋېتىدىغانلىقىنى، بىر دانە كاككۇك بىر سائەت ئىچىدە يۈز دانە قارىغاي تۇكلۇك قۇرتىنى

تۇتۇپ يەيدىغانلىقىنى، بىر دانە ھوۋقۇشنىڭ بىر يىلدا ئالتە يۈزچە چاشقان تۇتۇپ يەپ دېھقان ئۈچۈن ئىككى مىڭ جىڭدىن ئوشۇق ئاشلىق قوغداپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇلار ئېنىق سان ـ سىپىرى بىلەن بىلىپ قالدى.②

شۇڭا، ئۇلار قۇشلارنى تېخىمۇ ئاسرايدۇ، قوغدايدۇ. بۇنىڭدىن ئەللىك يىل بۇرۇن مۇشۇ دىيارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە جايدا قۇشلارنى دۈشمەن كۆرۈپ يوقاتقان ئەخمىقانە قىلىقلار ئەمدى بۇلارنىڭ دەۋرىدە ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەرگىز ـ ھەرگىز تەكرارلانمايدۇ. 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى كۇچا، قەشقەرلەردىكى شەھۋەتپەرەس بەگلەرنىڭ ئەركەك قۇشنىڭ مېڭىسىنى يەپ ئەركەكلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خەلققە سالغان «ئاق قۇشقاچ ئالۋىنى»③ تارىخ بېتىدە مەڭگۈ لەنەتلىك سەھىپە بولۇپ قالىدۇ. ئۇلارنى دورىماقچى بولغان ھەرقانداق ئادەمنى بۇ يېڭى ئەۋلاد ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ.

بۇ ئەۋلادنىڭ باش قاتۇرىدىغان، تۈزەيدىغان ئىشلىرى تولىمۇ جىق. ھەر خىل زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن چېچىلغان، چېچىلىۋاتقان دېھقانچىلىق دورىلىرىدىن ۋاستىلىك زەھەرلىنىپ كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىۋاتقان قۇشلار، قۇشلارنىڭ ئازىيىشىغا ئەگىشىپ ئەدەپ كېتىۋاتقان زىيانداشلار ماس ھالدىكى ھاياتلىق زەنجىرىنى قوغداشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ئۇلارغا تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇۋاتىدۇ.

ئۇلار ئويلىنىۋاتىدۇ، چوڭقۇر ئويلىنىۋاتىدۇ...

بىز شۇ تاپتا بىر نامرات دېھقاننىڭ ھويلىسىدا. دېھقان بىزگە گەپ قىلىپ بېرىۋاتىدۇ، قاتقان قولىدا بىر پارچە قېتىپ كەتكەن نان. ئۇ ناننى ئۇۋۇتىۋاتىدۇ. پارىڭىمىز تۈگىگەندە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇمۇ ناننى ئۇۋۇتۇپ بولدى. بىز خوشلىشىپ ھويلىدىن چىقتۇق. دەرۋازىغا كەلگەندە ئىتتىك كەينىمگە بۇرۇلدۇم. دېھقان نان ئۇۋۇقىنى ھويلىسىدىكى ئېتىزغا چاچتى. قىرىق، دەرەختىكى قۇشلار پۇررىدە ئېتىزغا ئولاشتى. مەن مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلدۈم.

### ئىزاھات:

① بۇ رىۋايەت ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللانىڭ «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

② بۇ يەردىكى قۇشلارغا ئائىت سان - سىپىرلار ئابباس بۇرھاننىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى شىنجاڭ ئۇيغۇر، قازاق شۆبە نەشرىياتى 1983 - يىلى نەشر قىلغان «قۇشلار ئىنسانلارنىڭ دوستى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

③ ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىننىڭ «خوتەن بوستانلىقى ۋە ئېكولوگىيەسى» ناملىق ماقالىسىدە ئېيتىلىشىچە، 1860 - يىلى كۇچا خەلقىنىڭ بېشىدا ھۆكۈمرانلىق قامچىسىنى ئويناتقان مۇستەبىت بەگ ئۇرچىن ۋە ئۇنىڭ چېرىكلىرى شەھۋەتپەرەسلىكتە ھەددىدىن ئېشىپ، ئاخىر «ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق» ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. شۇڭا، كۇچا خەلقىگە «ئاق قۇشقاچ ئالۋىنى» سالغان. تۇتۇپ كېلىنگەن قۇشقاچلارنىڭ ئەركىكىنىڭ مېڭىسىدىن ئەرلىك قۇۋۋەت دورىسى ياسىتىپ ئۆزلىرىنى كۈچەيتمەكچى بولغان. ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشقان بۇ قۇشقاچ ئالۋىنى دېھقانچىلىقنى ئاقسىتىپ خەلقنى ھالسىرىتىۋەتكەن. 1920 - يىللاردا قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ما فۇشىڭمۇ زورلۇق ۋاسىتىسى بىلەن ئالغان قىرىق خوتۇنىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي، قەشقەر خەلقىگە «ئاق قۇشقاچ ئالۋىنى» سالغان.

# دېھقان چاچقان ئۇرۇق

بەزىدە ئېتىز دالىلارغا چىقساڭ، ئۆزۈڭنى كۆڭۈل - كۆكسۈڭ كەڭرىپ قالغاندەك ھېس قىلىسەن، تىپتىنچلىق ئىچىدە قۇلىقىڭغا، ھەتتا مەيىن شامالمۇ پىچىرلاۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ، خىيالىڭدا جىمى جاھان بىلەن سۆزلىشىسەن. شۇ چاغدا تەسەۋۋۇرۇڭنىڭ قۇدرىتى بىلەن دەل - دەرەخلەرمۇ، ئېتىز - ئېرىقلارمۇ تىلغا كىرىدۇ، چەكسىزلىكلەرگە سىڭىپ ئەگىپ يۇرگەن خىلمۇخىل سادالار قۇلىقىڭ تۈۋىدە ياڭرايدۇ. بۇنى غۇۋا ھېس قىلىسەن، لېكىن تولۇق چۈشىنىپ بولالمايسەن. سېنىڭ مۇشۇنداق چاغلىرىڭمۇ بولغانمىتتى - ھە، كىتابخىنىم.

شۇ تاپتا ياپيېشىل كۆزگى بۇغداي ئېتىزىغا قاراپ يالغۇز خىيال سۈرۈپ تۇرغىنىمنى ئاشۇ چاغلىرىڭغا ئوخشاتساڭ بولىدۇ. خىيالىمدا خىلمۇخىل كۆرۈنۈش، قۇلاق تۈۋىمدە خىلمۇخىل ئاۋاز، لېكىن بۇنىڭ ئىچىدە بىر كۆرۈنۈش، بىر ئاۋاز بارغانسېرى روشەنلەشمەكتە.

كۆرۈنۈۋاتقىنى — دېھقان، ئاغدۇرۇلغان يەرگە ئۇرۇق چېچىۋاتقان دېھقان.

ئاڭلىنىۋاتقىنى — ئۇنىڭ ئاۋازى، ئۇنىڭ ئېتىزغا، كەڭ دالىغا، تەبىئەتكە خىتاب قىلىۋاتقان ئاۋازى.

ئۇ ئۇرۇق چاچىدۇ، ئۇرۇقنى ئوڭ قولى بىلەن ئېلىپ يىراق - يىراقلارغا چاچىدۇ. ئۇرۇق ئېتىزغا چۈشىدۇ، قىر -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېرىقلارغىمۇ چۇشىدۇ. ئۇ بىرىنچى چېچىشىدا تووۋلايدۇ:

«تىللىق ـ تىلسىز جانۇجانىۋارلارنىڭ ھەققى !»

ئۇ ئىككىنچى چېچىشىدا تووۋلايدۇ:

«يار ـ يۆلەكسىز تۇل خوتۇن، يېتىم ـ يېسىر، ئاجىز ـ ئورۇقلارنىڭ ھەققى !»

ئۇ ئۇچىنچى چېچىشىدا تووۋلايدۇ:

«مۇشۇ دان بىلەن كۆكلەپ، مۇشۇ داندەك ئاۋۇيدىغان بالىچاقىلارنىڭ ھەققى !»

ئۇ تووۋلايدۇ، ئۆزىنى ھالاللاپ تاپقان مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىنى تىلغا ئېلىپ تووۋلايدۇ.

ئۇ تووۋلايدۇ، ئۆزىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ خىزمىتىنىلا ئەمەس، ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ ئىشلىرىنىمۇ ھالاللىق بىلەن ئادا قىلىۋاتقان ھالال جۇپتىگارىنىڭ ھەققىنى تىلەپ تووۋلايدۇ.

ئۇ تووۋلايدۇ، بەرىكەتلىك تۇپراقنىڭ، پاك سۇنىڭ، سېخىي يامغۇر ـ يېشىنىنىڭ، راھەتبەخش شامالنىڭ، تۇن چىرىغى — ئاينىڭ، ئامەت يۇلتۇزىنىڭ، ھاياتبەخش قۇياشنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىنى شېپى كەلتۇرۇپ تووۋلايدۇ[1].

ئۇ تووۋلايدۇ، يەنە ئۇرۇق چاچىدۇ، ئۇرۇقنى مۇشۇنداق پاك نىيەت، پاكىز ئەقىدە بىلەن چاچىدۇ.

ئۇ ئۇرۇق ئۇنىدۇ، دېھقانىنىڭ ھالال تەرىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن ئۇنىدۇ، بارانىغا يېتىدۇ. لېكىن، دېھقان ئۇنى نىيەت رۇسلۇقنىڭ، تەبىئەت مەرھەمىتىنىڭ مەھسۇلى، دەپ قارايدۇ. ئۆزىنى يەنە داۋاملىق نىيىتىنى رۇس تۇتۇشقا ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئورمىدا چېچىلىپ قالغان باشاق، سامانلارنى يىغىۋالماي موھتاجلارنىڭ تېرىۋېلىشى ياكى جانۇجانىۋارلارنىڭ يېيىشى ئۇچۇن قالدۇرىدۇ.

خاماندا چەشنى ئۈچ ھەسسە قىلىدۇ. بىرىنى ئاجىزلارنىڭ، يەنە بىرىنى ئالىملارنىڭ، ئاخىرقى بىرىنى ئائىلىسىنىڭ نېسىۋىسى دەپ قارايدۇ، بۇمۇ يەتمىگەندەك يەنە خامان چېچىندىلىرىنى ئۇچار قاناتلارغا نېسىۋە، دەپ قالدۇرىدۇ.

گاھىدا ئۇ چۆل ئىچىگە سەپەر قىلىدۇ، خۇرجۇنىغا نان، گۆش، قاپىقىغا سۇ ئېلىۋالىدۇ. مەنزىلدىن قايتىشىدا توغراق تۈۋىدە سوزۇلۇپ ئارام ئالىدۇ. ئۆزىنىڭ ئالدىدا شۇ مەنزىلدىن ئامان قايتىپ كەلگەن يەنە بىر دېھقان توغراققا ئېسىپ قويغان يېمەك ـ ئىچمەككە ئۆزىدىن ئاشقانىنىمۇ قوشۇپ ئېسىپ قويۇپ ماكانىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىدە، ئۇ نان، ئۇ گۆش، ئۇ سۇ ھامان بىر كۈنى يولدىن ئاداشقان ياكى ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگىگەن بىر يولۇچىغا ئەسقاتىدۇ. ئۇ شۇنىڭ بىلەن جېنىنى قۇتقۇلدۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ ھاجىتى چۈشمىسە، جانىۋارلارغا نەزىرلىك بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ چۆلدىكى ھەرقانداق ھايات ئىگىلىرى ئۈچۈن خالىس سالغان داستىخىنى!

نۇرغۇن زامانلار ئىلگىرى ئۇ چارۋىچى ئىدى. شۇ چاغدىمۇ ئۆزگىگە، تەبىئەتكە نېسىۋە ئايرىشنى ئۇنتۇمىغان، يۇڭىنى قىرقىۋالماي، سۈتىنى ئىچىۋالماي كۆڭۈل قويۇپ باققان بىرنەچچە چارۋىسىنى «ئىمزوق» مال[2] دەپ قاراپ، ئۇنى ھالاللىق، ئادىللىق ۋە بەرىكەتنىڭ ئىرىمى سۈپىتىدە كەڭ تەبىئەتكە ئىختىيارىي قويۇپ بەرگەن. ئۇ «ئىمزوق» ياكى موھتاجلارنىڭ موھتاجلىقىنى قاندۇرغان ياكى ئۆزىنىڭ يوقاپ كېتىۋاتقان ئەسلىدىكى نەسلىگە ھاياتىي كۈچ قاتقان.

ئۇ شۇ چاغدىمۇ «بارلىق مەخلۇقات، مەۋجۇداتنىڭ ھەققى» دەپ تونۇلىغان. ئۇنىڭ سادالىرى تارىختىن بېرى مۇشۇ زېمىننىڭ ئۈستىدە ئۈچۈپ يۈرىدۇ. ئۇ تەڭشەلمىگەن جاھان پاك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەقىدە بىلەن تەڭشىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئۇ ئۇتتۇر ئوقەت بولسىمۇ ساخاۋەت ئىگىسى، نۇرغۇن نەرسىگە ئىگە بولالمىسىمۇ يەنىلا قانائەت ئىگىسى.

ئۇ بۇ جەھەتتە خۇددى زېمىنىنىڭ ئاتىسىغا ئوخشايدۇ. ھەممىدە زېمىننى، زېمىندىكى پۈتكۈل ھاياتلىقنى ئويلايدۇ.

لېكىن، شەھەرلىكلەرچۇ؟

شەھەرلىكلەر بولسا، خېلى ئۇزۇنغىچە بالا بولۇپ ئۆتتى، گۆدەكلىكتىن ئۇ ئاتىنىڭ ھالىغا يەتمىدى، قەدرىنى قىلالمىدى.

ھالا بۇگۇنگە كەلگەندە ئۇ بالا يېتىلدى، ئاتىنى ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن تونۇدى. چۈنكى، بۇ ئاتا چاچقان ئەقىدە ئۇرۇقلىرى بالا قەلبىدە بىخلىنىپ، مايسا بولۇپ ئاخىر دان ئالغاندى، خۇددى ئۇنىڭ ئېتىزغا چاچقان ئۇرۇقلىرىغا ئوخشاش.

بۇ بارانغا يەتكەن بالا ھەربىر ئىشىدا، ھەربىر خەيرلىك قەدەملىرىدە ۋاپادارلىق بىلەن توۋلاۋاتىدۇ:

«دېھقانىنىڭ ھەققى! شۇ جاپاكەش، ھالال دېھقانىنىڭ ھەققى!»

ئۇ خىتاب قىلىۋاتىدۇ:

«دەرھەقىقەت، دېھقان ساخاۋەت ئىگىسى، قانائەت ئىگىسى، لېكىن ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە پاراغەت ئىگىسىمۇ بولۇشى كېرەك!»

مەن جىمجىتلىق ئىچىدە بۇ سادالارنى ئاڭلاۋاتىمەن، قەلبىمدە ئۇنىڭ ئەكس ساداسى!

كۆز ئالدىمدا كۈزگى بۇغداي مايسىلىرى. ياپيېشىل ئۈمىد!

**ئىزاھات:**

① بۇرۇنقى دېھقانلارنىڭ ئېتىزغا ئۇرۇق سالغاندا تىلەيدىغان بۇ تىلەكلىرى شىنجاڭدىكى نۇرغۇن يۇرتلاردا تاكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 -

يىلىرىغىچە ساقلانغان. ئالدى قۇرلاردىكى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان تىلەكلەر بۇنىڭدىن يۈز يىل بۇرۇن قول يازما سۈپىتىدە ساقلانغان «تېرىقچىلىق رىسالىسى»دىن ئېلىندى. كېيىنكى تىلەكلەر پېشقەدەم دېھقانلارنىڭ ئەسلىمىسى بويىچە ئۆزلەشتۈرۈپ ئېلىندى.

② مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم، 89 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# سۇ ۋە دېھقان

سۇ يەرنىڭ قېنى. سۇ بولغاچقا زېمىن كۆكىرىدۇ، كۆلىدۇ.
سۇ بولغاچقا هاياتلىق ياشنايدۇ، راۋاج تاپىدۇ.
بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، بولۇپمۇ دېھقان ھەممىدىن ئوبدان چۈشىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ سۇنى ئۇلۇغلايدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە سۇ خۇددى قۇياشقا، زېمىنغا ئوخشاشلا ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىگە؛ قۇياش مۇقەددەس ئاتا بولسا، سۇ بىلەن تۇپراق مۇقەددەس ئانا. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى كۆكتىن تامغان، يەردىن ئۈنگەن دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئۇ تارىم دەرياسىنى «ئانا دەريا» دەپ ئاتايدۇ. سۇ ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەڭ پاك. شۇڭا، ئۇ تۇغۇلغان بالىسىنىمۇ شۇ سۇ بىلەن پاكلايدۇ، ئۆلگەن ئادىمىنىمۇ شۇ سۇ بىلەن پاكلايدۇ. ھەر نامىزىدىن ئاۋۋال ئۆزىنى شۇ سۇ بىلەن پاكلايدۇ. ھەرقانداق ئىش ــ ئوقەتنى باشلاشتىن بۇرۇنمۇ بويىنى شۇنداق پاكلايدۇ. ئۇنىڭ ئەقىدىسىدە سۇغا تۈكۈرۈشمۇ گۇناھ، يۇندى ــ ئەخلەت تۆكۈشمۇ گۇناھ، ھەتتا سۇغا يېقىن جايدا ئەخلەتخانا، ھاجەتخانا، قوتان سېلىشمۇ گۇناھ، كىر يۇيۇشمۇ گۇناھ... ئۇ سۇنى شۇ قەدەر قەدىرلەيدۇ، ئەزىزلەيدۇ. ئېرىق بويلىرىغا قاتار ــ قاتار دەرەخلەرنى تىكىپ ئېقىن سۇنى يېشىل سايىۋەن ئىچىگە ئېلىپ قويىدۇ، كۆللەرنىڭ ئەتراپىغىمۇ يېشىل ئىھاتە ياساپ ئۇنى چىركىن پاسكىنچىلىقنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغدايدۇ.
تۇنجى گۈلدۈرماما ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭ چىرايىغا

كۆلكە يوگۇرىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۇنى قوت ـ بەرىكەتنىڭ نىشانى دەپ چۈشىنىدۇ. يامغۇر ئۇنىڭ نەزىرىدە خۇدانىڭ رەھمىتى. شۇڭا، ئۇ تۇنجى يامغۇرنىڭ ئۆز بېشىنى نەمدەپ ئۆتۈشىنى خەيرلىك ئىش دەپ بىلىدۇ. ئۇنىڭچە، ساقايمىغان باش ئاغرىقى مۇشۇنىڭ بىلەن دەپئى بولىدۇ. دېمىسىمۇ شۇنداق، قورۇپ قاغجىرىغان تۇپراقنىڭ باش ئاغرىقى ساقايسا، بىچارە دېھقاننىڭ باش ئاغرىقىمۇ ساقايمامدۇ!

ئۇ بۇ زېمىندا «كۆيدۈرسىمۇ كۈن ياخشى» دەپ قارايدۇ. چۈنكى، قۇياش قىزىتىپ بەرسە، مۇزلۇقلار ئېرىيدۇ، سۇلار ئاقىدۇ. تەكلىماكان دېھقىنىنىڭ تايىنىدىغىنى ئەنە شۇ سۇ — كەلكۈن سۈيى. بەزىدە بوتقىدەك لايلىنىپ ئاقسىمۇ، بەزىدە ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ۋەيران قىلىۋەتسىمۇ، ئۇ ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ياخشى سۇ. كۈننىڭ سېرىقى بولغاچقىلا، ئۇ سۇ كەلگەن؛ شۇ سۇ كەلگەچكىلا، دېھقان كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ يۈرەلىگەن.

بۇرۇن ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەن خەيرلىك كۈندە پۈتۈن يۇرت دەريا، بۇلاق، ئېرىق، ئۆستەڭ بويىغا چىقىپ «سۇ ـ يامغۇرغا راۋانلىق» تىلەيتتى، ئات ـ تۆگە، قوي ـ كالىلارنى سويۇپ پىشۇرۇپ، گۆشلىرىنى ئۆزلىرىگە، تىرىپ، ئۇستىخانلارنى جانۇجانىۋارلارغا تەڭ ئورتاق قىلاتتى. داستىخاندىمۇ، ئويۇنلىرىدىمۇ باراۋەرلىكنى ئەكس ئەتتۈرەتتى، ھەممىنى تەڭ كۆرەتتى، ھەممەيلەن تەڭ ئوينايتتى، يىل بېشىغا مۇشۇنداق خۇشاللىق ۋە باراۋەرلىك بىلەن كىرسە، يىل ئاخىرىغىچە مۇشۇنداق ئۆتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، سۇ، يامغۇردا راۋانلىق، يۇرتتا ئامانلىق، نەرختە ئەرزانلىق بولىدۇ، دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇلار ئەسلىدە سۇ، يامغۇر تىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىغان، كېيىنچە «زاراخەتمە»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەپ ئاتالغان بۇ كۈننى ئۆزلىرىنىڭ بايرىمى — «نورۇز» دەپ ھېسابلىغان. بۇ كۈن ئۇلارنىڭ نەزىرىدە يەنە تەبىئەتنىڭمۇ بايرىمى ئىدى !

ئۇلار باش باھاردىكى ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىشتا ئۆم، بۇلاق كۆزلىرىنى تازىلاشتا ئۆم، ئېرىق ـ ئۆستەڭ لاتقىلىرىنى چىقىرىشتا ئۆم، قاش ـ چۇشۇرگىلەرنى ياساشتا ئۆم. ئۇلار بۇ ئىشلارنى سېنىڭ ئىشىڭ، ئۇنىڭ ئىشى دېمەيدۇ، ھەممىنى ئۆزىمىزنىڭ، يۇرتىمىزنىڭ ئىشى دەپ قارايدۇ. ئۆملۈكىنىڭ قۇدرىتىدىن ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە سۇ شارقىراپ ئاققاندا، قېيىقاس ـ چۇقان، ناخشىلىرى بىلەن سۇ شاۋقۇنىغا ئۈن قاتىدۇ، تورۇلۇپ، موللاقشىپ، ئويناقشىپ كېتىۋاتقان سۇنى دورىغاندەك ھەر خىل ئۇسسۇللارنى ئوينايدۇ، خۇددى سۇ بىلەن بەسلەشكەندەك يۈگۈرىدۇ، ئېشەك ھارۋىلىرىنى مۇسابىقىگە سالىدۇ...

مانا، دېھقان تارىختىن بۇيان سۇ بىلەن مۇشۇنداق مۇناسىۋەتتە ئۆتكەن. لېكىن، ئاھالىنىڭ زىيادە كۆپىيىپ كېتىشى، زامانىۋىلىشىشنىڭ ئەكس تەسىرى بۇ سۇلارنى بۇلغاپ تاشلىدى.

يىراق ـ يىراقلاردىن تاشتىن ـ تاشقا، قاشتىن ـ قاشقا ئۇرۇلۇپ پاكىزلىنىپ، قۇياشتىن قۇدرەت، يەردىن كۈچلۈك قۇۋۋەت ئېلىپ ئاقىدىغان بۇ سۇ دېھقاننىڭ تىلىچە «ئەركەك سۇ» ئىدى. لېكىن، ئۇ شور تۇپراقنى يۇيۇپ زەيكەشلەردىن سىرغىپ ماڭغاندا، ئېتىزلاردىن ھەر خىل خىمىيەلىك ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىچىپ چىققاندا، زاۋۇتلارنىڭ ئوپقان قارنىغا كىرىپ، بارانغا يەتمىگەن ساناپەتنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن بۇلغانما بولۇپ تېشىپ چىققاندا، كۆل ـ كۆلچەكلەردە يىغىلانماي بۇقسۇپ سېسىغاندا «ئەركەك سۇ»

بولماي قالدى. كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقان چېشى ھورمۇنلار ئۇنى «چېشى سۇ»غا، يەنە كېلىپ پاكلىقىنى يوقاتقان، ئەسلىي تەبىئىتىنى يوقاتقان «چېشى سۇ»غا ئايلاندۇرۇۋەتتى... لېكىن، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ يەنىلا جەلپكار ئىدى. دېھقان ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايتتى، ئۇنىڭسىز ياشىيالمايتتى، يەنىلا «يەتتە دومىلىغان سۇ ھالال» دەپ ئۇنى ئىشلىتىشكە، ئىچىشكە مەجبۇر ئىدى. ئۇ ئەڭ دەھشەت بۇزۇلغان چاغلىرىدا دېھقاننى ئاخىر دەردكە مۇپتىلا قىلدى...

دەل شۇ چاغدا بىر بۈيۈك ئەرباب بۇ زېمىندا پەيدا بولدى. ئۇ شۇ چاغدىكى ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى مۆھتەرەم لى رۈيخۇەن ئىدى. ئۇ دېھقاننىڭ ھېلىھەم كۆل سۈيى ئىچىۋاتقانلىقىنى، بۇلغانغان سۇلارنىڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى كاردىن چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى، كۆزىگە ياش ئالدى، يانچۇقىدىن ئۆزىنىڭ شەخسىي پۇلىنى چىقاردى، ئىدارىسىدىكىلەرمۇ مائاش پۇلىنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى. ھۆكۈمەت، خەلق تەڭلا ھەرىكەتكە كەلدى، يەرلىكنىڭ غەيرىتى تېخىمۇ ئۇرغۇدى، ئاخىر «بەخت قۇرۇلۇشى» ئەمەلگە ئاشتى، دېھقان شەھەرلىكلەرگە ئوخشاش تۇرۇبا سۈيى ئىچەلەيدىغان بولدى. ئۇ ئەمدى كۆلچەكتىكى سېسىغان سۇنى ئىچمەيدۇ، ئۇ ئەمدى بەزى قەبرىستانلىقلارنىمۇ تۇز كېسىپ ئۆتكەن ئۆستەڭ سۇلىرىنى تىندۇرۇپ ئىچىمەن دەپ ئاۋارە بولمايدۇ. ئۇ ئەمدى قويلىرى بىلەن بىر چېلەككە تەڭ باش تىقىپ يۇرمەيدۇ. ئۇنىڭ تۇرۇبىسىدا شەربەت سۇلىرى بار، خۇددى قايىقىدا ساقلىغان سۇدەك، شۇنچە تاتلىق، شۇنچە مۇزدەك...

مەن كەنتتە تۇرغان كۈنلىرىمنىڭ ھەر ئەتىگىنى ئېرىز

www.uyghurkitap.com

ئاكىنىڭ ھويلىسىدا تۇرۇۋا سۇيىدە يۇزۇمنى يۇغىنىمدا مۇشۇلارنى ئويلىدىم. بۇ ئىشلارنى ماڭا ئىزىز ئاكا دەپ بەرگەن.

ماڭا خوتەن ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى پەرھات روزى يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى دەپ بەردى.

سۇ ئاز كەلسە تەلمۈرۈپ، كەلمەي قويسا يالۋۇرۇپ، سەل كېلىپ كەتسە قايغۇرۇپ يۈرىدىغان دېھقان ئەمدى ئۇلۇغئاتا سۇ ئامبىرىدەك نۇرغۇن ئامبارلارغا ئىگە بوپتۇ. ئەمدى ئۇلار بۇگۈنچە بىز ماۋۇ سۇنى ئىشلىتىمىز، قالغىنى ئەتە ئۈچۈن دېيەلەيدىكەن. غول، تارماق ئۆستەڭلەردىكى سۇ يەرگە سىڭىپ ئازىيىپ كەتمەي، قىرنى بۇزۇپ قېچىپ كەتمەي ئۇدۇل ئىتىز-ئېرىقلارغا بارالايدىغان بوپتۇ. قارا قۇرۇم تېغىنىڭ ھاياتبەخش شەربەتلىرى خوتەن بوستانلىقىنىلا ئەمەس، تەكلىماكاننىمۇ سۇغىرىدىغان بوپتۇ. توغراقلارمۇ، قۇملۇق يېپىنچىلىرىمۇ، دەشت جانۇجانىۋارلىرىمۇ دېھقاننىڭ ئېتىز، باغلىرى، مال-ۋارانلىرى قاتارىدا ھاياتلىق شەربىتىدىن رىزقى نېسىۋىگە ئىگە بوپتۇ. ئۇلار بۇنى «چۆلنى سۇغارساڭ، بېغىڭ كۆلۈر؛ چۆل كۆكەرمىسە، گۈلۈڭ سولۇر» دېگەن ئەقىدە بويىچە قىلىدىكەن.

پەرھات ھاكىمنىڭ دېيىشىچە، ئەگەر مەبلەغ يېتىشسە، يېقىن كەلگۈسىدە بۇ يۇرتتا پۈركۈپ سۇغىرىش، تېمىتىپ سۇغىرىش يولغا قويۇلىدىكەن.

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ «بەللى» دەۋەتتىم. «ئازنى ئايىساڭ كۆپ بولىدۇ. كۆپنى چاچساڭ يوق بولىدۇ»، مۇشۇنداق تېجەشلىك جاھان تۇتسا، بۇ يۇرت ھەقىقەتەن روناق تاپمامدۇ !

بۇ يۇرتنىڭ رەھبەرلىرى، دېھقانلىرى نەزىرىدە ھەرقانداق بايلىق پەقەت بۇگۈننىڭ، مۇشۇ يەرنىڭ ئىگىلىرىگىلا تالىق ئەمەس، ئۇنىڭدا ئەتىنىڭمۇ، كېيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار. ئۇنى

خالىغانچە بۇزۇپ ـ چېچىش ئۆزگىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا خىيانەت قىلىش بىلەن باراۋەر. مانا بۇ ھەقىقىي ئىنسانىنىڭ جەمئىيەت ۋە تەبىئەت ئالدىدا مەسئۇل بولۇش روھى.

مەن پەرھات ھاكىم بىلەن بولغان سۆھبەتتىن كېيىن يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدىم.

ئەمگەكچان دېھقان؛ تەدبىرلىك رەھبەر؛ گۈللەنگەن جەمئىيەت؛ كۆلگەن تەبىئەت؛ ھازىرغىمۇ، كەلگۈسىگىمۇ مەسئۇل بولىدىغان روھ؛ مەئىشەتمۇ سۇرەلەيدىغان، لېكىن ھېچنېمىنى بۇزۇپ ـ چاچمايدىغان ئاقىلانە تۇرمۇش مېنىڭ خىيال ئاسمىنىمغا جۇغلىنىپ ھەسەن ـ ھۈسەندەك گۈزەل بىر كۆرۈنۈشنى ئەكس ئەتتۈردى. تەسەۋۋۇر قۇشۇم كۆككە كۆتۈرۈلدى. مەن گويا بۈيۈكلۈكتە بۇ زېمىننى كۆزىتىۋاتاتتىم. زامانى ئەۋۋەلدە جەننەت دەپ ئاتالغان بۇ ماكان يەنە يېڭىباشتىن جەننەت تۈسىگە پۈركىنىۋاتقاندەك ھالەت كۆز ئالدىمدا ئايان بولدى. ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان قۇملۇق بۇ ماكاننى ئەمدى كۆمۈۋېتەلمەيدىغاندەك، بەلكى گۆھەر بوستانلىق قۇملۇق تەرەپكە كېڭىيىدىغاندەك بىر خىل تاتلىق تەسەۋۋۇر مېنى مەست قىلدى. بۇ ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئارزۇيۇم ئىدى، لېكىن ئۇ دېھقان ئۈچۈن نىيەت ـ مەقسەتكە، تىرىشىش نىشانىغا ئايلانغان.

مانا، قاراڭ، بۇ يېشىل بوستانلىققا ! ئۇلارنىڭ ئىجتىھاتىغا كىم قايىل بولمايدۇ !؟ ئۇنىڭغا ھەممەيلەن قايىل، پۈتۈن جاھان قايىل ! شۇڭا، ئۇلارغا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇھىت پىلان مەھكىمىسى يەر شارىدىكى ئورمانزارغا پۈركەنگەن بەش يۈز يۇرتنىڭ بىرى دەپ نام بەرگەن. بىر ناھىيەدە، يەنە كېلىپ مۇشۇنداق قۇرغاق ناھىيەدە ھەربىر ئائىلىگە ئوتتۇرىچە بەش يۈز يىگىرمە بىر تۈپ دەرەختىن توغرا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېلىش[1] ئاسان ئىشمۇ؟! بۇ دەرەخقىقەت، تامچە - تامچە تەرلەرنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن، دېھقانلارنىڭ ھەربىر تامچە سۇنى جايىغا ئىشلىتىشىدىن، بىر تامچە سۇنىمۇ زايە قىلماسلىقىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن.

مەن تەكلىماكان چۆلىدىمۇ، بۇ كەنتتىمۇ ئاسماندىن بەزەن - بەزەن بىرنەچچە تامچە يامغۇرنىڭ تامچىلاپ چۈشكەنلىكىنى كۆردۈم. بۇنى يامغۇر تامچىسى دېگۈم كەلمىدى. بۇ يەردىكى ئەسلىدىمۇ ئاز سۇ مەنبەلىرىنىڭ يەنە بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغىنىمدا، ئاقسۇچ قۇم ۋە يېشىلزارلىق خۇددى ئۇرۇمچىنىڭ بىقارار ئىسسىق - سوغۇق ھاۋاسىدەك ئالمىشىپ تۇرىدىغان بۇ تىرىكچىلىك مۇھىتىدا كەتمەننى ئېگىز كۆتۈرۈپ چېپىۋاتقان جاپاكەش دېھقانلارنى كۆرگىنىمدە مېنىڭ كۆزۈمدىنمۇ، ھەمراھلىرىمنىڭ كۆزىدىنمۇ ياش تامچىغان. ئەجەبا، بىزنىڭ كۆزىمىزدىن ياش تامچىغان يەردە، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغان شۇ ئاسماننىڭ كۆزىدىن ياش تامچىماسمۇ؟!

ئىزاھات:

① بۇ مەلۇمات ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىننىڭ «خوتەن بوستانلىقى ۋە ئېكولوگىيەسى» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.

# چار بازار

يېزا بازارلىرى ئىپتىدائىيلىقى، قايناق ـ ئاۋاتلىقى، يەرلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۆزىگە خاس جەلپكارلىقتا ئىگە. بولۇپمۇ چوڭ شەھەرلەردىن كەلگەنلەر بۇنداق بازارنى كۆرمەي كەتسە، يېزىغا خاس ئىنتايىن مۇھىم نەرسىدىن خەۋەرسىز قالغان بولىدۇ. شاھ كەنتىدە بىرنەچچە ئاشخانا، ناۋايخانا، رېمونتخانا ۋە كۆندىلىك بۇيۇملار دۇكىنىلا بار ئىكەن. خانئېرىق يېزىسىنىڭ بازار كۈنى بىز تۇرغان كۈنلەرگە توغرا كەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لاسكوي بازىرى بۇ يېزىغا يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن، دېھقانلار بازار قىلىش ئۈچۈن، كۆپرەك شۇ يەرگە بارىدىكەن. شۇڭا، بىز بازار كۆرۈش ھەۋىسىمىزنى قاندۇرۇش ئۈچۈن يەكشەنبە كۈنى شۇ بازارغا باردۇق.

بۇ بازاردا يەردىن چىقىدىغان جىمى نەرسە بار ئىكەن. بىر تاغىرى بىر يېرىم كويدىن سېتىلىپ تونۇر، ئوچاقلارنىڭ ئىچىگە سۇۋىلىدىغان شور، ئات ـ ئۇلاغقا بېرىلىدىغان بېدە، سامانلار بازار دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىلا كۆزۈمگە تاشلىنىۋىدى، بازارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆزۈم ئالا چەكمەن بولۇپ كەتتى. يىمەكلىكلەردىن قارا ماتاڭ، ئاق ماتاڭ، ئاشلەڭپۇڭ، سېرىقئاش، كاۋاپ، تونۇر كاۋاپ، سامسا، گۆشگىردە ۋە ھەر خىل قۇرۇق مېۋىلەر؛ ئوتياشلاردىن سەۋزە، چامغۇر، يېسىۋىلەك، پىياز، سامساقلار بازارنىڭ بىرىنچى قاتارىنى

ئىگىلىگەنىدى. ئۇنىڭ ئېرىسىغا بارغاندا، «نېمە دېسىڭىز، شۇ بار» دېگەن ھالەت كۆزۈمگە تاشلاندى: قاتار تىزىۋېتىلگەن «سەكسەن خالتا»لار، ئۇلاغ، ھارۋىلارغا ئىشلىتىلىدىغان خامۇت، جابدۇقلار، ماشىنا، موتوسىكلىت، تىراكتور سايمانلىرى، ھەر خىل كىيىم ـ كېچەك، ئۆي بىساتلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋەھاكازالار.

بازارنىڭ سول تەرىپىدىكى قورۇدا سودا قىلىش ئۈچۈن كەلگەن دېھقانلارنىڭ ھارۋىلىرى قويۇلغانىكەن. بىز بۇنى چاقچاق قىلىپ «ماشىنا ساقلاش مەيدانى» دەۋالدۇق. ئۇنىڭ نېرىسىدا قول تىراكتور ۋە موتوسىكلىتلار قاتار تىزىۋېتىلگەن يەنە بىر «ماشىنا ساقلاش مەيدانى» بار ئىكەن. ھېچقايسىسى ئاپپاراتچىلىرىمىزنىڭ دىققىتىدىن چەتتە قالمىدى.

بىز بازارنىڭ ئايىغىدىكى مال بازىرىغا باردۇق. بۇ يەردە ئات ـ ئۇلاغ، قوي ـ ئۆچكە سودىسى بولىدىكەن. قوي سودىسىنى كۆزىتىپ تۇردۇم. ساتارمەن ئۈچ يۈز ئەللىك يۈەن، دېدى، ئالارمەن ئىككى يۈز ئەللىك يۈەن باھا قويدى. سودا پۈتمىدى. ئالغۇچى كەتمەكچى بولۇۋىدى، شۇ ئەسنادا ساقال ـ بۇرۇتى ئاق سانجىغان بوغداي ئۆڭ بىر كىشى ئۇنى توختىتىۋالدى ۋە ساتارمەنىنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— ئەمىسە، بۇ سودىنى قىلىمىز ـ ھە! — دېدى. ئۇ كىشىمۇ باش لىڭشىتتى.

— ئىككى يۈز ئاتمىش كوي.

ساتارمەن باش چايقىدى.

— ئىككى يۈز ئاتمىش بەش كوي.

ئۇ يەنە باش چايقىدى. شۇنىڭ بىلەن رەسمىي «يەڭ سودىسى» باشلاندى. ئۇ كىشى ساتارمەنىنىڭ قولىنى سول قولىدا تۇتۇۋېلىپ، ئوڭ قولىنى ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ ئىچىگە

كىرگۈزدى. ئەمدى بارماقلار سۆزلەۋاتاتتى. ساتارمەن يەنىلا باش چايقايتتى... ئاخىر باش چايقالمىدى. ئۇ كىشى ئالارمەننىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەكەلسىلە، ئۈچ يۈز يىگىرمە كوي بەرسىلە، — دېدى.

ئالارمەن ئۈنىمىدى. ئۈنى دەپ، بۇنى دەپ سودا ئۈچ يۈز يۈەنگە توختىدى. بېدىككە ئىككى تەرەپ قانچىلىكتىن چاي پۇلى بەردى، كۆرەلمىدىم. بېدىك قوينىڭ بوينىدىكى تانىنى يېشىپ مال ئىگىسىگە بەردى ـ دە، يەنە بىر تانىدا قوينىڭ بوينىنى باغلاپ ئالارمەننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ساتقۇچى قوينىڭ يۇڭىدىن كىچىككىنە كېسىۋالدى. بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى يېنىمدىكى چوڭراق كىشىدىن سوراپ بىلىۋالدىم: قوي باغلاپ كەلگەن تانىنى بەرمەسلىك، قوينىڭ يۇڭىدىن ئازراق كېسىپ ئەپقېلىش ئىرىم ئىكەن، مۇشۇنداق قىلغاندا، ئۆيىدە قالغان مال ـ ۋارانلاردىن قۇت ـ بەرىكەت كېتىپ قالمايدىكەن. ساتقۇچى دېھقان پۇلنى ئېلىپ كۈنگە تۇتۇپ راست ـ يالغانلىقىنى بىر تەكشۈرۈۋەتتى، ئاندىن يەرگە بىر سوركىۋېتىپ، قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى. شۇ تاپتا ئۇ كۆڭلىدە تۇپراقنىڭ بەرىكىتىنى يانچۇقىغا سېلىۋاتاتتى.

بىز يەنىمۇ ئىچكىرىسىگىرەك بىر جايغا بېرىپ تاقىچىلار-نىڭ ھۈنىرىنى كۆزدىن كەچۈردۇق.

ئۈچ تال ياغاچتىن ياسالغان دار ئىچىگە بىر ئات ئۇزۇنىغا تۇرغۇزۇلۇپ، قولتۇق ۋە تېقىم ئارىلىقىدىن دارغا باغلىنىپ، ئارقان ئۈچى دارغا باغلاپ قويۇلۇپتۇ. تاقىچىلار ئاتنىڭ كەينى پۇتىنى تۇياق ئۈستىدىن ئارقان بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ سوتىراچ بىلەن تۇياقنى نېپىز ياپىلاقداپ كېسىپ ياساۋاتقانىكەن، كېيىن تاقىنى قويۇپ مىخلىدى. ئىككى ـ ئۈچ سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاقا مىخى بولقىنىڭ كۈچى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇياقتا كىرىۋاتقاندا ئاتنىڭ چىرايىغا قارىدىم، ئازابلىق ھالەت بايقىمىدىم. تاقا مىخلىنىپ بولغاندىن كېيىن تۇياق چۆرىسى تاقا يۈزىگە جىپسىلاشتۇرۇلۇپ ياسالدى. ئۇنىڭ نېرىسىغا قارىسام، يەنە بىرنەچچە داردا ئېشەكلەر تاقىلىنىۋېتىپتۇ. ئاتنىڭ تاقىسى قېلىنىراق، ئېشەكنىڭكى نېپىزرەك ياسىلىدىكەن. تاقىچىلاردىن ئىگىلىشىمچە، ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ ماڭىدىغان يولىغا قاراپ، تاقا يەنە پەرقلەندۈرۈپ ياسىلىدىكەن. تاشلىق ئۆزۈن يوللار ئۈچۈن ئۈچ يۈز گىرام ئۆپچۆرىسىدە قېلىنراق، توپىلىق يول ئۈچۈن ئىككى يۈز گىرام ئۆپچۆرىسىدە نېپىزرەك تاقا سوقۇلىدىكەن. مۇزلۇق يولنىڭ تاقىسى مىخلىق بولىدىكەن. بىر زامانلاردا بۇغىلارنىمۇ تاقىلاپ ئىشلىتىدىغان ئىشلار بولغانىكەن. ھازىر كۆپرەك تاقىلىنىدىغىنى ئېشەك ئىكەن.

تەجرىبىلىك تاقىچىلار ئۇلاغلارنىڭ يۈرۈش، تىنىش ئەھۋاللىرىغا قاراپ ئۇلاردىكى كېسەللىكنى پەملىيەلەيدىكەن، بۇرۇن ئۇلاغلاردا بولىدىغان چاشقان يارىسى، ئالىقاراق، تۇياق يېرىلىشقا ئوخشاش كېسەللىكلەرنى تاقىچىلار يەرلىك ئۇسۇل، يەرلىك دورىلار بىلەن داۋالايدىكەن، ھەتتا جوجەي، ئۆسمىلەرنى ئوپېراتسىيەمۇ قىلالايتىكەن. ھازىر دېھقانلار كۆپىنچە چارۋا ـ مال دوختۇرخانىلىرىدا داۋالىتىدىكەن، ئۇششاق ـ چۈششەك كېسەللىكلەرنى يەنىلا تاقىچىلار ئەملەپ قويىدىكەن.

مەن ئېشەكنى تاقىلىتىۋاتقان كىشىدىن سورىدىم:

— بىر ئېشەكنى تاقىلاتقانغا نەچچە پۇل بېرىسىلەر؟

— يەتتە ـ سەككىز كوي.

— قانچىلىك ۋاقىتتا بىر تاقىلىتىسىلەر؟

— بۇرۇن يوللار توپىلىق ئىدى، بىرقانچە ئايدا بىر تاقىلىتاتتۇق. ھازىر يوللار سېمونت بولغاچقا، تاقا تېز

ئۆپرايدىكەن. ئېيىغا بىر قېتىم تاقىلىدىغانىمىز.

كالالامغا بىر سوئال كەلدى. بۇ مېنىڭ دېھقان تۇرمۇشىغا بولغان بىلمەسلىكىمدىن پەيدا بولغان سوئال ئىدى، سورىماي دېدىم، لېكىن بىلگۈم كەلدى، ئاخىر سورىدىم:

— تاقىلاتمىسا، زادى بولمامدۇ؟

دېھقان چىرايىمغا زەن سېلىپ بىر قارىۋەتتى، مېنى زاڭلىق قىلامدىكىن، دەپ ئەنسىرىۋىدىم، ئۇنداق بولمىدى.

— «ئات يۇك كۆتۈرىدۇ، تاقا ئاتنى كۆتۈرىدۇ» — دېدى ئۇ تەمكىن ھالدا، — بىزدە مۇشۇنداق بىر ماقال بار. بۇ ئىشەككىمۇ توغرا كېلىدۇ. ئات - ئېشەك تۇياقتىن كەتسە بولمايدۇ. بۇمۇ ئاسراش يولى.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. لى ۋېيچىڭ خانىم، لى چۇنخۇا خانىملار ئۇيغۇرچىنى خوتەن شېۋىسى بىلەن كېلىشتۈرۈپ سۆزلەيدىغان خانئېرىق يېزىلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى خېڭ شىڭنىڭ ۋاستىسى بىلەن بۇ سۆھبىتىمىزگە ئىشتىراك قىلدى. كۆرۈنۈشلەر سۈرەتكە ئېلىنغاندىن كېيىن بىز بازاردىن قايتىپ چىقتۇق.

بىز ماشىنىمىزغا چىقتۇق. بۇ چاغدا ئېشەك ھارۋىسىغا چىقىۋاتقان ھېلىقى دېھقان لىپپىدە كۆز ئالدىمغا كەلدى.

بىز ئاسفالت يولدا كېتىۋاتىمىز، ئېھتىمال شۇ دېھقانمۇ مۇشۇ يولدا كېتىۋاتىدۇ. لېكىن، بىز ئىتتىك كېتىۋاتىمىز، ئۇ چوقۇم ئاستا كېتىۋاتىدۇ.

بىزگە ئوخشاش چاپسان كېتىۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس، لېكىن ئاستا كېتىۋاتقانلىرى جىق. ھەرنېمە بولسا، ئۇلار بۇ ئاسفالت يولنىڭ تاقىنى ئۆپرىتىپ، ئاخىر ئات - ئېشەكلەرنى ئاقسىتىپ قويىدىغانلىقىنى چۈشەندى. بۇ خەلق تۆت مىڭ يىللار بۇرۇن ئاتنى كۆندۈرۈپ[1]، قىر - يايلاقلاردا «ئاتلىقلار

مەدەنىيىتى»نى ياراتقان، «يارىيا»دەك ئېگىز، يوغان ھارۋىلاردا يۈرگەنلىكى ئۈچۈن «ئېگىز ھارۋىلىق تېلېلار» دەپ ئاتالغان، شۇ ئات، ئېشەك ھارۋىلىرىنى بۈگۈنگىچە ساقلاپ كەلگەن تارىخى بىلەن مەست بولۇپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇلار دەۋرگە ئەگىشىشنى، دەۋر بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلىشنى خالايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىدۇ، تىرىشىدۇ.

مەن بايام كۆرگەن بازار ھەققىدىمۇ ئويلىدىم. مەن پۈتكۈل سەپىرىم جەريانىدا كۆرگەن ۋە كۆرمىگەن، ھەتتا بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۆرۈشۈم مۇمكىن بولمىغان يوللاردا بۇ خەلق ئاجايىپ بازارلارنى ئاچقان. ئۇلار شۇ قەدىمكى قاشتاش يولىنىڭ، يىپەك يولىنىڭ خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە «خۇرجا» (胡贾) دەپ ئاتالغان [2] ئاۋانگارت كارۋانلىرى ئىدى. ئۇلار شەرق ـ غەرب ئارىلىقىدا مال توشۇدى، مەدەنىيەت توشۇدى، ئۆزىنىمۇ تولۇقلىدى، ئۆزگىنىمۇ تولۇقلىدى. ئۇلار شۇ قەدىمكى يوللارغا شانلىق سەھىپىلەرنى يېزىپ قالدۇردى. ئەپسۇسكى، دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن بۇ يول چۆلدەرەشتى. نۇرغۇن نەرسىلەر يوقالدى، لېكىن ئۇدۇم ـ ئەنئەنە يوقالمىغانىدى. يېڭى دەۋردە بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلۇشى بىلەن بۇ خەلقنىڭ ھۈجەيرىسىدىكى سودا گېنى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى.

ھەرگىزمۇ بايامقى بازارنىڭ ئىپتىدائىيلىقى بىلەن قايمۇقۇپ قالماسلىق كېرەك. ئۇ بازارغا ھەممە ئادەم بارىدۇ، ھەممىسىلا ئالىدۇ، ساتىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئاممىۋىلىقى.

ئۇ بازار ھەممە يەردە بولىدۇ، دۈشەنبە بازار بۇ يېزىدا، سەيشەنبە بازار ئۇ يېزىدا، چارشەنبە بازار يەنە بىر يېزىدا، پەيشەنبە، شەنبە، يەكشەنبە بازارلارمۇ ئايرىم ـ ئايرىم يېزىلاردا بولىدۇ (پەقەت جۈمەلا كۈن نۆۋىتى بىلەن بولىدىغان بۇ بازارلارنىڭ سىرتىدا). ئۇ بازارلاردا شۇ ساتارمەنلەر يەنە جەم

بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئومۇمىيلىقى ۋە ھەرىكەتچانلىقى.

بۇ بازار تولىمۇ ھازىر جاۋاب. بۇگۈن خەقنىڭ يېڭى بىر ئېھتىياجى پەيدا بولغانىكەن، ئەتىسىلا شۇنىڭغا لايىق نەرسە پەيدا بولىدۇ. ئۇ نەرسە مەيلى شاڭخەي، گۇاڭجۇۋدا، مەيلى تۈركىيە، ئەرەبىستاندا بولسۇن، بۇ ئادەملەر ئۇنى پەيدا قىلىدۇ، چاڭ بېسىپ تۇرغان پوكەيلەردە ئۇ نەرسىلەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

شۇڭا، بۇ خەلق بار يەردە بازار بولىدۇ، بازار ئاۋات بولىدۇ.

لېكىن، زامانىۋى بازارچۇ؟

يىلتىز بار ئىكەن، ئۇنىڭ كۆكى بولىدۇ. كۆك يانتاقنىڭ يىلتىزىغا تاۋۇزنى ئۇلاپ دەشتى - چۆلدىمۇ تاتلىق تاۋۇز يېيەلەيدىغان خەلق ھامان بىر كۈنى ئۇنى چوقۇم قاملاشتۇرىدۇ، چوقۇم...

**ئىزاھات:**

① ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى». 208 - بەت.

(ئامېرىكىلىق ئېساك ئاسىمىق «قاتناش ئىنقىلابى» دېگەن ماقالىسىدە: «ئات - ئۇلاغدىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىش تەخمىنەن مىلادىيەدىن 2000 يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مەيدانغا كەلگەن» دەپ كۆرسەتكەن.)

② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى 7 - ئاي نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# نېمە ئۈچۈن ئوقۇيسىز

بىر ئازدىن كېيىنلا، بىز ئاياغ تۇتۇن باشلانغۇچ مەكتىپىدە زىيارەتتە بولدۇق. مەكتەپ مۇدىرى مەتتۇرسۇن ئوبۇلنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىدىن مەلۇم بولدىكى، بۇ مەكتەپتە تۆت يۈز سەكسەن ئوقۇغۇچى، ئون سەككىز ئوقۇتقۇچى (بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى) بار ئىكەن. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتكۈزگەن بولۇپ، ئاساسەن ھەربىر ئوقۇتقۇچى بىر سىنىپنىڭ بارلىق دەرسىگە مەسئۇل ئىكەن، ھەپتىسىگە ئوتتۇز بىر سائەتتىن ئوتتۇز بەش سائەتكىچە دەرس ئۆتىدىكەن. دەرەخلەرگە، ۋادەكلەرگە، تاملارغا ئورنىتىلغان ژۇرنال چوڭلۇقىدىكى كارتىلارغا يېزىلغان خەنزۇچە سۆزلۈك ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بالىلارنىڭ خەنزۇچە ئۆگىنىشىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىپتۇ. خەنزۇ تىلى دەرسلىكى ئىككىنچى يىللىقتىن باشلاپ ئۆتۈلىدىكەن.

بايراق چىقىرىش مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بالىلار سىنىپلىرىغا كىرىپ كەتتى. مەن بىر سوئالغا بالىلارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ بېقىش مەقسىتىدە چاقماق تېزلىكىدىكى زىيارىتىمنى باشلىدىم. 1 ـ، 3 ـ، 5 ـ يىللىقنى ئاساسىي نۇقتا قىلدىم، ھەربىر سىنىپقا كىرگەندە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەقەت بەش مىنۇتلا

ۋاقتىنى ئالدىم. ئاۋۋال 1 ـ يىللىق بىرىنچى سىنىپقا كىردىم. سوئالىم پەقەت بىرلا:

— سىز نېمە ئۈچۈن ئوقۇيسىز؟

بۇ سوئالنى ئوقۇتقۇچى ماڭا ۋاكالىتەن سورىدى. مەن پارتىدا ئولتۇرۇپ جاۋابلارنى تۆۋەندىكىچە خاتىرىلىدىم:

— كىتاب ئوقۇش ئۈچۈن.

(دۇرۇس، سەندە ھەۋەس بار ئىكەن — بۇ مېنىڭ شۇ چاغدا كاللامغا كەلگەن ئوي، تۆۋەندىمۇ شۇنداق.)

— ئاتا ـ ئانامنىڭ ئىسمىنى يېزىشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن.

(ئاۋۋال ئاتا ـ ئاناڭنى ئويلاپسەن، رەھمەت.)

— بىرى تېلېفون نومۇرىنى دەپ بەرسە يېزىۋېلىش ئۈچۈن.

(ئۆيۈڭدە چوڭلار يازالمايتىكەن ـ دە.)

— ئاتا ـ ئانامغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن.

(بەللى، ئاتا بالىسى ئىكەنسەن!)

— ئۆيدىكىلەر ھۆججەتكە قول قويغاندا ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن.

(ئەمدى بىزدىن سېيىت نوچى چىقمىغۇدەك.)

— خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن.

(ساۋاتسىز دەپ ئاكاڭغا بىر قىز تەگكىلى ئۇنىمايتىدىكەن ـ دە.)

— پۇلنى توغرا ساناش ئۈچۈن.

(پۇلى بولسىمۇ، ساۋاتى بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىۋاپسەن ـ دە، شاكىچىك.)

— مۇئەللىم دەپ بەرمىسىمۇ، ئۆزۈم ئىچىمدىن چىقىرىپ يازغىلى.

(سەن يېڭىلىق ياراتقۇچى بولۇپ قالامسەن ـ نېمە؟)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— قاپاقباش بولماسلىق ئۈچۈن.
(توغرا، خارلانماي دېسەڭ، بىلىم ئال.)
— ...
1 ـ يىللىقتىكى بالىلارنىڭ جاۋابى شۇ قەدەر كونكرېت ۋە تېز بولدىكى، ئاخىرىغا كەلگەندە يېزىپمۇ، ئويلاپمۇ ئۈلگۈرۈپ بولالمىدىم.
3 ـ يىللىققا كىردىم. جاۋابلارنىڭ يېرىمى يۇقىرىقى خاراكتېردە، يېرىمى تۆۋەندىكىچە بولدى:
— شوپۇر بولۇش ئۈچۈن.
(كەنتىمىزدىكى تىراكتورچىغا ياكى بولمىسا يولدىن ئۆتكەن بىرەر پىكاپنىڭ شوپۇرىغا ھەۋەس قىپتۇ ـ دە، دەپ ئويلىدىم مەن)
— بوغالتىر بولۇش ئۈچۈن.
(ئاتا كەسپى ئوخشىمامدۇ؟ ياكى ھەۋەس؟)
— سەنئەتچى بولۇش ئۈچۈن.
(سەھنىگە چىققۇڭىز باركەن ـ دە.)
— كومپيۇتېرچى بولۇش ئۈچۈن.
(نىيەت ھەممىدىن ئەلا. پات ئارىدا كومپيۇتېرىڭمۇ بولۇپ قالار.)
— ...
ئەمدى 5 ـ يىللىققا كىردىم. 1 ـ يىللىقتىكىلەرنىڭكىدەك جاۋاب بۇ يەردە ئاساسەن يوق. يېرىمى 3 ـ يىللىقتىكىلەرنىڭ بايام مەن يۇقىرىدا يازغان جاۋابىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان، قالغان يېرىمى تۆۋەندىكىچە جاۋاب بەردى:
— ئوقۇتقۇچى بولۇش ئۈچۈن.
(كۆپ ھاللاردا كۆز ئالدىدىكى ئۈلگە مۇھىم ئۈلگە، دەپ ئويلىدىم مەن.)

— بىلىم ئېلىش ئۈچۈن.

(ئومۇملاشتۇرۇپ يېكىر قىلىشنى ئۆگىنىپتۇ ـ دە، بۇ. تۆۋەندىكىلەرمۇ شۇنداق.)

— خەلق ئۈچۈن.

— سوتسىيالىزم ئۈچۈن.

— ئەخلاقلىق بولۇش ئۈچۈن.

— مەدەنىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن.

— ئادەم بولۇش ئۈچۈن.

بۇ جاۋاب سىنىپتا سەل غۇلغۇلا قوزغىدى:

— سەن ئادەم ئەمەسمۇ؟

— ياراملىق ئادەم دېمەمسەن !...

بېشىغا يوغان تەلپەك كىيىۋالغان بالىنىڭ جاۋابى ئەنئەنىۋى تىل ئادىتىمىز بويىچە توغرا ئىدى، كېيىنكىلىرى ئۇنىڭ جاۋابىنى بىر ئېنىقلىغۇچى بىلەن تولۇقلاپ قويدى، خالاس. ئادەم بولۇش تەلىپى ناھايىتى مۇكەممەل تەلەپ. ئۇ ئىنسان بالىسىدىن ھەم ئادىمىي پەزىلەتكە، ھەم بىلىمگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. قايسى ئادەمدە بۇنىڭ بىرى كەم بولىدىكەن، خۇددى بىر پۈتلۈق ئادەمگە ئوخشاپ قېلىپ ھاياتلىق مەنزىلىدە مۇدۇرۇلىدۇ ياكى قىينىلىپ ئۆتىدۇ. ئاتا ـ ئانىمىز بىزنى ئادەم دەپ تاپقان، ئادەمدەك بولسۇن دەپ تەربىيىلىگەن، ئادەم بولۇپ ياشاش، ئادەمدەك ياشاش ئەمدى بۇ بىزنىڭ تەربىيىلىنىشىمىز، تىرىشچانلىقىمىز ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئادەم — ياراملىق ئادەمنىڭ ھەقىقىي مەنىسى مۇشۇ. جاۋابىڭلارغا ئاپىرىن، شاكىچىكلەر !

مەن 6 ـ يىللىقلارنىڭ سىنىپىغا كىرمىدىم. چۈنكى، ئۇلار بۇ يىل تولۇقسىزغا ئىمتىھان بېرىدىغان بالىلار ـ دە ! ئىمتىھان دېسە، پۈتكۈل جەمئىيەت ئېتىبار بىلەن قارايدىغان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

مەملىكەتنىڭ پۇقراسى بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇلارغا ھەرگىز دەخلى قىلغۇم كەلمىدى.

مەكتەپ مەيدانىدا ئىككى سىنىپ بالىغا تەنتەربىيە دەرسى ئۆتۈلۈۋېتىپتىكەن، چەتتە تۇرۇپ ئۇلارنى كۆزەتتىم. بالىلار ھەر خىل، ھەر ياڭزا كىيىنگەن، ھەرگىزمۇ ئۇرۇمچىدىكىدەك ئوخشاش بىر خىل فورمىدا ئەمەس ئىكەن. بۇنى يېنىمدا تۇرغان بىر ئوقۇتقۇچى يېتەرسىزلىك سۈپىتىدە تىلغا ئېلىۋىدى، مەن قوشۇلمىدىم.

ياق، بالىلاردا كىچىكىدىن تارتىپ خاسلىق يېتىلدۈرۈش كېرەك. خاسلىق روھى جەھەتلەردىن تارتىپ ياكى كىيىنىشكىچە ئەكس ئېتىدۇ. ھەممىنى بىر قېلىپقا سېلىش خاسلىققا تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. قاراڭ، 1 ـ سىنىپتىكى بالىلارنىڭ جاۋابىدا خىلمۇخىل خاسلىق ئەكس ئېتىپ تۇرمامدۇ. پىكىر قىلىشنىڭ ئۆزلۈكىگە ــ خاس تەپەككۇرغا ئىلھام بېرىشنى مەقسەت قىلىدىكەنمىز، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغىمۇ، شەكلىگىمۇ ھۆرمەت قىلىشىمىز، خاسلىق خاراكتېرىدىكى ئەڭ كىچىك ئىشلارغىمۇ سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. يىغىلىق يارىتىش تىپىدىكى جەمئىيەت خاس تەپەككۇر ئىگىلىرى تەرىپىدىن يارىتىلىدۇ.

# كىتاب

ئارىلىقتىكى چوڭ تەنەپپۇستا، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ئابلەت نەشرىياتىمىزغا ۋاكالىتەن قىسقىغىنا نۇتۇق سۆزلەپ، مەكتەپكە كىتاب سوۋغا قىلدى. ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. ئاندىن بىز مەكتەپ كۇتۇپخانىسىنى زىيارەت قىلدۇق. كۇتۇپخانا كىچىكرەك بىر ئېغىز ئۆيگە جايلاشقانىكەن. كىتاب جاھازلىرى يوق دېيەرلىك. يوغان ئۇستەللەرگە يېپيېڭى كىتابلار دەستىلەپ قويۇلۇپتۇ. بۇ يەردە ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈش شارائىتىنىڭ يوقلۇقىنى، كىتابلارنىڭمۇ ئاساسەن ئارىيەتكە بېرىلمىگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مۇدىر مەتتۇرسۇنمۇ كۆڭلۈمدىكىنى پەملىگەندەك، پات ئارىدا كۇتۇپخانىنى كەڭرەك ئۆيگە يۆتكىمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

«توغرا، — دېدىم كۆڭلۈمدە، — مەيلى قانداق تەدبىر قوللىنايلى، ئىشقىلىپ بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ ھەممىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتى. كىتاب مەدەنىيەت جۇغلانمىسى، بىلىم خەزىنىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بالىلارغا دەرسخانىمۇ بېرەلمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى بېرەلەيدۇ.

بۇ دىياردا قەدىمدىن تارتىپ نۇرغۇن مەرىپەت ئىگىلىرى ئۆتكەن، قۇم بارخانلىرى ئۇلارنىڭ جىسمىنى كۆمۈپ كېتەلىگەن

بولسىمۇ، لېكىن شان ـ شۆھرىتىنى كۆمۈپ كېتەلىگىنى يوق. باللار بۇنى بىلىشى كېرەك. گىتامىت [1]، دېۋا پراجىنا [2]، سىكسانانىدا [3]، تايۇن تاناخۇ [4]، شىرۇدامو [5]، ۋېيسارا سورا [6]، بۇددىھا باھادرا [7]، داراماناتى [8]، گۇنا باھادىرا [9]غا ئوخشاش تىل ئۇستازلىرىنى ياد ئېتىپ تۇرۇشى، ئۇلارنىڭ ئۆز تىل ـ يېزىقىنىلا ئەمەس، قەدىمكى ھىندىستان، خەنزۇ، تىبەت تىل ـ يېزىقلىرىنىمۇ پۇختا ئىگىلىگەن ۋە بۇ ئارقىلىق زامانىسىدىكى مەدەنىيەتنى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىن تارتىپ تاكى تىنچ ئوكيان بويلىرىغىچە تارقىتىشقا ھەسسە قوشقان ئەجىر ـ ئىزىدىن ئىلھام ئېلىشى كېرەك. ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىش، ئىختىرا قىلىش يولى، ئادەم قەلبىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئېسىل تالانتى بىلەن ئۇدۇن بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن دېھماراچىن [10]، ۋېيسارا باجىنا [11]، ۋېيسارا ۋازېكىنا [12]، ۋېيسارا ئىراساتكا [13]، ۋېيسارا كۈيجى [14]گە ئوخشاش رەسساملارنىڭ نامى تارىخنامىلەردە زىكىر قىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئۆزگە ئەللەرنىڭ تەسۋىرىي سەنئەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلغان، ئۇنىڭغا يەنە ئۆزىنىڭكىنى قوشۇپ تاكامۇللاشتۇرغان، يەنە ئۇنى سىرتقا چىقىرىپ باشقىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. خۇددى ئىتالىيە رىم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى مارىئو بۇساگرى ئېيتقاندەك: «ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرلا ئېقىم ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئەسىرى، يەنى نەپىس تام رەسىملىرى بىلەن ياغاچ ئويما رەسىملىرىدىن ئىپتىخارلىنالايدۇ. بۇ ئەسەرلەر جۇڭگو سەنئەتكارلىرى ۋە تەقلىدچىلەرنى قايىل قىلغان. بۇ بولسىمۇ خوتەن رەسساملىق ئېقىمىدۇر.» مانا بۇ ئۇلگىلەرنى بىزنىڭ باللىرىمىز بىلىشى، ئۇنىڭدىن ئىپتىخارلىنىشى ۋە بۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ، يېڭىدىن ـ يېڭى ئىجادىيەتلەرگە بەل باغلىشى كېرەك.

بۇ زېمىننىڭ ئاسمىنىدا ياڭرىغان كۈيلەر — ئۇدۇن نەغمىلىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنلا خەن گاۋزۇنىڭ چاڭئەندىكى ئوردىسىنى زوق - شوققا چۆمدۈرگەن؛ ۋېيسارا چىن[15] ئۆزىنىڭ بالىمانى بىلەن، ۋېيسارا كان[16] غوڭقىسى ۋە سۇزۇك ئاۋازى بىلەن ئۆز يۇرتىدىكىلەرگىلا ئەمەس، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرگىمۇ سەنئەت پەيزى ئاتا قىلغان. بۇنىمۇ بالىلىرىمىز بىلىشى كېرەك، ئۆزىنى ئۆزى تونۇشتا، ئۆزىنى ئۆزگىگە تونۇتۇشتا ھەرقانداق ئىجادىيەت ۋە ماھارەتنىڭ ئىنتايىن زور رول ئوينايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشى ۋە چۈشىنىشى كېرەك. ئۇلار يەنە شۇنىمۇ چۈشىنىشى كېرەككى، ئەجدادلىرىمىز تارىخ بىنا بولغاندىن بېرى «ئەمەتاخۇن»، «مەمەتاخۇن»لا دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەر خىل - ھەر خىل نام - ئىسىملىرى بولغان، ئۇلار ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان. بۇنىڭ كۆپىنى بىز ئۇنتۇپ كەتتۇق، قايتا ئەسلەشكىمۇ يېتەرلىك ماجالىمىز يوق. خۇداغا شۈكۈر، بۇنىڭ بىر قىسمىنى بولسىمۇ ئالىملار تەتقىق قىلىپ بىزگە دەپ بەردى، لېكىن كۆپىنچىسى يەنىلا قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ يېتىپتۇ. قۇم ئاستىدىكىنى يورۇققا چىقىرىش، مۇشۇ قۇملۇقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بوستانلىق مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش، ئۇنىڭ يارقىن جۇلاسىنى ئەتراپقا، ھەتتا پۈتكۈل دۇنياغا كۆرسىتىش كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىزنىڭ مۇشۇ بالىلىرىمىزنىڭ ۋەزىپىسى بولىدۇ. بۇ ۋەزىپىنى ئۇلار ياخشى ئوقۇش، دەرسلىكلەرنىمۇ، باشقا كىتابلارنىمۇ ياخشى ئوقۇش، شۇنداقلا ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئادا قىلالايدۇ. ئوقۇش بالىلارنىڭ ئىشى، ئوقۇتۇش، تەربىيەلەش ئائىلىنىڭ، مەكتەپنىڭ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىشى. جۈملىدىن ئۇلار ئوقۇپ چۈشىنەلىگۈدەك، ئۇلارغا ھەقىقىي نەپ بېرەلىگۈدەك كىتاب تەييارلاش بىز نەشرىياتچىلارنىڭ ئىشى.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— شۇنداق، بىز تېخىمۇ ئوبدان كىتابلارنى نەشر قىلىشىمىز كېرەك ئىكەن!

## ئىزاھات:

① ② ③ ④ ⑤ ⑥ ⑦ ⑧ ⑨ مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ئۇدۇندا ياشىغان تەرجىمىشۇناسلار. بۇلارنىڭ كۆپى شەرھشۇناسلىق ۋە رەسساملىق بىلەنمۇ بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتكەن.

⑩ دېھماراچىن — ئۇدۇن خان جەمەتىدىن. مىلادىيە 539 - يىللىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ رەسساملىق ۋە تەرجىمە بىلەن شۇغۇللانغان.

⑪ ۋېيسارا باجىنا — مىلادىيە 6 -، 7 - ئەسىرلەردە خوتەندە ياشىغان داڭلىق رەسسام، بۇددىزم دەۋرىدىكى تەسۋىرىي سەنئەت مەدەنىيىتىنىڭ داڭلىق نامايەندىلىرىدىن بىرى.

⑫ ۋېيسارا ۋازېكىنا (尉迟质那) — مىلادىيە 570 - يىللاردا خوتەندە ياشىغان مەشھۇر رەسسام. شۇ زامانلاردا لوياڭغا تەكلىپ بىلەن بېرىپ مەشھۇر ئىبادەتخانىلارغا رەسىم سىزغان ۋە ئوردىدا رەسساملارغا ئوقۇتقۇچى بولغان.

⑬ ۋېيسارا ئىراساتكا — مىلادىيە 7 - ئەسىرلەردە ياشىغان رەسسام. ئۆزىنىڭ «ئويما - قوپما ئۇسۇلى» ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىر شەرق رەسسامچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

⑭ ۋېيسارا كۇيجى — مىلادىيە 598 — 628 - يىللاردا خوتەندە ياشىغان مەشھۇر رەسسام، تەرجىمىشۇناس ۋە شەرھشۇناس.

⑮ ۋېيسارا چىن — مىلادىيە 780 — 805 - يىللاردا چاڭئەندە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولغان خوتەنلىك بالىمان ماھىرى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ داڭدار سانغۇنى.

⑯ ۋېيسارا كان — مىلادىيە 827 — 840 - يىللىرى چاڭئەندە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكەن، نەي چېلىش، ناخشا ئېيتىش ماھارىتى بىلەن تاڭ ۋېنزۇڭنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ھەمدە پايتەخت جامائەتچىلىكىگە تونۇلغان خوتەنلىك ئەرباب.

# ئوقۇش ئەسقاتىدۇ

مەكتەپ تەسىس قىلغان كەسىپ دەرسلىكى مەن ئۈچۈن يېڭىلىق تۇيۇلدى. يۇقىرى يىللىقلاردا گىلەم توقۇش، تىككۈچىلىك، قۇرۇلۇش دەرسلىرىمۇ ئۆتۈلىدىكەن. بۇنى ھەممىمىز توغرا تاپتۇق.

مائارىپنىڭ ۋەزىپىسى نوقۇل ئالىم تەربىيەلەشلا ئەمەس، جەمئىيەتكە يەنە مەلىكىلىك ئىشچىلارمۇ كېرەك. ھەربىر ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىشى، مەكتەپ ئۇنىڭغا ماسلىشىشى لازىم. ئۇزۇن يىللىق مائارىپ تەربىيەمىزدە نەزەرىيە جەھەتتىن تەربىيەلەشكىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئەمەلىيەت چىڭ تۇتۇلمىغانلىقى ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزدە تېخنىكىلىق ئىشچى ـ ھۈنەرۋەنلەر ئۆكسۈپ قېلىشتەك نورمالسىز ئەھۋال كېلىپ چىقتى. ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن خېلى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان جايلارغا ئورۇنلىشالماي يۈرىدۇ. بۇ راست، چۈنكى ئۇ جايلار ئادەمگە تويۇنغان. لېكىن، ئادەمگە ئېھتىياجلىق جايلاردىچۇ؟ ئۇلار ئىشنى قاملاشتۇرالمايدۇ. يېزىلاردىمۇ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتكۈزۈپ تىرىكچىلىكىنىڭ پېشىنى تۇتالماي لاغايلاپ يۈرگەن ياشلىرىمىز خېلى بار. بۇمۇ ئوقۇشتىن سوۋۇش خاھىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

«ئۇ ئوقۇپمۇ ئىشسىز يۈرىدۇ»، شۇڭا ئوقۇش ئەسقاتمامدۇ؟

ياق! ياق! ئۇ ئوقۇپمۇ «ئىش»نىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمىدى، شۇڭا لاغايلاپ يۈرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئىش تەقسىماتى تۈمەن خىل، تەربىيەلىنىشنىڭ، تالانتنىڭ، دىتنىڭ ھامان ساڭا بىر «ئىش»نىڭ پېشىنى تۇتقۇزىدۇ. ئۆزۈمنى مىسال ئالاي: مەن ئوقۇدۇم، مەدىكار بولدۇم، داۋاملىق ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگەندىم، ئاخىر مۇھەررىر بولدۇم، مۇشۇ گەپ ـ سۆزلەرنى يېزىۋاتقان يازغۇچى بولدۇم. ئەمدى مۇشۇ كەنتتە بۈگۈن ئەتىگەن كۆرۈشكەن مەتتۇرسۇن مەتتوختىنى مىسالغا ئالاي: ئۇ مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان، تولۇقسىزنى پۈتكۈزگەن، ھۈنەر ئۆگىنىش ئۈچۈن باشقا يۇرتقا بېرىپ موزدۇزغا شاگىرتلىققا كىرگەن. ئۇ ئەسلىي موزدۇز بولماقچىكەن، لېكىن ئۇ يەردە گەمىدە كۆكتات ساقلاپ پۇل تاپقانلارنى بايقاپ قالغان، بىر يىلدىن كېيىنلا قايتىپ كېلىپ كۆرگىنىنى قىلغان، قىلغاندىمۇ دىت بىلەن قىلغان. كىچىككىنە گەمىگە ئېسىۋەتكەن يېسىۋىلەكلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدۇق. ئۇتتۇز بەش تونىنا يېسىۋىلەكنى يىپلارغا چىگىپ شۇنداق پەم بىلەن ئېسىپتۇكى، ئۆزۈمنى خۇددى تۇرپاننىڭ چۈنجىسىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئەتىيازدا بۇ يېسىۋىلەكلەر ئون سەككىز تونىنغا چۈشىدىكەن، خورىشى بىر ھەسسە بولغىنى بىلەن، باھاسى ئىككى ھەسسە ئۆسىدىغانلىقى ئۈچۈن پايدىسى يەنىلا ھازىرقىدىن جىق بولىدىكەن. بۇ ئۇنىڭ تۆت مو يەردىكى قوغۇنلىرىنى سېتىپ بولۇپ ئورنىغا تەرگەن يېسىۋىلەكلەر ئىكەن. ئۇ كېلەر يىلى قوغۇنمۇ ساقلاپ بېقىش پىلانى بارلىقىنى ئېيتتى. مانا، ئۇ ئوقۇمىغان بولسا، ئۆزىدە ئاشۇنداق دىت، دۈرۈس ھېسابات، سەگەك كاللا يېتىلدۈرەلىگەن بولارمىدى؟ قارىغاندا، ئۇ ئۆمۈر بويى كەتمەننىڭ قۇلى، ساپاننىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتىدىغان كونىچە دېھقان تۇرمۇشىغا خاتىمە بەرگەن. كەڭ سالا ئېتىزلارغا غوجا بولۇپ،

زامانىۋىلاشقان يېزا ئىگىلىكىنىڭ شارائىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان دېھقان دەل مۇشۇنداق ئادەمدىن چىقىدۇ.

مەن گىلەم توقۇشنى ئۆگىنىش نىيىتىگە كەلگەن باللارغا قارىدىم، كۆڭلۈمدە جەزم قىلدىم: ئۇلار چوقۇم ئۆگىنەلەيدۇ. تەتىلدە ئائىلىسىدە گىلەم توقۇپ ئاتا ـ ئانىسىغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلالايدۇ. ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۇدۇم بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ ھۈنەر ھەرگىز يەرگە تاشلىنىپ قالمايدۇ. ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە بۇ ھۈنەر — بۇ شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسىنىڭ بۇ زېمىندا ساقلىنىپ قېلىشىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ. بەلكىم بەزىلىرى مۇشۇ كەنتتىكى ئون يەتتە ياشلىق ئابدۇخەبەر ئاتاۋۇللادەك خالىۋاپ بولۇشى مۇمكىن، بەلكىم كەلگۈسىدە بەزىلىرى خالىۋاپلارنى باشقۇرىدىغان خوتەن ۋىلايەتلىك گىلەمچىلىك زاۋۇتىدىكى مەتتۇرسۇنىدەك كارخانىچى بولۇشى مۇمكىن ۋە بەلكىم يەنە بەزىلىرى بۇ ساھەدە چوڭقۇر ئىزدىنىدىغان تەتقىقاتچى بولۇشى مۇمكىن. تىككۈچىلىك، بىناكارلىق ۋە باشقا كەسىپلەردىمۇ شۇنداق.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇلارغا يۈكسەك غايە سىڭدۈرۈۋاتقانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە زور بىر تۈركۈم ساپالىق كىشىلەر يېتىلمەي تۇرۇپ بۇ زېمىننى زامانىۋى قىيا-پەتكە ئىگە قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكى ئۇلارغا ئايان. بۇنىڭدا مائارىپنىڭ زىممىسىگە ئالغان ۋەزىپىسى ئېغىر. شۇڭا، ئۇلار ئوقۇ-غۇچىلىرىغا دەرسنى ئىجتىھات بىلەن ئۆتىدۇ، ئوقۇشتىن سو-ۋۇغان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۇلارغا كۆيۈنۈپ نەسىھەت قىلىدۇ، ئاغرىپ دەرسكە كېلەلمەي قالغان ئوقۇغۇچى-لىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۇلارغا دەرس تەييارلاپ بېرىدۇ، ئۇلارغا ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلىدۇ...

مەن ئۇلارنىڭ يەڭلىرىدىكى بور توزۇندىلىرى، پۆچقاقلىرىدىكى توپا ـ چاڭلارغا ھۆرمەت بىلەن تىكىلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىكى قەتئىيەت ئۇچقۇنلىرى كۆڭلۈمنى يورۇتتى. ئۇلارنىڭ بالىلارغا: «سىلەر نېمە ئۈچۈن ئوقۇيسىلەر، بىلەمسىلەر، ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈن، ئادەمدەك» دەۋاتقان جەڭگىۋار خىتابلىرى قۇلىقىم تۈۋىدىن كەتمىدى.

دەل شۇ چاغدا داڭ ئۇرۇلدى. بۇ داڭ ئاۋازى تىراكتور چاقىنىڭ كېرەكسىز تۆمۈر قاسقىنىغا بولقىنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن چىقىۋاتقان ئاۋاز ئىدى. ئوقۇغۇچىلار سىنىپلىرىغا قاراپ ماڭدى. سۇ سېپىپ سۈپۈرۈلگەن مەكتەپ مەيدانىدا توپا پۇرقىرىغىنى يوق. بالىلارنىڭ پۇتىدىكى ھەر خىل ئاياغلار كۆزۈمگە شۇنچە چىرايلىق، يېقىملىق كۆرۈندى، ئارىسىدا پەقەت بىرنىڭكىلا پۇتىدا سولياۋ كېپىش. قاراڭ، ئېسىل تەلپەك كىيىۋالغان بىر بالا ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ مۇرىسىنى تۇتتى. ئۇ كەينىگە قارىدى، تەلپەكلىك بالا سومكىسىدىن بىر كىشلىك ئاياغنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. مەن داۋامىدىكى ئىشلارنى كۆرەلمەي قالدىم. كۆزۈمگە كەلگەن ياش نەزەر دائىرەمنى توسۇۋالغانىدى.

«ئاھ مېھرىبانلىق، — دېدىم ئىچىمدە، — سەن بولغاچقا، بۇ ھايات نېمىدېگەن گۈزەل - ھە !»

مەن كۆزۈمدىكى ياشنى سۈرتۈۋېتىپ، يەنە بالىلارغا قارىدىم، بەزىلىرى توپ - توپ، بەزىلىرى قوللىرىنى تۇتۇشۇۋالغان، كەينىدە قالغان چوڭراق بالىلار يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ، 1 - سىنىپنىڭ بالىلىرى بولسا كېرەك، كىچىك بىرسىنى چوڭراق بىر بالا، يەنە ئىككى كىچىك ئوقۇغۇچىنى بىر ئايال ئوقۇتقۇچى يېتىلەپ كېتىۋاتىدۇ. ھەممىسى سىنىپقا قاراپ كېتىۋاتىدۇ.

«مېڭىڭلار. بالىلار. مېڭىڭلار، ئۇ يەردە سىلەر يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىسىلەر...»

# پارنىكچى دېھقانلار

11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، تاڭ سەھەر.

فوتوگرافلىرىمىز كەنتنىڭ تاڭ سەھەردىكى سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن سۈرەت تارتىۋالماقچى بولغانىدى، لېكىن كۈن نۇرلۇق جامالىنى تولۇق كۆرسەتمەي قويدى. شۇنداقتىمۇ ئاپپاراتلار نوچى ئىدى. مەن لى ۋېيچىڭ خانىم سۈرەت تارتىۋاتقان نۇقتىدىن كەنت مەنزىرىسىنى كۆزەتتىم: ئۈچ ئاچىلىق قېرى ياڭاق دەرىخى، ئۇنىڭغا سېلىشتۇرما ھالدا تىك ئۆسكەن يەنە بىر تۈپ ياڭاق. ئۇ دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن نەزەر تاشلىسىڭىز، يىراقتىكى پارنىكنىڭ يالتىراق يوپۇقى كۆزىڭىزگە كۆل سۈيىدەك كۆرۈنىدۇ. ئاق بۇلۇتلار ئارىسىدىكى قۇياشنىڭ سىرتقا چىڭقىلىپ تارقىتىۋاتقان سۇس نۇرلىرىدا غازاڭ يوپۇرماقلار دەم سېرىق، دەم قىزىل تاۋلىنىدۇ. ياڭاق غولىنىڭ رەڭگى بىلەن ئېرىق قىرىدىكى تۇپراق رەڭگى ئايرىغۇسىز ئوخشاش. ئېتىزدىكى ياپيېشىل كۈزگى بۇغداي مايسىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىنى چالا ـ بۇلا يېپىپ تۇرغان غازاڭلار سىزگە يىراقتىن ئالتۇن گۈللۈك يېشىل زىلچىنى ئەسلىتىدۇ. دەرەخلەر ئاساسەن يالىڭاچلانغان، پەقەت تېرەكنىڭ ئۇچىدىلا ئاندا ـ مۇندا يېشىل، سېرىق يوپۇرماقلار ساڭگىلاپ تۇرىدۇ...

مەن غازاڭلارنى شاراقشىتىپ دەسسەپ پارنىكقا يېقىنلاشتىم. مەن دېمەتلىك بىر ئادەم پارنىكنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان پاخال

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياپقۇچلارنى ئېچىۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ دىت بىلەن قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا قاراپ مەستلىكىم كەلدى. دېمەك، بىزنىڭ دېھقانلارمۇ پارنىك مەشغۇلاتىنى ئۆگىنىپتۇ. يەر ئاز، يەيدىغان ئېغىز كۆپ شارائىتتا، تېز، كۆپ ھوسۇل ئالىدىغان ئۇسۇل ـ چارىلەرنى قوللانماي بولمايدۇ ـ دە. تۇنۇگۇن كەنت بوغالتىرى ئېزىز تۇرسۇن، سۇ باشقۇرۇش بوغالتىرى ھەبىبۇللا زوردۇنلار بىلەن سۆھبەتلەشكەن چېغىمدا، ئۇلار بۇ ھەقتە ماڭا ئاز ـ تولا ئۇچۇر بەرگەنىدى. پارنىك تۇتىدىغان دېھقانلارغا نۇرغۇن ئېتىبار سىياسەتلەر بار ئىكەن. پارنىك ھەقسىز ياساپ بېرىلىدىكەن (يەرلىك دېھقانلار «سەيچاڭ» دەپ ئاتايدىغان مۇقىم تامْلىق پارنىكنىڭ پۇتۇپ چىقىش ھەققى ئالتە مىڭ يۈەن ئەتراپىدا، ۋاقىتلىق ئەگمە پارنىكنىڭ پۇتۇش تەننەرخى بەش يۈز يۈەن ئەتراپىدا بولىدىكەن). يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتلىرى ئۇلارغا ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىدىكەن. قىشتا بۇ يەردە سوغۇق قاتتىق بولمىغاچقا، پارنىكلارنى مەش قالاپ ئىسسىتىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن. شۇنداقتىمۇ بۇ يەردە پارنىك مەشغۇلاتىغا كىرىشىپ كېتەلىگەنلەر جىق ئەمەس ئىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن، يېڭىلىققا ئادەتلىنەلمەسلىك؛ ئىككىنچىدىن، ھوسۇل كۆتكەندىكىدەك بولارمۇ، بولماسمۇ، دەپ گۇمانلىنىپ دەرھال جۈرئەت قىلالماسلىق ئوخشايدۇ. يەنە دېھقانلارنىڭ ئىلمىي تېرىقچىلىق سەۋىيەسى يەتمەيدىغان، يېزا ئىگىلىكى تېخنىكا مۇلازىمىتى يېتىشىپ بولالمايدىغان سەۋەبلەرمۇ بار ئىكەن. يەنە بىر سەۋەبنى ئالدىمىزدىكى تاملىق پارنىكنىڭ ئىچىدىن چىققان ئوتتۇز ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر يىگىت ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈپ قويدى:

ــ بۇنى بالا پەرۋىش قىلغاندەك پەرۋىش قىلمىسا بولماي.

دۇ. سەيچاڭنىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان گەپ. ھېلى سۇغىرىسىز، ھېلى دورا چاچىسىز، ھېلى تۈۋىنى يۇمشىتىسىز، ئىشى جىق. ھاۋا ئىسسىغاندا بۇنىڭ ئىچى دىمىق بولۇپ كېتىدۇ. ھەممىگە چىداش كېرەك، ھەممىگە ئىگە بولۇش كېرەك. ئاشۇنداق مەسئۇلىيەت بىلەن قىلغاندا، ئاندىن بىرنېمىگە ئېرىشىسىز.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. دېمەك، دىت، تىرىشچانلىق، جاپادىن قورقماسلىق، ئىزچىل مەسئۇلىيەت ۋە بىلىم بولماي تۇرۇپ بۇنىڭدىن ھوسۇل ئالغىلى بولمايدىكەن.

مەن بۇ زېمىننىڭ ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىقى توغرىسىدا ئويلىنىپ قالدىم. ئۆز ۋاقتىدا بۇ زېمىننىڭ دېھقانلىرى يەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن تىرىشقان. ئېتىزدىن قوناقنى يىغىۋالغاندىن كېيىن ئورنىغا كۆزگى بۇغداي تېرىغان، ئورۇق چاچقاندىن كېيىن ئۈستىدىن سۆرەم سېلىپ چىڭدىغان ياكى دەسسىگەن، مايسا ئۆسكەندە ئۇنى ياكى مالغا يېگۈزگەن ياكى ئۈستىدىن تولۇق سۆرەپ مايسىنىڭ مەزگىلسىز ئۆسۈپ كېتىشىنى چەكلىگەن، ئەتىيازدا يەرنى تارماق سېلىپ بوشاتقان، مايسا بىخ سۈرۈپ بىرەر غېرىچ ئۆسكەندە، ئۇنى سېپىل ياكى كونا تام توپىسى بىلەن توپىلىغان. 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا يازغى بۇغداي تېرىپ، كۆزگى بۇغداينىڭ ئارقىسىدىنلا يازغى بۇغداينىڭ ھوسۇلىنى ئالغان. ئۇلارنىڭ ئوغۇتى ھايۋانات قىغى، كونا تام، قەدىمكى دۆڭلۈكلەرنىڭ توپىسى، چىرىگەن شاخ، يوپۇرماقلار بولغان. زىرائەت پەرۋىشىدە ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى ئوتىغۇچ بىلەن ئېلىپ تاشلىغاندىن باشقا، يەنە مايسىلارغا شامال يۆنىلىشىدە كۈل چېچىپ ئۇنىڭدىكى زىيانلىق ھاشاراتلارنى ئۆلتۈرگەن. ھاۋا تىنچىق بولۇپ ئېتىزدا قاناتلىق ھاشاراتلار كۆپىيىپ كەتكەندە،

www.uyghurkitap.com

ئادراسمان، چاكاندىلارنى كۆيدۈرۈپ ئۇنىڭ شامال يۆنىلىشىدە تارقىغان ئىسسىق بىلەن زىرائەتلەرنى ھاشاراتلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىغان. يازدا ئىسسىق شامال دەستىدىن زىرائەتلەرنى «ھال كېسەلى» بوزەك قىلىپ كەتمىسۇن دەپ، ئېتىزلىقنىڭ شامال سوقىدىغان تەرەپلىرىگە ئىسسىق شامالنى سۈمۈرۈۋالىدىغان تېرەك شاخلىرىنى كېسىپ ئەكېلىپ توساق سالغان. ئېتىز قىرلىرىغا تىكىلگەن كەندىرلەرنىڭ قۇرت يوقىتىدىغان زەربىدار كۈچىدىن پايدىلىنىپ زىرائەتلىرىنى تىنچ ـ ئامان ئاينىتىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشقان. چېكەتكە ئاپېتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن 9 ـ، 10 ـ ئايلاردا چېكەتكە تۇغۇشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئۇۋىسىنى قىدىرىپ قېزىپ يوقاتسا، يوقالمىغان چېكەتكىلەرنىڭ 4 ـ، 5 ـ ئايلاردىكى ھۇجۇمىنى ھەر يۈز قەدەمگە بىردىن كەڭلىكى، چوڭقۇرلۇقى بىر غۇلاچ كېلىدىغان ئورىلارنى كولاپ، چېكەتكىلەرنى كولاپ ئورىغا كىرگۈزۈپ كۆيدۈرۈپ تۈگەتكەن. ئۇلار كۆكتاتچىلىقمۇ قىلغان، ئۆيلىرىدە ساندۇقلىرىغا 2 ـ ئايدىلا ھەر خىل كۆكتات مايسىلىرىنى ئۆستۈرۈپ، 4 ـ ئايلاردا ئېتىزلىرىغا بىر تال، بىر تالدىن كۆچۈرگەن. دېمەك، ئۇلار تېرىقچىلىقتا، زىرائەت، كۆكتات پەرۋىشىدە جاپادىن قاچمىغان، قىيىنچىلىقتىن قورقمىغان، تۇجۇپىلىگەن. مۇشۇنداق ئەنئەنىسى بار خەلق بىلىم ـ تېخنىكا قارا كۈچنىڭ ئورنىنى ئىگىلەۋاتقان، پۈتكۈل جەمئىيەت دېھقاننى باي قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ئەۋزەل شارائىتتا يەنە داۋاملىق غەپلەتتە يېتىشى مۇمكىنمۇ !؟

ياق ! ئالدىمىدىكى مۇشۇ يىگىتتەك، پارنىكنىڭ ئۈستىدىكى ئاشۇ تەڭتۇشۇمدەك دىتلىق كىشىلەر داۋاملىق كۆپىيىدۇ. مۇشۇ كەنتتە، مۇشۇ يېزىدا ئوقۇۋاتقان، ئوقۇپ چىققان باللار، ياشلار ئۇلارنىڭ سېپىگە يېڭى كۈچ بولۇپ قوشۇلىدۇ. ئۇلار

ئاتا ـ بوۋىلىرى قىلالىغان ۋە قىلالمىغان ئىشلارنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدۇ. ئېكولوگىيەلىك يېزا ئىگىلىك — زىيانسىز تەدبىر، زىيانسىز ۋاستە ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغان ھەقىقىي مەنىدىكى يېشىل يېمەكلىك ئۇلارنىڭ ئىزدىنىشى، تىرىشچانلىقى بىلەن داستىخىنىمىزغا چىقىدۇ.

— خوش، پارىنىكچى دېھقانلار. ۋاقتىڭلارنى ئالمايلى. ئىشىڭلارغا بەرىكەت تىلەيمىز.

بىز ئۇلارغا خوش ئېيتىپ يولىمىزغا ماڭدۇق. ئاياغ ئاستىمىزدا توپا، غازاڭ ۋە ناگان ـ ناگاندا ئۇچراپ قالىدىغان يالتىراق پارچىلىرى...

مەن يىراق ـ يىراقلارغا قارىدىم. كەچ كۈز تۇسىگە پۈركەنگەن كەنت ماڭا ئۆزىنىڭ ئەتىكى باھارىدىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك كۆرۈندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# خوتەن قاشتېشى

خوتەن قاشتېشى ئۆزىنىڭ سىلىق ۋە پارقىراقلىقى، زىچ ھەم قاتتىقلىقى، سۈزۈك ۋە رەڭدارلىقى بىلەن مەملىكىتىمىزدىلا ئەمەس، يەنە دۇنيادىمۇ داڭلىق. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خوتەن دىيارىدا قاشتاش بۇنىڭدىن 8000 يىللار ئىلگىرى قېزىلىشقا باشلىغان، 7000 يىللار ئىلگىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپالارغا توشۇلۇپ دۇنياغا مەشھۇر «قاشتاش يولى» شەكىللەنگەندى.

بۇ دىيارنىڭ خەلقى كونا ـ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىلا قاشتاشتىن ھەر خىل قورال ـ سايمان، تۈرلۈك زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساپ ئىشلەتكەن. پالتا، بېگەن، نەيزىگە ئوخشاش قورال ـ سايمانلار ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك زۆرۈرىيەتلىرىگە ياردەمچى بولغان بولسا، ئۈزۈك، بىلەزۈك، مارجانغا ئوخشاش يۇمىلاق شەكىللىك بۇيۇملار ئۇلارنىڭ قۇياشقا بولغان سېغىنىشىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ روھىغا ئەمىنلىك بېغىشلىغانىدى.

ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى قاشتاشنى قورال ـ سايمان سۈپىتىدە ئىشلىتىشتىن قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى نەپىس گۈزەللىك بۇيۇمى قاتارىدا ئىشلىتىشنى بۈگۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. موماي‍لارنىڭ تۈگۈنچەكلىرىدىكى تەۋەررۈك بۇيۇملار ئارىسىدا قاشتاشتىن ياسالغان بىلەزۈك،

مارجانلار ھېلىھەم بار. ئارزۇلۇق بالىلارنىڭ بويىندا قايماقتەك يېقىشلىق كۆرۈنىدىغان ئاق قاشتاش تۇمارچىلار ئايدىڭ كېچىلەردە ھېلىھەم يالتىراپ تۇرۇپتۇ. قىزلارنىڭ بارماقلىرىدىكى قاشتاش ئۈزۈك، يىگىتلەرنىڭ پىچاق غىلاپلىرى، قول تېلېفونلىرىدىكى قاشتاش مونچاقلار ئۆز سۈلىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ تاشلارغا ئالاھىدە ئەقىدىلىرىمۇ بار: ئۇنى يېنىدا ساقلىسا، كۆز تېگىشتىن، خېيىمخەتەر يېتىشتىن ساقلايدۇ، دەپ قارايدۇ[1]. ئۇنى كوزا ـ ئىدىشلارغا سېلىپ سۇنى سۈزۈلدۈرۈپ ئىچسە، ھەر خىل ئاغرىق ـ سىزلاقلاردىن خالىي بولغىلى بولىدۇ، دەپمۇ قارايدۇ. ئۇنى جەننەتتىن چىققان ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ بىرى غەربتە، بىرى شەرقتە سەرسان بولۇپ مىڭبىر مۇشەققەتتە قاراقۇرۇم تېغىدا كۆرۈشۈپ ۋىسالىغا يېتىشكەندە چىققان مەنىيدىن ھاسىل بولغان؛ شۇ مەنىيدىن تۆرەلگەن ئادەمزات قانچىلىك قەدىرلەنسە، قاشتاشمۇ شۇنچە قەدىرلىنىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇلارنىڭ يىراق ئەجدادلىرى قاشتاشتىن كىچىك ياپراقچىلارنى ياساپ، تۆشۈك ئېچىپ، ھەر خىل مېتال يىپلار بىلەن بىر ـ بىرىگە چېتىپ ياسىغان كىيىم — ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلارنى كىيگەن. ئۇلار بۇنى تەننى، روھنى زىيان ـ زەخمەتتىن ساقلايدۇ، دەپ كىيگەن بولسا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر ئۇنى ئۇ دۇنيادىمۇ شۇ خاسىيىتىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قاراپ، زەر يىپ بىلەن چېتىلغانلىرىنى پادىشاھلار ئۈچۈن، كۈمۈش يىپتا چېتىلغانلىرىنى بەگ ـ ئاقسۆڭەكلەر ئۈچۈن، مىس يىپتا چېتىلغانلىرىنى خانىش، مەلىكىلەر ئۈچۈن قاشتاش كېپەنلىك قىلىپ ئىشلەتكەن. ئۇلار يەنە قاشتاشتىن ھەر خىل ھەيكەللەرنى، قاچا ـ قۇچا، چۆگۈن، قەدەھ، لوڭقا، ھاۋانچا، چىراغ، ياستۇقلارنى ياساپ

ئىشلەتكەن. دېمەك، قاشتاش تارىختىن بېرى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا مۇشۇنداق سىڭىشىپ كەتكەن.

بىز قاشتاشنىڭ بۇ يۇرتتىكى ئىزنالىرىنى تەكشۈرۈپ خانئېرىق يېزىسىنىڭ تۆمۈرچى كەنتىدىكى تۇرسۇن توختىنىڭ ئۆيىگە باردۇق. قورۇغا كىرىشىمىز بىلەنلا پېشايۋانغا قوغۇن - تاۋۇزدەك تىزىۋېتىلگەن ھەر خىل قاشتاش كۆزىمىزنى ئالا چەكمەن قىلىۋەتتى. لېكىن، بىزدەك كۈتۈلمىگەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كۈلۈپ كېلىۋاتقان ئۆي ئىگىلىرىنى كۆرۈپ دەرھال دىققىتىمىزنى يىغىۋالدۇق - دە، ئۇلار بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق. تۇرسۇن توختى كۆزلىرى نۇرلۇق، پېشانىسىدىكى يول - يول ئىزنالاردىن كۆپنى كۆرۈپ پىشقانلىقى چىقىپ تۇرغان، بۇغداي ئۆڭ، تەمبەل كىشى ئىكەن، بۇ يىل قىرىق بەش ياشقا كىرىپتۇ. قاشتاشچىلىق بىلەن ھەپىلىشىۋاتقىنىغا ئون بەش يىلدىن ئېشىپتۇ. ئۇ بىزگە قاشتاشقا ئائىت بەزى ساۋاتلارنى دەپ بەردى: قاشتاش سۈپەت جەھەتتىن قاشتاش، كاۋاش، چاقماق تاش دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدىكەن. كاۋاش تەركىبى قاشتاشقا ئوخشاش بولغىنى بىلەن، لېكىن قاشتاشتىن يۇمشاق، يەڭگىلرەك بولىدىكەن، تۆمۈر بىلەن جىجىسا ئىز چىقىدىكەن. چاقماق تاش قاشتاشتەك قاتتىق بولسىمۇ، لېكىن تەركىبى جەھەتتىن ئوخشىمايدىكەن. ئۇنىڭدىن ئويۇلغان بۇيۇملارنى ماھىر تېخنىك بولمىسا، قاشتاشتىن پەرقلەندۈرەلمەيدىكەن. قاشتاش يەنە چىقىش ئورنىغا قاراپ، سۇ تېشى، كان تېشى، چۆل تېشى دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدىكەن. سۇ تېشى سۈپىتى ياخشى تاش ھېسابلىنىدىكەن. بۇ تاش ئاساسەن يورۇڭقاش، قاراقاش، كېرىيە دەريالىرىدا بولىدىكەن. بۇرۇن كىشىلەر يىگىرمە - ئوتتۇزدىن قاتار سەپ تارتىپ ئېقىنغا چۈشۈپ سۈزەتتىكەن. قاشتاش باشقا تاشلاردىن

سىلىق ھەم مايلىق بولغاچقا، كۆز بىلەن كۆرمىسىمۇ، پۇت بىلەن دەسسەپ سىزىۋالغىلى بولىدىكەن. ھازىر كۆپىنچە كەلكۈن تارتىلغاندىن كېيىن سايدىن تېرىيدىكەن. كونا دەريا ئېقىنلىرىنى قېزىش ماشىنىلىرى بىلەن كولاپ، تاسقاپ قاشتاش ئىزدەيدىغان ئىشلار بىرقانچە يىللاردىن بېرى بەك ئەدەپ كېتىپتىكەن، ئېقىن يولىنى بۇزۇۋېتىدىغان بۇنداق ئىشلارغا يېقىندىن بۇيان سەل چەك قويۇلۇپتۇ. كان رايونىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار بار ئىكەن.

مەن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيە 1271 ـ يىلى) «يىپەك يولى»نى بويلاپ شىنجاڭدىن ئۆتكەن ئىتالىيەلىك مەشھۇر ساياھەتچى ماركو پولونىڭ «ساياھەت خاتىرىسى»دە: «ئۇدۇننىڭ شەرقىدە يورۇڭقاش دەرياسى بار، غەربىدە يېشىلقاش دەرياسى، ئۇنىڭمۇ غەربىدە قاراقاش دەرياسى بار. بۇ دەريالار قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن باشلىنىدۇ» دېگەن مەلۇماتنى ئوقۇغانىدىم. سۇڭ سۇلالىسى تارىخىدىمۇ مۇشۇنداق دېيىلگەنىدى. لېكىن، ھازىر بۇ يەردە ئىككىلا دەريا بار ئىكەن. يېشىلقاش دەرياسى نەدىدۇ؟

مەن بۇ سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇۋىدىم، بۇنىڭغا تۇرسۇن توختى ئەمەس، تۇرغۇنجان جاۋاب بەردى:

— مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئىككى دەريا تىلغا ئېلىنىپتىكەن. يورۇڭقاش دەرياسىدىن سۈزۈك ئاق تاش، قاراقاش دەرياسىدىن سۈزۈك قارا تاش چىقىدۇ، دېيىلىپتىكەن.② لېكىن، قاراقاش دەرياسىدىن قارا قاشتاش كۆپ چىقمايدۇ، بەلكى يېشىل قاشتاش كۆپ چىقىدۇ. قارا قاشتاش قاراڭغۇ تاغدىكى ئېقىندىن چىقىدۇ. قارىغاندا، ئەسلىدىكى قاراقاش دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى قۇرۇپ كېتىپ يېشىلقاش دەرياسى قاراقاش دەرياسى دەپ ئاتالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسا كېرەك.

مەن تۇرسۇن توختىنىڭ تاشلىرىغا يېڭىباشتىن دىققىتىمنى ئاغدۇردۇم. بۇ تاشلارنىڭ ئىچىدە ئاق رەڭلىكىمۇ، قارىسىمۇ، يېشىلىمۇ ھەم باشقا ئارىلاشما رەڭلىكلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇ بۇ تاشلارنىڭ بەزىلىرىنى تۆت ـ بەش ئادەمنى كەينىگە سېلىپ سايدا قازغان، بەزىلىرىنى خەقلەرنىڭ قولىدىن سېتىۋالغانكەن. مەن:

— بۇ تاشلارنىڭ باھاسىنى قانداق بېكىتىسىلەر؟ — دەپ سورىغانىدىم، ئۇ كۈلۈپ كېتىپ:

— بۇنىڭ مۇقىم باھاسى بولمايدۇ. «باھاسىز»، «بىباھا» دېگەن گەپلىرىمىز دەل مۇشۇنىڭغا چۈشىدۇ. ئادەتتە سۈزۈك، پارقىراق، چوڭ، قاتتىق بولغانلىرى جىق پۇلغا يارايدۇ. بۇ مۇقىم پۇل ئەمەس، قولدىن ـ قولغا ئۆتۈش جەريانىدا بۇ پۇل ئاشسا ئاشىدۇكى، تۆۋەنلىمەيدۇ. بۇرۇن تاشلارنى ئانچە تونۇمايتتۇق. شۇڭا، كاۋاش ئېلىپ قويۇپ زىيان تارتقان ۋاقىتلىرىمىزمۇ بولدى، كېيىن ئۇستا بولۇپ كەتتۇق. خەق ئۆگىتىدىكەن، سودا ئۆگىتىدىكەن.

ھەمراھلىرىم تۇرسۇن توختىنىڭ كىچىكرەك بىرنەچچە تېشىنى سېتىۋالدى. بۇ سودىدىمۇ ئۇ ئۇيغۇرغا خاس مېھماندوستلۇقىنى، سەمىمىيلىكىنى، ھالاللىقىنى كۆرسەتتى؛ ئۇيغۇر تىجارەتچىلىكىدىكى «ئاز پايدا، كۆپ سودا» ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلدى. مەن تېلېفونغا ئاسىدىغان پۈرچاقتەك بىر تال تاشنى تاللىغانىدىم، ئۇ باھاسىنى دېمەيلا قويدى، سوۋغاتلىقىم بولسۇن، دەپ تۇرۇۋالدى. مەن ئۇنىمىدىم، شۇنداقتىمۇ ئۇ باھاسىنى دېمىدى.

— بۇمۇ «بىباھا»مۇ يا؟ — مەن چاقچاق قىلدىم.

— ياق، بۇنىڭ باھاسى چاغلىق، — دېدى ئۇ تەمكىن

ھالدا، — لېكىن، دوستلۇق بىباھا. تونۇشۇپ قالدۇق، سېلىپ قويۇڭ، ئەسلەپ تۇرارسىز.

— پۇلىنى بېرىپ ساقلىسام، تېخىمۇ ئوبدان ئەسلەپ تۇرىمەن، ئۇنداق قىلماڭ، — مەن يەنە چاقچاقلا يۆلەپ كاجلىق قىلدىم.

— ئۇنداقتا، سىز مېنى بۇنىڭ پۇلىدىنمۇ جىقراق پۇل خەجلىتىپ قويىسىز، — دېدى ئۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا كۈلۈپ، — مانا، سىلەر مېھمان بولۇپ كەلدىڭلار، ئالدىرايدىكەنسىلەر، شۇڭا ئۆيۈمدە تاماققا ئولتۇرمايسىلەر. ئاشخانىغا باشلايدىغان يولۇم باردۇ، مەنمۇ كاجلىق قىلىپ تۇرۇۋالىمەن بىكار.

مەن كۈلدۈم، ئۇنىڭ سوۋغىتىنى قوبۇل قىلدىم، شۇنداقتىمۇ ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، قاق چوڭلۇقىدىكى يەنە بىر تاشنى تاللىۋالدىم ـ دە، ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي پۇلىنى بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم. ئۇ بالىچاقىلىرى بىلەن بىزنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

تۇرسۇن توختى بەرگەن تاشنى مەن بۇگۈنگىچە يانچۇقۇمدىن ئايرىغىنىم يوق. بۇ سەدەپ چىشتەك چوڭلۇقتىكى تاش ھەر قېتىم تېپىپ ئالغىنىمدا قولىقىم تۇۋىدە پۇلاڭلاپ تۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭ قاشتاش بىباھا، لېكىن دوستلۇق ئۇنىڭدىنمۇ بىباھا، دېگەن مەزمۇندا ئېيتقان سۆزىنى ئەسلەيمەن. ھەر قېتىم يانفونۇمنى قولۇمغا ئالغىنىمدا، ئۇ تاشنى سىلاپ قويىمەن. بەزىدە ئۇ تاشقا سىنچىلاپ قاراپ كېتىمەن.

ئۇ — ئاق تاش، خۇددى تۇرسۇن توختىغا ئوخشاش دېھقانلىرىمىزنىڭ كۆڭلىدەك ئاق تاش.

www.uyghurkitap.com

ئۇ — ئاق تاش، مەن شۇ يۇرتتا كۆرگەن ئانىلىرىمىزنىڭ ئاق ساغۇچىدەك، ئاتىلىرىمىزنىڭ ئاق يەكتىكىدەك ئاق تاش.

ئۇ — ئاق تاش، خۇددى شۇ خەلقنىڭ ئاق نىيىتىدەك ئاق تاش.

ئۇ — ئاق تاش، خۇددى ھەممە ئىنسان بالىسى ئىمىپ چوڭ بولغان ئانا سۈتىدەك، ئانا تۇپراقنىڭ ھەممە ئىنسانغا ئۇلۇغلاپ بەرگەن ھالال تۇزىدەك ئاق تاش.

مەن يەنە ئۇنىڭ سۈزۈكلۈكىگىمۇ تويماي قارايمەن. تېشىدىن قارىسا ئىچى كۆرۈنىدۇ، ئىچى بىلەن تېشى ئوخشاش. ئۇ سىرتى پال - پال، ئىچى غال - غال، غاللارغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. ئىچىمۇ گۈزەل، تېشىمۇ گۈزەل. بۇ سۈزۈك ئاق تاشنىڭ ئازراق يېرىدە سارغۇچ داغ — «سېرىق چاپىنى» بار. بۇ داغ ئۇنىڭ ئېسىللىقىنى يوشۇرالمىغان، ئۇنىڭ ئېسىللىقى دېگىنى يوشۇرالمىغان، پەقەت ئۇنىڭغا بىر ئۆزگىچىلىك قوشقان، خۇددى ئوچۇق - يورۇق ئادەمگە كەسكىن بىر خاراكتېر ئالاھىدە ئۆزگىچىلىك قوشقاندەك ياكى ياخشى پەزىلەتلىك ئادەمگە ئازراق سەۋەنلىك ئوماقلىق بېغىشلىغاندەك، ياكى ئاق يۈزلۈك جانانلارنىڭ يۈزىدىكى خال ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرغاندەك.

مەن ئۇنىڭغا پات - پات قارايمەن، ھەر قارىغاندا جىق نەرسىلەرنى ئويلايمەن. قاشتاش بىر خىل تاش، لېكىن ئۇ بىلگەنلەر ئۈچۈن گۆھەر، بىلمىگەنلەر ئۈچۈن ئادەتتىكى تاش. خۇددى ماقالدا ئېيتىلغاندەك: «گۆھەر ياتىدۇ سايدا، بىلەلمىسەڭ نېمە پايدا». دېمەك، گەپ بايقاشتا، تونۇشتا، بىلىشتە، ئاخىر ئۇنى قەدىرلەشتە.

بۇ كۆزقارىشىمىز ئىنسان جەمئىيىتىگىمۇ چۈشەمدۇ - قانداق؟ !

ئىزاھات:

① مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «قاشتاش» نى مۇنداق ئىزاھلىغان: «قاش — قاشتاش. بۇ بىر خىل سۇزۇك تاش بولۇپ، ئاق ۋە قارا رەڭلەردە كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىنى گۈلدۇرمامىدىن، ئۇسسۇزلۇقتىن ۋە چاقماق چۈشۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈزۈككە كۆز قىلىدۇ.» ( Ⅲ توم 208 ـ بەت).

«ياشىن» دېگەن سۆزگە مۇنداق ئىزاھ بېرىلگەن: «ياشىن — چاقماق. تۈركلەردە كىمنىڭ يېنىدا قاشتاش بولسا، ئۇنىڭغا چاقماق تەگمەيدۇ، دېگەن بىر ھېكمەتلىك سۆز بار. قاشتاش ئاق، سۇزۇك بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئۈزۈك قىلىپ سالىدۇ. بۇ ئۈزۈكنى سېلىۋالغان كىشىگە چاقماق تەگمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ تەبىئىتى شۇنداق. بۇ تاشنى بۆزگە ئوراپ ئوتقا تاشلىغاندا، بۆزمۇ، تاشمۇ كۆيمەيدۇ. بۇ سىنالغان. ئۇسسىغان ئادەم بۇنى ئاغزىغا سالسا، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ». ( Ⅲ توم 26 ـ بەت)

② «قاش ئۆگۈز» خوتەن شەھىرىنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئاقىدىغان ئىككى دەريا. بىرى «يورۇڭقاش دەرياسى» دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۇزۇك ئاق تاش چىققاچقا، دەريامۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان. يەنە بىرى «قاراقاش دەرياسى» دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۇزۇك قارا تاش چىقىدۇ. بۇ تاشلار دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن چىقمايدۇ، پەقەت مۇشۇ يەردىنلا چىقىدۇ. (مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» Ⅲ توم 208 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# كېچىدىكى ناخشا ئاۋازى

11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كەچتە خوتەن ۋالىيسى ئەركىن تۈنىيازنىڭ تەكلىپى بىلەن چوڭ تىپتىكى ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق ئوپېرا «گۆھەر زېمىن ــ خوتەن»نى كۆرۈش ئۈچۈن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ زالىغا كىردۇق.

مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھەرىكەتچان چىراغ يورۇقىدا قاشتاشقا ئولتۇرۇپ راۋاب چېلىۋاتقان بىر بوۋاينىڭ سىيماسى پەيدا بولدى. ئۇ راۋابنى تەڭكەش قىلىپ داستان ئوقۇۋاتاتتى، داستاندا بۇ دىيارنىڭ ئۆتمۈشىنى ۋە بۈگۈنىنى بايان قىلىۋاتاتتى؛ ئۇ داستان ئوقۇۋاتاتتى، ھەر ئوقۇشىدا بۇ زېمىننىڭ قاشتاشچىلىق، گىلەمچىلىك، يىپەكچىلىك ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىن ئىبارەت ئېسىل گۆھەرلىرىنى ئايان قىلىۋاتاتتى. داستاننىڭ ھەر بۆلەكى ئاياغلاشقاندا، ئارتىسلار شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇننى نەپىس ئۇسسۇل، يېقىملىق ناخشا بىلەن ئىپادىلەيتتى. سەنئەت سېھرى مېنى تامامەن بەند قىلىۋالغانىدى. مەن كۆي سېزىمىدىن قاناتلىناتتىم، ئوپېرا بەخش ئەتكەن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلاتتىم. بوۋاي ئولتۇرغان قاشتاش مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئېگىز چوققىسىدەك گەۋدىلىنەتتى. ھېلىقى بوۋاي گوياكى يامغۇردىن كېيىنكى سۈزۈك ئاسماندا ماموق بۇلۇتقا مىنىپ كېلىپ شۇ چوققىنىڭ ئۈستىگە قونغاندەك بىر كۆرۈنۈش كۆز ئالدىمدا زاھىر بولاتتى. ئۇ گويا

جەننەتتىن ئاچىققان سازنىي قولىغا ئېلىپ يىيقىملىق كۈيگە چالاتتى. پۈتكۈل مەخلۇقات بۇ كۈيدە مەست بولۇپ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتاتتى. بۇ كۈيدە ھەتتا مالائىكىلەرمۇ ئىبرىيىتتى، يۈرىكى سۇ بولۇپ ئېقىپ كۆزلىرىدىن تاماتتى. ئۇ ياشلار زېمىندىكى تاغلارغا، دەريا ـ دېڭىزلارغا چۈشەتتى. ياش تامغان تاشلار گۆھەرگە ئايلىناتتى، بەئەينى ئاپپاق ساقاللىق بوۋاي ئولتۇرغان قاشتاشتەك گۆھەرگە ئايلىناتتى[1]...

مەن يەنە ئوپېرانىڭ مۇزىكا تىلىدىن «گۇلەم ـــ گىلەم» ئەپسانىسىنى ئاڭلىغاندەك بولاتتىم. قىزلارنىڭ لەس ـ لەس دەسسەپ ئەتلىرىنى ئويىنىتىشلىرىدىن غۇنچە بويلىرىدىكى ئەتلەسنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنەتتىم[2]. يىگىتلەرنىڭ توۋلاۋاتقان «تاغ ناخشىلىرى»غا قوشۇلغۇم كېلىپ، لېكىن زالدىكىلەردىن قورۇنۇپ، ئۆزۈمنى چاڭقاپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. ئوپېرا ئەكس ئەتكۈزۈۋاتقان خۇشبۇي خوتەن دورىلىق چېيىدىن بىر پىيالە ئىچىۋالغۇم كېلەتتى...

مانا مۇشۇنداق ھېسسىياتلار ئىچىدە ئوپېرانىڭ قانداق ئاياغلاشقانلىقىنى بىلمەي قالدىم. ئويۇن تۈگىگەن بىلەن، ئۇنىڭ ماڭا قالدۇرغان سېھىرلىك تەسىرى ئاياغلاشمىغانىدى. كەنتكە قايتىپ كەلگەن ۋاقتىمىز شۇنچە كەچ بولسىمۇ، يېتىپلا ئۇخلىيالمىدىم، ئاخىر بولالماي تالاغا چىقتىم. ئۇخلىيالمىغان بىر مەنلا ئەمەسكەنمەن. ئاي ئۇخلىمىغان كېچىلىرى ھامان ئۇخلىيالمايدىغانلار بولىدۇ. بىر يىگىتنىڭ يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشا ئاۋازى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئۇ ناخشا توۋلايتتى، ئىپتىمال ئايغا تەلمۈرۈپ توۋلايتتى، لېكىن چوقۇم كۆڭلىدىكى چىرايلىق ئاينى سېغىنىپ توۋلايتتى. مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ ئەسلىي ياز كېچىلىرى بولىدىغان ئىش ئىدى، بىراق يۈرەك ـ باغرى ئوت بولۇپ كۆيۈۋاتقان يىگىتكە كەچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆزنىڭ سوغۇقمۇ تەسىر كۆرسىتەلمىگەن. ئاھ، قايسى ئىنسانىنىڭ ھاياتىدا بولمىغان بۇ پىراق !

مەن ئۇ يىگىتنىڭ دەۋرلىرىنى ئوتتۇز - قىرىق يىل نېرىسىغا قالدۇرۇپ كەتكەن ئادەم. كەچ كۈز سوغۇقى ئۇنىڭغا ئۆتمىگەن بىلەن ماڭا ئۆتكەنىدى. دەرھال ئۆيگە كىرىپ يوتقىنىمغا پۈركىنىۋالدىم، لېكىن خىيال مېنى يەنىلا ئۇخلاتمىدى.

«ئۇ يىگىتكە شۇ تاپتا ناخشا ھەمراھ بولۇۋاتىدۇ - ھە؟»

شۇنداق، ئىنسانغا تەنھالىقتىكى ئەڭ ياخشى ھەمراھ ناخشا ! كۈي !

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئادەم ئاتىمۇ باقىي ئالەمدىن پانىي ئالەمگە ھەيدىلىپ تىكەندەك يالغۇز يۈرگەندە، ئۆزىگە شۇ كۈينى ئاڭلىتىدىغان سازنى ھەمراھ قىلغانىكەن. ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش ئىنسانغا ئادەم ئاتىدىن قالغان ئۇدۇم ئىكەن. بۇ يەردىكى كىشىلەر ناخشا - كۈيدىن ئايرىلالمايدۇ. بۇنىڭ ئىسپاتىنى سىز بۇ يۇرتنىڭ قىر - سەھرالىرىدا ماڭىدامدا بىر ئۇچرىتىسىز. ياز كۈنلىرى كەچتە ھېلىقىدەك ناخشا ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ ئۇيقۇغا كەتسىڭىز، تاڭ سەھەردە يېقىملىق نەي ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغىنىسىز. ئۇ نەي ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا ئۆزىڭىزنى خۇددى دەشتى قۇملۇقنىڭ ئويمان گىرۋەكلىرىدە پەيدا بولغان يېكەنلىك كۆلنىڭ بويىدا قويلار بىلەن يايراپ يۈرگەندەك ھېس قىلىسىز. كۆز ئالدىڭىزغا قۇم بارخانلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە ئاللىقانداق بىر قىسمەت بىلەن ئۈنۈپ قالغان قومۇشلار گەۋدىلىنىدۇ. ئۇ نەي ئاشۇ قومۇشتىن ياسالغان، ئۇنىڭ ئالدىدىكى تۆت تۆشۈكى ئۆز ساداسى بىلەن سىزگە چۆل بورانلىرىنىڭ ھۇۋلاشلىرىنى ئەسلەتسە، كېيىنكى تۆت تۆشۈكىدىن چىققان ئاۋاز سىزگە قۇملۇق پەرزەنتلىرىنىڭ

يۇرەك ساداسىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭدا مۇڭ بار، ئۇ مۇڭ تەكلىماكاننىڭ مۇڭى؛ ئۇنىڭدا چوڭقۇر مۇھەببەت بار، ئۇ مۇھەببەت تەكلىماكان پەرزەنتلىرىنىڭ مۇھەببىتى. تەكلىماكانلىقلار «بالىمان»، «پىپى» دەپ ئاتايدىغان شۇ نېيى بىلەن مۇشۇ زېمىنغا، زېمىنداشلىرىغا، پۈتكۈل ئىنسانغا ئۆز مېھرىنى ئايان قىلىدۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن ئاز كەم ئىككى مىڭ يىللار بۇرۇن بىر قومۇشتىن ئەمەس، بىرنەچچە تال قومۇشتىن جۈپلەپ ياسالغان يەللىك چالغۇ «بورىيا»نىمۇ چالغان. مۇشۇ زېمىندىن بايقالغان قەدىمكى ساپال قونچاقلار ئارىسىدا ئۇنىڭ ئەينەن سىيماسىمۇ بار.

يەنە ئۇلار قۇرۇپ كەتكەن دەريانىڭ سايلىرىدىن نېپىز، ئۈزۈنچاق تاشلارنى تاللىۋالىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئۇمۇ بىر ساز، ھەربىر قولىدا بىر جۈپ تاشتىن رىتىملىق چاقىلدىغان ئاۋاز چىقىرىپ خىلمۇخىل سازلارنىڭ ئۇنىگە ئۈن قاتىدۇ، تولغىنىپ تۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

ئارقارنىڭ مۈڭگۈزىمۇ ئۇلار ئۈچۈن ساز. «بۇرغا» دەيدىغان بۇ يەللىك چالغۇ زامانى ئەۋۋەلدە ئۇلار ئۈچۈن خەۋەر — چاقىرىقنىڭ سىگنالى بولغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە بەزمە - سورۇننىڭ باشلىنىش كۈيى بولۇۋاتىدۇ.

بۇ يەردە يەنە قەدىمكى باربىتنىڭ ئاۋازىمۇ ياڭرىغان. لوپ ناھىيە سوغۇققۇم خارابىسىدىن تېپىلغان ساپال پارچىسىدىكى باربىت چېلىۋاتقان ئادەمنىڭ سۈرىتى بۇنىڭ دەلىلى.

بۇ دىياردا پەدىسىز ياسىلىدىغان قويچى راۋابى — ئالىچى راۋابىمۇ كەڭرى تارقالغان. ئۇلار ئۇ راۋابنى تەڭكەش قىلىپ قوشاق ئوقۇيدۇ، خۇددى خوتەن ناھىيەسىنىڭ لاڭرۇ، قاشتېشى يېزىسىدىكى دېھقانلارغا ئوخشاش؛ ئۇلار ئۇ راۋابنى چېلىپ داستان ئوقۇيدۇ، خۇددى بايام بىز كۆرۈپ كەلگەن ئوپېرادىكى

ئاپپاق ساقال بوۋايغا ئوخشاش.

كېيىن ئۇلارنىڭ سازلىرى سەرخىللىشىپ كەتكەن. ئۇلار ساتار، تەمبۇر، دۇتار، غىجەك، ئۇد، چاڭ، داپ، ناغرا ۋە باشقا ئىپتىدائىي چالغۇلىرى بىلەن مۇكەممەل ئوركېستىر تەشكىل قىلىپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى بارانىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلايدىغان بولغان. بۇ مۇقامنىڭ مەشرەپ قىسمى بۇ دىيارغا شۇنچە كەڭرى ئومۇملاشقان...

شۇنداق، خەلق سەنئىتىدىن بۇ خەلقنىڭ ساقلاپ قالغانلىرى شۇنچە جىق، لېكىن ساقلاپ قالالماسلىق گىردابىغا پېقىنلىشىپ قالغانلىرىمۇ يوق ئەمەس. ھۆكۈمىتىمىز ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنىڭ بىرەرسىنىمۇ ۋارىسسىز قالدۇرۇشقا بولمايدۇ، دەۋاتىدۇ. بۇ دىيار بۇنى ئەستايىدىل ئويلىنىۋاتقاندۇ ـ ھە؟ !...

نۇرغۇن خىيال قىلىپ چارچىغان بولسام كېرەك. كۆزلىرىم ئاستا ـ ئاستا يۇمۇلۇشقا باشلىدى. كاللامدا ئوپېرادىكى ھېلىقى بوۋاي ئوقۇۋاتقان داستان، بايام مەھەللىدە ئاڭلانغان يىگىتنىڭ ناخشىسى دەممۇدەم ئالمىشىپ، خۇددى «ئەللەي كۈيى»دەك مېنى ئۇيقۇ بۆشۈكىدە يېنىك تەۋرىتەتتى.

**ئىزاھات:**

① «ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرى» («ساتار قانداق ياسالغان»)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي نەشرى.

② بەزىلەر «ئەتلەس» ئاتالغۇسىنى «گۆش، مۇسكۇل» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ئەت» سۆزى بىلەن «تىترەش، تەۋرىنىش» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «لەس» سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان، دەپ قارايدۇ. بۇ يەردە شۇ كۆزدە تۇتۇلدى.

# دېھقاننىڭ قەلبدىشى

خوتەن تەۋەسىدىكى تېرىلغۇ يەر ئاز، ئادەم كۆپ بولۇش ئەھۋالى شاھ كەنتىدىمۇ روشەن ئەكس ئېتىپ تۇرىدىكەن. بۇ كەنتتە ئادەم بېشىغا 1.2 مو يەر توغرا كېلىدىكەن. كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن دېھقانلارنىڭ سودا، مۇلازىمەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا مەدەت بېرىلىۋېتىپتۇ. سىرتلارغا چىقىپ ئىشلەيدىغانلارغا تېخىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنىدىكەن. دەسلەپكى چاغلاردا بەزى دېھقانلار كۆتىگەن ماكانىنى تاشلاپ سىرتلاردا ئىشلەمچىلىك قىلىشنى ئار ئالغان، بەزىلىرى يامان ئاقىۋەتكە قېلىشتىن قورققانىكەن. شۇڭا، يېزا تەشكىللەپ ئاپارغان ئىشلاردا ئۇنۇم ئانچە ياخشى بولماپتۇ، كۆپى قايتىپ كېتىپتۇ. قېپقالغانلىرى پۇل تېپىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ئۆلگىنىڭ كۈچى تەسىر كۆرسىتىپتۇ. ھازىر ئاقسۇ تەرەپلەرگە ئىشلەمچىلىككە بارىدىغانلار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىدىكەن. مېڭىشتىن بۇرۇن يېزا، كەنت رەھبەرلىكى ئۇلارغا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى چۈشەندۈرىدىكەن؛ ئۇلارغا مەسئۇل بولىدىغان ئادەمنى رەسمىي بېكىتىپ، قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قانداق قوغداش كېرەكلىكىنى ئۆگىتۈرۈپ يولغا سالىدىكەن؛ ئارىلىقتا ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، جىددىي زۆرۈر بولغان چاغلاردا ئۆزلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرىغا چىقىپ بەزى ئىشلارنى ھەل قىلىپ بېرىدىكەن.

بۆلتۈر شاھ كەنتىدىن يەتمىش بىر ئادەم ئاقسۇ يېزىلىرىغا، شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشلىرىغا ئىشلەمچىلىككە چىقىپتۇ. بۇ سان كەنتتىكى ئەمگەك كۈچىنىڭ يىگىرمە بەش پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن. ئاقسۇ تەرەپكە بارغانلار 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا يولغا چىقىپ 12 - ئاي ئىچىدە قايتىپ كېلىدىكەن، ھەربىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر مىڭ بەش يۈز كويچە پۇل تېپىپ كېلىدىكەن.

مەن يېزا - كەنت كادىرلىرىدىن مۇختار نىياز مەمەت، خېلىڭ شېڭ، رىزۋانگۈل، نەبى ئابدۇرېھىم، ئابباس ياسىنلاردىن يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا ئىچىمدە ئاپىرىن ئوقۇدۇم.

دېھقان ئەزەلدىن يۇرت ئىگىلىرىنى ئاتا ئورنىدا سۆيەتلەيدۇ، ئۇلاردىن ئاتىدارچىلىق بۇرچىنى كۈتىدۇ. ھالبۇكى، ئاتىدارچىلىق بۇرچى ئالدى بىلەن باشقۇرۇشتا ئەمەس، بەلكى كۆيۈنۈشتە، مەسئۇلىيەتچانلىقتا، يېتەكلەشتە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. مۇلازىمەت ئېڭى دېگىنىمىز دەل مۇشۇ. ئۇلار بۇنى ھېس قىلغان. ئۇلارنىڭ كاللا قاتۇرىدىغان ئىشلىرى تولىمۇ جىق:

كۆپىيىۋاتقان ئاھالىنى ئاز يەر بىلەن باقالمايدىغانلىقى ئېنىق بولۇپ قالدى. مۇشۇ ئەھۋالدا يېزا ئىقتىسادىنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك؟

يېزا ئىگىلىكى كۆلەملەشمىسە، ئائىلە بويىچە ھۆددىگە ئېلىنغان پارچە - پارچە يەرلەردىن يېتەرلىك ھوسۇل ئېلىش مۇمكىنمۇ؟ ئىلمىي تېرىقچىلىقنى سىستېمىلىق يولغا قويغىلى بولامدۇ؟ ئېكولوگىيەلىك يېزا ئىگىلىكىنى كەڭ دائىرىلىك يولغا قويۇش ئىمكانىيىتى بارمۇ؟

ئەگەر يېزا ئىگىلىكى كۆلەملەشتۈرۈلسە، بۇنىڭ كونكرېت قەدەم باسقۇچلىرى قانداق بولىدۇ؟ كوللېكتىپ ھەمكارلىقى ئاساسىدا بولسا، ئۇ قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ؟

ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ بىر قىسمى گىلەمچىلىك، تىككۈچىلىك، قىرمىچىلىققا ئوخشاش ھەر خىل ھۈنەر - كەسىپلەرگە جەلپ قىلىنىدىمۇ دەيلۇق، لېكىن بۇ خىل تارقاق ئىگىلىك ئۆز ئۈنۈمىنى قانچىلىك كۆرسىتەلەيدۇ؟ بۇنى كۆلەملەشتۈرۈشنىڭ ئىمكانىيىتى قانچىلىك؟ بازارنى مۆلچەرلەش، بازار ئېچىش جەھەتتىكى ئىشلارچۇ؟

سىرتقا چىقىۋاتقانلارنىڭ يەرگە بولغان بېسىمىنى يەڭگىللىتىۋاتقىنى راست. لېكىن، ئۇلار قارا كۈچكە تايىنىپلا ھاللىنىپ كېتەلىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇلارنىڭ ئالدىن مەلۇم كەسىپتە تەربىيەلىنىپ، ئاندىن چىقىپ ئىشلىشى ئۈچۈن يېزا - كەنت كادىرلىرى كىمگە، نېمىگە تايىنىشى كېرەك؟

...

ئۇلارنىڭ ئويلايدىغانلىرى مۇشۇنداق جىق. ئاۋام دېھقان ئۇلارنى ئاتا سۈپەت ئادەملەر قاتارىدا كۆرسە، ئۇلار دېھقاننى ھەقىقىي ئاتا ئورنىدا كۆرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارمۇ شۇ دېھقاننىڭ پەرزەنتلىرى. ئۇلارمۇ دېھقاننىڭ ئېكىنزارلىقلىرىغا قۇرت چۈشكەنلىكىنى كۆرسە، يۈرىكىنى شۇ قۇرت غاجىلاۋاتقاندەك ئازابلىنىدۇ. قۇرغاقچىلىقتىن قاغجىراپ كەتكەن ئېتىزلارنى كۆرگەندە، ئۆزلىرىنى خۇددى چۆلدە ئۇسسۇزلۇقتا قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. بوران - چاپقۇنلاردا تۆكۈلۈپ كەتكەن چېچەكلەرنى كۆرگەندە، خۇددى ئۆزلىرىمۇ قۇيۇنتاز ئىچىدە قالغاندەك ئېسەنگىرەيدۇ. سېرىق بوراندا تۆكۈلگەن قۇم - توپىلار ئۇلارنىڭ ئۇستىبېشىنىمۇ تەڭ بۇلغايدۇ، دېھقانغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ چىرايىنىمۇ توپا باسىدۇ. ئۇلارمۇ

مەيۈسلىنىدۇ، لېكىن بوشىشىپ كەتمەيدۇ، دەرھال ئۆزلىرىنى ئوڭشايدۇ، دېھقانغا مەدەت بېرىش، دېھقاننى يېتەكلەش بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىدۇ: يىقىلىپ قالغان مايسىلارنى دېھقان بىلەن تەڭ يۆلەيدۇ، زىيانداش قۇرتلارنى تەڭ يوقىتىدۇ، ئېرىق ـ ئۆستەڭنى تەڭ كولايدۇ، جىرىم ـ كۆچەتنى تەڭ تىكىدۇ... شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇلارنىڭ كاللىسىمۇ جىم تۇرمايدۇ. مۇشۇ زېمىننى، مۇشۇ ماكاننى، مۇشۇ دېھقاننى ئاپەتتىن قانداق ساقلاشنى تاغ ـ چۆللەرگىچە سوزۇلغان كەڭ دائىرىدىن ئويلايدۇ، يىراق كەلگۈسى نۇقتىسىدىنمۇ ئويلايدۇ.

ئاپەت ئۆتۈپ كەتكەندە ئۇلارمۇ دېھقان بىلەن تەڭ ئۇھ دەيدۇ. قاغجىراق ئېتىزلار سۇ ئىچكەندە، ئۇلارمۇ كۆڭلى سۇ ئىچكەندەك ھوزۇرلىنىدۇ. ئېتىز، باغلار كۈلگەندە ئۇلارمۇ تەڭ كۈلىدۇ، چۈنكى بۇ چاغدا دېھقان كۈلىدۇ. ئۇلار دېھقان بىلەن مۇشۇنداق قەلبداش.

ئۇلار تەڭ كۆكلىگەننىڭ تەڭ روناق تاپىدىغانلىقىنى ئېكىنزارلاردا بولۇق ئۆسكەن مايسىلاردىن ئۆگەنگەن. شۇڭا، دېھقان بىلەن تەڭ كۆكلەشنى ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ بىلىدۇ. دېھقاننىڭ كۆكمىنى سېتىپ يەيدىغانلارغا ئۇلارمۇ نەپرەتلىنىدۇ، ئۇنداقلارنى باغدىكى ھارام شاخلارنى پۇتىغاندەك پۇتاپ تۇرۇش كېرەك، دەپ قارايدۇ. مېۋىلىك دەرەخنىڭ يىلتىزىدىن سۇ ئىچىپ، ئوزۇقلۇق ئېلىپ ئۆزىنى ياشنىتىدىغان زىيانلىق پارازىتلارنىڭ چېپىپ تاشلىنىدىغانلىقى ئۇلار ئۈچۈن ئىبرەت. ئۇلار ئۇنداق پارازىت بولۇشنى ھەرگىز خالىمايدۇ. ئۇلار يەنە بەزى غەرەز ئىگىلىرىنىڭ چەكسىز ئىتائەت، قوللارچە سۈكۈت ياكى خۇشامەت بىلەن ئۆزلىرىنى ئاينىتىپ قويۇشىدىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. ھەرقاچان دېھقاندىن ئىبارەت بۇ يىلتىزغا سادىق بولۇپ، قۇياش كۆيدۈرۈپ

تۇرىدىغان بۇ قۇرغاق زېمىنغا سايە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شۇنداق كىشىلەرمۇ بار: داۋراڭ سالمايدۇ، باراڭ چىقارمايدۇ، جىمجىت ئەجىر قىلىدۇ، ئەلگە نەپ بېرىدۇ. ئۇلار بۇ خىسلەتنى ئۆز زېمىنىدىكى چېچىكىنى كۆرسەتمەي مېۋە بېرىدىغان ياڭاق، ئەنجۈرلەردىن ئۆگەنگەن...

مەن مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدا ھەقىقىي ئەل خىزمەتكارىنىڭ — «يۇرت ئاتىسى»نىڭ مۇكەممەل پورترېتىنى يارىتىۋاتقانلىقىمنى بىلىمەن. مۇكەممەللىك ئىنساننىڭ ئىنتىلىش نۇقتىسى، تىرىشىپ يېتىدىغان نىشانى. مەن ئىشىنىمەن، ئۇ پاك ئەقىدە ئىگىسى يېتەلەيدىغان نىشان؛ دېھقاننى يولى - يولىغا سالالايدىغان، ھەرقانداق خەيرلىك، لېكىن جاپالىق يولدا كېتىۋاتقان دېھقان بىلەن قەلب رىشتىنى ئۈزمەيدىغان، ئۇنىڭ بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولالايدىغان رەھبەر چوقۇم يېتەلەيدىغان نىشان.

www.uyghurkitap.com

# ئۆي

بۇ يەرنىڭ دېھقانلىرى كۆچەت تىكىدۇ، ھويلا ـ ئارانلىرىغىمۇ تىكىدۇ، يول بويلىرىغىمۇ تىكىدۇ، ئېتىز ئارىلىرىغىمۇ تىكىدۇ، ئېرىق ـ ئۆستەڭ ياقىلىرىغىمۇ تىكىدۇ. مەھەللە بىلەن چۆل پاسىللىرىغىمۇ تىكىدۇ، تىككەندىمۇ تۇجۇپىلەپ تىكىدۇ، خالىس نىيەت بىلەن تىكىدۇ، ئۇنى ئۇماق بالىسىدەك ئەزىزلەپ كۈتىدۇ، پىژغىرىم ئىسسىقلاردا ئۇسسىسا، سۇ بېرىدۇ، بورانلاردا يىقىلسا، يۆلەيدۇ، ئاخىر ئۇنى ۋايىغا يەتكەن دەرەخ قىلىدۇ. دەرەخمۇ مېھرىبان ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەجرىگە جاۋاب قايتۇرغان ۋاپادار بالىدەك ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ.

مەن كەنتتىكى ياغاچ ئۆيلەرگە قاراپ دېھقان بىلەن دەرەخ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدۇم. بۇ يەردىكى كونا ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىكەن. دېھقانلار بۇ ئۆيلەرنى قوشام ئۆي، ۋادەك ئۆي، ئەنجان ۋادەك ئۆي دەپ ئۈچكە بۆلىدىكەن. بۇ ئۆيلەرنىڭ دەرىجىگە ئايرىلىشىمۇ مۇشۇ قاتار بويىچە بولۇپ، قوشام ئۆي بىرىنچى دەرىجىلىك ھېسابلىنىدىكەن. بۇ كەنتنىڭ تۇپرىقىدا ئۇرۇمچىدىكىدەك تاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن قوشام ئۆينىڭ ئۇلىغا يوغان ياغاچلاردىن زەگۇندە قويۇلىدىكەن. تۆت بۇرجىكىگە تۇرۇملانغان تۈگۈك، سىنجى، چوڭ تۈۋرۈك ۋە ئارا تۈۋرۈك بېكىتىلىپ، ئۇ يانتۇ

چېتىق (ھاۋان)لار بىلەن چېگىتىلىدىكەن، ئاندىن ئارىلىرىغا تىك ھالەتتىكى ۋادەك، كۆندىلەڭ ھالەتتىكى بالداق ياغاچلار بېكىتىلىدىكەن. سىرتىغا سامانلىق لاي سۇۋىلىپ تۆت تام تەييار بولىدىكەن ـ دە، ئۈستىگە بالا ياغاچ، ۋاسا، قومۇش، بورا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سامان، توپا قويۇلۇپ، يەنە ئۇنىڭ ئۈستىگە سامانلىق لاي سۇۋىلىش ئارقىلىق ئۆي تولۇق پۈتىدىكەن.

ۋادەك ئۆي، ئەنجان ۋادەك ئۆيلەر ياغاچ ئازراق ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن قوشام ئۆيلەردىن سەل پەرقلىنىدىكەن.

قورۇ تاملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ياغاچ ۋادەك بىلەن قورشالغان بولۇپ، شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن چىتلانغانلىرىمۇ ئاندا ـ مۇندا ئۇچراپ قالىدىكەن.

مەن دېھقانلارنىڭ تەبىئەت ئىمكانىيەتلىرىدىن تولۇق پايدىلانغان ئەقىل ـ پاراسىتىگە ئىچىمدە قايىل بولدۇم. دەرەختىن پايدىلىنىش، لېكىن دەرەخزارلىقنى يوقىتىۋەتمەسلىك، بىرنى كەسسە، ئورنىغا نەچچە ئوننى تىكىش — تەبىئەتتىن بىرنى ئالسا، ئورنىغا نەچچە ئوننى قايتۇرۇشنى ئۆزىنىڭ قەرزى دەپ بىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئۇدۇمغا ئايلانغان. ئۇلار بىز ئۇرۇمچىلىكلەردەك ئورماننى كېسىپ ئورنىغا بىنا سالمايدۇ، بىز ئۇرۇمچىلىكلەردەك دەرەخنى قومۇرۇۋېتىپ، ئورنىغا كېچىسى چىراغ يېقىلسا يېشىل دەرەخنى ئەسلىتىدىغان مودېل دەرەخ تىكمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار تەبىئىيلىكنى قەدىرلەيدۇ، تەبىئەتنى قەدىرلەيدۇ. يېشىل قاراۋۇللارنى يىقىتسا، يېشىل يېپىنچىلارنى يوقاتسا، خۇددى كىروران خارابىسىدەك ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئاۋات كىروراندا كىشىلەر دەرەخلەرنى خالىغانچە كەسكەن، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ يىراقنى كۆرمىگەن، ئۆز مەئىشىتىنىلا كۆزلەپ، كېيىنكىلەرنى ئويلىمىغان. ئاخىر نېمە

بولغان؟ قۇملىشىش بولغان. يۇرت سورايدىغانلار كىروران خانلىقىنىڭ نامى پېشامشانغا ئۆزگەرتىلگەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 70 ـ يىلىغا كەلگەندە، قۇم ئاپىتىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن «دەل ـ دەرەخلەرنى ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە كېسىشكە بولمايدۇ، دەرەخنى تۈپى بىلەن كەسكەنلەرگە بىر ئات جەرىمانە قويۇلىدۇ. شېخىنى كەسكەنلەرگە بىر كالا جەرىمانە قويۇلىدۇ»[1] دەپ پەرمان چىقارغان. نەپسانىيەتچىلىك يەنىلا كەينىگە يانمىغان، ئاقىۋەت كىروران قۇم ئاستىدا قېلىپ، پۈتۈن ئەل خانىۋەيران بولغان. بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز ــ تەكلىماكان دېھقانلىرى كىرورانىنىڭ بۇ ساۋىقىنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق، بىر كېچىدىلا قۇم ئاستىدا قالغان قەدىمكى نىيىمۇ بۇ ھەقىقەتنى خۇددى مىسكىن مازارلاردەك ئۇلارغا ئەسلىتىپ تۇرۇپتۇ...

شۇڭا، ئۇلار دەرەخ تىكىدۇ، خۇش بولسىمۇ تىكىدۇ، خاپا بولسىمۇ تىكىدۇ، دەرەخنىڭ سايىسىگە كىرىپ ياتقاندا بېشىغا چۈشكەن كۈننى ئۇنتۇيدۇ، يېشىللىقتىن يالتىرىغان خۇشاللىق ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى خاپىلىقنى ئالىدۇ. چۈنكى، يېشىللىق ئۇلارغا ھامان تاغدەك ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بېغىشلايدۇ.

مەن كەنتتە يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆيلەرنى كۆردۈم، كۆپىنچىسى پىششىق خىشتىن ئىكەن. دېمەك، ئۇلار ئولتۇراق ئۆيلەرگە ئېھتىياج كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە دەرەخلەرنى تېخىمۇ ئاسراش، ئىمكانىيەت بولسىلا ياغاچ ئىشلەتمەسلىك ئىرادىسىگە كەلگەن. قوشام ئۆي سالغانلىرىمۇ ئۇلىغا ياغاچ زەگۈندە ئەمەس، ساي تېشى قويۇپتۇ.

چۈنكى، ئۇلار چۈشىنىدۇ: ئارىسىغا تۆمۈر تاياقچە ئېلىنغان خىش ئۆيلەر يەر تەۋرىگەندە ئادەمگە قانچە پاناھ بولسا، شۇ

ئۆيلەرنىڭ كۆچكۈندە كۆمۈلۈپ قالماسلىقىغا شۇ دەرەخلەر شۇنچە پاناھ بولىدۇ.

**ئىزاھات:**

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1988 ـ يىلى 2 ـ سان.

www.uyghurkitap.com

# قۇم ئۈستىدىكى خامانلىقتا

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىلەردە خانئېرىق يېزىسىنىڭ تۆۋەن خانئېرىق كەنتىگە كەلدۇق. بۇ بىزنىڭ شاھ كەنتىدىن رەسمىي خوشلىشىپ چىقىپ خوتەن شەھىرىگە كېتىۋاتقان كۈنىمىز ئىدى.

ماشىنىمىز سۈزۈك سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىق بويىدا توختىدى. بەزى دېھقانلار باراڭدىكى ئۈزۈم تاللىرىنى چۈشۈرۈپ كۆمۈش بىلەن، بەزىلىرى سامانلارنى يۆتكەش ـ توشۇش بىلەن، يەنە بەزىلىرى كۈزلۈك بۇغدايلارغا سۇ تۇتۇش بىلەن ئاۋارە. توخۇ، غازلار دەرەخ ئاستىلىرىدا بىرنەرسىلەرنى چوقۇپ يۈرىدۇ. ئاسماندىكى كەپتەرلەرنىڭ غۇڭۇلداقلىرى، شاخلاردىكى قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى كىشىگە شۇنداق يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ. بىز ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە جايلاشقان دېھقان ھويلىلىرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ بىر قۇم بارخىنىنىڭ ئۈستىگە ياماشتۇق. بىر ئايلانمىدىن ئۆتۈپلا يىراقتىكى بىر مەنزىرىگە دىققىتىم چۈشتى: بىرقەدەر تۈزرەك قۇملۇقتا زومچەك ـ زومچەك دۆۋىلەر، بىر دۆۋىنىڭ ئالدىدا قۇم تاسقايدىغان ئەلگەك تىكلەكلىك تۇراتتى. مەن شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. يېقىنلاشقانسېرى قۇمغا ئارىلىشىپ كەتكەن توپا سامانلار ئۇچرىغلى تۇردى. بېرىپ قارىسام، ئەلگەكتىكى بۇغداي دانچىلىرى، زومچەك دۆۋە ــ تاسقاپ چىقىرىۋەتكەن قۇم ئىكەن. دېمەك، بۇ بىر دېھقاننىڭ خامىنى. ئۇنىڭ نېرىسىدىكى

پەسرەك بىر جايدا يۇز ـ كۆزىنى ياغلىق بىلەن تېڭىۋالغان بىرنەچچە ئايال قول ئەلگىكىدە بۇنىڭدىن ئايرىۋېلىنغان بۇغداينى يەنە ئىنچىكە تاسقاۋېتىپتۇ. تووا، خامان قىلغۇدەك يەرمۇ چىقمىغانمىدۇ، بۇلارغا؟ مەن ھەيرانلىق بىلەن يەنە يۇقىرىغا ئۆرلىدىم. ئېگىز قۇم بارخىنىنىڭ ئۈستىگە چىققىنىمدا ئۇ ھەيرانلىقىمغا تېخىمۇ چوڭ ھەيرانلىق قوشۇلدى: چەكسىز كەتكەن قۇملۇق. قۇملۇقنىڭ ئۇ ـ بۇ يەرلىرىدە بېلىگىچە، ھەتتا بوينىغىچە قۇم ئاستىدا قالغان دەرەخلەر، قۇملۇقنىڭ ئوڭ يانباغرىدا دۇمبىسىنى قۇم يۆلەپ تۇرغان ئۆيلەر... بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ چۆچۈدۈم ۋە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم. قۇملىشىش دېگەن مۇنداق بولىدىكەن ـ دە.

شەھەردە ئۆسكەن ئادەم يېزىلارغا ئائىت تۇرغۇن گەپلەرنى يۈزەكىلا چۈشىنىدۇ. ئېتىز ئۆلارنىڭ نەزىرىدە پەقەت يېشىللىق دېڭىزى ياكى بېشى ساڭگىلاپ تۇرغان ئالتۇن رەڭ باشاق. بۇنىڭ قانداق ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى ئۆلارنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ. دېھقانىنىڭ يىلتىز، داڭگاللاردا پۇتلىرىنى قانىتىپ، سان ـ ساناقسىز چاپقان كەتمەنلىرىدە قوللىرىنى قاپارتىپ، كېچىلىرى ئۇخلىماي سۇ تۇتۇپ، كۈندۈزلىرى يەرنى ئوتاپ، تۇۋۇنى يۇمشىتىپ ئاشۇ يېشىللىق دېڭىزىنى بەرپا قىلغانلىقىنى ئۇلار بىلمەيدۇ. ئاشۇ ئالتۇن رەڭ باشاقلار دان تۇتقۇچە بىچارە دېھقانىنىڭ شۇنچە مېھنەت قىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە ئاسمانغا قاراپ تەلمۈرۈپ، يەرگە قاراپ يالۋۇرۇپ سامانىدەك سارغايغانلىقىنى ئۇلار بىلمەيدۇ. شۇ ئالتۇن رەڭ باشاقلارنى ئورۇپ، چەشلەپ، يانجىپ، سورۇپ، ئاغزىمىزغا كىرىدىغان نان قىلغۇچە ئۇلارنىڭ قانچە مۇكچىيىپ، قانچە قوپىدىغانلىقىنى، قانچىلىك توپا يەپ، قانچە يۆتىلىدىغانلىقىنى ئۇلار بىلمەيدۇ. مانا، قۇملۇقنى خامان ئورنىدا ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولغان بۇ

دېھقانلارغا قاراڭ. بۇلار بۇغدايىنى قوم تاسقىغاندەك، ھەتتا ئالتۇن تاسقىغاندەك تاسقاشقا مەجبۇر. شەھەرنىڭ قىز - يىگىتلىرى دېھقان ئاياللىرىنىڭ بېشىدىن ياغلىق ئالماي، ھەتتا ئاغزى - بۇرنىغىچە يۆگىۋېلىشلىرىنى، ئۇچىسىنى تولۇق ياپىدىغان كىيىم كىيىۋېلىشلىرىنى مەتولۇق دەپ زاڭلىق قىلىدۇ. چاڭ - توزانغا مىلىنىپ يۈرگەن شۇ ئاياللار ئۆزلىرىنى ئاشۇنداق قوغدىمىسا قانداق قىلىدۇ؟ ئادەمنى قاق قىلىۋېتەلەيدىغان كۈچلۈك ئاپتاپ، توپا - چاڭ پۇرقۇيدىغان تەلۋە بوران، تېرىنى يىرىكلەشتۈرۈۋېتىدىغان قۇرغاق ھاۋا ئۇلارغا ئاشۇنداق كىيىنىش بىلەن ئۆزىنى پاكىز تۇتۇشنى، تېرىنى تەبىئىي ئۇسۇلدا ئاسراشنى ئۆگەتكەن. شەھەر ئادەملىرى بۇ ئۇدۇمنىمۇ ئەسلىي ماھىيىتى بىلەن چۈشەنمەيدۇ. راست، بىز شەھەرلىكلەرنىڭ چۈشەنمەيدىغانلىرىمىز ناھايىتى جىق. «قومىلىشىش» دېگەن سۆزنى مەن كىتابلاردىن جىق ئوقۇپتىكەنمەن، خەقلەرنىڭ ئاغزىدىنمۇ ئاڭلاپتىكەنمەن. لېكىن، ئۇنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەمدى كۆرۈپ ئولتۇرۇپتىمەن. يېزا شۇجىسىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قوم ھەر يىلى ئالدىغا قاراپ سۈرۈلۈۋېتىپتۇ، بۇ كەنت 1950 - يىلىدىن تارتىپ بەش قېتىم كۆچۈپتۇ.

مەن ئالدىمدىكى ئۆيگە قارىدىم، كەينى تېمىنى بېلىگىچە قوم كۆمۈپ تۇرغان ئۆيگە قارىدىم. ئۇلار پات ئارىدا كۆچۈشكە مەجبۇر. ئۇلارنىڭ ئۆيىمۇ قوشام ئۆي ئىكەن، ئۇلار كۆچكەندە ئۆينىڭ قورما ياغاچلىرىنى يەم بىلەن چىقىرىۋالىدۇ، يەنە بىر يەرگە ئاپىرىپ قۇرۇپ شۇ ئاساستا يەنە ئۆينى ياسايدۇ. شۇڭا، ئۇلار زامان - زاماندىن بېرى ئۆزلىرىگە ئاشۇنداق ئۆي قۇرۇلۇشىنى تاللىۋالغان.

شۇ ئەسنادا بارخاننىڭ يانباغرىدىن بەش - ئالتە بالا يامىشىپ چىقتى ۋە قۇملۇقتا شۇنداق كۆكلۈللۈك ئۈيىنىدىكى، ئۇلارغا قاراپ شۇنچىلىك ھەۋىسىم كەلدى. ئۇلارنىڭ دېڭىز كۆرمىگىنى ئېنىق، لېكىن مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا ئۇلار دېڭىزدا ئۈيىنىغاندەك ئۈيناۋاتاتتى، قۇملارنى ئۇچۇمىغا ئېلىپ سۇ چاچقاندەك چېچىشىۋاتاتتى، قىرغاقتا تېشىپ كېلىۋاتقان سۇ ئۆركەشلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك يۈگۈرۈشۈۋاتاتتى، دېڭىز دولقۇنلىرىدەك تۇرۇلۇپ موللاق ئېتىۋاتاتتى، ئۈيناپ ھېرىپ قالغانلىرىدا قۇمدا خۇددى دېڭىز ساھىلىدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتقاندەك سوزۇلۇپ يېتىپ كۆك ئاسمانغا غەمسىز نەزىرى بىلەن تىكىلەتتى، بىر - بىرىگە چاقچاق قىلىپ كۈلۈشەتتى، قاقاھلاپ كۈلۈشەتتى. بۇ سادا ماڭا دېڭىز شاۋقۇنلىرىنى ئەسلىتەتتى...

قۇملۇقتىن تۈيۈقسىز كەلگەن دېڭىز تەسەۋۋۇرى مېنى قانداقلارچە ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغانلىقىنى بىلمەيمەن. بەلكىم مۇشۇ قۇملۇق دېڭىزغا ئايلىنىپ كەتكەن بولسا بولماسمىدى دەپ خىيال قىلغانلىقىمدىن بولغاندۇر، بەلكىم قايسىبىر يىللىرى سەنيادا دېڭىزغا چۆمۈلگەنلىرىم ئېسىمگە كېلىپ شۇنى مۇشۇ بالىلارغا قىسىنغانلىقىمدىن بولغاندۇر.

ھەمراھلىرىم ئۇ بالىلارنى قانغۇچە سۈرەتكە تارتىۋالدى، رەھىمسىز قۇملۇقنىڭ دەھشەتلىك تەھلىكىلىرىنىمۇ سۈرەتكە ئالدى. مەن ئىچىمدە دېدىم:

«تارتىڭلار، بۇرادەرلەر، مۇشۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەممىسىنى سۈرەتكە تارتىۋېلىڭلار، شەھەرلىكلەر كۆرسۇن، مۇنداق شۇم قىسمەتكە دۇچ كېلىپ باقمىغان يېزىلىقلارمۇ كۆرسۇن، پۈتۈن جاھان كۆرسۇن. ھەممەيلەن بۇ ئەھۋالغا كۆڭۈل بۆلسۇن، ھەممەيلەن ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنسۇن.

تارتىڭلار، بۇرادەرلەر، تارتىڭلار، بۇ قۇملۇقنىڭ شۇ

تاپتىكى مۇلايىملىقىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان قەھر ـ غەزەپنى چۈشەنمەي غەمسىز ئويناپ يۈرگەن، مۇشۇ قۇم چۆلىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئاۋۇ يانباغرىدىكى كىچىك بېغىدەك ئارامبەخش ماكان دەپ ئويلايدىغان ئاشۇ سەبىي بالىلارنىڭ ھەقىقى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ تارتىڭلار. ئۇلارنىڭ تاتلىق ئارزۇلىرى قۇم ئاستىدا قالمىسۇن.

تارتىڭلار... تارتىڭلار...»

# يۇلغۇننىڭ خىسلىتى

مەن قۇملۇقنىڭ يانباغرىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان يۇلغۇنغا قارىدىم. ئۇنىڭ بويى توغراققا ئوخشاش ئېگىز ئەمەس، بەلكى پاكار ئىدى؛ غولى ياغاچ دەرىخىگە ئوخشاش يوغان ئەمەس، بەلكى ئىنچىكە ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ چىرايلىق ئىدى، چىداملىق ئىدى. ئۇنىڭ نامى «يۇلغۇن» بولسىمۇ، دېھقان ئۇنى ھەرگىز يۇلمايتتى. بەلكى ئۇنى ئىنسان جەستىنى قاباھەتنىڭ خورلۇقىدىن ساقلاپ قالغان، دەپ ئەزىزلەيتتى[1]، ئۇنىڭ قىزىل غولىنى، كۆكۈچ قىزىل چېچىكىنى مۇھەببەتنىڭ، ساداقەتنىڭ سىمۋولى ھېسابلايتتى. ئۇنىڭ چاك - چاك سۇسىزلىقتىمۇ، پاھ - پاھ ئىسسىقتىمۇ، ۋەھشىي بوران، تەلۋە قۇيۇنلاردىمۇ قەيسەرانە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى ھەمىشە ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلاتتى. ئۇلار قۇمنىڭ كۆچۈش يوللىرىدا ئىرماش - چىرماش قۇچاقلىشىپ مەڭگۈلۈك كۆز يۇمغان يۇلغۇن يىلتىزلىرىنىڭ ھاسىلاتى بولغان بەقەم تۆپىلىك (قارادۆڭ) لەرگە كامال ئېھتىرام بىلەن كۆز سالاتتى. بۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەڭ بۈيۈك مازىرى، تەكلىماكاندىكى قەيسەرانە روھنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئابىدىسى ئىدى.

يۇلغۇن چېچىكى ھەسەل ھەرىسى ئۈچۈن قانچىلىك ئەتىۋار بولسا، دېھقان ئۈچۈنمۇ شۇنچىلىك ئەتىۋار ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۇنىڭدىن كۆڭلىدىكى كىشىگە گۈلدەستە تۇتاتتى. نوقۇت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چوڭلۇقىدىكى يۇلغۇن مېۋىسى جانۇجانىۋارلار ئۇچۇن قانچىلىك تاتلىق بولسا، دېھقان ئۇچۇنمۇ شۇنچىلىك تاتلىق ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۇنىڭدىن يۇلغۇن شېكىرى ۋە دورا ئايرىۋالاتتى. ئۇ يەنە يۇلغۇن مېۋىسىنى «يۇلغۇن داۋىسى» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەر خىل توقۇلما بۇيۇملىرىنى شۇ قەدەر تەبىئىي، ئۆڭمەس قىلىپ بوياپ چىقاتتى، خۇددى ئۇنىڭغا تەكلىماكاننىڭ تەبىئىيلىكىنى، ئۆلمەس روھىنى ھەرگىز، ھەرگىز ئۆڭمەيدىغان قىلىپ سىڭدۈرۈۋەتكەندەك...

— ئەپەندى...

تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋاز مېنى چوڭقۇر خىيال قۇچىقىدىن تارتىۋالدى. مەن يېنىمدا پەيدا بولغان بىر مويسىپىت كىشىنى كۆرۈپ، دەرھاللا:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدىم. ئەمەلىيەتتە بۇ سالام ئىككىلىمىزنىڭ ئاغزىدىن تەڭلا چىقتى، ئىككىلىمىز تەڭلا قوش قوللاپ كۆرۈشتۇق. ئۇ مۇشۇ مەھەللىلىك كىشى ئىكەن. مەن ئۇ كىشى بىلەن بۇ يەرنىڭ تەبىئىي مۇھىتى توغرۇلۇق سۆزلىشىپ كېلىپ، ئۆزۈمچىلا:

— بۇ يەردىن كۆچۈپ كەتسەڭلار بولمامدۇ !؟ — دەپ سېلىۋېدىم، ئۇ كىشى چوڭقۇر ئويلىنىپ تۇرۇپ دېدى:

— ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ يۇرتىنى تاشلاپ نەگە باراتتۇق دەيسىز !

مەن سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم. راست، نەگە بارىدۇ؟ تۇغۇلغان يۇرتىنى تاشلاپ نەگە بارىدۇ؟ ئۇلار يۇرتىنى سۆيىدۇ، چۆل، قۇملۇق بولسىمۇ مۇشۇ يۇرتنى سۆيىدۇ. ئۇلار «ئۆزگە يۇرتتا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتىدا ئۇلتاك بولۇش»نى ئەزەلدىن ئەۋزەل كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ يۇرت سۆيگۈسى شۇ قەدەر كۈچلۈك. ئۇلار بۇ يەرگە خۇددى ئاشۇ يۇلغۇنلاردەك،

تومۇراقلاردەك چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن، قارا بورانمۇ، سېرىق بورانمۇ بۇ يىلتىزنى قومۇرۇۋېتەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مېھىر رىشتى بۇ زېمىنغا چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن.

مۇشۇنى بىلىپ تۇرۇپ، ئەجەب بىمەنە گەپ قىلىپ سالپتىمەنا ! مەن ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دەرھال گەپنى يۆتكىدىم:

— يول بويى نۇرغۇن يۇلغۇنلارنى كۆردۈم، بەزىلىرىنىڭ رەڭگى ئوخشىمامدۇ، نېمە؟

— رەڭگىلا ئەمەس، تۈرىمۇ ئوخشىمايدۇ، — دېدى ئۇ مويسىپىت، — بۇ زېمىندا تۆت خىل يۇلغۇن بار. ئىككى خىلى سەل يوغانىراق ئۆسىدۇ، لېكىن پەرقى: بىرسىنىڭ يوپۇرمىقى قارىغايىنىڭكىگە ئوخشايدۇ، مېۋىلىك؛ يەنە بىرى مېۋىسىز، خۇددى پىستە دەرىخىنىڭ بۇرىغىنىغا ئوخشاش؛ ئۈچىنچىسىنىڭ دەرىخى كىچىك، يوپۇرمىقى ئاز، گۈلى ئاق قىزىلغا مايىل، شىرنىسى تاتلىق بولىدۇ؛ تۆتىنچى خىلىنىڭ مېۋىسى كەندىر دانىسىغا ئوخشايدۇ، رەڭگى قىزىل كۆككە مايىل، «يۇلغۇن داۋسى» دېگىنىمىز شۇ. ئۇنىڭ گۈلى بولمايدۇ، گۈللىمەستىن مېۋە بېرىدۇ.

«خۇددى دېھقانغا ئوخشاش، داۋراڭسىز، مىننەتسىز ھالدا ھەممەيلەنگە مېۋىسىنى ئاتا قىلىدىغان دېھقانغا ئوخشاش» مەن بۇ گەپنى ئىچىمدە دېدىم، بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئارىنى سەل جىمجىتلىق باستى. مەن مويسىپىتتىن يەنە بىر سوئال سوراپ جىمجىتلىقنى بۇزدۇم:

— توشقانزەدىكى يۇلغۇندىن چىقىدۇ، دېگىنى راستمۇ؟

— راست، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — لېكىن توشقانزەدىكى يۇلغۇننىڭ مېۋىسى ئەمەس. ئۇ يۇلغۇن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۆكسۆك، جىگدە ۋە ئەمەنىنىڭ يىلتىزىدىن پايدىلىنىپ ئۆسۈۋالىدىغان نەرسە، تەييارتاپ دەپ قويىدىكەنغۇ.

— ھە، ھە، پارازىت ئۆسۈملۈك دەيمىز.

— ھە، شۇنداق، تەييارتاپ... ئادەتتە يۇلغۇن ئون نەچچە گەز يىلتىز تارتىپ قۇملۇقنىڭ تېرەن يەرلىرىدىكى سۇنى سۈمۈرەلەيدۇ. توشقانزەدىكىنىڭ ئوق يىلتىزى ئۇنىڭ يىلتىزىدىن سۇ ئىچىپ قازان پەيدا بولىدۇ. ئۇ قازان مۇشتتەك بولىدۇ، ئاپتاپپەرەسنىڭ بېشىغا ئوخشايدىغىنىمۇ بار، يەر يۈزىدىن بىرەر گەزچە چوڭقۇرلۇقتا بولىدۇ، ئەتراپىدا كۆز بار. توشقانزەدىكى شۇ كۆزلەردىن ئۆسۈپ چىقىدۇ.

— ئۇ يەر يۈزىگە ئۇنۇپ چىقامدۇ؟

— ھەئە. قىزىلمىغانلىرى 6 ــ، 7 ــ ئايلاردا يەر يۈزىگە كۆكلەپ چىقىپ، 8 ــ، 9 ــ ئايلاردا چېچەكلەپ ئۇرۇقلايدۇ. گۈلى ئاۋۋال ئاق، كېيىن سۆسۈن بولىدۇ. ئۇرۇقى ئىنتايىن كىچىك، بىغىر رەڭ، يۇمىلاق بولىدۇ، قۇملۇقتا ئوڭاي چىرىمايدۇ، شامالدا ئۇيان ــ بۇيانغا ئۇچۇپ، يۇلغۇن، سۆكسۆكلەر بىلەن ئۇچراشقاندا ئاشۇنداق ئۆسۈپ قالىدۇ.

— ئۇنى قانداق چاغدا يىغىدۇ؟

— يەر يۈزىگە كۆكلەپ چىقىشتىن بۇرۇن. 3 ــ، 4 ــ ئايلاردا يىغىدۇ. يېڭى قېزىلغاندا رەڭگى سۇس يېشىل بولىدۇ. ئۆزىمۇ خۇددى يوپۇرمىقىنى ئېلىۋەتكەن ئوسۇڭغىلا ئوخشايدۇ. ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن سىرتى بىغىر رەڭ بولۇپ قالىدۇ. 9 ــ، 10 ــ ئايلاردا يەنە شۇ ئەتىيازدا قازغان ئورەكتىن كۆزلۈكىنى يىغىۋالىدىغان گەپ. كۆزلۈك توشقانزەدىكىنى يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان تۇزلاپ ساقلايدىغان بىر ھۈنەر چىقتى. بۇرۇن كەچ كۈزنىڭ ئاپتىپىدا قۇرۇتالماي سىستىپ قوياتتۇق.

— ئۇنى نېمىگە ئىشلىتىدۇ؟
— دورا. ئەركەكلىككىمۇ دورا، ئاياللىقىقىمۇ دورا. يېڭى قىزىلغىنى ھۆل سوغۇق، قۇرۇتۇلغىنى ھۆل ئىسسىق بولىدۇ. بۆرەككە پايدىلىق، قاننى تازىلايدۇ، قەۋزىيەتنى ئوڭشايدۇ. ئۇۋىتىپ چايغا سېلىپ ئىچسىڭىز بولىدۇ. ئۆيۈمدە بار، ئالغاچ كېتەمدىلا؟
— رەھمەت. بىز ئالدىرايمىز.
— خوش ئەمىسە، ئۆيۈمگە باشلىيالمىدىم...
مويسىپىت كىشى كېتىپ قالدى. مەن يەنە يۇلغۇن توغرىسىدا ئويلاندىم: ئۇ قۇملۇقتا ئۆسىدۇ، يىلتىزى بىلەن قۇمساڭغۇ توپىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ، شاخلىرى بىلەن قۇملارنى توسىدۇ، ئۇ يەنە تۇشقانزەدىكىگە ئوخشاش «ساۋۇتلۇق سەركەردە»لەرگە ھاياتلىق بېرىدۇ، يۇز - كۆزىنى قۇم - توپا بېسىپ تۇرسىمۇ، يەنە يېشىللىقى بىلەن، كۆكۈچ قىزىللىقى بىلەن، ئاقۇچ قىزىللىقى بىلەن جەۋلان قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنى ھېچكىم ئۇرۇمچى باغلىرىدىكى گۈل - گىياھلاردەك تىكمەيدۇ، پەرۋىش قىلمايدۇ. ئۇ ئۆز - ئۆزىنى يارىتىدۇ، ئۆز - ئۆزىنى ياشنىتىدۇ. ئۇنىڭدا ئۆزگىچە بىر گۈزەللىك بار. ئېھتىمال سىز بۇ ئۆزگىچىلىكنى شەھەرنىڭ باغ، گۈلىستانلىرىدا ئۇچرىتالماسلىقىڭىز مۇمكىن.
شىنجاڭنىڭ ھەربىر شەھىرى، ئىچكىرى ئۆلكە، ھەتتا چەت ئەللەردىن كېلىدىغان ساياھەتچىلەر بەلكىم تەكلىماكان گىرۋەكلىرىگە مۇشۇ گۈزەللىكنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن زوقلىنىش ئۈچۈن، ئىلھام ئېلىش ئۈچۈن كېلىدىغاندۇ - ھە !
مەن ئاشۇ يۇلغۇن توغرىسىدا جىق ئويلاندىم، ئاشۇ تەبىئىي يۇلغۇنلار بىلەن سىردىشىپ ئۆسكەن بۇرۇنقى تەكلىماكانلىقلار توغرىسىدىمۇ ئويلاندىم، يۇلغۇنلارنى تېرىپ ئۆستۈرۈپ ئۇنىڭدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەنپەئەت ئېلىۋاتقان ھازىرقى تەكلىماكانلىقلار توغرىسىدىمۇ ئويلاندىم. ھازىرقىلار بۇرۇنقىلارنىڭ ئىزىنى كۆمۈۋەتمىگەن، يۇلغۇنلاردىن مەنىۋى كۈچلا ئەمەس، ماددىي كۈچ ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇمىغان. ماددىي مەنپەئەت كويىدا زېمىننىڭ ئىشتان ـ كۆڭلىكىنى سالدۇرۇۋېلىشتىنمۇ يانمايدىغان قىسمەن نەپسانىيەتچىلەر ئۇلار ئىبرەتلىنىدىغان كىشىلەرگە ئايلانغان. چۆلنى يۇلغۇنلۇقلا ۋە باشقا گىياھ ـ ناپاداتقا پۈركەش ئۇلارنىڭ نىشانى.

ئۇلار يۇلغۇنلۇقلارنى قوغداپ ۋە بەرپا قىلىپ ئۇنىڭدىن لايىقىدا مەنپەئەتلىنىشنى بىلىدۇ. ئۇلار يۇلغۇن ھەسىلىنى، يۇلغۇن دورىلىرىنى، توشقانزەدىكىنى ئەڭ ئېسىل شىپايى جەۋھەر سۈپىتىدە ئۆز يۇرتىغىلا ئەمەس، باشقا يۇرتلارغىمۇ، باشقا ئەللەرگىمۇ تونۇتۇشنى بىلىدۇ.

### ئىزاھات:

① «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»دا «يۇلغۇننىڭ غولى نېمە ئۈچۈن قىزىل» ناملىق بىر ئەپسانە بار. قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق:

يۇلغۇننىڭ غولى ئەسلىدە كۆك ئىكەن. ئۇ كۆرۈمسىز، تىكەنلىك بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى كۆرگەنلا يەردە يۇلۇپ تاشلايدىكەن. شۇڭا، ئۇنى «يۇلغۇن» (يۇلۇپ تاشلىغىن) دەپ ئاتىغانىكەن.

ياۋلار بىر كۈنى بىر دانىشمەننىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ ۋە ئۇنىڭ كاللىسىنى زىخقا سانجىپ باشلىقىنىڭ ئالدىغا ئاپارماق بولۇپ ھەر خىل دەرەخلەردىن زىخ ياسىغانىكەن، لېكىن ھېچقايسىسى ئۇ كاللىغا سانجىلىشنى خالىماپتۇ. يۇلغۇندىن زىخ ياسىغانىكەن، ئۇ كاللىغا ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، دانىشمەننىڭ قېنى يۇلغۇنغا تېمىپ يۇلغۇننىڭ غولى قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىپتۇ.

بىر كۈنى ئاللا يۇلغۇندىن سوراپتۇ: «دانىشمەننىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن

جىمى دەرەخلەر ئۇنىڭ كاللىسىغا ئۆتمىدى، سەن نېمىشقا ئۆتتۇڭ؟»،
«قارىسام، — دەپتۇ يۇلغۇن، — ياۋلار دانىشمەنىنىڭ كاللىسىنى سانجىغىلى زىخ بولمىغاچقا، ئاتقا سۆرىتىپ ئېلىپ كېتىۋاتقانىدەك تۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئاتقا سۆرىتىپ خار قىلمىسۇن، ئۇنىڭدىن كۆرە ماڭا سانجىپ كۆتۈرۈپ ئاپارسۇن دەپ، ئۇنىڭ كاللىسىغا ئۆتتۇم».

ئاللا بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «نامى يۇلغۇن بولسىمۇ، خار بولمىسۇن، چۆل - جەزىرىلەردە كۆپىيىپ ئۆسسۇن، تىكەنلىرى بولمىسۇن. ئادەملەرمۇ يۇلغۇننى ئەزىزلەپ، قۇرۇغاندا ئۇلاغلىرىغا ئارتىپ ئاپىرىپ يېقىلغۇ قىلسۇن، ئادەملەرنىڭ يېقىن ئۇلپىتى بولسۇن» دېگەنىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەن شاھ كەنتىدىن ئايرىلالمىدىم

تۈنۈگۈن 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى «شاھ كەنتى»نىڭ دېھقانلىرى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىققانىدۇق. مانا بۈگۈن قۇملۇق تاشيولىدا كېتىۋاتىمىز. ئۆزىمىز ئۇ يەردىن ئايرىلغان بىلەن، كۆڭلىمىز ئايرىلمىغانىدى. ئۇلارنىڭ بىزگە مېھىر ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرى ھېلىھەم كۆز ئالدىمىزدا ئىدى. نەشرىياتىمىزنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ياسىتىپ بېرىۋاتقان كەنت كومىتېتى قورۇلۇشىنىڭ گەۋدىسى پۈتكەن بىلەن ئىچى تېخى پۈتمىگەنىدى. ھەممىمىز شۇنىڭ غېمىدە ئىدۇق. قورۇلۇشنىڭ ئىچى قورۇلۇشچىلارنىڭ نەزىرىدە بىر ئەك ھېسابلانسا، بىزنىڭ نەزىرىمىزدە يۈرەك ھېسابلىناتتى. بىز يېڭىدىن بەرپا قىلىنىۋاتقان كەنت كومىتېتى دېھقانلارغا يېڭى قان يەتكۈزۈپ بېرىدىغان يۈرەكنىڭ رولىنى ئوينىيالىسا، دېگەن ئۈمىدتە ئىدۇق. تۈنۈگۈن ئاخشام خوتەن مېھمانخانىسىدا:

— كەنت كومىتېتى دېھقانلارنىڭ ئۆز ئۆيى بولۇشى كېرەك، — دېگەنىدى لى شۈجى، — ھەربىر بۆلۈمچىلىرىدە دېھقانلارنىڭ سۈرەتلىرى بولسۇن. بۇ قېتىم تارتىلغان سۈرەتلەرنى چوڭايتىپ ئالاھىدە تەييارلايلى. كۈتۈپخانىغا جاھازلارنى ياسىتىپ، ئۇيغۇرچىنى ئاساس قىلغان ھالدا جىق كىتاب قويايلى، دېھقانلار كۆرسۇن، نەپ ئالسۇن. ئۇلار بۇ يەرگە كومپيۇتېردىن ئۈچۈر ئىگىلەش ئۈچۈن كېلىدىغان

بولسۇن، ھەر خىل تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىپ ساغلاملىقىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كېلىدىغان بولسۇن. نامراتلارنى مەنىۋى جەھەتتىن يۆلەش دېگىنىمىز مانا مۇشۇ.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ ماڭا قارىدى. مەن چۈشەندىم، ئۇ كۆزلىرىدە «سىزنىڭ تەييارلىقىڭىز قانداق؟» دەۋاتاتتى. مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. بۇ دېھقانلىرىمىز ئۈچۈن بېغىشلانغان ئىجادىيىتىمنى چوقۇم ئاخىرىغا چىقىرىش ئۈچۈن بىلدۈرگەن كۆڭۈل تەستىقىم ئىدى. بۇ ئۇنىسىز قارارنى ئابلەتمۇ چۈشەندى بولغاي، لى شۇجىغا ئوخشاش مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرىدى. ئۇ ئىككىسى شۇ كۈنى كەچتە خىزمەت زۆرۈرىيىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە ئايروپىلاندا قايتتى. ئەتىسى بىز ئىككىگە بۆلۈندۇق. لى چۈنخۇا بىلەن ئىككىمىز كەلگەن يولىمىز بىلەن، قالغانلار قەشقەر يولى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە ماڭدۇق.

مانا، قۇملۇق تاشيولىدا كېتىۋاتىمىز. لى چۈنخۇا بىلەن ئىككىمىز شاھ كەنتىدە كۆرگەنلىرىمىز توغرۇلۇق پىكىرلەشتۇق. ئۆزگىچە چۆل مەنزىرىلىرى بايقالغاندا شوپۇر ماشىنىسىنى توختاتتى. لى چۈنخۇا سۈرەتكە تارتتى، مەن بولسام، ئۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆڭلۈمگە نەقىشلىدىم. شوپۇر بولسا، يول ياقىسىدا تاش تېرىش بىلەن ئاۋارە. خوتەن دەريالىرى يىراق - يىراقلاردا قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تاش ئىزدەش ئىشتىياقى ھەرگىز ئۇ يەردە قالمىغانىدى.

قۇم بارخانلىرىنىڭ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش قۇملۇقنى ئالتۇن رەڭگە پۈركىدى. بىز كېتىۋاتىمىز، دۇمبەلچەك قۇم بارخانلىرىنى كۆرۈپ كېتىۋاتىمىز، چۆل گىياھلىرىغا قاراپ كېتىۋاتىمىز. دەسلەپتە قۇياش بىزگە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ قالغاندەك كۆرۈنگەن، مېڭىۋاتقان

يۈنىلىشىمىز توغرا كېلىپ قالدىمۇ ـ قانداق، كېيىن ماڭا ئۇ خۇددى ماشىنىمىز بىلەن تەڭ يۈگۈرۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ماشىنىنىڭ ئوڭ يېنىدىن سىرتقا قارىغىنىمدا ئۇ خۇددى يۈگۈرۈۋاتقان تايدەك قۇم بارخانلىرىنىڭ كەينىدىن دەممۇدەم كۆزۈمگە تاشلىناتتى. تۇيۇقسىز، ئۇ كۆزۈمگە ماشىنا بىلەن تەڭ قوزغىلىپ يۈگۈرگىنىچە بىزنى ئۇزىتىۋاتقان دېھقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

قۇياش نېمىدېگەن مېھرىلىك ـ ھە ! راست، ئۇ ئۆز مېھرى بىلەن دېھقانغىلا ئوخشايدۇ، دېھقانغا !

قۇياش، دېھقان ۋە مەن، ھەممىمىزنى مېھىر رىشتى ئۆزئارا باغلىغان. بۇ رىشتە ھەرگىز ئۈزۈلمەيدىغان رىشتە. قىسقىغىنا بىرنەچچە كۈن ئىچىدە مەن «شاھ كەنتى»دە تۇرۇپ دېھقانلىرىمىزدىن نۇرغۇن ئىلھاملارنى ئالدىم. ئۇلارنىڭ بۈيۈك تەبىئەت بىلەن چىرمىشىپ كەتكەن ئاددىي ھاياتى ماڭا ئاددىي بولمىغان نۇرغۇن ھېكمەتلەرنى تونۇتتى. مەن بۇ ھەقىقەتلەرنى ئىجادىيىتىمدە ئايان قىلىشىم كېرەك، مەيلى ئۇنى شۇ ھەقىقەتتەك يارقىن قىلىپ كۆتۈرۈپ چىقالمىساممۇ.

خوش، دېھقىنىم !

خوش، ھەقىقەتنىڭ ئىگىلىرى !

# ماشىنا — دەريا، ياتقان — بورىيا

ئارىدىن ئاز كەم ئالتە ئاي ۋاقىت ئۆتتى. بۇ جەرياندا شاھ كەنتى بىر كۈنمۇ خىيالىمدىن نېرى بولغىنى يوق. خىزمىتىم سەل سېلىنككەن ۋاقىتلاردا، كەنتتە خاتىرىلىنىۋالغانلىرىمنى رەتلىدىم. ئۇ يەردە كۆرگەنلىرىمنىڭ تارىخىي يىلتىزىغا ئائىت ماتېرىياللارنى كۆردۈم. ئويلىدىم، چوڭقۇرلىدىم. لېكىن، نېمىلا دېگەن بىلەن كەنتتە تۇرغان ۋاقتىم قىسقا ئىدى. مەن يەنە كەنتتە نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرۈشۈم، يازغانلىرىم بىلەن سېلىشتۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. مانا بۇ زۆرۈرىيەتمۇ ئىمكانىيەتكە ئېرىشتى. بىز «1 ـ ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىدىكى دەم ئېلىشىمىزدىن پايدىلىنىپ، يەنە خوتەنگە سەپەر قىلدۇق. بۇلتۇرقى قوشۇنىمىز ئاساسەن ماتېرىيال يىغىشنى ئاساس قىلغان بولسا، بۇ قېتىمقىسى شاھ كەنتىنى ئاساس قىلغان ھالدا سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا بەرپا قىلىشقا ئائىت سوتسىيولوگىيە (جەمئىيەتشۇناسلىق) تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن كېتىپ باراتتى. بۇ قېتىمقى قوشۇنىمىزدا تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئالغان ئابدۇراخمان ئەبەيمۇ، تەتقىقات تېمىسىنى كونكرېت تۈزۈپ ئىشلەيدىغان تۆت ئاسپىرانتمۇ بار ئىدى. يەنە كىتابلىرىمىزنىڭ تارقىتىلىش ئەھۋالى ۋە يېڭى ئېھتىياجىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، ئىدارىمىزدىن ئادىلجان بىلەن لىن خۇيمۇ بۇ سەپكە قوشۇلغانىدى. بۇ قېتىممۇ سۈرەت تارتىش نۇقتىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىنتايىن كۆپ، لېكىن فوتوگرافلىرىمىزنىڭ ئىدارىدىكى خىزمىتى بەك ئالدىراش بولغاچقا، گۈزەل سەنئەت ئىشخانىسىدىن پەقەت لىۇ كەنخەيلا چىقالىغان. شۇڭا بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، لى ۋېيچىڭ خانىمنىڭ ئوغلى — شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، فوتوگراف ھەۋەسكارى مومومۇ بۇ سەپەرگە پىدائىي بولۇپ چىققانىدى. يەنە شوپۇرلاردىن مەمەت، بەختىيارلارمۇ بار. لى شۇجى بىلەن ئىككىمىز بولساق، بۇ قوشۇننىڭ كونىلىرى.

كەنتكە يېتىپ بارغۇچە بولغان ئىككى كۈنلۈك سەپەرنى بەزىلەر شېرىن ئۇخلاش بىلەن، بەزىلەر قارتا ياكى يانفون ئويناش بىلەن، ماڭا ئوخشاشلار بەزىدە ئويۇننى تاپسىمۇ، ئۇيقۇسىنى تاپالماي، ھەر خىل نەرسىنى ئويلاش بىلەن ئۆتكۈزدى.

ئادەم چىدىماس نەرسە ئىكەن. يۇمشاق ئورۇندۇقلۇق ئىمپورت ماشىنىدا، تۈپتۈز سىلىق يولدا، خالىغان يەردە توختاپ، ئوبدان يەپ - ئىچىپ كېتىۋاتقان بولساقمۇ، يەنىلا يول جاپاسىدىن ۋايسايتتۇق. ۋايسىمىغانلار پەقەت ئىككى باشلىقىمىز. بەلكىم ئۇلار بۇنداق سەپەرنى تولا مېڭىپ كۆنۈپ كەتكەندۇ ياكى بولمىسا سالاھىيەت نۇقتىسىدىن كۆڭلىدىكىنى دېمەيۋاتقاندۇ. شۇنداقتىمۇ، چارچىغانلىق ئۇلارنىڭمۇ چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى. ھەممىمىزلا ئىشخانىدا تولا ئولتۇرۇپ كۆنۈپ كەتكەن ئادەملەر، لېكىن ئىش بىلەن ئولتۇرغاندا بىلىنمەيدىغان ئوخشايدۇ، بىكار ئولتۇرغاندا بىلىنىدىكەن، ئون - ئون بەش سائەت چۆكۈپ ئولتۇرغاننىڭ نەقەدەر زۇلۇملۇقى !

مەن چەكسىز كەتكەن چۆللەرگە، قاتمۇقات تاغ - داۋانلارغا قاراپ شۇنىمۇ ئويلاپ قالدىم. ئات، تۆگە، ھارۋىلار بىلەن ماڭىدىغان زامانلاردا يۇرت ئاتلاپ چىققان ئادەملەرمۇ

قەيسەر ئادەملەر ئىكەن. ئايلاپ، يىللاپ مېڭىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بۇ يوللاردا نېمە كۈنلەرنى كۆرگەن بولغىيدىكىن ـ ھە، ئۇلار ! بۇ يىراق، جاپالىق يوللار ئۇلارنى تاۋلىغان ھەم شاللىغان.

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
غېرىبنىڭ يولىنى باغلار.
غېرىب ئۆلسە كىم يىغلار،
غېرىبكە غېرىب يىغلار.

مانا بۇ ناخشا شۇنداق چاغلاردا چىققان. ئۇلار قازا قىلىپ كەتكەن سەپەرداشلىرىنى كۆمۈپ قويۇپ، يەنە يولىنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇلارغا قورساق ئاچقاندا، ئەمەنمۇ ھالۋا بىلىنگەن، ئۇسسىغاندا لاي سۇمۇ زەمزەم بىلىنگەن، مېڭىپ ھارغاندا مايماق ئېشەكمۇ مەپە كۆرۈنگەن. ئاخىر ئۇلار «يول ئازابى ـــ گۆر ئازابى» دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. كۆپلىرى ئۇچۇن ئۆز يۇرتىدىن چىقماسلىق راھەت بىلىنگەن. راست، جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ يۇرتىغا باغلىنىپ قېلىپ سىرتقا چىقىشنى خالىمايدىغان ئىدىيەسىنىڭ يىلتىزى مۇشۇ بولغىيمىدى؟

مەن كاللامغا كەلگەن بۇ ئوينى ئەمدىلا ئۇيقۇدىن ئويغانغان ئابدۇراخمان ئەبەيگە ئېيتتىمۇدىم، ئۇخلاۋېتىپمۇ تېلېفون ئېلىپ گېپىنى تېپىپ دېيەلەيدىغان بۇ باشلىقىمىز دەرھال مۇلاھىزىگە قاتناشتى:

ـــ يىلتىزى پۈتۈنلەي مۇشۇ دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇمۇ مۇھىم بىر سەۋەب. يۇرتنى سۆيۈش ھەرقانداق ئىنسان تۇپىغا ئورتاق. لېكىن، يۇرتنى سۆيۈش پەقەت يۇرتىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چىقماسلىق بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ئىش ئەمەس. «قۇش ئاسماندا ئۇچسىمۇ سايىسى يەرگە چۈشىدۇ»، چۈنكى ئۇنىڭ رىشتى ھامان زېمىنغا — يۇرتىغا باغلانغان. قاراڭ، ئاتۇشلۇقلار شۇنداق ئەمەسمۇ. ئۇلار يۇرتىنى تاشلاپ چىقالىغانىدى، ئۆزلىرىمۇ گۈللەندى، يۇرتىنىمۇ گۈللەندۈرەلىدى. قۇدۇقتىن چىقمىغان پاقا ئۇچۇن قۇدۇق ئىچى ئالەم بىلىنىدىكەن. سىز دېگەن يۇرتتىكىلەرنىڭ كۆپى ئەسلىدە يۇرتىدىن چىقمىغان، شۇڭا جاھاننىڭ باغرى كەڭلىكىنى بىلمىگەن، سىرتقى ئۇچۇرلارنى ئاڭلىغاندىمۇ ئۇنى قوبۇل قىلغۇسى كەلمەي، «ئاۋات شەھىرىڭدىن ئەسكى تاملىق يۇرتۇم ياخشى»، «ئالتۇن چىققان ئۆزگە يەردىن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆز يەر ياخشى» دەپ ئۆز - ئۆزىنى بەزلىگەن. ئەمدى جاھان كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئويلاپ بېقىڭا، «مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماس». بۇ گەپنىڭ ئاجايىپ ۋەزنى بار، ئۇ جاھان كۆرمىگۈچە، كۆپنى بىلمىگۈچە، مۇكەممەل ئادەم بولالمايسەن دەۋاتىدۇ.

— توغرا، — دېدىم مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ، — يۇرتىدا ياشاش ئىمكانىيىتى يېتەرسىز بولغاندا، بۇ ئىمكانىيەتنى سىرتتىن ئىزدىسىمۇ بولىدۇ. «تۇغۇلغان يەردىن تۇرغان يەر ئەلا» بولۇشىمۇ مۇمكىن، «تۇرغان يەردىن تۇغۇلغان يەر ئەلا» بولۇشىمۇ مۇمكىن. «تورغاينىڭ جەننىتى يانتاق تۈۋىدە» دەپ ئۆتۈۋېرىشمۇ ئاقىلانىلىك ئەمەس.

— دۇرۇس، — دېدى ئابدۇراخمان ئەبەي.

مەن دەرھال گەپنى چاقچاققا يۆتكىدىم:

— سىزغۇ «كىشى يۇرتىدا ئامبال بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئابدال بول» دېگەن گەپنى ئاڭلىماي پايدىسىنى كۆرگەن ئادەم. ئەلۋەتتە، مۇشۇنداق پىكىر قىلىسىز - دە.

— سىزمۇ شۇنداق، — دېدى ئابدۇراخمانمۇ چاقچاقلىق

بىلەن، — «تۇغۇلغان يەرنىڭ كۈنىمۇ ئىسسىق، تۈنىمۇ ئىسسىق» دەپ ئىسسىق ئورۇندىن قوپماي پايدىسىنى كۆرگەن ئادەمسىز. ھە، راست، «ئۆز ئېلىڭدە بولسا لايىقىڭ، ئۆزگە يۇرتقا بارماس ئايىغىڭ» دىگەن گەپنى مۇھۇر بىلىپتىكەنسىز. خوتۇنىڭىزنىمۇ ئىشىك ئالدىڭىزدىن ئېلىپ ھېچبىر زىيان تارتمىدىڭىز.

— بورتالا بىلەن ئۇرۇمچىنىڭ ئارىلىقىدا قاتناپ تارتقان زىيىنىڭىزغا چىدىمايۋېتىپسىز - دە. ئەگەر خوتۇننى ئۇچىنچى بىر يۇرتتىن ئالغان بولسىڭىز، ئۇ چاغدا ئۈچ تەرەپكە قاتناپ، تاپقان - تەرگىنىڭىز يولدا قېلىپ، بۇ چاغقىچە ئالا خۇرجۇننى بويىنىڭىزغا ئېسىپ چىققان بولاتتىڭىز. مەن بولسام، يۇرتنى ئوغرىغا ئالدۇرماي ئۆتۈۋاتقان ئادەم.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ — ئابدۇراخمان ھەييارلىق بىلەن كۈلدى. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى سېزىپ قالدىم: ئۇ ئۆزى بورتالالىق بولغىنى بىلەن خوتۇنى ئۇرۇمچىلىك ئىدى.

— ھە، راست. ئۇقمايلا خەيرىنسانى سىزگە ئالدۇرۇپ قويۇپتۇق.

— ھە، مۇشۇنداق. سىز ئۇقمايلا ئۆتىۋېرىسىز.

— نېمىلا دېمەڭ، بىز ئوبدان جۇمۇ. ئاڭلىمىغانمۇ: «دېھقاننىڭ ئوبدىنى چامغۇر تېرىيدۇ، ئادەمنىڭ ئوبدىنى يۇرتىدا قېرىيدۇ».

— قېرىڭ، قېرىڭ. ئوبدان قېرىۋاتىسىز...

ھەممىمىز قاقاھلاپ كۈلۈشتۇق.

ئابدۇراخمان ئۇنىۋېرسىتېتتا ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان، كېيىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ چوڭقۇر بىلىمى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ مېنىڭ ماقال - تەمسىل ئارىلاشتۇرۇپ قىلغان مۇلاھىزەمگىمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چاقچاقلىرىمغىمۇ ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى جايىدا كەلتۈرۈپ جاۋاب قايتۇردى.

— قالتىس ماقال - تەمسىللەركەنغۇ بۇ، — دېدى ئادىلجان كۈلۈپ.

— بۇ بىز خەلقنىڭ يۇرت سۆيۈشكە دائىر ماقال - تەمسىللىرى، — دېدى ئابدۇراخمان چۈشەندۈرۈپ، — بۇنىڭدا نۇرغۇن تەجرىبە - ساۋاق ۋە پەلسەپىۋى پىكىرلەر بار.

— ماقال - تەمسىلنى، خەلق قوشاقلىرىنى يېشىشكىمىز چوڭايغاندا تېخىمۇ بەك چۈشىنىدىغان بولىدىكەنمىز، — دېدىم مەن چوڭقۇر ئويلانغان هالدا.

دەرھەقىقەت شۇنداق. ياشلىقىمدا مەنمۇ ئۇنىڭدىكى مەزمۇنغا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىگەن، ھەتتا خەلق قوشاقلىرىنى ئۆزۈمچە تولىمۇ ئاددىي چاغلاپتىكەنمەن. بەزى خەلق ناخشىلىرىنىڭ سۆزىنى يەڭگىللىك بىلەن ئۆزگەرتىپمۇ قويۇپتىكەنمەن. ياش ئەللىكتىن ئاشقاندا ئاندىن چۈشەندىم. ئۇنىڭدا چىق ھېكمەتلەر بار ئىكەن. ئۇنىڭغا خەلقنىڭ نەچچە ئەسىرلەپ يىغقان ئەقىل - پاراسەتلىرى، ئاجايىپ سەزگۈ - ھېسسىياتلىرى جۇغلانغانىكەن.

مانا قاراڭ، بۇ قېتىمقى سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن، بۇ يىراق يولنى ماشىنىدا قانداقمۇ تۈگىتىپ بولغىلى بولار، دەپ غەم قىلغانىدىم. لېكىن، ماقالدا ئېيتىلغانىدەك: «ماڭغان يول يىراق ئەمەس، مېڭىشتىن قورققان يول يىراق ئىكەن». مانا، مەنزىلگىمۇ يېقىنلىشىپ قالدۇق. بۇ ماقالنى يۇرتىدىن چىقىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا ئىككىلىنىۋاتقان دېھقان يىگىتلىرىگە تەقدىم قىلغۇم كەلدى.

«بوسۇغا داۋان يامان داۋان»، يىگىتلەر، مىدىرلاڭلار، «ماڭغان — دەريا، ياتقان — بورىيا».

# چوڭلار، ياشلار ۋە ئىستېمال

بۇ قېتىم كەنتتە ئاياللار بىر دېھقاننىڭ، بىز ئەرلەر باشقا بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق. بىز چۈشكەن ئۆينىڭ ئىگىسىنىڭ ئىسمى ئاتاۋۇللا ئاخۇن ئىكەن. مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئۆزىدىلا بىرنەچچە ئاتاۋۇللا بولغاچقا، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىسمىنىڭ كەينىگە بەزى ئاتاقلار قوشۇلغانىكەن. بىزنىڭ مويسىپىت ساھىبخانىمىز دېھقانچىلىقتىن سىرت كىگىزچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىسمىنىڭ كەينىگە كەسپى قوشۇپ چاقىرىلىدىكەن. ئۇ كىشىنىڭ ياسىداق ئۆيلىرىنى دېمەيلى، ئايۋىنىنىڭ ئۆزىلا بىر سەنئەت سەمەرىسى ئىكەن. يوغان ئايۋاننىڭ تام - تورۇسلىرى نەقىشلەنگەن ياغاچلار بىلەن چېدىرسىمان زىننەتلەنگەنىكەن. قوش قاناتلىق چوڭ ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئايلاندۇرۇلۇپ ياسىلىپ، ساراي ئۆيلەرنىڭ كېشىكى يېنىدا بوغۇلغان «سۇكە» مېنىڭ ئۆزگىچە دىققىتىمنى تارتتى. مەن كارىۋات ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بۇ قۇرۇلمىنىڭ «سۇكە» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنىمۇ ئاتاۋۇللاخۇندىن بىلدىم. مەن ئۈرۈمچى ئادىتى بويىچە «بەنچاڭ» دېگەنىدىم، ئاتاۋۇللاخۇن:

— بەنچاڭنىڭ ئىچىگە توپا ئىلىنمايدۇ، — دېدى. چۈشىنەلمەي قاراپ قالغان بولسام كېرەك، ئۇ مەن «بەنچاڭ» دەۋالغان نەرسىنىڭ ئۈستىدىن ئاۋۋال گىلەمنى، ئاندىن بورىنى قايرىدى. مەلۇم بولدىكى، ساندۇقسىمان جازىنىڭ ئىچىگە يۇمشاق توپا

قاچىلانغانىكەن.

ــ ئىچىگە مۇشۇنداق توپا قاچىلانغىنىنى «سۇكە» دەيمىز. توپا قاچىلانماي، ئۇستى تاختاي بىلەن يېپىلغىنىنى «بەنچاڭ» بولىدۇ.

ــ «سۇكە» دېگەن ئاتالغۇ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «سەكۇ» دەپ ئېلىنىپ، ئۇنىڭغا «كىشىلەر ئولتۇرىدىغان ئۇستى يېپىق سۇپىچاق» دەپ ئىزاھ بېرىلىپتىكەن، ــ دەپ سۆز قىستۇردى ئابدۇراخمان ئەبەي.

«ھە ... ــ دېدىم كۆڭلۈمدە، ــ مەن بىلمىگەن بىلەن بۇ نەرسىنىڭ بىزدە ئىشلىتىلىشىۋاتقىنىغا ئۇزۇن ئەسىرلەر بولغان ئىكەن ـ دە».

مەن چۈشەنمىگىنىمنى يەنە سوراۋەردىم:

ــ تاختاي يېتىشمەي، توپا قاچىلامسىلەر؟

ــ يوقسۇ. ئىچىگە توپا قاچىلانسا، يازدا سالقىن، قىشتا ئىسسىق بولىدۇ. ئۇستىگە تاختاي يېپىلسا، ئوتتۇرىسى كاۋاك بولغاچقا، كۈز، ئەتىيازدا شامال كىرىپ ئىسسىمايدىكەن. شۇڭا، بىز كۆپىنچە «سۇكە» ئىشلىتىمىز.

سۇكىنىڭ يەردىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان قىسمىغا نەقىشلەنگەن يۇمىلاق ياغاچ بويى بويىچە كېسىپ سېلىنىدىكەن. ئۇ سۇكىنىڭ گۇللۇك ياچىۋىكى، دەپ ئاتىلىدىكەن.

مەن بۇ ئائىلىدىن ئۇيغۇر مېمارچىلىق ۋە بېزەكچىلىك سەنئىتىنىڭ بىر ئۇلگىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

ــ مۇشۇنى بېزەشكە قانچىلىك پۇل كەتتى؟ ــ ئابدۇراخمان ئەبەي سورىدى.

ــ ئىككى ـ ئۈچ مىڭچە.

ــ نېمانداق ئەرزان ھوي! بىز ئانچىكىم زىننەتلەشكە ئوتتۇز ـ قىرىق مىڭ يۈەن خەجلەيمىز، ــ مەن ھەيرانلىق

بىلەن توۋلاپ سالدىم.

— سىلەرنىڭ پۇلۇڭلار جىق، — دېدى ئاتاۋۇللاخۇن كۇلۇپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ پۇلىمىز ئاز بولغاندىكىن، يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنىدىغان گەپتە.

— ياغاچچى شۇ پۇلغا ئۇنىدىما؟

— خارەت ... — بۇ يەردە ياغاچچىنى «خارەت» دەيدىكەن، بىزنى چۇشىنەلمەي قالمىسۇن، دەپ، ئۇ ئاتالغۇنى دەرھال ئېنىقلىدى، — ياغاچچى ئۇنايدۇ. ھەممىمىز پۇلنى ئاز تاپىمىز ئەمەسمۇ.

ئاتاۋۇللاخۇننىڭ بۇ ھويلىسىنى كىچىك كارخانا دېيىشكىمۇ بولىدىكەن. ھېلى قارىسىڭىز، ئاتاۋۇللاخۇن چىغنى يېيىپ تىپ ئۇستىگە يۇڭ تاشلاپ كىگىز ئېتىۋاتقان، ھېلى قارىسىڭىز، يۇڭ يىپلارنى بوياۋاتقان، ھېلى قارىسىڭىز، ئۇنىڭ ئون يەتتە ياشلىق ئوغلى ئابدۇخەبەر ئىككى سىڭلىسى بىلەن گىلەم توقۇۋاتقان، ھېلى قارىسىڭىز، ئېتىمىزغا چىقىپ كېتىۋاتقان، ئىشقىلىپ بىكار ئولتۇرىدىغان ۋاقتى يوق ئىكەن. شۇڭا، بۇلارنىڭ ئۆيى ياسداق، تۇرمۇشى پاراۋان ئىكەن.

مەن دىققەت قىلماپتىمەن، ئابدۇراخمان نېمىلا دېگەن بىلەن يېزىدا ئۆسكەچكە، ئالاھىدە دىققەت قىپتۇ. ئۇ ئېغىلغا كىرىپ چىقىپ:

— ئېشەكلىرى نوچى ئىكەن، — دەپ ماختىۋىدى، ئاتاۋۇللاخۇن مەمنۇنىيەت بىلەن ھىجىيىپ:

— شۇنداق. ئاتقا بەرگۇسىز دېسىلە، — دېدى.

شەھەرلىكنىڭ كاللىسىغا ھە دېگەندىلا يېزىغا يۇقۇشمايدىغان سوئال كېلىدۇ. شۇنداقتىمۇ سورىدىم:

— نېمىشقا سىلەر ئات باقماي، ئېشەك باقىسىلەر؟

— ئېشەك قولغا يېقىن، جانغا ئەسقاتىدۇ، — دېدى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاتاۋۇللاخۇن.

— يەنە چىداملىق دېسىلە، — ئابدۇراخمان قوشۇمچە قىلدى.

— شۇنداق. چىداملىق. ئوڭاي كېسەل بولمايدۇ. ئات نازۇكراق. شۇڭا، بىز «ئات يىقىلسا پىچاق سال، ئېشەك يىقىلسا قوناق» دەيمىز. ئاندىن «ئات ھەم ئوقۇردىن، ھەم تۇۋرىدىن يەيدۇ»غان جانىۋار، يەم توشۇتقىلى بولمايدۇ.

— شۇڭا بىزدە «ئات يەمگە ئامراق، بۆرگە نەمگە» دەيدىغان ماقال بار، — دېدى ئابدۇراخمان گەپ قىستۇرۇپ.

— شۇنداق، شۇنداق. ئاتنى قامچا بىلەن ھەيدىمەي، يەم بىلەن ھەيدەيدىغان گەپ. بىزدە ھەممە نېمە ئېشىپ - تېشىپ تۇرمىغاندىكىن، ئېشەك باقىمىز، قارىسىلا. بولمىسا، ئات ئېسىل جانىۋار، قانات - دە، قانات!

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. دەرھەقىقەت، ئات ئېسىل جانىۋار، ئادەمگە قانات چىقىرىدىغان جانىۋار. شۇڭا، خەلقىمىز «ئەر قانىتى — ئات» دەيدۇ، ھەتتا ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدە ئۇنى قاناتلىق تەسۋىرلەپ، ئاسماندا قۇشتەك پەرۋاز قىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى «دۇلدۇل» ياكى «تۇلپار». ئۇ باتۇرلىرىنى ھەش - پەش دېگۈچە كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتكۈزىدۇ، باتۇرلىرىنىڭ يول مۇشكۇلاتلىرىنى ئاسان قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ ئۈستىدىن يىقىلغان ئادەمنى ھەرقانچە تېز چېپىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ دەسسىمەيدۇ، يىقىلغان ئىگىسىنىڭ ئەتراپىدا چۆرگۈلەپ نېرى كەتمەيدۇ، ھەتتا ھوشسىزلانغان ئىگىسىنى دۈمبىسىگە ئارتىپ ئۆيىگە ئەكېلىپ قويۇشنىمۇ بىلىدۇ. ئۇ شۇ قەدەر ئەقىللىك، يولنى تېپىپ ماڭالايدۇ، «بىر پاتقان يەرگە ئىككىنچىلەپ پاتمايدۇ»، شۇڭا خەلقىمىز ئۇنى بەكمۇ ئۇلۇغلىغان، شۇڭا ئۇنى ئۆز روھىنىڭ، ھەتتا جىسمىنىڭ ئايرىلماس بىر بۆلىكى

سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلغان. دېڭىز بويلىرىدا ياشايدىغان ئىنسان تۈركۈملىرى ئۆزلىرىنىڭ جېنىغا جان قوشىدىغان بېلىقنى بېشى قىز، تېنى بېلىق هالدا تەسۋىرلىگەن بولسا، بۇ قۇملۇق پەرزەنتلىرى ئۆزىنىڭ ۋاپادار، ئەقىللىك ئېتىنى بېشى ئادەم، تېنى ئات شەكلىدە تەسۋىرلىگەن. نىيە قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان رەڭلىك ئۈستەل پۇتىنىڭ نەقىشىدىكى، سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان پۈرمە پۆچقاقلىق رەڭدار يۇڭ توقۇلما ئىشتاننىڭ گۈلىدىكى ئادەم باشلىق، ئات بەدەنلىك ئوبرازلار بۇنىڭ دەلىلى. ئۇلار ئاتنى ئۇ دۇنيادا هەمراھ، بۇ دۇنيادا يار ـ يۆلەك، دەپ قارىغان. سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى جەسەت بىلەن هەمدەپنە قىلىنغان ئىككى ئات بۇنىڭ دەلىلى؛ بەزى جايلاردىكى قەبرىستانلىقلاردا تاش ئابىدىنىڭ ئورنىدا قويۇلغان، يەنە بەزى جايلاردا قەدىمكى دەرەخلەرگە ئېسىپ قويۇلغان ئات بېشىنىڭ سۆڭەكلىرىمۇ بۇنىڭ دەلىلى.

خەلقىمىز ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن توم تۇياقلىق هايۋانلارنى يېيىشنى پەرهىز قىلغان. لېكىن، ئاتنى ئۇلۇغلاش ئادىتىدىن ئۇ ئاچا تۇياقلىق بولمىسىمۇ، ئۇنى يېيىش دۇرۇس، دەپ قاراپ، ئەقلىي يەكۈن بىلەن ئۇنى تەپمە هالال قىلغان، لېكىن ئۇنى داۋاملىق «قۇربانلىق» قىلىشنى راۋا كۆرمىگەن. زامانى ئەۋۋەلدە كۆك تەڭرىنىڭ يامغۇر ئىلتىپات قىلىشى ئۇچۇن بېرىلىدىغان نەزىر — «ياشىق»لاردا ئات مەخسۇس قۇربانلىق هېسابلىناتتى. لېكىن، خەلقىمىز كېيىنكى زامانلاردا سادىق ئېتىنى قۇربانلىق قىلمايدىغان بولغان. شۇڭا، قۇربان هېيت كۈنى ئات قۇربانلىق قىلىنمايدۇ.

خەلقىمىز ئاتنى شۇ قەدەر ئەزىزلەيدۇ، ئۇرمايدۇ، خارلىمايدۇ، ئىسرىق سېلىپ تۇرۇلىدىغان مەخسۇس ئېغىلدا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئەتىۋارلاپ باقىدۇ، دەريا ـ ئۆستەڭلەرگە ئاپىرىپ يۇيۇپ تارايدۇ، ئېسىل ئېگەر ـ جابدۇقلار بىلەن بېزەيدۇ، ئاندىن ئېتىغا مىنىپ، ئەتراپقا غورۇر بىلەن بىر قاراشتۇرىدۇ ـ دە، تاراسلاپ چاپىدۇ...

مانا، ئات خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا مۇشۇنداق سىڭىشىپ كەتكەن. شۇڭا، يولى بارلار چوقۇم ئات ئالاتتى؛ ئالالمىغاندىمۇ خىللاپ ئالاتتى، لېكىن بىزنىڭ ئاتاۋۇللاخۇن ئېشەك ئاپتۇ، ئالغاندىمۇ ئۇنىڭ سۆلىتىنى، چاپقۇرلۇقىنى ئويلىماي، قولغا يېقىن، يولغا يىراقلىقىنى ئويلاپ ئاپتۇ.

بۇلارنى ئويلىغاندا، مەن يەنە بېشىمنى لىڭشىتتىم. بۇ مېنىڭ خىيالىي دۇنيادىن ھالقىپ چىقىپ، رېئاللىقنى تونۇغانلىقىمنىڭ تەستىقى ئىدى.

مەن يەنە شۇنىمۇ ئويلىدىم. كونا دېھقانلىرىمىز تېرىقچىلىق ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەربىر قەدەملىرىدە تېجەشلىك ۋە جانغا دەرھال ئەسقاتىدىغان بولۇشنى ئويلايدىكەن. لېكىن، ياشلاردا بۇ قاراش سەل يېڭىلانغاندەك تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئىككى يۈز سەكسەن تۆت ئەمگەك كۈچى بار مۇشۇ بىر كەنتنىڭ ئۆزىدىلا ئەللىك بەش موتوسىكلىت بار ئىكەن. يانفونى بار ياشلارنىمۇ خېلى كۆردۈم. بۇلتۇر كەلگىنىمدە ئوتتۇنى پۇل تۆلەپ توك ھەرىسىدە كەسلىتىۋاتقانلارنى كۆرۈپ، يېنىمدىكى نەبىجان قاتارلىق ياشلاردىن سورىغانىدىم، ئۇلار چوقماق ئوتۇنلارنى ئۆزلىرى يارماي پۇل خەجلەپ كەسلىتىدىغانلىقىنى دەپ بەرگەنىدى. قارىغاندا، ياشلارنىڭ ئىستېمال قارىشىدا يېڭىلىنىش خېلى بار. دەرھەقىقەت، ئىنسان جەمئىيىتىدە ھەرقانداق ئادەم ھەم باشقىلارغا مۇلازىمەت قىلىش، ھەم باشقىلارنىڭ مۇلازىمىتىنى قوبۇل قىلىش ئېڭىنى تۇرغۇزۇشى كېرەك. ئۆزئارا مۇلازىمەت ھەم بىر ـ بىرنى تولۇقلاشنى

مەقسەت قىلسا، ھەم ئەمگەك قىلىش بىلەن راھەت كۆرۈشنىڭ بىردەكلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بىز چوڭلار جىق ئىشلەپ، ئاز راھەت كۆرۈشكە كۆنۈپ قالغان (بۇ چوقۇم بالىلىرىمىزغا بولغان مەسئۇلىيەت ئېڭىمىزنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن، تاسادىپىيلىقتا بولغان تەييارلىقىمىزنىڭ زىيادىلىكىدىن بولغان). شۇڭا، شەھەرلىك چوڭلار تاكسىدا ئولتۇرغاندىن ئاپتوبۇستا ئولتۇرغاننى؛ يېزىلىق چوڭلار بولسا، ئات مىنگەندىن ئېشەك مىنگەننى مۇۋاپىق كۆرىدۇ. لېكىن، ياشلىرىمىز ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار پىكاپنى، ئاتنى، ھەتتا ئۇنىڭدىن كاتتىلىرىنى ئەۋزەل كۆرىدۇ، شۇلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىنتىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پۇلى بىلەن ئېرىشىدىغانلارمۇ بار، لېكىن كۆپى ئۆز كۈچى بىلەن ئېرىشىشى كېرەك. رېئاللىقنىڭ تەلىپى مۇشۇ. ئىنتىلىش بولىدىكەن، ئىزدىنىش بولۇشى، تىرىشىش بولۇشى، ئېلىشىش بولۇشى كېرەك، شۇ چاغدىلا ئېرىشىش بولىدۇ.

يېزا ياشلىرى كەلگۈسىدە (بۇ تولىمۇ يېقىن كەلگۈسى) بەلكىم سۈكە ئورنىغا لۆم ـ لۆم كارىۋات، ساپالارنى ئىشلىتەر، بەلكى ھەممىسىلا بىردىن موتوسىكلىتلىق بولار ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭدىنمۇ ئوبدان، بىخەتەر، مۇھىتنى بۇلغىمايدىغان قاتناش ۋاسىتىسىنى تاللىۋالار. بۇنى كېيىنكى تۇرمۇش ئىمكانىيىتى بەلگىلەيدۇ. بۇ ئىمكانىيەتنى ئاخىرقى ھېسابتا شۇ دېھقان ياشلىرىمىز ئۆزى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، يەنىلا شۇ تىرىشىش بىلەن، ئۇنۇم يارىتىش بىلەن.

مەن ئىگىلىك يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ھەم يېڭىچە ئىستېمالغا ئىنتىلىۋاتقان دېھقان ياشلىرىغا بەرىكەت تىلەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# داستىخان ئۈستىدە

ئەتىسى ئەتىگىنى ھەممىمىز ئايالىلار چۈشكەن ئۆيگە چايغا چىقتۇق. چوڭ بىر ياسىداق ئۆي. ئاستىدا گىلەم، ئۈنىڭ ئۈستىگە ئايلاندۇرۇپ كۆرپە سېلىنغان. تام تەرەپكە مېھمانلارنىڭ يۆلىنىپ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن، چىرايلىق تەكىيەلەر تاشلاپ قويۇلغانىدى. ئەرلەرنىڭ قولىغا ئەر كىشى، ئاياللارنىڭ قولىغا ئايال كىشى سۇ بەردى. بىز ساھىبخانا بەرگەن لۆڭگىدە قولىمىزنى سۈرتۈپ بولغاندىن كېيىن، داستىخاننىڭ ئەتراپىدا چۆرىدەپ ئولتۇردۇق. داستىخانغا نان ـ گىردە، ياڭاق، ئۈزۈم ۋە خام سەي كەلتۈرۈلدى. ئاندىن ئۆي ئىگىسى ئايال بىر دەستە پىيالە بىلەن چاي چۆگۈننى كۆتۈرۈپ كىرىپ داستىخان چېتىگە كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، يۇيۇقلۇق پىيالىلەرنى مېھمانلار ئالدىدا چاي بىلەن بىرقۇر چايقاپ چىقتى. پەتنۇستىكى پىيالىلەرگە چاي قۇيۇش باشلاندى. پىيالىنىڭ چېتىدىن قۇيۇلۇۋاتقان چاي پىيالە ئىچىدە چۆرگۈلەپ پەقەت كۆپۈكچە ئۆرلىمەيتتى، چاي پىيالىنىڭ يېرىمىدىن سەل جىقراق قۇيۇلدى، ھەرگىز تولدۇرۇلمىدى. بۇ مېھمانلارنىڭ چاينى قىزىق ـ قىزىق ئىچىشى ئۈچۈن، قىلىنىۋاتقان ئىش ئىدى. پەتنۇستىكى چاي ئاۋۋال لى شۇجىغا قوش قوللاپ تۇتۇلۇۋىدى، ئۇ دەرھال يېنىدىكى ئابدۇراخمان بىلەن مېنى كۆرسىتىپ: «مۇشۇ ياقتىن كەلسۇن» دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇرۇمچىدە تۇغۇلۇپ، كورلىدا، تۇرپاندا ئۇيغۇرلار

بىلەن ئۇزاق ۋاقىت بىللە ياشىغان، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى چۈشىنىدىغان بۇ ئايال رەھبەر ئۇيغۇرلاردا چاي - تاماقنىڭ ئاۋۋال ئەرلەرگە، ئەرلەرنىڭ ئىچىدىمۇ يېشى چوڭلارغا تۇتۇلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. بىز كۆلۈپ چاينى قولىمىزغا ئالدۇق، ئاندىن ئىككى قېتىم ئوڭغا، ئىككى قېتىم سولغا چاي نۆۋەت بىلەن تۇتۇلدى. چاينى يەنىلا ئەرلەرگە ئەر ساھىبخانا، ئاياللارغا ئايال ساھىبخانا تۇتقانىدى. ئەر ساھىبخانا نانلارنى تۆت پارچىدىن قىلىپ ئوشتۇپ، ھەممىمىزنى چايغا تەكلىپ قىلدى. مەن بىر پارچە ناننى ئېلىپ ئۇنى ئوتتۇرىدىن ئوشتۇدۇم - دە، بىر پارچىنى يېنىمدا ئولتۇرغان فۇجيەنلىك ئاسپىرانتقا تەڭلىدىم. ئۇ ناننى قولىغا ئېلىپ، مەندىن پىچىرلاپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئەپەندى، ئۆي ئىگىلىرى نېمىشقا پىيالىنى يۇيۇپ كىرىپمۇ، مېھمانلار ئالدىدا يەنە چايقايدۇ؟

— پاكىزلىق، — دېدىم مەن، لېكىن بۇ جاۋابىمغا ئۆزۈم قانائەتلەنمەي ئۇنىڭغا تەپسىلىي چۈشەندۇردۇم، — پىيالىلەرنى دەستىلەپ ئەكىرگەننى كۆردىڭىز. ئەمەلىيەتتە ئۇ پىيالىلەرنىڭ ئىچى - تېشى پاكىز يۇيۇلۇپ، سۈرتۇلۇپ دەستىلەنگەن. لېكىن، مېھمانىنىڭ، ھەتتا ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىگە شەك كەلتۇرمەسلىك ئۈچۈن، چاي قۇيۇشتىن ئاۋۋال مېھمان ئالدىدا بىرقۇر چايقىۋېتىدىغان ئادەت بار.

— يەنە بىر پەرھىزمۇ بار، — دېدى ئابدۇراخمان ئەبەي سۆز قىستۇرۇپ، — ئۇيغۇرلاردا چىنە - قاچىنى يۇيۇقسىز تۇن ئاتلاتمايدۇ. شۇ كۈنى ئىشلەتكەن قاچىنى شۇ كۈنى يۇيۇپ ئېلىپ قويىدۇ. شۇنداقتىمۇ شەيتان تېگىپ قويىدۇ، دەپ ئەتىسى بىرقۇر چايقىۋېتىپ ئىشلىتىدۇ.

— شەيتان تەگمىسىمۇ، قاناتلىق - قاناتسىز ھاشاراتلار

چۈشۈۋالـدىغان، چاڭ ـ تـوپا قونۇپ قـالـدىـغـان ئىشـلار بـار ئەمەسمۇ، ــ دېدى لى شۈجى.

شـۇ ئارىدا ئۆي ئـىگىسـى شوپۇر مـەمـەتـنـىـڭ ئـالدىدىـكى پىيالىنى ئېلىپ باشقا بىـر پىيالـىنى يەڭگۈشلـۇەتمەكچى بولغانىدى، مەمەت «بولدى، بولىۋېرىدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى.

ــ ياقەي، سىلىگە دەز چىنە توغرا كېلىپ قاپتۇ، ــ دېدى ئۆي ئىگىسى.

ــ ھېچقىسى يوق، مەمەت ئۆيـلـىنـىـپ بولغان، ــ دېدى ئابدۇراخمان كۈلۈپ.

ــ شۇنداقتىمۇ مېھمان ئەمەسمۇ، ــ دېدى ئۆي ئـىگىسـى بېجىرىم پىيالىدىكى چاينى مەمەتكە ئۇزىتىپ تۇرۇپ.

ئابدۇراخمان ئۇيغۇرلاردا دەز، پۇچۇق چىنىدە مېھمانغا چاي قۇيۇلمايدىغانلىقى، بولۇپمۇ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولمىغان قىـز ـ يىگىـتلەرگـە ئـۇنداق چـىـنـىدە چاي قـۇيـۇلسا، تـۇغـۇلىدىـغـان باللىرى پۇچۇق بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارىلىدىغانلىقى ھەققـىدە سۆزلەپ بەردى.

بىـز كۈلـكـە ـ چاقچـاق بىلەن ئـاسـپىرانـت بـالىلارنـىـڭ چىنىلىرىگە بىرقۇر سەپسېلىپ چىقتۇق. ھەمـمىسى بېجىرىـم ئىكەن. ئـارىمىـزدىـن بىرسـى، كـەلگۈسـىـدە بالـلـىـرىڭلارمـۇ بېجىـرىم تۇغۇلىـدىغان بـولدى، دېۋىدى، ھـەمـمىـىـز قاقاھـلاپ كۈلۈشتۇق.

ــ ئۇيغۇرلار بەك مېھماندوست خەلق، ــ دېدى لى شۈجى ئاسپىرانتلارغا چۈشەندۈرۈپ، ــ ئۆيىگە مەيلى تونۇغان، مەيلـى تونۇمىغان ئادەم كىرسىمۇ، ئالدىغا بىر پىياله چاي بـولسـىمۇ قـۇيىدۇ. مەن نۇرغۇن ئۇيغـۇرلارنىڭ ئۆيـىدە مېھـمان بولغـان. تۇيۇقسىـز كىرىپ قـالغان چېغىمدىـمۇ، قولـىدا بارلىرى ئـەڭ ئېسىل يېمەكلىكلىرىنى، قول ئىلكىدە يوقـلىرى زاغرا نـان،

قاق ـ جىڭدىلىرىنى بولسىمۇ داستىخانغا ئاچىققان. بۇلار مېھمانغا ئىنتايىن قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ، پاكىزلىقىنى مانا كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر.

«دۇرۇس، — دېدىم كۆڭلۈمدە مەن، — ‹ئاقىل مېھمان ئۆزۈڭنىمۇ سىنايدۇ، ئېلىڭنىمۇ سىنايدۇ› دېگەن راست ئىكەن. لى ۋېيچىڭ خانىم توغرا سىناپتۇ.»

دەرھەقىقەت، ئۇيغۇرلار مېھماندوست. بۇ ئۇلارنىڭ ئۇزۇن زامانىسىدىكى ياشاش مۇھىتىدىن قالغان ئۇدۇم بولۇشى مۇمكىن. بۇ خەلقمۇ بۇرۇن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، تاغ، دەريا، دەشت ـ قۇملۇقلار ئايرىپ تۇرغان يېگانە تۇرمۇش مۇھىتى ئۇلارنى ئادەمگە زار قىلغان. ئۇزۇن مەنزىلنى بېسىپ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قالغان مېھمان ئۇلار ئۈچۈن «خۇدايى مېھمان» — خۇدا ئەۋەتكەن مېھمان بولغان، ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن «بىر كۆرۈشتە تونۇش، ئىككى كۆرۈشتە تۇغقان» بولغان. ئۇلارنىڭ مېھمانغا بولغان ھىممىتى ئىنسانغا بولغان ھىممىتى ئىدى. ئۇلار بۇ ھىممەت ئارقىلىق ئۆزئارا ھەمدەملىككە ئېرىشەتتى. «ئادەم ئادەمگە مېھمان، جان تەنگە مېھمان» دېگەن بۇ ھېكمەت ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ئەقىدىسى ئىدى. ئۇلار ئىنسانلار ئارا مېھماندەك يېقىن ئۆتۈشنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش مىزانىغا ئايلاندۇرغانىدى. ئۇلار «ھەممە ئادەم بىر ئادەم ئاتىنىڭ پەرزەنتلىرى. ئىنسانلارنىڭ يىلتىزى بىر، شۇڭا ھەممە ئادەمدە ئادىمىيلىك بولىدۇ. بۇ ئادىمىيلىك — ياخشىلىق، سەمىمىيلىك ۋە ھەمدەملىكتۇر» دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئۇلاردا ھەرقانداق ئادەمگە قارىتا گۇمانلىنىش تۇيغۇسىدىن يېقىنلىشىش تۇيغۇسى ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇلار دائىم: «گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ»، «ئادەم، ئادەم بىلەن ئادەم» دەپ ئۆز ـ ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. بالىلىرىغىمۇ: «ئىناق ئەل پاراۋان

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ، ئىناقسىز ئەل بایاۋان» دەپ نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى ئىناقلىققا ئۈندەيدۇ، ھەمدەملىككە ئۈندەيدۇ. ئۇلارنىڭ مېھماندوستلۇقى مۇشۇنداق ئەقىدە يىلتىزى بىلەن كۆكلىگەن ۋە گۈللىگەن.

مۇشۇنداق ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ئىناق جەمئىيەت تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە نەقەدەر زۆرۈر ـ ھە !

ئاخىرقى بىر چىنە سۈيۈقئاش ئىچىلىپ بولغۇچە، ھېچكىم داستىخاندىن تۇرۇپ كەتمىدى، قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولغانلارمۇ قۇرۇق چاي ئىچكەچ ھەمداستىخانلىقىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاپ ئولتۇردى. ھېچكىم پۈتنى ھەرەڭ ـ سەرەڭ سوزمىدى، ئەسنىمىدى، كېرىلمىدى... داستىخاندا ئاشقان نېمەتلەر ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن ھەممىمىز تەڭلا دۇئاغا قول كۆتۈردۇق. بۇ ئەنئەنىگە بولغان ھۆرمەت ئىدى. بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە لى شۇجىنىڭ كۆپچىلىكنى يەرلىك خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى قەدىرلەشكە يېتەكلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

# شاھ كەنتىنىڭ ئاياللىرى

ماي ئېيىدىكى يەر - زېمىنىنىڭ گۈللەپ ياشناۋاتقان كۆرۈنۈشى ئادەملەردىمۇ شۇنىڭغا ماس بىر كۆرۈنۈشنى پەيدا قىلىدۇ. تەبىئەتمۇ چىرايلىق ياسانغان، ئادەملەرمۇ شۇنداق، بولۇپمۇ قىز - ئاياللار. شاھ كەنتىدە مەيلى ئېتىز بېشىدا ئىشلەۋاتقان، مەيلى ھويلا - ئارانلىرىدا ئالدىراش يۈرگەن، مەيلى يولدا كېتىۋاتقان قىز - ئاياللار بولسۇن، ھەممىسىلا كۆزىڭىزگە شۇنچە رەتلىك، چىرايلىق، نەپىس كۆرۈنىدۇ.

بۇ كەنتتە روپاش ئاياللارنى ئۇچراتمىدىم، لېكىن بېشىغا ياغلىق سالمىغان ئاياللارمۇ ئۇچرىمىدى. دېمەك بۇ يەردە خۇراپات بىلەن ساغلام مىللىي ئۆرپ - ئادەتنىڭ چېگراسى ئىنتايىن ئېنىق ئىدى. قىز - چوكانلارنىڭ تارتىنچاق ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتتۇممۇ ياكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى يەرلىرىدىكى ئەر - ئاياللار ئارا نامەھرەملىك ئادىتىنىڭ بۇ يەردىمۇ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىممۇ، ئىشقىلىپ قىز - چوكانلار بىلەن ئاساسەن پاراڭلاشمىدىم. قىز - چوكانلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئەھۋال ئىگىلەش ۋەزىپىسى مۇشۇ شاھ كەنتىنى ئاساس قىلغان ھالدا «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت نامرات كەنتلىرىدىكى ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە دائىر تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش تېمىسى»نى ئىشلەۋاتقان لى شېن قاتارلىق ئاسپىرانتلارغا قالدى. ئۇلار شاھ كەنتىگە قاراشلىق تۆت مەھەللىدىن ئاتمىش ئىككى ئائىلىنى تاللاپ ئاياللارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەت، مائارىپ ھوقۇقى، سىياسىي ھوقۇقى، نىكاھ ـ ئائىلە ھوقۇقى، مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى، كىشىلىك ھوقۇقى، ئەمگەك ھوقۇقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي باراۋەرلىك ھوقۇقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن سانلىق مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، بۇ كەنتتىكى ئالتە يۈز ئاتمىش يەتتە نوپۇسنىڭ ئۈچ يۈز ئون يەتتىسى ئايال ئىكەن. ئۇلار بۇ يەردىكى ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشى بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي سەۋىيەسىدىن بىرقەدەر تۆۋەن ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە قىزلارنىڭ كىچىكلا توي قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ھەيران قېلىشتى. ئالدىنقى قېتىمدا بىز بىلەن بىللە كەلگەن ئاياللارمۇ كىچىك ـ كىچىك كېلىنچەكلەرنى كۆرۈپ ياقىسىنى تۇتۇپ قېلىشقانىدى. شۇ چاغدا شاشانىڭ: «بۇلار تېخى چىرايىدىن بالىلىقى تېمىپ تۇرغان كىچىك قىزلارغۇ؟» دېسە، لو ۋېيخۇانىڭ: «تۇۋا، قۇچىقىدىكى بالىسىغا قاراڭ، خۇددى چوڭ بالا كىچىك بالىنى بېقىۋاتقاندەكلا» دەپ كەتكىنى ھېلىغىچە ئېسىمدە.

ئۇلار توغرا دېگەنىدى. دېمىسىمۇ، قىزلار بويىغا يېتەر ـ يەتمەيلا توي قىلىپ، بالىلىق بولۇپ، تۆت تامنىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتۈپ كەتسە بولمايدۇ. ئۇلارمۇ ھاياتلىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈشى كېرەك. ئۆسمۈرلۈكنىڭمۇ ئۆسمۈرلۈكچە، ياشلىقنىڭمۇ ياشلىقچە ھۇزۇرى بولىدۇ. ئۇلار مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان تۇرمۇشتىن بەھرە ئېلىشى، پىشىشى كېرەك. پىشىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە تەربىيەلىنىشى كېرەك. بۇ تەربىيە ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىدا ئۆز ئىنكاسىنى تاپىدۇ. ئۇلار ئوقۇشى كېرەك، باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيەسىدىلا توختاپ قالسا

بولمايدۇ. ھەرقانداق جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات سەۋىيەسى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، شۇ جەمئىيەتتىكى ئاياللارنىڭ تەربىيەلىنىش سەۋىيەسىگە باغلىق بولىدۇ. يۇقىرى سەۋىيەلىك ئانا يۇقىرى سەۋىيەلىك بالا تەربىيەلەيدۇ. ساپا ساپانى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مەيلى نۆۋەتتىكى تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەربىر ئائىلە، ھەربىر ئايال كىشى بۇ مەسئۇلىيەتنى چۈشىنىپ يېتىشى كېرەك.

ھېلىمۇ ئۇنتۇغىنىم يوق، ئالدىنقى قېتىمدا بىز چۈشكەن ھويلىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئائىلىنىڭ ئون ئۈچ ياشلاردىكى بىر بالىسى بىلەن پاراڭلىشىپ قالغانىدىم. ئۇ باشلانغۇچ 5 ـ يىللىقتا ئوقۇيدىكەن. ئۇ ماڭا: «دادام يالغۇزلۇق تارتىپ قالدى. تولۇقسىزنى پۈتكۈزۈپ دادامغا قارىشىپ بېرىمەن، ئاچام داۋاملىق ئوقۇيدۇ» دېگەنىدى. مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ كىچىك تۇرۇپلا ئائىلە مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا تەييارلانغان غەيرىتىدىن تەسىرلەنگەن. ئۇ ئاچىسىنىڭ داۋاملىق ئوقۇشىنى مەن ئويلىغان يۈكسەكلىكتىن چۈشەنگەنمۇ ـ يوق، بىلمەيمەن، لېكىن ئۇنىڭ ئاچىسىنىڭ داۋاملىق ئوقۇشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلغانلىقىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. مېنىڭچە، بۇنى چۈشىنىپ يېتىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىدۇ.

مەن بوستانلىقتا ساڭگىلاپ تۇرغان مەجنۇنتاللارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرغانىدىم.

ــ يازغۇچى ئەپەندى، ــ دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇرۇلۇپ قارىسام، مومۇ ئىكەن، ــ سىزدىن بىر ئىشنى سوراپ باقسام، ــ دېدى ئۇ. ئۇنىڭ بېشىدىكى شەپكىسىنىڭ چېكىلىكى يانغا ئۆتۈپ قالغان، بويندا ئاپپارات ساڭگىلاپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— خوش، سوراڭ، — دېدىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ليۇكەنخەي ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ ھالىتىگە قاراپ ئۇلارنىڭ توي قىلغان - قىلمىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ دەيدۇ، راستمۇ؟

— راست، — دېدىم مەن، — سۈرەت تارتقۇچە، بەلكىم سەزگەنسىز. بۇ يەردىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۇزۇن چاچلىق، ئادەتتە توي قىلمىغان قىزلار چېچىنى جۈپ ئۆرۈمەيدۇ، بەلكى ئون بەش، ئون يەتتە، يىگىرمە ئۈچ، ھەتتا قىرىق بىر تال قىلىپ تاق ئۆرۈيدۇ، يەنە ئۇ قىزلارنىڭ پېشانىسىدا كوكۇلا چېچى بولىدۇ. توي قىلغانلارنىڭ چېچى توم ئىككى تاللا قىلىپ ئۆرۈلىدۇ، يەنە ياغاق سېكىلەك چېچىمۇ بولىدۇ؛ بالىلىق بولغاندا، بالىچۇق چاچ قويىدۇ، ياغاق چېچىمۇ بولىدۇ.

— توي قىلغاندەك كۆرۈنىدىغان بەزى ئاياللارمۇ تاق چاچ قويۇۋالغاندەك تۇرىدۇغۇ، قارىسام بالىسى بار.

— ئۇلار تۇل ئاياللار. چېچىنى بەش، يەتتە ياكى توققۇز قىلىپ ئۆرۈۋالغىنىنى كۆرگەن ئوخشايسىز، يەنە سەپسالسىڭىز، ياغاق چېچى بار.

— ھە، — دېدى ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئەمدى بىلىپ تۇرۇپ سۈرەت تارتىدىغان بولدۇم.

ئۇ كېتىپ قالدى.

مەن ئالدىمدىكى مەجنۇنتالغا قاراپ خىيالغا چۆمدۈم.

ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرى ئۇزۇن چاچ قويۇشىدا ساڭگىلاپ تۇرغان مۇشۇ مەجنۇنتالنى دورىغان بولغىيمىتتى ياكى دەريا ۋادىلىرىدا، ئوتلاقلاردا ئۆسىدىغان چىرايلىق سۇمبۇلنى دورىغان بولغىيمىتتى؟ ئۇلار ئۇزۇن چاچلىرىنى شۇ قەدەر قەدىرلەيدۇ. چېچى قانچە ئۇزۇن ئۆسسە، بەختىمۇ شۇنچە ئۆسىدۇ دەپ قارايدۇ. چۈشۈپ كەتكەن چاچلىرىنى پاكىز يۇيۇپ ساقلايدۇ،

ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىدا قىلىشىدىن بەكمۇ ھەزەر ئەيلەيدۇ...

— بوستانلىقتا نېمە خىياللارنى سوروپ كەتتىڭىز، ئەخمەت؟ مېڭىڭ ئەمدى!

بۇ ئابدۇراخمان ئەبەينىڭ ئاۋازى ئىدى. مەن ئۇنىڭغا بوستاندا بوستان چاچلىقلارنى خىيال قىلىپ قالدىم دېيەلەمدىم... زاڭلىق قىلدۇ!...

ئابدۇراخمان ئەبەي، يېزا ئورگان كادىرى نەبى ئابدۇرېھىم، مەن ئۇچىمىز بىللە ماڭدۇق. كېتىۋاتاتتۇق، ئالدىمىزدا ياش بىر يىگىت ئۇچراپ بىزگە سالام قىلدى، سالامدىن كېيىنلا نەبى ئۇ يىگىتتىن سورىدى:

— ھە، ئاجرىشىپ بولدۇڭما؟

— ھە... — ئۇ يىگىت ئوڭايسىزلانغان ھالدا ھىجىيىپ قويۇپ ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى.

— خوتۇنىنى قويۇپ بېرىپتۇمۇ؟ — ئابدۇراخمان ئەبەي سورىدى.

— ھەئە.

— بۇ يەردىمۇ بارمۇ بۇ ئىش؟ — سورىدىم.

— بولمامدىغان. ئائىلىنىڭ قەدرىنى بىلمەي بولغۇچە ئۆيلەپ قويىمىز. سەل - پەل تەرگىشىپ قالسىلا، ئاجرىشىمىز دەپ تۇرۇۋالىدۇ. بەزىلىرى مۇشۇنداق ئاجرىشىپ كېتىدۇ.

— «تالاق» دەپلىمۇ؟

— ھىم... ئۇمۇ باردۇ، لېكىن رەسمىيەت ئۆتەيدۇ... ھە، راست، ئابدۇراخمان ئاكا، «تالاق» دېگەن نېمە گەپ زادى؟

— بۇ... «ئەمرىمدىن ئازاد قىلدىم، ئاجراشتىم» دېگەن مەنىدىكى سۆز. ئەرەبچىدىن كىرگەن.

— بۇ ئەرلەرلا دەيدىغان سۆزمۇ؟

— شۇنداق. ئۆتمۈشتە نىكاھتىن ئاجرىشىش ھوقۇقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەرلەرگە مەنسۇپ ئىدى. شۇڭا، ئەرلەر «ئۈچ تالاق» دېسىلا، خوتۇننى نىكاھتىن قويۇۋەتكەن ھېسابلىناتتى. ئايرىمچە ئەھۋاللاردا، شەرىئەتتە ئايالنىڭ «تالاق تەلەپ قىلىش» ھوقۇقى بار دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق ئىش يوقنىڭ ھېسابىدا.

بۇ گەپنى ئاڭلاۋېتىپ بىزنىڭ ئاسپىرانتلارنىڭ كەنتتىكى نىكاھتىن ئاجرىشىش ئەھۋالى توغرىسىدا ئىگىلىگەن سانلىق مەلۇماتىنى ئەسلەپ قالدىم. ئۇلار تەكشۈرگەن ئاتمىش يەتتە ئائىلىنىڭ ئىچىدە نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى 38.1% نى ئىگىلەيدىكەن، يەنە كېلىپ ئاجرىشىش ئاساسەن ئەرلەر تەرىپىدىن بەلگىلەنگەنىكەن.

— مەن كۆرگەن بەزى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئابدۇراخمان ئەبەي، — شۇ چاغلاردىمۇ «تالاق» دېگەن سۆز ئوڭايلا دەۋېتىدىغان سۆز ئەمەس ئىكەن. «ئۈچ تالاق» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرىۋېتىپ، كېيىن يېنىشىش توغرا كەلسە، ئۇنىڭ شەرتى ئېغىر بولىدىكەن. ئالدى بىلەن «تالاق» قىلىنغان ئايال چوقۇم بىر بويتاق ئەرگە تېگىشى، ئاندىن ئۇنىڭ ئەمرىدىن چىقىپ بۇرۇنقى ئېرى بىلەن قايتا نىكاھلىنىشى كېرەك ئىكەن.

— بۇمۇ تۇماقنى ئالدىمىزغا قويۇپ، ئويلىنىپ بېقىپ دەيدىغان گەپكەن دەڭا.

— ئەمدى سىزمۇ باشقىدىن ئويلاپ باقىدىغان ئوخشىمام-سىز!؟ — چاقچاق قىلدىم مەن.

— ياق، ياق، مەندە ئۇنداق ئوي يوق...

ھەممىمىز پاراققىدە كۈلۈشتۇق.

— ئاياللارغا ئىچىمىز ئاغرىسا بولىدۇ، — دېدى ئابدۇراخمان ئەبەي، — ئويلاپ بېقىڭا، ئۇلارنىڭ زىممىسىدىكى ئىش ئازمۇ، ئېتىز ئىشلىرىنى ئەرلەر بىلەن ئوخشاش قىلىدۇ،

تاماق ئېتىدۇ، بالا باقىدۇ، ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى شۇلارنىڭ ئۈستىدە.

مەنمۇ باش لىڭشىتقاچ، نەپەدىن سورىدىم:

— ھە، راست، بۇ يەردە ئاياللار بوشانسا، دوختۇرخانىدا بوشىنامدۇ يا؟...

— پىرىنسىپ — دوختۇرخانىدا بوشىنىش. ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ماشىنا ئەۋەتىش، داۋالىنىش ياردەم پۇلى بېرىشكە ئوخشاش ياخشى سىياسەتلىرىمۇ بار. لېكىن، ئۆيىدە تۇغۇت ئانىسىنىڭ ياردىمىدە بوشىنىۋالىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس.

— سەۋەب؟

— بەزىلەر ئۇلگۇرەلمىدۇق دەيدۇ، بەزىلىرى قاتناش يار بەرمىدى دەيدۇ، قولىمىز قىسقا دېگۈچىلەرمۇ بار.

— دۆلىتىمىز تېز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. زامانىۋىلىشىشنىڭ شارائىتىدىن ئاياللارمۇ بەھرىمەن بولۇشى كېرەك. ئاياللارنىڭ، باللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش مەجبۇرىيىتىنى ئەرلەر ئۇنتۇپ قالسا بولمايدۇ، ئاياللىرىمىزمۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھوقۇقىنى قوغدىشى كېرەك، — دېدى ئابدۇراخمان ئەپەي.

«بۇنىڭدا تۇغۇتتىكى كونا ئىرىملىرىمىزمۇ سەل رول ئويناۋاتامدۇ، قانداق؟ — مەن ئويلىنىپ قالدىم، — بۇرۇن ‹تۇغۇت ئانىسى› ئۇچۇن ياۋاش، سۆز - ئاغزى يۇمشاق، قولى يېنىك، كۆپ تۇغۇتلۇق بولغان، تەجرىبىلىك، پېشقەدەم ئايال تاللىناتتى، تۇغۇت ۋاقتىدا ئۆيگە ‹تۇغۇت ئانىسى› بىلەن تۇغقۇچىنىڭ ئانىسىدىن باشقا ھېچكىم كىرگۈزۈلمەيتتى، ‹تۇغۇت ئانىسى› بالىنىڭ ھەمراھى چۇشكەندىن كېيىن، بالىنىڭ كىندىكىنى كېسىپ، زاكىلاپ، بالىنى بۇلماق بىلەن ئېغىزلاندۇراتتى. مۇشۇ ئىرىملارنى قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ

www.uyghurkitap.com

بەزىلەر ئۆيىدە بوشىنامدىغاندۇ؟... ياق، — مەن ئۆز تەخمىنىمگە ئۆزۈم قارشى چىقتىم، — دەۋر ئۆزگەردى، دېھقانلىرىمىزنىڭ كۆزقارىشىدىمۇ ئۆزگىرىش چوڭ. يېڭىچە تۇغۇت ئۇسۇلىدا نۇرغۇن خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. تىنچ - ئامانلىق، ساغلاملىق ھەممىدىن، ھەممىدىن ئەۋزەل!»

بىز كېتىۋاتىمىز، يولىمىزدا ئارىلاپ مەھەللىدىكىلەر ئۇچراپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا باھاردىن گۈزەللىك تالاشقۇدەك قىز - چوكانلارمۇ بار. كۆپىنچىسى ئۇياتچانلىق بىلەن يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، بەزىلىرى چەتكە چىقىپ بىزگە يول بېرىۋاتىدۇ.

مانا، ئالدىمىزدىن رىزۋانگۈل بىلەن سالامەتخان چىقىپ كەلدى، ئىككىلىسى مۇشۇ يەرنىڭ ئايال كادىرلىرى. ئۇلار بىز بىلەن ئۇچۇق - يورۇق سالاملىشىپ، ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن ئۆز ئىشلىرىغا ماڭدى. مەن ئۇلارنىڭ توپىلىق يولدا قالدۇرغان ئىزلىرىغا ھۆرمەت بىلەن تىكىلدىم. يول — ئاچقۇچىلارنىڭ؛ ئىز — ماڭغۇچىلارنىڭ. دۇرۇس، بۇ كەنتنىڭ ئاياللىرى يەنە تېخى جىق يوللارنى ئاچىدۇ، ئۇلاردىن ئۆز ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدايدىغانلارلا ئەمەس، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىدىغانلارمۇ چىقىدۇ.

باھار ئادەمنى نېمىگە ئۈمىدلەندۈرمەيدۇ دەيسىز!

# ئاسپىرانت يىگىت بىلەن سۆھبەت

ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس بىر كۆزىتىش نۇقتىسى بولىدۇ. سىز مەلۇم بىر نۇقتىدىن قاراپ بىرنەرسىنى يېڭىلىق ھېس قىلىسىڭىز، يەنە بىر ئادەم يەنە بىر نۇقتىدىن باشقا بىرنەرسىنى يېڭىلىق ھېس قىلىدۇ. ماڭا «سۇكە» غەيرىي تۇيۇلغان بولسا، فۇجيەنلىك ئاسپىرانتىمىز يې گۇيشياڭغا ئايۋان ئۆزگىچە تۇيۇلۇپتۇ.

بۇ ئايۋاننىڭ تۈزۈلۈشى مۇنداق ئىدى: تالادىن قوش قاناتلىق ئىشىك ئارقىلىق ئىچىگە كىرىسىز، ئۇزۇنلۇقى يەتتە مېتىر، كەڭلىكى ئالتە مېتىر كېلىدىغان بۇ يازلىق ئۆينىڭ تۆرگە يېقىن ئىككى تەرىپىدە ساراي ۋە ياتاق ئۆيلەرگە كىرىدىغان ئىشىكلەر بار. ئىشىكلەرگە ماڭىدىغان يول ۋە ئوتتۇرىدىكى مەيدانچاق ئوچۇق قالدۇرۇلغاندىن باشقا، ھەممە يەرگە ئايلاندۇرۇلۇپ سۇكە قويۇلغان. بۇ ئايۋاننىڭ سەككىز تۈۋرۈكى بار، تۈۋرۈكلەرگە نەقىش ئويۇلغان، ئۆي ۋاساجۇپ قىلىپ يېپىلغان بولۇپ، تورۇسنىڭ ئايلانمىسىغا پۈتۈنلەي ئەينەكلىك دېرىزە قويۇلغان، ئىچى يوپيورۇق.

ئاسپىرانت يىگىت ئاتاۋۇللاخۇننىڭ مۇشۇ ياسىداق ئايۋان - سارايلىرىنى ھەۋەس بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرۇپ:

— ئەتراپىدىكى تۇتاش ئۆيلەرگە كىرگىلى بولىدىغان بۇ يازلىق ئۆينى نېمىدەپ ئاتايسىلەر؟ — دەپ سورىدى. مەن:

— بۇنى بىز ئۇرۇمچىدە «دەھلىز»مۇ دەيمىز، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەردىكىلەر «ئايۋان» دەيدۇ... سىلەرنىڭ يۇرتتا بۇنداق ئۆي شەكلى يوقمۇ؟ — دېدىم.

ئاسپىرانت يىگىت بېشىنى چايقىدى.

مەن تەبىئىي ئېكولوگىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يىگىرمە ئۈچ ياشلاردىكى بۇ يىگىتنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ھېس قىلغان يېڭىلىقلىرىنى ئاڭلاپ بېقىش مەقسىتىدە مۇنداق دېدىم:

— سىز فۇجيەننىڭ يېزىلىرىدىكى ئۆيلەر بىلەن بۇ يەردىكى ئۆيلەرنى سېلىشتۇرۇپ، ئويلىغىنىڭىزنى دەپ بېقىڭا.

— بىزنىڭ يېزىلىرىمىزدىكى ئۆيلەرنىڭمۇ قورۇسى بار، — دېدى ئۇ ئويلىنىپ تۇرۇپ، — لېكىن ئۇ ئۆيلەرگە مۇنداق ئايۋان ئارقىلىق كىرمەيدۇ، ھەربىر ئۆينىڭ ئىشىكلىرى قورۇغا ئايرىم - ئايرىم قارايدۇ. سىلەردىكى بۇ خىل ئايۋان شەكلى قۇم - توپىلىق بوراندىن ساقلىنىش ئېھتىياجى بىلەن شەكىللەنگەن بولسا كېرەك. بۇ يەردىمۇ، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ ئۆي لەمپىسىنىڭ ئاستىغا تۈۋرۈك قويۇپ چىقىرىلغان پېشايۋانلار بار ئىكەن. يازدا بۇ يەردە كۈننىڭ يورۇتۇش ۋاقتى ئۇزۇن بولىدىكەن. دېمەك، پېشايۋان، شۇنداقلا ھەربىر ھويلا ئىچىدىكى تال - باراڭلار ئاپتاپتىن ساقلىنىش زۆرۈرىيىتىدىن پەيدا بولغان بولسا كېرەك. بىزنىڭ يۇرتتا يامغۇر كۆپ ياغقاچقا، ئۆگزىلەر كاھىش بىلەن كونۇسسىمان يېپىلىدۇ، بۇ يەردە يامغۇر - يېشىن ئاز بولغاچقا، ئۆگزىلەر تۈز يېپىلىدىكەن، ئۈستىدە يەنە تۈڭلۈكى بولىدىكەن. بۇ يەردە يەنە ھەربىر ئائىلىنىڭ قورۇسى ئالدى - كەينى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدىكەن، ئالدىدا باراڭ، گۈللۈك؛ كەينىدە مېۋىلىك باغ... ھويلىنىڭ سىرتىدىن قارىسىڭىز، تام بىلەن قورشالغان، ئىچىگە كىرسىڭىز، ئەركىن ئازادە بىر ماكان... ئىشقىلىپ،

ئۆزگىچىلىكى جىق.

— سىزنىڭ ئۇ يەردە ھويلىدىن تالاغا چىقىشىڭىزلا ياپيېشىلچىلىق؛ بۇ يەردىچۇ، بۇ يەردە قانداق ئىكەن؟

— بىزنىڭ ئۇ يەردىكىسى تەبىئەت ئاتا قىلغان يېشىلچىلىق؛ ھۆل - يېغىن جىق، تۇپراق مۇنبەت بولغاچقا، ئادەم مېڭىپ تۇرمىسا، ئوت - چۆپلەر ئۇنۇپ چىقىر يوللارنىمۇ ئىلغا قىلغۇسىز قىلىۋېتىدۇ. بۇ يەردە بولسا، يېشىلچىلىقنى دېھقانلار ئۆزلىرى ئاپىرىدە قىلغانىكەن، ئەگەر كۆچەت سېلىپ تۇرمىسا، بۇ يەردىكى يوللارنى بوران دەستىدىن قۇم بېسىپ كەتكۇدەك. ئويلاپ باقسام، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ تەھلىكىسى ئاستىدا تۇرغان مۇشۇنداق جاپالىق مۇھىتتا يېشىلچىلىقنى بەرپا قىلىش ئادىتىنى خەلقىڭلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئىستىكىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولغۇدەك.

«توغرا، — دېدىم كۆڭلۈمدە، — ماددىي ئېھتىياجنى تەمىن ئېتىش ئىنسانىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ كاپالىتى؛ مەنىۋى ئېھتىياجنى قاندۇرۇش بولسا، ئىنساننىڭ ئىنساندەك ياشىشىنىڭ تەقەززاسى. تەكلىماكان پەرزەنتلىرى ئۆزلىرى ياراتقان بۇ بوستانلىقنىڭ ماددىي نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان ۋاقىتتا، يەنە ئۇنىڭدىكى تەپچىرەپ تۇرغان يېشىللىقتىن ئۆز روھىيىتىگە جۇلا بېرىشنى، ئۇنىڭدىن ئۈمىدلىنىشنى، ئىنتىلىشنى نەقەدەر چوڭقۇر چۈشەنگەن - ھە!»

— ھە، راست، — دېدى ئاسپىرانت يىگىت، — سىلەرنىڭ يېشىلچىلىقنى — گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەرنى قەدىرلەش تۈيغۇڭلار يوللاردىن تارتىپ ھويلا - ئارانلارغىچە، ھەتتا ئۆيلەرنىڭ نەقىشلىرىگىچە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنىكەن.

www.uyghurkitap.com

قاراڭ، بۇ ئايۋان پۈتۈنلەي گۈل ـ گىياھلارنىڭ شەكلى بىلەن نەقىشلىنىپتۇ.

مەن بېشىمنى لىڭشىتقىنىمچە ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلىدىم.

— ئەپەندى، — دېدى ئۇ تامدىكى مەرەپ ـ ئويۇقلارغا قاراپ، — مەن بىرنەرسىنى ئېنىقلىۋالسام: بۇ مېھرابچىلارمۇ ئەگمە شەكىلدە ئىكەن، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ ئۈستىمۇ ئەگمە شەكىلدە چىقىرىلىدىكەن. بۇنى ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ تەسىرىدىن دېيىشكە بولامدۇ؟

— ئۇ تەسىر قوشۇمچە، — دېدىم چۈشەندۈرۈپ، — لېكىن، قەدىمدىن بۇيان بۇ يەردە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان يەنە بىر ئەنئەنە ئەسلىي ئاساس. سىزمۇ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن ئوقۇغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، بۇ يەرنىڭ خەلقى قەدىمكى زامانلاردا كۆچمەن چارۋىچىلار ئىدى. شۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ چېدىرلىرى مۇشۇنداق ئەگمە شەكىللىك بولغان. ئۇلار ئاسمانىنى خۇددى شۇ چېدىرلىرىدەك، بېشىدىكى دوپپىلىرىدەك، دۈم كۆمتۈرۈلگەن كومزەكلىرىدەك شەكىلدە دەپ قارىغان. بۈددىزم مەدەنىيىتى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بارلىققا كەلگەن «مىڭئۆي»لەرنىڭ، تۇرپاندىكى «كېمىر ئۆي»لەرنىڭ تورۇس شەكلىمۇ ئاشۇنداق ئەگمە؛ شۇ چاغلاردىمۇ تاملاردا بۇتلارنى قويىدىغان ھەر خىل مېھرابچە، ئويۇقلار بولغان. ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن گۈمبەز، مېھراب شەكىللىك قۇرۇلمىلار كۆپەيگەن ۋە ئەسلىدىكى بىناكارلىق شەكىللىرى تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ، تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ سوراشقا باشلىدى:

— ئۇيغۇرلاردا ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى كۆپرەك جەنۇبقا

قارامدۇ ـ نېمە؟

ــ شۇنداق، ــ دېدىم مەن، ــ ئۆينىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرى جەنۇبقا قارىسا، بىرىنچىدىن، بوراندىن ساقلانغىلى بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۆي قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن تۇرىدۇ. مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن بۇنىڭ ئاساسى مۇنداق: ئىسلام دىنىدىكى بەزى ئادەملەر قۇياشنى خۇدانىڭ جامالى، ئۇنى كۆپ كۆرۈپ تۇرۇش كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنمۇ بۇ زېمىندىكىلەر قۇياشقا چوقۇنغان، شۇڭا قۇياش چىقىدىغان جاينى ئۇلۇغلاپ ئىشىكلىرىنى شەرققە قارىتاتتىكەن. مەيلى شەرققە، مەيلى جەنۇبقا قارىسۇن، ئىككىلىسىنى قۇياشنى ئۇلۇغلاشنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

بۇ يۇرتنىڭ قوشام ئۆيلىرى مەن ئۇچۇن يېڭىلىق بولغاچقا، ئۇ يىگىتتىن سورىدىم:

ــ مۇنداق ياغاچ ئۆيلەر سىلەرنىڭ ئۇ يەردە بارمۇ؟

ــ بار، ــ دېدى ئۇ، ــ لېكىن سىرت تەرىپى بۇ يەردىكىدەك سۇۋالمايدۇ. مەن بىر تاغلىق كەنتتە چوڭ بولغان، ئۇ يەردە ياغاچ كەڭرى بولغاچقا، ئۆيلىرىمىز ئاساسەن ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولىدۇ. ئۆي قۇرۇلمىسى دېگەنمۇ ھەربىر جاينىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتى، ھاۋا كىلىماتى، ماتېرىيال ئاساسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدىغان ئوخشايدۇ، شۇنداقمۇ؟

ــ شۇنداق، ــ دېدىم دەررۇ بېشىمنى لىڭشىتىپ، ــ بۇ يەردە سېغىز توپا كەمچىل ئىكەن، شۇڭا ئۆي سېلىشتا كۆپرەك ياغاچقا تايىنىپ كەپتۇ؛ سوغۇق ئانچە قاتتىق بولمىغاچقا، تاملىرىمۇ، ئۆگزىلىرىمۇ سەل نېپىز ئىكەن؛ يامغۇر كۆپ ياغمىغاچقا، ئۆگزىلىرىمۇ تۈز كېلىدىكەن؛ بوراندا قىيسىيىپ كەتمىسۇن، دەپ تام ئۇلىدىكى زەگۇندە، زەگۇندىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇستىدىكى لىم، تۇۋرۇك، چېتىقلار ئۆزئارا تۇرۇملىنىدىكەن، يەنە ئۆينىڭ تېمى شاخ، قومۇش، بادرىلار بىلەن چېتىلىنىدىكەن. شىمالىي شىنجاڭدا ئۇنداق ئەمەس، ئۇ يەردە قىش پەسلى ئىنتايىن سوغۇق، يازدا يامغۇر كۆپرەك ياغقاچقا ھەم ئۇ يەرنىڭ سېغىز توپىسى كۆپ بولغاچقا، ئۆيلىرى بورۇن قېلىن سوقما تاملىق ياسىلاتتى، ھازىر خىش ـ كېسەكتىن ياسىلىدۇ، تام، ئۆگزىلىرى قېلىن بولىدۇ. ئەمدى «ئوت يۇرتى» تۇرپاننى مىسالغا ئالساق، ئۇ يەردە ئىسسىق قاتتىق بولغاچقا، ئۆيلىرىنىڭ بىرىنچى قەۋىتى يەرنى ئويۇپ ياسىلىدۇ، (بەزىلىرىنىڭ يېرىم قەۋىتى يەر ئاستىدا بولىدۇ)، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىنچى قەۋىتى سېلىنىدۇ؛ يازدا يەر ئاستىدىكى ئۆيلەردە، قىشتا ئۈستىدىكى ئۆيلەردە ياشايدۇ، يامغۇر ياغمىغاچقا، ئۇ يەرنىڭ ئۆگزىلىرىمۇ تۈز كېلىدۇ... ئۆي شەكلى توغرىسىدا جىق سۆزلەشتۇق. ئەمدى ئىككى يەرنىڭ دېھقانلىرى توغرۇلۇق ھېس قىلغانلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باقايچۇ؟

— مەن دېھقاننىڭ ئوغلى، — دېدى ئۇ يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ، — شۇڭا دېھقاننى بەك چۈشىنىمەن. مەيلى قايسى مىللەتنىڭ بولسۇن، دېھقان ھامان بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىكەن: ئاددىي ـ ساددا، ئاق كۆڭۈل، جاپاكەش، قانائەتچان، ئەمگەكچان...

— بۇلار بىلەن ئارىلىشىپ باقماي قانداق بىلدىڭىز؟

— كۆزلىرىدىن بىلدىم، ئەپەندى، كۆزلىرىدىن! ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن مۇلايىملىق، سەمىمىيلىك، مېھىر ـ مۇھەببەت تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. مەن بۇ دېھقانلارنىڭ تىلىنى بىلمەيمەن، لېكىن كۆزلىرىگە قاراپلا، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە قاراپلا، ئادەملەرگە بولغان قىزغىنلىقىغا قاراپلا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى، يۈرىكىنى پەملىۋالغىلى بولىدىكەن. چۈنكى، مەن دېھقاننى

كۆرگەن، دېھقان ئىچىدە چوڭ بولغان، مېنىڭ داداممۇ دېھقان، ئاپاممۇ دېھقان، ئاچاممۇ دېھقان...

مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم، ئۇ ھاياجانلانغانىدى. بۇ يەرنىڭ دېھقانلىرى ئۇنىڭغا دېھقان ئاتىسىنى، دېھقان ئانىسىنى، دېھقان قېرىنداشلىرىنى ئەسلىتىۋاتاتتى. ئۇ جىمىدە بولۇپ قالدى، مەنمۇ جىمىپ كەتتىم.

— دېھقان بەكمۇ ھالال كېلىدۇ، — دېدى ئۇ بىرھازا جىمجىتلىقتىن كېيىن، — ئۇلارنىڭ تۇرمۇشقا بولغان تەلىپى يۇقىرى ئەمەس... شۇنداققۇ، ئەپەندى.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

«توغرا، ئۇلار ئاددىي ـ ساددا ياشايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى تۇغۇلغان زېمىندىن بىر پارچە يەرگە ئىگە بولالىسىلا، شۇ يەردىن چىققان نېمەتلەر بىلەن بالىچاقىلىرىنى قامدىيالىسىلا، شۇنىڭغا شۈكۈر قىلىدۇ، بالىلىرىنىڭ باي بولمىسىمۇ، ساغلام قاتارغا قېتىلغانلىقى ئۇلار ئۈچۈن زور خۇشاللىق؛ ئالدىدا نەۋرىلىرىنىڭ ئەركىلەپ، يۈگۈرۈپ يۈرگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا ئۇلار ئۈچۈن ئالەمچە بەخت؛ زاغرا يېسىمۇ، قايناق سۇ ئىچسىمۇ، بالىۋاقا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا، دوست ـ بۇرادەرلەر بىلەن تىنىچ، دەرقەمتە ئۆتتۇشكە نېسىپ بولغانلىقىنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، ھاياتنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ئەڭ چوڭ سوۋغىتى. ئۇلار ئەتراپىدىكى ھەممىگە قانات ئېچىپ تۇرىدۇ. يايرايدىغانلارغا يايلاق، بەھرىلىنىدىغانلارغا باغ بولغۇسى كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ـ كۆكسىنىڭ كەڭلىكى بىز ھازىر كۆرۈپ تۇرغان مۇشۇ ئايۋانغىلا ئوخشايدۇ: بالىچاقىلار كىرىدۇ، سەكرىشىپ ئوينايدۇ؛ مېھمانلار كىرىدۇ، تۆرگە چىقىدۇ (مېھمانخانا، ساراي ئۆيلىرى پەقەت شۇلارغىلا تەييارلانغان). ئۆزلىرى سۇكىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالالىغانلىقى بىلەن ھۇزۇرلىنىدۇ، خۇش بولىدۇ. راست، دەرھەقىقەت راست، ئۇلارنىڭ ئېرىشىدىغىنى بىغىشلىغىنىدىن جىق ئاز، شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنە شۇنىڭدىن قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. ئۇلاردا ئاچ كۆزلۈك يوق، تويدۇرغىلى بولمايدىغان نەپسانىيەتچىلىكمۇ يوق. ئەگەر مۇشۇ قوۋم — مۇشۇ دېھقان قوۋمى بولمىغان بولسا، ئىنسان جەمئىيىتى نېمە بولۇپ كەتكەن بولار ئىدى؟!

ئۇلارنىڭ ھالاللىقى مەنىۋى كامالەتنىڭ تۈۋرۈكى، ئۇلاردىكى سەممىيلىك ئىنسان سۆيگۈسىنىڭ ئۆرنىكى.

. ئۇلارسىز ئىنسان ئېكولوگىيەسىنىڭ تەڭشىكىنى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ساپلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟

# گىلەم ۋە دېھقان

«خوتەن شاھىنىڭ گۈلەمخان ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن. بىر كۈنى شاھ ئۆز ۋەزىرلىرى بىلەن دەريا بويىدا تاماشا قىلىۋاتقاندا، بىر قۇشنىڭ باشقا قۇشلارغا ئوخشىمايدىغان ئاۋازدا سايراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. بۇنىڭغا ئەجەبلەنگەن شاھ ۋەزىرلىرىدىن:

— بۇ قۇش نېمىدەپ سايراۋاتىدۇ؟ قۇشنىڭ تىلىنى كىم بىلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ۋەزىرلەر بۇ قۇشنىڭ تىلىنى ئۇنىڭ قىزى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھ قىزىنى چاقىرىپ سوراپتۇ. قىزى:

— بۇ قۇش: ئايال كىشى شاھنى گاداي قىلىۋېتىشى، شۇنداقلا گادايىنى شاھ قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن، دەپ سايراۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ شاھ غەزەپلىنىپتۇ ـ دە، بىر گادايىنى چاقىرغۇزۇپ ئەكېلىپ، ئۇنىڭغا قىزىنى بېرىپ: ‹مانا ئەمدى ئۇنى سەن شاھ قىلىپ باق› دەپ، ئۇلارنى چۆلگە ھەيدىۋېتىپتۇ.

گاداي چۆلدىن ئوتۇن توشۇپ بازارغا ئەكېلىپ ساتىدىكەن، تاپقان پۇلىغا ھەر كۈنى يەپ سېتىۋېلىپ ئايالىغا ئەكېلىپ بېرىدىكەن. گۈلەمخان ئېرى ئەكېلىپ بەرگەن يىپتىن ھەر خىل كەشتىلەرنى توقۇيدىكەن، ئېرى ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن. گۈلەمخان پەيدىنپەي گىلەم توقۇشنىمۇ ئۆگىنىۋېلىپ، ئاجايىپ ئۇز، جۇلالىق گىلەملەرنى توقۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېرى بۇ گىلەملەرنى سېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار كاتتا باي بولۇپ كېتىپتۇ. ئاخىر كۆنلەرنىڭ بىرىدە بۆرۈنقى گاداي ئۆزى ئۇتۇن ئاپىرىپ ساتقان شەھەرگە ھۆكۈمران بوپتۇ.

بىر كۈنى گۈلەمخان دادىسىنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېرى شاھلىق سەلتەنەتى بىلەن قىزنىڭ دادىسىنى قوبۇل قىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن شاھ ھېلىقى قوشنىڭ سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ شاھ ئەل ـ جامائەت ئالدىدا قىزى توقۇغان گىلەمگە ئۇنىڭ نامىنى بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ خوتەن گىلەملىرىنىڭ ئايرىم تۈرلىرى گۈلەمخاننىڭ نامى بىلەن (گۈلەم گىلىمى) دەپ ئاتالغانىكەن.»

بۇ رىۋايەتنى مەن «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»دىن ئوقۇغان. بۈگۈن شاھ كەنتىدىكى گىلەمچى ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلىۋېتىپ، بۇ رىۋايەت ئېسىمگە كېلىپ قالدى. مانا، بۇ يەردىمۇ قىزلار بۇ ئۆينى باي قىلىش ئۈچۈن گىلەم توقۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۆز ۋاقتىدا گۈلەمخاننىڭ شاھ ئاتىسى قىزىغا نە ئۇستىرا پىچاق، نە پەنجە، نە قايچىمۇ بەرمىگەنىكەن. بۈگۈن بۇ قىزلارغا باي بولۇڭلار، دەپ پولات دۇكان (دەستىگاھ) بېرىلىپتۇ. ئۆلچىمىنى خالىغانچە تەڭشىگىلى بولىدىغان بۇ دۇكاندا بىر قېتىمدا ئۈچ ـ تۆت كىشى تەڭ ھۈنەر قىلالايدىكەن. بىر ئادەم كۈنىگە ئون سانتىمېتىر توقۇيدىكەن. ئىش ئۈلگۈرۈپ بەرسە، يىلىغا ئىككى ـ ئۈچ مىڭ يۈەن كىرىم قىلغىلى بولىدىكەن. خانئېرىق يېزىسىدىكى ئالاقىدار مەسئۇللارنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا قارىغاندا، بۇ يېزىدا تۆت مىڭ تۆت يۈزچە ئادەم گىلەم توقۇيدىكەن. بۇ سان يېزا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ ئون نەچچە پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن. خوتەن ناھىيەسىدىمۇ، خوتەن ۋىلايىتىدىمۇ گىلەم توقۇغۇچىلار

ئومۇمىي يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچىنىڭ ئون نەچچە پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن. ئاددىي ئىراق ئېيتقاندا، خوتەن دېھقانلىرىدىن ھەر ئونىنىڭ ئىچىدە بىر ئادەم گىلەمچىلىك ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. گىلەمچىلىك بۇرۇن قوشۇمچە كەسىپ ھېسابلىناتتىكەن، ھازىر ئاساسىي كەسىپلىك ئورنىغا ئۆتۈپتۇ، يات ئارىدا بەش تۈۋرۈك كەسىپنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئۇلارنىڭ ئىشەنچى كامىل ئىكەن.

بۇ يەردىكى ھۈنەرۋەنلەر گىلەم تۈرلىرىنى بىزگە خېلى ئەتراپلىق تونۇشتۇردى:

گىلەم ئەسلىدىكى «توقۇلما سېلىنچا» دېگەن مەنىسىگە ئاساسلانغاندا، ماتېرىيال پەرقىگە قاراپ «جاۋا گىلەم»، «بۆز گىلەم»، «زىلچا گىلەم» دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدىكەن. جاۋا گىلەم يۇڭ يىپنى، بۆز گىلەم بۆز يىپنى ئۇرۇش، ئارقاق قىلىپ توقۇلىدىكەن، ئىككىلىسىدە تىۋىت چىقىرىلمايدىكەن. زىلچا گىلەم بولسا، چەم يۈزى بۆز ئۇرۇش، ئارقاقتىن توقۇلۇپ، توقۇش داۋامىدا ئۇڭ يۈزىگە يۇڭ يىپتىن ياكى يىپەك يىپتىن تىۋىت چىقىرىلىدىكەن. «زىلچا» دېگەن سۆز «زىل سېلىنچا» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «سۈپەتلىك نەپىس سېلىنچا»، «تىۋىتلىق نەپىس گىلەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. يېقىنقى بىرقانچە ئون يىللاردىن بېرى سۆر گىلەملەر ئىستېمالدىن قېلىپ، زىلچا گىلەملەرنى ئىشلىتىش ئومۇملىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەر «جاۋا گىلەم»، «بۆز گىلەم»لەرنى ئۇنتۇپ، «زىلچا گىلەم»نىلا «گىلەم» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ. ھازىر كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىكى خوتەن گىلىمى مۇشۇ مەنىدىكى گىلەم ئىكەن. بۇ گىلەم ماتېرىيال پەرقىگە قاراپ يەنە «يىپەك گىلەم»، «يۇڭ زىلچا گىلەم» دەپ ئىككى تۈرگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۆلۈنىدىكەن. زىچلىق دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئۈچ يۈز ئاتمىش قاتارلىق، تۆت يۈز ئەللىك قاتارلىق، بەش يۈز قىرىق قاتارلىق، يەتتە يۈز يىگىرمە قاتارلىق، توققۇز يۈز قاتارلىق گىلەم دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدىكەن. بىز ئۈرۈمچىدە «... قاتارلىق» دېگەننى «... يىپلىق» دەپ ئۆگىنىپ قاپتۇق. بۇ يەردىكى «... قاتارلىق» (ياكى «... يىپلىق») دېگەن سۆز گىلەمنىڭ ھەربىر مېتىر كەڭلىكتىكى يۇزىگە تارتىلغان ئۇرۇش يىپ سانىنى كۆرسىتىدىكەن. بىر مېتىر كەڭلىكتە قانچە يىپ ئۇرۇش بولسا، بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتا شۇنچە قاتار تۈگۈن چىگىلگەن ئارقاق بولىدىكەن. گىلەم يەنە نۇسخىسى، شەكلى، خام ئەشياسىنىڭ رەڭلىنىش مەنبەسى، بوياق ماتېرىياللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، يەنە نۇرغۇن تۈرگە بۆلۈنىدىكەن، ئومۇمىي تۈرى تۆت مىڭ خىلدىن ئاشىدىكەن.

مەن بۇ مەلۇماتلارنى ئاڭلاپ، خوتەنلىكلەر ئالامەت مول ھۈنەر بايلىقىغا ئىگە ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. يەنە تۇرۇپلا كاللامغا بىر گۇمانىي سوئال كېلىپ قالدى: «گىلەمچىلىك تۆۋرۈكلۈك كەسىپ سۈپىتىدە راۋاجلاندۇرۇلسا، بۇنچىغا يېتەرلىك خام ئەشيانى قانداق قىلار؟ بوستانلىقلارمۇ چەكلىك ئىكەن، گىلەم توقۇشقا يۈز بېرىدىغان خوتەن قويلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئاۋۇتۇپ بېقىش ئىمكانىيىتى بارمىدۇ؟»

بۇ سوئالغا ئۆتكەن قېتىم كەلگىنىمدە، خوتەن ناھىيەسىگە ھاكىم بولۇپ، بۇ قېتىم كەلگىنىمدە، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان پەرھات روزى جاۋاب بەردى:

— بىزنىڭ يېزا - كەنتلىرىمىزگە سەل قارىماڭ، مۇشۇ يەردىلا بەش - ئالتە مىليون قوي باققىلى بولىدۇ. چۆل يېپىنچىلىرىنى داۋاملىق كۆپەيتىپ، ئاسراپ تۇرۇش ئاساسىدا، يەنە تاغلىق رايون ۋە تۈزلەڭلىكلەردە 1 مىليون 800 مىڭ

تۇياق قوي باققىلى بولىدۇ. ئەشيا كۆپەيتىش ئىمكانىيىتىمىز يەنىلا كەڭرى.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم: دېمەك، گىلەمچىلىكنى تۇۋرۇكلۇك كەسىپ قىلىش ئىستراتېگىيەسى ئىلمىي پىلانلانغان تەدبىر ئىكەن.

3 - ماي كۈنى خوتەن ۋىلايەتلىك گىلەمچىلىك كارخانىسىنى كۆزدىن كەچۈردۇق. بۇ يەردە گىلەملەرنىڭ ھەممە خىلى، ھەممىدىن سۈپەتلىكلىرى بار ئىكەن. مەن يېزىدا گىلەم توغرۇلۇق جىق نەرسىلەرنى ئاڭلىغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ يەردىكى گىلەملەرگە ئۆزگىچە بىر نەزەر بىلەن سىنچىلاپ قارىدىم. ھېلى ئۇ گىلەمنىڭ ماتېرىيالىغا قارايمەن، ھېلى بۇنىڭ زىچلىقىغا قارايمەن، ئۇنىڭدىكى ھۈنەر - سەنئەتكىمۇ قارايمەن، ئۇنىڭ رەڭ، نەقىشلىرىگە سىڭىپ كەتكەن ئۆچمەس مەدەنىيەت ئىزلىرىگىمۇ قارايمەن.

مانا، ئالدىمدا «كەلكۈن نۇسخا» گىلەم: تۆت تەرىپىدە بىر قانچە يول كانارا خۇددى دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىنى كۆرسەتكەندەك تۇرۇپتۇ. تۆت ئۇچى تۆت تەرەپكە تىركىلىپ ھەرە چىشلىق شەكىلدە چاقماق نەقىش شەكىللەندۈرگەن «ئايگۈل» — «ياغلىقگۈل» ئۇنىڭ دولقۇنى. «ياغلىقگۈل»نىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆت يوپۇرماق، تۆت غۇنچە — كەلكۈن قاينىمىدا چۆرگىلەۋاتقان «غازاڭگۈل». ياق، ئۇ غازاڭ بولغان گۈل ئەمەس، ئۇ كەلكۈنلەردىمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بوستانلىق؛ ئۇ يوپۇرماق يېشىللىقى بىلەن مەڭگۈ تۇرىدىغان يوپۇرماق؛ ئۇ غۇنچە ئېچىلىدىغان ھەم ئېچىلىۋاتقان گۈل. بۇ زېمىننى شۇ كەلكۈن، شۇ سۇ سۇغارغان. بۇ بوستانلىقنى شۇ سۇ ئاپىرىدە قىلغان، شۇ سۇ ياشناتقان. شۇڭا، خەلقىم ئۇ سۇنى بەكمۇ قەدىرلەيدۇ، بۇ گىلەمنىڭ تەگلىكىدىكى ھال قىزىللىق بۇ خەلقنىڭ شۇ سۇغا،

بۇ ماكانغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ سىمۋولى.

مانا، ئالدىمدا يۇلتۇز نۇسخا گىلەم: چۆرىسىدە چاسا كانارىلار، ئىچىدە تىك ۋە يانتۇ سىزىقچىلارنىڭ ھەر خىل كېسىشىش نۇقتىلىرىغا چۈشكەن چوڭ ـ كىچىك يۇلتۇز گۈللەر. بۈيۈك ئاتىدەك تەمكىن ئاسمان، كۆلۈپ جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار. توۋا، زېمىندىن كۆككە قارىغاندا، ئەسلىي بۇنىڭ تېگى كۆك ياكى كۆكۈچ بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ. لېكىن، بۇنىڭدا پۇر رەڭ تەگلىك، ئۈستىدە يۇلتۇز، خۇددى ئالەم بۈيۈكلۈكىدە نۇرغۇن يۇلتۇزنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ ئېلىنغان زېمىننىڭ سۈرىتىدەك. قاشتاشلىرى ئۇيەر ـ بۇ يەردە يالتىراپ تۇرغان ساي ـ دەشتلىرى ئايدىڭ كېچىلەردە كۆزىگە شۇنداق كۆرۈنۈپ كەتكەنىدۇ، خەلقىمىنىڭ ياكى قەدىمكى توغراقلىرىنىڭ قوۋزاق رەڭگى بىلەن ھاياتىي كۈچىنى ئىزهار قىلغىنىمىدۇ بۇ.

مانا، ئالدىمدا شام نۇسخا گىلەم: ئىچ گۈل قىسمىدا ئالتە تەرەپلىك ئايگۈل. ئايگۈل مەركىزىدە قەندەل، ئۇنىڭدا يېنىپ تۇرغان تۆت دانە چوڭ چىراغ، سەككىز دانە شام، خۇددى شاملار گۈلخان كەبى ياكى مەشئەل كەبى چاراسلاپ تۈننى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان ئەلپازدا يېنىۋاتقاندەك؛ بوشلۇقلاردىكى توچكىسىمان، چاقماقسىمان گۈل خۇددى شۇ ئوتنىڭ ئۇچقۇنلىرىدەك، ئۇ ئوت قۇياشنىڭ پارچىسى، شۇڭا ئۇ قۇياشتەك مۇقەددەس، قۇياشتەك مېھرلىك، قۇياشتەك يورۇق. بۇ يورۇقلۇق بۇ خەلقنىڭ يىراق ئەجدادلىرى ئۇچۇن ياشلىقنىڭ، ئامانلىقنىڭ، ئادىللىقنىڭ بەلگە ـ نىشانى بولغان؛ ھازىرقى ئەۋلادلىرى ئۇچۇن ئۇ مەرىپەتنىڭ، ئۈستازنىڭ، پارلاق ئىستىقبالنىڭ سىمۋولى.

مانا، ئالدىمدا ئانارگۈل نۇسخا گىلەم: كانارىسىدىمۇ گۈل،

لېكىن ھەممىسىلا ئانارنىڭ شاخ، يوپۇرماق، غۇنچە،
مېۋىلىرىدىن ھاسىل قىلىنغان گۈل. «ئايگۈل»دە لوڭقىغا
سىلىنغان ئانارنىڭ شېخى: رەت - رەت شاخچىلار، غۇنچە،
يوپۇرماق، قىزىل ئانارلار... ئۇ نېمىشقا لوڭقىغا
سىلىنغاندۇ؟... ئانار دەرىخى بۇ زېمىن ئۈچۈن ئەڭ قىس، ئەڭ
قىممەتلىك بولغان سۈنى تويغۇچە ئىچمەن دېمەيدۇ، لېكىن
زېمىن ئىگىلىرىگە شەربەتلىرىنى تويغۇچە بېرىدۇ. ئۇ ھەرقانداق
دەرەخ، گۈل - گىياھلاردىن باغ تالاشمايدۇ، چۆل - دەشتلەردىمۇ
ئۆسۈۋېرىدۇ. ئۇنىڭ تۇتقان يولى ھەرقانداق قىيىن
شارائىتتىمۇ پەقەت مېۋە بېرىش. ئۇ مېۋە كېسەللەنگەن
دېھقاننىڭ شىپالىق دورىسى، ئۇنىڭ غازاڭ ۋە شۆپۈكلىرى شۇ
دېھقاننى راھەت ياتقۇزىدىغان گىلەم - سېلىنچىلارنىڭ رەڭ -
بويىقى. ئۇ مۇشۇ خاسىيەتلىرى بىلەن ئەزىز، شۇڭا خەلق ئۇنى
گىلەمدىن ئىبارەت بۇ تۆھپىكارلار پۇتۇكچىسىدە، قەدىر
لوڭقىسىغا سېلىنغان سۈرىتى بىلەن ساقلىغان.

مانا، ئالدىمدا پاختا نۇسخا گىلەم: ھەممىلا يېرى كېۋەزنىڭ
شاخ، يوپۇرماق، چېچەك، غوزەكلىرى بىلەن تولغان. كانارىلىرى
بىرقانچە يول، لېكىن بىرلا پاختا كانارىسى شۇنچە كەڭ، راۋان.
ئۇنىڭدا چېچەك، ئۇنىڭدا بەرگى، ئۇنىڭدا غوزەكنى يېرىپ
چىققان ماموق پاختىنىڭ چىرايلىق رەڭگى. ئالتە تەرەپلىك
پەلەمپەيسىمان نەقىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنىلا شۇ كېۋەز. شۇ
كېۋەزنىڭ پاختىسىدىن ئېشىلگەن بۆز يىپلار خوتەن قويىنىڭ
يۇڭىدىن ھاسىل بولغان يۇڭ يىپلارنىڭ ھەمدەملىكىدە ئۆز
ئەسلىنىڭ سۈرىتىنى نەقەدەر چىرايلىق ئەكس ئەتكۈزگەن - ھە!

مەن يەنە «بەش چېچەك نۇسخا»لىق گىلەمگە قارىدىم.
ئۇنىڭدىكى خىلمۇخىل گۈل - چېچەكلەردىن ئەكس ئەتكەن
باھار مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدىم. «چاچما تۈڭلۈك نۇسخا»دىن
ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۇمىلاق تۈڭلۈك چىقىرىلغان چېدىر

ئۆيلىرىنى، «چاچما ئانار نۇسخا»دىن ئۇلارنىڭ باغلىق ھويلىلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم، ھەممىلا گىلەمدە كۈلۈپ تۇرغان گۈل - چېچەكلەر، جىلمىيىپ تۇرغان بەرگى - يوپۇرماقلار ماڭا بۇ خەلقنىڭ يېشىللىق بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن روھىنى نامايان قىلدى. «يۇلتۇز نۇسخا»، «شام نۇسخا»، «جايناماز نۇسخا»لاردىن، مەن ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى ئېتىقادلىرىنىڭ ئىزنالىرىنى كۆردۈم. «لوڭقا نۇسخا»، «ئىمران نۇسخا»، «مەنزىرە نۇسخا»لاردىن مەن بۇ خەلقنىڭ ئۆزلىرىنىڭلا ئەمەس، باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ ئېستېتىك قىزىقىشىنى ھېسابقا ئېلىپ ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىپ، قەدىمكى يىپەك يولىدا ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشتەك ئىنسانىي بۇرچىنى ئادا قىلغانلىقىنى چۈشەندىم. «مەنزىرە نۇسخا»، «خاتىرە نۇسخا»، «تەسۋىرىي ئوبراز نۇسخا»لاردىكى ئىنسان، ھايۋانات، ئۇچار قۇشلاردىن ئىبارەت جانلىقلارنىڭ ھەر خىل تەبىئىي، ئەينەن كۆرۈنۈشلىرى ماڭا مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئاز كەم ئىككى مىڭ يىلدا بۇ خەلقنى جاھانغا تونۇتقان، كېيىنكى نەچچە يۈز يىلدا تەقىبلەنگەن جانلىق تەسۋىرىي سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ قايتىدىن گۈللەپ ياشناۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈردى.

«غازى نۇسخا»، «ئىلھام نۇسخا»لىق گىلەملەردىكى گۈللۈك كىگىز، زەدىۋال، دوپپا، ئۆي تورۇسى بېزەكچىلىكىدىن نەقىش قوبۇل قىلىپ، ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئەتنى مۇكەممەللىككە ئېرىشتۈرگەن دادىل ئىزدىنىشتىن، «ئەدىيال نۇسخا»دىكى ئاساسەن كانارىسىز توقۇش ئىجادىيىتىدىن مەن خەلقىمىنىڭ ئۆتمۈشتىكى سەمەرە بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، دەۋرگە خاس يېڭىلىقلارنى يارىتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

يېڭىلىق — يېڭىچە ئېستېتىكىلىق ئۆلچەمنىڭ، يېڭىچە ئىستېمال تەلىپىنىڭ مەھسۇلى. بۇ يېڭى نۇسخىلىق گىلەملەر

رەھىمسىز بازار رىقابىتىنىڭ يېڭىچە قىممەت ئۆلچىمى ئالدىدا جەلپ قىلىش كۈچىنى بارغانسېرى يوقىتىۋاتقان «شام نۇسخا»، «يۇلتۇز نۇسخا»، «بەش چېچەك نۇسخا»لارنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئېستېتىكىلىق ۋە بازارلىق قىممىتىنى ئۇنىڭدىنمۇ بەك جارى قىلدۇرماقتا.

ھازىرقى زامان سانائىتى ھەر خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەمەرىلىرىنى تارىخ مۇزېيىغا كىرگۈزۈۋەتتى، لېكىن خوتەن گىلەملىرى ئۇ قىسمەتكە ئۇچرىغىنى يوق. ئۇ بۈگۈنكى زامان سانائىتىنىڭ سۈنئىي گىلەملىرى، «V» شەكىللىك تىۋىت چىگىش ئۇسۇلىدا توقۇلغان ئىلمى توقۇلما گىلەملىرى بىلەن بولغان ئېلىشىشتا ئۆزىنىڭ غالىبلىقىنى نامايان قىلدى. چۈنكى، بۇ گىلەمچىلىكنىڭ ئىگىلىرى داۋاملىق گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان، گۈزەللىك يارىتىدىغان، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىمۇ ساقلايدىغان، لېكىن ھەرقانداق مەدەنىيەتنىڭ گۈزەل تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلالايدىغان، دەۋرنىڭ قۇيرۇقىدا سۆرىلىپ يۈرمەي، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشكە تىرىشىدىغان كىشىلەر ئىدى.

بىز گىلەمچىلىك كارخانىسىدىن چىقىپ، يەنە شاھ كەنتىگە قايتىپ كەلدۇق. مەن ئۆي ئىگىسى ئاتاۋۇللاخۇننىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى توقۇۋاتقان گىلەمنى تاماشا قىلدىم. ئۇلار گىلەمنى شۇنچە چېۋەرلىك بىلەن توقۇيتتى، ھەر قۇردىن كېيىن گىلەمنىڭ گۈللىرى بارا ـ بارا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. «گۈلەم گىلىمى» دېگەن مۇشۇ گىلەممىدۇ؟ شۇ چاغدا بىر قۇشنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ نېمە دەۋاتقاندۇ؟ ئايال كىشى گادايىنى شاھ قىلىۋېتىشى مۇمكىن دەۋاتقانمىدۇ ياكى ھۈنەر، تىرىشچانلىق ھەرقانداق ئادەمنى باي قىلىۋېتىشى مۇمكىن دەۋاتقانمىدۇ؟

# ئەتلەس ۋە دېھقان

ئانامدىن ئاڭلىسام، بوۋاق چاغلىرىمدا مېنى سوقا باش، دوقا ماڭلاي بولۇپ قالمىسۇن دەپ، پىلە قۇرتىنىڭ مايىقى سېلىنغان كىچىك ياستۇققا بېشىمنى قويۇپ ئۇخلىتاتتىكەن؛ ئىتتىكرەك ئايىغى چىقسۇن، چاققان، زېرەك ئادەم بولسۇن، دەپ كىيىمىمنىڭ ياقا قېتىغا مەشۇت تىكىپ قوياتتىكەن؛ ماڭا يامان كۆز تەگمىسۇن دەپ ئايەت يېزىلغان قەغەزنى يىپەك رەخت ئارىسىغا ئېلىپ، تۇمار تىكىپ بوينۇمغا ئېسىپمۇ قوياتتىكەن.

سەل ئەقلىمنى تاپقاندا، ئانامنىڭ شۇنداق يىپەك رەختتىن تىكىلگەن يۇمشاق ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ پېشىغا ئېسىلىپ ئەركىلەپ ئوينىغانلىرىم، خەقىشلىك قىلغانلىرىم ھېلىھەم ئېسىمدە.

يىگىتلىك چاغلىرىمدا، ناۋات رەڭ يىپەك كۆڭلەكىنىڭ سالقىنلىقى بىلەن تومۇزنىڭ ئىسسىقىنىمۇ، ئىشق - پىراق ئوتىنىڭ يورىكىمدىكى ھارارىتىنىمۇ پەسلەتمەكچى بولغانلىرىم، يارىم يۈرىكىنى كەشتىلەپ قويغان يىپەك قول ياغلىقنى يۈرىكىمگە بېسىپ، شېرىن خىياللارنى سۈرۈپ كەتكەنلىرىممۇ ھېلىھەم ئېسىمدە.

شۇ يىپەكتىن ئىشلەنگەن كىيىملەرنى ئۆزۈممۇ كىيىپتىمەن، كىيگەنلەرنىمۇ جىق كۆرۈپتىمەن، لېكىن شۇ يىپەكنىڭ قانداق ئىشلىنىدىغانلىقىنى زادى كۆرمەپتىكەنمەن. بۇنى كۆرۈش ماڭا ئەللىك يەتتە يېشىمدا نېسىپ بوپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گىلەمچىلىك كارخانىسىدىن چىققاندىن كېيىن خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق جىيا يېزىسىنىڭ ئەتلەسچىلىك كارخانىسىنى زىيارەت قىلدۇق. بۇ يەردە يىپەك تارتىشتىن باشلاپ يىپەك رەخت توقۇشقىچە بولغان پۈتۈن ئىش ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ھۈنەر تەرتىپى بويىچە كۆرسىتىلىدىكەن.

ئاۋۋال پىلىلەرنى ئاچچىقسىپ خىللايدىكەن، تۆشۈك، شالتاق، غەيرىي پىلىلەرنى ئىلغىۋېتىپ، سۈپەتلىك پىلىلەرنى چالا قاينىغان قازانغا سالىدىكەن، يېرىم سائەتچە قايناتقاندىن كېيىن پىلە كۆكىرىپ، غوزەك ئىچىگە سۇ ئۆتكەندە پىشقان ھېسابلىنىدىكەن. ئاندىن ئۇچى سەل ئەگرى، باشمالتاق تومىلۇقىدىكى «چۆگۈاز» دەپ ئاتىلىدىغان ياغاچ چوكىدا قازاندىكى پىلىنى قوچۇپ مەشۇت تالا ئۇچى سۈزۈۋېلىنىدىكەن. يىگىرمە تالدىن يىگىرمە بەش تالغىچە مەشۇت تالاسىنىڭ ئۇچى بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر نەخ يىپ ھېسابىدا چاقنىڭ گىجەك تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، چاقتىكى قومۇشقا يۆگىلىدىكەن. بىر تال سۈپەتلىك پىلە غوزىكىدىن بەش يۈز مېتىردىن سەككىز يۈز مېتىرغىچە تالا چىقىدىكەن. يىپەك تارتىۋاتقاندا، ئۇچى تۈگەپ قالغان يىپەك تالالىرىنى يېڭى تالا ئۇچى بىلەن تېز ئۇلاشقا توغرا كېلىدىكەن. ئاندىن قومۇشقا ئورالغان يىپنى يىكچاقتا ئايرىپ سورتلايدىكەن. سورتلاش جەريانىدا يىپقا ئارىلىشىپ قالغان ئەخلەت، ماياق قالدۇقى، قاتتىق، يىرىك تالالار ئېلىۋېتىلىدىكەن. يىپنىڭ ئالاڭغۇ (بەك توم، بەك ئىنچىكە) جايلىرى ئۈزۈپ تاشلىۋېتىلىدىكەن. بۇنداق تاشلىۋېتىلگەن كېرەكسىز جايلىرى «لاس» دېيىلىدىكەن. قىلدەك تالالارنى مۇشۇنداق ئىنچىكە مەشغۇلات بىلەن ئايرىش، بىرلەشتۈرۈش ۋە سورتلاش ئارقىلىق، ئاندىن بىز كۆرۈپ تۇرغان يىپەك يىپ چىقىدىكەن.

رەخت توقۇش جەريانىغا كىرگەندە، بۇ يىپلار ئۇرۇش ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارقاق دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، كالۋۇ ياكى گىرە قىلىنىدىكەن، ئاقارتىلىدىكەن، ئېھتىياج بويىچە بويىلىدىكەن، ئاندىن يىپلار توقۇش دەستىگاھىغا تارتىلىپ تاراق بىلەن تەكشى تازىلىنىدىكەن، ئارقىدىن قوناق ئۇنىدىن سۇيۇق قىلىپ ياسالغان ئاھا بىلەن پاتلىنىپ، مەشۇت يىپ تارالغان چاچتەك تالا ـ تالا ھالەتكە كېلىدىكەن، ئاندىن ئۇرۇش يىپ موكا بىلەن ئارقاق يىپ ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، رەخت توقۇش باشلىنىدىكەن.

يىپەك توقۇلما رەختلەر خام ئەشيا ماتېرىيالىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ساپ يىپەك توقۇلما، ئارىلاشما يىپەك توقۇلما، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدىكەن.

ساپ يىپەك توقۇلما رەختلەرنىڭ ئۇرۇش ۋە ئارقاقلىرىغا پۈتۈنلەي يىپەك يىپ ئىشلىتىلىدىكەن. ئۇ يەنە بويىلىشىغا قاراپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدىكەن. «ئەتلەس» — گۈللۈك يىپەك توقۇلما؛ «دەييارە» بىلەن «يىپەك قول ياغلىق» — ئاددىي رەڭدار يىپەك توقۇلما؛ «شايى»، «چۆچۈنكە»، «يىپەك چەكمەن»، «يىپەك ياغلىق» (شايى رومال، يىپەك بەل ياغلىق)، «ئەلگەك تىغى» (ئەلگەك شايى)، «دارايى» قاتارلىقلار سىيدام يىپەك توقۇلما ھېسابلىنىدىكەن.

ئارىلاشما يىپەك توقۇلما رەختلەر يىپەك يىپنى ئۇرۇش، بۆز يىپنى ئارقاق قىلىپ توقۇلىدىكەن. «كىمخاب»، «ئەبجەش ئەتلەس»، بەقەسەم، ماشرۇپ قاتارلىقلار مۇشۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدىكەن. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا خام ئەشيا قىسلىقى تۈپەيلى ئۇرۇشى سۈنئىي تالا، ئارقىقى يىپەك يىپ بولغان «قېچىر ئەتلەس»، يەنە پۈتۈنلەي سۈنئىي تالادىن بولغان «جا ئەتلەس»لەرمۇ بازارغا چىقىپتىكەن. لېكىن، بۇ خىل ئەت-لەسلەر ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ناچار، رەڭگى ئوڭاي ئۆڭىدىغان

بولغاچقا، ھازىر توقۇلمايدىغان بوپتۇ. يۇقىرى سۇپەتلىك سانائەت يىپەك توقۇلما مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپىيىشى، ئىستېمال تەلىپىنىڭ يۇكسىلىشى «يىپەك چەكمەن»، «ئەلگەك تىغى»، «ئەبجەش ئەتلەس»، «شايى»، «ماشرۇپ»لارنى ئەمدى ئىشلىمىسىمۇ بولىدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ.

لېكىن، ساپ يىپەك ئەتلەسنىڭ ھاياتى كۈچى زور ئىكەن. ئەتلەسلەرنىڭ تۇرىمۇ كۆپىيىپتۇ. ھازىر بۇرۇنقى قارا ئەتلەس، سېرىق ئەتلەس، قىزىل ئەتلەس، يەكەن ئەتلىسىدىن ئىبارەت تۆت خىل ئاساسىي تۇردە، يەنە ئالاقاغا شايى ئەتلەس، ئاقپىلەك ئەتلەس، جەينەك گۇل قىزىل ئەتلەس، قىزىل تۇمشۇق قارا ئەتلەسكە ئوخشاش بىرمۇنچە ئەتلەسلەر توقۇلىدىكەن. ئادەتتە بىر كىيىملىك ئەتلەسنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە مېتىر ئوتتۇز سانتىمېتىردىن ئالتە مېتىر ئەللىك سانتىمېتىرغىچە، ئېنى قىرىق ئىككى سانتىمېتىردىن قىرىق بەش سانتىمېتىرغىچە بولۇپ، «بىر تاقا ئەتلەس» دېگىنىمىز مۇشۇ ئىكەن. بىر تاقا ئەتلەسكە بىر يۇرۇش گۇل نۇسخىسى تۆت قېتىم دەۋر قىلىپ چۈشۈرۈلىدىكەن.

كارخانىدىكى ھەر خىل ئەتلەسلەرنى كۆرۈۋېتىپ، خوتەن خەلق قوشاقلىرىدىن بىرى كاللامغا تۆيۇقسىز كېلىپ قالدى.

ئىلچىنىڭ بازارى بۇ
گۇللەردىن تولا ئەتلەس.
مەشۇت تارتقان ئۇستىنىڭ
غەمسىز بىر كۇنى ئۆتمەس.

بۇ قوشاق مەندە كۈچلۈك ھاياجان قوزغىدى، ئىچىمدە خەلقىمگە خىتاب قىلدىم.

«گۇللەردىن تولا ئەتلەس» — ئۆتمۈش زامانلاردا گۇل –

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۈلىستانغا ئايلىنىپ بولالمىغان بۇ يۇرتنى ئەتلەسلىرىڭ بىلەن گۈلگۈن قىلىمەن، دەپ ئويلىغان بولغىيمىتتىڭ، خەلقىم.

دەرھەقىقەت، ئەتلەسلىرىڭنىڭ گۈل - سىزىقلىرىدىن ئوتلۇق چۇل - جەزىرىلەر قوينىدىكى يېشىل چىمەنزار، رەڭدار گۈلشەنلىرىڭنىڭ سۈرىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ. گۈلىستانلىرىڭنىڭ ئىچىدە تېخىمۇ ئۆز گۈل بولۇپ كۆرۈنىدىغان ئەتلەس كۆڭلەكلىك قىز - چوكانلىرىڭنىڭ تارغاقلىرىنى ئەسلىتىدىغان يول - يول سىزىقچىلار ماڭا بۇ زېمىندىكى يوقالغان ھەم ساقلىنىۋاتقان تارام - تارام ئېقىنلىرىڭنىڭ خەرىتىسىدەك بىلىنىدۇ. ئەتلىسىڭدە يەنە پارچە - پارچە بوستانلىقلىرىڭنىڭ سۈرىتى بار، ئامۇت، بادامىلىرىڭنىڭ سۈرىتىمۇ بار، ئۆيلىرىڭنىڭ ياغاچ توقۇلما پەنجىرىلىرىنىڭمۇ سۈرىتى بار. ئۇ پەنجىرە - روجەكتىن ھەممىنى، ھەممىنى كۆرگىلى بولىدۇ، خۇددى قوشاقلىرىڭدا ئېيتىلغاندەك:

قارا ئەتلەس — قارا يەر،
سېرىق ئەتلەس — بۇغداي، ماش.
قىزىل ئەتلەس — مۇھەببەت،
يېشىل ئەتلەس — جانغا ماس.

دەيدىغان قىممەت ئۆلچىمىڭنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مەن يەنە ئەتلەسلىرىڭدىن ئوت - يالقۇننىڭ سۈرىتىنىمۇ كۆرۈۋاتىمەن. بۇ ياكى ئۆز ۋاقتىدا ئىككى تاشنى ياكى ئىككى ياغاچنى بىر - بىرىگە سۈركەشتىن ھاسىل قىلىپ ئۆچۈرۈشكە قىيماي ساقلىغان چوغۇڭنىڭ يۇلغۇن ئوتۇنىدا قايتا يېلىنجىغان ئوتنىڭ سۈرىتىدۇ ياكى بولمىسا زامانى ئەۋۋەلدە

كۆك تەڭرىنىڭ باھاردىن بەرگەن سىگنالى — تۆنجى چاقماقنىڭ سىمۋولىدۇر.

ئاجايىپ رەڭدار خان ئەتلەسلىرىڭ ياكى «تۆندە بولۇت ئۆرتەنسە، خوتۇن ئوغۇل تۇغقاندەك بولىدۇ» دەپ خەيرلىنىك بىلىدىغان كەچكى شەپەقنىڭ، ياكى قىزلىرىڭ يامغۇردىن كېيىن ئاسماندا كۆرۈپ بوسۇغىدا پالتا بىلەن چېچىنى ئۆچلاش بىلەن ئۆزىگە ئۇزۇن سۇمبۇل چاچ بېرىشنى تىلەيدىغان ھەسەن - ھۈسەننىڭ سۈرىتىدۇر.

تېگى قارا، گۈلى ئاق كەلگەن قارا (دارايى) ئەتلىسىڭدە تېخىمۇ نۇرغۇن ھېكمەت بار:

قارا رەڭلىرىڭدە سوكۇنات قۇچىقىدىكى كېچىنى، ئاق رەڭلىرىڭدە جۇشقۇن كۈندۈزنى ئىما قىلىسەن.

بۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئايلىنىش.

يەنە ئاق رەڭدە ھەق - ئادالەت، راست، توغرىنى، قارا رەڭدە ناھەق، خاتا، شەك، يالغاننى ئىشارە قىلىسەن.

بۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئايرىلىشىپ كېلىش.

لېكىن، بۇنىڭدا ھاكىم ئورۇندا تۇرىدىغىنى يەنىلا ياخشىلىق، توغرىلىق، ھەققانىيلىق! بۇ سېنىڭ دارايى ئەتلەسكە چۈشۈرگەن خانتاجىڭدىن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

ھەربىر ئەتلىسىڭدە مونچاق بار، تارغاق بار،
بۇ سېنىڭ گۈزەللىكنى سۆيىدىغىنىڭ.
ھەربىر ئەتلىسىڭدە تەرمونچاق ۋە ئورغاق بار،
بۇ سېنىڭ ھالال مېھنەتنى سۆيىدىغىنىڭ.
...

مەن ئالدىمدىكى خىلمۇخىل ئەتلەسلەرگە قاراپ ھاياجانلاندىم، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدىم. زامانى ئەۋۋەلدە ئوت - چۆپ يىپىنچا بىلەن ئەۋرىتىنى يېپىپ يۈرگەن ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هايۋانات تېرىسىنى ئۇستىگە ئارتقان ئىپتىدائىي ئىنسان؛ كېيىنكى زامانلاردا كىگىز كېپىنەك تون، كىگىز قالپاقنى ئاساس قىلغان يۇڭ پىشىرما ئۇستىباشلارنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى زامانلاردا قۇر - ئۆرۈمىلىرى يۇڭ يىپتىن چېتىپ ئىشلەنگەن شوينا كىيىملەرنى كىيگەن چارۋىچى؛ كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن تېرىقچىلىققا ئۆتۈپ يۇڭ، بۆز، يىپەك رەختلىك كىيىم - كېچەكلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن دېھقان كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى. گىرېكلەر ۋە رىملىقلارنىڭ تارىم ۋادىسىنى «سېرىس» ۋە «سېرىندىيە» (يىپەك يۇرتى ۋە يىپەك ئېلى) دەپ ئاتىغانلىقىنىمۇ ئويلىدىم. تاڭ شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دىكى ئۇدۇنگە پىلىچىلىك شەرق مەلىكىسىنىڭ چېچىغا يوشۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن پىلە ئۇرۇقىدىن تارقالغان، دېگەن ئەپسانىنىمۇ، يىپەكنى غەربىي يۇرتنىڭ غازاڭلىرىدىن چىقىدۇ، دەپ قاراپ كەلگەن رىملىقلارنىڭ كېيىن پىلە قۇرتىدىن يىپەك چىقىدىغانلىقىنى بىلىپ، راھىبلار ئارقىلىق پىلە ئۇرۇقىنى ئوغرىلىتىپ كېلىپ، ئاندىن يىپەكچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىمۇ ئويلىدىم. چەرچەن زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقى، لوپ سامپول قەبرىستانلىقى، نىيە قەدىمكى خارابىسىدىن تېپىلغان كىمخاب، شايى، دارايىلار، جۇملىدىن ئۆيدە بېقىلغان پىلىنىڭ بىر دانە غوزىكىمۇ كۆز ئالدىمغا كەلدى.

ئەمەلىيەتتىمۇ، بۇ يۇرت قەدىمدىن باشلاپ پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانىدى. جىيا يېزىسىنىڭ تەڭدىن تولا ئاھالىسىنىڭ ئىزچىل پىلىچىلىك بىلەن جان بېقىپ كېلىۋاتقانلىقىمۇ شۇ ئەنئەنىنىڭ ئىزناسى ئىدى.

مەن پىلىكارلاردىن پىلە قۇرتىغا ئائىت بەزى ساۋاتلارنى بىلىۋالدىم:

بۇرۇن خوتەندە پىلە قۇرتىنىڭ ئاق پىلە، يېشىل پىلىدىن ئىبارەت ئىككى خىلى بار ئىكەن. ئاق پىلە قۇرتىنىڭ شەكلى، رەڭگى ھازىرقى پىلە قۇرتىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ غوزىكىدىن چىقىدىغان تالا ئاق ھەم ئۇزۇن بولىدىكەن.

يېشىل پىلە قۇرتىنىڭ يېتىلگەن ۋاقتىدىكى رەڭگى ئاق بولسىمۇ، لېكىن كېپىنىكى، غوزىكى يېشىل، تالاسى كۆكۈچرەك، قىسقا بولىدىكەن.

كېسەللىككە تاقابىل تۇرۇشتا، ئىسسىق - سوغۇق، قۇرغاق، نەملىك ۋە بېقىلىش شارائىتىغا ماسلىشىشتا ئاق پىلە قۇرتى سەل تاۋى نازۇك، يېشىل پىلە قۇرتى چىداملىقراق ئىكەن. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا يېشىل پىلە قۇرتىنىڭ نەسلى قۇرۇپتۇ.

پىلە بېقىش ئۇسۇلى مۇنداق بولىدىكەن:

خاس ئۆينىڭ ئىچىگە ئىككى يان تامنى بويلاپ لىمتاق ياكى جاۋەنگە ئوخشاش ئىككى - ئۈچ قەۋەتلىك جەن (سىنچەك ياكى سۇجەك) ياسىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىۋىق بورا ياكى قومۇش بورا سېلىنىپ، پىلە ئۇرۇقى يۆگەلگەن خوتەن قەغىزىنى 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇنىڭ ئۈستىگە يايىدىكەن. قەغەزگە چاپلىشىپ تۇرغان پىلە ئۇرۇقلىرى مۇۋاپىق تېمپېراتۇرىدا قارىيىپ، ئۇنىڭدىن «چۈمۈلە قۇرت»لار چىقىدىكەن. بۇ «چۈمۈلە قۇرت»لار ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئۇششاق توغرالغان پاكىز يوپۇرماقلىرى بىلەن بېقىلىدىكەن، سەل چوڭايغاندا يۇيۇلغان يوپۇرماقلار پۈتۈن پېتى بېرىلىدىكەن. قىرىق كۈن ئىچىدە بۇ قۇرتلار جەمئىي بەش قېتىم ئۇخلاپ ئويغىنىدىكەن (ئۈچەككە كىرىدىكەن)، ھەر قېتىم ئۇخلاپ ئويغانغاندا، بىر قېتىم تېرە تاشلاپ، بەشىنچى قېتىملىق ئويقۇدىن كېيىن ئاپپاق رەڭگە كىرىدىكەن. ئەنە شۇ چاغدا جەن ئۈستىگە «ئىشەككۇمۇشى» دەيدىغان چاتقال ئۆسۈملۈك

www.uyghurkitap.com

سېلىنىدىكەن. پىلە قۇرتلىرى «ئېشەكقومۇشى»نىڭ ئارىسىدا يىپەك تالالىرىنى قۇسۇپ چىقىرىپ پىلە غوزىكىنى ھاسىل قىلىدىكەن. بۇ ھالەت «تورغا كىرىش» دېيىلىدىكەن. كۆپ قىسىم پىلە قۇرتلىرى تورغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن «ئېشەكقومۇشى» جەندىن ئېلىنىپ، شاخلار ئارىسىدىكى پىلە غوزەكلىرى يىغىۋېلىنىدىكەن. تېخى تورغا كىرمىگەن «سۈزۈندە قۇرت»لار پىلە غوزىكى ھاسىل قىلغۇچە بېقىلىدىكەن.

دەسلەپتە يىغىۋېلىنغان پىلە غوزەكلىرىنىڭ ئەڭ سۈپەتلىكلىرى ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن تاللىۋېلىنىپ، خوتەن قەغىزىنىڭ ئۈستىگە يېيىپ سېلىنىدىكەن. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن غوزەك ئىچىدىكى پىلە قورچاقلىرى كېپىنەككە ئايلىنىپ غوزەكنى تېشىپ چىقىدىكەن ۋە ئۆزئارا چېتىشقاندىن كېيىن قەغەز ئۈستىگە تۇخۇملايدىكەن. پىلە ئۇرۇقى دەپ ئاتىلىدىغىنىمىز مۇشۇ ئىكەن. ئاخىرىدا تۆشۈك پىلە غوزەكلىرى ئېلىپ تاشلىنىپ، قەغەزگە چاپلىشىپ تۇرغان ئۇرۇقلار شۇ قەغىزى بىلەن ئاۋايلاپ يۆگىلىدىكەن، يازدا سالقىن، قۇرغاق جايدا، قىشتا ئوت قالىنىدىغان ئۆيلەرنىڭ تورۇسىدا ساقلىنىپ، كېيىنكى يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا جەن ئۈستىگە يېيىپ سېلىنىپ، يەنە ئۇنىڭدىن يۇقىرىقىدەك ئۇسۇلدا پىلە غوزىكى يىغىۋېلىنىدىكەن. بۇ پىلە غوزەكلىرى ئۈچ كۈن قاتتىق ئاپتاپقا سېلىنىپ، غوزەك ئىچىدىكى پىلە قۇرتى قورچىقى ئۆلتۈرۈلىدىكەن، ئاندىن بىرەر قۇر خىللىنىپ ئىشلىتىلىدىغانلىرى قازاندا قاينىتىلغاندىن كېيىن «يىپەك تارتىش» باشلىنىدىكەن.

پىلە ئۇرۇقى ــ چۈمۈلە قۇرت ــ پىلە قۇرتى ــ پىلە غوزىكى ــ يىپەك تالاسى سۈزۈش ــ مەشۇت ئېگىرىش ــ سورتلاش ــ پاتلاش ــ توقۇش...

نېمىدېگەن جىق، نازۇك ئىش تەرتىپى بۇ! پىلە ئۇرۇقىنى

پەرۋىش قىلىشتىن ھاسىل بولىدىغان قىلدەك ئىنچىكە تالادىن خوتۇن - قىزلىرىمىز ئۆچىسىغا كىيىدىغان ئەتلەسكىچە بولغان بۇ مېھنەت، بۇ ئىجتىھات كىمنى قايىل قىلمايدۇ ! كىم پىلە قۇرتىنىڭ خاسىيىتىنى، پىلىكارنىڭ ئەمگىكىنى ئۇلۇغلىمايدۇ، قەدىرلىمەيدۇ ! شۇڭا، ئانام شۇ يىپەك قۇرتىنىڭ مايىقىنىمۇ چوڭ كۆرۈپ، بوۋاقلىقىمدا ئۇنى ياستۇقۇمغا سېلىپ بېرىپتىكەن؛ شۇڭا، ئانام مەشۇت يىپنى ياقامغا گۈل قىلىپ كەشتىلەپتىكەن؛ شۇڭا، ئانام ئاق يىپەكنى ئاق نىيەت بىلىپ بوينۇمغا تۇمار قىلىپ ئېسىپتىكەن...

مەن ئەتلەسنى مېھرىم بىلەن سىلىدىم، خۇددى ئۆز ۋاقتىدىكى پىلىدەك يۇمشاق جانانىمنىڭ يۇمران يۈزىنى سىلىغاندەك.

مەن ئەتلەسنىڭ جۇلاسىغا قارىدىم، تويماي قارىدىم، خۇددى ئۇنىڭدىن خوتەن خەلقىنىڭ جىلۋىدار روھىنى بايقىغاندەك.

مەن ئەتلەسنىڭ تومۇز ئىسسىقتىمۇ كىشىنى ئىسسىتماي، غۇر - غۇر شامالدەك تەنگە راھەتبەخش ئېتىدىغان، مەيلى ئاپتاپ، مەيلى يامغۇر - يېشىندىمۇ ئاسان ئۆڭمەيدىغان، مىتىمۇ، كۈيىمۇ ھەرگىز زىيان سالالمايدىغان، كىر - داغلاردىن ئاسان پاكلىنىدىغان خۇسۇسىيەتلىرىنى ئويلاپ، تەكلىماكان دېھقانلىرىنىڭ كىيىملىك تاللاش دىتىغا قايىل بولدۇم.

ئەتلەسنىڭ چىداملىقلىقى، ئېسىللىقى ماڭا يەنە شۇ دېھقانلىرىمىزنى ئەسلەتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىگە بەرداشلىق قەيسەر، ئېسىل خاراكتېرىنى ئەسلەتتى.

ئىچىمدە دېدىم، ئاغزىمدىمۇ دېدىم، لېكىن يۈرىكىمدىن چىقىرىپ دېدىم:

ئاپىرىن، ئەتلەسلەردە قۇملۇقنىڭمۇ، يۈرىكىنىڭمۇ ئوت - ئاتەشلىرىنى ئەكس ئەتكۈزەلىگەن خەلق !

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قاشتاش ئىزدەش

قاشتاشلارنى كۆردۈم، قاشتاش ئېلىپ ساتىدىغانلارنىمۇ كۆردۈم. قاشتاش قازىدىغانلارنى، قاشتاش قېزىلىدىغان جايلارنى بىر كۆرۈپ باققۇم بار ئىدى. مانا، ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتكەندە ماڭا ئۇنى كۆرۈش نېسىپ بولدى. ماشىنىمىزدا يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ كونا ئېقىنىغا كەلدۇق. ئادەتتە قانداقلىقىنى بىلمىدىم، ماي بايرىمىنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرى بولغاچقىمىكىن، بۇ يەردە ئادەملەر خۇددى مۇشۇ سايىنىڭ تېشىدەك جىق ئىكەن. قولىغا گۈرجەك، جوتۇ ئېلىپ كولاۋاتقانلارمۇ بار، ئارا بىلەن مالتىلاۋاتقانلارمۇ بار، ھەممىدىن ھەيۋەتلىكى قېزىش ماشىنىسى بىلەن كولاۋاتقانلار. بۇ ماشىنا سايىنىڭ يەتتە ـ سەككىز مېتىر چوڭقۇر قاتلىمىنى كولاپ شېغىل تاشنى ئۇقۇرىغا ئۇسۇپ قاشقا ئاچىقىدىكەن، تۆت ـ بەش ئادەم ئۇ شېغىل تاشلارنى تارماق (تىرنا) بىلەن تارتىپ ئاستا چۇشۇرۇۋالىدىكەن. ئۇلارمۇ، ياندا كۆزىتىپ تۇرغان ھەمراھلىرىمۇ ئۇ تاشلارغا دىققەت بىلەن قارايدىكەن. بىرنېمە بايقالغاندەك قىلسا، دەرھال ئۇ يەرنى ئىنچىكىلەپ ئاقتۇرىدىكەن. كولىنىۋاتقان چوڭقۇرلۇقتا بۇ تەرتىپ تېخىمۇ قاتتىق ئىكەن. دەريانىڭ كونا ـ يېڭى ئېقىنلىرىنى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ئايرىم ـ ئايرىم باشقۇرىدىكەن، قاشتاش قازغۇچىلارغا پىلانلىق ۋە ھەقلىق بۆلۈپ بېرىپ، ئاخىرىدا يەنە قازغۇچىلارنىڭ كۈچى بىلەن ئۇ

يەرنى تۈزلىتىۋالىدىكەن. بۇ يەردە مەبلەغنى تەڭ چىقىرىپ، پايدا ـ زىيانغا تەڭ شېرىك بولىدىغانلارمۇ، ياللانغۇچىلارمۇ، ئۆز ئالدىغا كولاۋاتقانلارمۇ بار ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ياللانغۇچىلارنىڭ كىرىمى بىرقەدەر مۇقىم بولۇپ، ساينى ھۆددىگە ئالغۇچىلاردىن كۈنىگە ئوتتۇز ـ قىرىق يۈەن پۇل ئالىدىكەن. ئۆز ئالدىغا كولاۋاتقانلارنىڭ ئەھۋالى ھەر خىل، بەزىلىرى تاپالايدىكەن، بەزىلىرى تاپالمايدىكەن. شاھ كەنتىدىكى ئېزىز ئاخۇن بىزگە بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەنىدى: بىر كىشى ئون ـ يىگىرمە كۈن كولاپ ئاخىر بىر قاشتاش تېپىۋاپتۇ. ئۇ تاش سارغۇچ چاپانلىق يوغانراق ئاق تاش ئىكەن. تاش شۇ قەدەر سۈزۈك، نەپىس ئىكەنكى، نەق مەيداندىلا ئۇنىڭ باھاسى يىگىرمە مىڭ يۈەنگە چىقىپتۇ. ئۇ ئادەم بەرمەپتۇ. ئوتتۇز مىڭغا چىقىپتۇ، بەرمەپتۇ، ئۆيىگە ئەكەتمەكچى بوپتۇ. يولدا ئۇ ـ بۇ خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالغانلار يىگىرمە ـ ئوتتۇز كىشى بوپتۇ، ھەممىسىلا قاشتاش سودىگەرلىرى ئىكەن. ئۆيىگە كىرگۈچە، ئۇ تاشقا قويۇلغان باھا ئىككى يۈز مىڭ يۈەنگە چىقىپتۇ. ئۇ كىشى يەنىلا ساتماي، ئۇلارنى ئەتە كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەنى تاش سودىگەرلىرى ئۇ ئۆيگە كەلگەندە، ئۇ كىشى بىلەن سودىلىشالماپتۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ھېلىقى تاشنى كېچىچە مەيدىسىگە باسقان ھالدا ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالغانىكەن. قارىغاندا، پىسخىكىسىنى تەڭشىيەلمەيدىغانلار ئۈچۈن تۇيۇقسىز ئېرىشكەن بايلىق بالا ـ قازاغىمۇ ئايلانسا كېرەك.

لېكىن نېمىلا بولسۇن، قاشتاشنىڭ پايدىسىنى كۆرۈۋاتقانلارمۇ خېلى بار ئىكەن. قاشتاش سودىگەرلىرىنىڭ ھەيدەپ يۈرگەن داڭلىق ماشىنىلىرى، خوتەن شەھىرىگە سېلىنغان شەخسىي بىنالار بۇنىڭ دەلىلى. بىر ئادەم باي بولسا، بەش ـ

ئون ئادەمنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنىمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق نەپكە ئېرىشتۈرىدىكەن. خوتەن ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىدە بۇمۇ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

مەن سايغا قارىدىم، ھەممىلا ئادەم قاشتاش تېپىش كويىدا. بۇ كوي يامان كوي ئىكەن، ھەممىلا ئادەمگە ئۆز كۆچىنى كۆرسىتەلەيدىكەن. بىز ئەسلىي ئۇ يەرگە سۈرەت تارتقىلى بارغان، ئادەملىرىمىز بەش مىنۇت ئىچىدىلا سايدىن تاش ئىزدەۋاتقانلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇلارمۇ كۆزلىرىگە غەيرىي كۆرۈنگەن تاشلارنى قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ قارايتتى، قوللىرى بىلەن تاشلارنى مالتىلايتتى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ سىرتىدا قالمىدىم. قان بېسىمىم ئۆرلەپ قالغاچقا، ئېڭىشمەسلىكىم كېرەك، دەپ ئۆزۈمنى شۇنچە ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇپمۇ، ئىختىيارسىز بىر ـ ئىككى قېتىم ئېڭىشكىنىمنى سەزمەي قالدىم. تۇنۇگۈندىن بېرى باش كۆتۈرۈپ قارىسىڭىز، چاڭ ـ توپا دەستىدىن كۆزىڭىزنى چاقالماي ئايدەك قوتانلىنىپ تۇرغان قۇياش بىردىنلا پاللىدە چاقناپ چىقىۋىدى، ساي تونۇردەك قىزىپ كەتتى. جەنۇبىي شىنجاڭلىقلار «ھۆپ» دەپ ئاتايدىغان 7 ـ ئايدىكى تىنچىق ئىسسىق تېخى مەزگىلى كەلمەيلا سايدا ئۆز كۈچىنى كۆرسەتكەنىدى. «ھۆپ ـ ھۆپ ئىسسىق»تا سوغۇق سۇنى «گۈپ ـ گۈپ» ئىچمەي بولمايدىكەن. تاشچىلار يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچسە، بىز شەھەرلىكلەر سولياۋ بوتۇلكىلىرىمىزدىكى مىنېرال سۇلارنى ئىچتۇق.

شۇ ئەسنادا، شوپۇرىمىز بەختىيار كىچىككىنە بىر تال قاشتاش تېپىۋالدى. بۇ تاش بۇ ساي بۆلىكىنى ھەقلىق ئايرىۋېلىپ، تاش ئىزدىگۈچىلەر ئاختۇرۇپ بولدى قىلغان دۆۋىدىن تېپىلغانىدى. ئۇنىڭ شۇنچە ئىنچىكە ئاختۇرغانلارغا چىقماي، بىزدەك ئۆتكۈنچىلەرنىڭ بىرسىگە چىقىپ قالغانلىقى

ھەممىمىزنى ھەيران قالدۇردى. بىز بۇنى «تەلەي» دېۋىدۇق، يېنىمىزدا تۇرغان قىرىق ياشلاردىكى بىر كىشى بېشىنى لىڭشىتىپ:

— توغرا، — دېدى، — تەلەي پەرىشتىسىنىڭ ئىككى قانىتى بارمىش. قاشتاش ئالدىمىزدا تۇرسىمۇ، نېسىپ قىلىنغانلارغا ئوڭ قانىتىنى ئېچىپ كۆرسىتەرمىش، نېسىپ قىلىنمايدىغانلار ئۈچۈن سول قانىتىنى يېپىپ يوشۇرارمىش. بۇ يىگىتكە نېسىپ بوپتۇ.

— پەرىشتىمۇ ياشلارغا قانىتىنى ئاچىدىكەن ـ دە، — دېدى ئابدۇراخمان ئەبەي چاقچاق قىلىپ.

— ئەمىسە، بۇ قېتىم قانىتىنى ئاچقىنى ئايال پەرىشتە ئوخشايدۇ، — دېدى ئادىلجان كۈلۈپ. ھەممىمىز پاراققىدە كۈلۈشتۇق.

شۇ چاغدا لى ۋېيچىڭ خانىم يېنىمىزغا كېلىپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە:

— ئەمدى كېتەيلى. بولمىسا، ھەممىڭلار تەھرىرلىكنى تاشلاپ، تاشچى بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايسىلەر، — دېدى. بىز كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن ماشىنىغا چىقتۇق.

ماشىنىمىز يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، بىر كۆرۈنۈش كۆزۈمگە لەپپىدە چېلىقتى: سايدىكى يوغان ـ يوغان تاشلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئادەم ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ ئادەم نامىزىنىڭ ئاخىرىدىكى دۇئادا نېمە تىلەك تىلەر؟ ھېلىقى پەرىشتىنىڭ ئوڭ قانىتىنى كۆتۈرۈۋېتىشىنى تىلەرمۇ ياكى ئوڭ قاناتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىن بايلىق نېسىۋىسىگە ئېرىشكەنلەرگە ئىنساپ تىلەرمۇ؟

مەن بۇگۈن قاشتاش توغرىسىدا باشقا بىر خىيالغىمۇ كېلىپ قالدىم. ئويلاپ باقسام، مەن كىچىكىمدە بۇنداق تاشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دادامنىڭ دۇكىنىدىمۇ كۆرۈپتىكەنمەن، تاكى يېقىنقى يىللارغىچە ئۇ تاشلار سېتىلماي ئۆيىمىزدە سۆرىلىپ يۈرگەن، 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئۆي كۆچكەندە تاشلىۋەتتۇقمۇ ـ قانداق، بۇلتۇر خوتەندىن قايتىپ كېلىپ سورۇشتۇرسام، ئۇ تاشلار يوق بولۇپ چىقتى. بۇنداق تاشنى خانئېرىق يېزىسىدا يىگىرمە ـ ئوتتۇز يىللار بۇرۇن ئېغىلغا ئۇل تاش قىلىپ قويۇۋېتىكەنلەرمۇ بار ئىكەن. يېقىنقى يىللاردا «تاش قىزغىنلىقى» قوزغالغاندىن كېيىن، بەزىلەر ئۇنى تاسادىپىي بايقاپ چىقىرىۋېلىپ خېلى جىق پۇل قىلىۋاپتۇ.

بۇ ئىشلار نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلانسا، ئۇ تاش ھەقىقىي گۆھەرلىك قىممىتىنى كۆرسىتەلەيدىكەن، ئەكسىچە ھالدا ئۇ تاش يەنىلا تاش ئىكەن. قورساقتا ئاش يوق زامانلاردا تېخىمۇ شۇنداق — «ئۈنچە ـ مارجان تاش ئىكەن، بۇغداي ـ قوناق ئاش ئىكەن» بولىدىكەن.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇ پۇلدارلار يىغىپ ساقلايدىغان ئېسىل بۇيۇمغا ئايلاندى. بىر تۈركۈم ئادەم ئۇنى ئاپتاپتا كۆيۈپ پىشىپ، سوغۇقتا توڭلاپ تىتىرەپ تاپىدۇ، پۇلى بارلار ئۇنى ئالىدۇ. باي بولغانلارنىڭ قولىغا توپلانغان پۇل بۇ تاشنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئاشۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرگە قايتا تەقسىم قىلىنىدۇ.

ئىنسانلار ئۇنى «گۆھەر» دېگەندە، ئۇنىڭ تەقسىمات ئادىللىقىنى قىسمەن دائىرىدە بولسىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ دېگەن بولغىيمىدى!؟

# مەن ئىزدىگەن باغ

كىچىكىمدىن تارتىپ، «باغ» دېگەن گەپنى ئاڭلىسام، رەڭدار گۈللىرى ئېچىلىپ تۇرغان، دەل ـ دەرەخلەردە مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشقان، قۇشلار سايرىشىۋاتقان، ئېرىقلاردا سۈزۈك سۇلار شىرقىراپ ئېقىۋاتقان بىر جاي كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. مېنىڭ نەزىرىمدە مېۋىلىك دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئەتراپلىرى تولۇق ياپيېشىلچىلىق ياكى رەڭدار گۈللەر بىلەن پۈركەلگەن جاي باغ ھېسابلىناتتى. مانا بۈگۈن ئەتىگەندە شاھ كەنتىنىڭ تۇتاش كەتكەن ئېتىزلىرىغا قاراپ شۇنداق باغنى كۆرگەندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم.

ئېتىز قىرلىرىدا قاتار ـ قاتار تىكىلگەن ياڭاق، ئۈجمە دەرەخلىرى، ئەتراپى ياپيېشىلچىلىق؛ بولۇق ئۆسكەن بۇغدايلار يېشىل كىمخابتەك تاۋلىنىپ تۇرۇپتۇ. بۈگۈن سۇ تۇتۇش نۆۋىتى مۇشۇ كەنتكە كەلگەن بولسا كېرەك، ئېرىقلاردا سۇ كۆۋەجەپ ئېقىۋاتىدۇ. قۇشلارنىڭ سايراشلىرى سۇنىڭ شاۋقۇنى بىلەن قوشۇلۇپ پەقەت يېزىغىلا خاس بىر جۇشقۇن كۈينى ھاسىل قىلغان. شەرقتىن بالقىپ چىققان قۇياش نۇرىدا ئۆزۈمنى سەل ئىسسىغاندەك ھېس قىلسام، لېكىن سۇدىن، يېشىللىق دۇنياسىدىن كېلىۋاتقان نەمخۇش ھاۋادا بۇرۇن تۆشۈكلىرىم ئېچىلىپ، ئىچىم كەڭرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. توغرا، ئالدىمدا ئېچىلىپ تۇرغان گۈللەر يوق، لېكىن يېشىللىق دېڭىزىدا بىرەر پارچە قۇرۇق «ئارال»نىڭ، يەنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېتىزدا ئاق تاشلىنىپ قالغان يەرنىڭ يوقلۇقى بۇ كەمتۈكلۈكنى يېپىۋەتكەنىدى.

دېھقانلارنىڭ ھويلا - ئارانلىرىمۇ بىر باغ: غورا تۈتقان مېۋىلىك دەرەخلەر، ئېچىلىپ تۇرغان رەڭدار گۈللەر، يەنە شۇ قۇشلارنىڭ سايراشلىرى؛ پەقەت سۇ شاۋقۇنىلا ئاڭلانمايدۇ.

ئۆتكەن قېتىمدا بۇ كەنتنىڭ غازاڭ مەزگىلىنى كۆرگەندىم، بۈگۈن مانا نەق باھار مەزگىلىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. سەھرانىڭ باھار مەزگىلى خۇددى ئايالىڭىزنىڭ باھار مەزگىلدەك يېقىملىق، گۈزەل ۋە جۇشقۇن بولىدىكەن. قاراپ - قاراپ تويمايدىكەنسىز، پۇراپ - پۇراپ قانمايدىكەنسىز...

بىز شاھ كەنتىدىن چىقىپ، خانئېرىق يېزىسىنىڭ باشقا كەنتلىرىنىمۇ ئايلاندۇق، خوتەن ناھىيەسىنىڭ باشقا يېزا - بازارلىرىنىمۇ ئايلاندۇق. ھەممىلا يەر ئاشۇنداق باغ مەنزىرىسىگە چۈمكەلگەنىدى. باغچى يېزىسىدىكى مىڭ چاقىرىملىق ئۈزۈملۈك خىيابانى بۇ باغنىڭ ھۆسنىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشقانىدى.

بوزاق يېزىسىنىڭ يېڭى يېزا بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتى — پەتەكلىك دىققىتىمىزنى ئالاھىدە تارتتى: دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى، قورۇ تاملىرىمۇ پۈتۈنلەي خىشتىن سېلىنىپتۇ، لېكىن ئەنئەنىۋى ئادەت ساقلانغان، قورۇنىڭ ئالدى گۈللۈك ھەم تەك، كەينى تەرىپى باغ، ئېغىل، ھاجەتخانا، يەنە ئوت - چۆپ، شاخ - شۇمبا چىرىندىلىرىدىن پاتقاق گازى ھاسىل قىلىدىغان ئورەكمۇ بار ئىكەن. ھەربىر ئۆيگە ئېلېكتىر چىراغ، سۇ تۇرۇبىسى، پاتقاق گازى تۇرۇبىسى ئورنىتىلىپتۇ. بەزى ئۆيلەردە تېلېفونمۇ بار ئىكەن، قورۇلار رەت - رەت؛ دەرۋازا ئالدىدىكى يوللارغا ماي ياتقۇزۇلۇپتۇ. بۇ كەنتنىڭ ئېتىز - ئېرىقلىرىنىمۇ كۆزدىن كەچۈردۇق. ئېتىزلار پۈتۈنلەي سالالاشتۇرۇلغان، ئارىلىرىغا ياڭاق دەرەخلىرى

سىلىنغان. بەزى يەرلەر پۈتۈنلەي پارنىڭ ئىكەن. يول ياقىسىدىكى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر پۈتۈنلەي تىرەك ئىھاتىسىگە ئېلىنىپتۇ. مەن تونۇغۇن خوتەن ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى خۇ جيەنشىن بىلەن سۆھبەتلەشكەن چېغىمدا، ئۇنىڭدىن: «يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىڭىز قانداق؟» دەپ سورىغانىدىم، ئۇ: «بۇ ئىش تەسەۋۋۇردىن ئۆتۈپ ئەمەلىي سىناق باسقۇچىغا كىردى، ئەتە كۆرىسىز» دېگەنىدى. مەن ئۇنى بۈگۈن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بۇنىڭ ئومۇمىيلىششى رەھبەرلەرنىڭ يېتەكلىشى، دېھقانلىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئىجتىھاتى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئەلۋەتتە.

بىز يەنە خانئېرىق يېزىسىنىڭ ئون ئىككى مىڭ مو يەرگە بىنا قىلىنغان نېپىز ياڭاق بازىسىنى كۆردۇق. خوتەن دېھقانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمنى ئاشۇرۇشتا ياڭاقنىڭ رولى چوڭ بوپتۇ. بۇرۇن دېھقانلار ياڭاقلىرىنى ئانچە ساتالمايدىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ياڭاقنىڭ ئوزۇقلۇق ۋە دورىلىق قىممىتى كەڭ تەشۋىق قىلىنغاندىن كېيىن ياڭاقنىڭ بازىرى چاپ ـ چاپ بولۇپ، باھاسىمۇ ئۆرلەپتۇ. خۇ شۇجىنىڭ ئېيتىشىچە، مۇشۇ بەش يىللىق پىلان ئىچىدە، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنى ياڭاقتىنلا بىر ـ ئىككى مىڭ يۈەن كۆپەيتكىلى بولىدىكەن. بۇرۇن ياڭاق دەرىخى يەتتە ـ سەككىز يىلدا مېۋىگە كىرەتتىكەن، ھازىر سورتى ئۆزگەرتىلىپ ئۈچ يىلدىلا مېۋىگە كىرىدىغان بوپتۇ. ئۈزۈم مەھسۇلاتىمۇ ياخشى ئىكەن. بىراق، ياڭاق، ئۈزۈملەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنىڭ يوقلۇقى ئۇلارنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋېتىپتۇ. ئەگەر بۇ ئىش ھەل قىلىنسا، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى يەنە كۆپەيتكىلى بولىدىكەن.

خۇ شۇجى يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىدا ئوبراز قۇرۇلۇشىغا بەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىي ئەھۋال بىلەن ھېسابلاشمىسا بولمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، خوتەن ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىرقەدەر ھالىلىقراق بولغانلىقى ئۈچۈن، بەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆي سېلىشتا خىش قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر ئاساس قىلىنىۋاتقانلىقىنى، شىمالىي تەرەپتە ئىقتىساد سەل ئاجىز بولغانلىقتىن، يەنىلا ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر سېلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈردى. نېمىلا بولسا بولسۇن، ئىمكانىيەت بىلەن ھېسابلىشىش، دەرھال جانغا ئەسقاتىدىغان بولۇش كېرەك. نوقۇل شەكىل قوغلىشىشقا بولمايدۇ.

بىز خوتەن ناھىيەسىنىڭ يېزا ـ بازارلىرىنى ئايلاندۇق، رەھبەرلەر ۋە دېھقانلار بىلەن سۆزلەشتۇق، نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە كۆكىرىپ تۇرغان بۇ زېمىن كۆزىمىزگە ھەقىقەتەن باغدەك، مەن كىچىكىمدە ئويلىغان گۈزەل باغدەك كۆرۈندى. لېكىن، بۇ باغ مەن ئويلىغان باغدىن جىق چوڭ ئىدى. مەن بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بۇ يېشىللىزارلىقنىڭ قارىغىنىمدا بىر خىل ئەمگەك سۆيەر، قەيسەر روھنىڭ يېشىل ھايات سۈرىتىدە جەۋلان قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. يېزا ـ كەنتلەر ئارا تۇتىشىۋاتقان ماي يوللارغا قارىغىنىمدا شەھەر ـ يېزىلار ئارا چىڭىۋاتقان رىشتىنىڭ ئىزناسى كۆزۈمگە كۆرۈنگەندەك بولدى.

# «4 ـ ماي» ياشلار بايرىمىدا

بۈگۈن «4 ـ ماي» ياشلار بايرىمى. يېڭى پۈتكەن شاھ كەنتى كوممىتېتىنىڭ ھويلىسىدا ئەتىگەندىلا ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى باشلىنىپ كەتتى. يېقىن ـ يىراقتىن ئادەملەر توپلىنىشقا باشلىدى.

دېھقانلار كەنت كوممىتېتىغا كىرىشتى، بەزىلىرى دادىل، بەزىلىرى ئەيمىنىپ كىرىشتى، لېكىن كىرىپلا ھەممىسى بىردەك خۇشاللىق تېپىشتى. بۇ ئالدى بىلەن تامدىكى سۈرەتلەرنىڭ كارامىتىدىن بولغانىدى. بۇ سۈرەتلەر مۇشۇ دېھقانلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدىن تارتىلغان سۈرەتلەر ئىدى. ئۇلار سۈرەتلەرنى بىر ـ بىرىگە كۆرسىتىپ كۈلۈشەتتى، چاقچاقلىشاتتى...

ئىشخانىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى پەرھات روزىمۇ، خوتەن ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى خۇ جيەنشىنمۇ، خوتەن ناھىيەسىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىمى ئەكبەر ئابدۇقادىرمۇ ۋە ناھىيە، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ بار ئىدى.

خۇ شۇجى سۈرەتلەرنى قىزىقىش ئىچىدە كۆرۈۋاتقان دېھقانلارغا قاراپ چوڭقۇر ئويلانغان ھالدا:

— كەنت كوممىتېتلىرىنى مۇشۇنداق بېزىسىمۇ بولىدىكەنغۇ. دېھقانلار شۇ تاپتا بۇ يەرنى ئۆز ئۆيىدەك يېقىملىق ھېس

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىنىۋاتىدۇ، — دېدى.

ھەممىمىز بۇ گەپكە باش لىڭشىتتۇق.

ھەرقانداق شەكىل، كۆرۈنۈشتە مەلۇم بىر مەنە ياكى كەيپىيات يارىتىش مەقسەت قىلىنىدۇ. شەكىل ئۈچۈنلا شەكىل، كۆرۈنۈش ئۈچۈنلا كۆرۈنۈش قىلىدىغان ئىش يوق. كەنت كومىتېتى دېھقانلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان، دېھقانلارنى، يېزا ئىگىلىكىنى، ئەتراپنى، يۇقىرى - تۆۋەننى ئۆزئارا ماسلاشتۇرىدىغان، دېھقانلارغا ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلغۇچى دېھقان ھوقۇق تۇتىدىغان ئورگان ئىكەن، ئۇ چوقۇم دېھقانلارنىڭ ئۆز ئۆيىدەك بولۇشى كېرەك. بۇ يەردىكى ھەرقانداق شەكىل ۋە كۆرۈنۈش ئاشۇنداق تۈپكى ئىدىيەنى ئەكس ئەتكۈزەلىسە، دېھقانلارنى مۇشۇنداق قىزغىن كەيپىياتقا ئېرىشتۈرەلەيدۇ.

دېھقان ياشلىرى ۋە بالىلىرىنىڭ كەنت كومىتېتى ئىچىدىكى يوغان بىر ئۆيگە تەسىس قىلىنغان كۇتۇپخانىدىكى ھالىتى تېخىمۇ تەسىرلىك، بەزىلىرى كىتابلارنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، مۇقاۋىلىرىدىكى سۈرەتلەرگە زەن سېلىپ قارايتتى، بەزىلىرى كىتابنى ئېچىپ ئۆزلىرى قىزىققان يەرلەرنى شۇنچە كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇيتتى. ئۇلارغا كىچىك ئورۇندۇقلارنى ئەكېلىپ قويۇپ بېرىۋىدۇق، ئۇلار بىزگە رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ قويۇپ، يەنە كىتاب ئوقۇش بىلەن بولۇپ كەتتى.

دېمەك، ئۇلار كىتابتىن بەھرە ئېلىۋاتىدۇ، بىلىم ئېلىۋا-تىدۇ. ئۇلار بۇ يەرگە قانچىكى كۆپ كەلسە، ئۇلارنىڭ ساپاسى شۇنچە ئاشىدۇ. بۇ يەرگە كېلىدىغانلار قانچىكى كۆپەيسە، بى-لىملىكلەر شۇنچە كۆپىيىدۇ. كىتابنىڭ خاسىيىتى ئەنە شۇ.

بىر ئازدىن كېيىن كەنت كومىتېتى ئىمارىتىنىڭ يۇپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمى باشلاندى. ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرى، يېزا - كەنت مەسئۇللىرى ئارقا - ئارقىدىن سۆزگە چىقىپ،

بۇ قۇرۇلۇشنىڭ پۈتكەنلىكى بۇ كەنتنىڭ يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىدا ياخشى بىر باشلىنىش بولۇپ قالىدىغانلىقى، بۇ يەردىن بالقىپ تۇرغان بىر مەنىۋى كۈچ ۋە ئىلھامنىڭ مۇشۇ كەنت ۋە يېزىنىلا ئەمەس، باشقا كەنت، يېزىلارغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتى.

نەشرىياتىمىزنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى ئابدۇراخمان ئەبەيمۇ سۆزگە چىقىپ، بىزنىڭ دېھقانلارغا قىلىدىغان ياردىمىمىزنىڭ مۇشۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمايدىغانلىقىنى، بىزنىڭ داۋاملىق دېھقانلار بىلەن بىللە ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈردى. بۇ ئەمەلىيەتتە بىزنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ دېھقانلارغا بېرىۋاتقان ۋەدىسى ئىدى. مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ئېلىمىز، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ شەھەر - بازارلىرىدىكى ھەرقانداق ئىدارە ۋە شەخس يېزا، يېزا ئىگىلىكى ۋە دېھقانلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ مۇھىملىقىنى، تەخىرسىزلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىشنى ئەمەلدە كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى. بۇنىڭ كىچىككىنە بىر ئىسپاتى مۇشۇ مۇراسىمدىلا ئۆزىنى كۆرسەتتى: خوتەن شەھىرىدىكى مەشھۇر ئاكا - ئۇكا سازەندىلەر ئۆزلىرى ياسىغان راۋاب، تەمبۇر، دۇتار، غېجەك، داپ قاتارلىق بىر يۈرۈش چالغۇنى شاھ كەنتىگە تەقدىم قىلدى. بۇ بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ قورۇدا نەغمىلەر ياڭراپ، مەشرەپلەر قايناپ تۇرىدىغانلىقىدىن، كەنت كومىتېتى دېھقانلارنىڭ ئۆگىنىش سورۇنى، چېنىقىش سورۇنى بولۇپلا قالماي، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىمۇ بولۇپ قالىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

سۆز - نۇتۇق، سوۋغا - سالاملار گۈلدۈراس چاۋاكلار بىلەن ئالقىشلاندى. كەنت كومىتېتىنىڭ يوپۇقى ئېچىلدى. ناغرا - سۇنايلار ياڭرىدى. ھەممەيلەن ئۇسسۇلغا چۈشتى. ھاۋانىڭ ئىسسىقىغا ھەممە ئادەمنىڭ قىزغىن كەيپىياتى قوشۇلۇپ سورۇن ئالامەت قىزىدى. ھەممە چىرايدا كۈلكە، ھەممە قەلبتە

خۇشاللىق...

بىزنىڭ بۇ قىزغىن سورۇندىن ھەرگىز ئايرىلغۇمىز يوق ئىدى، لېكىن خىزمەت زۆرۈرىيىتى بىزنى مېڭىشقا مەجبۇر قىلاتتى. بىز ماڭدۇق، سورۇننىڭ قىزغىن كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن جىممىدە ماشىنىغا چىقىپ ماڭدۇق...

قولاق تۈۋىمدە ھېلىقى نەغمە ـ ناۋا، كۈلكە ـ چاقچاقلار ھېلىھەم ياڭراپ تۇرىدۇ، لېكىن كۆز ئالدىمدىن لەپ ـ لەپ ئۆتۈۋاتقىنى ئۇسسۇل ئەمەس، بەلكى ياپيېشىل ئېتىزلار، ئېتىزلارغا سۇ تۇتۇۋاتقان دېھقانلار، ئېرىقلاردا كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان سۇ.

بىز يولىمىزدا شاخ ـ شۇمبىلار لىق بېسىلغان قاتار ـ قاتار ھارۋىلارنى يانداپ ئۆتتۇق. بۇ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن كېتىۋاتقان دېھقانلارنىڭ ھارۋىلىرى ئىدى.

تېخى بىرنەچچە كۈن بۇرۇنلا ھەممە دېھقاننىڭ، ھەممە رەھبەرنىڭ ئاغزىدىن بىرلا گەپ — «سۇ... سۇ...» دېگەن گەپلا چىقاتتى. ئۇ «دان سۈيى — جان سۈيى» دېگەن سۇ ئىدى.

بايام سورۇندىمۇ يەنە شۇ «سۇ... سۇ...» دېگەن پىچىرلاشلار قۇلىقىمغا ئاندا ـ مۇندا ئاڭلىنىپ تۇردى. مانا، ئالدىمدىكى بۇ ھارۋىلىق دېھقانلارمۇ يەنە شۇ «سۇ... سۇ... سۇ» غېمى بىلەن كېتىۋاتىدۇ. لېكىن، بۇ سۇ قىسلىقىدىن زەمزەم بولۇپ كېتىۋاتقان سۇ ئەمەس، بەلكى ئۇشتۇمتۇت كۆپىيىپ زىرائەتكىمۇ، دېھقانغىمۇ بالايىئاپەتكە ئايلىنىپ كېتىش خەۋپى بار سۇ ئىدى.

يوقنى بار قىلىپ، بارنى ئاياپ ئىشلىتىپ كۆنگەن دېھقان بالايىئاپەتكە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىدا بۈگۈنكى «4 ـ ماي» ياشلار بايرىمىنىڭ ئىگىلىرى بولغان يىگىت ـ قىزلاردىكىگە ئوخشاش جۇشقۇنلۇق، غەيرەت ـ شىجائەت ئۇرغۇپ تۇراتتى.

# مېھرگە چۆمگەن دۇنيا

ماشىنىمىز كېتىۋاتىدۇ، دېرىزىدىن ئەتراپقا كۆز سېلىۋاتىمەن.

چەرچەن تەۋەسىدىكى تۈزلەڭ داللار، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى قۇم بارخانلىرى يىراق - يىراقلاردا ئاسمان گىرۋىكى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ. نەچچە ئون كىلومېتىردا بىرەر قېتىم چېلىقىپ قالىدىغان ئۈچ - تۆت قوشام ئۆيلەر دېھقان تىرىكچىلىكىنىڭ قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاددىي، تەبىئىي، يېگانە كۆرۈنۈشى بىلەن كۆزىڭىزگە تاشلىنىدۇ. كەڭ كەتكەن تەبىئەت دۇنياسىدا ئۇنىڭ ئىگىلىگەن ئورنىنىڭ نەقەدەر كىچىكلىكىنى ھېس قىلىسىز. ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدىكى توغراقلار بۇ چەكسىز دەشت - چۆلدە سىزگە سۆيۈنۈش تۇيغۇسى بەخش ئېتىدۇ.

دۇرۇس، شۇ توغراقلار بۇ يەرگە قانچىلىك يىلتىز تارتىپ كەتكەن بولسا، ئاشۇ بىرنەچچە ئۆينى ماكان قىلغان دېھقانلارمۇ بۇ يەرگە شۇنچىلىك چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك ماكانى مۇشۇ، ئۇلارنىڭ ھۇزۇرلىنىدىغان، سۆيۈنىدىغان ماكانىمۇ مۇشۇ. بەلكىم، دەسلەپتە بۇ يەرگە بىرەر ئائىلىلىك ماكانلاشقان، كېيىنچە يەنە بىرەر ئائىلىلىك كۆچۈپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپەيگەن، لېكىن يەر - سۇ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بۇ يەر بىرەر مەھەللە بولۇپ شەكىللىنەلمىگەن. لېكىن، بۇ جاي ئىنتايىن كىچىك بولسىمۇ

www.uyghurkitap.com

يەنىلا ئۇلارنىڭ بىر جەمئىيىتى. ئۇلار بۇ يەردە بىللە ئىشلەيدۇ، بىللە ئارام ئالىدۇ؛ ھال ـ مۇڭ بولۇشىدۇ؛ بىرى خۇشال بولسا، يەنە بىرىمۇ خۇشال بولىدۇ؛ بىرى يىغلىسا، يەنە بىرى ئۇنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتىدۇ؛ بىرى يىقىلسا، بىرى يۆلەيدۇ؛ بىرى بىر يەرگە كەتسە، يەنە بىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە قارانچۇق بولىدۇ؛ بىرىنىڭ كىچىك بالىسى تەمتىلەپ ئۆيىدىن يىراق كېتىپ قالغان بولسا، يەنە بىر ئۆينىڭ چوڭراق بالىسى ئۇنى قولىدىن يېتىلەپ ئۆيىگە ئەكېلىپ قويىدۇ، خۇددى چۆل ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئوغلاقنى، خۇددى ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بوتىلاقنى يېتىلەپ ماكانىغا قايتۇرۇپ كەلگەنگە ئوخشاش...

— ئەخمەتكا...

قاتتىقراق ئاڭلانغان ئاۋاز بىلەن خىيالدىن ئۆزۈمگە كېلىپ كەينىمگە قارىدىم. مېنى چاقىرغىنى كەينى تەرىپىمدىكى ئىككى كىشىلىك ئورۇندۇقنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان ئابدۇراي ئىدى. ئۇ ماڭا بىر پارچە ناننى تەڭلەپ تۇرۇپ:

— بىرئاز يەۋېلىڭ، چەرچەن ناھىيەسىگە بارغۇچە قورسىقىڭىز ئېچىپ كېتىدۇ، — دېدى.

يېگۈم يوق بولسىمۇ، قولىدىكى ناندىن بىر بۇردا ئۈشتۈۋېلىپ ئاغزىمغا سالدىم.

— يەنە ئازراق يەڭ.

بېشىمنى چايقىدىم.

— گۆش يەڭ ئەمىسە...

يەنە بېشىمنى چايقىدىم.

— بولكا، تەرخەمەك يەڭ بولمىسا.

چىشىم سەل يەل تارتىپ تۇرغاچقا، يېمەككە ھەپىسلەم يوق ئىدى. مەن بېشىمنى چايقاپ:

— زورلىماڭا، ئۇكا... نەدىن ئۆگەنگەنسىز بۇنداق زورلاشنى، — دېۋىدىم، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىلەردىن، ئاكا، سىلەردىن، — دېدى.

مەن بۇ قىرغىز يىگىتنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلىش نىيىتىدە ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدىم. كۆزلىرىدىن بىر خىل شوخلۇق چىقىپ تۇراتتى.

— يائاللا، شاھ كەنتىدە تۇرغان چاغلىرىمدا دېھقانلارنىڭ مېنى تاماققا زورلاشلىرىنى كۆرسىڭىز، شۇ چاغدا بىلەتتىڭىز، — دېدى ئابدۇراي چۇشەندۇرۇپ، — ئۆيلىرىگە كىرىپ قالسىڭىزغۇ بولغىنى. كۆپ چاغلاردا ئۆيىگە تارتىسىمۇ كىرمەيمەن، كەنت قۇرۇلۇش مەيدانىدا تۇرسامۇ، ھېلى بىرى نان - چاي ئاچىقىۋاتقان، ھېلى بىرى تاماق، ھېلى بىرى قېتىق. زورلاپ كېتىدۇ. كۆڭلىنى دېسىڭىز، يېيىشىڭىز كېرەك، لېكىن قورساقنىڭمۇ چېكى بار - دە. ئازراق يەپ بولدى قىلسىڭىز، ئۇنىمايدۇ. سىزدەك بىرەر بۇردا يەپ قويۇلغىلى بولىدىغان جاي ئەمەس ئۇ!

— تاماق سىلەرنىڭ بولغان بىلەن قورساق مېنىڭكى؛ قورسىقىمنى كۆتۈرەلمەي قالسام، سىلەر كۆتۈرۈشۈپ بېرەمسىلەر، دېسىڭىز بولماسمىدى.

— ھە، شۇنداق دەيدىغانغا قورساق دېگەن تاغار بولغىيتتى.

ئىككىمىز تەڭ كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

بۇرۇن نەشرىياتىمىزنىڭ قىرغىز بۆلۈمىدە مەسئۇل خادىم بولۇپ ئىشلەپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خەلق نەشرىياتى ئىنتىزام كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىنى ئۇستىگە ئالغان بۇ قىرغىز يىگىت شاھ كەنتى كومىتېتى قۇرۇلۇشىغا كونكرېت مەسئۇل بولۇپ كەنتتە بۇرۇنمۇ بىر مەزگىل تۇرغان، بۇ قېتىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىزنىڭ ئالدىمىزدا كېلىپ قورۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلغان، ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرى شۇ جەرياندا كۆرگەن ئىشلىرى ئىدى.

— خەلقىڭىز ئىنسانغا مېھىر يەتكۈزۈشنى بىلىدىغان خەلق، ماڭا مۇساپىرچىلىقنى بىلىندۇرمىدى.

— سىزنىڭ خەلقىڭىزمۇ شۇنداق، — دېدىم بېشىمنى لىڭشىتقان هالدا.

دەرھەقىقەت، بۇ زېمىنىنىڭ ھەممە خەلقى مېھىر - مۇھەببەتلىك. ئۇلار ئىنسانىي مېھرىبانلىقنى ھەممىدىن ئەلا كۆرىدۇ، ئېجىل - ئىناقلىقنى قوۋۋەتلەيدۇ، ئاغزىدا ئۇ - بۇ چاقچاق گەپلەرنى قىلىسىمۇ، لېكىن بىر يەرگە كەلگەندە بىر - بىرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى، قەدىر - قىممىتىنى قىلىدۇ، يار - يۆلەكتە بولىدۇ.

بۇ ھەقتە ماڭا خانئېرىق يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى خېلى شېڭمۇ مۇنداق دېگەنىدى: «مەن بالىلىق چاغلىرىمدىن تارتىپ مۇشۇ يېزىدا تۇرۇۋاتىمەن. ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا ماڭا ئورۇق - تۇغقىنىمدەك بىلىنىدۇ. چۈنكى، ھېچقايسىسى بىزنى يات كۆرمىدى، ئارىغا ئالدى، بىللە ئوينىدۇق، بىللە ئىشلىدۇق، قىيىنچىلىقتا قالغان چاغلىرىمىزدا ھەممىسى بىزگە ياردەم قولىنى سۇندى. شۇڭا، ئۆزۈمنى مۇشۇ دېھقانلارغا قەرزداردەك ھېس قىلىپ كۆپرەك ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگۈم كېلىدۇ. بىر يېزىدا بىللە چوڭ بولۇش دېگەن ئاجايىپ ئىش ئىكەن، تەڭتۇشلىرىم ئەمىلىمىنىمۇ ئاتاپ كەتمەيدۇ، مەنمۇ ئەمىلىم باردەك ھېس قىلىپ كەتمەيمەن، بەزىدە چاقچاقلىشىپ كېتىمىز، بىللە ناخشا توۋلىشىپ كەتكەندە ئۆزۈمنى تېخى ئۇيغۇردەك ھېس قىلىپ كېتىمەن.»

ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى كىيىملىرىنىڭ توپا چېلىش ھالىتى، بۇ سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىگەندىمۇ رەسمىي خوتەن شېۋىسىدە قاملاشتۇرۇپ سۆزلەشلىرى، بەزىدە خەنزۇ يولداشلارغا ئانا تىلىدا سۆزلىگەن چېغىدا خەنزۇچە جۈملىنىڭ ئاخىرىغا خوتەنلىكلەرنىڭ «يا» قوشۇمچىسىنى ئۇلاپ قويۇشلىرى ئۇنىڭ بۇ گېپىنىڭ ھەقىقەتەن راستلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

مەن بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە خوتەن ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى گېشى دۇڭجاۋ بىلەنمۇ تونۇشۇپ قالدىم. بۇ زاڭزۇ يىگىتنىڭ ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ خوتەن ناھىيەسىدە ئىشلەۋاتقانلىقىغا خېلى يىللار بولۇپ قاپتۇ. ئۇمۇ خوتەنلىكنىڭ ئۆزى ئىكەن، تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۇيغۇرچە چاقچاق قىلىپ مېنى خېلىلا كۈلدۈردى. ئۇنىڭ تەسىراتىمۇ خېلى شېڭغا ئوخشاش.

مانا بۇ بۇ يەردىكى ئىنسانىي ئەقىدە. بۇ ئەقىدە ئىنسانغا — مەيلى ئۇ قايسى يۇرت، قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئومۇمىي ئىنسانغا بولغان مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ئۆز ئىنكاسىنى تاپقان.

ئۇلار يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئاسماندىكى قۇشتىن تارتىپ يەردىكى تۆت ئاياغلىق ھايۋان، ئۆمىلىگۈچى ھاشارات، سۇدىكى جانلىقلارغىچە ھەممىگە مېھىر - مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئۆزلىرىگە مۇقەددەس مىزان قىلغان. ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى چوڭقۇرلۇق جەھەتتە شۇ قەدەر چوڭقۇر، كەڭلىك جەھەتتە شۇ قەدەر كەڭرى، شۇنداق پاكىز ئەقىدىكى، ھەتتا تۇپراق، سۇ، ئۆسۈملۈك، دەرەخلەرگىمۇ، ئوت - ئاتەشكىمۇ ئىشەنچ ۋە مېھىر بىلەن سۇپكۆچلەپ تۇرىدۇ، خۇددى ھاۋاغا ئوخشاش، تەبىئەتنىڭ شۇ تاپتا مەن دېرىزە ئارقىلىق نەپەسلىنىپ تۇرغان ساپ ھاۋاسىغا ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئەخمەتكا، — ئابدۇراي يەنە خىيالىمنى بۆلدى، — ئۇرۇمچىگە بارغاندا نېمە يازاي دەيسىز؟

مەن گېپىمنى ئۇدۇللا دېدىم:

— دېھقاننى يازىمەن، ئۇكا، دېھقاننىڭ سىزگە بېغىشلىغان مېھرىنى يازىمەن، ماڭا، ھەممىمىزگە بېغىشلىغان مېھىر - مۇھەببىتىنى يازىمەن، زېمىنغا — بۇ كەڭرى، بۈيۈك تەبىئەتكە بېغىشلىغان مېھىر - مۇھەببىتىنى يازىمەن.

— مېنىڭمۇ دېھقانغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىمنى قوشۇپ قويۇڭ، ئاكا.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم:

— شۇنداق، بۇ كىتاب سىزنىڭ، مېنىڭ، مۇشۇ ماشىنىدا كېتىۋاتقان ھەممىمىزنىڭ دېھقانغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىمىزنىڭ ئىزھارى بولىدۇ. مېھىر بېغىشلىغانغا مېھىر بېغىشلاش ئىنساننىڭ بۇرچى.

ئابدۇراي كۈلۈمسىرىدى، مەنمۇ كۈلۈمسىرىدىم.

قۇياشمۇ كۈلۈمسىرىگەندەك يۈزۈمگە مېھرىلىك نۇرىنى چۈشۈردى.

ماشىنىمىز ئىلگىرىلەيتتى، قۇياش نۇرىغا چۆمگەن يولدا ئىلگىرىلەيتتى، مېھىر نۇرىغا چۆمگەن يولدا ئىلگىرىلەيتتى...

2006 - يىلى 11 - ئاي، 2007 - يىلى 5 - ئايلاردا خاتىرىلەندى.
2007 - يىلى 1 — 7 - ئايلاردا 1 - نۇسخىسى يېزىلدى.
2008 - يىلى 6 - ئايدا ئاخىرقى نۇسخىسى بېكىتىلدى.

# سۆيىمەن سېنى دۇنيا (2)

(ئەخمەت ئىمىن ئەسەرلىرى)

---


ئاپتورى: ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئابدۇقەييۇم سايىم

مەسئۇل كوررېكتورى: گۇلشەھەر نىغمەت

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالى

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر

تېلېفون: 2827472 — 0991

پوچتا نومۇرى: 830001

باسقۇچى: بېيجىڭ شېڭتوڭ مەتبەئەچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى

ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 19

نەشرى: 2012 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

باسمىسى: 2012 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

تىراژى: 3000 — 1

كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 16415 - 8

باھاسى: 52.00 يۈەن


---

www.uyghurkitap.com